«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى ؛ 0395
"东风工程" 图书出版项目之 0395

شى نەيئەن لو گۇەنجۇڭ

# سۇ بويىدا

4



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شى نەيئەن
لو گۇەنجوڭ

# سۇبويىدا

4



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

水浒传：插图版.4：维吾尔文／(明)施耐庵著；《水浒传》翻译小组译.—2版.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.8
ISBN 978－7－228－15827－0

Ⅰ.①水… Ⅱ.①施… ②水… Ⅲ.①章回小说—中国—明代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.① I242.4

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第201965号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾尔肯·希力甫 |
| 编　　辑 | 包维汉，阿布力米提·伊明 |
| 责任校对 | 阿达来提·买合苏提 |
| 特约校对 | 伊里亚斯·热依弥 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐大金马印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 22.25 |
| 插　　页 | 16 |
| 版　　次 | 2012年9月第2版 |
| 印　　次 | 2012年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-13600 |
| 定　　价 | 38.60 元（第四册） |



ئوت پىرى ۋېي دىڭگو

www.uyghurkitap.com



قەھرلىك يۆچى سۆن لى

www.uyghurkitap.com



دانا ئەمچى ئەن داۋچوەن




سەت كۆرەگان شۆەن زەن



ئىلاھىي ھاپىز خاۋ سۋىن

www.uyghurkitap.com



چېچەن مۇشاۋىر جۇ ۋۇ

www.uyghurkitap.com




ئۈچ تاغ غوجىسى خۇاڭ شىن




كىچىك دۆكەر جۇ تۇڭ

www.uyghurkitap.com




ئالقانات يەن چىڭ




ئۆمرى كوتا بەگ رۇەن شياۋۋۇ

www.uyghurkitap.com



ئەزرائىل رۇەن شىياۋچى



ئەزرائىل رۇەن شياۋچى




www.uyghurkitap.com


宋江兵打北京城
關勝議取梁山泊
成偉繪

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


تۇقسان بىرىنچى باب ........................................ 1
سۈڭ دانىشىنىڭ لەشكەر باشلاپ خۇاڭخېدىن ئۆتكەنلىكى
لۇ جۈنيىنىڭ قاراڭغۇ كېچىدە شەھەرنى پەم بىلەن ئالغانلىقى
تۇقسان ئىككىنچى باب ........................................ 25
كىچىك لى گۇاڭنىڭ ھېكمەتلىك ئوق بىلەن لەشكەر ھەيۋىسىنى ئۆستۈرگەنلىكى
موللا تاپقاقنىڭ پۇختا پەنت بىلەن گەيجۇ شەھىرىنى ئالغانلىقى
تۇقسان ئۈچىنچى باب ........................................ 46
لى كۈينىڭ چۈشىدە كۆك كۆلنى مالىمان قىلغانلىقى
سۈڭ جياڭنىڭ لەشكەرلەرنى ئىككى تارامغا بۆلگەنلىكى
تۇقسان تۆتىنچى باب ........................................ 63
گۈەن شېڭنىڭ ئۈچ سەردارنى مەردلىك يولىدا ئەل قىلغانلىقى
لى كۈينىڭ قارامىلىق قىلىپ، لەشكەرلەرنى تۇتقۇن قىلغۇزغانلىقى
تۇقسان بەشىنچى باب ........................................ 90
سۈڭ دانىشىنىڭ ساداقەتمەنلىكىنىڭ زېمىن ئىلاھىنى ئېرىتكەنلىكى
چياۋ داۋچىڭنىڭ سېھىرگەرلىكىنى سۈڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ يەڭگەنلىكى
تۇقسان ئالتىنچى باب ........................................ 107
سېھىرگەر سېھىرىنىڭ بەش ئەجدىھا تېغىدا كۈچىدىن قالغانلىقى
بۆلۈت ئەجدىھاسىنىڭ جىلغىلىق چوققىنى قورشىۋالغانلىقى
تۇقسان يەتتىنچى باب ........................................ 121
چېن گۈەننىڭ باسقاقبەگلىكىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى
سەركەردە قىز چيۇڭ يىڭنىڭ تۇرشاۋۇل بولغانلىقى

توقسان سەككىزىنچى باب ........................ 140

جاڭ چىڭغا چيوڭ يىڭ قىزىنىڭ ئىرادە بولغانلىقى

ۋۇ يۈڭنىڭ ۋۇ لىنى پەم بىلەن ئوغا بېرىپ ئۆلتۈرگەنلىكى

توقسان توققۇزىنچى باب ........................ 170

گۇلدار شەيخنىڭ تەھتىسارادىن قايتىپ چىققانلىقى

دەريا بۇلغار ئەجدىھانىڭ تەييۇەننى سۇغا باستۇرغانلىقى

يۈزىنچى باب ........................ 191

جاڭ چىڭ بىلەن چيوڭ يىڭنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى

چېن گۇەن بىلەن سۇڭ جياڭنىڭ يېڭىپ چىققانلىقى

بىر يۈز بىرىنچى باب ........................ 210

مازارنى كۆزلەپ نىيىتىنى بۇزغانلىقى

بۇتخانىدا نازىنىن بىلەن تېپىشقانلىقى

بىر يۈز ئىككىنچى باب ........................ 228

ۋاڭ چىڭنىڭ شەھۋەتپەرەسلىك قىلىپ دەۋا ـ دەستۇرغا قالغانلىقى

گۇڭ دۇەننىڭ تاياق يەپ مەھبۇسنى ئۇستاز تۇتقانلىقى

بىر يۈز ئۈچىنچى باب ........................ 246

جاڭ كۇرەبېگى قېيىنئىنىسىنى دەپ جېنىدىن ئايرىلغانلىقى

فەن زىندانبېگىنىڭ ئىنىسىنىڭ يۈزىنى ساقايتقانلىقى

بىر يۈز تۆتىنچى باب ........................ 263

دۇەن جەمەتى كەنتىنىڭ يېڭى كۇيۇئوغۇل تاپقانلىقى

ئۆيتاغ تۇراسىدا ئەر ـ خوتۇنىنىڭ تۇرا غوجىسىنى قەتل
قىلغانلىقى

بىر يۈز بەشىنچى باب ........................ 280

سۇڭ دانىشنىڭ لەشكەرلەرنى تومۇز ئىسسىقىدىن ئۆتكۈزۈۋالغانلىقى

چياۋ داۋچىڭنىڭ شامالنى قايتۇرۇپ قاراقچىلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى

بىر يۈز ئالتىنچى باب ........................ 297

تالىپنىڭ سوقا ـ سۆھبەت بىلەن كۇچلۇك ياۋنى چېكىندۈرگەنلىكى

سۇ لەشكەرلىرىنىڭ مۆكۈپ تۇرۇپ پۇختا شەھەرنى ئالغانلىقى

بىر يۈز يەتتىنچى باب ........................ 317

سۇڭ جياڭنىڭ جىشەن لەشكەرلىرىنى قاتتىق يەڭگەنلىكى

جۇ ۋۇنىڭ ئالتە قەۋەت چاتما سەپنى تارمار قىلغانلىقى

بىر يۈز سەككىزىنچى باب ........................ 333
چياۋ داۋچىڭنىڭ تۇمان چىقىرىپ شەھەر ئالغانلىقى
كىچىك قۇيۇننىڭ توپلارنى قاراقچىلارغا ئاتقانلىقى
بىر يۈز توققۇزىنچى باب ........................ 363
ۋاڭ چىڭنىڭ دەريا ئۈستىدە قولغا چۈشكەنلىكى
سۇڭ جياڭنىڭ قاراقچىلارنى يەڭگەنلىكى
بىر يۈز ئونىنچى باب ........................ 389
يەن چىڭنىڭ چيۇلىندۇدا ياۋا غاز ئاتقانلىقى
سۇڭ جياڭنىڭ ئاستانىدە تۇتقۇن ھەدىيە قىلغانلىقى
بىر يۈز ئون بىرىنچى باب ........................ 422
جاڭ شۇننىڭ جىنشەن ئىبادەتخانىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى
سۇڭ جياڭنىڭ رۇنجۇ شەھىرىنى پەم بىلەن ئالغانلىقى
بىر يۈز ئون ئىككىنچى باب ........................ 448
لۇ جۈنيىنىڭ شۈەنجۇ ئايمىقىغا تەرەپ ـ تەرەپتىن تەگكەنلىكى
سۇڭ دانشىنىڭ پىلىڭ ناھىيەسىدە قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى
بىر يۈز ئون ئۈچىنچى باب ........................ 471
دەريا بۆلغار لەھەڭنىڭ تەيخۇ كۆلىدە ئاكا ـ ئۇكا تۇتۇشقانلىقى
سۇڭ دانشىنىڭ سۇجۇ ئايمىقىدا قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى
بىر يۈز ئون تۆتىنچى باب ........................ 497
سۇڭ جياڭنىڭ نىڭخەي قەلئەسىدە ماتەم تۇتقانلىقى
جاڭ شۇننىڭ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقى
بىر يۈز ئون بەشىنچى باب ........................ 525
جاڭ شۇننىڭ ئەرۋاھى فاڭ تيەندىڭنى ئۇرغانلىقى
سۇڭ جياڭنىڭ نىڭخەي قەلئەسىنى پەم بىلەن ئالغانلىقى
بىر يۈز ئون ئالتىنچى باب ........................ 549
لۇ جۈنيىنىڭ شېجۇ ئايمىقىغا لەشكەر ئەۋەتكەنلىكى
سۇڭ دانشىنىڭ قارا ئەجدىھا چوققىسىدا جەڭ قىلغانلىقى
بىر يۈز ئون يەتتىنچى باب ........................ 570
مۇجۇ ئايمىقىدا دېڭ يۈەنجۆنىڭ ئوقيا بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى
قارا ئەجدىھا چوققىسىدا ئىلاھنىڭ سۇڭ دانشقا مەدەت بەرگەنلىكى

www.uyghurkitap.com

بىر يۈز ئون سەككىزىنچى باب ...................................... 598
لۇ جۈنيىنىڭ يۈلىڭ چاقىسىغا قاتتىق تەگكەنلىكى
سۇڭ دانىشنىڭ چىڭشىدىكى غارنى پەم بىلەن ئالغانلىقى
بىر يۈز ئون توققۇزىنچى باب ...................................... 631
لۇ جىشېننىڭ جېجياڭدا ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانلىقى
سۇڭ دانىشنىڭ ئەمەلدارلىق كىيىمى كىيىپ قايتقانلىقى
بىر يۈز يىگىرمىنچى باب ...................................... 672
سۇڭ دانىشنىڭ ئەرۋاھىنىڭ قومۇشلۇق سايازىنى ماكان تۇتقانلىقى
خۇي زۇڭ خاننىڭ چۈشىدە لياڭشەن كۆلىنى سەيلە قىلغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# توقسان بىرىنچى باب

## سۇڭ دانىشىنىڭ لەشكەر باشلاپ خۇاڭخېدىن ئۆتكەنلىكى لۇ جۈنىينىڭ قاراڭغۇ كېچىدە شەھەرنى يەم بىلەن ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، دەي زۇڭ بىلەن شى شيۇ ھېلىقى كىشىنىڭ دورغا سىياقىدا ياسىنىۋالغانلىقىنى ۋە ئالاقىزەدە بولۇپ قېلىشقانلىقىنى بايقىدى. دەي زۇڭ ئۈنىڭدىن:

— قانداق ئىش - كۈشلەر بىلەن كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— خېبېيدا تيەن خۇنىڭ مالىمان چىقارغانلىقىدىن خەۋىرىڭلار باردۇر؟ — دېدى ھېلىقى كىشى چوكىنى قويۇپ، ئاغزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— بىزمۇ ئاز - تولا خەۋەر تاپتۇق، — دېدى دەي زۇڭ.

— تيەن خۇ دېگەن مۇتتەھەم ئايماق - ناھىيەلەرنى بېسىۋېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا خان لەشكەرلىرى تەڭ كېلەلمىدى، يېقىندا گەيجۇ ئايمىقىنى بېسىۋاپتۇ، ھامان بىر كۈنى ۋېيجۇ ئايمىقىغىمۇ تېگىش قىلىدۇ. شەھىرىمىزدىكى پۇقرالار كېچە - كۈندۈز غەم - ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالدى، سەھرادىكى ئاھالىمۇ ياقا يۇرتلارغا قېچىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن دىيار مەھكىمىمىز مېنى مىرزىبەگ مەھكىمىسىگە جىددىي خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى، — دېدى دورغا ۋە ئورنىدىن قوپۇپ، بوغجۇمىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، كۈنلۈك بىلەن تايىقىنى كۆتۈردى - دە، ئالدىراپ - تېنەپ مەي پۇلىنى تۆلىۋېتىپ مەيخانىدىن چىقتى، ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— دورغىغا كۆن يوق ئىكەن، بالىچاقىلىرىم ھەممىسى شەھەردە قالدى. تەڭرىم ئۆزۈڭگە ئامانەت، بالدۇرراق لەشكەر ئاتا قىلىپ قۇتقۇزۇپ قالغايسەن! — دەپ ئاھ چەككىنىچە يولغا راۋان بولدى.

دەي زۇڭ بىلەن شى شيۇ بۇ خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن مەي پۇلىنى تۆلەپ مەيخانىدىن چىقتى ـ دە، ئۇدۇل قوشقا كېلىپ، سۇڭ تۇرشاۋۇلغا بۇنى مەلۇم قىلدى.

— بىز بۇ يەردە بىكار يېتىۋەرسەك بولماس، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭغا مەسلىھەت سېلىپ، — تەڭرىقۇتقا ئىلتىجا قىلىپ، لەشكەر بىلەن ئۇلار تەرەپكە جازا يۈرۈشى قىلساق.

— بۇ ئىشنى سۇ ئەمىرنىڭ سەمىدىن ئۆتكۈزمەك كېرەك، — دېدى ۋۇ يۇڭ ۋە بارلىق سەردارلارنى يىغىپ مەسلىھەتلەشتى، ھەممىسى ئىنتايىن خۇرسەن بولۇشتى. ئەتىسى سۇڭ جياڭ مەنسەپ كىيىمىنى كىيىپ، ئون نەچچە ئاتلىق بىلەن شەھەرگە كىرىپ، ئۇدۇل سۇ ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمىر ئۆز مەھكىمىسىدە ئولتۇراتتى، خەۋەرچى ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئەمىرگە خەۋەر قىلدى. ئەمىر خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال چاقىرىپ كىرىشكە ئىجازەت بەردى. سۇڭ جياڭ دىۋانغا كىرىپ سالام بەجا كەلتۈردى.

— سەردارىم، قانداق ئىش ـ كۆشلەر بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدىلا؟ — دېدى سۇ ئەمىر.

— شاپائەتلىك بېگىم، مەلۇملىرىدا بولغايكى، كەمىنىلىرى خېبېيدىكى تيەن خۇنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئايماق ـ ناھىيەلەرنى بېسىۋېلىۋاتقانلىقى، يىلنامىلەرنى ئۆزگەرتىپ، گەيجۇ ئايمىقىنى ئالغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇلار ھامان بىر كۈنى ۋېيجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلىدۇ، كەمىنىلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەر ئۇزاقتىن بۇيان بىكار يۈرۈپ قالدى، پېقىر ئۇلارنى باشلاپ بېرىپ تيەن خۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، ئەلگە ساداقەتلىكىمنى بىلدۈرۈش بىلەن ئەجىر ـ تۆھپە

كۆرسىتەي دەپ كەلدىم. بېگىم، ئۆزلىرى تەڭرىقۇتقا بۇ ئىلتىجايىمىزنى يەتكۈزگەيلا، — دېدى سۇلۇڭ جىياڭ.

— ئۆزلىرى شۇ قەدەر ساداقەتلىك - مەردلىكنى بىلدۈرۈپ، ئەلگە ئەجىر كۆرسەتمەكچى بولغان بولسىلا، كەمىنىلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئالىرىنى تەڭرىقۇتقا يەتكۈزىمەن، — دېدى سۇ ئەمىر خۇرسەن بولۇپ.

— كەمىنىلىرى ئەمىرنىڭ كۆپ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنلىكىمنى قەلبىمدە چىڭ ساقلىساممۇ، ئەجىر قايتۇرالمىدىم، — دېدى سۇلۇڭ جىياڭ تەشەككۈر ئېيتىپ.

سۇ ئەمىر يەنە مەي - شاراب ھازىرلىتىپ كۈتۈۋالدى. كەچتە سۇلۇڭ جىياڭ قوشقا قايتىپ كېلىپ، ئاتامانلارغا بۇنى ئېيتىپ بەردى. ئەمدى گەپنى سۇ ئەمىردىن ئىشىتەيلى. سۇ ئەمىر ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاۋاپ - تەزىم ۋاقتىدا، تەڭرىقۇت بىلەن كۆرۈشۈشكە كىردى. تەڭرىقۇت كۈجە - ئىسرىق قەسرىدە ئولتۇراتتى.

— خىببىدا تىيەن خۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ، بەش ئايماق، ئەللىك ئالتە ناھىيەنى بېسىۋاپتۇ، يىلنامىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋاپتۇ، ھازىر لىڭچۈەننىڭ قولدىن كەتكەنلىكى لىڭچۈەننىڭ يېنىدىكى خۇەيجۇ ئايمىقىغا تەھدىت بولۇۋاتىدۇ. بۇ جىددىي ئەھۋالنى ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىپ كەپتۇ، — دېدى مىرزىبەگ مەھكىمىسىنىڭ سىپاھبېگى.

تەڭرىقۇت قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگلەردىن:

— قېنى، كىم بېرىپ بۇ قاراقچىلارنى يوقىتىشقا كۈچ چىقىرىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

سۇ ئەمىر سىپاھبەگلەر ئارىسىدىن چىقىپ، ھۆرمەت تاختىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئېگىشىپ تۇرۇپ:

— پېقىر، تىيەن خۇنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ، كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، بۇنىڭغا شىرمەت سەردار -



www.uygurkitap.com

سەرۋازلار بولمىسا، يوقاتماق تەس بولىدۇ، ھازىر قىتان بەگلىكىنى يەڭگەن سۆڭ تۇرشاۋۇل لەشكەرلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئالىيلىرى شاھانە يارلىق چۈشۈرۈپ، مۇشۇ قوشۇننى قاراقچىلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتسىلە، جەزمەن بۇ ئىشنى بەجا كەلتۈرۈپ كېلىدۇ، — دېدى.

تەڭرىقۇت خۇشال بولۇپ مىرزىبەگ مەھكىمىسىنىڭ سىپاھىيگە شەھەردىن چىقىپ، سۆڭ جياڭ، لۇ جۈنيىلەرنى كۈجە ـ ئىسرىق قەسرىسىگە باشلاپ كېلىشنى بۇيرۇدى، ئۇلار كېلىپ تەڭرىقۇت بىلەن كۆرۈشتى، سالامدىن كېيىن تەڭرىقۇت:

— ھەرقايسىڭلارنىڭ باتۇر، ساداقەت، مەردلىكىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم، بۈگۈن خىيبىيغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا پەرمان بېرىمەن، جاپادىن قاچماڭلار، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلسەڭلار، كاتتا ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولىسىلەر، — دېدى مۇبارەك ئاۋازى بىلەن.

— ھەزرىتى ئالىيلىرى، بىزنى بۇ خىزمەتكە تەيىنلىدىلە، — دېدى سۆڭ جياڭ بىلەن لۇ جۈنيى باش ئۇرۇپ تۇرۇپ، — پۈتۈن كۈچىمىز ۋە ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىمىزگە قەدەر ساداقەتلىك بىلەن ئەجىر كۆرسىتىمىز!

تەڭرىقۇتنىڭ مۇبارەك جامالىنى شادلىق قاپلىدى. ئۇ سۆڭ جياڭنى يۇقىرى تەرەپىنى تىنچىتقۇچى تۇرشاۋۇللۇققا، لۇ جۈنيىنى ئورۇنباسار تۇرشاۋۇللۇققا تەيىنلىدى، ھەرقايسىسىنى شاھانە شاراب، ئالتۇن كەمەر، كىمخاب تون، زەر قۇياغ، تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن تارتۇقلىدى، قالغان ئوڭ قول، سول قول سەردارلارنىمۇ تاۋار ـ دۇردۇن، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن تارتۇقلىدى. ئىسيانى تىنچىتقاندىن كېيىن كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىلىرىگە قاراپ، كۆپلەپ ئىنئام، مەنسەپ ـ مەرتىۋە بەرمەكچى بولدى، مەھكىمە خەزىنىسىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ئاچىقتۇرۇپ ئۈچ قوشۇن سەردارلىرىنى تارتۇقلىدى، سەپەرگە چىقىش ۋاقتى ـ قارارىنى تەيىن قىلدى. سۆڭ جياڭ بىلەن لۇ

جۇنيى قايتا ـ قايتا تەزىم ـ تەشەككۇرلەر بەجا كەلتۈرۈپ، پەرماننى ئېلىپ، تەڭرىقۇت بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن ئاتلىنىپ، ئۆز قوشلىرىغا قايتىپ، بارگاھتىن ئورۇن ئالدى. بۇلار سەردار ـ سەركەردىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا ئاتلىرىنى جابدۇپ، جەڭ كىيىملىرىنى تەييارلاپ، سەپەرگە ئاتلىنىپ، تيەن خۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى.

ئەتىسى، مەھكىمە خەزىنىسىدىن تارتۇق قىلىنغان تاۋار ـ دۇردۇن، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى سەركەردىلەر ۋە ئۈچ قوشۇن ئاتامانلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، سۆڭ جياڭ ۋۇ يۈڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سۇ لەشكەرلىرى ئاتامانلىرىغا جەڭ كېمىلىرىنى تەخلەپ ئالدىدا مېڭىش، بيەنخې دەرياسىدىن خۇاڭخې دەرياسىغا ئۆتۈپ، قەدىمىي ۋۇشيەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەسىگە كىرىپ، چوڭ قوشۇننىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇش ۋە ئۇلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى، ئاتلىق لەشكەرلەر ئاتامانلىرىغا ئاتلارنى جابدۇپ، جەڭ كېمىلىرى بىلەن تەڭلا سەپەرگە ئاتلىنىشنى بۇيرۇدى.

ئەمدى گەپنى خېبېيدىكى تيەن خۇدىن ئاڭلاڭ. بۇ خۇمىسى ئەسلىدە ۋېيشېڭ ئايمىقىنىڭ چىنيۈەن ناھىيەسىدىكى بىر ئوۋچى بولۇپ، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك، چامباشچىلىققا ئۇستا، يالاڭلا مۇتتەھەم ـ ئوششۇقلارنى دوست تۇتىدىغان بىرنېمە ئىدى، ئۇنىڭ تۇرار جايى قاتمۇقات تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ جەم بولۇشىغا ئەپلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە پات ـ پات ھۆلچىلىك، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ تۇرغاچقا، پۇقرالار نامراتلىشىپ، تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن، غەلىيان قىلىشنى نىيەت قىلاتتى، تيەن خۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، جىنىدىن تويغانلارنى توپلاپ، ئېزىتقۇ گەپلەرنى توقۇپ، نادان پۇقرالارنى يولدىن ئازدۇردى، ئۇلار دەسلەپتە بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈردى، كېيىن ئايماق ـ ناھىيەلەرنى بېسىۋالدى. خان لەشكەرلىرى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدى، تيەن خۇ بىر ئوۋچى

تۇرۇقلۇق، قانداق قىلىپ شۇنچىۋالا بىشەم بولۇپ كەتتى؟ ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇمكى، ئۇ زاماندا قەلەمدار بەگلەر پۇل قايغۇسىدا، ئەلەمدار بەگلەر جان قايغۇسىدا ئىدى، ھەرقايسى ئايماق ـ ناھىيەلەرنى ساقلاشقا خان لەشكەرلىرى قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار قىرى ـ چۆرى، ئاجىز ـ ئورۇق بىرنېمىلەر ئىدى ۋە ياكى بىرى ئۈچىنىڭ تەمىناتىنى يەيدىغانلار ياكى زەردارلار ئۆزىنىڭ ئورنىغا سېتىۋېلىپ لەشكەرلىككە تۇتۇپ بەرگەن ئادەملەر ئىدى، ئۇلار مەھكىمە خەزىنىسىدىن لەڭ يەپ ياتاتتى، مەشىق قىلغاندا، يوقلىمىدىن ياللىۋالغان كىشىلەر ئۆتەتتى. يۇقىرىدىكىلەر يۇقىرىدىكىلەر بىلەن، تۆۋەندىكىلەر تۆۋەندىكىلەر بىلەن مەھكەم بىرلىشىۋېلىپ، بىر ـ بىرىنى ئالدايتتى، پادىشاھلىقتىن نۇرغۇن پۇل خىراج قىلىسىمۇ، بۇ پۇللار جايىغا ئىشلىتىلمەيتتى، جەڭ قىلىشقا توغرا كەلگەندە، كارغا كەلمەي قالاتتى، ئالدى تەرەپتىن ئۆرۈتۆپە بولۇشۇپ، چاڭ ـ توزانلار كۆتۈرۈلۈپ، توپ ئاۋازى ئاڭلانسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۆت پۇتلۇق قىلىپ تۇغمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ، قۇيرۇقلىرىنى خادا قىلىشىپ بەدەر تىكىۋېتىشەتتى، شۇ كەمدە بىرنەچچە سىپاھبەگلەر لەشكەر باشلاپ، تېيەن خۇنى يوقىتىشقا بارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا چېقىلىشقا پېتىنالماي، ئارقىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ، گاھ ئۇياقتىن، گاھ بۇياقتىن قۇرۇق ھەيۋە قىلىپلا قوياتتى، ھەتتا مۆمىن پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، يالغانلاردىن خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇشۇۋالاتتى، پۇقرالارنىڭ ئۇلارغا ئۆچمەنلىكى كۈچىيىپ، پادىشاھلىق لەشكەرلەردىن قېچىپ قاراقچىلار تەرىپىگە ئۆتۈۋالاتتى، شۇڭا تېيەن خۇ بەش ئايماق، ئەللىك ئالتە ناھىيەنى بېسىۋالغانىدى، بەش ئايماقنىڭ بىرى ۋېيشېڭ بولۇپ، ھازىرقى چىنجۇ ئايمىقى؛ ئىككىنچىسى فېنياڭ بولۇپ، ھازىرقى چېنجۇ ئايمىقى؛ ئۈچىنچىسى جاۋدې بولۇپ، ھازىرقى لۇئەن ئايمىقى؛ تۆتىنچىسى جىنىنىڭ بولۇپ، ھازىرقى پىڭياڭ ئايمىقى؛ بەشىنچىسى گەيجۇ بولۇپ، ھازىرقى زېجۇ

ئايمىقى ئىدى. ئەللىك ئالتە ناھىيەنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بەش ئايماققا تەۋە ناھىيەلەر ئىدى. تيەن خۇ فېنياڭدا ئوردا ـ قەسىر بىنا قىلىپ، قورچاق قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلارنى، ۋەزىر ـ سەردارلارنى مەنسەپكە قويۇپ، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى سەنشى پادىشاھى دەپ ئاتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى خىل، سەردارلىرى كۈچلۈك، تاغ ـ دەريالىرى خەتەرلىك ئىدى. ئەمدى ئۇ لەشكەرلىرىنى ئىككى تارامغا بۆلۈپ، بېسىپ كېلىۋاتاتتى.

سۇڭ جياڭ سەپەرگە چىقىشقا خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ مىرزىبەگ مەھكىمىسىنىڭ سىپاھبەگلىرى بىلەن خوشلاشتى، سۇ ئەمىر ئۆزى قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئۇزىتىپ قويۇشقا چىقتى، جاڭ باسقاقبەگ پەرمانغا ئاساسەن، قوش ئالدىدا ئۈچ قوشۇندىكى لەشكەرلەرگە ئىنئام بەردى، سۇڭ جياڭ بىلەن لۇ جۈنيى سۇ ئەمىر، جاڭ باسقاقبەگلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۈچ بۆلەككە ئايرىپ، بەش شىرمەت، سەككىز چەۋەندازنى تۇرشاۋۇل قىسمىغا باش قىلىپ تەيىنلىدى.

بۇ بەش شىرمەت سەردار مۇنۇلار:

ئۇزۇن قىلىچ گۈەنشېڭ
قاپلانباش لىن چۇڭ
تېرىككەك چىن مىڭ
قوش يارما دەستىلىك خۇ يەنجو
قوش نەيزە پالۋان دۇڭ پىڭ

سەككىز چەۋەنداز مۇنۇلار:

كىچىك لى گۇاڭ خۇا رۇڭ
زەر نەيزىۋاز شۇ نىڭ
مەڭلىك ياۋا ياڭ جى
چاپاۋۇل سو چاۋ
پەيسىز ئوق جاڭ چىڭ
كۆركە ساقال جو تۇڭ



www.uyghurkitap.com

ئەجدىھا يىگىت شى جىن
توسقۇنسىز مۇ خۇاڭ
ئون ئالتە شىرمەتنى ھەممىسى قوشۇنغا باش قىلىپ
تەيىنلىدى. بۇ ئون ئالتە شىرمەت سەردار مۇنۇلار:
ئۈچ تاغ غوجىسى خۇاڭ شىن
قەھرلىك يۈچى سۈن لى
سەت كۆرەگان شۈەن زەن
ئىلاھىي ھاپىز خاۋ سىۋېن
يېڭىلمەس سەردار خەن تاۋ
تەگرىكۆز سەردار پېڭ چى
سۇ پىرى شەن تىڭگۈي
ئوت پىرى ۋېي دىڭگو
ئۈچقۇر زەر قانات ئوۋ پېڭ
ئوت كۆز ئارسلان دېڭ فېي
زەر يولۋاس يەن شۈن
تۆمۈر نەيچى ما لىن
غار سەكرىگەن يولۋاس چېن دا
چار يىلان ياڭ چۈن
گۈللۈك قاپلان ياڭ لىن
كىچىك دوكار جۇ تۇڭ
سۇڭ جياڭ، لۇ جۈنيى، ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭ ۋە باشقا سەردارلار، ئاتلىق - پىيادە لەشكەرلەر ئاتامانلىرى بارگاھ قوشۇننى باشلاپ ماڭماقچى بولدى. شۇ كۈنى ئۈچ بەلگە توپى ئېتىپ، داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ، كونا كۆۋرۈكتىن چىقىپ، كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپكە سەپەر قىلدى. سۇڭ جياڭنىڭ پەرمانى قاتتىق بولۇپ، لەشكەرلىرى سەپەردە تەرتىپلىك ماڭاتتى، بىسىپ ئۆتكەن جايلاردا پۇقرالارنىڭ قىلچە نەرسىسگە چېقىلمايتتى، بۇ ھەقتە گەپ ئېچىشنىڭ ھاجىتى

www.uyghurkitap.com

يوق. لەشكەرلەر يۆەنۆۋ ناھىيەسىنىڭ تەۋەسىگە كەلگەندە، ناھىيەنىڭ ئامبىلى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. تۇرشاۋۇل قوشۇندىن سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانلىرى كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويماقچى بولۇپ ساقلاپ تۇرغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. سۇڭ جياڭ لى جۇنلەرگە ئالتە يۈز سۇ لەشكىرىنى ئېلىپ ئوڭ ـ سول بولۇپ، ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈش، شۇ جايدىن بىرمۇنچە كېمە توپلاپ، ئات ـ ئۇلاغلارنى بېسىپ ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇدى. سۇڭ جياڭلارنىڭ چوڭ قوشۇنى نۆۋەت بىلەن خۇاڭخېنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتى ـ دە، لى جۇنلەرگە جەڭ كېمىلىرىنى ھەيدەپ، ئۇدۇل ۋېيجۇ ئايمىقىنىڭ ۋېيخې دەرياسىغا بېرىپ يىغىلىشنى پەرمان قىلدى.

سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇنى ۋېيجۇ ئايمىقىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ۋېيجۇ ئايمىقىنىڭ بەگ ـ سىپاھلىرى مەركە سورۇنى ھازىرلاپ، سۇڭ تۇرشاۋۇلنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ يېتىپ كېلىشىگە، ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ كۈتۈۋالدى. ئۇلار سۇڭ جياڭغا:

— تيەن خۇنىڭ قاراقچى لەشكەرلىرى كۆپ، ئۇنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، زېجۇ ئايمىقىنى تيەن خۇنىڭ قول ئاستىدىكى قورچاق ۋازىر نيۇ ۋېنجۇڭ ساقلاپ يېتىۋاتىدۇ، جاڭ شياڭ، ۋاڭ جىلارنى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن ئايمىقىمىزغا تەۋە خۇيشيەن ناھىيەسىگە تېگىش قىلىشقا ئەۋەتتى؛ شېن ئەن، چىن شېڭلارنى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن خۇەيجۇ ئايمىقىغا تەۋە ۋۇشې ناھىيەسىگە تېگىش قىلىشقا ئەۋەتتى. تۇرشاۋۇلنىڭ تېز بېرىپ قۇتقۇزۇۋېلىشىنى ئۈلتىجا قىلىمىز، — دېيىشتى.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ، قوشقا قايتىپ كېلىپ، ۋۇ يۇڭ بىلەن ئۇلارغا بولۇشۇشقا لەشكەر ئەۋەتىشنى مەسلىھەتلەشتى. ۋۇ يۇڭ:

— لىڭچۇەن گۇيجۇ ئايمىقىدىكى مۇھىم جاي، لەشكەر چىقىرىپ لىڭچۇەننى ئالساق، ئىككى ناھىيەنى قورشاۋدىن

قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى.

— پېقىر لەشكەر تارتىپ بېرىپ، لىڭچۇەنگە تېگىش قىلاي، — دېدى لۇ جۇنيى شۇ زامان.

سۇڭ جياڭ خۇرسەن بولۇپ، لۇ جۇنيىگە بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكەر، بەش يۈز پىيادە لەشكەر بۇيرۇپ بەردى، ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ ئاتامانلىرى خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، دۇڭ پىڭ، سو چاۋ، خۇاڭ شىن، سۇن لى، ياڭ جى، شى جىن، جۇ تۇڭ، مۇ خۇڭ بولدى. پىيادە لەشكەرلەرنىڭ ئاتامانلىرى لى كۇي، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، ليۇ تاڭ، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ بولدى.

ئەتىسى لۇ جۇنيى لەشكەرلەرنى باشلاپ يۇرۇپ كەتتى. سۇڭ جياڭ بارگاھتا ۋۇ يۇڭ بىلەن شەھەر ئېلىشنىڭ ياخشى چارىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ۋۇ يۇڭ:

— قاراقچى لەشكەرلەر ئۇزاقتىن بۇيان ھاكاۋۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ، لۇ تۇرشاۋۇل بارسا چوقۇم يېڭىپ كېلىدۇ. شۇڭىنىسى، سەنجىننىڭ تاغ - دەريالىرى خەتەرلىك، ئىككى ئاتامانىنى تىڭچىلىققا قويساق، ئۇلار ئاۋۋال بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ئوي - دۆڭلىرىنى بىلىپ كەلسە، ئاندىن لەشكەر چىقارساقمىكىن دەيمەن، — دېدى.

گەپنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيلا، بارگاھ ئالدىدا يەن چىڭ پەيدا بولۇپ:

— باش قاتۇرۇشمىسىلا مۇشاۋىرىم، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ بولدۇق، مانا بۇنىڭغا قارىسىلا، — دەپ بىر ئورام نەرسىنى چىقىرىپ شىرەگە يايدى، سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ باشتىن - ئاياغ سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ سەنجىننىڭ تاغ - دەريا، شەھەر - قەلئە، قوۋۇق - چاقىسلىرىنىڭ خەرىتىسى ئىكەن. ئۇنىڭدا قەيەرگە لەشكەر تۇرغۇزۇشقا، قەيەرگە لەشكەر مۆكتۈرۈشكە، قەيەردە جەڭ قىلىشقا بولىدىغانلىقى ئېنىق يېزىلغانىكەن. ۋۇ يۇڭ ھەيران قېلىپ:

— بۇنى نەدىن تاپتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلۇشكۇن قىتان بەگلىكىنى يېڭىپ، شۇئاڭلىن بازىرىغا قايتىپ كەلگەندە، — دېدى يەن چىلىڭ سۇڭ جياڭغا قاراپ، — شۇ گۆەنجۇڭغا يولۇقۇپ قالدۇق، ئۇ پېقىرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، خوشلىشىپ ماڭىدىغان ۋاقتىمىزدا بۇنى ماڭا بەردى، ئۇ بۇنى ئەرزىمەس بىرنەچچە رەسىم دېگەنىدى. پېقىر قوشقا قايتىپ كېلىپ ئولتۇرۇپ ئېچىپ قارىسام، سەنجىننىڭ خەرىتىسى ئىكەن.

— سىز ئۇلۇشكۇن قايتىپ كەلگەندە، خان بىلەن كۆرۈشۈشكە جابدۇنۇپ تۇرغانىدىم، ئالدىراشچىلىقتا ئەھۋالىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى سورۇشتە قىلماپتىمەن، بۇ ئادەممۇ باتۇر ئادەمدەك تۇرىدۇ، سىز ئادەتتىمۇ ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلاتتىڭىز، ئۇ بۇ كۈنلەردە نېمە قىلىپ يۈرىدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— شۇ گۆەنجۇڭ بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك ئادەم، ئۇ چامباشچىلىققا ھەۋەس قىلىدۇ، ئۇ جەڭگەرلىك ئادەم، ھېچ ئىش ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇششاق - چۈششەك ھۈنەرلەردىنمۇ خەۋىرى بار، — دېدى يەن چىلىڭ.

يەن چىلىڭ شۇ گۆەنجۇڭنىڭ پادىشاھلىق ئىشىغا ئارىلىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، تاغدا پىنھان جاي تۇتۇپ ياتقانلىقىنى ۋە قىلغان گەپ - سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— بۇ ئالەمدىكى ۋىجدانلىق ئادەم ئىكەن - دە، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيىلەشتى.

ئەمدى گەپنى لۇ جۇنيىدىن ئاڭلاڭ. لۇ جۇنيى لەشكەرلىرىنى باشلاپ، خۇاڭ شىن، سۈن لىلارنى ئۈچ مىڭ لەشكەر ئېلىپ، لىڭچۆەن شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن بەش يول نېرىغا بېرىپ مۆكۈنۈشكە، شى جىن بىلەن ياڭ جىنى ئۈچ مىڭ لەشكەر ئېلىپ، لىڭچۆەن شەھىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن بەش يول

نېرىغا بېرىپ مۆكۈنۈشكە بۇيرۇدى.

— بۈگۈن كېچە تۈن نىسپىدە لەشكەرلەرگە يىكچە چىشلىتىپ، ئاتلارنىڭ قوڭغۇرىقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۈن چىقارماي، جىم - جىم بېرىڭلار. ئەتە بىز لەشكەر تارتىپ بارىمىز، ئەگەر ياۋ تەييارلىقسىز ھالەتتە قېلىپ، لەشكەرلىرىمىز شەھەرنى ئېلىپ بولغان بولسا، تۆۋەن قوۋۇقتا بەلگە تۇغى كۆرۈنسە، ئاتامانلار لەشكەرلەرنى باشلاپ، بىر - بىرلەپ شەھەرگە كىرسەڭلار بولىدۇ. مۇبادا ياۋ تەييارلىق كۆرۈپ قويغان بولسا، توپ بىلەن بەلگە بېرىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ ھەمدەم بولۇڭلار، — دېدى لۇ جۈنيى.

تۆت سەركەردە بۇيرۇق ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. لۇ جۈنيى ئەتىسى سۈبھى بىلەن ناشتا قىلىپ، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ لىڭچۈەن شەھىرىگە باردى. لەشكەرلەر ئۈچ تارامغا بۆلۈنۈپ، تۈپتۈز سەپ تارتقىنىچە ئەلەم بۇلغاپ، دۇمباق چېلىپ جەڭگە ئۈندىدى.

شەھەر ساقلاۋاتقان چېرىكلەر ھودۇققان ھالدا سەركەردە دۇڭ چېڭ ۋە ئوڭ - سول قول سەركەردە شېن جى، گېڭ گۇڭلارغا خەۋەر ئېلىپ كىردى. دۇڭ چېڭ نيۇ ۋېنجۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى تۇرشاۋۇل ئىدى، ئۇنىڭ بويى تۆت يېرىم گەز كېلىدىغان بولۇپ، كۈچ - قۇۋۋەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشەتتى، ئوتتۇز جىڭلىق ئۆتكۈر قىلىچ تۇتاتتى. شۇ ئەسنادا سۇڭ خانلىقىغا ئەل بولغان لياڭشەندىكى لەشكەرلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، شەھەرگە يېقىن يەردە قوش تىكىپ، شەھەرگە تېگىش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. دۇڭ چېڭ دەرھال بارگاھقا چىقىپ، لەشكەرلىرىنى ئېيدىتلاپ، شەھەردىن ياۋ بىلەن ئېلىشىشقا چىقماقچى بولدى. گېڭ گۇڭ:

— پېقىر سۇڭ جياڭلارنىڭ باتۇرلۇقىنى ئاڭلىغان، ئۇلارنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، پەقەت شەھەرنى مەھكەم ساقلاپلا

تۇرغىنىمىز تۇزۇكمىكىن. گەيجۇ ئايمىقىغا ھەمدەم بولۇشقا لەشكەر تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتسەك، ياۋنى ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ جەڭ قىلساق، ئاندىن يېڭەلەيمىز، — دېدى ئىلتىجا بىلەن.

— بۇ لەنتىلەرنىڭ بىزنى كۆزگە ئىلماي، شەھىرىمىزگە تېگىش قىلىشقا كەلگەنلىكىنى قارىمامدىغان! ئۇلار يىراق يول يۈرۈپ كەلگۈچە ھېرىپ - چارچاشتى، مەن چىقىپ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتەي! — دېدى دۇڭ چېڭ غەزەپ بىلەن.

گېڭ گۇڭ قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇ ئاڭلىمىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى دۇڭ چېڭ، — شەھەر ساقلاشقا سىزگە بىر مىڭ لەشكەر قالدۇراي. سىز سېپىل راۋىقىغا چىقىپ تۇرۇپ، ئۇ نائەھلىلەرنى قانداق قىرغانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇڭ.

دۇڭ چېڭ دەرھال جابدۇنۇپ قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە شىپىن جى بىلەن لەشكەر باشلاپ شەھەردىن ياۋ بىلەن ئېلىشىشقا ماڭدى.

شەھەر قوۋۇقى ئېچىلدى، ئاسما كۆۋرۈك چۈشۈرۈلدى، ئىككى - ئۈچ مىڭ لەشكەر ئۇلاش - چۇلاش كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشتى. دەل شۇ چاغدا لۇ جۇنيىنىڭ لەشكەرلىرى ئوق ياغدۇردى. ئىككى تەرەپ سەپراس بولۇپ تۇردى. گۇمبۇرلىگەن دۇمباق ئاۋازى بىلەن تەڭلا، لىڭچۇەن لەشكەرلىرىنىڭ سېپىدىن بىر سەركەردە چىقىپ كەلدى. ئۇنى قانداق ياسىنىپتۇ دېمەمسىز؟

بېشىدا ھەل بېرىلگەن دۇبۇلغىسى،
قىپقىزىل جىيەكلىرى پارقىرايدۇ.
چېكىسىدە پىل - پال قىلىپ قىزىل جالا،
لەپىلدەپ ھەر تەرەپكە ساڭگىلايدۇ.
يېپىنىپ بىر چاتما قۇياغ ئۇچىسىغا،
بۇلۇت - شەپەق، تەڭگە گۇللۇك تون كىيىپتۇ.
ئېگىز پاشنا ئۆتۈك كىيىپ پۇتلىرىغا،

قىزىل مىخلىق تاسما بەلباغ چىگىپتۇ.
بىلىگە ئۇقيا بىلەن ساداق ئېسىپ،
قولىغا ئۇزۇن، ئۆتكۈر قىلىچ ئېلىپ،
چۇرقۇش تۇكلۇك بوز ئارغىماق مىنىپتۇ.

دۇك چېك ئېتىنى توختىتىپ قىلىچىنى تۈز تۇتقىنىچە:
— ئەي، سازلىقنىڭ قاراقچىلىرى، بۇ يەرگە جېنىڭدىن تويۇپ كېلىشتىڭمۇ! — دەپ توۋلىدى.
— تەڭرى لەشكەرلىرى زېمىنىڭغا يېتىپ كەلدى، تىغىمىزنى بولغىماي، بالدۇرراق ئاتتىن چۈشۈپ باش ئەگ، — دېدى جۇ تۇڭ ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ.
ئىككى تەرەپتىكى لەشكەرلەر شاۋقۇن - سۈرەنلەر سېلىشتى. جۇ تۇڭ بىلەن دۇك چېك جەڭ مەيدانىغا ئېتىلىپ كەلدى، ئىككى ئات گىرەلىشىپ، قورال - ياراغلار ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ كەتتى. ئىككى سەركەردە ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشار - ئېلىشماي، جۇ تۇڭ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپلا كۆنچىقىش تەرەپكە قاراپ قاچتى، دۇك چېك ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. كۆنچىقىش سەپتىن خۇا رۇڭ نەيزە كۆتۈرۈپ چىقىپ، قوغلاپ كەلگۈچى بىلەن ئېلىشتى، ئىككىسى ئوتتۇز نەچچە مەرتەم ئېلىشقان بولسىمۇ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ئاسما كۆۋرۈكتە تۇرغان شېن جى دۇك چېكنىڭ يېڭىشىگە كۆزى يەتمىگەنلىكتىن، قۇيۇچ نەيزىسىنى ئايلاندۇرۇپ، ئات سېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمدەملەشتى. خۇا رۇڭ ئىككى تەرەپتىن قىسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قېلىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى - دە، كۆنچىقىش تەرەپكە قاراپ چاپتى. دۇك چېك، شېن جىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى، خۇا رۇڭ ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ، قايتا ئېلىشقا باشلىدى.
گېڭ گۇڭ سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ دۇك چېك، شېن جىلارنى

قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى يېڭىلىپ قالارمىكىن دەپ، لەشكەرلەرنى يىغىشقا جاڭ چالماق بولۇپ تۇرۇشىغا، سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى ئىچىدىن تۇيۇقسىزلا لى كۇي، لۇ جىشېن، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ باشلىق ئون نەچچە ئاتامان بىر توپ لەشكەر بىلەن ئاسما كۆۋرۈككە شامالدەك ئېتىلىپ كەلدى، تيەن خۇ لەشكەرلىرى ھەرقانچە شىددەت بىلەن ئېلىشىپ باقسىمۇ، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدى. گېڭ گۇڭ قوۋۇقنى دەرھال تاقاڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشۈرمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئېيتماق ئاستا، قىلماق تېز دېگەندەك، لۇ جىشېن بىلەن لى كۇي شەھەرگە كىرىپ بولدى. قوۋۇقنى ساقلىغۇچى چېرىكلەر تەڭلا ئېتىلىپ كەلدى. لۇ جىشېن بىر نەرە تارتىپ، گۇرزە بىلەن ئىككىنى ئۇرۇپ يىقىتتى، لى كۇي پالتىسىنى ئايلاندۇرۇپ كېلىپ، بەش ـ ئالتىسىنى چانىۋەتتى، باۋ شۇلەر گۇررىدە كىرىۋېلىپ، چېرىكلەرنى تىرىپىرەن قىلدى ـ دە، سىپىل قوۋۇقىنى تارتىۋالدى. گېڭ گۇڭ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، سىپىل ئۈستىدىن چۈشۈپ يۇقىرى تەرەپكە قاچاي دېيىشىگە، پىيادە لەشكەرلەر كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى.

دۇڭ چېڭ، شىن جىلار خۇا رۇڭ بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، ئاسما كۆۋرۈك تەرەپتىن سۈرەن ـ چوقانلارنى ئاڭلىدى ـ دە، ئاتلىرىنى ئارقىغا بۇراپ، كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدى. خۇا رۇڭ ئارقىسىدىن قوغلىماي، قولىدىكى قويۇچ نەيزىسىنى ئاتنىڭ ئېگەرىدىكى ھالقىغا ئىلىپ قويۇپ، ئوقياسىنى ئالدى ـ دە، دۇڭ چېڭنىڭ ئارقىسىدىن يۈرىكىگە چەنلەپ ۋىژىلدىتىپ بىر ئوق ئاتتى، دۇڭ چېڭ ئاسمان تاپان بولۇپ گۈپپىدە ئاتتىن يىقىلدى، لۇ جۇنيى لەشكەرلىرىنى باشلاپ باستۇرۇپ كەلدى. دۇڭ پىڭ بىر نەيزە ئۇرۇپ شىن جىنى ئۆلتۈردى، لىڭچۇەن لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلدى، قالغانلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە توزۇپ كەتتى. سەردارلار لەشكەرلەرنى باشلاپ شەھەرگە

كىردى. قارا قويۇن لى كۇي ھېچنېمىگە باقماي، چاپ ـ چاپ بىلەن مېڭىۋەردى. لۇ جۇنيى:

— ئىنىم، پۇقرالارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭ، — دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن توۋلىدى. لى كۇي بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

لۇ جۇنيى لەشكەرلەرگە تۆۋەن قوۋۇقتا نىشان تۇغ قاداپ، ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ مۆكۈنۈپ ياتقان لەشكەرلەرگە بەلگە بېرىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن قوۋۇقلارنى ساقلاشقا لەشكەر تەيىنلىدى. بىر ھازادىن كېيىن خۇاڭ شىن، سۇن لى، شى جىن، ياڭ جى باشلىق ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ مۆكۈنگەن لەشكەرلەر يېتىپ كەلدى. لۇ جۇنيىگە خۇا رۇڭ دۇڭ چېڭنىڭ كاللىسىنى، دۇڭ پىڭ شېن جىنىڭ كاللىسىنى تۇتتى. باۋ شۇلەر گېڭ گۇڭنى ھەم ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىرقانچە تىرىك تۇتۇلغان سەركەردىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. لۇ تۇرشاۋۇل گېڭ گۇڭنىڭ قولىنى يەشتۇرۇپ، ئۇنى يۆلەپ مېھمانلىق ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى ساھىبخانا ئورنىدا ئولتۇردى. گېڭ گۇڭ تەزىم قىلىپ:

— قوللىرىغا چۈشكەن سەركەردىمەن، شۇنچە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشىۋاتىدىلا، رەھمەت، — دەپ، رەھمەت ـ تەشەككۈر بايان قىلدى.

— ئۆزلىرى شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلمىدىلا، بۇ ياخشى نىيەتلىرىنى قانداقمۇ دۇڭ چېڭلارغا تەڭ قىلغىلى بولسۇن، سۇڭ تۇرشاۋۇل دانىشمەن زاتلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاۋاتىدۇ. ئۆزلىرى تەگرىقۇتقا ئەل بولۇشنى ئىختىيار قىلسىلا، سۇڭ تۇرشاۋۇل ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشنى تەگرىقۇتقا ئىلتىجا قىلىدۇ، — دېدى لۇ جۇنيى ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن ئۆتكەن شەپقەتلىرى ئۈچۈن ئاياغلىرىدا پايپېتەك بولۇپ ئىشلەشكە رازىمەن، — دېدى گېڭ

گۈلك باش ئۇرۇپ.

لۈ جۇنيى خۇشال بولۇپ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بۇ بىرقانچە سەردارنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى، بىر تەرەپتىن ئەل ئەمنى ئېلانى چىقاردى، يەنە بىر تەرەپتىن مەي ـ شاراب، غىزا ـ تائام تەييارلىتىپ، گېلك گۈلك ۋە ئۇنىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرىنى كۈتۈۋالدى.

لۈ جۇنيى گېلك گۈلدىن گەيجۇ شەھىرىدىكى سەرۋاز ـ سەركەردىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى سورىدى. گېلك گۈلك:

— گەيجۇ ئايمىقىنى ۋازىر نيۇ ۋېنجۇلىڭ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ساقلاپ ياتىدۇ، ياڭچېلىڭ، شېنشۇي دېگەن جايلار گەيجۇ ئايمىقىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە جايلاشقان؛ يالغۇز گاۋ پىڭ ناھىيەسىنىڭ ئۆزىلا بۇ يەرگە ئاتمىش يول كېلىدۇ. شەھەر يېنىدا خەنۋاڭشەن تېغى بار، ئۇ يەرنى جاڭ نىڭلار ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن ساقلاپ ياتىدۇ، — دېدى.

لۈ تۇرشاۋۇل بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەدەھ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— سەردارىم، بۇ شارابنى ئىچىۋەتسىلە، بۇگۈن كەچتە ئۆزلىرىنى بىر ئىشقا بۇيرۇماقچىمەن، بۇنىڭدىن ھەرگىز باش تارتمىغايلا، — دەپ شارابنى گېلك گۈلكغا تۇتتى.

— تۇرشاۋۇل بۇنچىۋالا چوڭ ئىلتىپات قىلغان يەردە، پېقىر قانداقمۇ بويۇن تولغاي، — دېدى گېلك گۈلك.

— خوپ، ماقۇل بولسىلا، پېقىر بىرقانچە يارەننى سىلىگە قوشۇپ قوياي، قول ئاستىلىرىدىكى سەردارلارنى ئېلىپ، مۇنداق ـ مۇنداق قىلىشسىلا، دەرھال يولغا چىقسىلا بولارمىكىن، — دېدى لۈ جۇنيى ۋە يەنە يېڭىدىن باش ئەگكەن ئالتە ـ يەتتە سەركەردىنى چاقىرتىپ كىرىپ، ھەرقايسىسىنى مەي ـ شاراب، غىزا ـ تائام بىلەن كۈتتى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىلدى، ئىش ۋۇجۇدقا چىققاندا، يەنە باشقىدىن

تارتۇقلىماق بولدى. مەي ـ شارابلار ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن لۇ جۇنيى لى كۇي، باۋ شۇ باشلىق پىيادە لەشكەرلەرنىڭ يەتتە ئاتامانىغا يۈز پىيادە لەشكەر ئېلىپ، لىڭچۇەن لەشكەرلىرىنىڭ سىياقىدا ياسىنىشقا، ئەلەم ۋە بەلگىلەرنى ئالماشتۇرۇشقا؛ شى جىن، ياڭ جىلارغا بەش يۈز ئاتلىق لەشكەر ئېلىپ، يىكچە چىشلىتىپ، قوڭغۇراقلارنى ئېلىۋېتىپ، يىراقتىن گېبېڭ گۇڭغا ئەگىشىپ مېڭىشقا؛ خۇا رۇڭ باشلىق سەركەردىلەرگە شەھەرنى ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئۆزى ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن ھەمدەم بولۇشقا ئارقىدىن ماڭماق بولدى.

ھەرقايسى ئىشلار بەلگىلىنىپ بولغاندىن كېيىن گېبېڭ گۇڭلار شەھەردىن چىقتى، گاۋپېڭ ناھىيەسىنىڭ تۆۋەن قوۋۇقىغا كەلگەندە قاش قارايغان ۋاق بولۇپ قالدى. يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا سېپىلدىكى ئەلەملەر ئورماندەك كۆرۈنەتتى، شەھەردىكى جىبەكچىلەر دۇمبىقى تېخى جىمىمىغانىدى. گېبېڭ گۇڭ سېپىل تۈۋىگە كېلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— پېقىر لىڭچۇەننى ساقلىغۇچى گېبېڭ گۇڭ بولىمەن، دۆڭ چېڭ، شېن جىلار مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالماي، ياۋنى سەل چاغلاپ، قوۋۇقنى ئېچىپ جەڭگە چىقتى، شۇنىڭ بىلەن يېڭىلىپ قېلىپ شەھەرنى قولدىن كەتكۈزدى. پېقىر دەرھال يۈزچە ئادەمنى ئېلىپ، يۇقىرى قوۋۇقتىن چىقىپ، چىغىر يول بىلەن بۇ يەرگە قېچىپ كەلدىم، قوۋۇقنى تېزرەك ئېچىپ، مېنى شەھەرگە كىرگۈزۈۋېتىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

شەھەر ساقلاۋاتقان چېرىكلەر ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئوتقاش يورۇتۇپ قارىدى ۋە دەرھال جاڭ لى، جاۋ نىڭلارغا خەۋەر قىلدى. جاڭ لى، جاۋ نىڭلار ئۆزلىرى سېپىل راۋىقىغا چىقىپ، ئوتقاش ياقتۇرۇپ، ئۇيان ـ بۇيانغا يورۇتۇپ قارىدى. جاڭ لى:

— ئۆزىمىزنىڭ لەشكەرلىرى بولساڭمۇ، كۆرۈپ

ئىنىقلايلى، ـــ دېدى گېلىڭ گۇڭغا قاراپ.
ئۇلار بىر قۇر سىنچىلاپ قارىۋالغاندىن كېيىن راستىلا لىڭچۈەندىكى گېلىڭ گۇڭنىڭ يۇزچە چېرىكىنى باشلاپ كەلگەنلىكى، ئەلەم، بەلگە، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئوپئوخشاش تۇرغانلىقىنى كۆردى. سېپىل ئۈستىدىكى چېرىكلەر تونۇيدىغان سەركەردىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ سۇن رۇغۇ، ئاۋۇ لى چىنلۇڭغۇ» دېيىشتى.
ـــ كىرىشكە يول بېرىڭلار ! ـــ دېدى جاڭ لى كۈلۈپ تۇرۇپ.
شەھەر قوۋۇقى ئېچىلىپ، ئاسما كۆۋرۈك چۈشۈرۈلدى، ئوتتۇز ـ قىرىقچە چېرىك كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاتار تۇرغۇزۇلدى. ئاندىن گېلىڭ گۇڭنى شەھەرگە كىرگۈزۈشكە پەرمان بېرىلدى. ئارقىسىدىكى لەشكەرلەر قىسىلىشىپ كىرىۋېتىپ:
ـــ چاققان! چاققان بولايلى ! ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ـــ دېيىشىپ، گېلىڭ گۇڭ سەردار بىلەنمۇ كارى بولمىدى. قوۋۇق ساقلىغۇچى چېرىكلەر:
ـــ بۇ نېمە قىلىشقانلىرىڭ؟ بۇنداقمۇ مالىمان بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟ ـــ دەپ ۋارقىرىشىغا، خەنۋاڭشەن تېغى ئېغىزىدىن ئوت كۆرۈنۈپ، بىر توپ لەشكەر ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى، بۇ لەشكەرلەرنى ئىككى سەركەردە باشلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار:
ـــ ھەي قاراقچىلار، توختاش ! ـــ دەپ ۋارقىرىدى.
گېلىڭ گۇڭنىڭ لەشكەر ـ چېرىكلىرى ئىچىدە لى كۈي، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، لىيۇ تاڭ، ياڭ شيوڭ، شى شيۇ قاتارلىق يەتتە پالۋان بار ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇلار قورالىرىنى ئېلىپ شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىپ، يۈز لەشكەرنى باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. شەھەردىكىلەر قوۋۇقنى تاقىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، نېمە قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ كېتىشتى. شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىكى لەشكەرلەردىن ئون نەچچىسىنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىندى، شەھەر قوۋۇقى



www.uyghurkitap.com

تارتىۋېلىندى. جاڭ لى نالە - پەرياد بىلەن قولىغا نەيزىنى ئېلىپ، سېپىلدىن گېڭ گوڭنى ئىزدەپ چۈشۈۋاتقاندا، شى شيۇغا ئۇچراپ قالدى. ئۇلار تۆت - بەش مەرتەم ئېلىشتى، جاڭ لى جەڭ قىلىشقا رايى بارماي نەيزىسىنى ئېلىپ قاچتى. لى كۇي ئۇنى قوغلاپ كېلىپ، بىر پالتا بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ چاناپ تاشلىدى. خەنۇاڭشەن تېغى ئېغىزىدىكى ھېلىقى بىر توپ لەشكەر ئۇچقاندەك سېپىل تۈۋىگە يېتىپ كېلىپ، شەھەرگە بېسىپ كىردى، ئۇلار شى جىن، ياڭ جىلار ئىدى. بۇلار تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى ئۇر - چاپ بىلەن قوغلاپ قىرىۋاتاتتى. جاۋ نىڭمۇ ئۇر - چاپ ئىچىدە ئۆلدى. گاۋپىڭدىكى لەشكەرلەرنىڭ يېرىمى ئۆلتۈرۈلدى، جاڭ لىننىڭ ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ ھەممىسى قۇرۇتۇلدى. شەھەردىكى پۇقرالار كېچىلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، زار سېلىپ يىغلىدى، ئۇلارنىڭ يىغا - زارى ئالەمنى بىر ئالدى. بىرھازادىن كېيىن لۇ تۇرشاۋۇل لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى، ئۇ قوۋۇقلارنى ساقلاشقا ئون نەچچە ئادەم قويدى، پۇقرالارنى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە ئۈنلۈك جار سېلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئەل ئەمىن ئېلانى چىقىرىلىپ، لەشكەرلەرگە ئىنئام بېرىلدى. سۇڭ تۇرشاۋۇلغا خەۋەر قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىلدى.

لۇ جۇنيى قانداق قىلىپ ئىككى شەھەرنى شۇنچە ئاسان، شۇنچە تېز ئېلىۋالدى؟ تيەن خۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىگە تەڭ كەلگۈدەك بىرەر رەقىب چىقمىغاچقا، خان لەشكەرلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. سۇڭ جياڭ باشلىق سەردارلارنىڭ بۇنداق باتۇرلۇقىنى بىلمەيتتى. لۇ جۇنيى بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، كۈتمىگەندە تۇشمۇتۇشتىن ئىككى شەھەرنى ئېلىۋالدى. شۇڭا، ۋۇ يۇڭ: «لۇ تۇرشاۋۇل بارسا، چوقۇم يېڭىپ كېلىدۇ» دېگەنىدى.

ئەمدى گەپ يورغىلاتماي، سۇڭ جياڭغا كېلەيلى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ۋېيجۇ شەھىرىنىڭ سىرتىدا قوش تىكىپ ئورۇنلاشتى. سۇڭ تۇرشاۋۇل قوشتا ئىشلار ئۇستىدە ئويلىنىۋاتاتتى. لۇ تۇرشاۋۇلنىڭ ئادىمى خۇش خەۋەر ئېلىپ يېتىپ كەلدى ھەمدە سۇڭ تۇرشاۋۇلدىن لەشكەر چىقىرىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشنى ئىلتىجا قىلدى. سۇڭ جياڭ خۇشال بولۇپ ۋۇ يۇڭغا:

— لۇ تۇرشاۋۇل بىر كۇندىلا تۇشمۇتۇشتىن ئىككى شەھەرنى ئېلىپ، قاراقچىلارنىڭ يۇرىكىنى قېپىدىن چىقىرىۋەتتى، — دېدى.

— خۇيشيەن، ۋۇشېدا شەھەرنى قورشاپ ياتقان شۇ ئەسنادا ئىككى تارام قوشۇنىنىڭ چارلامچىلىرى كېلىپ: لەشكەرلەر لىڭچۇەننىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھەممىسى كېتىپ قېلىشتى، دەپ مەلۇم قىلدى.

— مۇشاۋىرىمىز قالتىس تاپقۇر، بۇنداق زات ھازىرغىچە ئۇچراپ باقمىغان ئەمەس، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭغا قاراپ ۋە كۇنپېتىش تەرەپكە سەپەر قىلىپ، لۇ تۇرشاۋۇلنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇپ لەشكەر چىقىرىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشمەكچى بولدى.

— ۋېيجۇ ئايمىقىنىڭ سول تەرىپىدە مېڭمىن، ئوڭ تەرىپىدە تەيخاڭ، تۆۋەن تەرىپىدە داخې دەرياسى، كۇنپېتىش تەرىپىدە شاڭداڭ دېگەن جايلار بار ئىدى، شۇڭا، ۋېيجۇ ناھايىتى مۇھىم جاي ئىدى. مۇبادا قاراقچىلار لەشكەرلەرنىڭ كۇنپېتىش تەرەپكە سەپەر قىلغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، جاۋدېيدىن تۆۋەن تەرەپكە لەشكەر چىقىرىپ قالسا، كۇنچىقىش بىلەن كۇنپېتىش تەرەپتىكى لەشكەرلىرىمىز بىر - بىرىگە ھەمدەم بولالماي قالىدۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— مۇشاۋىر، دۇرۇس ئېيتتىلا ! — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە شۇئان گۇەن شېڭ، خۇ يەنجو، گۇڭسۇن شېڭلارنى بەش مىڭ لەشكەر ئېلىپ، ۋېيجۇ ئايمىقىنى ساقلاشقا، سۇ لەشكىرى ئاتامانلىرى لى جۇن، جاڭ شۇن، جاڭ خېڭ، رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداش، تۇڭ ئۇرۇقىدىن بولغان ئىككى قېرىنداشنى كېمىلەرنى باشلاپ، ۋېيخې دەرياسىغا بېرىپ شەھەر بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى.

لەشكەرلەر بۆلۈنۈپ بولغاندىن كېيىن سەردارلار بۇيرۇققا بىنائەن يولغا چىقتى. سۇڭ جياڭ باشلىق سەركەردىلەر چوڭ قوشۇننى باشلاپ شۇ كۇنى سەپەرگە ئاتلاندى. سەپەر ئۈستىدە ھېچقانداق ۋەقە ئۆتۇلمىدى. ئۇلار گاۋپىڭغا كەلگەندە، لۇ جۇنيى شەھەردىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. سۇڭ جياڭ:

— سىلەر كەينى - كەينىدىن ئىككى شەھەرنى ئالدىڭلار، كۆپ ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتتىڭلار، بىر - بىرلەپ ئەجىر - تۆھپە دەپتىرىگە پۈتۈلىدۇ، — دېدى.

لۇ جۇنيى يېڭىدىن قوشۇلغان سەردار گېڭ گۇڭنى ئەكېلىپ سۇڭ جياڭلار بىلەن كۆرۈشتۈردى.

— سەردار، — دېدى سۇڭ جياڭ، — سىز توغرا يولغا يېنىپ، پېقىر بىلەن ئەلگە ئەجىر - تۆھپىلەر كۆرسەتمەك بولدىڭىز، خانىدانلىقىمىز سىزنى ئەتىۋارلاپ مەرتىۋە بېرىدۇ.

گېڭ گۇڭ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، بىر يانغا ئۆتۈپ تىك تۇردى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ بولۇپ، شەھەرگە كىرىشكە ئەپسىز بولغاچقا، شەھەر سىرتىدا قوش تىكىپ ئورۇنلاشتى. شۇ كۇنى سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ، لۇ جۇنيىلەردىن:

— ئەمدى قايسى ئايماق - ناھىيەگە تېگىش قىلىمىز؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى. ۋۇ يۇڭ:

— گەيجۇ ئايمىقىنىڭ تاغلىرى ئېگىز، جىلغىلىرى ئۇزۇن،

www.uyghurkitap.com

يوللىرى خەتەرلىك، ئۇنىڭغا تەۋە ئىككى ناھىيەنى ئالدۇق، ئەمدى ئۇ يەككە ـ يېگانە قالدى. ئاۋۋال مۇشۇ ئايماقنى ئېلىپ ياۋ كۈچىنى بۆلۈۋېتىپ، ئاندىن ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلساق ۋېيشېڭنى ئالالايمىز، ـــ دېدى.

ـــ تەخسىر، دەل كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىلا، ـــ دېدى سۇڭ جياڭ ۋە چەي جىننى لى يىڭ بىلەن بىرلىكتە لىڭچۇەنىنى ساقلاشقا، خۇا رۇڭ باشلىق ئالتە سەردارنى قايتىپ كېلىپ، ئۆز ھۇزۇرىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقا، شى جىن بىلەن مۇ خۇڭنى گاۋ پىڭنى ساقلاشقا بۇيرۇدى. چەي جىن باشلىق تۆت ئادەم يولغا راۋان بولدى. شۇ ئەسنادا پەيسىز ئۇق جاڭ چىڭ:

ـــ پېقىر ئىككى كۈندىن بۇيان شامال تېگىپ زۇكامداپ قالدىم، گاۋپىڭدا تۇرۇپ دەم ئالغاچ پەرمان كۈتۈپ تۇرسام، ـــ دەپ ئىلتىجا قىلدى.

سۇڭ جياڭ دانا ئەمچى ئەن داۋچۇەنگە جاڭ چىڭنى گاۋپىڭغا ئاپىرىپ داۋالاشنى تاپىلىدى.

ئەتىسى خۇا رۇڭلار يېتىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، سۇ چاۋ، سۈن لىلارنى بەش مىڭ لەشكەر ئېلىپ تۇرشاۋۇل بولۇشقا؛ دۇڭ پىڭ، ياڭ جى، جۇ تۇڭ، شى جىن، مۇ خۇڭ، خەن تاۋ، پىڭ چىلارنى بىر تۈمەن لەشكەر ئېلىپ، سول قول قوشۇن بولۇشقا؛ خۇاڭ شىن، لىن چۇڭ، شۈەن زەن، خاۋ سىۋېن، ئوۋ پىڭ، دېڭ فېيلارنى بىر تۈمەن لەشكەر ئېلىپ، ئوڭ قول قوشۇن بولۇشقا؛ شۇ نىڭ، يەن شۈن، ما لىن، چېن دا، ياڭ چۈن، ياڭ لىن، جۇ تۇڭ، لى جۇڭلارنى ھىماتچى قوشۇن بولۇشقا تەيىنلىدى. سۇڭ جياڭ، لۇ جۇنيى ۋە باشقا سەردارلار چوڭ قوشۇننى ئېلىپ بارگاھ قوشۇنى بولىدىغان بولدى. بۇ بەش تارام چەۋەنداز ـ لەشكەرلەر شىددەت بىلەن ئۇرۇشقىنىچە گەيجۇغا كەلدى. بۇلار خۇددى دېڭىزدىن چىققان ئەجدىھا، قويۇق

ئورمانلىقتىن ئايرىلغان يولۋاستەك يۇرۇش قىلدى. دەرھەقىقەت: ھەممەيلەن مەرتىۋە - مەنسەپكە ئېرىشكۈسى، قاراقچىلارنى يوقىتىشقا ئەجىر - تۆھپىلەر ياراتقۇسى. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ گەيجۇ ئايمىقىغا قانداق تەگكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# توقسان ئىككىنچى باب

## كىچىك لى گۇاڭنىڭ ھىكمەتلىك ئوق بىلەن لەشكەر ھەيۋىسىنى ئۆستۈرگەنلىكى
## موللا تاپقاقنىڭ پۇختا پەنت بىلەن گەيجۇ شەھرىنى ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، بەش تارامغا بۆلۈنۈپ، گەيجۇ ئايمىقىنى ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. گەيجۇ ئايمىقىدىكى چارلامچىلار ئۇقۇشقان ئەھۋالنى ئۇچقاندەك شەھەرگە كېلىپ مەلۇم قىلدى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان سەردار نيۇ ۋېنجۇڭ تېگىدىن جاڭگال باتۇرى ئىدى. ئۇ ئەلكېزەرلىك بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش، مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاپ، تيەن خۇغا ياردەم بېرىپ، بۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسيان كۆتۈرگەن ھەمدە سۇڭ خانلىقىنىڭ نۇرغۇن ئايماق، ناھىيەلىرىنى ئىگىلىۋالغانىدى. شۇڭا، تيەن خۇ ئۇنىڭغا لەشكىرىي ۋازارەتنىڭ ۋازىرلىق ۋەزىپىسىنى بەرگەنىدى. ئۇ دائىم ئۈچى ئۈچلۈق، ئىككى بىسلىق قىلىچ ئوينىتىش بىلەن جەڭ ماھارىتى بابىدا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا تۆت شىرمەت سەردار بار بولۇپ، بۇلارغا سۈرلۈك سەردارلار دەپ نام بېرىلگەنىدى. بۇلار گەيجۇ ئايمىقىنى ساقلاشقا ھەمدەم بولۇپ تۇرۇۋاتقانلار ئىدى. بۇ تۆتەيلەن:

يولۋاس سۈرلۈك سەردار فاڭ چيۇڭ
ئورمان ئېيىقى سۈرلۈك سەردار ئەن شىرۇڭ
ئارسلان سۈرلۈك سەردار چۇ خېڭ
ئېيىق سۈرلۈك سەردار يۇ يۈلىنلار ئىدى.

بۇ تۆت سۇرلۇك سەردارنىڭ قول ئاستىدا تۆتتىن جەمئىي ئون ئالتە ئوڭ قول سەردار بار ئىدى. بۇلار:

ياڭ دۇەن، گو شىن، سۇ جى، جاڭ شياڭ، فاڭ شۇن، شېن ئەن، لۇ يۇەن، ۋاڭ جى، شى جىڭ، چىن شېڭ، مۇ جېن، شېڭ بېن، خې رېن، ساۋ خۇڭ، شى شۇن، ساڭ يىڭلار ئىدى.

نيۇ ۋېنجۇڭ ئوڭ قول، سول قول سەردارلار بىلەن ئۈچ تۈمەن لەشكەرگە باشچىلىق قىلىپ گەيجۇ ئايمىقىنى ساقلاپ تۇراتتى. لىڭچۇەن، گاۋپىڭلارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن خان لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋېيشېڭ، جىنىڭلارغا نامە يوللاپ، جىددىي قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. نيۇ ۋېنجۇڭ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولۇپ، دەرھال ئوڭ قول سەردار فاڭ چيۇڭ، سول قول سەردارلاردىن ياڭ دۇەن، گو شىن، سۇ جى، جاڭ شياڭلارنى بەش مىڭ لەشكەر ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ، ياۋ بىلەن ئېلىشىشقا ئەۋەتتى. بۇلار يولغا چىقىش ئالدىدا نيۇ ۋېنجۇڭ ئۇلارغا:

— سەردارلىرىم، پەخەس بولۇڭلار، مەنمۇ لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئارقاڭلاردىن بېرىپ، سىلەرگە ھەمدەم بولىمەن، — دېدى.

— جانابلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئادا قىلىمىز. بۇ ئىككى شەھەر ھەرگىزمۇ ياۋغا تاقابىل تۇرالمىغانلىقتىن قولدىن كەتكەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن قولدىن كېتىپ قالغان. پېقىر بۇدا بىرقانچىسىنىڭ كاللىسىنى ئالمىغۇچە، ئەزبىرايى خۇدا شەھەرگە قايتمايمەن، — دېدى فاڭ چيۇڭ.

شۇ زامان ھەممىسى جابدۇنۇپ ئاتلاندى. لەشكەرلىرىنى باشلاپ، كۈنچىقىش قوۋۇقتىن چىقىپ، چاپ - چاپ بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇنى ئۇلارنى توسۇپ سەپ - ئارەستە قىلىپ، ناغرا - دۇمباقلىرىنى ياڭراتتى. تيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ سېپىدىكى نىشان تۇغى ئاستىدىن فاڭ چيۇڭ ئات سېلىپ چىقتى، تۆت سول قول سەردار ئۇنى ئارىغا ئېلىپ تۇرۇشتى. فاڭ چيۇڭ قاتلىما تاج

ئۈستىگە ئەجدىھا قاسىرىقىسىمان قۇياغ، يېشىل كىمخاب تون كىيگەن، بېلىگە شىر سۈرەتلىك كەمەر باغلىغان، پۇتىغا يېشىل قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن، سول تەرىپىگە كامان، ئوڭ تەرىپىگە ئوقيا ئاسقان، سېرىق يالىلىق قۇلا ئات مىنىپ، قولىغا قويۇچ نەيزە تۇتقان ھالدا:

— ھۇ، سازلىق قاراقچىلىرى! سەنلەر ھەر خىل ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ شەھىرىمىزنى ئېلىۋېلىشقا نېمە ھەددىڭ ئىدى؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇئاندا سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ سېپىدىن سۈن لى ئالدىغا چىقىپ:

— ھوي دۆيۈز ئوغرى! بۇگۈن تەڭرى لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى. ئۆلىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى - دە، ئېتىنى دېۋىتكەن پېتى فاڭ چيۇڭغا ئېتىلدى. ئىككى سەردار چاڭ - توزان ئىچىدە ئوتتۇز نەچچە قەپەس ئېلىشتى، فاڭ چيۇڭ بارا - بارا ھالسىزلاندى. تيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ سېپىدىكى جاڭ شياڭ فاڭ چيۇڭنىڭ سۈن لىنى يېڭەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوقياسىنى بەتلىگەن پېتى ئات سېلىپ ئالدىغا چاپتۇرۇپ كېلىپ، سۈن لىغا چەنلەپ ئوق ئۈزدى، سۈن لى كېلىۋاتقان ئوقنى كۆرۈپ ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىدى، ئوق كېلىپ ئاتنىڭ كۆزىگە تەگدى، ئات تىك تۇرۇپ كەتتى، سۈن لى بىر يانغا سەكرەپ چۈشۈۋالدى - دە، نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ پىيادە ئېلىشتى، زەخىملەنگەن ئات يۇقىرى تەرەپكە قاراپ ئون نەچچە قەدەم چېپىپ بېرىپ يىقىلدى. جاڭ شياڭ سۈن لىغا ئوق تەگمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇچقاندەك تىغ ھەملە قىلىپ كېلىپ، فاڭ چيۇڭغا بولۇشتى. بۇنى كۆرگەن چىن مىڭ دەرھال كېلىپ ئالدىنى توسۇپ، جاڭ شياڭ بىلەن ئېلىشتى. سۈن لى سەپكە قايتىپ بېرىپ ئېتىنى يەڭگۈشلەپ كېلەي دەپ تۇرۇشىغا، فاڭ چيۇڭ نەيزىسى بىلەن توسۇۋالدى. بۇنى كۆرۈپ غەزىپى ئۆرلىگەن مەرگەن خۇا رۇڭ:

— ھۇ بۇلاڭچىلار! ئەجەب غايىب ئوق ئېتىشىسىنا، ئەمدى مېنىڭ ئاتقان ئوقۇمنى كۆرۈپ قويۇش! — دەپ تىللىغانچە قولىدىكى ئوقياسىنى بەتلەپ، فاڭ چيۇڭغا قارىتىپ بىر ئېتىۋىدى، «ۋىڭڭىدە» كېلىپ فاڭ چيۇڭنىڭ يۈزىگە تېگىپ ئاتتىن تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى، بۇ چاغدا سۈن لى يېتىپ كېلىپ، بىر نەيزە ئۇرۇپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى ـ دە، دەرھال ئۆز سېپىگە ئات يەڭگۈشلەشكە كېتىپ قالدى. جاڭ شياڭ بىلەن چىن مىڭ تۇتۇشۇپ قالدى. چىن مىڭنىڭ كالتىكى جاڭ شياڭنىڭ چوققىسىنى ئەگىپلا يۇردى. جاڭ شياڭ ئۆزىنى پاناھلاش بىلەنلا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فاڭ چيۇڭنىڭ ئاتتىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكى پوكۇلداپ كېتىپ، يېڭىلىشكە باشلىدى. تيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ سېپىدىكى گو شىن ئېتىنى دېۋىتكەن پېتى نەيزە كۆتۈرۈپ كېلىپ، جاڭ شياڭغا بولۇشتى. چىن مىڭ ئۆزىلا ئىككى كىشى بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، پەقەت قورقۇپ قالمىدى، ئۈچ ئاتلىق ئۈچ بۇرجەك بولۇپ ئېلىشتى. خۇا رۇڭ يەنە ئىككىنچى ئوقنى بەتلەپ، جاڭ شياڭنىڭ غول ئوتتۇرىسىنى چەنلەپ تۇرۇپ كىرىچنى تازا تارتىپ تۇرۇپ: «مانا بۇ ئوقۇمنى كۆرۈپ قوي» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قويۇپ بېرىۋىدى، ئوق ئۇچقاندەك ۋىڭىلداپ كېلىپ جاڭ شياڭنىڭ دۈمبىسىگە كېلىپ تەگدى ـ دە، كۆكرىكىدىن تېشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ دۇبۇلغىسى ساڭگىلاپ، ھاۋا تاپان بولۇپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. ـ اڭ شياڭغا ئوق تەگكەنلىكىنى كۆرگەن گو شىن چاندۇرغاندەك قىلىپ ئۆز سېپىگە قېچىپ كەتتى. چىن مىڭ ئارقىسىدىن دەمبەس قوغلىدى. بۇ چاغدا سۈن لى ئېتىنى يەڭگۈشلەپ، خۇا رۇڭ، سو چاۋلار بىلەن بىرلىكتە لەشكەر تارتىپ باستۇرۇپ كەلدى. تيەن خۇنىڭ لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ياڭ دۈەن، گو شىن، سۇ جىلار تەڭ كېلەلمەي، دەرھال ئارقىغا چېكىنىشتى. بۇ چاغدا تيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قۇلاقنى

www.uyghurkitap.com

يىرىۋەتكۈدەك قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى. نيۇ ۋىنجۇڭ فاڭ چيۇڭنىڭ
يېڭىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەن شىرۇڭ، يۇ يۇلىنلارغا بەش
مىڭدىن لەشكەر ئېلىپ، ئىككى تەرەپتىن باستۇرۇپ كىلىشنى
بۇيرۇدى. بۇ تەرەپتىن خۋا رۇڭ باشلىق تۆت سەردار
لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ ياۋغا تاقابىل تۇردى. ئۇ تەرەپتىن ياڭ
دۇەن، گو شىن، سۇ جىلار لەشكەرلىرىنى ياندۇرۇپ، يەنە
باستۇرۇشۇپ كەلدى. تيەن خۇ لەشكەرلىرى خۋا رۇڭ باشلىق تۆت
سەردارنىڭ ئۇچ تەرەپتىن قىستاپ كەلگەن لەشكەرلىرىگە تەڭ
كېلەلمەي، جېنىنىڭ بارىچە سەپنى يىرىپ ئۆتمەكچى بولغان
بولسىمۇ، يەنىلا جەڭ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قامىلىپ قېلىپ،
كۇنچىقىش تەرەپتىن ئۇر – چاپ دېگەن ئاۋاز ئالەمنى بىر ئالدى.
تيەن خۇ لەشكەرلىرى پاتىپاراققا چۈشتى. سول ياقتىن دۇڭ پىڭ
باشلىق يەتتە سەردار، ئوڭ ياقتىن خۋا شىن باشلىق يەتتە
سەردار لەشكەر تارتىپ تەڭلا باستۇرۇپ كەلدى. تيەن خۇ
لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ كەتتى.
ئەن شىرۇڭ، يۇ يۇلىنلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئوپۇل – توپۇل
شەھەرگە كىرىۋېلىپ، شەھەر قوۋۇقىنى ئېتىۋالدى. سۇڭ
خانلىقى لەشكەرلىرى بۇلارنى سېپىل تۈۋىگىچە قوغلاپ كەلدى.
سېپىلدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياغاچ – تاشلارنى
ياغدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى ئارقىغا
ياندى.

شۇ ئەسنادا سۇڭ تۇرشاۋۇلىنىڭ چوڭ قوشۇنى يېتىپ
كېلىپ، شەھەرگە بەش چاقىرىم كېلىدىغان يەردە قوش تىكىپ
ئورۇنلاشتى. سۇڭ جياڭ بارگاھقا چىقىپ، خۋا رۇڭنىڭ بىرىنچى
دەرىجىلىك ئەجىر – تۆھپىلەر كۆرسەتكەنلىكىنى پۈتۈپ
قويۇشنى ئەمر قىلدى. تۇيۇقسىزدىن بىر قۇيۇن پەيدا بولۇپ چاڭ –
توزان كۆتۈرۈلدى. بۇ قۇيۇن كۇنپېتىشتىن كۇنچىقىشقا قاراپ
سوقۇپ، تۇغ – ئەلەملەرنى پۇلاڭلىتىپ، مايماق – سايماق
قىلىۋەتتى. ۋۇ يۇڭ:

— بۇ قويۇن بوگۇن كېچە قاراقچىلارنىڭ قوشىمىزغا باستۇرۇپ كەلمەكچى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى. دەرھال تەييارلىق كۆرمىسەك بولمايدۇ، — دېدى.

— بۇ قويۇن راستلا ئۆڭگىلەك① تۇرىدۇ! — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە دەرھال ئوۋ پېڭ، دېڭ فېي، يەن شۇن، ما لىنلارغا ئۈچ مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ قوشىنىڭ سول تەرىپىدە مۆكۈپ يېتىشنى؛ ۋاڭ يىڭ، چېن دا، ياڭ چۇن، لى جۇڭلارغا ئۈچ مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ قوشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۆكۈپ يېتىشنى؛ لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، لى كۈي، باۋ شۈ، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلارغا بەش يۈز لەشكەرنى ئېلىپ، قوشىنىڭ ئۆزىدە مۆكۈپ يېتىشنى، توپ ئاۋازى چىقىش بىلەن تەڭلا ئېتىلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى. ئورۇنلاشتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ چىراغ تۈۋىدە يېغىلىق توغرىسىدا پاراڭغا چۈشتى.

ئەمدى گەپنى نيۇ ۋېنجۇڭدىن ئېشىتكەيسىز. نيۇ ۋېنجۇڭ ئىككى سەردارى چىقىمغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنى بىر قۇر ئېيدىتلاپ كۆرسە، ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ئادىمى چىقىم بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بارگاھ ئىچىدە غەم - غۇسسىگە پېتىپ ئولتۇرغىنىدا، ئورمان ئېيىقى سۇرلۇك سەردار ئەن شىرۇڭ تەدبىر كۆرسىتىپ:

— جانابلىرى، خاتىرجەم بولغايلا، سۇڭ جياڭ دېگەن بۇ نېمىلەر ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىملىق جەڭدە ئۇتۇۋېلىپ، ئەمدىلىكتە كۆرەڭلەپ، خۇشلۇقىدا ئەس - ھوشىنى يوقىتىشتى. ھازىر ئۇلارنىڭ ھېچبىر تەييارلىقى يوق، بۈگۈن كېچە مەن لەشكەر باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوشىنى تالان - تاراج قىلىپ، ئاخىرقى نۇسرەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۈگۈنكى ئىنتىقامىمىزنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى.

— سەردارىم، سىز بارماقچى بولسىڭىز، مەن لەشكەر ئېلىپ

① ئۆڭگىلەك — غەلىتە، غەيرىي، باشقىچىلا دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

بېرىپ ھەمدەم بولاي، ئۇنداقتا بۇگۇن يۇ يۇلىن، چۇ خېڭلار شەھەرنى مەھكەم ساقلىسۇن، — دېدى لەشكىرىي ۋازىر نيۇ ۋېنجۇڭ.

— ئەگەر بېگىم ئۆزلىرى يۇرۇش قىلىدىغان بولسىلا، سۇڭ جياڭنى چوقۇم قولغا چۇشۇرىمىز، — دېدى ئەن شىرۇڭ خۇشال بولۇپ.

بۇلارنىڭ مەسلىھەتى پىشتى، ئەلياتقۇ مەھەلدە ئەن شىرۇڭ سول قول سەردار شىن ئەن، لۇ يۇەن، ۋاڭ جى، شى جىڭلار بىلەن بىللە بەش مىڭ چېرىكنى ئېلىپ يېنىك جابدۇندى، ئاتلارنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى ئېلىۋەتتى، ئاندىن ئاستا شەھەردىن چىقىپ، لەشكەرلەرگە يىكچە چىشلىتىپ، تېز - تېز يۇرۇش قىلىپ، ئۇدۇل سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ قوشى ئالدىغا كەلدى - دە، ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈپ، قوشقا باستۇرۇپ كىردى، كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، قوشنىڭ ئىشىكلىرى كەڭ ئوچۇق تۇرۇپتۇ، قوش ئىچىدە چىراغ - پانۇسلار يېنىپ تۇرۇپتۇ. ئەن شىرۇڭ بۇنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئالدام خالتىغا چۇشۇپ قالغانلىقىنى بىلدى - دە، دەرھال چېكىنمەي دەپ تۇرۇشىغا، سۇڭ جياڭنىڭ بارگاھى تەرەپتىن توپ ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، سول تەرەپتىن يەن شۇن باشلىق تۆت سەردار، ئوڭ تەرەپتىن ۋاڭ يىڭ باشلىق تۆت سەردار تەڭلا ئېتىلىپ چىقتى. قوش ئىچىدىن لى كۇي باشلىق ئالتە سەردار سۇپەرلىك پىيادە لەشكەرلىرىنى باشلاپ قوشتىن ئېتىلىپ چىقىشتى. تيەن خۇ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قېچىشتى. ۋۇ سۇڭ شىن ئەننى بىر قىلىچ چېپىپ جىنىدىن جۇدا قىلدى، ۋاڭ يىڭ ۋاڭ جىنى ئۆلتۇردى. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى ئەن شىرۇڭ، لۇ يۇەن، شى جىڭلارنى جەڭ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قامىۋالدى. ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن نيۇ ۋېنجۇڭ سول قول سەردارى ساۋ خۇڭ ۋە شى شۇنلەر بىلەن چېرىكلىرىنى ئېلىپ ھەمدەمگە ئۆتتى، ئىككى تەرەپ بىر مەيدان گىرەلىشىپ ئېلىشقاندىن

كېيىن ھەرقايسىسى ئۆز قوشۇنىنى جەڭدىن يىغىۋالدى.
ئەتىسى نيۇ ۋېنجۇك لەشكەرلىرىنى ئېدىتلاپ قارىغۇدەك بولسا، بىر مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى چىقىم بوپتۇ. يەنە سەردارلىرىدىن شېن ئەن، ۋاڭ جىلار چىقىم بوپتۇ، شى شۇن ئېغىر زەخىملىنىپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن نيۇ ۋېنجۇك غەم ـ قايغۇغا چۆمۈپ، دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە ئولتۇرغاندا، تۇيۇقسىزدىن: «ۋېيشېڭدىن بىرى يارلىق ئېلىپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. نيۇ ۋېنجۇك ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاتلىنىپ، يۇقىرى قوۋۇق بىلەن ھېلىقى يارلىق ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ كىشى شەھەرگە كىرىپ يارلىقنى ئوقۇدى. يارلىقتا: «يېقىندىن بېرى يۇلتۇز تەكشۈرگۈچىسى كېچىسى ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ كۆرگەندە، ساماۋى ئەختەرلەر سەنشى تەۋەسىگە باستۇرۇپ كىرگۈدەكمىش، شۇڭا شەھەرنى مەھكەم ساقلاڭلار، پەخەس بولماق كېرەك» دېيىلگەنىدى. نيۇ ۋېنجۇڭ:
— سۇك خانىدانلىقى سۇك جياڭنى باش قىلىپ، لەشكەرلىرىنى بىز بىلەن ئېلىشىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى شەھىرىمىزنى ئېلىۋالدى. ھازىر سۇك خانىدانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، تۇنۇگۇن بىز بىلەن ئېلىشتى. بىز تەرەپتىن ئوك ـ سول قول سەردارلاردىن بەش كىشى چىقىم بولدى. ھەمدەمگە كېلىدىغان لەشكەرلەر بالدۇرراق يېتىپ كەلسە، ئاندىن شەھەرنى ئۆز قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرالايمىز، — دېدى.
— ۋېيشېڭدىن يولغا چىققان ۋاقتىمدا تېخى مۇنداق خەۋەرلەر يوق ئىدى. يولدا كېلىۋېتىپ سۇك خانىدانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم، — دېدى كەلگۈچى.
نيۇ ۋېنجۇك كاتتا مەرىكە سورۇنى تەييارلاپ، كەلگۈچىنى ياخشى مېھمان قىلىپ، ئېسىل نەرسىلەرنى سوۋغا ـ سالام

قىلدى، دومىلىتىدىغان ياغاچ ـ تاش، كۈچلۈك تەپكىلىك كامالەك، ئوت ئوق، ئوت ياراغ ھازىرلىتىپ، شەھەرنى مەھكەم ساقلاپ، ھەمدەمچى لەشكەرلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى يەن شۇن، ۋاڭ يىڭلاردىن ئاڭلاڭ. ئۇلار قوشنى ئېلىشقا كەلگەن قاراقچى لەشكەرلەرنى قىرىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتكەندىن كېيىن بارگاھقا زەپەر بىلەن قايتىپ كەلدى. ئەتىسى سۇڭ جياڭ بۇيرۇق بېرىپ، ئوق ئۆتمەس ھارۋا ۋە شەھەرگە تېگىشكە كېرەكلىك قورال ـ سايمانلارنى ياستىپ تەييارلاتتى ۋە لىن چۇڭ، سۇ چاۋ، شۈەن زەن، خاۋ سىۋېنلارغا بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن كۈنچىقىش قوۋۇقتا تېگىشكە؛ شۈنىڭ، چىن مىڭ، خەن تاۋ، پېڭ چىلارغا بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن تۆۋەن قوۋۇقتا تېگىش قىلىشقا؛ دۇڭ پىڭ، ياڭ جى، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگولارغا بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن كۈنپېتىش قوۋۇقتا تېگىش قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. ھەمدەمگە كېلىدىغان ياۋ چېرىكلىرى يېتىپ كېلىپ، شەھەرنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىن قامىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، يۇقىرى قوۋۇقتا لەشكەر ئورۇنلاشتۇرماي بىكار قويدى. سۇڭ جياڭ يەنە شى جىن، جۇ تۇڭ، مۇ خۇڭ، ما لىنلارغا بەش مىڭ لەشكەر بىلەن شەھەرنىڭ كۈنچىقىش يۇقىرى تەرىپىدىكى داۋاننىڭ ئېتىكىدە مۆكۈنۈپ تۇرۇشقا؛ خۇاڭ شىن، سۇن لى، ئوۋ پېڭ، دېڭ فېيلارنى بەش مىڭ لەشكەر بىلەن شەھەرنىڭ كۈنپېتىش يۇقىرى تەرىپىدىكى قېلىن دەرەخزارلىقتا مۆكۈنۈپ تۇرۇشقا، مۇبادا ياۋ لەشكەرلىرى ياردەمگە كەلسە، ئىككى تەرەپتىن قىسىپ يوقىتىشقا؛ خۇا رۇڭ، ۋاڭ يىڭ، جاڭ چىڭ، سۇن شىن، لى لىلارغا بىر مىڭ سەييارە ئاتلىق لەشكەر بىلەن تۆت قوۋۇقنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، تىڭتىڭلاشقا؛ لى كۈي، باۋ شۈ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، لىيۇ تاڭ، لېي خېڭلارغا ئۈچ يۈز پىيادە لەشكەر بىلەن خۇا رۇڭلارغا ھەمدەملىشىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن

كېيىن سەردارلار بۇيرۇق بويىچە يولغا چىقىشتى. سۇڭ جياڭ، لۇ جۈنيى، ۋۇ يۇڭلار ئوڭ ۋە سول قول سەردارلار بىلەن قوشنى شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر چاقىرىم نېرىراقتا يۆتكەپ بېرىپ ئورۇنلاشتى. لى يۈن، تاڭ لۇڭلارغا ئېگىز شوتا، مۇئەللەق راۋاق ياسىتىپ، ھەرقايسى تۇرالارنىڭ جەڭدە ئىشلىتىشىگە بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئەمدى گەپنى لىن چۇڭ باشلىق تۆت سەرداردىن ئاڭلاڭ. ئۇلار شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ئېگىز شوتا، مۇئەللەق راۋاق ياسىتىپ شەھەرگە يېقىنلىشىپ كەلدى. چەبدەس لەشكەرلىرىنى مۇئەللەق راۋاققا چىقاردى، تۆۋەندىكى لەشكەرلەر ئۇلارغا تۆۋەندىن ئاللا ـ چۇقان سېلىپ مەدەت بەردى. شەھەر ئىچىدىن ئوت ئوقلار خۇددى چېكەتكىلەر ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كەلدى، لەشكەرلەر ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئامالسىز قالدى، بىردەمدىن كېيىن مۇئەللەق راۋاققا ئوت كەتتى، پاراسلاپ كۆيۈپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ يەرگە چۈشتى، لەشكەرلەردىن بەش ـ ئالتە كىشى يىقىلىپ ئۆلدى، ئون نەچچىسى زەخىملەندى. كۈنپېتىش تۆۋەن تەرەپتىكى ئىككى جايغا تەگكەنلەرگىمۇ ئوت ئوق، كۆيدۈرگۈچ توپلارنىڭ ئوقى تېگىپ، لەشكەرلەرنى كۆپلەپ زەخىملەندۈرۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇدا ئالتە ـ يەتتە كۈنگىچە شەھەرگە تېگىش قىلغان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالمىدى.

سۇڭ جياڭ شەھەرنى ئالالمىغاندىن كېيىن لۇ جۈنيى، ۋۇ يۇڭلار بىلەن تۆۋەن قوۋۇق تۈۋىگە كېلىپ، لەشكەرلەرنى شەھەرگە تېگىشكە ئالدىراتتى. خۇا رۇڭ باشلىق بەش سەردار ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن كۈنپېتىش تەرەپتىن چارلاپ، كۈنچىقىش تەرەپكە ئۆتۈپ كەلدى. سېپىل ئۈستىدىكى راۋاقتا يۈ يۈلىن سول قول سەردار ياڭ دۈەن، گو شىنلار بىلەن لەشكەرلەرنىڭ شەھەرنى ساقلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. ياڭ دۈەن شۇنداق قارىسا، خۇا رۇڭ سېپىلغا يېقىنلىشىپ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇ:

— ئۇ تېخى ئۇلۇشكۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى سەردارىمىزنى زەخىملەندۈرگەنىدى. بۈگۈن ئۇلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالايلى، — دېدى ـ دە، دەرھال كامانىنى قولغا ئېلىپ بەتلەپ، خۋا رۇڭنىڭ يۈرىكىگە چەنلەپ ئاتتى. خۋا رۇڭ ئوقنىڭ ۋىغىلداپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئات ئۈستىدە ئوڭدىسىغا يېتىۋالدى. ئوق يېتىپ كەلگەن ھامان، قول ئۇزىتىپ ئۇنى تۇتتى ـ دە، ئاغزىغا چىشلىۋالدى، ئاندىن ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە نەيزىسىنى ئېگەرنىڭ قېشىغا ئىلىپ قويۇپ، سول قولى بىلەن ئوقياسىنى بەتلىدى ـ دە، ياڭ دۈەنگە يېقىن كېلىپ ئۇنى چەنلەپ بىر ئېتىۋىدى، ئوق ئۇدۇل بېرىپ ياڭ دۈەننىڭ بوغۇزىغا تەگدى. ياڭ دۈەن ئارقىسىغا يىقىلدى. خۋا رۇڭ:

— ھەي چۈپرەندە، تېخى ماڭا غايىب ئوق ئاتقۇچى بولۇشتۇڭمۇ، ھەممىڭ مۇشۇنداق بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ تۈگىشىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئوڭ قولى بىلەن ئوقنى ئېلىپ يەنە بىر ئاتاي دەپ تەمشىلىپ تۇرۇشىغا، سىپىل ئۈستىدىكى راۋاقتىن ۋاڭ ـ چۇڭ قىلغان ئاۋاز چىقتى. لەشكەرلەردىن بىرنەچچىسى سىپىلدىن بىراقلا گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ كەتتى. يۇ يۇلىن، گو شىنلار قورقۇپ چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ، يوشۇرۇنۇشقا جاي تاپالماي قالدى. خۋا رۇڭ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ:

— ھەرقايسىڭ بۈگۈن ھېكمەتلىك ئوق ئاتقان سەردارنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دېدى.

سۇڭ جياڭ، لۇ جۇنيىلەر بارىكاللا ئېيتىشىپ كەتتى. ۋۇ يۇڭ:

— ئاغا، بىز خۋا رۇڭ سەردارىمىز بىلەن شەھەرنىڭ ئوي ـ دۆڭىنى ئۈگۈپ كېلەيلى، — دېدى.

خۋا رۇڭلار سۇڭ جياڭ، لۇ جۇنيى، ۋۇ يۇڭلارنى ئارىغا ئېلىپ، سېپىل ئەتراپىنى بىر قۇر ئايلاندۇرۇپ چىقتى.

سۇڭ جياڭ، لۇ جۇنيى، ۋۇ يۇڭلار قوشقا قايتىپ كەلدى. ۋۇ



www.uyghurkitap.com

يۇڭ لىڭچۈەندە ئەل بولغان سەردار گېڭ گۇڭنى چاقىرىپ، گەيجۇ شەھىرى ئىچىدىكى يوللارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. گېڭ گۇڭ:

— نيۇ ۋېنجۇڭ كونا ئايماق مەھكىمىسىنى ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى قىلدى، ئۇ دەل شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. شەھەرنىڭ يۇقىرىسىدا بىرقانچە بۇتخانا بار، بوشلۇقنىڭ ھەممە يېرى ئوت ـ چۆپلۈك، — دېدى.

ۋۇ يۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سۇڭ جياڭ بىلەن پۈتۈشۈۋېلىپ، شى چيەن، شى شيۇلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا:

— سىلەر مۇنداق ـ مۇنداق قىلىڭلار، خۇا رۇڭنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، ئاندىن بۇيرۇقنى خۇپىيانە يەتكۈزۈپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈڭلار، — دەپ پىچىرلىدى.

يەنە لىڭ جېن، شيې جېن، شيې باۋلارنى چاقىرىپ، ئىككى يۈز لەشكەر بىلەن ئاسماننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان چاچما ئوقلۇق توپنى ئېلىپ يولغا چىقىشقا؛ لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭلارنى ئۈچ يۈز دۇمباقچىنى ئېلىپ يولغا چىقىشقا؛ ليۇ تاڭ، ياڭ شيۇڭ، يۈ باۋسى، دۇەن جىڭجۇلارنى ئىككى يۈز لەشكەرنى ئېلىپ ئوتقاشلارنى ھازىرلاپ، كۈنچىقىش، كۈنپېتىش، يۇقىرى، تۆۋەن تەرەپلەرگە قاراپ يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن دەي زۇڭغا كۈنچىقىش، كۈنپېتىش، تۆۋەن تەرەپتىكى قوشلارغا بېرىپ، بۇيرۇقنى مەخپىي يەتكۈزۈپ، شەھەردىن ئوت كۆرۈنگەن ھامان، ھەممە قوشۇنلارنىڭ شەھەرگە تەڭ تېگىش قىلىشى توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى خۇپىيانە يەتكۈزۈشنى بۇيرۇدى. ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاتامانلار بۇيرۇق بويىچە ئۆز يولىغا مېڭىشتى.

ئەمدى گەپنى نيۇ ۋېنجۇڭدىن ئاڭلاڭ. نيۇ ۋېنجۇڭ ھەمدەمچى قوشۇنلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كېچە ـ كۈندۈزلەپ كۈتۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ھېچقانداق خەۋەر بولمىغانلىقىدىن غەم ـ قايغۇغا پاتتى. ئۇ لەشكەرلىرىنى كۆپەيتىپ، ھەدەپ ياغاچ ۋە تاشلارنى ئەكەلدۈرۈپ، شەھەرنى

مەھكەم ساقلاپ ياتتى. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەن مەھەلدە، تۇيۇقسىزلا يۇقىرى قوۋۇق سىرتىدىن سۇرەن ـ چۇقان، داقا ـ دۇمباق ساداسى كۆتۈرۈلۈپ ئالەمنى بىر ئالدى. نيۇ ۋېنجۇڭ ئۆزى يۇقىرى قوۋۇق تەرەپكە بېرىپ، سېپىلغا چىقىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، سۇرەن ـ چۇقان، داقا ـ دۇمباق ئاۋازلىرى بېسىقىپ قاپتۇ، ئۇ لەشكەرلەرنىڭ قاياقتا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. شۇنداق دېلىغۇللۇقتا تۇرغاندا، شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن سۇرەن ـ چۇقان ۋە داقا ـ دۇمباق ئاۋازلىرى يەنە كۆتۈرۈلدى. نيۇ ۋېنجۇڭ يۇ يولىنغا يۇقىرى قوۋۇقنى مەھكەم ساقلاشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى ئالدىراپ ـ تېنەپ تۆۋەن قوۋۇق تەرەپكە يېتىپ كەلدى. كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، سۇرەن ـ چۇقان، داقا ـ دۇمباق ئاۋازلىرى يەنە بېسىلىپ قاپتۇ، نيۇ ۋېنجۇڭ ئۇزاققىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. پەقەت تۆۋەن قوۋۇق تەرەپتىن سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ تاكتىكىنىڭ ئاۋازى ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى، ئوت يورۇقىمۇ كۆرۈنمەيتتى، نيۇ ۋېنجۇڭ ئاستا ـ ئاستا سېپىلدىن چۈشۈپ، ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىگە بارايدەپ تۇرۇشىغا بىردىنلا كۈنچىقىش قوۋۇق سىرتىدىن ئۇزۇلمەي ئېتىلغان توپ ئاۋازى، كۈنپېتىش تەرەپتىن سۇرەن ـ چۇقان، داقا ـ دۇمباق ئاۋازى ئاڭلاندى. نيۇ ۋېنجۇڭ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۇياق ـ بۇياققا قاتراپ يۈرۈپ تاڭ ئاتقۇزدى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى شەھەرگە يەنە كېلىپ تەگدى، كەچ كىرگەندە ئاندىن چېكىندى، ئەلياتقۇ مەھەلدە داقا ـ دۇمباق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. نيۇ ۋېنجۇڭ:

ـــ بۇ ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىمىزنى ئېزىقتۇرۇش ھىيلىسى بولسا كېرەك، بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، شەھەرنى مەھكەم ساقلاپ تۇرۇۋېرەيلى، بۇ نېمىلەر قېنى قانداق قىلىدىكىن، ـــ دېدى.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا كۈنچىقىش قوۋۇقتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت يورۇقى پۈتۈن جاھاننى يورۇتتى. ھەددى ـ

ھېسابسىز ئوتقاشلار يورۇتۇلغانىدى. مۇئەللەق راۋاق بىلەن ئۇزۇن شوتا بارغانسېرى شەھەرگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. نيۇ ۋېنجۇڭ بۇنى ئاڭلاپ دەرھال كۈنچىقىش تەرەپكە بېرىپ، چۇ خېڭ، شى جىڭ، چىن شېڭلار بىلەن بىللە چېرىكلەرنىڭ ئوت ئوق، تاش ئوق ئېتىشىغا نازارەت قىلىپ تۇردى، تازا ئېتىشىۋاتقاندا، بىردىنلا توپ ئېتىلىپ پۈتۈن سايىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى، سېپىل ئۈستىدىكى راۋاقمۇ سىلكىنىپ كەتتى. شەھەر ئىچىدىكى لەشكەر - پۇقرالار ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى. ئىككى كېچە مۇشۇنداق ساراسىمە بىلەن ئۆتتى، تاڭ يورۇغان ھامان سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى يەنە كېلىپ شەھەرگە تەگدى، چېرىكلەر نەچچە كېچىلەپ كىرپىك يۇممىدى. نيۇ ۋېنجۇڭ بىردەممۇ ئارام ئالماي چارلاپ يۈردى. ئۇ شۇنداق قارىۋىدى، تۇيۇقسىزلا كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپتىن كۈننى توسۇۋالغۇدەك سان - ساناقسىز تۇغ - ئەلەملەر كۆرۈندى. بۇلار كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىدىن ئون نەچچە ئاتلىق چارلىغۇچى ئات چېپىشىپ، ئۇچقاندەك چوڭ قوش تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن نيۇ ۋېنجۇڭ بۇلار ھەرقاچان ھەمدەمگە كەلگەن قوشۇن بولسا كېرەك دەپ، يۇ يۇلىننى شەھەردىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتمەك بولدى.

ئەمدى گەپنى يۇقىرى كۈنپېتىشتىكى ھېلىقى قوشۇندىن ئاڭلاڭ. جىنىنىڭنى ساقلاپ تۇرغان سەردار تيەن خۇنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى تيەن بياۋ ئالىيلىرى گەيجۇ ئايمىقىنىڭ ھەمدەملىك تىلەپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قول ئاستىدىكى شىرمەت سەردار پەرۋازچى سۇمۇرغ ۋاڭ يۈەننى ئىككى تۈمەن چېرىك بىلەن ھەمدەم بولۇشقا ماڭدۇردى. بۇلار ياڭچېڭ شەھىرىدىن ئۆتۈپ، گەيجۇ ئايمىقى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. شەھەرگە ئون نەچچە چاقىرىمچە قالغاندا، تۇيۇقسىزلا قاتتىق گۈلدۈرلىگەن توپ ئاۋازى ئاڭلاندى، كۈنچىقىش - كۈنپېتىش

www.uyghurkitap.com

داۋان تۇۋىدىكى قىلىن دەرەخزارلىقتىن ئىككى تارام لەشكەر ئېتىلىپ چىقتى، بۇلار شى جىن، جۇ تۇڭ، مۇ خۇڭ، ما لىن، خۇاڭ شىن، سۇن لى، ئوۋ پېڭ، دېڭ فېيلارنىڭ لەشكەرلىرى ئىدى. ئۇلار بىر تۇمەن جەسۇر لەشكەرنى باشلاپ باستۇرۇپ كەلدى. جىنىنىڭ لەشكەرلىرى ئىككى تۇمەنگە يەتسىمۇ، ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەنلىكتىن، بۇ يەردە ئون نەچچە كۈن مۆكۈپ يېتىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان كۈچلۈك قوشۇنغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن، شى جىنلار ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كېلىپ تېگىش قىلدى. جىنىنىڭ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. ئۇلار داقا ـ دۇمباق، تۇغ ـ ئەلەم، دۇبۇلغا ـ قوياغ، ئات ـ ياتلىرىنى تاشلاپ قاچتى، تەڭدىن تولىسى ئۆلتۈرۈلدى. پەرۋازچى سۇمۇرغ ۋاڭ يەن ئاران تەسلىكتە جېنىنى چەتكە ئېلىپ، يېڭىلگەن قالدى ـ قاتتى، ئاقساق ـ چولاق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يەنە جىنىڭغا قايتىپ كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى نيۇ ۋېنجۈڭدىن ئاڭلاڭ. نيۇ ۋېنجۈڭ قوشۇنىنىڭ سۈر ـ ھەيۋە بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال يۇ يۈلىننى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، يۇقىرى قوۋۇقتىن چىقىپ ھەمدەم بولۇشقا ئەۋەتتى، بۇ قوۋۇق تەرەپتە تېگىش قىلىدىغان لەشكەر يوق ئىدى. يۇ يۈلىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ ئەمدىلا ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە، خۇا رۇڭنىڭ چارلىغۇچى ئاتلىق قوشۇنى كۈنپېتىش تەرەپتىن كېلىپ قالدى. تيەن خۇ لەشكەرلىرى: «ھېكمەتلىك ئوقياچى مەرگەن يېتىپ كەلدى» دەپ ۋارقىرىدى. بۇلار ساراسىمىگە چۈشۈپ، دەرھال ئارقىغا قايتىپ ياتىپاراقچىلىق ئىچىدە شەھەرگە كىرىۋالدى. يۇ يۈلىن تۆۋەن قوۋۇقتا قورقۇپ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەچكە، قانداقمۇ ئۇلار بىلەن ئېلىشالىسۇن، بۇمۇ شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالدى. خۇا رۇڭلار ئېتىلىپ كېلىپ يىگىرمە نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ توختاپ قالدى. قالغانلارنىڭ شەھەرگە كىرىپ

كېتىشىگە يول بەردى. شەھەردىكىلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ قوۋۇقنى تاقىۋالدى.

بۇ چاغدا شى شيۇ، شى چيەنلەر تيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ، ئۇلارغا ئارىلىشىپ شەھەرگە كىرىۋالدى. شى چيەن، شى شيۇلار قوۋۇقتىن كىرىپ، ۋاڭ ـ چۇڭ، مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، غىپپىدە كىچىك بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ كوچىدىن ئۆتۇشىگە، ئالدىدا بىر بۇتخانا كۆرۈندى، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى تاختىغا «مۇشۇ دىيارنىڭ زېمىن ئىلاھى خانىقاسى» دەپ يېزىلىپتۇ. شى چيەن بىلەن شى شيۇلار بۇ خانىقاغا كىرىۋالدى. قارىسا بىر دەرۋىش كۈنچىقىش تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپتۇ، دەرۋىش بۇ ئىككى لەشكەرنىڭ خانىقاغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— بەگلىرىم، سىرتتا نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ، — دەپ سورىدى.

— باياتىن يۇ يۈلىن سەردار بىزنى باشلاپ چىقىپ، ياۋ بىلەن ئېلىشقانىدى. ھېلىقى ھېكمەتلىك ئوقياچى مەرگەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، سەردارىمىز ئېلىششقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىز پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە شەھەرگە كىرىۋالدۇق، ئاندىن ئىككىمىز مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ بۇ يەرگە كېلىۋالدۇق، — دېيىشتى ۋە يېنىدىن پارچە كۈمۈش چىقىرىپ دەرۋىشكە تەڭلەپ:

— ساقلاپ قويغان مەي ـ شارابىڭ بولسا ئىككى ئاپقۇر سېتىپ بەر، ھاۋا ناھايىتى سوغۇق تۇرىدۇ، ئىچىۋالايلى، — دېدى.

— بەگلىرىم، يېقىندىن بۇيانقى يېغىلىق ئىشلىرىدىكى جىددىيچىلىكنى ھەرقايسىلىرى بىلىشمەيلا، ھەتتا ئىسرىق سالغۇدەك كۈجىمۇ قالمىدى. مەي ـ شارابلار نەدە بولسۇن، — دېدى دەرۋىش كۈلۈپ ۋە كۈمۈش پۇلنى شى چيەنگە قايتۇرۇپ بەردى.

— بۇنى ئېلىپ تۇر، بىز بىرنەچچە كۈندىن بېرى شەھەرنى

www.uyghurkitap.com

ساقلايمىز دەپ چارچاپ كەتتۇق، بىردەممۇ كۆز يۇممىدۇق، بۇگۇن كىچە مۇشۇ يەردە يېتىپ، ئەتە ئەتىگەن چىقىپ كەتسەك، ــ دېدى شى شيۇ دەرۋىشنىڭ قولىنى ئارقىغا ياندۇرۇپ.

ــ بەگلىرىم، مەندىن ئاغرىنىشمىسىلا، ــ دېدى ھېلىقى دەرۋىش قول ئىشارىسى قىلىپ، ــ سەردارىمىز نيۇ ۋېنجۇڭ قاتتىق بۇيرۇق چىقاردى، ئۇلار ھېلى تەكشۇرۇپ كېلىپ قالىدۇ، مەن ئىككىلىرىنى بۇ يەردە قوندۇرسام بالاغا قالىمەن.

ــ ئۇنداق بولسا بىز باشقا جاي تاپساق بولغۇدەك، ــ دېدى شى چيەن.

بۇ چاغدا شى شيۇ دەرۋىشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوتىسىدى، شى چيەن ئالدى ـ كەينىگە قاراپ، ھېچكىم يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن شى شيۇغا كۆز ئىشارىتى قىلدى. شى شيۇ بىلىندۇرمەستىن ئاستا يېنىدىن خەنجىرىنى ئالدى. ھېلىقى دەرۋىش ئوتىسىنىش بىلەن بولۇپ قالغانىدى. شى شيۇ دەرۋىشنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر خەنجەر سېلىپ كالىلىسىنى ئالدى ـ دە، بۇتخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋالدى. بۇ خۇپتەن ۋاقتى ئىدى، شى چيەن بۇت تەكچىسىدىن ئۆتۈپ قارىسا، ئارقا تامدا بىر ئىشىك بار ئىكەن. ئىشىكتىن چىقىپ قارىۋىدى، بىر كىچىك ھويلا كۆرۈندى، ئۇنىڭ پېشايۋىنىدا ئىككى دۆۋە پاخال تۇرۇپتۇ. شى چيەن بىلەن شى شيۇ پاخالنى يۆتكەپ كېلىپ، ھېلىقى دەرۋىشنىڭ جەسىتىنى يېپىپ قويدى. ئاندىن بۇتخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئارقا ھويلىنىڭ تېمىدىن يامىشىپ ئۆگزىگە چىقىۋالدى ـ دە، ئۆگزىنىڭ بىر ياپسىلىغا مۆكۈۋالدى. ئاسمانغا قارىسا، نەچچە ئونلىغان يۇلتۇز يوپيورۇق نۇر چېچىپ تۇراتتى. شى چيەن، شى شيۇلار بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئاستا ئۆگزىدىن چۇشتى ـ دە، بۇتخانىدىن چىقىپ، ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى، ئىككىسى بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، يەنە ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى، يېقىن ئەتراپتا بىرقانچە ئۆي كۆرۈندى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى تاقاقلىق، ئەتراپ بولسا جىمجىت

ئىدى، بىردىنلا ئىڭرىغان يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. شى چيەن تۆۋەن تەرەپكە ئۆتۈپ، بىر قاتار تامدىن ئەگىپ ئۆتۈپ قارىسا، ئۇ يەردە چوڭ بىر بوشلۇق بار ئىكەن، ئۇن نەچچە جايدا ئوت ـ سامان دۆۋىلەكلىك تۇرۇپتۇ. شى چيەن ئۆز ئىچىدە: «بۇ بىر سامانلىقتەك تۇرىدۇ، ئەجەبا بۇ يەرنى چېرىكلەر ساقلىماپتۇغۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ئەسلىدە شەھەردىكى سەردار ـ سەرۋازلار ياۋغا تاقابىل تۇرىمىز دەپ سېپىلغا چىقىپ كېتىپ، بۇ جايىنى ساقلاشقا چولىسى تەگمەپتىكەن. بۇ جايىنى ساقلاپ ياتقان لەشكەرلەر سوڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ ھەمدەمگە كەلگەن لەشكەرلەرنى تىرىپىرەن قىلىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەھەر قولىمىزدىن كېتىدىغان بولدى دەپ، جېنىنى ياقىغا ئېلىپ كېتىپ قالغانىكەن. شى چيەن، شى شيۇلار يەنە خانقاغا قايتىپ كىردى ـ دە، تۇتۇرۇق كۆتۈرۈپ كېلىپ، دەرۋىشنىڭ جەسىتىنى يېپىپ قويغان پاخالغا ئوت قويۇۋەتتى ۋە سامانلىققا كېلىپ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئالتە ـ يەتتە يەرگە ئوت يېقىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن سامانلىقنى ئوت قاپلاپ كەتتى، ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈپ، يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. خانقانىڭ ئىچىدىنمۇ لاۋۇلداپ ئوت كۆتۈرۈلدى. سامانلىقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئولتۇراقلىق بىر ئۆيلۈك ئادەم بار ئىكەن، ئۇ ئوتنى كۆرۈپ، ئۆيدىن ئوتقاش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىغىلى تۇرۇۋىدى، بۇ چاغدا شى چيەن يۇگۇرگىنىچە كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئوتقاشنى تارتىۋالدى. شى شيۇ:

— بىز ھازىر بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى ۋازىر بېگىمگە مەلۇم قىلىمىز، — دېدى.

بۇ ئادەم قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئىككىسى لەشكەرلەردىن ئىكەن. بىرنېمە دېيىشكە قانداقمۇ ھەددى. شى چيەن ئوتقاشنى كۆتۈرۈپ: «ۋازىر بېگىمگە مەلۇم قىلىمىز» دېگىنىچە شى شيۇ

بىلەن تۆۋەن تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى. ئۇلار كېتىۋېتىپ ئەپلىك كەلگەن ئىككى جايغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئوتقاشنى تاشلاپ بىر چەتكە بېرىپ، تيەن خۇ لەشكىرىچە كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، بىر خالىي، پىنهان جايغا مۆكۈۋالدى. شەھەر ئىچىدە تۆت - بەش تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى شەھەرنى بىر ئالدى. نيۇ ۋېنجۇڭ سامانلىقتا ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ - تېنەپ لەشكەرلىرىنى ئۆچۈرۈشكە ئەۋەتتى. شەھەر سىرتىدىكىلەر شەھەر ئىچىدە ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شى چيەن، شى شيۇلارنىڭ شەھەر ئىچىدىن شەپە - شىما بەرگەنلىكىنى بىلدى - دە، بارلىق كۈچى بىلەن شەھەرگە تېگىش قىلدى. سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ بىلەن بىللە شيې جېن، شيې باۋلارنى ئېلىپ شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە كەلدى. ۋۇ يۇڭ:

— مەن ئۆتكەن كۈنى قارىسام، سېپىلنىڭ ئۇ تەرىپى پەسرەك ئىكەن، — دېدى ۋە چىن مىڭلارغا مۇئەللەق راۋاقنى سېپىلغا يېقىنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى، ئاندىن كېيىن ئۇ شيې جېن، شيې باۋلارغا:

— ھازىر قاراقچىلارنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتتى، بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز بولسا تەييارلاندى، ھەي يارەنلەر! قانداقلىكى بولسۇن بىر ئامال قىلىپ سېپىلغا چىقىڭلار، — دېدى.

شيې جېن كۆتمەك قىلىچىنى ئېلىپ، مۇئەللەق راۋاققا چىقىپ سېپىل كۇنگۇرىسىگە ئېسىلدى - دە، بىر سەكرەپلا سېپىلغا چىقىۋالدى. ئارقىدىن شيې باۋمۇ زەپتى بىلەن بىر سەكرەپ سېپىلغا چىقتى. ئىككىيلەن ۋارقىرىشىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە قىلىچلىرىنى ئويناتقىنىچە ئۇدۇل كەلگەننى چېپىۋەردى. سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەر شيې جېن، شيې باۋلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئۇر - چاپ قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ، ھارغىنلىق ۋە قورقۇنچ ئىچىدە سىپىلدىن دومىلاپ چۈشكىنىچە تىكىۋەتتى. چۇ خېلى بۇ ئىككىيلەننىڭ سىپىلغا چىققانلىقىنى كۆرۈپ، نەيزە تۇتقىنىچە ئۇلارغا ئېتىلىپ، ئۇن نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، شيې باۋ بىر قىلىچ چېپىۋىدى، چۇ خېلى تىك موللاق چۈشتى. شيې جېن يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى. بۇ چاغدا سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىدىن مۇئەللەق راۋاق بىلەن سىپىلغا چىققانلىرى يۈزدىن ئاشتى. ھەممەيلەن شيې جېن، شيې باۋلارنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۇر - چاپ بىلەن سىپىل تۈۋىگە باستۇرۇپ چۈشۈپ:

— قېنى قايسىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىكەنسەن، قېيما - چېيما بولىسەن، — دەپ ۋارقىراشتى.

سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى شى جىڭ، چېن شېڭلارنى ئۆلتۈردى، ئاندىن قوۋۇقنى ساقلىغۇچى لەشكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، قوۋۇقنى ئېلىۋېلىپ، ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈردى، شۇ نىڭ باشلىق سەردارلار لەشكەرلىرى بىلەن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، گۈلدۈرلىشىپ شەھەر قوۋۇقىغا ئېتىلىپ كەلدى. شۇ نىڭ خەن تاۋ بىلەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ كۈنچىقىش قوۋۇققا بېسىپ كەلدى. ئەن شىرۇڭ ياۋغا تەڭ كېلەلمەي تۇرغاندا، شۇ نىڭ ئۇنى نەيزە بىلەن ئۆلتۈردى. قوۋۇقنى ئېلىپ لىن چۇڭ باشلىق سەردارلارنى شەھەرگە كىرگۈزدى. چېن مىڭ پىڭ چى بىلەن بىللە لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ كۈنپېتىش قوۋۇقنى ئېلىپ، دۇڭ پىڭلارنى شەھەرگە كىرگۈزدى. مۇ جېن، خې رېن، ساۋ خۇڭلار مالىمانچىلىق ئىچىدە ئۆلدى. كوچا ئۆلگەنلەرنىڭ جەستى بىلەن تولدى، قانلىرى كوچا بويلاپ ئاقتى. نيۇ ۋېنجۇڭ قارىغۇدەك بولسا، شەھەر قوۋۇقلىرى قولدىن كېتىپتۇ، ئۇ نائىلاج ئاتقا مىندى - دە، شەھەرنى تاشلاپ، يۇ يۇلىن بىلەن ئىككى يۈزدىن كۆپرەك لەشكەرنى باشلاپ، يۇقىرى قوۋۇقتىن

چىقىپ بەدەر تىكىۋەتتى. تېخى بىر چاقىرىم يول باسار ـ باسماي، قاراڭغۇدا تۇيۇقسىزدىن قارا قۇيۇن لى كۆي، گۈلدار شەيخ لۇ جىشېنلار ئېتىلىپ چىقىپ، بۆلارنىڭ ئالدىنى توستى. دەرھەقىقەت: قاتمۇقات ئاسماندا تور، بىر قەدەم ماڭماقمۇ تەس. يەرگىمۇ قاپقان قۇرۇلغان، جاننى قۇتقۇزماقمۇ تەس، دېگەندەك بولدى.

نيۇ ۋېنجۇڭ، يۇ يۇلىنلارنىڭ ئۆز جېنىنى زادى قانداق قۇتقۇزغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# توقسان ئۈچىنچى باب

## لى كۇينىڭ چۈشىدە كۆك كۆلنى مالىمان قىلغانلىقى
## سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلەرنى ئىككى تارامغا بۆلگەنلىكى

ئەلقىسسە، نيۇ ۋېنجۇڭ گەيجۇ ئايمىقىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، چاپقان پېتى شەھەردىن چىقىپ، يۇ يۈلىن، گو شىن، شېڭ بېن، ساڭ يىڭلارنىڭ قوغدىشى بىلەن كېتىۋاتقاندا، پىيادە لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ قېچىش يولىنى توسۇپ تۇرغان لى كۇي، لۇ جىشېنلارغا دوقۇرۇپ قالدى.

— غوجا ئاكاڭ، — دەپ قاتتىق نەرە تارتتى لى كۇي، — سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بۇ يەردە سەن ئوغرىلارنى ساقلاپ تۇرغىنىمغا ئۇزاق بولدى!

لى كۇي قوش ئايپالتىسىنى ئوينىتاتقان پېتى دېۋەيلەپ كېلىپ، پالتىسى بىلەن بىر ئۇرۇپلا گو شىن، ساڭ يىڭلارنى چېپىپ تاشلىدى. نيۇ ۋېنجۇڭ قورققانلىقىدىن جان - پېنى چىقىپلا كەتتى - دە، نىمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىۋىدى، لۇ جىشېننىڭ بىر گۇرزە ئۇرۇشى بىلەن دۇبۇلغا - باشلىرى چۇل - چۇل بولۇپ مىجىلىپ، ئاتتىن يىقىلدى. ئىككى يۈز نەچچە ئادەم بىراقلا قىرىپ تاشلاندى. يۇ يۈلىن، شېڭ بېنلار يان تەرەپكە قاراپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ قۇتۇلدى. لۇ جىشېن: «بۇ ئىككى ئېشەكنىڭ كاللىسىنى ئاياپ قويايلىلا، ئۇلار بېرىپ خەۋەر قىلسۇن!» دېدى. قالغان ئۈچ ئۆلۈكنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، ئات - جابدۇقلىرىنى، قوياغ - دۇبۇلغىلىرىنى ئېلىۋېلىپ، شەھەرگە كىرىپ تەقدىم قىلدى.

سۇڭ جياڭ چوڭ قوشۇننى باشلاپ گەيجۇ شەھىرىگە كىرىپ كەلدى ـ دە، ئالدى بىلەن پەرمان چۈشۈرۈپ، ئوتنى ئۆچۈرگۈزدى، پۇقراغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكنى بۇيرۇدى. سەردارلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئەجىر ـ تۆھپىلىرىنى مەلۇم قىلىشتى، سۇڭ تۇرشاۋۇل سەرۋازلارغا ياۋ باشلىرىنى ھەرقايسى قوۋۇقلارغا ئېسىشنى بۇيرۇدى. كۈن يورۇشى بىلەنلا جاكار چىقىرىلىپ پۇقرالار ئەمىن قىلىندى. ئۈچ قوشۇندىكى بارلىق لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى گەيجۇ شەھىرىگە جايلاشتۇرۇلدى. ئۈچ قوشۇن ۋە سەردارلار تارتۇقلاندى. ئەجىر ـ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى رويخەتكە ئېلىش دەپتىرىگە شى شيۇ، شى چيەن، شيې جېن، شيې باۋلارنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر ـ خىزمەتلىرى رېتى بويىچە تىركەلدى. گەيجۇ شەھىرى ئېلىندى، دەپ ئوردىغا مەلۇمات يوللاندى. دىيار خەزىنىسىدىكى مال ـ مۈلۈك، تاۋار ـ دۇردۇن، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئاستانىگە ماڭدۇرۇلدى. سۇ ئەمرىگە مەكتۇپ يېزىلدى. بۇ ۋاقىت دەل ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. سۇڭ جياڭ لەشكىرىي ئىشلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئۈچ ـ تۆت كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقمايلا قالدى. جاڭ چىڭ كېسىلى ساقايغانلىقتىن ئەن داۋچۈەن بىلەن بىللە كۆرۈشكىلى كەپتۇ دېگەن خەۋەر كەلدى.

—— زەپمۇ ياخشى بوپتۇ، ئەتىكى كۈن شۈەنخې بەشىنچى يىلىنىڭ نورۇز كۈنى، ھەممەيلەن بىر يەرگە جەم بولىدىكەنمىز، —— دېدى سۇڭ جياڭ خۇشال بولۇپ.

ئەتىسى سەھەردە سەردارلار ئەمەل تونلىرىنى كىيىشىپ بولغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ بۇرادەرلىرىنى ئوردىغا قاراپ سالام ـ تەزىم قىلىشقا باشلاپ كەلدى. توققۇز تەزىم تۈگىگەندىن كېيىن ئەمەل تونلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ھەرقايسىسى قىپقىزىل كىمخاب جەڭ تونلىرىنى كىيىۋېلىشتى. توقسان ئىككى ئاتامان ۋە يېگىدىن ئەل بولغان سەردار گېڭ گۇڭلار راۋرۇس كىيىنىپ

قوتلۇقلاشقا كىلىپ، سۈك جياڭغا تەزىم قىلدى. سۈك تۇرشاۋۇل كاتتا مەرىكە سورۇنى تەييارلاپ بايرامنى قۇتلۇقلىمىدى، سەردارلارنى تارتۇقلىدى. بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىسى بويىچە سۈك جياڭغا شاراب تۇتۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى. قەدەھ بىرقانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن سۈك جياڭ سەردارلارغا:

— بۇرادەرلىرىمىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئۈچ شەھەر - ئايماقلارنى قايتۇرۇۋالدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە نورۇز بايرىمى يېتىپ كېلىپ، ھەممەيلەن بىر يەرگە جەم بولدۇق، بەزمە - ئىشرەت قىلىۋاتىمىز، بۇنداق ئىش ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدۇ، گۆشسۇن شىلىڭ، خۇ يەنجو، گۇەن شېڭلار، سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانلىرىدىن لى جۈن باشلىق سەككىز ئاتامان، شۇنىڭدەك لىگچوەننى ساقلاپ ياتقان چەي جىن، لى يىڭ، گاۋپىڭنى ساقلاپ ياتقان شى جىن، مۇ خۇڭ قاتارلىق ئون بەش بۇرادىرىمىزنىڭ ئالدىمىزدا بولمىغانلىقى كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئۇ شۇ ئەسنادا ئاتامانلارغا ئىككى يۈز نۆكەر بىلەن گۆش، شاراب ئېلىپ بېرىپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋېيجۇ، لىگچوەن، گاۋپىڭلارنى ساقلاپ تۇرغان ئاتامانلاردىن ھال سوراپ كېلىشنى ۋە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشنى تاپىلاپ تۇرۇشىغا، تۇرشاۋۇلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شۇ ئۈچ شەھەرنى قوغداۋاتقان ئاتامانلار زىمىنسىدە شۇ شەھەرلەرنى قوغداش ۋەزىپىسى بولغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ۋە مۇبارەكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئادەم ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ سۈك جياڭ ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ:

— بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىز كۆرۈشكەندەكلا بولدۇق، — دېدى ۋە كەلگەن كىشىنى تارتۇقلاپ بولغاندىن كېيىن بۇرادەرلەر بىلەن تاكى غەرق مەست بولغۇچە تازا ئىچىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەن سۇبھىدىن بۇرۇن، سۈك تۇرشاۋۇل باھار

www.uyghurkitap.com

كىرىشى مۇناسىۋىتى بىلەن شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرەپلىرىگە باھارنى كۈتۈۋېلىشقا چىقماق بولدى. شۇ كۈنى كېچىسى كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپتىن شامال چىقىپ، ئاسماننى قاتمۇقات بۇلۇت قاپلاپ، لەپىلدەپ قار يېغىپ كەتتى. ئەتىسى ئاتامانلار چىقىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ۋاي ـ ۋۇي، قار شۇنداق يېغىپتۇكى:

## نەزم

تال ـ سۆگەتنىڭ پوتلىسىدەك، غاز پېيىدەك چېچىلىپ،
كۆكتىكى توپ ـ توپ ئۇچار ئاق تۇرنىلاردەك ئاقىرىپ.
خۇددى دېڭىز ئۈستىدە ئەگىپ ئۇچار لاچىن كەبى،
توختىماستىن چۈشتى قار كۆك قەرىدىن لەپ ـ لەپ قىلىپ.
هويلا ـ ئارانغا چۈشۈپ قار، ئاخىرى چىقتى بوران،
نەيزە ـ تەبەرگە بېرىپ تۈس پارقىراتتى كۈنسىمان.
قاشتېشىدەك ئاقىرىپ كەتكەچكە ھەممە تاغ ـ دالا،
يولىدىن ئازدى ئۆتۈنچى چەكتى دىشۋارلىق يامان.
ئۆي ـ ئوتاقلار ئۈستىگە كىيدى كۈمۈشتەك ئاق لىباس،
قىسسە ـ چۆچەككە چۈشۈشتى ھەر بىكارچى ـ سەيلىۋاز:
بولغۇسى مەمۇرچىلىق يىل چۈشتى قار زەپمۇ قېلىن ــــ
دېيىشىپ يىلغا باھا بەردى يېزىقچى ئىشقىۋاز.
يۇرتنى ساقلار چەتتىكى لەشكەرنى سەن قىلساڭ خىيال،
ياغسا كۆپ قار پايدىسىز دەپ بولغۇسى كۆڭلى مالال.

خەتتات ئەپتەر شياۋ راڭ ئاتامانلارغا چۈشەندۈرۈپ:

ــــ قارنىڭ بىرقانچە نامى بار: بىر قاتلىمى ھەرە، ئىككى قاتلىمى غاز پېيى، ئۈچ قاتلىمى ئۈچ بۇرجەك، تۆت قاتلىمى جۇغلۇق، بەش قاتلىمى مېيخۇا، ئالتە قاتلىمى ئالتە بۇرجەك دەپ ئاتىلىدۇ. قار مۇزەككەر ھاۋادىن ئۇيۇغان بولغاچقا، ئالتە بۇرجەك

مۆزەككەرگە ياتىدۇ. باھار كىرگەندىن كېيىن مېيىخۇاگۈلى شەكلىگە كىرىپ، ئالتە بۇرجەك بولماي قالىدۇ، بۇگۈن باھار كىرگەن بولسىمۇ، قىش بىلەن ئەتىيازنىڭ چىشلىشىپ تۇرغان پەسلى بولغانلىقتىن، قار ئۇچقۇندىسى بەش بۇرجەك ياكى ئالتە بۇرجەك بولىدۇ، ـــ دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان لي خې پېشايۋان سىرتىغا چىقىپ، قارا تونىنىڭ يېڭىنى چۇشۇۋاتقان قارغا تۇتۇپ قارىسا، قار ئۇچقۇندىلىرى راستلا ئالتە بۇرجەك ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ بۇرجىكى چالىلىرىمۇ بار ئىكەن، بەش بۇرجەكلىكلىرىمۇ بار ئىكەن. شۇڭا، ئۇ «راست ئىكەن، راست ئىكەن» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ھەممەيلەن كېلىپ قارىۋىدى، لى كۇينىڭ بۇرنىدىن چىققان ھورنىڭ تەپتىدىن ھېلىقى قار ئۇچقۇندىلىرى ئېرىپ كەتتى. ھەممەيلەن پاراقلاپ كۇلۇشۇپ كەتتى. كۇلكە ئاۋازىنى ئاڭلىغان سۇڭ تۇرشاۋۇل تالاغا چىقىپ:

ـــ بۇرادەرلىرىم، نېمىگە كۇلۇۋاتىسىلەر؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ قار ئۇچقۇندىسىغا قاراپ تۇرساق، قارا قويۇننىڭ بۇرنىدىن چىققان ھور قارنى ئېرىتىۋەتتى، ـــ دېيىشتى كۆپچىلىك.

ـــ بوستانلىقتا مەي ـ شاراب، نازۇنېمەتلەرنى تىزدۇرۇپ، داستىخان راسلاتقۇزۇپ قويدۇم. بۇرادەرلەر، بېرىپ تاماشا قىلىپ كەلسەك، ـــ دېدى سۇڭ جياڭمۇ كۇلۇپ تۇرۇپ.

ئەسلىدە بۇ شەھەرنىڭ كۇنچىقىش تەرىپىدە بىر بوستانلىق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ئىپار يېغىن دەيدىغان بىر شىپاڭ بار ئىدى. شىپاڭ ئالدىدا بىرنەچچە تۇپ قارا ئارچا ۋە مېيىخۇا دەرىخى بار ئىدى. شۇ كۇنى ئاخشىمى ئاتامانلار ئىپار يېغىن شىپاڭىدا كۇلكە ـ پاراڭ، چوكا ـ قەدەھلەرنىڭ جاراق ـ جۇرۇقلىرى ئىچىدە قاراڭغۇ چۇشۇپ چىراغ يېقىلغانلىقىنى تۇيمايلا قېلىشتى. سۇڭ جياڭ مەي ـ شارابلار لەززىتىدە گەپ ئېچىشىپ، ئۆتكەن رىيازەتلىك كۇنلەردە بۇرادەرلەرنىڭ ھەمدەرد

www.uyghurkitap.com

بولۇشۇپ بەرگەنلىكىنى ئەسلەپ كېلىپ:

— مەن ئەسلىدە يۇنچېڭ ناھىيەسىدە كىچىك ئەمەلدار ئىدىم، چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغىنىمدا، بۇرادەرلىرىم سانجاق ـ سانجاق قىلىچ ـ نەيزىلەر ئارىسىدىن، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي، جېنىڭلارنى پىدا قىلىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ ئاچىققانىدىڭلار. ئەينى ۋاقىتلاردا ئىنىم دەي زۇڭ بىلەن مېنى جازا مەيدانىغا يالاپ ئاچىقىپ چاپماقچى بولغاندا، جېنىمنىڭ تېنىمدىن جۇدا بولىدىغانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلگەنىدى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پادىشاھنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، ئەل ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋېتىپتىمەن. ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى ئويلىسام، خۇددى چۈشۈمدىكىدەكلا تۇيۇلىدۇ، — دېدى ـ دە، كۆزىدىن ئىختىيارسىز تارام ـ تارام ياش تۆكۈلدى. دەي زۇڭ، خۇا رۇڭ ۋە بىللە رىيازەت چەككەن باشقا قېرىنداشلارمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تەڭلا كۆز يېشى قىلىشتى.

لى كۈي بىرقانچە قەدەھ مەينى ئوشۇق ئىچىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن مەستلىكى تۇتۇشقا باشلىدى. بىر چەتتە باشقا سەردارلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، قاپاقلىرى ئاستا ـ ئاستا يۇمۇلغىلى تۇرۇۋىدى، ئىككى جەينىكى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ، ئۇيقۇغا كەتتى. تۇيۇقسىزدىن كۆڭلىگە: «تالادا قار توختىمىغاندۇ» دېگەن بىر ئوي كەلدى ـ دە، ئۆزى قىمىرلىمىسىمۇ، شىپاڭنىڭ تېشىغا چىققاندەك بولدى. تالاغا چىقىپ قاراپ، يەنە ئەجەبلىنىپ «ئەسلىدە قار يوق ئىكەن، شىپاڭ ئىچىدە ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن! ئاشۇ ياقلارغا بېرىپ بىر ئايلىنىپ كېلەيچۇ» دېدى ـ دە، بوستانلىقتىن مېڭىپ كېلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. تۇيۇقسىزدىنلا بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك: «ئاپلا، ئايپالتامنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن!» دەپ بېلىنى سىلىۋىدى، قارىسا، پالتىسى بېلىگە قىستۇرۇقلۇق تۇرۇپتۇ. يۇقىرى ـ تۆۋەننى ئايرىپ ئولتۇرماستىن، سەكرەپ يۈرۈپ،

قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنى سەزمەي قالدى. قارىسا، ئالدىدا بىر ئاسمان ـ پەلەك كاتتا تاغ يولىنى توراپ تۇرۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا، مېڭىپ تاغنىڭ ئالدىغا كەلدى. كۆردىكى، تاغ جىلغىسىدىن بېشىغا قاتلىما بۇرجەكلىك قىلىپ بوغمىچا چىگكەن، سارغۇچ دەرۋىش جەندىسىنى كىيگەن بىر ئادەم چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ:

— سەردار، ئەگەرچەندە سەيلە ـ ساياھەت قىلسىڭىز، بۇ تاغ تازا ئېپىدە يەر، — دېدى ئالدىغا كېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئاغا، بۇنى نېمە تاغ دەيدۇ؟

— بۇ تاغنى كۆك كۆلى دەيدۇ. سەردار، سەيلە ـ ساياھەتلىرىڭىزنى تۈگىتىپ كەلسىڭىز، مۇشۇ يەردە ئۇچراشساق، — دېدى ھېلىقى دەرۋىش.

لى كۇي ئۇنىڭ سۆزى بويىچە تاغنى ئايلىنىپ ئۆتتۈۋىدى، يول ياقىسىدا بىر جاڭزا كۆرۈندى. جاڭزىنىڭ ئىچىدىن قاتتىق غوۋغا ئاڭلىنىۋاتاتتى. لى كۇي يۈگۈرۈپ كىرىپ قارىسا، ئون نەچچە ئادەم قوللىرىغا تاياق ـ توقماق، قورال ـ جابدۇقلارنى ئېلىشىپ، شىرە ـ ئورۇندۇقلارنى چېقىپ، ئۆيدىكى جابدۇق ـ سەرەمجانلارنى كۇمپەيكۇم قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

— ھەي، پوق ساقال! قىزىڭنى ياخشىلىقچە ماڭا خوتۇنلۇققا بەرسەڭ، ھېچقايسىڭغا چېقىلمايمەن، ئەگەرچەندە ياق دەيدىكەنسەن، ھەممىڭنىڭ جېنىنى ئالىمەن، — دەپ تىللاۋاتاتتى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر دارازا.

لى كۇي تالادىن كىرىۋېتىپ، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، يۈرىكى خۇددى ئوتتا ئۆرتىنىپ، ئاغزىدىن ئوت يانغاندەك بولۇپ كەتتى.

— ھۇ بەتبەخت، نېمىشقا خەقنىڭ قىزىنى بۇلايسەن؟ — دېدى دوق قىلىپ لى كۇي.

— بىز ئالساق، ئۇنىڭ قىزىنى ئاپتۇق، سېنىڭ نېمە

كارىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى تۇرغان بىر توپ كىشى.

لى كۇي دەرغەزەپ بىلەن ئايپالتىسىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، نېرى - بېرىسىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايلا، بىر پالتىدا ئىككى - ئۈچىنى يىقىتىۋىدى، ھېلىقى بىر قانچىسى قېچىشقا تەمشەلدى، لى كۇي تاپ باستۇرۇپ بېرىپ، ئالتە - يەتتە پالتا ئۇرۇپلا ئۇلارنىمۇ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ ياتقۇزۇۋەتتى. پەقەت بىرسىلا تالاغا قېچىپ چىقىپ كەتتى. لى كۇي ئىچكىرىگە دەۋرەپ كىرىپ قارىۋىدى، قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ ھىم يېپىلىپ تۇرغانلىقى كۆزىگە چېلىقتى. لى كۇي بىر تېپىپ ئىشىكنى ئېچىۋەتتى. قارىسا چاچلىرى ئاقارغان بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي ھۆك - ھۆك يىغلاپ تۇرۇپتۇ. لى كۇينىڭ دەۋرەپ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇلار: «چاتاق بولدى، باستۇرۇپ كىرىپ قالدى» دەپ ۋارقىراپ سالدى.

— مەن ناھەق ئىشنى كۆرسەم چىداپ تۇرالمايمەن. ساياقلىق بىر توپ بەتبەختلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدىم. سىلى چىقىپ قاراپ باقسىلا، — دېدى لى كۇي.

ھېلىقى بوۋاي غال - غال تىترىگەن پېتى چىقىپ بىر قاراپ، «قانخورلارنى يوقىتىپلايۇ، مېنى دەۋاغا تىقىپ قويۇپتىلا» دەپ لى كۇيغا ئېسىلىۋالدى.

— ھەي قېرى، قارىۋاي ئاكاڭنى بىلمەسەن، لياڭشەن كۆلىدىكى قارا قۇيۇن لى كۇي دېگەن مەن بولىمەن، بۇگۈنكى كۈنلەردە ئاغام سۇڭ دانىش بىلەن يارلىق ئېلىپ تيەن خۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە كېلىۋاتىمىز. ئۇلار ھازىر شەھەردە مەي - شاراب ئىچىپ، بەزمە - ئىشرەتلەر قىلىشىۋاتىدۇ. مەن ئىچىم پۇشۇپ، سەيلە - ساياھەتلەر قىلىپ كېلەي دەپ چىقىۋىدىم، ھېلىغۇ ئاشۇ بىرنەچچە بەتبەخت ئىكەن، كۇرمىڭنىڭ جېنىنى ئالسامۇ مېنى نېمە قىلالايتتى، — دېدى لى كۇي كۇلۇپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا بەلەن گەپقۇ، سەردار، قىينى ئىچكىرىگە مەرھەمەت قىلغايلا، — دېدى ھېلىقى بوۋاي كۆز يېشىنى ئېرتىپ.
لى كۆي ئۆينىڭ ئىچىگە كىردى. قارىسا، شىرەگە نازۇنېمەتلەر، مەي ـ شارابلار قويۇلۇپ كېتىپتۇ. بوۋاي لى كۆينى قولتۇقىدىن تۇتۇپ تۆرگە چىقاردى ـ دە، لىپمۇلىپ بىر تاۋاق مەينى قويۇپ:
— سەردارنىڭ شاپائىتى بىلەن قىزىم بالا ـ قازادىن ئامان قالدى. قىينى مۇنۇ قەدەھتىكى شارابنى كۆتۈرگەيلا، — دېدى قوش قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ.
لى كۆي قولىغا ئېلىپلا كۆتۈرۈۋەتتى. بوۋاي يەنە تۇتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت ـ بەش قاچا مەينى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن بايىقى يىغلاپ تۇرغان موماي بىر قىزنى يېتىلەپ كەلدى ـ دە، قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ ئامانلىق تىلىدى.
— سەردار، ئۆزلىرى سىۆك تۇرشاۋۇلنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان قالتىس كىشى ئىكەنلا، ئەگەر سەت كۆرمىسىلە، مەن بۇ قىزىمنى ھەزرەتلىرىگە تۇتتۇم، — دېدى ھېلىقى موماي.
لى كۆي بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ھۇ پاسكىنا قېرى دەللە! مەن سېنىڭ قىزىڭنى دەپ بۇ بەتبەختلەرنى ئۆلتۈرگەنمىدىم؟ ئاغزىڭنى يۇم! كەلسە ـ كەلمەس جۆيلۇمە! — دېدى ـ دە، بىر تېپىپلا شىرەنى ئۆرۈپ تاشلاپ، ئىشىكتىن چاچراپ چىقىشىغا، ئۇياقتىن قولىغا كۆتمەك قىلىچ ئالغان بىر تەمبەل يىگىت تۆت ـ بەش سەكرەپلا لى كۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ھۇ سېنى، قارا ئوغرى، توختا، نەگە باراتتىڭ، باياتىن نېمىشقا مېنىڭ بىرقانچە بۇرادەرلىرىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىسەن؟ بىز ئۇنىڭ قىزىنى ئالماقچى بولساق ساڭا نېمە دەز كەتتى؟ — دەپ

دېۋەيلەپ كەلدى.

لى كۇي دەرغەزەپكە كېلىپ ئايپالتىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئالدىغا يۈگۈردى. ئىككىسى يىگىرمە نەچچە قەپەس ئېلىشتى. ھېلىقى يىگىت تەڭ كېلەلمەي، پالتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆتمەك قىلىچىنى سۆرىگەن پېتى بەدەر قاچتى. لى كۇي تاپان باستۇرۇپ قوغلاپ كەلدى. بىر ئورمانلىقتىن ئۆتۈۋىدى، تۇيۇقسىزدىنلا نۇرغۇنلىغان قەسىرلەرنى كۆردى. ھېلىقى يىگىت ئوردا ئالدىغا كەلگەندە كۆتمەك قىلىچىنى چۆرۈپ تاشلاپ، تويقا قېتىلىۋالدى ــ دە، كۆزدىن غايىب بولدى.

— لى كۇي، بىھۆرمەتلىك قىلما ! ئۇنى ئوردىغا كىرگۈزۈۋېتىڭلار، كېلىپ كۆرۈشسۇن، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئوردىدىن.

«بۇ ئەدەپ ـ ئەردەم قەسرىغۇ؟ ئۇلۇشكۇن سۇڭ ئاغام بىلەن بۇ يەردە خان ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك يۈز ـ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدۇق. بۇ پادىشاھى ئالەمنىڭ تۇرىدىغان جايى» دەپ لى كۇي دەررۇ ئېسىگە كەلتۈردى.

— لى كۇي، تېزدىن باش قوي ! — دېگەن ئاۋاز كەلدى قەسىردىن يەنە.

لى كۇي پالتىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئالدىغا كېلىپ قارىۋىدى، كۆردىكى، پادىشاھى ئالەم يىراقتا — قەسىر ئولتۇرۇپتۇ. نۇرغۇن بەگ ـ سىپاھلار قەسىر ئالدىدا رەت ـ رەت تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. لى كۇي پادىشاھى ئالەمگە قاراپ راۋرۇس ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى. كۆڭلىدە: «ئاپلا، تەزىمنىڭ بىرى كەم بولۇپ قالدى!» دەپ ئويلىدى.

— ئابايا سەن نېمىشقا شۇنچىۋالا ئادەمنى ئۆلتۈردۈڭ؟ — دەپ سورىدى تەڭرىقۇت.

— بۇ خومسىلار قىزغا زورلۇق قىلىۋېتىپتىكەن، خىزمەتكارلىرىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدىم.



www.uyghurkitap.com

— لى كۇي ناھەق ئىشلارنى كۆرگەندە چىداپ تۇرالمىدى، كاززاپ، نائەھلىلەرنى يوقاتتى. باتۇرلۇقى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. مەن گۇناھىڭدىن كەچتىم. سېنى دىۋان سەردارلىقىغا تەيىنلىدىم.

«ئەزەلدىن پادىشاھى ئالەم مۇشۇنداق ئاقىل ئىكەنغۇ!» دېدى لى كۇي ئىچىدە كۆپ خۇرسەن بولۇپ. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئون نەچچە رەت باش ئۇرۇپ بولۇپ ئورنىدىن قوپۇپ، قەسىرنىڭ ئاستىدا تۇردى.

بىر پەستىن كېيىن كۆردىكى، سەي جىڭ، تۇڭ گۇەن، ياڭ جيەن ۋە گاۋ چيۇلار بىرلىكتە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— سۇڭ جياڭ تيەن خۇ ئۇستىگە لەشكەر تارتىپ بارغان بولسىمۇ، ئورنىدا تۇرۇۋېلىپ، ئىلگىرىلىمەيۋاتىدۇ. كۇنبويى مەي ـ شاراب ئىچىپ، ئەيش ـ ئىشرەت قىلىۋاتىدۇ. پادىشاھى ئالەم، ئۇلارنى گۇناھقا تارتسا، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان لى كۇينىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى ـ دە، ئۆزىنى باسالماي، قوش ئايپالتىسىنى كۆتۇرگىنىچە دېۋەيلەپ بېرىپ، ھەربىرىنى بىر پالتا بىلەن چېپىپ تاشلىدى ۋە:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ كاززاپ ۋەزىرلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغايلا، ئاغام سۇڭ جياڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇچ شەھەرنى ئالدى. ھازىر گەيجۇ ئايمىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ، لەشكەر تارتماقچى. بۇ ئۆسەك سۆزلەر بىلەن خەقنى ئانىي تاپسا بولامدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەلەمدار ـ قەلەمدارلار تۆت ۋەزىرنىڭ ئۆلتۇرۇلگەنلىكىنى كۆرۇپ، ھەممىسى كېلىپ لى كۇينى تۇتماقچى بولدى.

— قايسىڭ كېلىشىدىكەنسەن، ئاشۇ تۆتىدەك كۇن كۆرسىتىمەن، — دېدى لى كۇي ئايپالتىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ.

ھېچكىم قول تەگكۇزەلمەي قالدى.

— ئەجەب ياخشى بولدى، ئەجەب ياخشى بولدى. بۇ تۆت

www.uyghurkitap.com

كاززاپ ۋەزىرنى بۇگۈن ئەجەبمۇ ياخشى جايلىۋەتتىم. ئەمدى بىرىپ سۇلۇك ئاغامنى خەۋەرلەندۇرەي، ــ دەپ قاقاقلاپ كۈلدى ـ دە، ئالچاڭلاپ ئورۇندىن چىقىپ كەتتى. شۇنداق قارىۋىدى، ئالدىدا يەنە بىر تاغ تۇرۇپتۇ. قارىسا ئابايا ئۇچراتقان دەرۋىشنىڭ تۇرالغۇسى ئىكەن. ھېلىقى دەرۋىش تاغنىڭ باغرىدا تۇرۇپتىكەن، ئۇ:

ــ سەردار، سەيلە ـ ساياھەتلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئاغا، سىزگە ئېيتاي، بىاياتىن تۆت كازازاپ ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم.

ــ شۇنداقمۇ تېخى، مەن ئەسلىدە فىنياك بىلەن چىنجۇنىڭ ئارىلىقىدا يۈرگەنىدىم. يېقىنقى كۈنلەردىلا بۇ يەرگە سەيلە ـ قىلىپ ئۆتۈپ، سەردارلارنىڭ سادىق ـ مەردلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. مېنىڭ سەردارغا دەپ قويماقچى بولغان ناھايىتى زۆرۈر گېپىم بار. سۇلۇك تۇرشاۋۇل تيەن خۇنى جازالىماق بولۇپ لەشكەر تارتىپ كەلدى. مېنىڭچە تيەن خۇنى تۇتقۇن قىلغىلى بولىدىغان ئىككى كەلىمە ھېكمەتلىك سۆز بار. سەردار، ئەسلىرىدە چىڭ ساقلاپ، سۇلۇك تۇرشاۋۇلغا يەتكۈزۈپ قويغايلا، ــ دېدى ـ دە، لى كۈيغا: «مەگەركىم تيەن خۇ جەمەتىنى قۇرۇتاي دېسەڭ، ئوقۇڭ ئۆتكۈر بولغاي» دەپ بەردى. ئۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن بەش ـ ئالتە مەرتەم قايتىلىدى. لى كۈي ئۇنىڭ گېپىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ ئىككى كەلىمە سۆزنى تەكرارلىدى. ھېلىقى دەرۋىش ئورمانلىقنى كۆرسىتىپ: «ئورمانلىقتا بىر موماي ئولتۇرىدۇ» دېدى. لى كۈي شۇنداق ئۆرۈلۈپ قارىشى بىلەن ھېلىقى دەرۋىش غايىب بولدى. «نېمانچە تېز غايىب بولۇپ كەتتىكىنە، ئورمانلىققا كىرىپ باقايچۇ، زادى كىمكىن» دەپ ئويلىدى لى كۈي.

ئورمانلىق ئىچىگە كىرىۋىدى، راستىلا بىر موماي ئولتۇرۇپتۇ.

يېقىن كېلىپ قارىسا، تۆمۈر كالىنىڭ ئاپىسى ئىكەن. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغان پېتى قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇدەك. لى كۇي ئالدىغا ئۆتۈپ قۇچاقلىغان پېتى:

— ئاپا! سىز نەدە رىيازەت چېكىپ يۈردىڭىز؟ تۆمۈر كالا تېخى سىزنى يولۋاس يەپ كەتكەن چېغى دەپتىمەن، بۇ يەردە ئولتۇرۇپتىكەنسىز - دە! — دېدى.

— ئوغلۇم، مېنى يولۋاس يېمىگەندى.

— تۆمۈر كالا بۈگۈنكى كۈنلەردە ئەل بولۇپ، مەنسەپ تۇتتۇم. سۇڭ ئاغام لەشكەرلىرى بىلەن شەھەردە تۇرۇۋاتىدۇ. مەن تۆمۈر كالا سىزنى يۈدۈپ شەھەرگە ئەكىرىپ كېتەي، — دېدى لى كۇي يىغلاپ تۇرۇپ.

شۇ ئەسنادا قاراس - قۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، دەرەخلىكتىن بىر چىپار ئارسلان سەكرەپ چىقتى - دە، بىر سەكرەپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ ئۇدۇل ئېتىلىپ كەلدى. ئالدىراشچىلىقتا لى كۇي ئاياپالتىسىنى كۆتۈرۈپ ئارسلاننى بىر چېپمۇدى، بەك كۈچەپ سالغانلىقتىن، قوش ئاياپالتىسى بوشقا كېتىپ، ئالدىغا مۈدۈرۈلۈپ كەتتى - دە، بوستانلىقتىكى ئىپار يېغىن شىپاڭدىكى مەي - شاراب شىرەسىگە يىقىلدى.

سۇڭ جياڭ بۇرادەرلىرى بىلەن ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. دەسلەپتە لى كۇينىڭ شىرەگە يۆلىنىپ مۈگدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كارى بولمىدى. كېيىن قاراس - قۇرۇس قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قارىسا، لى كۇي ئۇيقۇلۇقتا شىرەگە بىر ئۇرۇپلا تەخسە - پەخسە دېگەننى ئۆرۈپ تاشلاپ، يەڭلىرىنى سەينىڭ سۈيى بىلەن بۇلغىۋېتىپتۇ. ئاغزىدا: «ئاپا، ئارسلان قېچىپ كەتتى!» دەۋېتىپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، شام ئەتراپىنى يورۇتۇۋەتكەن، بۇرادەرلەر چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ، يەنىلا مەي - شاراب ئىچىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئۇھ، چۈشۈم ئىكەنغۇ، ئەجەب جايلىنىدىم، — دېدى لى كۇي.

— قانداق چۈش ئىكەن ئۇ؟ مۇنداق مەمنۇن بولۇپ كەتكۈدەك! — دەپ سورىدى كۆپچىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئاۋۋال چۈشۈمدە ئاپامنى كۆرۈپتىمەن، ئۆلمەپتىكەن، پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. يولۋاس كېلىپ قېلىپ پارىڭىمىزنى ئۈزۈۋەتتى، — دېدى لى كۇي.

ھەممەيلەن بىر خورسىنىپ قويدى. لى كۇي يەنە زىناخورلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، شىرەلەرنى ئۆرۈپ تاشلاپتىمەن، دېگەندە، بىر تەرەپتە قولاق سېلىپ تۇرغان لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، شى شيۇلار چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ: «تازا جايلاپسەن!» دېيىشتى.

— بۇنىڭدىنمۇ قالتىسى بار تېخى! — دېدى لى كۇي كۈلۈپ تۇرۇپ.

سەي جىڭ، تۇڭ گۇەن، ياڭ جيەن، گاۋ چيۇ بولۇپ تۆت كاززاپ ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈپتىمەن دېگەندە، ھەممەيلەن:

— ئەجەب جايلاپسىز! ئەجەب جايلاپسىز! شۇنداق بولغان بولسا، قالتىس چۈش بوپتۇ، — دېيىشتى چاۋاك چېلىشىپ.

— ئىنىلىرىم، بولدى قىلىڭلار، بۇ چۈشتىكى ئىشلار، كارايىتى چاغلىق، — دېدى سۇڭ جياڭ.

لى كۇي تازا قىزىپ سۆزلەپ كېلىپ، مۇشتىنى تۈگۈپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ تۇرۇپ:

— نېمىگە كارايىتى چاغلىق ئىكەن؟ ھەقىقەتەنمۇ ئۆمرۈمدە مۇنداق كۆڭۈللۈك ئىش بولمىغان، يەنە مۇنداق بىر غەلىتە ئىش بار. چۈشۈمدە بىر دەرۋىش ماڭا: «مەگەر كىم تيەن خۇنىڭ جەمەتىنى قوغداي دېسەڭ، ئوقۇڭ ئۆتكۈر بولغاي» دېگەن گەپنى قىلدى، ئۇ: «بۇ — تيەن خۇنى تۇتۇشتا ھېكمەتلىك سۆز، ئەسلىرىدە چىڭ ساقلاپ، سۇڭ تۇرشاۋۇلغا يەتكۈزۈپ قويغايلا» دەۋاتقۇدەك، — دېدى.

سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ بۇنىڭغا تەبىر ئىبىتالمىدى. ئەن داۋچۇەن «ئۆتكۇر ئوق» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بىرنەرسە دېيىشكە ئۇمتۇلۇۋىدى، جاڭ چىڭ كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويىدى. ئەن داۋچۇەن كۇلۇمسىرەپ زوۋان سۇرمىدى.

— بۇ چۇش غەلىتىرەك تۇرىدۇ. قار توختىغاندىن كېيىن لەشكەر تارتساق بولىدۇ، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

كۆپچىلىك مەي - شارابلار ئىچىشتىن توختاپ، ئارام ئېلىشقا قايتىشتى. كېچىچە هېچ گەپ بولۇنمىدى.

ئەتىسى قار توختىدى. سۇڭ جياڭ بارگاهقا چىقىپ، لۇ جۇنيى، ۋۇ يۇڭ خەلپەت بىلەن لەشكەرلىرىنى كۇنچىقىش ۋە كۇنپېتىش تەرەپتىن تېگىش قىلىدىغان ئىككى تارامغا بۆلۇش مەسلىهەتكە كەلدى: كۇنچىقىش تەرەپتىن تېگىش قىلىدىغان بىر تارام چۆگۇن چاقىسىدىن ئۆتۇپ، جاۋدېنى ئېلىپ، لۇ چىڭ، يۇشي ئارقىلىق ئۇدۇل قاراقچىلار ئۇۋىسىغا بارغاندىن كېيىن، ئاندىن داگۇدىن لىنشيەن ناهىيەسىگە كېلىپ، لەشكەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، قاراقچىلارنى يوقىتىدىغان بولدى؛ كۇنپېتىش تەرەپتىن ماڭغان تارام جىننىڭنى ئالغاندىن كېيىن خوشەندىن چىقىپ، فېنياڭنى ئالىدىغان، جيېشيۇ، پىڭياۋ، چىشيەن ناهىيەلىرىدىن ئۆتۇپ، ئۇدۇل ۋېيشېڭنىڭ كۇنپېتىش يۇقىرى تەرىپىگە كېلىپ، لىنشيەن ناهىيەسىدە لەشكەرلەر بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن ۋېيشېڭنى ئالىدىغان، تيەن خۇنى تۇتىدىغان بولدى. ئىككى تارام قوشۇننىڭ سەردارلىرى تۆۋەندىكىچە بۆلۇندى:

باش تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەردىن قىرىق يەتتىسىنى ئېلىپ ماڭىدۇ:

مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ، لىن چۇڭ، سو چاۋ، شۇ نىڭ، سۇن لى، جاڭ چىڭ، دەي زۇڭ، جۇ تۇڭ، فەن رۇي، لى كۇي، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، شەن تىڭگۇي، ۋېي

دىڭگو، ما لىن، يەن شۈن، شيې جېن، شيې باۋ، سۈڭ چىڭ، ۋاڭ يىڭ، خۇ سەنبياڭ، سۈن شىن، گۇ يەڭگە، لىڭ جېن، تاڭ لۇڭ، لى يۈن، ليۇ تاڭ، يەن چىڭ، مېڭ كاڭ، ۋاڭ دىڭليۇ، سەي فۇ، سەي چىڭ، جۇ گۈي، پېي شۈەن، شياۋ راڭ، جياڭ جىڭ، لى خې، جىن داجيەن، ئەن داۋچۈەن، يۇ باۋسى، خۇاڭ فۇدۈەن، خۇ جيەن، دۈەن جىڭجۇ، شى چيەن، خېبېيدا ئەل بولغان سەردار گېڭ گۇڭ.

ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۈنيى ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەردىن قىرىقنى ئېلىپ ماڭدى:

مۇشاۋىر جۇ ۋۇ، چىن مىڭ، ياڭ جى، خۇاڭ شىن، ئوۋ پېڭ، دېڭ فېي، لېي خېڭ، گو شېڭ، شۈەن زەن، خاۋ سىۋېن، خەن تاۋ، پىڭ چى، مۇ چۈن، جياۋ تىڭ، جېڭ تيەنشۇ، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، زۇ يۈەن، زۇ رۇن، جاڭ چىڭ، سۈن چوكان، لى لى، چېن دا، ياڭ چۈن، لى جۇڭ، كۇڭ مىڭ، كۇڭ لياڭ، ياڭ لىن، جۇ تۇڭ، شى يۇڭ، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، دىڭ دېسۈن، گۇڭ ۋاڭ، تاۋ زۇڭۋاڭ، گاۋ جېڭ، شۆ يۇڭ، جۇ فۇ، بەي شېڭ، لۇ فاڭ.

سۇڭ جياڭ ئەۋەتىلىدىغانلارنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە لۇ جۈنيى بىلەن كېڭەشتى:

— بۇگۈندىن ئېتىبارەن قوشۇننى بۆلۈپ، كۈنچىقىش - كۈنپېتىش تارامى بويىچە جازا يۈرۈشكە ئۆتىمىز. ئەزىز ئىنىم قايسى تەرەپتىن يول ئالىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— لەشكەر يۆتكەپ، سەردارلارنى ئەۋەتىشكە ئاغىمىزنىڭ قاتتىق بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىمەن. تاللاشقا نېمە هەددىم؟ — دېدى لۇجۈنيى.

— گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەرمىز. ئىككى قوشۇننى ئايرىپ، سانىنى بېكىتىپ چىقايلى، ئاندىن چەك پۈتۈپ تارتىشايلى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە پېي شۈەن كۈنچىقىش - كۈنپېتىش دېگەن



www.uyghurkitap.com

ئىككى چەكنى پۆتۈپ چىقتى. سۇڭ جياڭ، لۇ جۇنيىلەر كۆجە كۆيدۈرۈپ، ئىسرىق سېلىپ، تىلاۋەت قىلىشتى. ئاندىن سۇڭ جياڭ قولىغا بىر چەك ئالدى. سۇڭ جياڭ بۇ چەكنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ قوشۇنغا نەچچىلىگەن باھادىر ـ قەھرىلىك سەردار قوشۇلغۇسى، ئەجدىھا تېغى يېنىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ كارامەت ياراتقۇسى، سۇڭ جياڭنىڭ زادى قايسى تەرەپنىڭ چېكىنى ئالغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توقسان تۆتىنچى باب

## گۇەن شىڭنىڭ ئۈچ سەردارنى مەردلىك يولىدا ئەل قىلغانلىقى، لى كۈينىڭ قاراملىق قىلىپ، لەشكەرلەرنى تۇتقۇن قىلىۋەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، سۇڭ جياڭ گەيجۇ ئايمىقىدا ئىككى تارام لەشكەرنىڭ سانىنى بېكىتىپ چەك تارتىشتى. لۇ جۈنيى بىلەن كۇجە كۆيدۈرۈپ تىلاۋەت قىلىشتى. سۇڭ جياڭ قولىغا بىر چەكنى ئېلىپ قارىۋىدى، كۇنچىقىش چېكى ئىكەن. لۇ جۈنيىگە كۈنپېتىش چېكى چىقتى. ئۇلار قار توختىغاندىن كېيىن سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇشتى. خۇا رۇڭ، دۇڭ پىڭ، شى ئېن، دۇ شىڭلار ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن گەيجۇنى ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى. شۇ ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى خاسىيەتلىك كۈن بولۇپ، سۇڭ جياڭ، لۇ جۈنيىلەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ سەپەرگە ئاتلىناي دەپ تۇرۇۋىدى، «گەيجۇ ئايمىقىغا تەۋە ياڭچېڭ، چىنشۇي ناھىيەلىرىدىكى لەشكەر ۋە پۇقرالار تيەن خۇنىڭ كەينى - كەينىدىن قىلغان زىيانكەشلىكىگە چىدىماي، ئىلاجىسىز ئىتائەت قىپتۇ، ئەگەرى لەشكەرلىرىنىڭ بۈگۈن كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ياڭچېڭ ناھىيەسىنى ساقلاۋاتقان سەردار كۇ فۇ بىلەن چىنشۇي ناھىيەسىنى ساقلاۋاتقان سەردار چېن كەينى تۇتۇپ چەمبەرچاس باغلاپ، ئالدىغا سېلىپ ئەكېلىۋاتىدۇ. ئىككى ناھىيەدىكى يۇرت چوڭلىرى پۇقرالارنى باشلاپ، نازۇنېمەتلەرنى كۆتۈرۈشۈپ، شەھەرنى تەقدىم ئەتمەك بولۇپ ئالدىلىرىغا كەلمەكچى بوپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇڭ

تۇرشاۋۇل بەكمۇ خۇرسەن بولدى ـ دە، ئىككى ناھىيەدىن كەلگەن لەشكەر ـ يۇقىرىلارنى چوڭ ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلىدى. جاكار چىقارغۇزۇپ ئەلنى ئەمىن تاپقۇزدى. سۇڭ تۇرشاۋۇل كۇ فۇ، چېن كەيلەرنىڭ تەڭرى لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، تېزلىك بىلەن ئەل بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن كاللىسىنى ئېلىپ، تۇغ ـ ئەلەم يولىدا نەزىر ـ نۇزرەت قىلىپ، قاراقچىلارغا تەنبىھ قىلدى. شۇ كۈنى ئىككى تارام لەشكەر يۇقىرىقى قوۋۇقتىن چىقىپ كەتتى. خۇا رۇڭلار مەي ـ شارابلار بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. سۇڭ جياڭ قولىغا قەدەھ ئېلىپ تۇرۇپ خۇا رۇڭغا:
— قاراقچىلار قوشۇنى قەدىردان ئىنىمنىڭ ھەيۋىتىدىن ئۈركۈيدۇ، سىز ئۇشبۇ شەھەرنىڭ پاسىبانى بولۇشقا مۇناسىپ، ھازىر بۇ شەھەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە يەنە ياۋ بار. قاراقچى قوشۇنلار تېخى تۈگىتىلمىدى، ئىلاج قىلىپ قاراقچى قوشۇنلارغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا قاراقچىلارنى تۈۋەنگە كۆز تىككىشكە پېتىنالمايدىغان قىلىۋەتكىلى بولىدۇ، — دېدى.
خۇا رۇڭلار پەرمانبەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى.
— بۇگۈن، — دېدى سۇڭ جياڭ قولىغا يەنە قەدەھ ئېلىپ لۇ جۇنيىگە قاراپ، — لەشكەر تارتىپ مېڭىشىمىزغا ياخچېڭ، چىنشۈي ناھىيەلىرى قولىمىزغا ئۆتتى. بۇ بىر خۇشاللىق، بۇ ئىككى جاي تىنچىتىلدى. قەدىرلىك ئىنىم، جىنىنىڭغا بىمالال بارسىلا بولىدۇ. چوڭ ئەجىر ـ خىزمەت كۆرسىتىپ، قاراقچىلار ئاتامانى تيەن خۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئوردىغا مەلۇم قىلغايسىز، پادىشاھى ئالەم دۆلىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولغايمىز.
— ئاغىمىزنىڭ قۇدرىتىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئىككى ئورۇن ھېچبىر جەڭ بولماستىن بىزگە بويسۇندى. قاتتىق ئەمر ـ پەرمان ئالدىدا ئۆز كۈچۈمنى قوشماسلىققا ھەددىممۇ ! — دېدى لۇ جۇنيى.

سۇڭ جياڭ ئالدىنقى كۈنى شۇ گۇەنجۇڭ سىزغان خەرىتىنى شياۋ راڭغا شۇ بويىچە سىزدۇرۇپ لۇ جۇنيىگە بېرىشنى تاپشۇردى. شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە باش تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ قوشۇنلارنى ئۈچ يولغا بۆلدى: لىن چۇڭ، سو چاۋ، شۇ نىڭ، جاڭ چىڭلار بىر تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ تۇرشاۋۇل قوشۇن بولىدىغان بولدى؛ سۇن لى، جۇ تۇڭ، يەن شۇن، ما لىن، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگو، تاڭ لۇڭ، لى يۈنلەر بىر تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ ھىماتچى قوشۇن بولۇپ ماڭىدىغان بولدى؛ سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ بىلەن بىللە قالغان سەركەردىلەرنى ئېلىپ ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن بارگاھ قوشۇن بولۇپ ماڭىدىغان بولدى. ئۈچ يولغا بۆلۈنگەن بۇ قوشۇندىكى بەش تۈمەن ئادەم كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپ بىلەن يۈرۈش قىلىدىغان بولدى. ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيى سۇڭ جياڭ، خۇا رۇڭلار بىلەن خەيرلەشكەندىن كېيىن قىرىق سەردار، بەش تۈمەن لەشكەر ئېلىپ كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپ بىلەن يۈرۈش قىلىدىغان بولدى.

خۇا رۇڭ، دۇڭ پىڭ، شى ئېن، دۇ شىڭلار سۇڭ جياڭ، لۇ جۇنيىلەرنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن شەھەرگە قايتىپ كىرىپ كەتتى. خۇا رۇڭ شەھەرنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە بەش چاقىرىم كېلىدىغان ئورۇنغا ئىككى قوش تىكتۈردى، ياۋنى توسۇش ئۈچۈن شى ئېن، دۇ شىڭلار بەش مىڭدىن لەشكەر ئېلىپ يارامىلىق ئوقياچىلار ۋە تۈرلۈك قوراللار بىلەن شۇ ئىككى قوشقا ئورۇنلاشتى؛ كۈنچىقىش بىلەن كۈنپېتىش ئىككى يولغا مۆكتۈرمە چېرىكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار تەخ بولۇپ تۇردى. گاۋپىڭ ناھىيەسىنى شى جىن، مۇ خۇڭ، لىڭچۈەن ناھىيەسىنى لى يىڭ، چەي جىن، ۋېيجۇ ئايمىقىنى گۇڭسۇن شېڭ، گۇەن شېڭ، خۇ يەنجولار قوغداپ تۇردى.

سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ ئۈچ يولغا بۆلۈنگەن قوشۇنى گەيجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ ئوتتۇز چاقىرىمدىن كۆپرەك يول ماڭدى. سۇڭ جياڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئالدىدا بىر تاغنىڭ

تۇرغانلىقىنى يىراقتىن گىرىمسەن كۆردى. بىرمۇنچە ۋاقىتلاردىن كېيىن تاغ ئېتىكىگە يېتىپ كەلدى. تاغ بۇ چاغدا ئاتنىڭ ئوق تەرىپىگە ئۆتۈپ قالغانىدى. سۇڭ جياڭ تاغقا نەزەر سېلىپ، باشقا تاغقا ئوخشىمايدىغانلىقىنى سەزدى.

## نەزم

قاتمۇقات تاغ ـ چوققىلار گويا تۇرار قاسىراقسىمان،
گاھىسى رەت ـ رەت تىزىلغان تۇرنىدەك بولدى ئايان.
چوققىلارنىڭ ھاڭ تېشى گويا شەھەرنىڭ قالقىنى،
تۆت تەرىپى بۇك ـ باراقسان تال ـ دەرەخ ئاسمان بويى.

سۇڭ جياڭ تاغنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋاتاتتى، توساتتىن لى كۈي ئالدىغا كېلىپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلغان ھالدا:

— ئاغا، ئۇشبۇ تاغنىڭ مەنزىرىسى ئۆتكەن كۈنى چۈشۈمدە كۆرگىنىمدىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىكەن، — دېدى.

سۇڭ جياڭ ئەل بولغان سەركەردە گېڭ گۈڭنى چاقىرغۇزۇپ كېلىپ ئۇنىڭدىن: «سىز بۇ يەردە ئۇزاقتىن بۇيان تۇرۇپ كەلگەنىكەنسىز، بۇ تاغنىڭ ئوي ـ دۆڭلىرىدىن جەزمەن خەۋىرىڭىز بارغۇ دەيمەن، شۇ گۇەنجۇڭنىڭ خەرىتىسى بويىچە ئويتاغ ئايماقنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆك كۆلى تېغى دەپ ئاتىلىدىكەن، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى.

— چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى دەرۋىشمۇ كۆك كۆلى تېغى دېگەندەك قىلغانىدى، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، — دېدى لى كۈي.

— بۇ تاغ بەرھەق كۆك كۆلى تېغى، ئۇنىڭدىكى ھاڭ تاشلار خۇددى شەھەر تۇزۇلۇشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ يەر بۇرۇنقىلار چېرىكلەرنى مۆكتۈرىدىغان جاي بولغانىكەن. يېقىنقى كۈنلەردە

بۇ يەردىكىلەر بۇ تاغدا روھ ـ ئەرۋاھلار شاپائەت قىلىشىپتۇ، كېچىلىرى ھاڭ تاشلىقنىڭ ئارىسىدىن قىزىل نۇر چىقارىمىش دەۋاتقان، ئوتاقچىلار ھاڭ تاشلىقنىڭ يېنىغا بارسا ئاجايىپ بىر خىل مەززىلىك پۇراق چىقارىمىش، ــ دەپ جاۋاب بەردى گېلىڭ گۇڭ.

ــ ئۇنداق بولسا لى كۇينىڭ كۆرگەن چۈشكە باب كەپتۇ ـ دە، ــ دېدى سۇڭ جياڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن.

شۇ كۈنى لەشكەرلەر ئاتمىش چاقىرىم يول مېڭىپ قوش تىكىپ ئورۇنلاشتى. يول ئۈستىدە ھېچقانداق ۋەقە بولمىدى. بىر كۈنگە قالمايلا چۆگۈن چاقسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بەش چاقىرىم كېلىدىغان جايغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. چۆگۈن چاقسا ئەسلىدە تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە بولۇپ، شەكلى بەئەينى چۆگۈننىڭ ئۆزى ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جايغا قوۋۇق بىنا قىلىنغان بولۇپ، چۆگۈن چاقسا دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، تاغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى موزاي تېغى چۆگۈن چاقسىنىڭ ئېتىكىگە تۇتاش ئىدى. چۆگۈن چاقسا دەل ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، جاۋدې شەھىرىدىن سەكسەن چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى. ئۇ جاۋدې شەھىرىگە ئۆتۈشتە مۇھىم جاي ئىدى. ئۇنى تيەن خۇنىڭ قول ئاستىدىكى قەھرلىك سەككىز سەركەردە خىللانغان ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن ساقلاپ ياتاتتى. بۇ قەھرلىك سەككىز سەركەردە تۆۋەندىكىچە:

شەن شىچى، لۇ خۇي، شى دىڭ، ۋۇ چېڭ، جوڭ لياڭ، يۈن زۇڭۋۇ، ۋۇ سۇ، جو جىڭ.

شەن شىچى ئەسلىدە چىنجۇ ئايمىقىدىكى بىر باينىڭ ئوغلى بولۇپ، كۈچتە باشقىلارنى بېسىپ چۈشەتتى. كالتەك ـ نەيزىگە ماھىر ئىدى. ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، گۇناھىدىن قورقۇپ تيەن خۇغا قوشۇلغان. ئۇ ياۋغا تاقابىل تۇرۇشتا تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن قورچاق سۇركاۋۇللۇققا قويۇلغانىدى، ئۇ قىرىق جىڭ كېلىدىغان چويۈن گۇرزە تۇتاتتى، ماھارەتتە

پىشقاندى. تيەن خۇ ئوردىدىن سۆك جياڭ قاتارلىقلارنى لەشكەر بىلەن ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى چۆگۈن چاقىسىنى ساقلاۋاتقان لۇ خۇيلارغا ھەمدەم بولۇشقا خىللانغان بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن جاۋدىغا ئەۋەتكەن، شۇ يەردىكى لەشكەر يۆتكەش ئىشلىرىنى ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىشنى، زۆرۈرىيىتى بولمىسا، مەلۇمات يوللىماسلىقنى بۇيرۇغان.

شەن شىچى چۆگۈن چاقىسىغا كەلگەندىن كېيىن گەيجۇنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سۆك جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ جەزمەن باستۇرۇپ كېلىپ چاقىسىغا تېگىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ھەر كۈنى لەشكەرلىرىگە مەدەت بېرىپ، ئاتلىرىنى تازا بېقىپ، ياۋ بىلەن ئېلىشىشقا ھازىرلىق كۆرۈپ تۇرغاندى. تۇيۇقسىزدىنلا سۆك جياڭنىڭ لەشكەرلىرى چاقىسىنىڭ تۆۋەن يېنىدىن بەش يول يىراقلىقتا كېلىپ قوش تىكىپ جايلىشىپتۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. شەن شىچى بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكەرنى ئېپدىتلاپ، شى دىڭ، جۇ جىڭ، جۇڭ لياڭلار بىلەن بىللە جابدۇنۇپ ئاتقا مىندى ــ دە، لەشكەرلەرنى ئېلىپ ياۋغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن چاقىسىدىن چىقتى. ئۇ سۆك خانلىقى لەشكەرلىرىگە روبىرو سەپ تارتتى. ئىككى تەرەپ ئوق ئۈزۈشۈپ سەپراس بولۇپ تۇرۇشتى، ھەر ئىككى تەرەپتىن ناغرا ــ دۇمباق ئاۋازلىرى چىقتى. رەڭگارەڭ تۇغ ــ ئەلەملەر شامالدا جەۋلان قىلدى. يۇقىرىقى سەپنىڭ نىشان تۇغى ئاستىدا بىر سەركەردە ئاتلىق قېتىپ تۇراتتى. قارىسىڭىز، ئۇ شۇنداق جابدۇنغانكى:

بېشىغا كىيگەن قامالىق ساۋۇتنى چۆكۈرۈپ،
مىسلى قاسىراقتەك قۇياق كىيگەن راسا قاملاشتۇرۇپ.
گۈل تىكىلگەن قىپقىزىل تاۋار تونىنىڭ ئۈستىگە،
شىر سۈرەت بەلباغ چىگىپتۇ كەھرىۋادىن كۆز قويۇپ.
كىشنەيدۇ توختىماستىن قارا ئايغىر ئاستىدا،
ئېتىلىپ چىقتى بۇ باتۇر گاڭ ــ پولات سوقماق تۇتۇپ.

www.uyghurkitap.com

نامى شەن شىچى ئۇنىڭكى ئۆزى سۇركاۋۇل بېگى،
كەلدى چۆگۈن چاقسىغا بۇ يېڭى سەردار باستۇرۇپ.

شەن شىچى بىر نەرە تارتقاندىن كېيىن:

ــ سازلىق قاراقچىلىرى، تەۋەيىمىزگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا قانداق ئەيمىنمەي كېلىشتىڭ ! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ تەرەپتىن قاپلانباش لىن چۇڭ ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىپ:

ــ يامانغا يانتاياق بولغان خۇمسى، تەگرى لەشكەرلىرى كەلدى، يەنە بويۇنتاۋلىق قىلامسەن ! ــ دەپ دوق قىلدى ـ دە، ئېتىنى دېۋىتىپ چاپتۇرغان پېتى شەن شىچىغا ئېتىلدى. ئىككى سەركەردە جەڭ مەيدانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كېلىشتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشتى، بۇ ئىككى ئاتلىق تازا تۇتۇشتى، ئۇلارنىڭ قول ـ بىلەكلىرى گىرەلىشىپ، ئاتلىرىنىڭ پۇتلىرى ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ كەتتى. ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشىپمۇ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. لىن چۇڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا قايىل بولدى. جۇ جىڭ شەن شىچىنىڭ يېڭەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېتىنى دېۋىتىپتى ـ دە، قىلىچىنى كۆتۈرگەن پېتى ھەمدەمگە كەلدى. بۇ تەرەپتىن پەيسىز ئوق جاڭ چىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك چېپىپ كەلدى. تۆت ئاتلىق سەركەردە نەيزە ئەنداز، خەنجەر ئەنداز[1] بولۇپ ئېلىشتى. جاڭ چىڭ جۇ جىڭ بىلەن يىگىرمە نەچچە مەرتەم ئېلىشىپ، ئاجىز كېلىپ قالغانلىقتىن، ئېتىنى قامچىلىغان پېتى قاچتى. جۇ جىڭ ئارقىدىنلا ئات سېلىپ قوغلاپ كەلدى. جاڭ چىڭ نەيزىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ تۇرۇپ، خالتىسىدىن بىر تال تاشنى ئالدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ تۇرۇپ جۇ جىڭنىڭ يۈزىنى چەنلەپ تاشنى بىر ئېتىۋىدى، «تەگ» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ جۇ جىڭنىڭ قاڭشىرىغا تېگىپ، ئۇنى ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈردى ـ دە، چاچراپ قان ئېقىشقا باشلىدى. جاڭ چىڭ ئېتىنىڭ

---

① ئەنداز ــ پارسچە سۆز بولۇپ، ئاتقۇچى، تاشلىغۇچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە نەيزىچى، خەنجەرچى سۈپىتىدە ئېلىشتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

تىزگىنىنى تارتىپلا كەينىگە قايتىپ، نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ سانجىماق بولۇپ ئۇدۇل كەلدى. يۇقىرىقى سەپ ئىچىدىن شى دىڭ، جۇڭ لياڭلار دەرھال ئات سېلىپ تاراسلاپ چىقىپ كېلىپ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى. چاقسا ئۇستىدىكىلەر بىر سەركەردىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، شەن شىچىنى بىرتە ـ يېرىم كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ جاڭ چېلىپ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. سۇڭ جياڭمۇ جاڭ چېلىپ لەشكەرلىرىنى يىغىپ قوشقا قايتتى. ئۇ ۋۇ يۇڭغا:

— بۈگۈن ئوغرىلارنىڭ سەركەردىسىدىن بىرنى ئۆرۈپ، ھەيۋىسىنى بىر ئاز سۇندۇردۇق، قارىسام، تاغنىڭ ئەپتى خەتەرلىكتەك قىلىدۇ، چاقسا مەزمۇتتەك تۇرىدۇ، ئۇنى ئېلىشقا قانداق پەم ئىشلەتسەك بولاركىن؟ — دەپ مەسلىھەت سالدى.

— ئەتە يەنە چاقسا ئالدىغا بېرىپ جەڭگە ئۇندەيلى، ھېلىقى قاراقچى سەركەردىنى جەزمەن ئۆلتۈرسەك، قېرىنداشلىرىمىز بىراقلا كۆچەپ بۆسۈپ كىرىسە، — دېدى لىن چۇڭ.

— سەركەردەم، بولماسىمكىن، سۇن ۋۇ: «يېڭەلمىسەڭ ساقلا، يېڭەلىسەڭ تېگىش قىل» دەپتىكەن. ياۋنى تېخى يېڭەلمىگەنىكەنمىز، ئۆزىمىزنى چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك. ياۋنى يېڭەلىسەك، ئاندىن ئۇنىڭغا باستۇرۇپ بېرىشقا بولىدۇ، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— مۇشاۋىرىمىزنىڭ سۆزى ناھايىتى ئورۇنلۇق بولدى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

ئەتىسى لىن چۇڭ، جاڭ چىڭلار سۇڭ تۇرشاۋۇلدىن لەشكەر تارتىپ جەڭگە ئۇندەشكە ئىجازەت سورىدى.

— ئۇلارنى يەڭگەندىمۇ، يېنىكلىك بىلەن چاقسىغا چىقىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە شۇ نىڭ، سو چاۋلارنى لەشكەر تارتىپ بېرىپ ھەمدەم بولۇشقا بۇيرۇدى، لىن چۇڭ، جاڭ چىڭلار بەش مىڭ لەشكەر باشلاپ چاقسا يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى جەڭگە چاقىرىمىز دەپ ئەتىگەندىن

چۈشكىچە تۈغ ـ ئەلەملەرنى لەپىلدەتتى، ناغرا ـ سۇناي چالدى، تىل ـ ھاقارەت سالدى، لېكىن چاقسا ئۈستىدىن ھېچبىر شەپە بولمىدى. لىن چۈڭ جاڭ چىڭ بىلەن بىللە ئۆز قوشىغا قايتايلى دەپ تۇرۇشىغا، چاقسا ئىچىدىن توپ ـ بومبىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ چاقسا دەرۋازىسى ئېچىلىپ، شەن شىچى باشلىق ۋۇ سۇ، شى دىڭ، ۋۇ چېڭ، جۈڭ لياڭلار ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن چاپتۇرۇپ چىقتى.

— قاراقچىلار بىزنىڭ ھارغانلىقىمىزدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتىدۇ، بىز غەيرەت بىلەن قارشى چىقايلى، — دېدى لىن چۈڭ جاڭ چىڭغا قاراپ.

ھىماتچى قوشۇندىكى سۇ چاۋ، شۇ نىڭلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ تەڭلا ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى. ئىككى تەرەپ سەپ تارتىشىپ، لام ـ جىم دېمەيلا ئۆز رەقىبىگە ئېتىلىپ بېرىپ تۇتۇشۇپ كەتتى. لىن چۈڭ ۋۇ سۇ بىلەن ئېلىشتى. شەن شىچى ئات سېلىپ چىقىۋىدى، جاڭ چىڭ ئالا سايلىق نەيزىسى بىلەن ئۇنى توسۇۋالدى. ۋۇ چېڭ بىلەن شى دىڭ تەڭلا سەپتىن چىقىشىغا، سۇ چاۋ ئايپالتىسىنى ئوينىتىپ ئۇ ئىككىسىگە ئات سالدى. شۇ ئەسنادا ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى ئاسمان ـ زېمىننى قاپلىدى، يەتتە ئاتلىق چاڭ ـ توزانلار چىقىرىپ تويلىشىپ ئېلىشىۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىشى خۇددى قويۇق تۇمان ئىچىدىكى ئادەملەردەكلا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆز رەقىبى بىلەن توختىماي ئېلىشتى. جەڭ تازا قىزىپ كەتكەن پەيتتە، قاپلانباش لىن چۈڭ بىر نەرە تارتتى ـ دە، ۋۇ سۇنى بىر نەيزە ئۇرۇپلا ئاتتىن ئۆرۈۋەتتى. سۇ چاۋ بىلەن تازا ئېلىشىۋاتقان ۋۇ چېڭ، شى دىڭلار ۋۇ سۇنىڭ ئاتتىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن شى دىڭ چاندۇرۇپ قويغان بولۇپ ئېتىنى قامچىلىغان پېتى ئۆز سېپىگە قاراپ قاچتى. ۋۇ چېڭ شى دىڭنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايپالتىدىن ئۆزىنى



www.uyghurkitap.com

قاچۇرۇپ قاچماقچى بولۇشقا، سۇ چاۋ بىر پالتا بىلەنلا ئۇنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى. شەن شىچى ئىككى سەركەردىسىنىڭ چېپىپ تاشلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ــ دە، ئۆز سېپىگە قاراپ قاچتى. جاڭ چىڭ قوغلاپ كېلىپ، قولىدىكى تاشنى بىر ئېتىۋىدى، «جاڭگىدە» قىلىپ شەن شىچىنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ كەينىگە تەگدى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن شەن شىچى ئېگەرگە يېتىۋالغان پېتى قېچىپ كەتتى. جۇڭ لياڭ دەرھال لەشكەرلىرىنى ئېلىپ چاقىسىغا قاراپ مېڭىشىغا، لىن چۇڭلار كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ قىر ــ چاپ قىلدى. تيەن خۇ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. شەن شىچى لەشكەرلىرىنى باشلاپ قاچقان پېتى چاقىسىغا كىرىپ، دەرۋازىنى تاقىۋالدى. لىن چۇڭلار تاكى چاقسا يېنىغىچە چاپ ــ چاپ بىلەن باردى، چاقىسىدىكىلەر ئوق ــ تاش ياغدۇرۇۋەتكەنلىكتىن، چاقىسىغا كىرەلمەي قالدى. لىن چۇڭنىڭ سول مۈرىسىگە بىر ئوق تەگكەندى. ئۇ لەشكەرلىرىنى يىغىپ قوشقا قايتتى. سۇڭ جياڭ ئەن داۋچۈەننى چاقىرتىپ لىن چۇڭنىڭ يارىسىنى داۋالاشقا بۇيرۇدى. قۇياغ قېلىن بولغاچقا، ئىچى يارىدار بولمىغانىدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

شەن شىچى چاقىسىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى ئېدىتلاپ كۆرسە، ئىككى مىڭدىن كۆپرەك لەشكىرىگە، ئىككى سەركەردىسىگە تالاپەت يېتىپتۇ. ئۆزىچىلا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ۋېيشېڭدىكى سەنشى شاھىغا سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى خىل، سەركەردىلىرى قەيسەر بولغانلىقتىن، تەڭ كەلگىلى بولمايۋاتىدۇ. چاقىسىنى ساقلاشقا قاۋۇل سەركەردىلەر ئەۋەتىلسە، يۇرت ــ ئايماقنى ئامان ــ ئېسەن قوغداپ قالغىلى بولاتتى دەپ ئادەم ئەۋەتتى. يەنە موزايتاغنى ساقلاپ ياتقان سەركەردە تاڭ بىن، ۋېن جۇڭرۇڭ، سۇي يېلار بىلەن موزايتاغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن خۇپىيانە چىقىپ، سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ كەينىدىن قورشىۋېلىشنى پۈتۈشمەك بولدى. ۋاقىتنى

پوتۇشكەندىن كېيىن توپ ئاۋازىنى بەلگە قىلماق بولدى. ئۇ:

— مەن بۇ يەردىن لەشكەرلىرىمنى باشلاپ چاقىسدىن باستۇرۇپ چىقىمەن، ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئالىدىغان بولساق، جەزمەن تولۇق يېڭىمىز، — دېدى.

مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن ئۇ چاقىسنى چىڭ ساقلاپ تاڭ يېنىلارنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ ياتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى سۆزنى سۇڭ جياڭدىن ئاڭلاڭ. سۇڭ تۇرشاۋۇل چۆگۈن چاقىسا مۇھىم توسۇق ئىكەنلىكىنى، يېقىن ئارىدا ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. شۇ ئارىدا يېرىم ئايچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ بارگاھ ئىچىدە ئىچى پۇشۇپ غەم بىلەن ئولتۇرغاندا، ۋېيجۇ ئايمىقىدىن سەركەردە گۇەن شېڭدىن مەخپىي خەت ئېلىپ بىر ئادەم كەپتۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ بىلەن ئالدىراش خەتنى ئېچىپ كۆردى. خەت تۆۋەندىكىچە يېزىلغانىدى:

موزايتاغ تۇراسىدىكى تاڭ بىن ئەسلىدە پۇدۇڭلۇق سىپاھبەگ ئىدى. بۇ ئادەم باتۇر، تۈز بولغاچقا، پېقىر گۇەن شېڭ بىلەن مەردلىك يولىدا دوست بولغانىدى. مۇشتۇمزورلار تەرىپىدىن زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن، تاڭ بىن غەزىپىگە پايلىماي رەقىبىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، پادىشاھلىق تۇتماق بولۇپ جىددىي سۈرۈشتۈرۈپ كەتكەنلىكتىن، پۇدۇڭدىن تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ لياڭشەنگە قوشۇلماقچى بولۇپ، مۇشۇ تاغدىن ئۆتكەندە بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان. بۇ تاغنىڭ ئاتامانلىرى ۋېن جوڭرۇڭ، سۈي يېلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندا، ئۇ ئىككىسىنىڭ كۈچى يەتمەي ئۇنى تاغقا تەكلىپ قىلىپ چىقىپ، تاغنىڭ پاسىبانلىقىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئۆتكەن يىللاردا تيەن خۇ چۆگۈن چاقىسنى تارتىۋالماق بولۇپ، ئۇنى باش ئېگىشكە ئۈندىگەن، تاڭ بىن ئەسلىدە باش ئېگىشنى خالىمىغان بولسىمۇ، ئۆزى يالغۇز كېلىپ قالغانلىقتىن نائىلاج ئىتائەت قىلغان. لېكىن، يەنىلا تۆۋەن تەرەپتىن كېلىدىغان لەشكەرلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، مۇشۇ تاغنىڭ بىر مۆڭگۈزى بولۇپ تۇرۇپ قالغان. يېقىندا پېقىرنىڭ ۋېيجۇ ئايمىقىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىمنى ئاڭلاپتۇ. يېڭى يىل بايرىمىدا ۋېيجۇغا يوشۇرۇنچە ئۆزى يالغۇزلا



www.uyghurkitap.com

كىرگەنىكەن، شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئاغىمىزنىڭ سادىق ـ مەردلىكىنى ئاڭلاپ تەڭرىقۇتقا بويسۇنماق بولغانىكەن، ئاغىمىزنىڭ تۇغى ئالدىغا كېلىپ باش ئېگىپ، ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇماقچى بولغانىكەن. پېقىر يالغۇز ئۆزۈم تالڭ بىن بىلەن بىللە ئاتلىق موزايىتاغقا باردىم، ۋېن جوڭرۇڭ، سۇي يېلارمۇ ئوچۇق ئادەملەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ قىلچىمۇ بەتنىيەتتە بولمىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ ئىككىسىمۇ بويسۇنۇشقا ماقۇل بولدى. ئەل بولۇش تۆھپىسى سۈپىتىدە چاقسىنى پەيتى كەلگەندە تەقدىم قىلىشنى مەخپىي پۈتۈشتۇق.

سۇڭ جىياڭ مەكتۇپىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ۋۇ يۇڭ بىلەن ھازىرچە لەشكەرلەرنى مىدىرلاتماي تۇرغۇزۇپ، چاقسىدىن قانداق شەپە چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇش، ئاندىن ھەرىكەت قىلىش مەسلىھەتىگە كەلدى.

ئەمدى گەپنى شەن شىچېدىن ئاڭلاڭ. شەن شىچې تالڭ بىنغا لەشكەر ئەۋەتىش توغرىسىدا خۇپىيانە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ ئادەم قايتىپ كېلىپ:

— ھازىرقى كۈندە كېچە سۈتتەك ئايدىڭ بولۇۋاتىدۇ، ئاي قاراڭغۇسى بولغان چاغدا تېگىش قىلساق، ياۋ سەزمەي قالىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ، — دېدى شەن شىچې.

ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىمۇ تېگىش قىلمىدى. بىردىنلا تالڭ بىن بىر قانچە ئاتلىقنى باشلاپ موزايىتاغدىن چاقسىغا كەلدى دېگەن خەۋەر كەلدى. بىر پەستىن كېيىن تالڭ بىن چاقسىغا كىرىپ شەن شىچې بىلەن كۆرۈشتى.

— بۈگۈن كېچە ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە ۋېن جوڭرۇڭ، سۇي يېلار بىر تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ يوشۇرۇن ھالدا موزايىتاغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى يولغا چىقىدىغان بولدى. لەشكەرلەر

يىپنىڭ جابدۇنىدۇ، ئاتنىڭ قوڭغۇراقلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. تاڭ سۇزۇلۇشتىن ئىلگىرى جەزمەن سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى تۇرغان قوشنىڭ ئارقىسىغا يېتىپ بارىدۇ. سىلەر دەررۇ چاقسىدىن چىقىپ ھەمدەمدە بولۇڭلار، ــــ دېدى تاڭ بىن.

ــــ ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئالساق سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى جەزمەن يېڭىلىدۇ! ــــ دېدى شەن شىچى خۇشال بولۇپ، ئاندىن تاڭ بىننى مەي ـ شاراب بىلەن مېھمان قىلدى. گۈگۈم چۈشكەندىن كېيىن يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا تاڭ بىن چاقسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپنى كۆزىتىپ:

ــــ بۇ قانداق ئىش! بىرنەچچە ئادەم چارلاپ يۇرىدۇغۇ، ــــ دېدى ـ دە، يىگىتلىرىنىڭ ئوق ساداقى ئىچىدىن ئىككى تال ئوق ئېلىپلا چاقسىنىڭ سىرتىغا ئاتتى، بۇ چاقسىنىڭ ئېلىنغۇسى كەلگەن بولسا كېرەك، چاقسىنىڭ سىرتىدا ھەقىقەتەنمۇ بىرنەچچە لەشكەر سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ ئەمرىگە بىنائەن قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ، چاقسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىلى كەلگەنىدى. تاڭ بىن ئاتقان ھېلىقى ئوق دەل بىر لەشكەرنىڭ ئوڭ كاسىسىغا تەگدى. ئۇ لەشكەرنىڭ كاسىسى ئاز ـ تولا ئاغرىغان بولسىمۇ، ئوقنىڭ ئۇچى يوقتەك تۇيۇلدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ھېلىقى لەشكەر ئوقنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق قارىۋىدى، ئوقنىڭ ئۇچىغا نەچچە قەۋەت مەخمەل ئورالغانىكەن. ئۇ ئىشنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تېزلىك بىلەن قوشقا قايتىپ ـ دە، سۇڭ تۇرشاۋۇلغا مەلۇم قىلدى. سۇڭ جياڭ شامنىڭ يورۇقىدا ئۇنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، چىۋىننىڭ پۇتىدەك يېزىلغان بىرنەچچە قۇر خەت بار ئىكەن. بۇ بولسا، تاڭ بىننىڭ مەخپىي خېتى ئىدى، ئۇنىڭدا: «ئەتە تاڭ سەھەردە چاقسىنى تەقدىم قىلىمەن، ۋېن جۇڭرۇڭ، سۇي يىلار لەشكەر ئېلىپ تۇرشاۋۇل قوشنىڭ كەينىگە مەخپىي ئۆتىدۇ. توپ ئېتىلغان ھامان، چاقسىدىكىلەر باستۇرۇپ چىقىپ ھەمدەمگە ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا تاڭ بىن بۇ يەردە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاقسىنى تارتىۋالىدۇ. سۇڭ تۇرشاۋۇل



www.uyghurkitap.com

چاقسىدىن كىرىشكە تېزلىك بىلەن ھازىرلىنىپ تۇرغايلا !»
دېيىلگەنىدى. سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ۋۇ يۇڭ
بىلەن تەييارلانماق بولۇپ مەخپىي مەسلىھەتلەشتى.
— سەردار گۇەن شېڭدا گەپ يوق، لېكىن ياۋ لەشكەرلىرى
ئارقىمىزدىن كېلىدىغان بولغاچقا، تەييارلىنىپ قويمىساق
بولمايدۇ. سۈن لى، جۇ تۇڭ، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگو، يەن
شۈنلەر بىر تۈمەن لەشكەر ئېلىپ، ھېچقانداق تىۋىش چىقارمايلا
قوش كەينىدە مۆكۈپ تۇرسۇن. مۇبادا ۋېن جۇڭرۇڭ، سۇي
يېلارنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگۈدەك بولسا، بىزنىڭ
لەشكەرلىرىمىز بۇ چاقسىنى ئېلىپ بولغانغا قەدەر، ئۇلار بىزنىڭ
قوشىمىزغا يېقىنلاشمىسۇن. كۆك يارار چاچما ئوقلۇق توپلارنىڭ
ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن يېقىنلاشسۇن. يەنە شۇ نىڭ،
سو چاۋلار بەش مىڭ لەشكەر ئېلىپ قوشنىڭ كۈنچىقىش
تەرىپىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرسۇن؛ لىن چۇڭ، جاڭ چىڭلار بەش مىڭ
لەشكەر ئېلىپ قوشنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە يوشۇرۇنۇپ
تۇرسۇن. قوش ئىچىدىن توپ ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭ ئىككى
تارام لەشكەر تەڭلا چىقىپ ھەمدەم بولسۇن، ئاندىن
لەشكەرلىرىمىز قوشۇلۇپ قىر - چاپ بىلەن چاقسىغا
چېقىلسۇن. ناۋادا ئۇلار ھىيلە ئىشلەتسە، دەرھال كېلىپ ھەمدەم
بولسۇن، — دېدى ۋۇ يۇڭ.
— مۇشاۋىر نەقەدەر مۇكەممەل ئويلانغان ! — دېدى سۇڭ
جياڭ ۋە شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا مەسلىھەت بويىچە بۇيرۇق
چۈشۈردى، سەردارلار بۇيرۇق ئېلىپ تەييارلىنىشقا كەتتى.
ئەمدى گەپنى شەن شىچىدىن ئاڭلاڭ. ئۇ چاقسا ئىچىدە تاڭ
بىننىڭ مەسلىھەتى بويىچە سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ قوشى
كەينىدىن توپ ئاۋازى كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. تاڭ
سۈزۈلگەندىن كېيىن چاقسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئېتىلغان
توپنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، تاڭ بىن شەن شىچى بىلەن چاقسا
ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ قوشى

www.uyghurkitap.com

ئارقىسىدا چاڭ ـ توزانلار كۆتۈرۈلۈپ، تۇغ ـ ئەلەملەر ئۆچۈپ تۇرۇپتۇ.

ـــ بۇ جەزمەن ۋىن جۇڭرۇڭ، سۈي يې ئىككى سەردارنىڭ لەشكەرلىرى، ئەمدى چاقىسىدىن دەرھال چىقىپ ھەمدەمگە بارايلى، ـــ دېدى تاڭ بىن.

شەن شىچى شى دىڭ بىلەن خىللانغان بىر تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ، ئالدى بىلەن چاقىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. تاڭ بىن، لۇ خۇيلارنى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن ئارقىدىنلا ھەمدەمگە ئۆلگۈرۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى. جۇ جىڭ، جۇڭ لياڭلارنى چاقىسىنى مەھكەم ساقلاپ تۇرۇشقا قالدۇردى. سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى چاقىسىدىكىلەرنىڭ باستۇرۇپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئارقىغا چېكىندى. شەن شىچى ئالدىدا لەشكەرلەرنى باشلاپ باستۇرۇپ كەلدى. بىردىنلا توپنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى ئوڭ ـ سول ئىككى تەرەپتە چاپ ـ چاپقا ئۆتتى. تاڭ بىن سۇڭ خانلىقىنىڭ ئىككى تارام لەشكىرىنىڭ يۇسۇپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنى بۇراپلا لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ چاقىسىنى تارتىۋالدى ۋە چاقىسىنىڭ سىرتىدا نەيزىسىنى توغرىسىغا تۇتۇپ تۇرۇۋالدى. شەن شىچى، شى دىڭلار بۆلۈنۈپ جەڭ قىلىشىۋاتقاندا، سۇڭ جياڭنىڭ قوشىدىن يەنە توپ ئېتىلىشى بىلەن لى كۈي، باۋ شۈ، شياڭ چۇڭ، لى گۈنلار سۈپەرچىلەرنى باشلاپ چاپ ـ چاپ بىلەن ئېتىلىپ كەلدى. شەن شىچى ئۇلارنىڭ تەييارلىقى بارلىقىنى بىلدى ـ دە، دەرھال لەشكەرلىرىنى ياندۇرۇپ چاقىسىغا كەلدى. چاقىسا ئالدىدا ئاتقا مىنىپ تۇرغان سەردار قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

ـــ تاڭ بىن مۇشۇ يەردە، چۈگۈن چاقىسا سۇڭ خانلىقىغا ئۆتۈپ كەتتى. شەن شىچى، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بول! ـــ دەپ ۋارقىراش بىلەنلا نەيزىسىنى بىرلا ئۇرۇپ جۇ جىڭنى ئۆلتۈردى. شەن شىچى قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، نىمە

قىلارنى بىلەلمەي، ئۇن نەچچە ئاتلىقنى ئېلىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماستىن كۈنپېتىش تەرەپتىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. لىن چۇڭ، جاڭ چىڭلار چاقسىنى تارتىۋېلىش كويىدا بولغانلىقتىن، ئۇنى قوغلىمىدى، بەلكى لەشكەرلىرىنى باشلاپ چاقسىغا باستۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدا لى كۇيلار پىيادىلەرنى باشلاپ چاقسىغا چىقىپ بولغانىدى، بەلگە توپى ئېتىلىش بىلەن تەڭ ئۇلار تاڭ بىن بىلەن بىللە چاقسىنى ساقلاپ ياتقان لەشكەرلەرنى قىر - چاپ قىلىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. جۇڭ لياڭ ئۆلتۈرۈلدى، چاقسا سىرتىدا تۇرغان شى دىڭنى شۇ نىڭ ئۆلتۈردى. تيەن خۇنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. تاشلىنىپ كەتكەن دۇبۇلغا - قۇياغ، ئاتلار سان - ساناقسىز ئىدى. ئىككى مىڭدىن كۆپرەك لەشكەر ئۆلتۈرۈلگەن، بەش يۈزدىن ئارتۇق لەشكەر تۇتۇلغان، ئەل بولغانلار تېخىمۇ كۆپ ئىدى.

هايال بولمايلا سۇڭ تۇرشاۋۇل باشچىلىقىدىكىلەرنىڭ چوڭ قوشۇنى رېتى بويىچە چاقسىغا كىردى. تاڭ بىن ئاتتىن چۈشۈپ سۇڭ جياڭغا تەزىم قىلدى - دە:

— پېقىر تاڭ بىن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان، تۇرشاۋۇلنىڭ رەھىمدىل، مەرد ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ چاغلاردا چوڭ تۇراغا قېتىلاي دېگەن نىيەتتە بولغان بولسامۇ، بىرەر ئېپىنى قىلالماي مۇبارەك يۈزلىرىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولماي كەلگەنىدى. بۈگۈن مۇشۇ پۇرسەت بىلەن پېقىر ئاياغلىرىدا خىزمەتتە بولۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇيۇم ئىدى، — دېدى ۋە يەنە تەزىم قىلدى. سۇڭ جياڭ ئىلىك ئېلىش ئورنىغا، ئالمان - تالمان بېرىپ يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— سەردارىم، ئوردىغا باش ئېگىپ، پېقىر بىلەن بىللە ئىسيانچىلارنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇشقا ئاتلانىدىلا، پېقىر ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن جەزمەن تەڭرىقۇتقا مەلۇم قىلىمەن، سىلى

كاتتا ئىنئاملارغا ئېرىشىدىلا، ــــ دېدى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سۇن لى باشلىق سەردارلار ۋېن جۇڭرۇڭ، سۇي يېلار بىلەن بىللە ئىككى تارام قوشۇننى ئېلىپ، چاقسا سىرتىغا كېلىپ جايلىشىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. سۇڭ جياڭ ۋېن جۇڭرۇڭ، سۇي يې ئىككى سەردارنى چاقسىغا چاقىرتىپ كۆرۈشتى، سۇن لى باشلىق ئاتامانلار لەشكەرلىرى بىلەن ۋاقتىنچە چاقسىنىڭ تېشىدا تۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى. ۋېن جۇڭرۇڭ، سۇي يېلار چاقسىغا كىرىپ، سۇڭ تۇرشاۋۇلغا تەزىم بەرگەندىن كېيىن:

ــــ بىز بەختىمىزگە يارىشا ئاياغلىرىدا ئىشلەشكە مۇيەسسەر بولدۇق، بۇيرۇقلىرىغا پەرمانبەردارمىز، ــــ دېيىشتى.

ــــ سەردارلىرىم، ــــ دېدى سۇڭ جياڭ خۇشال بولۇپ، ــــ ئۇشبۇ چاقسىنى ئېلىشتا بىرمۇنچە ئەجىر - خىزمەت كۆرسەتتىڭلار، پېقىر ئەجىر - خىزمەت رويخېتىگە بىر - بىرلەپ ئېنىق تىركەپ قويىمەن.

ئاندىن دەرھال زىياپەت سورۇنى هازىرلاپ، تاڭ بىننى ۋە بۇ ئىككىيلەننى قۇتلۇقلىدى، چاقسىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى لەشكەرلەرنى ئېيدىتلاپ كۆرسە، ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق كىشى يىغىلدىن ئەل بولۇپ قوشۇلۇپتۇ. مىڭدىن ئارتۇق جەڭ ئېتى ئولجا ئېلىنىپتۇ. سەردارلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەجىر - خىزمەتلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. سۇڭ تۇرشاۋۇل سەردار - لەشكەرلىرىنى تارتۇقلاپ بولغاندىن كېيىن تاڭ بىندىن جاۋدېدىكى لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشتى. تاڭ بىن:

ــــ شەھەر ئىچىدە ئەۋۋىلىسىدە ئۈچ تۈمەن لەشكەر بار ئىدى. شەن شىچى بىر تۈمەننى تاللاپ چاقسىنى ساقلاشقا قويدى. هازىر شەھەردە ئىككى تۈمەن لەشكەر، ئوڭ - سول قول سەرداردىن جەمئىي ئونى بار، ــــ دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ ئون سەردار مۇنۇلار:

يې شېڭ، جىن دىڭ، سۇن چى، خۇاڭ ماۋ، لېڭ نىڭ، ۋېڭ كۈي، دەي مېي، ياڭ چۈن، نيۇ گېڭ، سەي زې.

— تيەن خۇ چۆگۈن چاقسىنى جاۋدې ئۇچۈن دالدا قىلىپ كەلگەننىدى. ھازىر بۇ چاقسا ئېلىنىدى، تيەن خۇنىڭ بىر قولى ئۈزۈپ تاشلانىدى. گەرچە مېنىڭ قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمىسىمۇ، تۇرشاۋۇل قوشۇن بىلەن جاۋدېنى ئېلىشقا بېرىشنى خالايمەن، — دېدى تاڭ بىن يەنە.

شۇ چاغدا لىڭچۇەندىن ئەل بولغان سەردار گېڭ گۇڭ تاڭ بىن بىللە تۇرشاۋۇل قوشۇن بولۇپ مېڭىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن سۇڭ جياڭ ۋېن جۇڭرۇڭ بىلەن سۆي يېغا قاراپ:

— ئىككىڭلار موزايتاغدا تۇرغان، ئۇ يەرنىڭ شارائىتىدىن خەۋىرىڭلار بار. پېقىر ئىككىڭلارنى ئۆز قوشۇنىڭلار بىلەن يەنە شۇ موزايتاغدا تۇرۇپ، بىر تەرەپكە تاقابىل تۇرۇپ بەرسە دەپ ئويلىۋىدىم. مەن جاۋدېنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن سەردارلار بىلەن كۆرۈشسەم، ئىككىڭلارنىڭ ئويىچە قانداق بولىدىكىن؟ — دېدى.

— تۇرشاۋۇلنىڭ پەرمانىنى ئورۇنلىماسلىققا ھەددىمىزمۇ؟ — دېيىشتى ۋېن جۇڭرۇڭ، سۆي يېلار تەڭلا.

مەي - شاراب تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى سەردار سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن خەيرلىشىپ، موزايتاغقا يۈرۈپ كەتتى.

ئەتىسى سۇڭ تۇرشاۋۇل بارگاھقا چىقىپ، دەي زۇڭنى جىننىڭدىكى لۇ تۇرشاۋۇلنىڭ قېشىغا بېرىپ جەڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تېز قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. دەي زۇڭ بۇيرۇقنى ئېلىپ كەتتى. سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ بىلەن بىرلىكتە لەشكەرلەرنى ئايرىپ جاۋدېغا تېگىش قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. تاڭ بىن، گېڭ گۇڭلار بىر تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ شەھەرنىڭ تۆۋەنكى قوۋۇقىغا تېگىش قىلماقچى بولدى. ۋېيشېڭدىن ياردەمچى

www.uyghurkitap.com

قوشۇنلىرى كېلىپ قېلىپ، ئىچى ـ سىرتىدىكىلەر ھەمدەملىشىپ بۆسۈپ چىقىپ قالسا، ئەپسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۈنپېتىش قوۋۇق بوش قالدۇرۇپ قويۇلىدىغان بولدى. يەنە لى كۇي، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار بەش يۈز پىيادە لەشكەر بىلەن سەكرەتمە قوشۇن بولۇپ، كەلدى ـ باردى ياردەمگە تۇرىدىغان بولدى. سۇن لى، جۇ تۇڭ، يەن شۇنلەر لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قوۋۇقتا كىرگەندىن كېيىن فەن رۇي، ما لىنلار بىلەن چۆگۈن چاقىسىنى ساقلاپ ياتىدىغان بولدى، لەشكەرلەرنى بۆلۈپ بولغاندىن كېيىن سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن ۋۇ يۇڭ خەلىپەت قالغان سەردارلارنى ئېلىپ قوشتىن پۈتۈنلەي قوزغىلىپ، جاۋدي شەھىرىنىڭ تۆۋىنىگە ئون يول كېلىدىغان جايدا قوش تىكىپ ئورۇنلاشتى.

ئەمدى گەپنى ئىككى ياقتىن ئاڭلاڭ. ۋېيشېڭدىكى قورچاق مىرزىبەگ مەھكىمىسىنىڭ سىپاھبېگى، چۆگۈن چاقىسىنى ساقلاپ ياتقان سەردار شەن شىچى جىنىڭدىكى تيەن بياۋنىڭ جىددىي مۇراجىئەت قىلىپ يازغان نامەسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تيەن خۇغا مەلۇم قىلىپ، سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەيۋىتى بەك زور، چۆگۈن چاقسا، جىنىڭلار جىددىي خەۋپ ئىچىدە قالدى، دېدى.

تيەن خۇ ئوردىغا چىقىپ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بىلەن ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتمەكنى مەسلىھەتلەشتى. ئوردا بەگ ـ سىپاھلىرى ئىچىدىن سىرىق تاج، قەقنۇس تون كىيگەن بىراۋ ئوتتۇرىغا چىقتى ـ دە، ئالدىغا كېلىپ:

— خىزمەتكارلىرىدىن ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغايكى، خىزمەتكارلىرى چۆگۈن چاقىسىدىن ياۋنى چېكىندۈرۈشكە بېرىشنى خالايدۇ، — دېدى.

بۇ كىشىنىڭ ئىسمى زاتى چياۋ لىي بولۇپ، ئەسلىدە شەنشىنىڭ جىڭيۈەن دېگەن يېرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئېغىر

ئاياغ بولغاندا، چۈشىدە ئۆيىگە بىر چىلبۆرىنىڭ كىرىپ، كېيىن مارالغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئايان بولغانىكەن. كېيىن چياۋ لىيېنى تۇغۇپتۇ. چياۋ لىي سەككىز ياشقا كىرگەندە نەيزە ـ كالتەك ئوينىتىشقا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. تۆشۈكتاغنى سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ كېلىپ، يات بىر كىشىگە ئۇچرىشىپ قالغاندا، بۇ ئادەم ئۇنىڭغا بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرىدىغان، بۇلۇتقا مىنىپ ئاسمانغا چىقالايدىغان سېھىرگەرلىكنى ئۆگىتىپتۇ. كېيىن توققۇز ئوردا ناھىيەسىنىڭ قوشئەۋلىيا تېغىدىكى دەرۋىشنى زىيارەت قىلىپ بارغان بولسىمۇ، بوۋاكالان ئۇنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماي، شاگىرتى ئارقىلىق ئۇنىڭغا: «سەن غەيرىي دەرۋىشلىكنى ئۆگىنىپتىكەنسەن. ئىلىم ـ سېھىرنى بىلمەيدىكەنسەن. قاچانكى دي①غا يولۇقۇپ بوي ئەگسەڭ، ئاندىن كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈش» دەپ ئۇچۇر چىقىرىپتۇ.

چياۋ لىي سالپىيىپ قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سېھىرگەرلىكىگە تەمەننا قويۇپ، ھەممىلا جايدا تېجىمەللىك قىلىپ يۈردى. ئۇ سېھىرگەرلىككە ئۇستا بولغانلىقتىن، خەقلەر ئۇنىڭغا «سېھىرۋاز» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى. ئۇ كېيىنچە ئەندىڭ ئايمىقىغا كېلىپ تۇرۇپ قالغانىدى. شۇ ئايماقنىڭ كاڭياڭ دېگەن يېرىدە قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، بەش ئايغىچە بىر تېمىممۇ يامغۇر ياغمىغاچقا، ئايماق ئامبىلى: «دۇئا ـ تەكبىر بىلەن يامغۇر ياغدۇرغۇچىلار بولسا ئۈچ مىڭ تىزىق پۇل بىلەن تارتۇقلىنىدۇ» دەپ ئېلان چىقارغان. چياۋ لىي ئېلاننى ئېلىپ، تىلاۋەت سۈپىسىدا تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن قارا يامغۇر ياغقان. ئامبال يامغۇرنىڭ قانغۇچە ياغقانلىقىنى كۆرۈپلا، تارتۇقلاش پۇلىنى بېرىش ـ بەرمەسلىك بىلەن كارى بولمىغان. ئېھتىمال، چياۋ لىينىڭ پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەن بولسا

① دي ــ جاۋدي شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

كىرەك. شۇ يەردە خې سەي ئىسىملىك بىر چالا موللا بولۇپ، شۇ ئايماق خەزىنىچىسىنىڭ يېقىن ئۇلپىتى ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن خەزىنىچىنى تارتۇق پۇلنىڭ يېرىمىنى چىياۋ لىيىگە بەرسەك، قالغىنىنى ئۆزىمىز ئالساق دەپ كۈشكۈرتتى. بۇرۇن خې سەي خەزىنىچىدىن ئۆتنە ئېلىپ ئاز ـ تولا نەپ ئېلىپ تۇراتتى. خەزىنىچى ئۇ ئۇچ مىڭ تىزىق پۇلنى چىياۋ لىيىگە بېرىپ:

ــــ سىپىنىڭ بۇنداق كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك پۇل ھېچنېمە ئەمەس. ماڭا ھازىر جىددىي پۇل ـ پۇچەك لازىم بولۇپ، ئۆزۈم يىغىش قىلالماي، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن ئۆتنە ـ يېرىم قىلىپ تۇرۇۋاتقانىدىم. سەن بۇ پۇللىرىڭنى ماڭا بېرىپ تۇرغىن، خەزىنىدە ساقلاپ بېرەي، كېيىنچە پۇل ـ پۇچەك لازىم بولۇپ قالسا مەندىن ئېلىپ تۇرساڭ بولىدۇ، ــــ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان چىياۋ لىيى قاتتىق غەزەپلىنىپ:

ــــ تارتۇقلىنىدىغان پۇلنى مۇشۇ ئايماقتىكى بايلاردىن يىغىش قىلىغان. سەن نېمە ئۈچۈن يۇتۇپ كەتمەكچى بولىسەن؟ خەزىنىدىكى پۇل ـ پۇچەكنىڭ ھەممىسى پۇقرانىڭ قان ـ تەرى تۇرسا، سەن ئۆزۈڭنىلا سەمرىتىپ ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ يۈرۈپ، ئەلنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئاقسىتىپ قويىدۇڭ، سەن پاسكىنا خىيانەتچىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم، خەزىنە ئۈچۈن بىر زىياندىشنى يوقىتىپ بەرگەن بولامدىمەن ! ــــ دېدى ـ دە، مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى. ھېلىقى خەزىنىچى ئەيش ـ ئىشرەت، شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەن تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال ئادەم بولغاچقا، ئۆزى چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەنىدى. سەل ـ پەل مىدىرلىسىلا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالاتتى. نەدىمۇ ئۇنىڭغا

چىدىيالىسۇن؟ شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە چىياۋ لىيىدىن مۇشت - پەشۋا دېگەنلەرنى تويغۇچە يەپ، ھالى خاراب ھالدا ئۆيىگە قايتتى - دە، تۆت - بەش كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئېغىر يارىدار بولغانلىقتىن، نالە - پەرياد ئىچىدە جەھەننەمگە كەتتى. خەزىنىچىنىڭ قۇشناچىمى ئامبالنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەۋا قىلدى. ئامبالمۇ بۇ ئىشنى ھېلىقى تارتۇقلىغان پۇل كەلتۈرۈپ چىققان بولسا كېرەك، دەپ قىياس قىلدى ۋە ئالاقە يېزىپ قاتىل چىياۋ لىيىنى تۇتۇپ كېلىپ يۇزلەشتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. چىياۋلىيى بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن كېچىلەپ جىگيۇەنگە قايتتى - دە، كۆدە - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئانىسىنى ئېلىپ ۋېيشېڭغا قېچىپ كېتىپ، نام - ئەمەلىنى ئۆزگەرتىپ، رەسمىي دەرۋىش بولۇۋالدى، لىي دېگەن نامىنى چىڭغا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى داۋ چىڭ ئاتىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي تيەن خۇ غەلىيان كۆتۈردى ۋە داۋ چىڭنىڭ سېھىرگەرلىكتىن خەۋىرى بارلىقىنى بىلىپ ئۆز توپىغا قوشۇۋالدى. داۋچىڭ پىتنە - پاسات توقۇپ سېھىرگەرلىك قىلىپ يۇرۇپ، پۇقرالارنى قايمۇقتۇردى. تيەن خۇغا يانتاياق بولۇپ، ئايماق - ناھىيەلەرنى تارتىۋالدى. تيەن خۇ ھەرقانداق ئىشنى داۋ چىڭغا قىلدۇراتتى. ئۇنىڭغا قورچاق ئەل ھامىيسى ئاقىل دەرۋىش، مۇشاۋىر سول قول ۋەزىرلىكنى بەرگەنىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆز زاتىنىڭ نامىنى ئوتتۇرىغا چىقارغانىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى پادىشاھ مۇشاۋىرى چىياۋ داۋ چىڭ دەپ ئاتايتتى. بۇ چاغدا چىياۋ داۋچىڭ تيەن خۇغا: چۆگۈن چاقىسىغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ياۋغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. تيەن خۇ:

— مۇشاۋىرىمىز پېقىرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشۇپ بېرىۋاتىدۇ، — دەپ تۇرۇشىغا، دىۋانبېگى سۇن ئەن دىۋان ئالدىغا كېلىپ:

— پېقىر جىنىنىڭغا لەشكەر تارتىپ بولۇشۇشقا بېرىشنى

خالايدۇ، ــــ دەپ مەلۇم قىلدى.

تيەن خۇ چياۋ داۋچىڭ، سۇن ئەنلەرگە تۆۋەن ياقىدا يۈرۈش قىلغۇچى باش ئالىي سەردار دېگەن نامنى بېرىپ، ھەربىرىگە ئىككى تۈمەندىن لەشكەر ئاجرىتىپ بەرمەك بولدى. چياۋ داۋچىڭ يەنە:

ــــ چۆگۈن چاقسا جىددىي خەۋپ ئاستىدا قاپتۇ. خىزمەتكارلىرى چەۋەندازلىق ماھارىتىمنى ئىشقا سېلىپ كېچىلەپ ھەمدەمگە باراي دەيمەن، ــــ دەپ مەلۇم قىلدى، تيەن خۇ ناھايىتى خۇشال بولدى ـ دە، لەشكىرىي ۋازارەتكە لەشكەر يۆتكەپ، بەگ ـ سىپاھلارنى ئاجرىتىپ، چياۋ داۋچىڭ، سۇن ئەنلەرگە قوشۇپ بېرىشكە پەرمان چۈشۈردى. ۋازارەت ۋازىرى پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بەگ ـ سىپاھلارنى تاللاپ، لەشكەر ئاجرىتىپ، چياۋ داۋچىڭ، سۇن ئەنلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇ ئىككىسى شۇ كۈنى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ سەپەرگە ئاتلاندى.

سۇن ئەن چياۋ داۋچىڭ بىلەن يۇرتداش بولۇپ، ئۇمۇ جىڭيۇەن ناھىيەسىدىن ئىدى. ئۇنىڭ بويى تۆت يېرىم گەز بولۇپ، بىلىنىڭ تومۇلۇقى سەككىز سويام كېلەتتى. ئۇنىڭ لەشكىرىي ئىلمىدىن ئاز ـ پاز خەۋىرى بار بولۇپ، باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان كۈچ-تۈگۈر نەرسە ئىدى. ئۇ جەڭ ماھارىتىنىمۇ قالتىس ياخشى ئۆگەنگەنىدى، قوش زۇلپىقار تۇتاتتى. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ئاتا قىساسىنى ئېلىش يولىدا ئىككى ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ قالغان بولۇپ، پادىشاھلىق ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگەچكە، ئۆيىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ چياۋ داۋچىڭ بىلەن قەدىناس بولغاچقا، چياۋ داۋچىڭنىڭ تيەن خۇنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ۋېيشېڭغا بېرىپ چياۋ داۋچىڭغا قېتىلغانىدى. چياۋ داۋچىڭ

ئۇنى تيەن خۇغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇ ياۋ بىلەن ئېلىشىشتا ئەجىر - تۆھپىلەر كۆرسەتكەنلىكىدىن، قورچاق دىۋانبەگلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلدى. بۇگۈن ئون سول قول سەردارنى ئېلىپ، ئىككى تۇمەن لەشكەرنى باشلاپ جىنىنىڭغا ھەمدەمگە ماڭدى. ھېلىقى ئون سول قول سەردار مۇنۇلار ئىدى:

مېي يۇ، چىن يىڭ، جىن جېن، لۇ چىڭ، بى شېڭ، پەن شۇن، ياڭ فاڭ، فېڭ شېڭ، خۇ مەي، لۇ فاڭ.

بۇ ئون سول قول سەردارنىڭ ھەممىسى قورچاق قولباش بەگلىككە قويۇلغانىدى. بۇ چاغدا سۇن ئەن چياۋ داۋچىڭ بىلەن خەيرلىشىپ، لەشكەرلەرنى باشلاپ جىنىنىڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

چياۋ داۋچىڭ ئىككى تۇمەن لەشكەرنىڭ قۇربىگىلىكىگە نىيې شىنىنى، زەڭگىلىككە فېڭ چىنى تەيىنلەپ، ئۆزى تۆت سول قول سەردارنى ئېلىپ ئالدىدا ماڭماق بولدى. بۇ تۆت سەردار:

لېي جېن، نيې لىن، فېي جېن، شۆ سەنلەر ئىدى.

بۇ تۆت سەردار قورچاق باش سەركەردىلىككە تەيىنلەندى. چياۋ داۋچىڭنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ كەينىدىن خىللانغان ئىككى مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ، جاۋدېغا كېچىلەپ يۈرۈپ كەتتى. شۇ كۈنى جاۋدې شەھىرىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە ئون چاقىرىم كېلىدىغان جايغا يېتىپ كېلىۋىدى، ئالدىن ئەۋەتىلگەن ئاتلىق ئايغاقچى يېتىپ كېلىپ: «تۇنۇگۈن چۆگۈن چاقسا سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپتۇ، ھازىر ئۇلار لەشكەرلىرىنى ئۇچ تارام قىلىپ جاۋدې شەھىرىگە تېگىش قىلماقچى ئىكەن» دەپ مەلۇم قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چياۋ داۋچىڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— ھۇ خۇمپەرلەر ! ھەددىڭدىن خۇيمۇ ئېشىپ كېتىشىپسىنا! سەنلەرگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام بولمىغۇدەك، — دېدى - دە، لەشكەرلىرىنى باشلىغان پېتى ئۇچقاندەك

كېتىۋېتىپ، دەل يۇقىرىقى قوۋۇقتا تېگىش قىلىۋاتقان تاڭ بىن، گېلىڭ گۆڭلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. توساتتىنلا كۆنۈپىتىش تەرەپتىن ئىككى مىڭدەك ئاتلىق لەشكەر يېتىپ كەلدى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان تاڭ بىن بىلەن گېلىڭ گۇڭ ئۆز لەشكەرلىرىنى سەپراس ـ چەپراس قىلىپ تەخمۇتەخ بولۇپ تۇردى. بۇ چاغدا چياۋ داۋچىڭنىڭ لەشكەرلىرىمۇ يېتىپ كېلىپ بولغانىدى. ئىككى تەرەپ سەپراس بولۇپ سەپ تۈزۈپ تۇرۇشتى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر ئوق يېتىملىك ئارىلىق قالغانىدى. تاڭ بىن، گېلىڭ گۆڭلار يۇقىرىقى سەپنىڭ ئالدىدا، تۆت سەردارنىڭ قىزىل دۇردۇن كۆنلۈكنىڭ ئاستىدا ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر موللامنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھېلىقى موللامنىڭ ئەپتىگە قارايدىغان بولسىڭىز، پاھ:

بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيگەن گۆھەر كۆزلۈك بىلىق تاجى،
تاۋاردا كەشتە تون كىيگەن ئۇنىڭ بار قارا پەگاسى.
بېلىگە رەڭمۇرەڭ مەشۇت پوتىنى باغلىغان مەھكەم،
بېشى يۇمىلاق، قىزىل رەڭلىك ئۆتۈك كىيىپتۇ بۇ ئادەم.
قەدىمىي زۇلپىقارى بار قولىدا كۆتۈرۈپ ئالغان،
ئاجايىپ تەڭگە گۈللۈك بار بوز ئاتقا ئولتۇرۇپ ئالغان.
قېشى كامان، كۆزى يېشىل، ساقىلى ئۆچكىگە ئوخشار،
ساداسى چاسا ئاغزىدىن جىرىڭلاپ ياڭراپ چىقار.

بۇ موللامنىڭ ئالدىدىكى قارا تۇغقا: «ئەل ھامىيسى ئاقىل دەرۋىش، مۇشاۋىر سول قول ۋەزىر، تۆۋەنگە يۈرۈش قىلغۇچى باش ئالىي سەردار چياۋ» دېگەن خەت زەر بىلەن يېزىلغانىدى. گېلىڭ گۇڭ بۇنى كۆرۈپ تېنى بىر شۈركۈندى ـ دە، «بۇ ناھايىتى يامان ئادەم!» دېدى.

ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى تېخى ئېلىشماي تۇرۇپ، لى كۇي باشلىق ئاتامانلار بەش يۈز سەكرەتمە لەشكەرنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. لى كۇي ئالدىغا قاراپ ماڭماي دېيىشىدى. گېپىڭ گۇڭ ئۈنىڭغا:

— بۇ كىشى سەنشى شاھىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان كارامەتلىك ئادەم. سېھىرگەرلىكتىن خەۋىرى بار. چۇتۇرى كۆپ، — دېدى.

— بارىمەن ـ دە، پالتام بىلەن چېپىپ، ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىپ تاشلايمەن. قېنى قانداق سېھىرگەرلىك قىلالايدىكىن ! — دېدى لى كۇي.

— سەردار، ياۋنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى تاڭ بىنمۇ بىر ياندا تۇرۇپ.

لى كۇي نەدە قۇلاق سالسۇن، ئايپالتىسىنى شىلتىگەن پېتى ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار لى كۇينى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ، بەش يۈز سۇپەرچى ـ نەيزىۋازنى ئېلىپ بىراقلا چاپ ـ چاپقا ئۆتتى. ھېلىقى موللام قەھ ـ قەھ قىلىپ كۈلدى ـ دە: «خۇنپەرلەر، تولا كۆرەڭلەپ كېتىشمە !» دەپ دوق قىلدى ۋە ئالدىرىماي ـ تەمتىرىمەي زۇلپىقارىنى كۆككە قارىتىپ بىر شىلتىپ، دۇرۇت ئوقۇپ بىر «سۇف !» دەپ تۈۋلىۋىدى، ئويئۇچۇق كۇندە بىر پەسنىڭ ئىچىدىلا ئاسماننى قاپقارا تۇتەك قاپلاپ، غۇرقىراپ بوران چىقتى ۋە چاڭ ـ توزانلارنىڭ دەستىدە تۇرغىلى بولمىدى. بىر توپ قارا تۇتەك لى كۇي باشلىق بەش يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى ئارىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار خۇددى تۇلۇمنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك، ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەي، مىدىر ـ سىدىر قىلالماي قالدى. قۇلاقنىڭ تۈۋىدىلا شار ـ شۇر قىلغان بوران ـ يامغۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى ـ يۇ، ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەيتتى.

مەيلى سەن بولغىن ئەزىمەت ـ باتۇر، قانات ياساپ

قۇتۇلمىقىڭ تەستۇر؛ مەيلى سەن بولغىن ئاتەشباش پالۋان، قۇرۇپ قويۇلغان سەن ئۇچۇن، ئاسماندا تور، يەردە قاپقان: شۇ سەككىز بىلەكلىك نالاكۇۋارامۇ، ئەجدىھا كۆلى، يولۋاس ئۇۋىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. لى كۇي باشلىق لەشكەرلەرنىڭ خېيىم ـ خەتەر، مۇشكۇل ـ جاپادا قېلىپ، ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# توقسان بەشىنچى باب

## سۇڭ دانىشنىڭ ساداقەتمەنلىكىنىڭ زېمىن ئىلاھىنى ئېرىتكەنلىكى چياۋ داۋچىڭنىڭ سېھىرگەرلىكىنى سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ يەڭگەنلىكى

ئەلقىسسە، قارا قۇيۇن لى كۈي تاڭ بىن، گېڭ گۇڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، سەركەردىلەرنى باشلاپ، ئۇر - چاپ قىلىپ چىقىپ كەتكەنىدى. چياۋ داۋچىڭ سېھىرگەرلىك بىلەن ئۇلارنى بەند قىلىپ قويىدى - دە، بەش يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ھەممىسىنى تىرىك تۇتۇپ كەتتى، بىرەرسىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى. گېڭ گۇڭ ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ بېشىنى كۈنچىقىشقا بۇرىدى - دە، ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قامچا ئۇرغان پېتى، ئالدى بىلەن تىكىۋەتتى. تاڭ بىن لى كۈيلارنىڭ قولغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، لەشكەرلەرنىڭ پىتىراپ كەتكەنلىكىنى، گېڭ گۇڭنىڭ تىكىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچىدە:

— چياۋ داۋچىڭ سېھىرگەرلىككە ناھايىتى قابىل، مۇبادا قېچىپ كېتەلمەي قالسام، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالىمەن. چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماي كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، بولار ئىش بولدى، جان بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرامدىم! — دەپ ئويلىدى - دە، جېنىدىن كەچكەن ھالدا نەيزىسىنى تەڭلەپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئۇدۇللاپ باستۇرۇپ كەلدى. چياۋ داۋچىڭ ئۇنىڭ قەھرى - غەزەپ بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ - تېنەپ دۇرۇت ئوقۇپ،

«سۇف !» دەپ بىر دەم سىلىقلىدى، سەپىنىڭ ئىچىدە سىبىرىق قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇدۇل تاڭ بىننىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى، تاڭ بىن توپا ـ چاڭنىڭ دەستىدىن كۆزىنى ئاچالماي قىلىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. بۇ چاغدا ئۇ تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قوغلاپ يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ سول پۇتىغا بىر نەيزە ئۇرۇپلا ئۇنى ئاتتىن يىقىتتى ـ دە، باغلاپ تىرىك تۇتۇپ كەتتى. ئەسلىدە يۇقىرىقى تەرەپ قوشۇنىدا، ئۇ تەرەپنىڭ سىپاھىبەگلىرىنى تىرىك تۇتۇپ كەلگۈچىلەرگە ھەسسىلەپ ئىنئام تارتۇق قىلىنىدۇ دېگەن يوسۇن بار ئىدى. شۇڭا، قولغا چۈشكەن سىپاھىبەگلەر ئۆلتۈرۈلمەي ساق قالدۇرۇلاتتى. بۇ چاغدا تاڭ بىننىڭ بىر تۈمەن لەشكىرى توپا ـ چاڭلار ئىچىدە قىلىپ، ئۆلىدىغىنى ئۆلگەن، قاچىدىغىنى قاچقاندى. ئىس ـ تۈتەكلەر ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن لەشكەرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقى مەلۇم بولدى.

لىن چۇڭ، شۇ نىڭلار كۈنچىقىش قوۋۇقتا تۇرۇپ، ئاياغ تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن قىيقاس ـ چۇقاننى ئاڭلىدى ـ دە، لەشكەرلىرىنى باشلاپ جىددىي ھەمدەمگە كەلدى. شەھەرنى ساقلاپ ياتقان سەركەردە سۇن چى چياۋ داۋچىڭنىڭ بەلگە ئوقىنى كۆرۈپ، ئالمان ـ تالمان كېلىپ قوۋۇق دەرۋازىسىنى يوغان ئېچىپ كۈتۈۋالدى. لى كۈيلار ئالدىراپ شەھەرگە تۇتۇپ ئەكىرىپ كېتىلگەنىدى. گېڭ گۇڭ ۋەتۇرىكى چىقىرىلغان بىرقانچە چېرىكلىرى بىلەنلا ئۆيىكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ قېچىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئېگەرلىرى مايتۇق ـ سايتۇق، دۇبۇلغىسىمۇ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغان بولۇپ، ئۇ لىن چۇڭ، شۇ نىڭلارنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئېتىنى توختاتتى. لىن چۇڭ، شۇ نىڭ ئالمان ـ تالمان: «لەشكەرلىرىڭىز قېنى» دەپ سورىۋىدى، گېڭ گۇڭ تاقتا ـ تۇقتا قىلىپ بىر ـ ئىككى ئېغىز جاۋاب بەردى. لىن چۇڭ، شۇ نىڭلار ئالدىراش گېڭ گۇڭنى ئېلىپ چوڭ تۇراغا

قاراپ ماڭدى. بۇلار يولدا ۋاڭ يىڭ، خۇ سەننياڭلار باشلاپ كېلىۋاتقان ئۈچ يۈز ئاتلىق چارلامچىغا ئۇچراپ، بىرلىكتە سۇڭ تۇرشاۋۇلغا خەۋەر بەرگىلى مېڭىشتى. گېڭ گۇڭ لى كۇيلارنىڭ چياۋ داۋچىڭ تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى زىر - زەۋەرىگىچە ئېيتىپ بەردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سۇڭ جياڭ قاتتىق چۆچۈپ، ئەندىكىپ كەتتى - دە:

— لى كۇيلار ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالمىغىيدى، — دەپ يىغلىۋەتتى.

— ئاغا، كۆڭۈللىرىنى بۇزماي، ئۆز ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋەرسىلە، قاراقچىلار سېھىرگەرلىك قىلغان بولسا، چۆگۈن چاقسىدىن فەن رۇينى تېز بۇ يەرگە كەلتۈرۈپ، ياۋغا قارشى تۇرۇشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلايلى! — دېدى ۋۇ يۇڭ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ.

— بىر تەرەپتىن فەن رۇي ئېلىپ كېلىنسۇن، بىر تەرەپتىن لەشكەر ئەۋەتىپ، ھېلىقى ئوغرىلاردىن لى كۇيلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

ۋۇ يۇڭ ھەرقانچە توسۇپ باقسىمۇ تىڭشىمىدى.

شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە، سۇڭ تۇرشاۋۇل ۋۇ يۇڭغا سەركەردىلەر بىلەن بىللە چوڭ تۇرانى ساقلاشقا ئەمر قىلدى - دە، ئۆزى لىن چۇڭ، شۇ نىڭ، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، ليۇ تاڭ، تاڭ لۇڭ، لى يۇن، يۇ باۋسى قاتارلىق سەككىز سەركەردىنى باشلاپ، ئىككى تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ دەرھال جاۋدى شەھىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە باستۇرۇپ ماڭدى. سو چاۋ، جاڭ چىڭلار ئالدىغا چىقىپ قوشۇلدى، ئۇلار بىرلىكتە داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلىرىنى ياڭرىتىپ، قىيقاس - چۇقان سېلىپ، شەھەرگە ئۇدۇل باستۇرۇپ كەلدى. چياۋ داۋچىڭ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۇ دېۋانغا چىقتى. سۇن چى قاتارلىق ئون سەركەردە سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن داستىخان - زىياپەت ھازىرلاپ كۈتۈۋالماقچى بولۇپ تۇرغاندا، پايلاقچىلار سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى يەنە كەلدى

دىگەن خەۋەرنى ئەكەلدى.

— بۇ خۇنپەرنىڭ بىھۆرمەتلىكىنى قارا! — دېدى چىياۋ داۋچىڭ دەرغەزەپ بىلەن، — سۇڭ جياڭنى تۇتۇپ كەلمىگەننى كۆرۈڭلار!

ئۇ ئاتقا مىندى ـ دە، تۆت سول قول سەركەردىنى، ئۈچ مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا ياۋ بىلەن ئېلىشىشقا چىقتى. بۇ چاغدا سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى سەپراس ـ چەپراس سەپ تۈزۈپ جەڭگە ئۇندەۋاتاتتى. سىپىل دەرۋازىسى ئېچىلىپ ئاسما كۆۋرۈك چۈشۈرۈلۈۋىدى، بىر توپ چېرىك يوپۇرۇلۇپ چىقىپ كېلىشتى. ئالدىدا كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق موللام دەل سىپەھسالار يىگىت چىياۋ داۋچىڭنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ قولىدا زۇلپىقار تۇتقىنىچە، لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىگە ھومىيىشىپ قاراپ تۇراتتى، تۇغ ـ ئەلەملىرى لەپىلدەيتتى. ھەرقايسىسى ئوقيالىرىنى بەتلەشكەن ھالدا بىر ـ بىرىنىڭ سېپىگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئىككى تەرەپ سېپىدىن كاناي چېلىندى. جەڭ دۇمباقلىرى تەڭلا ئۇرۇلدى. سۇڭ جياڭنىڭ سېپىدىكى نىشان تۇغى لەپىلدەپ يېيىلغان جايدا سۇڭ تۇرشاۋۇل ئوتتۇرىغا چىقتى. يۇ باۋسى باش سەركەردە تۇغنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا ئاتنىڭ ئۈستىدە تىك ئولتۇراتتى. سول قول تەرەپتە لىن چۇڭ، شۇ نىڭ، لۇ جىشېن، لىيۇ تاڭ؛ ئوڭ قول تەرەپتە سو چاۋ، جاڭ چىڭ، ۋۇ سۇڭ، تاڭ لۇڭ قاتارلىق سەككىز سەردار تۇراتتى. غەزەپلەنگەنلىكىدىن پاتاڭلىرىغىچە قىزىرىپ بوغۇلۇپ كەتكەن سۇڭ تۇرشاۋۇل قولى بىلەن چىياۋ داۋچىڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ياسىقتا يانتاياق بولغان لەنتى دەرۋىش، مېنىڭ ئىنىلىرىم بىلەن بەش يۈز لەشكىرىمنى تېز قويۇپ بەر. سەللا كېچىكىدىكەنسەن، ھازىرلا تۇتۇۋېلىپ، تېنىڭنى لەخشە ـ لەخشە قىلىپ تاشلايمەن! — دەپ تىللىدى.

— سۇڭ جياڭ، بىھۆرمەتلىك قىلما! ساڭا ھېچنېمىنى

قايتۇرۇپ بەرمەيمەن، قېنى سېنىڭ مېنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرىدىغانلىقىڭنى كۆرۈپ باقاي، ــ دەپ دوق قىلدى چياۋ داۋچېڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇڭ جياڭ غەزىپىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، قامچىسىنى بىر شىلتىۋىدى، لىن چۇڭ، شۇ نىڭ، سو چاۋ، جاڭ چىڭ، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، لىيۇ تاڭلار بىردەك ئېتىلىپ چىقىشتى. چياۋ داۋچېڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان هالدا، دۇرۇت ئوقۇدى، ئۇ زۇلپىقارىنى كۆنۈپىتىشقا قارىتىپ بىر شىلتىپ «سۇف !» دېيىشىگە، شۇ زامانلا سان ـ ساناقسىز سىپاھ ـ لەشكەرلەر كۆنۈپىتىشتىن ئۇر ـ چاپ قىلىپ چىقىپ سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىنى سۇر ـ توقاي قىلدى. هېلىقى چياۋ داۋچېڭ قولىدىكى زۇلپىقارى بىلەن يۇقىرىقى تەرەپكە شىلتىپ تۇرۇپ «سۇف !» دەپ يەنە بىر دەم سېلىۋىدى، هايهات ! كۆن نۇرى ئۆچۈپ، جاهاننى قاراڭغۇ ـ زۇلمەت باستى. هەممە جايدىن تاش ـ قۇملار كۆتۈرۈلۈپ، يەر ـ زېمىن زىلزىلىگە كەلدى، لىن چۇڭ باشلىق سەركەردىلەر تازا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، ئۇر ـ يىقىت قىلىپ كېتىۋاتاتتى. بىردەمدىلا ئالدىنى قارا تۇتەك قاپلاپ، ياۋ لەشكىرىدىن بىرنىمۇ كۆرەلمىدى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى جەڭ قىلماستىنلا پىتىراپ كەتتى، چۆچۈپ ئۈركۈگەن ئاتلار هەر تەرەپكە كىشنەپ چاپچىغىلى تۇردى. لىن چۇڭلار ئالدىراش ئاتلىرىنى بۇرىشىپ، سۇڭ جياڭنى ئوتتۇرىغا ئالغان هالدا يۇقىرىقى تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىشتى. چياۋ داۋچېڭ لەشكەر باشلاپ قىر ـ چاپ قىلىپ، سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. هەممىلا ياقنى ئاھ ـ زار قاپلاپ كەتتى. سۇڭ جياڭلار ئالدىراش ئات سېلىشىپ، يېرىم چاقىرىم ماڭار ـ ماڭماي، ئالدىدا غەلىتە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى كۆزىگە ئايان بولدى. ئاپايا كەلگەندە ئوپئوچۇق تۇرغان دالا بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئاسمان ـ پەلەك دولقۇن ئۇرۇپ تۇرغان پايانسىز كەڭ سۇغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ خۇددى

كۈنچىقىشتىكى دېڭىزنى ئەسلىتەتتى. بۇنداق يەردىن ئۇچار قاناتمۇ ئۆتەلمەيتتى. كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلار يېتىپ كېلەيلا دەپ قالدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزىگە ئۆلۈم كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، لىيۇ تاڭلار:

— مۇشۇنداق قولىغا چۈشۈپ كېتىمىزمۇ، — دەپ تەڭلا قاتتىق ۋارقىرىدى - دە، يۇقىرىقى تەرەپكە قاراپ پۈتۈن كۈچى بىلەن بۆسۈپ كەلدى. گۈلدۈرلەپ چېقىلغان چاقماقنىڭ ئاۋازى يەر - جاھاننى لەرزىگە سېلىشى بىلەن تەڭ، ئاسماندىن زەر قۇياغلىق يىگىرمە نەچچە ئەرۋاھ ئۇر - چاپ بىلەن چۈشۈپ، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، لىيۇ تاڭلارنى يىقىتىۋەتتى. تيەن خۇنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى تۇتۇۋالدى، بۇ چاغدا غايىبتىن:

— سۇڭ جياڭ، جىنىڭنى ئايايدىغان بولساڭ، ئاتتىن چۈشۈپ قول باغلاپ تۇر! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

سۇڭ جياڭ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ:

— سۇڭ جياڭنىڭ ئۆلمىكى ھېچ گەپ ئەمەس، ئەپسۇسكى، تېخى پۈشتى - پاناھىمىزنىڭ شەپقىتى ئاقلانمىدى. غېرىب - مىسكىن ئاتا - ئانامنى باقارغا ئادەم يوق. لى كۈي باشلىق ئىنىلىرىمنى تېخى قۇتقۇزۇپ چىقمىدىم، بولار ئىش بولدى، تىرىك قولغا چۈشۈپ ھاقارەت كۆرگەندىن كۆرە، جان تەسەددۇق قىلغىنىم ياخشى، — دەپ ناله - پەرياد قىلدى.

لىن چۇڭ، شۇ نىڭ، سو چاۋ، جاڭ چىڭ، تاڭ لۇڭ، لى يۈن، يۈ باۋسى بولۇپ يەتتە سەركەردە سۇڭ جياڭنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، بىر يەرگە ئۆلمەكچى بولۇشۇپ: «ئاغىمىز بىلەن بىللە قاراقچىلارنى قىرغايمىز» دېيىشتى. مانا شۇنداق جىددىي خەۋپ ئىچىدە يۈ باۋسىنىڭ تېنىگە ئىككى تال ئوق تەگكەن بولسىمۇ، ئۇ سەركەردە تۇغنى تىك تۇتۇپ، سۇڭ تۇرشاۋۇلدىن بىر قەدەممۇ نېرى - بېرى بولمىدى. تيەن خۇنىڭ لەشكەرلىرى سەركەردە تۇغىنىڭ يىقىلمىغىنىنى كۆرۈپ، باستۇرۇپ بېرىشقا

پېتىنالمىدى.

سۇڭ جياڭلار قوللىرىغا زۇلپىقارلىرىنى ئېلىشىپ كانايلىرىغا سۇركىمەكچى بولغىنىدا، بىر ئادەم يېتىپ كېلىپ:

— بەس، قولوڭلارنى تارتىڭلار، پىغان چەكمەڭلار، ئۇلۇغ ئىگەم سىلەرنىڭ ساداقەتمەنلىكىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ، ھېلىقى دەھرىلەرنىڭ ئەپسۇن - سۇرلىرىنى ياندۇرۇپ، سىلەرنى بالا - قازادىن خالىي قىلىپ، ئۆز قوشۇڭلارغا قايتۇرغىلى مېنى ئەۋەتتى، — دېدى.

ھەممەيلەن قارىسا، بېشىدا ئىككى يەل مۈڭگۈزى بار، پۈتۈن ئەزايىنى قاپقارا تېرە قاپلىغان ياپيالىڭاچ، قىزىل چېچى بىر قۇچاق كېلىدىغان، سېرىق تامبال كىيگەن، قولىدىكى قوڭغۇرىقى جاراڭلاپ تۇرىدىغان غەلىتە بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ بىر چىمدىم توپىنى قولىغا ئالدى - دە، دولقۇنلاپ مەۋج ئۇرۇۋاتقان كەڭ سۇغا بىر چېچىۋىدى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە سۇ كۆزدىن غايىب بولۇپ، تۇزلەڭلىك ئەسلىگە كەلدى.

— سىلەرنىڭ رىيازەت چەكمىگىنىڭلار پېشانەڭلەردىن، بۈگۈن دەمدە سۈيى قايتۇرۇلدى، قوشۇڭلارغا تېزدىن قايتىڭلار، ۋېيجۇ ئايمىقىغا ئادەم ئەۋەتسەڭلار، بالا - قازادىن قۇتۇلالايسىلەر، ئەل ئۈچۈن تىرىشىپ ئەجىر - تۆھپىلەر كۆرسەتكەيسىلەر! — دېدى ھېلىقى ئادەم.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا يۈررىدە قىلىپ قارا قۇيۇن بولۇپ كۆزدىن غايىب بولدى. ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە سۇڭ جياڭنى قوغداپ، تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ئات قويۇشتى، بەش - ئالتە چاقىرىم يول بېسىۋىدى، چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، تۆۋەن تەرەپتىن بىر توپ ئادەم چىقىپ كېلىشتى. قارىسا، ۋۇ يۇڭ، ۋاڭ يىڭ، خۇ سەنىياڭ. سۇن شىن، گۇ يەڭگە، شىي جېن، شىي باۋلار بىر تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ھەمدەمگە كېلىشكەنىكەن.

— قەدىردان ئىنىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، كۆرۈشەلمەي

قالغىلى تاس قالدىم، — دېدى سوڭ جىياڭ ۋۇ يوڭغا قاراپ.

— قوشنىمىزغا بارغاندىن كېيىن ئاندىن بىرنېمە دەيلى، — دېدى ۋۇ يوڭ.

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوشقا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن يېڭىلىپ قامىلىپ قالغاندا ئىلاھقا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە پاراڭ قىلىشتى.

— بۇ ھۆرمەتلىك زات زېمىن ئىلاھىنىڭ ئۆزى. ئاغىمىزنىڭ ساداقەتمەنلىكى زېمىن ئىلاھىنى ئېرىتكەن بولسا كېرەك، توپا سۇنى يېڭىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ۋۇ يوڭ چېكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

سوڭ جىياڭلار ئەمدى ھوشىغا كېلىپ، ئاسمانغا قاراپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى.

بۇ گۈگۈم چۈشكەن چاغ ئىدى. يېڭىلىپ قېلىپ كەلگەن بەزى لەشكەرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە جاۋدى شەھىرىدىكى سۇن چى، يې شېڭ، جىن دىڭ، خۇاڭ ماۋلار تۆۋەن قوۋۇقنى ئېچىپ، لەشكەر باشلاپ چىقىپ قىر - چاپ قىلغىلى تۇرۇپتىكەن، ئادەملىرى ھەددى - ھېسابسىز قىرىلىپ، قالغانلىرى تۆت تەرەپكە پىتىراپ كېتىپتۇدەك. سوڭ جىياڭ لەشكەرلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ كۆرسە، بىر تۈمەندىن كۆپرەكى تالاپەتكە ئۇچراپتۇ.

— بۇ ئوغرىلار سېھىرگەرلىك قىلىپ ئۇدا ئىككى قېتىم يېڭىۋالدى. بىز دەرھال ھىيلە بىلەن تەييارلىق كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ باستۇرۇپ كېلىشىدىن ئېھتىياتتا بولمىساق بولمايدۇ، لەشكەرلىرىمىز چۆچۈپ كەتكەنلىكىدىن، قورقانغا قوش كۆرۈنەر دېگەندەك ھەممىدىن ئۈركۈمەكتە. شۇڭا، بۇ تۇرانى بوش قالدۇرۇپ قويايلى، بوش قالدۇرغان قوشتا «قوينى تېپچەكلىتىپ ناغرا چالدۇرۇش» ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، لەشكەرلىرىمىزنى ئون چاقىرىم يىراقلىقتا چېكىندۇرۇۋېلىپ باشقىدىن قوش تىكەيلى، — دېدى ۋۇ يوڭ سوڭ جىياڭغا قاراپ.

سۈڭ جياڭ لەشكەرلەرنى شۇ زامان ئون چاقىرىم چېكىندۈردى. ئۇ ۋۇ يۇڭ خەلپەتنىڭ تەكلىپى بىلەن يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئايرىم - ئايرىم قوش تىكتۈردى، چوڭ قوش ئىچىگە كىچىك قوش تىكىلدى، قوشلار ئەگرى - بۈگرى جايلاشتۇرۇلۇپ، بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ بەئەينى لى دورىگەرنىڭ ئالتە گۈللۈك سەپ تۈزۈشىگە ئوخشاپ كېتەتتى. سەركەردىلەر بۇيرۇقتا بىنائەن ئىش كۆردى. قوش تەخمۇتەخ قىلىنغاندىن كېيىن فەن رۇينىڭ بۇيرۇقتا بىنائەن چۆگۈن چاقسىدىن يېتىپ كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. ئۇ قوش ئىچىگە كىرىپ سۈڭ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشتى ۋە چياۋ داۋچىڭنىڭ سېھىرگەرلىكىنى سۈرۈشتە قىلدى، ئۇ:

— ئاغا، خاتىرجەم بولسىلا، بۇ سېھىرگەرلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مەن ئەتە سېھىر ئىشلىتىپ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىمەن، — دېدى.

— ئەگەر ئۇ جەڭگە ئۇندەپ كەلمىسە، بىز ئورنىمىزدىن مىدىرلىماي تۇرىۋېرەيلى، گۈڭسۈن شېڭ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بىرنېمە دەيمىز، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

سۈڭ جياڭ جاڭ چىڭ، ۋاڭ يىڭ، شيې جېن، شيې باۋلارغا ياۋنى يېڭىپ، تۇتۇلۇپ كەتكەنلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەش يۈز چەۋەنداز بىلەن كېچىلەپ قوۋۇقتىن چىقىپ، ۋېيجۈدىن گۈڭسۈن شېڭنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. جاڭ چىڭلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ، سۈڭ جياڭ بىلەن خەيرلىشىپ چىقىپ كېتىشتى. سۈڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى ئۈچلۇق قوزۇقلارنى قېقىپ، قوش - قاشلارنى چىڭىتىپ چىقىشتى. ئوقيالارنى بەتلەپ، قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقىرىشتى. قۇياغ - نەيزىلىرىنى تەخمۇتەخ قىلىپ قويدى، قوڭغۇراق - سۇنايلىرىنى ئېلىپ قويدى. شام - چىراغلىرىنى ئۆچۈرمەي كۈتۈپ تۇرۇشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

چياۋ داۋچىڭ سېھىر ئىشلىتىپ سۈڭ جياڭنى بەند قىلىپ

قويۇپ تۇتاي دېۋىدى، ئالدى تەرەپتىكى ھېلىقى سۇدىن ھېچبىر ئەسەر قالمىغانلىقى كۆزىگە كۆرۈندى. سۇڭ جياڭلار ئالىبۇرۇن كېتىپ قاپتۇ. بۇنىڭغا چۈشەنمەي: «مېنىڭ سېھىرگەرلىكىم بوش سېھىرگەرلىك ئەمەس ئىدى، ئۇ بۇنى دەپئى قىلىشنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ بارگاھىدا جەزمەن قالتىس بىركىم بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ـ دە، لەشكەرلەرنى يىغىپ سۇن چىلار بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە كىرىپ، دىۋانغا چىقىپ ئولتۇردى. سۇن چىلار نازۇنېمەت كەلتۈرۈپ ئۇنى قۇتلۇقلىدى، چېرىكلەر لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، ليۇ تاڭلارنى ۋە بۇرۇن تۇتۇۋالغان لى كۈي، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، تاڭ بىنلارنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ بارگاھ ئالدىغا كەلتۈردى. سۇن چى چياۋ داۋچىڭنىڭ سول تەرىپىدە تىك تۇراتتى. ئۇ تاڭ بىننى كۆرۈپ:

— ھەي قارا يۈز ئوغرى، سەنشى شاھى ساڭا نېمە قىلغانىدى؟! — دەپ تىللىدى.

— سەنلەرنىڭمۇ رىزقىڭ تۈگىشىپ قالدى، — دەپ تىل قايتۇردى تاڭ بىن.

چياۋ داۋچىڭ ئۇلارغا ئىسمىزاتىنى مەلۇم قىلىشنى بۇيرۇۋىدى، لى كۈي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بۇرۇت ـ ساقاللىرىنى دىككايتقىنىچە گىدىيىپ تۇرۇپ:

— ھەي دەھرى قاراقچى، ئاڭلاپ قويغىن! قارىنۋاي ئاكاڭ قارا قۇيۇن لى كۈي دېگەن مەن بولىمەن، — دەپ تىللىدى.

لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭلار ئۇنىڭغا لى كۈينى سىلىپ قويۇپلا ھېچقانداق جاۋاب بەرمەستىن ھومىيىپ تۇرۇشتى. چياۋ داۋچىڭ بۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى ئەكىرىشنى بۇيرۇدى. بىردەمدىن كېيىنلا جاللاتلار ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى ھازىر قىلدى. چياۋ داۋچىڭ بىر ـ بىرلەپ سوئال ـ سوراقلار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سۇڭ جياڭنىڭ باتۇرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئاندىن ئۇلارغا قاراپ:

— مۇبادا سىلەر ئەل بولساڭلار، مەن سەنشى شاھىغا مەلۇم

قىلىپ سىلەرگە كاتتا ئەمەل ئىنئام قىلىمەن، — دېدى.

— سەن غوجا ئاكاڭنى قانداق ئادەم چاغلاۋاتىسەن؟ جۆيلۈمە، قارىۋاي ئاكاڭنى ئاپىرىپ نېمە قىلساڭ قىل، ئۈستۈمگە قىلىچ ياغدۇرۇۋەتسەڭمۇ مەيلى، قارىۋاي ئاكاڭ كۆزىنى مىت قىلىپ قويسا ئوغۇل بالا بولماي كەتسۇن، — دەپ ھۆركىرىدى لى كۇي خۇددى گۈلدۈرمامىدەك.

— ھەي جادۇگەر! ئۇخلاپ چۈش كۆرمە! بىز بۇ بىرنەچچە بۇرادەرنىڭ بېشىنى كېسىۋەتكىنىڭ بىلەنمۇ تىز پۈكتۈرەلمەيسەن ! — دەپ تەڭلا لەنەت - نەپرەت ياغدۇرۇشتى لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، ليۇ تاڭلار.

بۇنى ئاڭلىغان چياۋ داۋچىڭنىڭ جان - پېنى چىقىپ:

— ھەممىنى ئاچىقىپ كاللىسىنى ئەكېلىش، — دەپ ئەمر قىلدى ئادەملىرىگە.

— مەن مۇشۇنداق ئۆلتۈرەرمىكىن دەپ كەلدىم، بۈگۈن ھەق يولىدا ئۆلىمەن، — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى لۇ جىشېن.

جاللاتلار ئۇلارنى ئىتتىرىشىپ ئاچىقىپ كەتتى. چياۋ داۋچىڭ ئىچىدە: «مەن مۇنداق قەيسەر ئەزىمەتلەرنى كۆرمەپتىكەنمەن، ئۇلارنى قالدۇرۇپ كېيىنچە بىر تەرەپ قىلسام بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى - دە، دەرھال يەنە ئۇلارنى زىندانغا تاشلاپ نەزەربەند قىلىشقا بۇيرۇدى. ۋۇ سۇڭ:

— ھەي ئىپلاس دۆيۈز، ئۆلتۈرسەڭ بالدۇرراق ئۆلتۈر، — دەپ تىللىدى.

چياۋ داۋچىڭ بېشىنى ساڭگىلىتىپ زۇۋان سۈرمەي يەرگە قاراپ تۇردى، چېرىكلەر لى كۇيلارنى نەزەربەند قىلغىلى ئېلىپ كەتتى.

چياۋ داۋچىڭ ئۈچ پۇراقلىق دېمىدە سۈيى سىپىرىنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرگە تىقىلىۋېلىپ سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ

ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن كۆرمەك بولدى. ئىككى تەرەپنىڭ ھېچقايسىسى لەشكەر تارتىپ چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ، بەش ـ ئالتە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. نيې شىن، فېڭ چىلار نۇرغۇن لەشكەر بىلەن يېتىپ كېلىشتى، ئۇلار شەھەرگە كىرىپ چياۋ داۋچېڭ بىلەن كۆرۈشتى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولدى. چياۋ داۋچېڭ سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ ئۆز قوشۇنىنى مەھكەم ساقلاپ جەڭگە چىقمىغانلىقىدىن ئىلاجسىز قالدى. ئۇ لەشكەرلىرىنى ئېيتىلاپ، سەركەردىلىرىنى باشلاپ، سۇن چى، دەي مېي، نيې شىن، فېڭ چىلار بىلەن ئىككى تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ تاڭ سەھەردە شەھەردىن چىقتى ـ دە، شەھەرنىڭ تۆۋىنىدىكى بەش ئەجدىھا تېغىغا قوش تىكىپ ئورۇنلاشتى ۋە تاڭ ئاتقاندا لەشكەر تارتماقچى بولدى. چياۋ داۋچېڭ سۇن چىغا قاراپ:

— بۈگۈن سۇڭ جياڭنى جەزمەن تۇتۇپ كېلىپ چوڭ گۇن چاقىسىنى قايتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم، — دېدى.

— بۇ ئىش مۇشاۋىر بېگىمنىڭ سېھرىگە باغلىق، — دېدى سۇن چى.

چياۋ داۋچېڭ بىر تۈمەن لەشكەرگە باش بولۇپ، سۇڭ جياڭنىڭ چوڭ قوشىغا قاراپ باستۇرۇپ كەلدى. پايلاقچىلار ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال كېلىپ سۇڭ تۇرشاۋۇلغا مەلۇم قىلدى. سۇڭ جياڭ فەن رۇي، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگولارغا لەشكەرلەرنى تەخ قىلىپ، ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ جەڭگە چىقىشقا تەييارلىنىشنى بۇيرۇدى. چياۋ داۋچېڭ ئېگىزدە تۇرۇپ سۇڭ خانلىقىنىڭ قوشۇنىنى كۆزىتىۋىدى، شۇنداق كۆرۈندىكى:

سەپنى تۈزگەن ھەر تەرەپتىن راۋرۇس ھەم دەلمۇدەل،
تۈشمۇتۈشتىن ئۆزئارا ياردەمگە تەييار دەرمەھەل.

جايىدا بولدى ئىشىكلەر ھەممىسى ئېچىلغىنى،
ئۆزئارا خەۋەر تونۇشمۇ شۇنچە تەرتىپلىك ئىدى.

چىياۋ داۋچىڭ بۇنىڭغا ئىچىدە قايىل بولۇپ قول قويدى، سۇڭ جياڭنىڭ قوشىدىن گۈمبۈرلەپ ئېتىلغان توپ ئاۋازى بىلەن تەڭ، قوش دەرۋازىسى ئېچىلدى ـ دە، بىر توپ لەشكەر تۇرتۇپ چىقىشتى. ئىككى سەپتىكى تۇغ ـ ئەلەملەر لەپىلدەپ جەۋلان قىلاتتى. ناغرا ـ دۇمباق ئاۋازلىرى جاھاننى بىر ئالدى. چىياۋ داۋچىڭ دۆڭدىن چۈشۈپ سەپ ئالدىغا كەلدى، لىبى جىن، نىيې لىن، فېي جىن، شۆ سەنلەر ئوڭ ـ سولدا چۆرىدەپ تۇرۇشتى، سۇڭ جياڭ سېپىدە بەلگە ئەلەم لەپىلدەپ تۇرغان جايدىن بىر سەركەردە ئات سىلىپ چىقتى. بۇ دەل مالىمانچى دىۋە فەن رۇي ئىدى، ئۇ قولىغا زۇلپىقار ئېلىپ چىياۋ داۋچىڭغا قولىنى تۇرتۇپ:

— ھەي ئوغرى، ھەددىڭدىن نېمانچە ئېشىپ كەتتىڭ؟ — دەپ تىللىدى.

چىياۋ داۋچىڭ ئىچىدە: «بۇ كىشىنىڭ سېھىرگەرلىكتىن خەۋىرى بولسا كېرەك، مەن سىناپ كۆرمەيمۇ قېنى» دەپ ئويلىدى ـ دە:

— ھەي نادان سەردار، تولا ئاغزىڭنى بۇزما ! قېنى مەن بىلەن كۈچ سىنىشالامسەن؟ — دەپ توۋلىدى.

— كۈچ سىنىشمەن دەمسەن، ئالدىمغا كېلە، زۇلپىقارىمنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆر ! — دېدى فەن رۇي.

ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قىيقاس ـ چۇقان سېلىپ، ناغرا ـ دۇمباقلىرىنى گۈمبۈرلىتىپ چالدى. فەن رۇي ئېتىنى دېۋىتىپ، زۇلپىقارىنى كۆتۈرگەن پېتى چىياۋ داۋچىڭنى چاپماق بولۇپ كەلدى. چىياۋ داۋچىڭمۇ ئېتىنى يورغىلىتىپ، زۇلپىقارىنى ئوينىتىپ ئالدىغا چىقتى. قوش قىلىچلار تەڭلا

كۆتۈرۈلدى، ئىككى دىۋە ئېلىشتى: باشتا ئىككى چەۋەنداز روبىرولاشتى، ئاندىن كېيىن ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرىنى ئىشقا سېلىشتى، ئىككى پارچە قارا تۇتەك سەپ ئالدىدا بىر ئۆرۈلۈپ، بىر چۆرۈلۈپ، ئۇياقتا ـ بۇياقتا ئۆتۈشتى. ئىككى تەرەپتىكى لەشكەرلەر بۇنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپ قالدى. فەن رۇي جەڭ تازا قىزىپ كەتكەندە چياۋ داۋچىڭنىڭ چاندۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىر قىلىچ ئۇرۇۋىدى، بوشقا كېتىپ قېلىپ ئاتتىن موللاق ئېتىپ چۈشۈشكە تاس قالدى. ئەسلىدە چياۋ داۋچىڭ قەستەن چاندۇرغان بولۇپ فەن رۇينى ئالدىغانىدى. ئۇ قارا ئەجدىھا تىرە تاشلىغاندەك قېچىپ ئۆز سېپىگە بېرىۋېلىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇردى. فەن رۇي ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئۆز سېپىگە قايتىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ سېپىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىدىكى نىشان تۇغلىرىنىڭ سول تەرىپىدىن سۇ پىرى شەن تىڭگۇي بەش يۈز پىيادە لەشكەرنى باشلاپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارا تۇغ كۆتۈرۈپ، قارا قۇياغ كىيگەن، قوللىرىغا سۇپەر ـ نەيزە، چارمىخ ـ قىلىچلارنى ئالغانىدى. ئوڭ تەرەپتىن ئوت پىرى ۋېي دىڭگو بەش يۈز ئوت لەشكىرىنى باشلاپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىپقىزىل كىيىم كىيگەن، قوللىرىغا ئوت جابدۇقلىرىنى ئالغان بولۇپ، ئالدى ـ كەينىدىن ئەللىك ھارۋىنى ئىتتىرىپ چىقتى، ھارۋىغا قومۇش تۇتۇرۇق بېسىلغان، لەشكەرلەر دۇمبىسىگە بىردىن تۆمۈر قاپاق ئېسىۋالغان، ئۇنىڭ ئىچىگە گۈڭگۈرت — ئوق دورىسى سېلىنغانىدى، ئۇلار ئۇنى بىراقلا يېقىۋەتتى. ئىككى تارام قوشۇننىڭ سول تەرەپتىكىسىدە قارا بۇلۇت يەر يۈزىنى قاپلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسىدە لاۋۇلدىغان ئوت جاھاننى بىر ئالدى. لەشكەرلەر چاپ ـ چاپ بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋىدى، تيەن خۇنىڭ لەشكەرلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ چېكىنمەكچى بولدى. چياۋ داۋچىڭ: «ئارقاڭغا يانساڭ كاللاڭ

ئېلىنىدۇ» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئوك قولىدا زۇلپىقار تۇتۇپ دۇرۇت ئوقۇدى، بىر پەسنىڭ ئىچىدە يەر يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، كۆك گۇلدۇرلەپ، ئاسماندىن سۇ ۋە ئوت لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا يوغان ـ يوغان مۆلدۈرلەر تاراسلاپ چۈشۈشكە باشلىدى ـ دە، پاراسلاپ چاقماق چېقىلىپ، ئوت ئۆچۈپ قالدى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىگە چاشقان تۆشۈكى ساراي كۆرۈنۈپ، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى، شەن تىڭگۈي، ۋېي دىڭگولار قورقۇپ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ قوللىرى كالۋالىشىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ھەدەپ ئۆز سېپىگە قېچىپ كېلىۋالدى. سۇ ۋە ئوت پەرلىرىنىڭ مانا شۇنداق ۋەتۆەرىكى چىقىپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە مۆلدۈر توختاپ، بۇلۇت تارقاپ ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. يەر يۈزىنى تۇخۇمدەك ـ تۇخۇمدەك مۇز پارچىلىرى قاپلاپ كەتتى. چياۋ داۋچىڭ سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىگە قارىغۇدەك بولسا، مۆلدۈر سوقۇپ باش ـ كۆزلىرى يېرىلىپتۇ، كۆزلىرى قويۇلۇپ، خامارلىرى مايماق ـ سايماق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار مۇز پارچىلىرى ئۈستىدە تېيىلىپ ـ يىقىلىپ كېتىۋاتاتتى. قالتىس كۆرەڭلەپ كەتكەن چياۋ داۋچىڭ گىدىيىپ تۇرۇپ:

سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ ئىچىدە ماھارەتتە ئۈستۈن، كارامىتى قالتىسلار يەنە بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇنى ئاڭلىغان فەن رۇي ئۇيات ـ نومۇسقا چىدىماستىن، زۇلپىقارىنى شارت قىلىپ سۇغۇردى ـ دە، ئات ئۈستىدە تىك تۇرۇپ قورسىقىدىكى سېھىرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، دۇرۇت ئوقۇپ دەم سېلىۋىدى، بوران چىقىپ ھەممە ياقنى قۇم ـ توپا قاپلاپ، جاھاننى قاراڭغۇ زۇلمەت باستى، فەن رۇي لەشكەرلىرىنى قوزغاپ باستۇرۇپ كېلىۋىدى، چياۋ داۋچىڭ مىيىقىدا كۈلۈپ:

— پوقىقا كارغا كەلمەيدىغان سېھىرىڭ نېمىگە دال بولاتتى ! — دېدى ـ دە، ئۇمۇ زۇلپىقارىنى چىقىرىپ دۇرۇت ئوقۇپ دەم

سىلىۋىدى، بوران چىقىپ سۈك خانلىقى لەشكەرلىرىنى قاۋىۋالدى، كۆكتە يەنە چاقماق چېقىپ، نۇرغۇن سېھىرگەر لەشكەر ـ تەڭرى سەركەردىلىرى قىر ـ چاپ بىلەن يېتىپ چۈشتى. سۈك جياڭنىڭ سېپىدە قىيقاس ـ چۇقانلار زېمىننى بىر ئېلىپ لەشكەرلەر پىتىراپ كەتتى. چياۋ داۋچىڭ تۆت سول قول سەركەردىسى بىلەن ئات سېلىپ قىرغىنغا ئۆتتى. فەن رۇينىڭ سېھىرگەرلىكى ھېچنېمىگە كارغا كەلمىدى، ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، ئېتىنى بۇراپ قاچتى.

تيەن خۇ لەشكەرلىرى تازا قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىنتايىن خەتەرلىك بىر پەيتتە، سۈك جياڭنىڭ قوشى ئىچىدىن بىر پارچە ئالتۇن نۇر چاقناپ چىقىپ بوران ـ شامالنى توختاتتى، ھېلىقى سېھىرگەر لەشكەر ـ تەڭرى سەركەردىلىرى پوكۇلداپ ئالدىغا چۈشتى. ھەممىيلەن قارىغۇدەك بولسا، ئۇ رەڭگارەڭ قەغەزلەردىن قىيىلغان قېيىقچىلار ئىكەن. چياۋ داۋچىڭ ئۆزىنىڭ سېھىرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كارامىتىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالدى، چاچلىرىنى چۇۋۇپ، زۇلپىقارىنى ئوينىتىپ دورۇت ئوقۇپ «سۇف !» دەپ دەم سالدى. ئۇ يەنە ئۇچ پۇراقلىق دەمدە سۈيى ھېلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە ھەممە ياقنى قاپقارا ئىس ـ تۈتەكلەرگە توشتۇرۇۋەتتى، بۇ چاغدا سۈك جياڭنىڭ سېپىدىن بىر موللام تۇلپارغا مىنىپ چىقىپ كەلدى، ئۇ قولىغا گۈل چېكىلگەن زۇلپىقار تۇتقان ھالدا دورۇت ئوقۇپ «سۇف !» دەپ دەم سىلىۋىدى، كۆكتىن نۇرغۇنلىغان سېرىق پەرىجە كىيگەن سېھىرگەر سەردارلار يۇقىرىقى تەرەپكە ئۇچۇپ بېرىشتى ـ دە، ئۇ يەردىكى قارا تۈتەكنى سۈرۈپ تۈگەتتى. چياۋ داۋچىڭ ناھايىتى چۆچۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. سۈك خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى بۇ مولللامنىڭ سېھىر كۈچىنى دەپئى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ چياۋ داۋچىڭ دېگەن جادۇگەر ئوغرى، مانا بۈگۈن

نوچىسىدىن بىرى كەلدى، — دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا تىللاشتى.
چىياۋ داۋچىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىزا تارتىپ پوكاندەك قىزىرىپ، ئۆز سېپىگە قاراپ چېكىندى. چىياۋ داۋچىڭ ئادەتتە ئۆزىنىڭ كارامىتىگە ئىشىنىپ خەقنى بوزەك قىلاتتى. بۈگۈن باشقىلار قولىدا لەت بولۇپ سالپىيىپ قايتتى. دەرھەقىقەت! بۈگۈنكى ئىزا – ئاھانەتنى ئۈچ دەريانىڭ سۈيىنى باغلاپ كېلىپ يۇسىمۇ چىقمايتتى. سۇڭ جياڭنىڭ سېپىدە سېھىرنى دەپئى قىلغان بۇ مۇللامىنىڭ زادى كىملىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# توقسان ئالتىنچى باب

## سېھىرگەر سېھىرنىڭ بەش ئەجدىھا تېغىدا كۆچىدىن قالغانلىقى بۇلۇت ئەجدىھاسىنىڭ جىلغىلىق چوقىنى قورشىۋالغانلىقى

ئەلقىسسە، سۇڭ جياڭنىڭ سېپىدە چياۋ داۋچىڭنىڭ سېھىرنى دەپئى قىلغان موللام بۇلۇت ئەجدىھاسى گۇڭسۇن شېڭ ئىدى. ئۇ ۋېيجۇدىن سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ۋاڭ يىڭ، جاڭ چىڭ، شىي جېن، شىي باۋلار بىلەن بىللە كېچىلەپ تۇرشاۋۇل قوشۇن ئالدىغا كەلگەنىدى. ئۇ قوشقا كىرىپ سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشتى. بۇ چياۋ داۋچىڭ سېھىر ئىشلىتىپ فەن رۈينى يېڭىۋالغان كۈنى، يەنى ئىككىنچى ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنى — شۇۋۇ يىلى ئىدى. شۇ تۇپراقتا مەنسۇپ بولاتتى. گۇڭسۇن شېڭ ئىلاھىي سەردارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ دەممىدە سۇيىنى يوقاتتى، سېھىر جۇت تۇمانىنى تارقىتىۋەتتى، ھاۋا ئېچىلىپ قۇياش نۇر چاچتى. سۇڭ جياڭ بىلەن گۇڭسۇن شېڭ سەپنىڭ ئالدىغا ئاتلىق بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، چياۋ داۋچىڭ ئىزا ـ ئاھانەت دەستىدىن سالپايغان پېتى لەشكەرلىرىنى باشلاپ تۆۋەنگە قاراپ كېتىۋاتقانىكەن.

— چياۋ داۋچىڭ سېھىر كۆچىدىن قېلىپ قېچىپتۇ، ئەگەر ئۇنىڭ شەھەرگە كىرىپ كېتىشىگە يول قويساق، چىڭ ئورۇنلىشىۋېلىپ يىلتىز تارتىۋالىدۇ، ئاغا، شۇ نىڭ، سو چاۋلارغا بەش مىڭ لەشكەر ئېلىپ كۈنچىقىش تەرەپتىن تۆۋەن قوۋۇققا بېرىپ، ئۇنىڭ يانار يولىنى توسۇپ تۇرۇشقا، ۋاڭ يىڭ بىلەن سۇن شىننىڭ بەش مىڭ لەشكەر ئېلىپ بېرىپ كۈنپېتىش

قوۋۇقنى توسۇپ تۇرۇشقا، مەگەر چىياۋ داۋچىڭنىڭ يىگىتلىگەن لەشكەرلىرى قايتماق بولۇپ بىرىپ قالسا، ئۇنىڭ شەھەرگە كىرىدىغان يولىنى توسۇپ تۇرۇشقا، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماسلىققا بۇيرۇق بەرسىلە، — دېدى گۇڭسۇن شىڭ سۇڭ جياڭغا قاراپ.

سۇڭ جياڭ شۇ گەپ بويىچە بۇيرۇق بىرىپ، سەردارلىرىنى بۇيرۇق بويىچە ئىش كۆرۈشكە ئەۋەتتى.

ئاڭغىچە چاشگاھ ۋاقتى بولۇپ قالدى، سۇڭ جياڭ بىلەن گۇڭسۇن شىڭ لىن چۇڭ، جاڭ چىڭ، تاڭ لۇڭ، لى يۈن، خۇ سەنىياڭ، گۇ يەڭگىلەرنى باشلاپ ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. تيەن خۇنىڭ سەردارى لىي جىن قاتارلىقلار چىياۋ داۋچىڭنى قوغداپ گاھ تۇتۇشۇپ، گاھ قېچىپ ماڭدى. ئالدىدىن سۈن چى، نىي شىنلار لەشكەر باشلاپ كېلىپ ھەمدەم بولۇپ بىرلەشتى. ئۇلار ئەمدىلا بەش ئەجدىھا تېغىدىكى قوشىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئارقىدىن سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى دۇمباقلىرىنى چېلىپ، سۈرەن - چۇقان سېلىپ ئۇچقاندەك تېز قوغلاپ كەلدى.

— پادىشاھ مۇشاۋىرىمىز قوشقا كىرىپ كەتسىلە، پىقىر ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ كۆرەي، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، — دېدى سۈن چى.

سەركەردىلىرى ئالدىدا پو ئاتقان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ سېھىرگەرلىكىنى تەڭداشسىز دەپ يۈرگەن چىياۋ داۋچىڭ سۈن چىغا قاراپ:

— سىلەر نېرى تۇرۇڭلار، ياۋ بىلەن ئۆزۈم ئېلىشىپ كۆرەي، — دېدى ۋە لەشكەرلەرگە بۇيرۇق بىرىپ سەپ تۈزدۈرۈپ، ئۆزى ئالدىغا چىقتى، لىي جىن قاتارلىقلار ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن قوغداپ تۇرۇشتى.

— ھەي، سازلىق قاراقچىلىرى، ئادەمنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلىشامسەن! قېنى كېلىش، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، — دەپ

ۋارقىرىدى چىياۋ داۋچىڭ.

چىياۋ داۋچىڭ ئەسلىدە شەندۇڭغا يىراق بولغان كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپتىكى جىڭيۇەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە، سۇڭ جىياڭلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلمەيتتى.

شۇ ئارىدا سۇڭ جىياڭنىڭ سېپىدە تۇغ ـ ئەلەملەر ئويناق ـ بوياقتا، يۇقىرى ـ تۆۋەنگە لەپىلدىۋىدى، سەپ تۈزۈلدى. ئىككى تەرەپ سەپ تارتىپ ھازىرلاندى. ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ، داقا ـ دۇمباقلار ياڭرىدى. تۆۋەن تەرەپتىكى سەپنىڭ ئىچىدە سېرىق تۇغ لەپىلدەپ، نىشان تۇغ ئاستىدىن ئىككى ئاتلىق سەپ ئالدىغا چىقتى: ئوتتۇرىدىكى ئاتتا شەندۇڭلۇق ئوندەكچى شىپالىق يامغۇر سۇڭ جىياڭ ئولتۇراتتى. سول قول تەرەپتىكى ئاتتا بولۇت ئەجدىھاسى گۇڭسۇن شېڭ زۇلپىقارىنى تۇتقان ھالدا ئولتۇرۇپ:

— سېنىڭ ئوقۇغانلىرىڭ غەيرىي دەرۋىشلىك، ئەنئەنىۋى دەرۋىشلىك ئەمەس، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ بويۇن ئەگ! — دېدى چىياۋ داۋچىڭغا قول شىلتىپ تۇرۇپ.

چىياۋ داۋچىڭ سەپسېلىپ قاراپ ئۆز سېھرىنى بەربات قىلغان موللامنىڭ دەل شۇ ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

## نەزم

كۇلاسى ئۈستىگە لەھەل يوپۇرماق قاشنى بېكىتكەن،
سېغىزخان كەشتىلىك تونى كالۋۇتۇن يىپتا تىكىلگەن.
سىزىپ توققۇز ساراي سۈرىتىنى ئېگىنىگە پارقىرىتىپ،
بورانلار چىقىرار سېھرىنى دىلى ـ باغرىغا چىڭ پۈككەن.
بېلىگە رەڭمۇرەڭ يىپتىن توقۇلغان قۇر پوتا باغلاپ،
قولىدا قەدىمىي خەنجەر ئۇنىڭغا گۈل ـ چېچەك چىككەن.
بېشىنى قاڭتۇرۇپ ماڭغان قۇلان ئات ئۈستىدە ئويىنار،
پۇتىغا قىپقىزىل رەڭلىك بولۇت گۈللۈك ئۆتۈك كىيگەن.
قېشى گويا يېڭى ئايدۇر، كۆزى ئۆرۈك كەبى يۇمىلاق،
دارايغان بۇرۇتى قوۋۇز ـ لېۋىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن.

— بۇگۈنلا سىھرىم ئىشلىمەي قالدى، نېمىشقا ساڭا بوي ئېگەتتىم؟ — دېدى چياۋ داۋچىلىڭ گۇڭسۇن شېڭغا قاراپ.
— شۇ ھۈنىرىڭنى يەنە ئىشلىتىپ كۆرمەكچىمۇسەن؟ — دېدى گۇڭسۇن شېڭ.
— تولا بوش چاغلىما، كارامىتىمنى يەنە بىر كۆرۈپ قوي! — دەپ ۋارقىرىدى چياۋ داۋچىلىڭ.
چياۋ داۋچىلىڭ قەددىنى رۇسلاپ، ئاغزىدا بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ، قولىنى قېي جېن تەرەپكە شىلتىدى، قېي جېننىڭ قولىدىكى پولات نەيزە بىرەر ئادەم قولىدىن گويا تارتىۋالغاندەك ئاجراپ، خۇددى يىلاندەك تولغىنىپ، ئۇدۇل گۇڭسۇن شېڭغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. گۇڭسۇن شېڭ زۇلپىقارىنى چىن مىڭ تەرەپكە قارىتىپ شىلتىۋىدى، قولىدىكى بۆرە چىشلىق كالتەك نەيزىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. نەيزە بىلەن كالتەك كۆكتە راسا ئېلىشىشقا باشلىدى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى كەينى - كەينىدىن باركاللا سېلىشتى. «جاراڭگىدە» چىققان ئاۋاز بىلەن تەڭ، كالتەك نەيزىنى يەرگە ئۇرۇپ چۇشۇرۈۋەتتى. نەيزە بېرىپ تيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ دۇمبىسىغا پارس قىلىپ تېگىپ دۇمباقنى تېشىۋەتتى. دۇمباقچى لەشكەرلەر قورقۇپ كەتكەچكە، چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى. ھېلىقى بۆرە چىشلىق كالتەك چىن مىڭنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.
— سەن ئۇستا ئالدىدا ئۇستىلىق قىلىمەن دېمە! — دەپ ۋارقىرىدى گۇڭسۇن شېڭ.
چياۋ داۋچىلىڭ يەنە دۇرۇت ئوقۇپ، قولىنى يۇقىرى تەرەپكە پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ «سۇف !» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ، تيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى بەش ئەجدىھا تېغىنىڭ بىر ئويمان يېرىدىن بىر پارچە قارا بۇلۇت كۆتۈرۈلدى. بۇلۇت بىلەن تەڭ بىر قارا ئەجدىھا تىرناقلىرىنى سوزۇپ

www.uyghurkitap.com

ئۆچقاندەك ئېتىلىپ كەلدى. گۈڭسۈن شىلىك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ئۇمۇ قولىنى بەش ئەجدىھا تېغى تەرەپكە شىلتىدى، تاغنىڭ بىر ئويمان يېرىدىن بىر سىرىق ئەجدىھا كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇتلار ئارا ئۈزۈپ كېلىپ، قارا ئەجدىھانى توسۇپ كۆكتە ئېلىشىشقا باشلىدى.

ـــ قېنى كۆك ئەجدىھايىم كەلمەمسەن، ـــ دېدى چياۋ داۋچىلىڭ ۋارقىراپ. شۇ ئەسنادا تاغ چوققىسىدا بىر كۆك ئەجدىھا پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاق ئەجدىھا ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنى توسۇۋالدى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى لەشكەرلەرنىڭ ئاغزىلىرى ئېچىلىپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى.

ـــ قېنى قىزىل ئەجدىھايىم، چىقىپ ھەمدەم بولمامسەن ! ـــ دېدى چياۋ داۋچىلىڭ زۇلپىقارىنى كۆتۈرۈپ.

گەپ ئارىلىقىدا بىر تاغ ئويمىنىدىن بىر قىزىل ئەجدىھا چىقىپ ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. بەش ئەجدىھا كۆكتە قاتتىق ئېلىشىپ گىرەلىشىپ كەتتى. يەر يۈزىدە قارا بوران چىقىۋاتاتتى، تۇغچى لەشكەرلەردىن ئون نەچچىسى تۇغ بىلەن تەڭ يەرگە دومىلاپ كەتتى. گۈڭسۈن شىلىڭ زۇلپىقارىنى سول قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن چۆپ قورۇغۇچنى كۆككە ئاتتى. چۆپ قورۇغۇچ كۆكتە بىر لەيلەپلا يوغان غازدەك قۇشقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى، ئۇچقانسېرى ئېگىزلەپ، يوغىناپ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ، يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كەتتى، ئاندىن چوڭ ئەنقاغا ئايلىنىپ، ئىككى قانىتى گويا ئاسماننى قاپلىغان بۇلۇتتەك بولۇپ، بەش ئەجدىھانى قانىتى بىلەن قاتتىق ئۇردى. پارس ـ پارس ئاۋاز چىقىش بىلەن خۇددى كۆپكۆك ئاسماندا چاقماق چاققاندەك بەش ئەجدىھانى سوقۇپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. ئەسلىدە بەش ئەجدىھا تېغى ھەققىدە بىر رىۋايەت بار ئىدى: بۇ تاغدا دائىم بەش خىل رەڭلىك بۇلۇت پەيدا بولۇپ تۇراتتى. ئىلاھىي ئەجدىھا بەندىلەرنىڭ چۈشىگە كىرىپ ياتقۇزمىغاچقا، كىشىلەر بۇ تاغقا بۇتخانا سالغانىدى، بۇتخانىنىڭ

ئوتتۇرىسىغا ئەجدىھالار شاھىنىڭ مەرتىۋە تاختىيى ئورنىتىلغانىدى ھەم بەش تۆۋرۈككە يۆگەشكەن كۆك، سېرىق، قىزىل، قارا، ئاق — بەش ئەجدىھا ئورنىتىلغانىدى. ھازىر بۇ ئىككىسى سېھىر بىلەن بۇ بەش ئەجدىھانى كەلتۈرۈپ سوقۇشتۇرغانىدى، گۈگىسۇن شىبىڭ چىۋىن قورۇغۇچنى ئەنقاغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى سوقتۇرۇپ پارە - پارە قىلىۋەتتى. بۇ ئەجدىھالارنىڭ پارچىلىرى تىيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا چۈشتى. لەشكەرلەر ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى، ئۇزاق يىللاردىن بېرى قېتىپ كەتكەن قاتتىق لاي لەشكەرلەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى يېرىۋەتتى، باش - كۆزلىرىنى قان قىلدى. ئىككى يۈزدىن ئارتۇق لەشكەر يارىلاندى، قالغانلىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. چياۋ داۋچىڭ بۇنىڭغا ئامال قىلالماي تەمتىرەپ كەتتى، سېرىق ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقى كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، بېشىدىكى دەرۋىشلىك تاجىنى ماكچايتىپ، بېشىنى يېرىۋەتكىلى تاس قالدى. گۈگىسۇن شىبىڭ قولىنى پۇلاڭلاتقانىدى، ئەنقا غايىب بولۇپ كەتتى. چىۋىن قورۇغۇچ قولىغا قايتىپ چۈشتى. چياۋ داۋچىڭ يەنە سېھىر ئىشلەتمەكچى بولۇۋىدى، گۈگىسۇن شىبىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، كۆكتە ئالتۇن قوياغ كىيگەن بىر ئىلاھنى پەيدا قىلدى. بۇ ئىلاھ چياۋ داۋچىڭغا قاراپ:

— ھەي چياۋ لىي، ئاتتىن چۈشۈپ قول قوي! — دەپ ۋارقىرىدى.

چياۋ داۋچىڭ ئاغزىدا ھەرقانچە دۇرۇت ئوقۇسىمۇ، ھېچبىر كارغا كەلمىدى. ئاندىن ھودۇقۇپ ئېتىنى قامچىلاپ ئۆز سېپىگە قاراپ قاچتى.

— ھەي، سېھىرچى دەرۋىش، نەگە قاچماقچىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى لىن چۇڭ ۋە نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ قوغلاپ كەلدى. تىيەن خۇ سېپىدىن نېي لىن ئېتىنى يۈگۈرتۈپ قىلىچىنى تۇتقان پېتى كېلىپ، لىن چۇڭنىڭ ئالدىنى توستى. لېي جېن

يالمىنىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھەمدەم بولدى. بۇ تەرەپتىن تاڭ لوڭ ئات سىلىپ زەنجىرلىك ئومۇتنى ئوينىتىپ چىقىپ لىي جىننى توسۇۋالدى. تۆت باتۇر ئىككى يەردە قاتتىق ئېلىشتى، ئىككى تەرەپتىكى لەشكەرلەر ئاغىزى ـ ئاغىزىغا تەگمەي چۇقان كۆتۈرۈشتى، نىي لىن بىلەن لىن چوڭ يىگىرمە نەچچە مەرتەمدەك ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. لىن چوڭ ئۇنىڭ چاندۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ بىر نەيزە ئۇرۇۋىدى، نىي لىننىڭ ئېتىنىڭ يوتىسىغا سانجىلدى، ئات يىقىلىش بىلەن نىي لىنمۇ ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى، لىن چوڭ ئېتىلىپ كېلىپ دەل ئۇنىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ بىر نەيزە ئۇرۇپلا جېنىنى ئالدى. لىي جىن تاڭ لوڭ بىلەن راسا ئېلىشىۋاتاتتى، نىي لىننىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، يېڭىلگەن بولۇپ ئېتىنى بۇراپ قاچتى. تاڭ لوڭ قوغلىشىپ كېلىپ، زەنجىرلىك ئومۇت بىلەن بېشىغا كېلىشتۈرۈپ سالغانىدى، لىي جىننىڭ باش ـ ماش، دۇبۇلغا ـ پۇبۇلغىلىرىنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتتى. سۇڭ جياڭ قامچىسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قاراپ ئىشارەت قىلدى، جاڭ چىڭ، لى يۈن، خۇ سەننياڭ، گۇ يەڭگىلەر بىراقلا ئېتىلدى. تيەن خۇ لەشكەرلىرى قالايمىقانلىشىپ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، نۇرغۇنلىرى قىرىلىپ تۈگىدى.

سۈن چى، نيې شىن، فېي جىن، شۆ سەنلەر چياۋ داۋچىڭنى ئارىغا ئېلىپ قوغداپ، بەش ئەجدىھا تېغىدىكى قوشنى تاشلاپ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ جاۋدېغا قاراپ قاچتى. تاغ قاپتىلىدىن ئۆتۈپ، شەھەرگە ئالتە ـ يەتتە چاقىرىم قالغاندا، ئالدىدىن ناغرا ـ دۇمباق سادالىرى كۆتۈرۈلدى، كۈنچىقىشتىكى چىغىر يولدىن بىر توپ لەشكەر قىيقاس كۆتۈرۈپ چىقتى، بۇ لەشكەرلەرنى زەر نەيزىۋاز شۇ نىڭ بىلەن تۇرشاۋۇل سو چاۋ باشلاپ كەلگەنىدى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە تېگەر ـ تەگمەيلا، جاۋدې شەھىرىدىكىلەر شەھەر سىرتىدا ئىككى تەرەپنىڭ تۇتۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەي مېي بىلەن ۋېن كۇي تۆۋەن قوۋۇقنى



www.uyghurkitap.com

ئېچىپ بەش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ چىقىپ ھەمدەم بولدى، شۇ نىڭ بىلەن سۇ چاۋ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ياۋ بىلەن ئېلىشتى. سۇچاۋ ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن يۇقىرى تەرەپتىكى ياۋ بىلەن تۇتۇشتى، دەي مېي ئالدىغا چىقىپ سۇ چاۋ بىلەن ئۇن نەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن سۇ چاۋ پالتىسى بىلەن دەي مېينى ئىككى پارە قىلىۋەتتى. ۋېن كۇي ئالمان - تالمان لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەرگە قاچتى. سۇ چاۋ قوغلىشىپ بېرىپ، تيەن خۇ لەشكەرلىرىدىن بىرەر يۈزدەكىنى قىرىپ تاشلىدى، تۆۋەن قوۋۇقىچە قوغلىشىپ بارغاندا، ۋېن كۇي لەشكەرلىرى شەھەرگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. ئۇلار ئاسما كۆۋرۈكنى يىغىۋېلىپ، قوۋۇقنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ، سېپىلدىن ياغاچ - تاشنى يامغۇردەك ياغدۇردى، سۇ چاۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ياندى.

شۇ نىڭ ئۈچ مىڭ لەشكەرنى باشلاپ تيەن خۇنىڭ قاچقان لەشكەرلىرىنىڭ يولىنى توسۇۋالدى. تيەن خۇ لەشكەرلىرى بىر جەڭدە يېڭىلگەن بولسىمۇ، يەنە ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق لەشكىرى بار ئىدى. سۇن چى بىلەن نىي شىن شۇ نىڭنىڭ لەشكەرلىرىگە بوي بەرمەي قاتتىق تىركەشتى. فېي جېن بىلەن شۆ سەنلەرنىڭ جەڭگە رايى بارماي، بەش مىڭ لەشكەر بىلەن چياۋ داۋچېڭنى ئارىغا ئېلىپ كۈنپېتىش تەرەپكە قاچتى. بۇ تەرەپتە شۇ نىڭ سۇن چى ۋە نىي شىن بىلەن راسا ئېلىشىۋاتقاندا، ئۇ يالغۇز كېلىپ قالدى، شۇ ئەسنادا تيەن خۇ لەشكەرلىرى كېلىپ، ئۇنى جەڭ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قورشىۋالدى. دەل شۇ پەيتتە سۇ چاۋ بىلەن سۇڭ جياڭلار يۇقىرى - تۆۋەن ئىككى تەرەپتىن يېتىپ كەلدى، سۇن چى بىلەن نىي شىن ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن لەشكەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇ نىڭ نىي شىننىڭ سول بىلىكىگە نەيزە ئۇرۇپ، ئاتتىن يىقىتىپ چۈشۈرۈشكە، ئۇنى ئادەم ۋە ئات دەسسەپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتتى. سۇن چى ئارىدىن بۆسۈپ چىقىپ قاچماقچى بولۇۋىدى، جاڭ چىڭ يېتىشىۋېلىپ، دۈمبىسىگە بىر نەيزە ئۇرۇپلا ئۇنى ئاتتىن دومىلىتىپ

www.uyghurkitap.com

چۈشۈردى. تيەن خۇ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى، ئۈچ تۈمەن لەشكىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ تۈگىدى. يەر يۈزى جەسەتكە تولدى، قان دەريا بولۇپ ئاقتى، سان ـ ساناقسىز دۇبۇلغا ـ قۇياغ، داقا ـ دۇمباق، تۇغ ـ ئەلەم، ئات ـ ئېگەرلەر تاشلىنىپ كەتتى. قالغان لەشكەرلەر ئۆز جېنىنى قاچۇرۇپ پىتىراپ كەتتى.

سۇڭ جياڭ، گۇڭسۇن شېڭ، لىن چۇڭ، جاڭ چېڭ، تاڭ لۇڭ، لى يۈن، خۇ سەنيياڭ، گۇ يەڭگە ۋە شۇ نىڭ، سو چاۋلارنىڭ لەشكەرلىرى قوشۇلۇپ ئىككى يېرىم تۈمەن ئادەم بولدى، بۇلار چياۋ داۋچىڭ بىلەن فېي جىن، شۆ سەنلەرنىڭ بەش مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ بارماقچى بولدى. ئەمما، دىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى، لەشكەرلەر بىر كۈن جەڭ قىلىپ، قورساقلىرى ئېچىپ ھاردۇق يەتكەنىدى. سۇڭ تۇرشاۋۇل لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئارام ئالدۇراي دەپ تۇرۇشىغا، توساتتىن مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ ئۆزلىرىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن كۆپ جەڭ قىلغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، ئالاھىدە فەن رۇي، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگولارنى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن ئوتقاش كۆتۈرۈپ ئالدىلىرىغا ئەۋەتىپتۇ دىگەن خەۋەر كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ سۇڭ تۇرشاۋۇل ئىنتايىن خۇرسەن بولدى.

— بۇلارمۇ كېلىپ قالدى، — دېدى گۇڭسۇن شېڭ، — ئاغىمىز باشقا ئاتامانلار بىلەن قوشقا قايتىپ، غىزالىنىپ ئارام ئېلىپ تۇرسا، پېقىر ئاتامانلاردىن فەن رۇي، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگولار بىلەن بىرلىكتە لەشكەر باشلاپ چياۋ داۋچىڭنى قوغلاپ بېرىپ، ئۇ دۆيۈزنى ئەل قىلىپ كەلسەم.

— ئەزىز ئىنىمنىڭ كارامىتى بىلەن بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇق. ئىنىمىز يىراقتىن كەلدىلە، ھاردۇق يەتكەندۇ! سىلىمۇ كۆپ مېھنەت قىلدىلا، چوڭ قوشقا بېرىپ ئارام ئالايلى. ئەتە ئاندىن بىر تەرەپ قىلايلى. چياۋ داۋچىڭ دىگەن بۇ

ھارامزادىنىڭ سىرى پاش بولۇپ، قىلغۇدەك ھېچ ھۈنىرى قالمىدى، بەلكىم قولىدىن يەنە باشقا بىر ئىش كەلمەس، — دېدى سۇك جياڭ.

— ئاغىمىز، سىلى بىلمەيدىلا، — دېدى گۇڭسۇن شېڭ، — ئەسلىدە پېقىرنىڭ ئۇستازى بوۋاكالان دائىم ماڭا: «جىڭيۇەن دېگەن يەردە چياۋ ليې دېگەن بىر ئادەم بار، ئۇنىڭ دەرۋىشلىكتىن خەۋىرى بار، مېنى زىيارەت قىلىپمۇ كەلگەن، ئۇنىڭدا يامان نىيەت ئېغىر بولۇپ، بۇ ئالەمگە يامانلىق ئۇچۇن يارىتىلغاچقا، قانخورلۇقتىن قول ئۈزمىگەن، شۇ سەۋەبتىن مەن رەت قىلغانىدىم. كېيىنچە ئۇنىڭ يامان نىيىتى ئاستا ـ ئاستا تۈگەيدۇ، پەيتى كەلگەندە دېغا يولۇقسا، بويۇن ئېگىدۇ، ساڭا پەيت كېلىپ قالىدۇ، سەن شۇ چاغدا ئۇنى ئېرىتسەڭ بولىدۇ، كېيىن ئۇ ئىلمىي سېھىرنى چۈشىنىۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسقېتىپ قالىدۇ» دېگەنىدى. پېقىر بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن ۋېيجۇدىن بۇ جايغا كېلىش ئارىلىقىدا بۇ سېھىرگەرنىڭ نامى ـ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرگەنىدىم. جاڭ سەركەردە: «ئەل قىلىنغان سەركەردە گېڭ گۇڭ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ» دېگەنىدى. ئاڭلىسام، چياۋ داۋچىڭ شۇ جىڭيۇەنلىك چياۋ ليې ئىكەن. ئابايا ئۇنىڭ ھۈنىرىگە قارىسام، پېقىرنىڭ ھۈنىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇستازىمنىڭ بەش كارامەتلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەچكە، ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلىيالىدىم. ئالدىمىزدىكى شەھەر جاۋدې شەھىرى، بۇ ئۇستازىمنىڭ دېغا يولۇقسا، بويۇن ئېگىدۇ، دېگەن سۆزىگە دەل كېلىپ قالدى. مەگەر ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول قويساق، بۇ ئادەم چوقۇم دۆ ـ پېرىلەر قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ، ئۇنداق بولسا، ئۇستازىمنىڭ سۆزىگە خىلاپلىق قىلغان بولىمەن. بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ، پېقىر ئىنىلىرى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا لەشكەر باشلاپ قوغلاپ بېرىپ ئەل قىلاي، — دېدى گۇڭسۇن شېڭ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆكسى ـ قارنى يايراپ كەتكەن سۇڭ جياڭ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەشەككۈر ئوقۇپ كەتتى ۋە ئاتامانلار بىلەن لەشكەرلەرنى باشلاپ ئارام ئېلىشقا قوشقا قايتتى. گۇڭسۇن شېڭ فەن رۇي، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگولار بىلەن بىللە بىر تۈمەن لەشكەر باشلاپ چياۋ داۋچىڭنى قوغلىشىپ كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى چياۋ داۋچىڭدىن ئاڭلاڭ. چياۋ داۋچىڭ فېي جېن، شۆ سەنلەر بىلەن بىللە ئاقساق ـ چولاق لەشكەرلەردىن بەش مىڭنى باشلاپ، جاۋدې شەھىرىنىڭ كۆنپېيتىش تەرىپىگە قېچىپ كەلدى. كۆنپېيتىش قوۋۇقتىن شەھەرگە كىرىشكە تەمشىلىپ تۇرغاندا، ھېيۋەتلىك ناغرا ـ دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۆدۈلدىكى قېلىن ئورماندىن بىر توپ لەشكەر بۆسۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككى سەركەردە ــ پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ، كىچىك يۈچى سۇن شىن بار بولۇپ، ئۇلار بەش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ كېلىپ سەپ تارتىپ يولنى توستى، فېي جېن، شۆ سەنلەر جېنىنىڭ بارىچە بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇندى. سۇن شىن، ۋاڭ يىڭلار گۇڭسۇن شېڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئېلىشماي تۇرۇۋېلىپ، شەھەرگە كىرىپ كېتىشكە يول قويمىدى. ئاخىر ئۇلار يۇقىرىقى تەرەپكە قاراپ قاچتى. شەھەرنىڭ ئىچىدىكىلەر چياۋ داۋچىڭنىڭ ھۈنىرى تۈگەپ قاتتىق مات بولغانلىقىنى، سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ دەبدەبە ـ ئەسئەسە بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شەھەر قولدىن كېتىپ قالمىسۇن دەپ قوۋۇقنى چىڭ تاقىۋالدى، ئۇلارغا ھەمدەم بولۇشقا پېتىنالمىدى.

ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، سۇن شىن، ۋاڭ يىڭلار گۇڭسۇن شېڭنىڭ فەن رۇي، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگولار بىلەن لەشكەر باشلاپ ئۇچقاندەك قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ــ ئىككى ئاتامان چوڭ قوشقا قايتىپ غىزالىنىپ ئارام ئېلىشسىلا، پېقىر دەرۋىش ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭاي، ــ

دېدى گۆڭسۈن شېڭ.

سۈن شىن، ۋاڭ يىڭلار بۇيرۇق بويىچە قوشقا قايتىشتى. ئاڭغىچە نامازشام بولۇپ قالغانىدى. چياۋ داۋچىڭ قېي جېن، شۆ سەنلەر بىلەن ئاقساق ـ چولاق لەشكەرلىرىنى باشلاپ، خۇددى لاچىندىن ئۈركۈپ كەتكەن كەپتەر، مۈشۈكنى كۆرگەن چاشقاندەك ئالمان ـ تالمان يۇقىرىقى تەرەپكە جېنىنىڭ بارىچە قاچتى. گۆڭسۈن شېڭ فەن رۈي، شەن تىڭگۈي، ۋېي دىڭگولار بىلەن بىرلىكتە بىر تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ، تاپ بېسىپ قوغلاپ ماڭدى.

— چياۋ داۋچىڭ، ھوشۇڭنى تاپماي تۇرىۋەرمەي، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بول ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى گۆڭسۈن شېڭ.

— ھەركىمنىڭ ئۆز غوجىسى بولىدۇ، سەن مېنى نېمانچە قىستايسەن؟ — دەپ ۋارقىراپ جاۋاب بەردى ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان چياۋ داۋچىڭ.

شۇ ئەسنادا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى ئوتقاش ياقتى. ئوت نۇرى جاھاننى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. چياۋ داۋچىڭ ئوڭ ـ سولدىكىلەرگە قارىغانىدى، ئاران قېي جېن، شۆ سەن ۋە ئوتتۇز نەچچە ئاتلىق ئادەم قاپتۇ، قالغان لەشكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ قېچىپتۇ. چياۋ داۋچىڭ زۇلپىقارىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنى بوغۇزلاي دەپ تۇرۇۋىدى، قېي جېن ئالمان ـ تالمان توسۇۋېلىپ:

— پادىشاھ مۇشاۋىرى، ئۇنداق قىلمىغايسىز ، — دېدى ئۇدۇلدىكى تاغنى كۆرسىتىپ، — مۇشۇ تاغدا پاناھلانغىلى بولىدۇ.

چياۋ داۋچىڭ كارامىتى تۈگەپ مادارىدىن كەتكەنىدى. شۇڭا، ئىككى سەردار بىلەن تاغ ئىچىگە قېچىپ كىردى. ئەسلىدە جاۋدې شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش يۇقىرىقى تەرىپىدە جىلغىلىق چوققا دېگەن بىر تاغ بار ئىدى. رىۋايەتلەردە دېھقانچىلىق پىرى بۇ تاغدا

خىلمۇخىل زىرائەتلەرنى ئۆستۈرگەنىكەن؛ تاغ ئىچىدە دېھقانچىلىق پىرى بۇتخانىسى بار ئىكەن، چىياۋ داۋچىڭ فېي جىن، شۆ سەن ئىككى سەركەردە بىلەن دېھقانچىلىق پىرى بۇتخانىسىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. قارىسا، ئاران ئون بەش ـ ئون ئالتە ئاتلىقلا ئادىمى قاپتۇ. گۇڭسۇن شېڭ ئۇنى ئەل قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا تاغ ئىچىگە كىرىۋېلىشىغا يول قويغانىدى. بولمىسا سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى يېتىشىپ كېلىپ، ھېلىغۇ بىر چىياۋ داۋچىڭ ئىكەن، ھەتتا بىر تۈمەن چىياۋ داۋچىڭ بولسىمۇ قىرىۋېتەكەن بولاتتى. ئەمدى گەپنى ئۇزارتمايلى. گۇڭسۇن شېڭ چىياۋ داۋچىڭنىڭ جىلغىلىق چوققىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، لەشكەرلىرىنى تۆتكە بۆلۈپ قوش تىكتۈرۈپ، جىلغىلىق چوققىنى تۆت تەرەپتىن چىڭ قورشىۋالدى. كەچ ئەلياتقۇ مەھەلدە توساتتىن كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپتىن ئوتقاش كۆرۈندى. سۇڭ تۇرشاۋۇل ئەسلىدە قوشقا قايتقاندىن كېيىن لىن چۇڭ، جاڭ چىڭلارنىڭ ھەربىرىگە بەش مىڭدىن لەشكەر بېرىپ، كېچىلەپ ئەھۋال ئۇقۇشقا ئەۋەتكەنىكەن. ئۇلار كېلىپ گۇڭسۇن شېڭنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلەشتى. ئۇلار جەمئىي ئىككى تۈمەن لەشكەر بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم قوش تىكىپ چىياۋ داۋچىڭنى قاتتىق قورشاۋغا ئالدى. بۇ ئىش مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

تاڭ ئاتتى. سۇڭ جياڭ گۇڭسۇن شېڭلارنىڭ لەشكەرلىرى چىياۋ داۋچىڭنى جىلغىلىق چوققا ئىچىگە قورشىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ۋۇ يۇڭ خەلىپەت بىلەن شەھەرنى ئېلىشنى مەسلىھەت قىلىشتى. لەشكەرلەرنى قوشتىن تۈگەل قوزغاپ، جاۋدې شەھىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ ئاتامانلىرىنى بۆلۈپ، جاۋدې شەھىرىنى ئىنىس ـ جىن چىقالمىغۇدەك ھىم قورشىۋالدى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان سەركەردە يې شېڭ قاتارلىقلار شەھەرنى مەھكەم ساقلاپ ياتتى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى ئۇدا ئىككى كۈن تېگىش قىلىپمۇ شەھەرنى

www.uyghurkitap.com

ئالالمىدى. سۆك جياڭ شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قوشتا تۇرۇپ، شەھەرنى ئالالماي قاتتىق غەمگە پاتتى، لى كۈيلار تۆتۈلۈپ كەتكەن، ھاياتى قانداق بولغاندۇ دەپ ئويلاپ، كۆزىدىن ئىختىيارسىز تارام ـ تارام ياش تۆكتى.

— ئاغا، كۆڭۈللىرىنى مالال قىلمىسىلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ كۆڭلىنى ياساپ، — بىرنەچچە پارچە قەغەزنىڭ مېھرىدىن كەچسەكلا شەھەرنى بىردەمدە ئالالايمىز.

— قانداق چارە تاپتىڭلار؟ — دەپ سورىدى سۆك جياڭ تەلمۈرۈپ.

شۇ جايدىلا ۋۇ يۇڭ ئىككى بارمىقىنى يۇكۇپ تۇرۇپ، بۇ چارىسىنى ئالدىرىماي ئېيتتى. ئەيىۋەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس! ئېلىندى شەھەر، قان تۆكۈلمەي تامچە، ئەمىن بولدى يۇقىرا، جەڭ كۆرمەي قىلچە. ۋۇ يۇڭ خەلپەتىنىڭ نېمىلەرنى ئېيتقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورىسى

# توقسان يەتتىنچى باب

## چىن گوەننىڭ باسقاقبەگلىكىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى سەركەردە قىز چيۇڭ يىڭنىڭ تۇرشاۋۇل بولغانلىقى

ئەلقىسسە، ۋۇ يۇڭ سۇڭ جياڭغا:

— شەھەر ئىچىدە قالغان لەشكەرلەر ئاز ھەم ئاجىز، ئالدىنقى كۈنلەردە چياۋ داۋچىڭنىڭ سېھىرگەرلىكىگە ئىشەنچ باغلاپ تۇرغانىدى، ھازىر چياۋ داۋچىڭ يېڭىلىپ ئېغىر ھالەتتە قالدى، سىرتتىن ھېچبىر ياردەم بولمىسا، ئۇلار قورقماي تۇرالامدۇ؟ بۈگۈن سەھەردە كەمىنە ئىنىلىرى شوتىغا چىقىپ كۆزىتىپ باقتىم، شەھەرنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ چىرايىدىن قورقۇنچ يېغىپ تۇرۇپتۇ. بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قورقۇپ تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا نىجاتلىق يولى كۆرسىتىپ ياخشى - يامانى ئايرىپ بەرسەك، ئۇ چاغدا ئۇلار چوقۇم بەگ - سىپاھلىرىنى باغلاپ، ئەل بولۇپ ئالدىمىزغا چىقىدۇ، شۇندىلا تىغ قانغا بويالماي، شەھەر قولىمىزغا چۈشىدۇ، — دېدى.

— مۇشاۋىرىمىزنىڭ كۆرسەتكەن پەنتى ناھايىتى ياخشى پەنت بولدى، — دېدى سۇڭ جياڭ چىرايى ئېچىلىپ.

مەسلىھەت پۈتكەن ھامان نەچچە ئون پارچە لەشكەر ئېلانى تەييارلاندى. ئېلاندا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

ئۇلۇغ سۇڭ خاندانلىقىنىڭ يۇقىرى پاسىلىنى تىنچىتىش تۇرشاۋۇلى سۇڭ جياڭ جاۋدى ئايمىقىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان سەرۋاز - سەركەردىلەرگە ۋە ئاۋام - پۇقرالارغا شۇنى جاكارلايدۇكى، تيەن خۇ

يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن قانۇن ـ ياساق بويىچە ئۆلۈم كېسىلىدۇ، قالغان ئەگەشكۈچىلىرىگە كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. شەھەرنى ساقلاۋاتقان سەرۋاز ـ سەركەردىلەر يامان يولدىن قايتىش بىلەن گۇناھىغا توۋا قىلىپ، پۈتكۈل ئاۋام ـ پۇقرالارنى باشلاپ، ئەل بولۇپ قوۋۇقتىن چىقسا، چوقۇم ئوردىغا مەلۇم قىلىنىپ، گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ھەم ئۆز لايىقىدا ئىش بېرىلىدۇ. ناۋادا سەرۋاز ـ سەركەردىلەر يامانلىقتىن قول ئۈزمىسە، بارلىق ئاۋام ـ پۇقرالار سۇڭ خاندانلىقىنىڭ پەرزەنتى بولغانلىق سۈپىتىڭلار بىلەن ھەققانىيەت يولىدا تېزدىن قوزغىلىپ، ئۇلارنى باغلاپ، خانلىققا باش ئېگىڭلار. بۇ ئىشقا باش بولۇپ ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەنلەرگە قېلىن تارتۇق بېرىلىدۇ، خانغا مەلۇم قىلىپ، ئالاھىدە ئىلتىپاتقا نائىل قىلىنىدۇ. كىمدەكىم ئەس ـ ھوشىنى تاپمايدىكەن، ئاق ياكى قارا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەھەر ئېلىنغان كۈنى تېنى تالقان قىلىنىپ، كۈلى كۆككە سورۇلىدۇ، دەپ ئالاھىدە ئۇشبۇ ئېلان چىقىرىلدى.

سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، ئېلانلارنى ئوقيالارغا تېڭىپ تۆت تەرەپتىن شەھەرگە ئاتتۇردى. ھەرقايسى قوۋۇقتا تەگكۈچىلەرگە ھۇجۇمنى سەل بوشىتىپ شەھەر ئىچىدىكى شەپە ـ شىمانى كۈزىتىشكە بۇيرۇق بەردى. ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا شەھەر ئىچىدىن سۈرەن ـ چۇقانلار كۆتۈرۈلدى، تۆت قوۋۇقتا ئەل بولۇش تۇغى چىقىرىلدى، شەھەرنى ساقلاۋاتقان جىن دىڭ، خۇاڭ يۇ دېگەن سەركەردىلەر لەشكەرلەر بىلەن پۇقرالارنى يىغىپ، يې شېڭ، نيۇ گېڭ، لېڭ نىڭ دېگەن قولداش سەركەردىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۆزۈن تاياققا باغلاپ سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىگە كۆرسەتتى ھەم زىندانغا كىرىپ لى كۈي، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، ليۇ تاڭ، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، تاڭ بىنلارنى بوشىتىپ، ھەممىسىنى تەختىراۋانغا سېلىپ شەھەردىن ئېلىپ چىقتى. لەشكەرلەر بىلەن پۇقرالار گۈل ـ چېچەك، شام ـ چىراغلارنى كۆتۈرۈپ، سۇڭ

جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنى شەھەرگە باشلاپ كىردى. سۈڭ تۇرشاۋۇل ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ھەرقايسى قوۋۇقلاردىكى سەركەردىلەرگە ئۆز تەرتىپى بويىچە لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەرگە كىرىشنى ئۇقتۇردى. بىر تامچىمۇ قان تۆكۈلمىدى. پۇقرالارنىڭ بىرەر تال قىلىمۇ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. ھەممە شاد ـ خۇراملىقتا چۆمدى.

سۈڭ جياڭ ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىگە كىرىپ دىۋاندا ئولتۇردى، لۇ جىشېن باشلىق سەككىز كىشى كېلىپ:

— ئاغا، كۆرۈشەلمىگىلى تاسلا قالدۇق! بۈگۈن ئاغىمىزنىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇش پۇرسىتىگە سازاۋەر بولدۇق، بۇ خۇددى چۈشىمىزدىكىدەك ئىش بولدى، — دېدى سالام بېرىپ.

سۈڭ جياڭ باشلىق خالايىقنىڭ ھەممىسى تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئاندىن جىن دىڭ، خۇاڭ يۇ ئىككىسى ۋېن كۇي، سەي زې، ياڭ چۇنلارنى باشلاپ كېلىپ سالام بەردى. سۈڭ جياڭ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— ھەرقايسىلىرى مەردلىك يولىدا تۇرۇپ، ئەلنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قېلىشتىلا، بۇ ئۆچمەس ئەجىردۇر، — دېدى.

— بىزنىڭ تېزدىن باش ئېگىپ، ئەل بولمىغانلىقىمىز كەچۈرۈلمەس گۇناھتۇر؛ شۇنداقتىمۇ بىز تۇرشاۋۇل بېگىمىنىڭ ئالاھىدە ئىززەت ـ ئىكرامىغا سازاۋەر بولدۇق، بۇنىڭدىن بىز ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازىمىز، ئۆلسەكمۇ ئۇنتۇمايمىز! — دېدى خۇاڭ يۇلەر، ئاندىن لۇ جىشېن، لى كۇيلارنىڭ تىز پۈكمەي، ياۋغا تىل ـ تۈكۈرۈك ياغدۇرغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. سۈڭ جياڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ماختاپ كەتتى.

— ئاڭلىسام، ھېلىقى مۇناپىق جادۇگەر جىلغىلىق چوققىدا ئىمىش، مەن بېرىپ مۇشۇ پالتام بىلەن يۈز پالتا چېپىپ دەردىمنى ئالسام، — دېدى لى كۇي.

— چياڭ داۋچېڭنى گوڭسۇن شىڭ جىلغىلىق چوققىدا قاۋۇۋالدى، ئۇنى ئۆزىمىزگە قارىتىۋالماقچىمىز، بۇ توغرىدا لۇ بوۋاكالاننىڭ بۇيرۇقى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا قول تەگكۈزگىلى بولمايدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئاغىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا كىرمەسكە نېمە ھەددىمىز؟ — دېدى لۇ جىشېن لى كۈيغا قاراپ.

لى كۈي شۇ چاغدىلا نىيىتىدىن يېنىپ توختاپ قالدى.

سۇڭ تۇرشاۋۇل ئىلان چىقىرىپ پۇقرالارنى خاتىرجەملەندۈردى، ئۈچ قوشۇننىڭ سەركەردىلىرىنى تارتۇقلىدى. گوڭسۇن شىڭ، جىن دىڭ، خۇاڭ يۈلەرنىڭ ئەجىر - تۆھپىلىرىنى دەپتەرگە پۈتكۈزدى. بۇلار لەشكىرىي ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ تۇرغىنىدا، بىردىنلا بىرى كىرىپ يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭنىڭ جىننىڭدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. دەي زۇڭ مەھكىمىگە كىرىپ سالام بەردى، سۇڭ تۇرشاۋۇل دەرھال جىننىڭنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇردى. دەي زۇڭ:

— پېقىر ئاغىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن جىننىڭغا يېتىپ بارغان چېغىمدا، لۇ تۇرشاۋۇل شەھەرگە تېگىۋاتقانىكەن. ئۇ: «پېقىر شەھەرنى ئالاي، ئاندىن بۇ خەۋەرنى ئاپىرىپ ئاغىمىزغا يەتكۈزۈڭ» دېدى. شۇل سەۋەبتىن ئۇ يەردە ئۈچ - تۆت كۈن تۇرۇپ قالدىم. جىننىڭنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئالالمىدى. مۇشۇ ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى كېچىسى ھاۋانى تۇمان بېسىپ، بىر ماڭدام نېرىدىكى نەرسىنى ئاڭقىرىغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. لۇ تۇرشاۋۇل لەشكەرلەرنى سېپىل تۈۋىگە توپا يۆلەشكە جورۇدى. ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە سېپىلنىڭ كۈنچىقىش يۇقىرىسىنى ساقلاۋاتقان چېرىكلەر سەل ئۇگدەپ قالغانىكەن، لەشكەرلىرىمىز دۆۋىلىگەن توپا ئارقىلىق سېپىلغا ئېسىلىپ چىقىپ، شەھەرنى ساقلاپ تۇرغان چېرىكلەردىن ئون ئۈچىنى جايلاپ تاشلىدى. تېيەن باۋ يۇقىرى قوۋۇقنى ئېچىپ، جان قايغۇسى قىلىپ قېچىپ كەتتى، قالغان سەركەردە - سەرۋازلىرى

www.uyghurkitap.com

تامامەن ئەل بولدى. بەش مىڭدىن ئارتۇق ئارغىماق ئولجا ئېلىندى. ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق چېرىك ئەل بولدى. ئۆلگەنلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق. لۇ تۇرشاۋۇل شەھەرنى ئېلىپ بولۇپ، تاڭ سۈزۈلگەندە ئىشلارنى بىر قۇر سەرەمجانلاشتۇرۇۋاتقاندى، دەل مۇشۇ چاغدا بىردىنلا: «ۋېيشېڭدىكى تيەن خۇ ئوردا ئەمرى سۈن ئەننى ئون سەركەردە ۋە ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن ھەمدەم بولۇشقا ئەۋەتىپتۇ، ئۇ شەھەردىن ئون يول نېرىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ» دېگەن خەۋەر مەلۇم قىلىندى. لۇ تۇرشاۋۇل شۇ ھامان چىن مىڭ، ياڭ جى، ئوۋ پېڭ، دېڭ فېيلارنىڭ لەشكەر باشلاپ چىقىپ ياۋ بىلەن ئېلىشىشنى بۇيرۇدى ھەم ئۆزى ئارقىدىن ئادەم باشلاپ بېرىپ بولۇشماق بولدى. چىن مىڭ لەشكەر تارتىپ چىقىپ، سۈن ئەن بىلەن ئەللىك ـ ئاتمىش مەرتەم ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. ئاڭغىچە لۇ تۇرشاۋۇل لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ باردى. ئۇ سۈن ئەننىڭ كارامەت باتۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دۇمباق چېلىپ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى، سۈن ئەنمۇ ئۆز ئادەملىرىنى يىغىۋالدى. ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا قوش تىكىپ ئورۇنلاشتى، لۇ تۇرشاۋۇل تۇراغا قايتىپ، سۈن ئەننىڭ كارامەت باتۇرلۇقىنى سۆزلەپ، قارا كۈچكە تايانماي، پەم بىلەن يېڭىش لازىم، دېدى. ئەتىسى لەشكەرلەرنى مۆكتۈرۈپ قويدى. لۇ تۇرشاۋۇل ئۆزى سەپ ئالدىغا چىقىپ سۈن ئەن بىلەن ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشتى. سۈن ئەننىڭ ئېتى توساتتىن مۈدۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۈنى يەرگە تاشلىۋەتتى. لۇ تۇرشاۋۇل: «بۇ سېنىڭ يېڭىلگەنلىكىڭ ئەمەس، قېنى ئېتىڭنى يەڭگۈشلەپ كەل، يېڭىباشتىن ئېلىشىمىز» دەپ ۋارقىرىدى. سۈن ئەن ئېتىنى يەڭگۈشلەپ كېلىپ، لۇ تۇرشاۋۇل بىلەن يەنە ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشتى. لۇ تۇرشاۋۇل يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ قاچتى. سۈن ئەن ئارقىدىن گول بولۇپ ئورمانلىققىچە قوغلىشىپ باردى. بىردىن توپ ئېتىلىپ، ئىككى يانغا مۆكۈپ

تۇرغان لەشكەرلەر گۇررىدە چىقتى. سۇن ئەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە ئىككى ياندىكىلەر ئاتلارنى پۇتلاش ئۈچۈن سالما تاشلىدى، سۇن ئەن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، يىگىتلەر ئولاش - چولاش بېرىپ سۇن ئەننى ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن تىرىك قولغا چۈشۈردى. تيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ سېپىدىن چىن يىڭ، لۇ چىڭ، ياۋ يۆلەر سۇن ئەننى تارتىۋالماقچى بولۇپ ئېتىلىپ چىقتى، بۇ تەرەپتىن ياڭ جى، ئوۋ پېڭ، دېڭ فېيلار چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. ئالتە ئاتلىق جۈپ - جۈپ بولۇپ ئېلىشار - ئېلىشار بىر جىراغا كىرىپ قالدى، بۇ چاغدا ياڭ جى قاتتىق سۈرەن بىلەن چىن يىڭغا بىر نەيزە ئۇرۇۋىدى، چىن يىڭ شۇئان ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى. لۇ چىڭ ئوۋ پېڭ بىلەن تازا ئېلىشىۋاتاتتى، ئوۋ پېڭ چاندۇرغاندەك بولۇپ داجىۋىدى، لۇ چىڭ ئالدىنىپ بىر قىلىچ چاپتى. قىلىچى تەگمىدى، لۇ چىڭ ئۆزىنى ئوڭشىغۇچە ئوۋ پېڭ كەينى تەرەپتىن ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر نەيزە سانجىپ شۇ يەردىلا جېنىنى ئالدى. ياۋ يۆ بۇ ئىككىسىنىڭ جېنىدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنى بۇراپ ئۆز سېپىگە قاراپ قاچتى، دېڭ فېي قوغلىشىپ بېرىپ، تۆمۈر زەنجىرى بىلەن تازا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىۋىدى، باش - ماش، دۈبۈلغا - پۈبۈلغىلىرى كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى. لۇ تۇرشاۋۇل لەشكەرلىرىنى ئالدىغا سېلىپ قىر - چاپ قىلىپ كەلدى، تيەن خۇنىڭ لەشكەرلىرى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، تۆت - بەش مىڭ ئادىمى ئۆلدى. قالغانلىرى ئون يول نېرىغا چېكىنىپ قوش تىكتى، لۇ تۇرشاۋۇلنىڭ لەشكەرلىرى زەپەر قۇچۇپ شەھەرگە كىردى، لەشكەرلەر سۇن ئەننى چەمبەرچاس باغلاپ يەتكۈزۈپ كەلدى. لۇ تۇرشاۋۇل سۇن ئەننى ئۆز قولى بىلەن بوشىتىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتتى ۋە ئۇنىڭغا خاندانلىقىقا باش ئېگىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. سۇن ئەن لۇ تۇرشاۋۇلنىڭ بۇنداق مەردلىك قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، باش ئېگىشكە رازىلىق بىلدۈردى ھەم لۇ تۇرشاۋۇلغا: «شەھەرنىڭ سىرتىدا يەنە يەتتە

سەركەردە، بىر يېرىم تۈمەن لەشكەر قالدى، پېقىرنىڭ بىر نىشىغا ئىجازەت قىلسىلا، ئۇلارنى كۆندۈرۈپ ئەل قىلىپ كەلسەم» دېدى. لۇ تۇرشاۋۇل قىلچە شەكلەنمەستىن سۇن ئەننىڭ مەيلىگە قويۇپ بەردى. سۇن ئەن يالغۇز ئاتلىق تىيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ قوشنىغا بېرىپ يەتتە سەركەردىنى كۆندۈرۈپ ئەكېلىپ لۇ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشتۈردى. لۇ تۇرشاۋۇل كۆپ خۇرسەن بولۇپ، شاراب تۇتۇپ كۈتۈۋالدى. سۇن ئەن: «پېقىر چىياۋ داۋچىڭ بىللە لەشكەر باشلاپ ۋېيشېڭدىن چىقىۋىدىم، چىياۋ داۋچىڭ چۆگۈن چاقىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا كېتىپ قالدى. بۇ ئادەم ئەسلىدە جادۇگەرلىكنى بىلەتتى، سۇڭ تۇرشاۋۇل ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قالارمىكىن دەيمەن، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز يۇرتداش، جانابلىرىنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن پېقىر چۆگۈن چاقىسىغا بېرىپ، چىياۋ داۋچىڭنى چېكىپ بېقىپ، ئەل بولۇشقا ئۈندەپ باقسام دەيمەن» دېۋىدى، لۇ تۇرشاۋۇل ماقۇل كۆرۈپ پېقىرنى سۇن ئەن بىلەن زەپەر خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. لۇ تۇرشاۋۇل شۇەن زەن، خاۋ سىۋېن، لۇ فاڭ، گو شىڭلارنى ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن جىننىڭنى قوغداشقا قالدۇردى. لۇ تۇرشاۋۇل قالغان سەركەردىلەر بىلەن ئىككى تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ فېنياڭغا يۈرۈش قىلدى. پېقىر جىننىڭدىن تۈنۈگۈن يولغا چىققانىدىم، سۇن ئەننىمۇ يەل تاپانلىق كارامەت بىلەن تېز يەتكۈزۈپ كەلدىم. بۈگۈن يول ئۈستىدە ئاغمىزنىڭ لەشكەرلىرى جاۋدېنى قاپسىۋاپتۇ، چىياۋ داۋچىڭمۇ قاۋۇلىپ قاپتۇ، دەپ ئىشىتتىم. شەھەرگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە ئۆزلىرىنى لەشكەر تارتىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى، دەپ ئاڭلاپ، ئالدىلىرىغا ئالاھىدە كۆرۈشكىلى كەلدىم. سۇن ئەن ھازىر مەھكىمىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ قالدى، — دېدى دەي زۇڭ جاۋابەن.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدى. دەي زۇڭنى سۇن ئەننى ئېلىپ كىرىڭ، دەپ بۇيرۇدى. دەي زۇڭ بۇيرۇق بويىچە سۇن ئەننى مەھكىمىگە باشلاپ كىردى ۋە سۇڭ جياڭ

بىلەن كۆرۈشتۈردى. سۈك جياڭ سۈن ئەنىنىڭ قەددى ـ قامەتلىك، كېلىشكەن، راۋرۇس ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يەرگە چۈشۈپ قارشى ئالدى. سۈن ئەن يەرگە يىقىلىپ باش ئۇرۇپ:

— مۇبارەك قوشۇنلىرىغا قارشىلىق قىلغان گۇناھىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇممەن ! — دېدى.

— جانابلىرى يامان يولدىن توغرا يولغا يېنىپ، پېقىر بىلەن بىللە تيەن خۇنى يوقاتماقچى بوپتۇلا، بۇ قىلغانلىرىنى قايتىپ بارغاندا ئوردىغا مەلۇم قىلىمەن، ئەلۋەتتە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە نائىل بولىدىلا، — دېدى سۈك جياڭ ئېھتىرام بىلەن سالام قايتۇرۇپ.

سۈن ئەن رەھمەت ئوقۇپ ئورنىدىن تۇردى. سۈك تۇرشاۋۇل ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ مەي ـ شاراب بىلەن كۈتۈۋالدى.

— چياۋ داۋچىڭ ناھايىتى يامان جادۇگەر. ھېلىمۇ ياخشى گۇڭسۇن شېڭ تەخسىر ئۇنىڭ جادۇسىنى دەپئى قىپتۇ، — دېدى سۈن ئەن.

— گۇڭسۇن شېڭ تەخسىر ئۇنى بوي ئەگدۇرۇپ توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن قاۋۇۋالغىلى ئۈچ ـ تۆت كۈن بوپتۇ، ئەمما ئۇ بوي ئېگىدىغاندەك ئەمەس ئىمىش، — دېدى سۈك جياڭ.

— بۇ ئادەم بىلەن ئىككىمىز ناھايىتى ئەپ ئۆتىمىز، مېنىڭ گېپىمنى يىرمايدۇ، — دېدى سۈن ئەن.

شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا سۈك تۇرشاۋۇل دەي زۇڭنى سۈن ئەن بىلەن بىللە گۇڭسۇن شېڭنىڭ قوشىغا بېرىشقا بۇيرۇپ، يۇقىرىقى قوۋۇقچە ئۆزىتىپ قويىدى. ئۇلار گۇڭسۇن شېڭنىڭ قوشىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى، نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلىدى. گۇڭسۇن شېڭ ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدى، سۈن ئەننى تاغقا چىقىپ، چياۋ داۋچىڭنى ئىزدەپ تېپىشقا بۇيرۇدى. سۈن ئەن بۇيرۇقنى ئېلىپ، ياۋىداق ئات بىلەن تاغقا چىقىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى چياۋ داۋچېڭغا كەلسەك، ئۇ فېبى جېن، شۆ سەن ۋە ئون بەش ـ ئون ئالتە ئادىمى بىلەن تېرىقچىلىق پىرى ئىبادەتخانىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. ئىبادەتخانىدىكى شەيخلەردىن نان ـ پان ئېلىپ يەپ كۈننى ئۆتكۈزۈپ يۈردى. بۇ ئىبادەتخانىدا ئاران ئۈچ شەيخ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئايلاپ ـ يىللاپ يىغقان ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى چياۋ داۋچېڭلار يەپ بولدى. شەيخلەر ئۇلارنىڭ جىقلىقىنى كۆرۈپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ گەپ قىلالماي يۈرۈۋەردى. بىر كۈنى چياۋ داۋچېڭ شەھەردىن چىققان سۇرەن ـ چۇقاننى ئاڭلاپ، ئىبادەتخانىدىن ئېگىز بىر چوققىغا چىقىپ قاراپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى قورشاۋنىڭ يوقلۇقىنى، قوۋۇقتىن ئادەملەرنىڭ بىمالال كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئاللىقاچان شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى پەملىدى. ئۇ ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ تۇرغىنىدا، قىيانىڭ باغرىدىكى دەرەخلىكتىن بىر ئوتۇنچى چىقىپ كەلدى، ئۇ بىلىگە پالتا قىستۇرۇپ، ئەپكەشنى ھاسا قىلىپ تايىنىپ، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ غىڭشىداپ قوشاق ئوقۇغىنىچە قىيا بويىغا يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇ تۆۋەندىكى قوشاقنى ئېيتتى:

تاغقا چىققايمەن مېڭىپ تەتۈرگە ئاققان سال كەبى،
چۇشكۇچە تاغدىن بولاي ئوڭغا ئاقار قولۋاق ئۆزى.
ھەسسىلەپ بولساڭ پەخەس تەتۈرگە ماڭغاندا ھامان،
ئوڭغا ماڭغاندا بولارسەن ھەممە ئىشتا تىنچ ـ ئامان.
مانا مەن شول چاغ ئۆزۈم ماڭماقتىمەن تاغقا قاراپ،
ئالدىدا تاغدىن چۇشۇشكە يول تاپاي پەملەپ ـ سوراپ.

چياۋ داۋچېڭ ئوتۇنچىنىڭ بۇ قوشىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى يورۇپ قالغاندەك بولدى، ئاندىن:

— شەھەرنىڭ ئىچىدىكى ئىشلاردىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ — دەپ

سورىدى ئۇنىڭدىن.

— جىن دىلىڭ، خۇاڭ يولەر قولداش سەردار يې شىڭنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، شەھەر - پەھەرنى سۇڭ خانىدانلىقىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى. سۇڭ خانىدانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى بىر تامچە قان ئاققۇزماي جاۋدىنى ئىلىۋالدى، — دېدى ئاۋاق ئوتۇنچى.

— گەپ بۇ يەردە ئىكەندۇق - دە! — دېدى چياۋ داۋچىڭ.

ئوتۇنچى گېپىنى تۈگەتتى - دە، قىيادىن ئايلىنىپ، تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. چياۋ داۋچىڭ يەنە بىراۋنىڭ يالغۇز ئات بىلەن يول ئىزدەپ تاغقا چىقىپ، ئىبادەتخانىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. چياۋ داۋچىڭ قىيادىن چۈشۈپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئوردا ئەمىرى سۇن ئەن ئىكەنلىكىنى تونۇپ: «بۇ ئادەم بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلگەندۇ؟» دەپ ھاڭ - تاڭ قالدى. سۇن ئەن ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەمىر بېگىم، ئۆزلىرى جىنىنىڭغا لەشكەر باشلاپ كەتكەن ئىدىلە، بۇ يەرگە قانداق قىلىپ يەككە - يېگانە كېلىپ قالدىلا؟ تاغنىڭ ئاستىدا نۇرغۇن لەشكەر تۇرسا، ئەجەبا سىلىنى توسماپتۇغۇ؟ — دەپ سورىدى چياۋ داۋچىڭ ئالمان - تالمان.

— ئاغمىزغا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى سۇن ئەن.

چياۋ داۋچىڭ سۇن ئەننىڭ ئۆزىنى ئەمىر دەپ ئاتىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل گۇمانلاندى.

— قېنى، ئىبادەتخانىغا باشلاپ كىرسىلە، تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرەي، — دېدى سۇن ئەن.

ئىككىسى ئىبادەتخانىغا كىردى. قېي جېن، شۆ سەنلەر كېلىپ سالاملاشتى، سۇن ئەن ئاندىن جىنىنىڭنىڭ قولدىن كېتىپ ئەل بولغان ئەھۋاللىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. چياۋ داۋچىڭ لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى.

— ئاغا، بولۇر - بولماس خىياللارنى قىلمىسىلا، سۇڭ تۇرشاۋۇللار كارامەت مەرد ئادەملەر ئىكەن. بىزمۇ ئۇلارغا

www.uyghurkitap.com

قوشۇلۇپ، ئوردىغا ئەل بولساق، ئاقىۋەتسىمىز ياخشى بولار. بۇ قېتىم كەمىنىلىرى ئالاھىدە ئۆزلىرىنى دەپ كەلدى. ئاغا، ئۆزلىرى بۇرۇن لۇ بوۋاكالاننى ئۇستاز تۇتۇپ بارغانمىدىلەكىن؟ — دېدى سۇن ئەن.

— سىلى نەدىن بىلدىلە؟ — دەپ سورىدى ئالمان - تالمان چياۋ داۋچىڭ.

— بوۋاكالان ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلماي، بالا دەرۋىشتىن ئۆزلىرىگە: «چياۋ داۋچىڭ كېيىن ‹دېغا بارسا ئەل بولۇر›» دېگەن گەپنى چىقارتقانىكەن، مۇشۇ گەپ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇن ئەن.

— راست، راست، — دەپ ئىتتىك جاۋاب بەردى چياۋ داۋچىڭ.

— ئۆز ھۈنەرلىرىنىڭ سىرىنى ئېچىپ لەت قىلغان ئادەمنى تونۇمدىلا؟ — دەپ سورىدى سۇن ئەن.

— ئۇ مېنىڭ رەقىبىم، ئەمما ئۇنىڭ سۆڭ جياڭنىڭ قوشۇنىدىكى ئادەم ئىكەنلىكىدىن باشقا ئەھۋالنى بىلمەيمەن، — دېدى چياۋ داۋچىڭ.

— بۇ ئادەم بوۋاكالاننىڭ شاگىرتى گۇڭسۇن شېڭ بولۇپ، سۆڭ تۇرشاۋۇلنىڭ قولداش مۇشاۋىرى بولىدۇ، بايىقى ھېكمەتلىك گەپنى پىقىرغىمۇ سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ شەھەر جاۋدې شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ، ئاغىمىزنىڭ لەت بولۇشى «دېغا بارسا ئەل بولۇر» دېگەن گەپكە ماس كەلمەمدۇ؟ گۇڭسۇن شېڭ ئۇستازى بوۋاكالاننىڭ ئەمرى بويىچە، سىلىنى ئويغىتىپ توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن، تاغقا چىقىپ تۇتۇشنىڭ ئورنىغا قاۋىلىپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئۆز كارامىتى بىلەن سىلىنى لەت قىلغانىكەن، جانلىرىغا زامىن بولايچۇ دېسە ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بىر ئىش دەيدىلا؟ ئاغا، تەرسالىق قىلىۋەرمىسىلە، — دېدى سۇن ئەن.

چياۋ داۋچىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەس - ھوشىنى تاپتى.

سۆن ئەن بىلەن بىللە فېي جىن، شۆ سەنلەرنى باشلاپ تاغدىن چۈشۈپ گۇڭسۇن شىڭنىڭ ئالدىغا باردى.

سۆن ئەن ئالدى بىلەن قوشقا كىرىپ مەلۇم قىلدى، گۇڭسۇن شىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. چياۋ داۋچىڭ قوشقا كىرىپ، يەرگە يىقىلىپ:

— ئەي شاپائەتلىك پىرىم، پېقىردەك بىر ئەرزىمەس ئادەم ئۈچۈن شۇنچە كۆپ قوشۇن بىرمۇنچە ئاۋارە بولدى، گۇناھىم ئۈستىگە گۇناھ قوشۇلدى! — دېدى گۇناھىنى تىلەپ.

گۇڭسۇن شىڭ خۇشاللىقىدا ئۈستى - ئۈستىگە تەزىم قىلىپ، ئۇنى مېھماندوستلۇق بىلەن كۈتۈۋالدى. چياۋ داۋچىڭ گۇڭسۇن شىڭنىڭ بۇنداق مەردلىكىنى كۆرۈپ:

— پېقىر بۇرۇن ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتمەي يۈرۈپتىكەن، بۈگۈن پىرىمدىن ساۋاق ئېلىش پۇرسىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېسابلايمەن، — دېدى.

گۇڭسۇن شىڭ قورشاۋنى بوشىتىشقا بۇيرۇق قىلدى، فەن رۇي قاتارلىق سەركەردىلەر قوشۇنلىرىنى چۈۋۈپ ئورنىدىن قوزغالدى. گۇڭسۇن شىڭ چياۋ داۋچىڭ، فېي جىن، شۆ سەنلەرنى باشلاپ شەھەرگە كىرىپ سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشتى. سۇڭ جياڭ ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. چياۋ داۋچىڭ سۇڭ جياڭنىڭ كىچىك پېئىل، مۇلايىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قايىل بولدى. بىردەمدىن كېيىن فەن رۇي، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگو، لىن چۇڭ، جاڭ چىڭلارمۇ يېتىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ ھەممە لەشكەرلەرنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. شۇ كۈنى سۇڭ جياڭ زىياپەت بېرىپ قۇتلۇقلىدى. زىياپەت ئۈستىدە گۇڭسۇن شىڭ چياۋ داۋچىڭغا قاراپ:

— ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھېكمەتتى پەلەكتە بۇت - بۇرھانلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەرشىئەلا، تەھتىسارادا

ئۆزىنىڭ كارامەتلىرىنى بىمالال نامايان قىلالايدۇ؛ زېمىندا قېڭلەي دىيارىدىكى ئوتتۇز ئالتە غاردا ياتقان ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭكىگە يەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار زامان - زاماندىن ئوت بىلەن سۇنى قوشۇپ، تۆمۈر بىلەن پەينى ئەبجەش قىلىپ، خىلمۇخىل خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇپ كەتكەن، شۇڭا ئۇلار ئۇ دۇنيادىن بۇ دۇنياغا ئۆتۈشنى، ھەر خىل كارامەتلەر كۆرسىتىشنى بىلىدۇ. ئۆزلىرى بولسىلا ئەپسۇن ئوقۇپ، سۈپكۆچ قىلىپ جىن - شەيتانلارنى دوراشنىلا بىلىدىلا، بۇ بۇددا بابىدا كۈچتۈڭگۈرلەرنىڭ شەيتانلىقى دەپلا ئاتىلىدۇ، ئەۋلىيا - ئەنبىيالار بابىدا سېھىر - ئارۋاق دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ھېكمەتلىرى بىلەنلا ئۆزلىرىنى قالتىس كامالەتكە يەتكەن ئەۋلىيا دەپ ھېسابلىسىلا، بۇ يەتكەن كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ! — دېدى.

چياۋ داۋچېڭ بۇلارنى ئاڭلاپ، گويا چۈش كۆرۈۋېتىپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ ھوشىنى تاپقاندەك بولدى. ئۇ شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا گۈڭسۈن شېڭنى ئۇستاز تۇتتى. سۇڭ جياڭلار گۈڭسۈن شېڭنىڭ بۇ روشەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى تەرىپلەشتى. زىياپەتتىن تارقىغاندىن كېيىن ئۇ كېچە تىنچ ئۆتتى.

ئەتىسى سۇڭ جياڭ شياۋ راڭغا جىنىنىڭ، جاۋدې دىيارلىرىنى ئالغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، ئوردىغا مەكتۇپ يازدۇردى. مەكتۇپتا سۇ ئەمىرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، ۋېيجۇ، جىنىنىڭ، جاۋدې، گەيجۇ، لىڭچۈەن، گاۋپىڭ قاتارلىق ئالتە دىيار، ئايماق، ناھىيەلەردە بەگ - ئامباللارنىڭ كەملىكىنى، بۇلارنىڭ ئورنىنى تولۇقلاشقا ئەمىرلەشكەرنىڭ بۇ ۋەزىپىلەرگە قادىر ئادەملەرنى ئوردىغا ئېبىتىپ، تېز تولۇقلاپ ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. شياۋ راڭ مەكتۇپنى شۇ كۈنىلا پۈتۈپ تەييار قىلدى، سۇڭ جياڭ دەي زۇڭنى مەكتۇپنى ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇدى، دەي زۇڭ دەرھال مەكتۇپنى ئېلىپ يولغا چىقماق بولدى.

دەي زۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن يۇك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، مەكتۇپنى ئوبدان جايلاشتۇردى ۋە چەبدەس يىگىتلەردىن بىرنى ھەمىراھلىققا تالالاپ سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن خوشلىشىپ، يەل تاپانلىق كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ يولغا چىقتى، ئەتىسى ئاستانىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن سۇ ئەمىرگە مەكتۇپنى ئاپىرىپ بېرىشكە باردى. ئىش ئوڭدىن چىقىپ سۇ ئەمىر مەھكىمىدە بار بولۇپ چىقتى. دەي زۇڭ مەھكىمە ئالدىدا ياڭ پايلاقچىغا ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇنىڭغا ئادىمەتچىلىك قىلىپ ئانچە ـ مۇنچە كۇمۇش ـ پۇمۇش بەردى، ئاندىن مەكتۇپنى سۇ ئەمىرگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ، ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ياڭ پايلاقچى مەكتۇپنى كۆتۈرۈپ مەھكىمىگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ قايتىپ چىقىپ:

— ئەمىر جانابلىرى ئۆزلىرىنى ئىچكىرىگە چاقىرىدۇ، — دېدى.

دەي زۇڭ ياڭ يۇخۇننىڭ ئارقىسىدىن مەھكىمىگە ئەگىشىپ كىردى، ئەمىر ئۆز دىۋانىدا ئولتۇرۇپ مەكتۇپنى كۆرۈۋاتقانىكەن. دەي زۇڭ ئالدىغا بېرىپ ئېگىلىپ سالام بەردى.

— ئەجەبمۇ ۋاقتىدا يېتىپ كەپسىز ! ئالدىنقى كۈنى سەي جىڭ، تۇڭ گۇەن، گاۋ چيۇلار تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، ئاغىنىمىز سۇڭ تۇرشاۋۇلغا سەردار ـ سەرۋازلارنى ياۋنىڭ قىرىشىغا تۇتۇپ بېرىپ، خانىدانلىقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يەرگە تۆكتى، دەپ تۆھمەت چاپلىدى ۋە تەڭرىقۇت ئالىيلىرىنىڭ قاتتىق جازالىشىنى تەلەپ قىلدى، تەڭرىقۇت ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا، تەۋسىپبەگ چېن گۇەن ئالدىغا چىقىپ، سەي جىڭ، تۇڭ گۇەن، گاۋ چيۇلارنىڭ سادىق، مۆمىن بەندىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ، ياخشىلارنى چەتكە قاققانلىقىنى پاش قىلدى ۋە سىزلەرنىڭ لەشكەرلىرىڭىزلارنىڭ چۇگۇن چاقىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، سەي جىڭلارنىڭ ئالدامچىلىق گۇناھى ئۈچۈن جاجىسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سەي ۋەزىرئەزەم

بۇنىڭغا قايىل بولماي، چېن گۇەندىن نۇقسان ئىزدەشكە باشلىدى. ئەتىسى ئۇ تەگرىقۇتقا: «چېن گۇەن ئالىيلىرى ئالدىدا ياۋ پادىشاھىنى تەرىپلەپ، شىن زۇڭ خاننى ياۋ پادىشاھىغا ئوخشىتىپ، جانابلىرىنى مازاق قىلدى، ئالىيلىرىنىڭ چېن گۇەننى بۇ گۇناھى ئۈچۈن جازالاشلىرىنى سورايمىز» دەپ تۆرۈۋالدى. بەختكە يارىشا تەگرىقۇت ئەيىبكە بۇيرۇمىدى. بۇگۇنكى كۈندە بۇ خۇش خەۋەرنىڭ يېتىپ كېلىشى چېن گۇەننىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىپلا قالماستىن، پېقىرنىمۇ كۆپ غەم - ئەندىشىلەردىن خالىي قىلدى. ئەكەلگەن مەكتۇپىڭىزنى ئەتە ئەتىگەندە يۇقىرىغا سۇنىمەن، — دېدى سۇ ئەمىر.

دەي زۇڭ تەزىم قىلىپ تەشەككۇر ئوقۇدى، مەھكىمىدىن قايتىپ چىقىپ، خەۋەر كۈتمەك بولۇپ قونالغۇ ئىزدەپ كەتتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى سۇ ئەمىرگە كېلەيلى، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئوردىغا كىردى. داۋ جۈن خان ئەدەپ - ئەردەم سارىيىدا قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگلەرنى قوبۇل قىلدى. سۇ ئەمىر تاۋاپ قىلىپ بولۇپ، سۇڭ جياڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپنى كۆرسىتىپ، سۇڭ جياڭلار تيەن خۇنى باستۇرۇشقا بارغاندىن بۇيان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە دىيار، ئايماق، ناھىيەنى ئاپتۇ، خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ مەكتۇپ بىلەن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلدى. تەگرىقۇتنىڭ مۇبارەك چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى. سۇ يۈەنجىڭ يەنە داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئۆتكەندە تەۋسىيەگ چېن گۇەن ئالىيلىرى ئالدىدا ياۋ پادىشاھنى تەرىپلەپ، بۇرۇن ئۆتكەن شىن زۇڭ خاننى ياۋ پادىشاھقا، جانابلىرىنى شۇن پادىشاھقا ئوخشاتتى، ياۋ پادىشاھنى ئىززەتلىسە نېمە بوپتۇ؟ چېن گۇەن ئەزەلدىن ۋىجدانلىق، ئېگىلمەس، ھەرقانداق ئىش ئالدىدا ئېغىز ئاچالايدىغان، جىگەرلىك بىر ئادەم، ئالىيلىرى مەنسەپ - مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ خېيبىي لەشكەرلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتسە،

جەزمەن چوڭ ئەجىر ـ تۆھپىلەر كۆرسىتىدۇ، ـــ دېدى. تەڭرىقۇت ماقۇل كۆرۈپ، دەرھال: «چېن گۇەن ئەسلىدىكى مەرتىۋىسىدىن لەشكىرىي ۋازىرىنىڭ قولدىشى ھەم باسقاقبەگلىكىگە ئۆستۈرۈلسۇن، ئۇ ئوردا كۇرەسىدىن ئىككى تۇمەن لەشكەر ئېلىپ سۇڭ جياڭ قوشۇنىنىڭ جەڭ قىلىشىغا نازارەت قىلسۇن. ئالتۇن ـ كۇمۇش ئىنئام بېرىپ، سەركەردە ـ سەرۋازلاردىن ھال سورىسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بەگ ـ سىپاھلار تارقىلىشتى. سۇ ئەمىر ئۆز مەھكىمىسىگە قايتىپ، دەي زۇڭنى چاقىرتىپ كېلىپ جاۋاب مەكتۇپ يېزىپ بەردى. دەي زۇڭ پادىشاھنىڭ پەرمان چۈشۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، سۇ ئەمىر بىلەن خوشلىشىپ ئاستانىدىن چىقتى ـ دە، يەل تاپانلىق كارامىتى بىلەن ئەتىسىلا جاۋدي شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئاستانىگە بېرىپ ـ كېلىشكە تۆت كۈنلا ۋاقىت كەتتى.

سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى تەخلەپ، يەنە سەپەرگە ئاتلىنىش ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشىۋاتقانىدى، دەي زۇڭنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئوردىغا قانداق مەلۇم قىلغانلىقىنى دەرھال سورۇشتۇردى. دەي زۇڭ سۇ ئەمىر قايتۇرغان مەكتۇپنى سۇندى. سۇڭ جياڭ مەكتۇپنى ئېچىپ كۆردى، مەكتۇپتا بايان قىلىنغان ئىشلارنى ھەممە ئاتامانلارغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى، خالايىق:

ـــ باسقاقبەگ چېن گۇەن ناھايىتى جىگەرلىك، بىباھا ئادەم ئىكەن. بىزنىڭمۇ بۇ يەردە قىلغان ئەجرىمىز بىكارغا كەتمىگۈدەك، ـــ دېيىشتى.

سۇڭ جياڭ تەڭرىقۇت پەرمانىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن يولغا چىقىمىز دەپ بۇيرۇق قىلدى. ھەممە ئاتامانلار بۇيرۇققا بىنائەن شەھەردە كۈتۈپ يېتىشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

جاۋدي شەھىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە مۇشۇ شەھەرگە قاراشلىق لۇچېڭ دېگەن بىر ناھىيە بار ئىدى. بۇ ناھىيەنى ساقلاپ تۇرغان چى فاڭ دېگەن سەركەردە چياۋ داۋچىڭنىڭ

قاۋلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ ئەھۋالنى تيەن خۇغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كېچىلەپ ۋېيشىڭغا ئادەم ئەۋەتتى، تيەن خۇنىڭ قول ئاستىدىكى قورچاق مىرزىبەگ مەھكىمىسىنىڭ بىر سىپاھبېگى بۇ جىددىي ئالاقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، تيەن خۇغا مەلۇم قىلاي دەپ تۇرغانىدى، بىردىنلا جىنىنىڭ قولىدىن كەتتى، تيەن خۇ خانىنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى تيەن بياۋ ئاران جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ بۇ يەرگە قېچىپ كەلدى، دېگەن خەۋەر كەلدى. گەپ تۈگەر ـ تۈگىمەيلا تيەن بياۋ كىرىپ كەلدى. تيەن بياۋ قورچاق مىرزىبەگ مەھكىمىسىنىڭ سىپاھبېگى بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ تيەن خۇغا سالام بەردى. تيەن بياۋ ئۈن سېلىپ يىغلاپ:

— سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى قالتىس ئىكەن، جىنىنىڭ شەھىرىنى ئېلىپ، ئوغلۇم تيەن شىنى ئۆلتۈرۇپ تاشلىدى، كەمىنىلىرى جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ ئاران تەسلىكتە بۇ يەرگە كېلەلىۋالدىم. زېمىن قولدىن كەتتى، لەشكەرلەر تۈگەشتى، بۇ گۇناھىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇممەن! — دېدى.

ئۇ سۆزلەپ بولۇپلا يەنە يىغلاپ كەتتى. ھېلىقى سىپاھبەگ:

— كەمىنىلىرى ھېلىقى لۇچېڭ ناھىيەسىنى ساقلاۋاتقان چى فاڭ سەركەردە ئەۋەتكەن مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇنىڭدا خاندانلىق مۇشاۋىرى چياۋ داۋچىڭنى سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى قاۋىۋالغانلىقى، جاۋدې شەھىرىنىڭ قولدىن كېتىشكە تاس ـ تاس قېلىۋاتقانلىقى يېزىلغان، — دېدى.

تيەن خۇ مەلۇماتنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگ ـ سىپاھلىرىنى يىغدى، ئۇلۇڭ قول ۋەزىر بيەن شياڭ، لەشكىرىي ۋازىر فەن چۈەن، باش سەركەردە ما لىڭلارنى مەسلىھەتكە چاقىردى ۋە ئۇلارغا:

— يېقىندىن بۇيان سۇڭ جياڭ پاسىلىمىزغا باستۇرۇپ كېلىپ ئىككى چوڭ ئايمىقىمىزنى ئېلىۋالدى، نۇرغۇن سەركەردە ـ سەرۋازلىرىمىزنى قىرىۋەتتى، ئەمدى بولسا چياۋ داۋچىڭنى قاۋىۋاپتۇ، قېنى بىرنېمە دېيىشسىلە، قانداق قىلساق بولار؟ —

دېدى.

— ئالىيلىرى غەم يېمىسىلە! ئەگەر ئىجازەت قىلسىلا، دەرھال لەشكەر تارتىپ جاۋدي شەھرىگە بېرىپ، سۇڭ جياڭلارنى تىرىك تۇتۇشقا، قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارمەن، — دېدى پادىشاھنىڭ قېيىنئاغىسى ۋۇ لى ئالدىغا چىقىپ.

ۋۇ لى ئەسلىدە ۋېيشېڭلىق بىر باي ئىدى، ئۇ نەيزە ـ توقماق ئوينىتىشقا ھېرىس ئىدى، بىلەكلىرى شۇنداق كۈچلۈك ئىدىكى، ھەرقانداق قاتتىق يانىمۇ قىلچە كۈچىمەيلا ئاتالايتتى. ئەللىك جىڭلىق زۇلپىقار قولىدىن چۈشمەيتتى. تيەن خۇ ئۇنىڭ چىرايلىق قىزىم بارلىقىنى بىلىپ، ئۆز نىكاھىغا ئېلىۋالدى. ۋۇ لىغا ۋازىرلىق مەنسىپى بېرىپ، ئۆزىگە قېيىنئاغا قىلىۋالغانىدى. شۇ چاغدا ۋۇ لى يەنە:

— قىزىم چيۇڭ يىڭ يېقىندا بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر ئەۋلىيا قىلىچۋازلىقنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ، ئويغانغاندىن كېيىن قارىسا بىلەكلىرى كۈچلۈك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ قىلىچۋازلىقتىلا كامالەت تېپىپ قالماستىن، تاش ئېتىشقىمۇ كامىل، ئۇ ئۇچار قۇشلارغا تاش ئاتسا، تاشنىڭ بىر تېلىمۇ زايە بولماي تېگىدۇ. شۇڭا، يېقىندىن بۇيان خەقلەر ئۇنى مەرگەن قىز دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپ قالدى. پېقىر شۇنداق لەۋز قىلىدۇكى، مەگەر بۇ قىزىم تۇرشاۋۇل بولۇپ قالسا، ئىشىمىز چوقۇم ئوڭدىن چىقىدۇ، — دېدى.

تيەن خۇ شۇ ھامان پەرمان چۈشۈرۈپ، چيۇڭ يىڭغا ئامبال خېنىم دېگەن نامنى بەردى. ۋۇ لى رەھمەت ـ تەشەككۈرلەر ئوقۇدى، بۇنىڭ كەينىدىن باش سەركەردە ما لىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— كەمىنىلىرى لەشكەر تارتىپ فېنياڭغا بېرىپ، ياۋنى چېكىندۈرۈشكە باش ئۇستىگە تەييار، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

تيەن خۇ ئاڭلاپ خۇرسەن بولدى، بۇلارغا تامغا ـ تەمتەكلەر

بېرىپ، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن تارتۇقلىدى. ۋۇ لى، ما لىڭ ئىككىسى ئۈچ تۈمەندىن لەشكەر تارتىپ تېزدىن يولغا چىقىشقا تەييارلاندى.

ما لىڭ سەركەردىلىرىنى باشلاپ فېنياڭغا قاراپ لەشكەر تارتىپ مېڭىپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى ۋۇ لىدىن باشلايلى. ئۇ پادىشاھنىڭ پەرمانى ۋە تامغۇ تەمتەكلىرىنى ئېلىپ، مەشىق مەيدانىغا بېرىپ ئۈچ تۈمەن لەشكەر تاللىدى، قورال ـ ياراغلىرىنى تەخلەپ يولغا ھازىرلاندى. ئۇ خانىسىغا بېرىپ، سەركەردە قىز چيوڭ يىڭنى تۇرشاۋۇل قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. ئاندىن ئوردىغا كىرىپ تيەن خۇ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ يولغا راۋان بولدى. چيوڭ يىڭ ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ جاۋدىغا قاراپ ئاتلاندى. ئەيۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئاموخاس! سەركەردە قىزنىڭ جەڭگە چىقىشى بىلەن ئېپپەتلىك قىز قەلبىدە غەزەپ ـ نەپرەت قوزغالغۇسى، قەھرىمانلار تېپىشىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغۇسى. سەركەردە قىزنىڭ قانداق جەڭ قىلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# توقسان سەككىزىنچى باب

## جاڭ چىڭغا چيوڭ يىڭ قىزنىڭ ئىرادە بولغانلىقى ۋۇ يوڭنىڭ ۋۇ لىنى پەم بىلەن ئوغا بېرىپ ئۆلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، پادىشاھنىڭ قېينىئاغىسى ۋۇ لى ئامبال خېنىم چيوڭ يىڭنى تۇرشاۋۇل قىلىپ يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى ئارقىدىن چوڭ قوشۇننى باشلاپ ماڭدى. چيوڭ يىڭ ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا تولغان، ئاجايىپ ساھىبجامال بىر قىز ئىدى، ئەسلىدە ئۇ ۋۇ لىنىڭ ئۆز قىزى ئەمەس ئىدى. ئۇ چۇ پۇشتىدىن بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى چۇ شېن ئىدى. ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ فېنيالىڭ ئايمىقىغا قاراشلىق جيېشيۇ ناھىيەسىنىڭ ميەنشاڭ دېگەن يېرىدە ياشاپ كەلگەن. ميەنشاڭ دېگەن بۇ يەر ئەمىنىيە دەۋرىدە جىن ۋېن بەگ جيېشيۇنى ئالماق بولۇپ ئالالماي، تېرىقچىلىق قىلغان ئاشۇ ميەنشاڭ شۇ ئىدى. چۇ شېن تەكتىدىن ناھايىتى زەردار ئۆتكەن ئادەم بولۇپ، يېشى ئەللىككە يەتكەن بولسىمۇ پەرزەنت كۆرمىگەنىدى. توساتتىن ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ، پىڭياۋ ناھىيەسىدىكى سۇڭ يۇلىيېنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالغانىدى. چيوڭ يىڭ ئەنە شۇ خوتۇندىن تۇغۇلغانىدى، چيوڭ يىڭ ئون ياشلارغا كىرگەندە سۇڭ يۇلىيې قازا تاپتى، چيوڭ يىڭنىڭ ئانىسى سۇڭ ئاغىچا ئېرى چۇ شېن بىلەن ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىگە بارماق بولۇپ يولغا چىقتى، پىڭياۋ ناھىيەسى جيېشيۇ ناھىيەسىگە قوشنا بولۇپ، ئارىلىقى يەتمىش يولچە كېلەتتى. سۇڭ ئاغىچا يول يىراق ھەم ئالدىراشلا يولغا چىقماقچى بولغانلىقتىن، چيوڭ يىڭنى غوجىدارى يې چىڭ ئەر ـ

خوتۇن ئىككىسىنىڭ خەۋەر ئېلىپ قويۇشىغا قالدۇرۇپ كەتتى، سۇلۇق ئاغىچا ئېرى بىلەن يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، بىر توپ قاراقچىلار ئۇچراپ قىلىپ، چۇ شىبىنىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى، ئوتاقچىلىرىنى قوغلىۋېتىپ، سۇلۇق ئاغىچىنى بۇلاپ كەتتى. ئوتاقچىلىرى قېچىپ كېلىپ، يې چىڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. يې چىڭ ئۆزى غوجىدار بولسىمۇ، خېلى ئىنسابى بار مەرد ئادەم ئىدى، نەيزە ـ توقماق ئوينىتىشتىمۇ خەۋىرى بار ئىدى. يې چىڭنىڭ خوتۇنى ئەن ئايلا ناھايىتى ئېھتىياتچان ئايال ئىدى، يې چىڭ دەرھال چۇ جەمەتىنى بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلدى ھەمدە يامۇلدىن قاراقچىلارنى تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن غوجىسىنىڭ جەسىتىنى ئۇزاتتى. چۇ جەمەتى ئۆز ئەۋلادىدىن بىرىنى ئۇنىڭغا مىراسخور قىلدى. يې چىڭ خوتۇنى بىلەن ئىككىسى كىچىك غوجايىنى چيۇڭ يىڭدىن خەۋەر ئالدى.

ئارىدىن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندە، تيەن خۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ۋېيشېڭنى بېسىۋالدى ۋە ۋۇ لىنى تەرەپ ـ تەرەپكە بۇلاڭچىلىققا ئەۋەتتى. ۋۇ لى جيېشيۇ ناھىيەسىنىڭ ميەنشاڭ دېگەن يېرىگە كېلىپ مال ـ ۋارانلارنى تالاپ، ئەر ـ خوتۇنلارنى بۇلىدى، چۇ جەمەتىنىڭ مىراسخور يۈشتىلىرى توپىلاڭدا ئۆلدى، ئۇلار يې چىڭ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىلەن چيۇڭ يىڭ قىزنىمۇ بۇلاپ كەتتى. ۋۇ لى تېخى پەرزەنت كۆرمىگەنىدى، ئۇ قەلەم قاشلىق، قارا كۆزلۈك ساھىبجامال چيۇڭ يىڭنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنى خوتۇنى نى ئاغىچىنىڭ قېشىغا باشلاپ كېلىپ كۆرسەتتى. نى ئاغىچا تۇغماس خوتۇن ئىدى، شۇڭا ئۇ چيۇڭ يىڭنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ناھايىتى مەپتۇن بولۇپ قالدى ھەم ئۇنى ئۆزى تۇغقان بالىسىدەك كۆرۈپ باقتى. چيۇڭ يىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا ناھايىتى ئەقىللىك، ھوشيار قىز ئىدى. ئۇ بۇ يەردىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، يېنىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يوقلۇقىنى، نى ئاغىچىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، نى

ئاغىچىغا ۋۇ لىنى ئەۋەتىپ يي چىڭ بىلەن خوتۇنى ئەن ئايلىنى ئۆز يېنىغا ئەكەلدۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئەن ئايلا چيۇڭ يىڭنىڭ يېنىدىن بىر قەدەم نېرى بولمىدى. يي چىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغاندا قېچىپ كېتىشنى ئويلىغانىدى، ئەمما ئۇ: «چيۇڭ يىڭ تېخى نارەسىدە قىز بولغاچقا، غوجامنىڭ يەككە - يېگانە شۇ بىرلا پۇشتى قالدى، ئەگەر تاشلاپ كېتىپ قالسام، يا تىرىكى، يا ئۆلۈكىدىن خەۋەرسىز قالغۇدەكمەن، ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ خەۋەر ئېلىشقا خوتۇنۇم ئەن ئاغىچا بار، ئۇ بۇ يەردە بىللە بولسۇن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇرسەت كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلۇپ كەتسەك، ئۇ ئالەمگە كەتكەن غوجامنىڭمۇ كۆزى يۇمۇلار» دەپ ئويلىدى - دە، ۋۇ لىغا بويسۇندى. يي چىڭ جەڭدە ئەجىر - تۆھپىلەر كۆرسەتكەنلىكتىن، ۋۇ لى ئاندىن ئەن ئايلىنى يي چىڭغا قايتۇرۇپ بەردى. ئەن ئايلا شۇنىڭدىن تارتىپ ئوردىغا چىقىپ يۈرۈپ، چيۇڭ يىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان بولدى. ۋۇ لىنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن تيەن خۇ يي چىڭنى باشبۇغلۇققا تەيىنلىدى.

ۋۇ لى يي چىڭنى كېمىر تاغقا ياغاچ - تاش ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. قول ئاستىدىكى چېرىكلەر تاغنىڭ باغرىنى كۆرسىتىپ:

— ئاشۇ جايدا ھېچ يېرىدە داغ يوق تۇم ئاق چىرايلىق بىر تاش بار ئىكەندۇق. شۇ يەرلىك كىشىلەر ئالغىلى چىققانىكەن، بىردىنلا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاۋازلار چىقىپ، ئالغىلى چىققانلارنىڭ ئەس - ھوشىنى ئاپتۇ، ئۇلار بىر ھازادىن كېيىن ئاران ھوشىغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بولدى، ئۇنىڭغا تەگمەيلى، دەپ بىر - بىرىنى توسۇپ، يېقىن بارماپتىكەن، — دېدى.

يي چىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆرۈش ئۈچۈن چېرىكلىرى بىلەن بىللە تاغنىڭ باغرىغا بېرىپ قارىدى.

— ئەجەبا! بايا بىر ئاق تاش ئىدى، ھازىر بىر ئايالنىڭ جەسىتىگە ئايلىنىپ قالدىغۇ؟ — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى بارغانلارنىڭ ھەممىسى.

يې چىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سىنچىلاپ قارىدى، راستتىنلا كارامەت بىر ئىشقۇ بۇ! ئۇ ئەسلىدە سۇڭ ئاغىچىنىڭ جەسىتى ئىكەن، ئۇنىڭ رەڭگىرويى ھايات ۋاقتىدىكىدەك تۇرۇپتۇ، باش-كۆزلىرىدىكى جاراھەتلەردىن قارىغاندا، تاشقا ئۇسۇپ ئۆلۈۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. يې چىڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ، كۆزىگە ياش ئېلىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. چېرىكلەرنىڭ ئىچىدە بۇرۇن تيەن خۇغا ئات باقار بولغان بىر چېرىك بار ئىدى. ئۇ سۇڭ ئاغىچىنىڭ بۇلاڭچىغا ئۇچراپ ئۆلۈۋالغان ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ:

— بۇرۇن پادىشاھىمىز تېخى يېڭىلا لەشكەر تۇپلاۋاتقان بىر ۋاقىتتا، مۇشۇ جايدىكى جىيېشيۇ دېگەن جايدىن بۇ ئايال بولاپ كېلىنگەنىدى، پادىشاھىمىز بۇ ئايالنى كۆرۈپلا ئۆزىگە بەرىكە خېنىم قىلىپ نىكاھىغا ئالماقچى بولدى. بۇ ئايال پادىشاھىمىزنى گوللاپ يورۇپ قوللىرىنى بوشىتىۋالدى-دە، قېچىپ مۇشۇ جايغا يېتىپ كەلگەندە ئۆزىنى تاغدىن ئېتىپ ئۆلۈۋالدى، پادىشاھىمىز ئۇنىڭ ئۆلۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەتلىرىنى سالدۇرۇپ ئاچچىقىشقا مېنى چۈشۈردى. بۇ ئايالنى قولغا چۈشۈرگەندە، ئاتقا مەن مىندۈرگەن، ئېگىنلىرىنىمۇ مەن سالدۇرۇۋالغان، شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ چىرايىغا ئوبدان سەپسىلىۋالغاندىم، مۇشۇ جەسەت شۇ ئايالنىڭ دەل ئۆزى شۇ. بۇ ئىشقا ئۈچ يىلدىن ئاشتى، جەسىتى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. بۇ نېمە كارامەت بولغاي؟ — دېدى.

— مەنمۇ تونۇدۇم، بۇ مېنىڭ قوشنام سۇڭ بوۋاينىڭ قىزى ئىدى، — دېدى يې چىڭ چېرىككە ئىچىدە يىغلاپ.

يې چىڭ چېرىكلىرىنى توپا ئەكېلىپ جەسەتنى كۆمۈشكە بۇيرۇدى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى جەسەت بىر پارچە ئاق تاشقا

ئايلىنىپ كەتتى، بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن ھەيران قېلىپ ھاڭ - تاڭ بولۇشتى، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ تاش تېرىش ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى. بۇ ئىش شۇنداق بولۇپ تۈگىدى. يې چىڭ ۋېيشېڭغا قايتىپ بېرىپ، تىيەن خۇنىڭ چۇ شېنىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، سۇڭ ئاغىچىنى بۇلاپ ماڭغانلىقى، سۇڭ ئاغىچىنىڭ ئەقىدە تۇتۇپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئەن ئايلا ئارقىلىق چيۇڭ يىڭغا ئاستىرتىن يەتكۈزۈپ قويدى.

چيۇڭ يىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، يۈرەك - باغرىغا خەنجەر سانجىلغاندەك بولدى، ئاتا - ئانىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىشنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تارام - تارام كۆز يېشى قىلىپ يۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر قېتىم كۆزى ئۇيقۇغا بارغاندا ئەۋلىيالارنى چۈشەپ تۇردى. ئەۋلىيالار ئۇنىڭغا: «مەگەر ئاتا - ئاناڭنىڭ قىساسىنى ئالاي دېسەڭ، بىز ساڭا ئەلەمۋازلىقنى ئۆگىتىپ قويايلى» دەيدىغان بولدى. چيۇڭ يىڭنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بولغاچقا، چۈشىگە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئېسىدە قېلىپ تۇردى، ئىشىكنى ئاستاغىنا ئېتىپ قويۇپ، بىر تال تاياق بىلەن قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىشقا باشلىدى. كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى، چيۇڭ يىڭ قىلىچۋازلىقتا كامالەتكە يەتتى، شۈەنخې يىلىنىڭ تۆتىنچى يىلىغا ئۆرۈلۈپ قىش پەسلىمۇ كېلىپ قالدى. بىر كېچىسى چيۇڭ يىڭ چالا ئۇيقۇدا ياتقانىدى، تۇساتتىن غۇر - غۇر شامال بىلەن خۇش پۇراق بىر ھىد دىمىقىغا ئۇرۇلدى -دە، شۇئان غىپلا قىلىپ بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئۇ بېشىغا بۇرجەكلەپ بوغمىچا چىگىۋالغان بولۇپ، يېشىل تون كىيگەن ياش بىر سەركەردىنى چيۇڭ يىڭغا تاش ئېتىشنى ئۆگىتىشكە باشلاپ كىردى. ھېلىقى يىگىت چيۇڭ يىڭغا:

— مەن ئالاھىدە گاۋپىڭغا بېرىپ، چاققان ئەختەرنى سىزگە ھۇنەر ئۆگىتىشكە ئېلىپ كەلدىم، بۇ ھۇنەرنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ئاتا - ئانىڭىزنىڭ قىساسىنى

ئالالايسىز. مەزكۇر سەركەردە كەلگۈسىدە سىزنىڭ كەتخۇدايىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

چيۇڭ يىڭ «كەتخۇدايىڭىز بولىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئىزا تارتىپ كېتىپ، يېڭى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالماق بولۇپ، قولىنى شۇنداق كۆتۈرۈشىگە، قولى شىرەدىكى قايچىغا تېگىپ كېتىپ، «جاراڭڭىدە» ئاۋاز چىقىپ كېتىۋىدى، قاتتىق چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. زىمىستان كېچىدە چىراغ يەنىلا پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى، ئۇ ئابايىقى ئىشلارنىڭ يا ئوڭى، يا چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. چيۇڭ يىڭ بىر هازا خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئاندىن يېتىپ قالدى.

تاڭمۇ ئاتتى، تاش ئېتىش يوللىرى يەنىلا چيۇڭ يىڭنىڭ يادىدا ئېنىق تۇراتتى. ئۇ تام تۈۋىدىن تۇخۇمدەك بىر تاشنى قولىغا ئېلىپ، ئۆگزىدىكى خىشتىن ياسالغان بايقۇش قۇيرۇقىغا قارىتىپ قارىسىغا ئېتىپ بېقىۋىدى، دەل بېرىپ تېگىپ، «جاراڭڭىدە» قىلىش بىلەن ئۇ يەرگە چۈشۈپ كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى. نى ئاغىچا چۆچۈپ كېتىپ پايپاسلاپ چىقىپ نىمە ئىش بولغانلىقىنى سۈرۈشتۇردى. چيۇڭ يىڭ گەپ ياساپ:

— كېچە چۈشۈمگە بىر ئەۋلىيا كىرىپ قاپتۇ، ئۇ: «ئاتىڭىزنىڭ زۇۋۇلىسى پادىشاھ بولۇشقا ئۇزۇلگەنىكەن، شۇڭا مەن ئاتىڭىزنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزۈشنى ئويلاپ، سىزگە غەيرىي بىر هۈنەرنى ئۆگىتىپ قويۇشقا كەلدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر تاشنى سىناق قىلىپ ئاتقانىدىم، قازارا بايقۇش قۇيرۇقىغا تېگىپ كەتتى، — دېدى.

نى ئاغىچا هاڭ ـ تاڭ بولۇپ، بۇ گەپلەرنى ۋۇ لىغا ئېيتتى. ۋۇ لى بۇ گەپكە ئىشەنمەي، چيۇڭ يىڭنى دەررۇ چاقىرتىپ سورىدى هەم نەيزە ـ قىلىچ، خەنجەر ـ يالمان، گۇرزە ـ توقماق، چارمىخ، تارماقلارنى ئەكەلدۈرۈپ ئۇنى سىناپ كۆردى، دېگەندەك، ئۇ بۇلارنىڭ هەممىسىگە شۇنداق پىشقانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تاش ئېتىشقىمۇ كارامەت ئۇستا بولۇپ، ئاتقان تېشى نىشانغا

بىرمۇبىر تېگەتتى. بۇنى كۆرگەن ۋۇ لى ھەيران بولۇپ: «مېنىڭ زۇۋۇلام دەرۋەقە چوڭ ئۇزۇلگەنىكەن، تەڭرىم ماڭا خىسلەتلىك بىر مەدەتكارنى ئاتا قىپتۇ» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ چيۇڭ يىڭنى كۆنبويى ئات مىنىپ مەشىق قىلىشقا سالدى.

ۋۇ لىنىڭ ئۆيىدىكىلەر چيۇڭ يىڭنىڭ كارامىتىنى سىرتقا يېيىۋەتتى، بۇ گەپ پۈتۈن ۋېيشىيڭ شەھىرىدىكىلەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، ھەممەيلەن چيۇڭ يىڭنى مەرگەن قىز دەپ تەرىپلىشىدىغان بولدى. ۋۇ لى تۈزۈكرەك ئادەم بولسا، چيۇڭ يىڭغا كۆيۈ قىلىۋېلىشنى ئويلىدى. چيۇڭ يىڭ نى ئاغىچىغا:

— ئەگەر مېنى ياتلىق قىلىشقا كۆيۈ تاپماقچى بولسىڭىز، كۆيۈيۇم ماڭا ئوخشاش تاش ئاتالايدىغان بولۇشى لازىم، ئۇنىڭدىن ئۆزگىگە بەرمەك بولسىڭىز، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن خالاس، — دېدى.

نى ئاغىچا بۇ گەپنىمۇ ۋۇ لىغا ئېيتتى. ۋۇ لى چيۇڭ يىڭنىڭ تەلىپى ئۈستۈن ئىكەن دەپ ياتلىق قىلماقچى بولغان نىيىتىدىن ئاستا ـ ئاستا يالتىيىپ قالدى. ئەمدى ۋۇ لىنىڭ كۆڭلىگە پادىشاھ بولسام ئىكەن دېگەن خىيال كەلدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چيۇڭ يىڭنى تۇرشاۋۇل قىلىشنى تيەن خۇغا ئىلتىجا قىلدى، ئۇ ئۆزىچە ئىككى تەرەپ ئۇرۇشسا، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ مۇرادىغا يەتمەكچى بولدى. شۇ ئەسنادا ۋۇ لى سەركەردە ـ سەرۋازلارنى باشلاپ ۋېيشىيڭدىن يۈرۈپ كەتتى. چيۇڭ يىڭنى تۇرشاۋۇل قىلىپ، بەش مىڭ خىل لەشكەر بىلەن ماڭدۇردى، ئۆزى ئارقىدىن چوڭ قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقتى.

ۋۇ لى، چيۇڭ يىڭلار لەشكەر تارتىپ مېڭىپ تۇرسۇن، ئەمدى سۇڭ جياڭلارغا كېلەيلى. ئۇلار جاۋدېدا چېن باسقاقبەگنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇن نەچچە كۈن ساقلىغاندىن كېيىن باسقاقبەگ لەشكەر تارتىپ كەلدى، دېگەن خەۋەر كەلدى. سۇڭ جياڭ سەركەردىلىرىنى باشلاپ خېلى يىراققىچە ئالدىغا بېرىپ، جاۋدې مەھكىمىسىگە باشلاپ كەلدى. بۇ يەرنى ۋاقتىنچە ئەمىرلەشكەر

www.uyghurkitap.com

مەھكىمىسى قىلدى. بارلىق سەركەردە ـ ئاتامانلار كېلىپ سالام بېرىپ كۆرۈشتى. باسقاقبەگ چېن گۈەن سۈك جياڭلارنىڭ سادىق ـ مەردلىكىنى بۇرۇندىن كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغانىدى. بۇ يەرگە كېلىپ سۈك جياڭنىڭ كىچىك پېئىل، ئىززەت ـ ئىكراملىق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئىززەتلەپ كەتتى ۋە:

— خان ئالىيلىرى تۇرشاۋۇل جانابلىرىنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىرلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، پېقىرنى ئالاھىدە بۇ يەرگە نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتى، كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئىنئام قىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ھارۋىلارغا بېسىپ ئەكەلدىم، — دېدى.

— بىز باسقاقبېگىمنىڭ بىزگە كېپىل بولغانلىقىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا مىننەتدارمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن يەنە ئىلتىپاتلىرىغا نائىل بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، بۇنىڭ ھەممىسى جانابلىرىنىڭ ئىنئاملىرىدۇر. پېقىرلار يۇقىرىدا تەڭرىقۇتنىڭ شەپقىتىگە، ئۇنىڭدىن قالسا جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا سازاۋەر بولۇۋاتىمىز، بىز ئۆز جېنىمىزنى پىدا قىلساقمۇ، بۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئازلىق قىلىدۇ، — دېدى سۈك جياڭ تەزىم بىلەن رەھمەت ئوقۇپ.

— جانابلىرى بالدۇرراق يېغىش تېپىپ، ئاستانىگە قايتسىلا، ئەلۋەتتە تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولىدىلا، — دېدى باسقاقبەگ.

— باسقاقبېگىم، ئۆزلىرىگە مالال كەلمىسە، جاۋدېنى ساقلىغاچ تۇرسىلا. پېقىر لەشكەر تارتىپ بېرىپ، تيەن خۇنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تازا تەمتىرىتىۋېتەي، — دېدى سۈك جياڭ يەنە تەزىم بىلەن رەھمەت ئوقۇپ.

— پېقىر ئاستانىدىن يولغا چىقىشتا، خان ئالىيلىرىغا يېقىندىن بۇيان ئۆزلىرى ئالغان ئايماق، ناھىيەلەردە كەم بولۇۋاتقان بەگ ـ سىپاھلارنى تېزدىن تولۇقلاپ بېرىشنى

ئىلتىجا قىلدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۆۋەندىن تېزدىن كۆرسىتىپ، بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ئەۋەتىشنى ئورۇنلاشتۇرغان، پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ، — دېدى باسقاقبەگ.

سۇڭ جياڭ كەلگەن تارتۇقنى سەرۋاز - سەركەردىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن لەشكىرىي ئۇقتۇرۇش يازدۇرۇپ، يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭدىن دىيار، ئايماق، ناھىيەلەرنى ساقلاپ تۇرغان ئاتامانلارغا ئەۋەتىپ، يېڭى بېكىتكەن بەگ - سىپاھلار كېلىش بىلەن تەڭ، ھەممە ئىشنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى، لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ بۇيرۇق كۈتۈشنى بۇيرۇدى؛ دىيار - ئايماقلارغا بۇيرۇقنى يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن فېنياڭغا بېرىپ يېغىلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇردى. سۇڭ جياڭ خېببېيلىق بوي ئەگكەن سەركەردە تاڭ بىنلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى باسقاقبەگكە مەلۇم قىلدى. جىن دىڭ، خۇاڭ يۆلەر چۆگۈن چاقسىنى ۋە موزايتاغنى ساقلاۋاتقان سۇن لى، جۇ تۇڭلارنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇلسا، ئۇلار قايتىپ كېلىپ بۇيرۇق كۈتسە، دەپ تەكلىپ بەردى. باسقاقبەگ ھەممىسىگە ماقۇل بولدى. شۇ ئەسنادا بىردىنلا بىر ئاتلىق خەۋەرچى كىرىپ:

— تيەن خۇ ما لىڭنى سەركەردە - سەرۋازلىرىنى باشلاپ فېنياڭنى قۇتقۇزۇشقا، قېينىئاغىسى ۋۇ لىنى ئامبال خېنىم بىلەن سەركەردە - سەرۋازلارنى باشلاپ، كۈنچىقىشتىن شياڭيۈەنگچە باستۇرۇپ كىرىشكە ئەۋەتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

سۇڭ جياڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋۇ يۇڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارغا قارشى سەركەردە - سەرۋازلارنى ئەۋەتتى.

— ما لىڭ جادۇگەرلىكنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەل تاپانلىق كارامەتتىن خەۋىرى بار، ئادەملەرگە قارىتىپ تۇيدۇرماي

خىش ئاتىدۇ، ئاتقان خىشى زايە كەتمەي تېگىدۇ. يېقىر جانابلىرىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەندىن بېرى ھېچقانداق كۈچ چىقىرالمىدىم. پىر ـ ئۇستازىم گۇڭسۇن شېڭ بىلەن فېنياڭغا بېرىپ ئۇنى ئەل قىلىشقا تەييارمەن، — دېدى ئەل بولغان سەركەردە چياۋ داۋچىڭ.

سۇڭ جياڭ بەكمۇ خۇش بولدى. ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن گۇڭسۇن شېڭ، چياۋ داۋچىڭلارنى فېنياڭغا بېرىشقا بۇيرۇدى. ئىككىلىسى سۇڭ جياڭ بىلەن خوشلىشىپ، شۇ كۈنى سەپەرگە ئاتلىنىپ فېنياڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، بۇلار مېڭىپ تۇرسۇن.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، سۇ چاۋ، شۇ نىڭ، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگو، تاڭ لۇڭ، تاڭ بىن، گېڭ گۇڭلارنى ئىككى تۈمەن لەشكەر باشلاپ لۇچېڭ ناھىيەسىگە تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ۋاڭ يىڭ، خۇ سەنىياڭ، سۇن شىن، گۇ يەڭگىلەرنى بىر مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئالدىن بېرىپ تيەن خۇ قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىشقا بۇيرۇدى. سۇڭ جياڭ باسقاقبەگ بىلەن خوشلاشتى ـ دە، ۋۇ يۇڭ، لىن چۇڭ، جاڭ چىڭ، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، لى كۈي، باۋ شۇ، فەن رۇي، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، ليۇ تاڭ، شيې جېن، شيې باۋ، لىڭ جېن، پېي شۇەن، شياۋ راڭ، سۇڭ چىڭ، جىن داجيەن، ئەن داۋچۇەن، جياڭ جىڭ، يۈ باۋسى، ۋاڭ دىڭليۇ، مېڭ كاڭ، لې خې، دۇەن جىڭجۇ، جۇ گۈي، خۇاڭ فۇدۇەن، خۇ جيەن، سەي فۇ، سەي چىڭ ھەم يېڭىدىن ئەل بولغان سەركەردە سۇن ئەن قاتارلىق جەمئىي ئوتتۇز بىر سەركەردە، ئۈچ يېرىم تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ، جاۋدېدىن يۇقىرىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئالدىن چارلاشقا ئەۋەتكەن ۋاڭ يىڭ قاتارلىق سەركەردىلەر شياڭيۇەن ناھىيەسىنىڭ پاسىلىغا، يەنى ۋۇيىنشەن تېغىنىڭ يۇقىرىسىغا يېتىپ بېرىپلا، تيەن خۇنىڭ چارلاشقا ئەۋەتكەن سەركەردىسى يې چىڭ، شېڭ بېن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئىككى تەرەپ دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ، تۇغ ـ ئەلەملىرىنى تىكىشتى. تيەن



www.uyghurkitap.com

خۇنىڭ سەركەردىسى شىڭ بىن ئات ئۈينىتىپ ئالدىغا چىقتى. سۇڭ جياڭنىڭ قوشۇنىدىن ۋاڭ يىڭ ئېتىنى يۈگۈرتۈپ چىقىپ، گەپ ـ سۆز قىلمايلا شىڭ بىنغا قاراپ نەيزىسىنى تەڭلەپ ئېتىلدى. ئىككى تەرەپتىكى قوشۇنلار قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈردى، شىڭ بىن نەيزىسىنى تەڭلەپ دېۋەيلەپ كەلدى. ئىككىسى ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، خۇ سەنىياڭ ئات سىلىپ چىقىپ، زۇلپىقارىنى ئۈينىتىپ ئېرىگە بولۇشۇشقا كەلدى. شىڭ بىن ئىككىسىگە تەڭ كېلەلمەي، ئېتىنى بۇراپلا ئارقىسىغا ياندى. خۇ سەنىياڭ ئارقىدىن قوغلاپ، زۇلپىقارى بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى چېپىۋىدى، شىڭ بىن ئاتتىن موللاق ئېتىپ چۈشتى، ۋاڭ يىڭلار ئات سىلىپ چاپ ـ چاپقا ئۆتتى. يى چىڭ قارشىلىق قىلىشقا پېتىنالماي لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇچقاندەك چېكىندى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بەش يۈزدەك ئادىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، قالغانلىرى پاتىپاراق بولۇپ تۆش ـ تۆشقا قاچتى. يى چىڭ ئارانلا بىر يۈزدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ، شياڭيۈەنگە يىگىرمە يول كېلىدىغان جايغا قېچىپ باردى. چيۇڭ يىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئاللىقاچان بۇ يەرگە كېلىپ قوش تىكىپ جايلىشىۋالغانىدى.

بۇنىڭدىن يېرىم يىل بۇرۇن، تيەن خۇ يى چىڭنى باش سەركەردىسى شۇ ۋېيلار بىلەن شياڭيۈەننى ساقلاشقا يۆتكەپ كەلگەنىدى، ئۇ يېقىندا چيۇڭ يىڭنىڭ تۇرشاۋۇل بولۇپ لەشكەر باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، غوجىسىنىڭ قىزى بىلەن كۆرۈشۇش مۇددىئاسىدا باش سەركەردە شۇ ۋېيغا ئىلتىماس قىلىپ، ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن چارلاشقا كەلگەنىدى، شۇ ۋېي كەنجە سەركەردە شىڭ بىننى ئۇنىڭغا بىللە قوشۇپ قويغانىدى. ئابايا خۇ سەنىياڭ شىڭ بىننىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئەمدى يى چىڭ دەل چيۇڭ يىڭنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن روبىرو بولۇپ قالدى. يى چىڭ ئاتتىن چۈشۈپ، قوشقا كىرىپ چيۇڭ يىڭ بىلەن كۆرۈشتى، چيۇڭ يىڭ خېلى چوڭ بولۇپ قالغانىدى، ئۇ قىز

بولسىمۇ، ھەيۋەتلىك بىر سەركەردىگە ئوخشاپ تۇراتتى. چيۈك يىلىڭ يې چىڭنى تونۇغاندىن كېيىن يېپىندىكىلەرنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، يې چىڭغا:

— مەن بۈگۈنكى كۈندە يولۋاس ئۈۋىسىدىن ئايرىلىپ چىققان بولسامۇ، قول ئاستىمدا ئاران بەش مىڭ لەشكەر قالدى، بۈنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانامنىڭ قىساسىنى قانداق ئالىمەن؟ قېچىپ كېتەي دېسەم، خەق تۈيۈپ قالسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۈنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قالارمەنمىكىن دەيمەن، تازا ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا سىز كېلىپ قالدىڭىز، — دېدى.

— مەنمۇ كۆپ ئويلاپ، بىرەر ئامال تاپالمايۋاتاتتىم. بىرەر پۇرسەت بولسا دەررۇ خەۋەر قىلىمەن، — دېدى يې چىڭ.

گەپىنىڭ ئايىغى چىقمايلا، سۈڭ جياڭنىڭ سەركەردىسى لەشكەر تارتىپ باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. چيۈك يىلىڭ دۇبۇلغا ـ قويۇلغىلىرىنى كىيىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ ياۋغا قارشى ئاتلاندى.

ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈشتى، تيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ بايرىقى ئاستىدا بوز يالىلىق ئات مىنگەن ساھىبجامال قىز سەركەردە تۇراتتى. ئۇنىڭ ھۆسنىنى قانداق دېمەمسىز؟

قىسىۋاپتۇ ئەنقا كەبى ئالتۇندا جىغا،
قارا سۇمبۇل چاچلىرىنى باستۇرۇپ تازا.
يېپىنىپتۇ ئۈستىگە بىر كۈمۈش قويۇغىنى،
خىجىل قىلار يالتىرىقى قارۇ قويۇشنى.
قىزىل رەڭلىك كەشى بىلەن ئۈزەڭگە دەسسەپ،
ئاپپاقىنا نازۇك قولى يالماندا ھەدەپ.
مەجنۇنتالدەك بەللىرىنى رۇسلاپ ئېگەردە —
ئولتۇرىدۇ، باغلاپ بىلىن ئېسىل كەمەردە.
ئارسلاندەك ئەپچىل تېنى چەبدەس ھەر ئىشقا،

شاپتۇل گۈللۈك تونى ئوخشار چوغدەك قۇياشقا.
يۈزى گويا خۇش چىرايلىق قىزارغان ئانار،
قېشى تالنىڭ ياپرىقىدەك ئىنچىكە تۇرار.
تاۋار خالتا ئىچىگە لىق قاچىلىغان تاش،
بۇ بىر سەتەڭ قىز سەركەردە دەل ئون ئالتە ياش.

قىز سەركەردىنىڭ نىشان تۇغىغا: «تۆۋەن ئىقلىمنى تىنچىتقۇچى تۇرشاۋۇل سەركەردە ئامبال خېنىم چىيۇڭ يىڭ» دەپ ئېنىق يېزىلغانىدى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ باريكاللا ئېيتىشتى. ھەر ئىككى سەپتىكى دۇمباق ساداسى پەلەككە ياڭرىغان، تۇغ ــ ئەلەملەر جەۋلان قىلىپ كۆن نۇرىنى توسۇۋالغانىدى. پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ ساھىبجامال جانانىنى كۆردى ــ دە، نەيزىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئات سېلىپ چىيۇڭ يىڭغا ئېتىلىپ كەلدى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سۈرەن ــ چۇقان كۆتۈردى، چىيۇڭ يىڭ ئېتىنى قامچىلاپ، يالمىنىنى كۆتۈرگىنىچە مەيدانغا چۈشتى. ئىككىسى ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭنىڭ نەپسى تاقىلداپ، نەيزە سانجىشتىمۇ ئاداشقىلى تۇردى. چىيۇڭ يىڭ: «نېمىدېگەن پەسكەش ئوغرى بۇ ــ ھە !» دەپ ئويلىدى ــ دە، ئېپىنى تېپىپ تۇرۇپ، ۋاڭ يىڭنىڭ سول يوتىسىغا بىر يالمان تىقتى. ۋاڭ يىڭنىڭ ئىككى پۇتى ئاسمانغا، بېشى يەرگە بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى.

—— ھەي ئەر ئالماس جالاپ، نېمىدېگەن ئەدەپسىز نېمىسەن ! —— دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئات سېلىپ كەلدى خۇ سەننياڭ يارىلانغان ئېرى ۋاڭ يىڭنى قۇتقۇزۇشقا كېلىپ.

چىيۇڭ يىڭ يالمىنىنى تەڭلەپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى. ۋاڭ يىڭ ئۆرە تۇرۇشقا خېلى تىركىشىپ كۆردى. تېەن خۇ چېرىكلىرى ھەرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ ۋاڭ يىڭنى تۇتماقچى بولدى. ئۇ تەرەپتىن سۈن شىن بىلەن گۇ يەڭگە ئىككىسى كېلىپ ئۇنى ئالدى ــ دە، قاچتى. گۇ يەڭگە خۇ سەننياڭنىڭ چىيۇڭ يىڭغا

تەڭ كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قوش قىلىچىنى ئويناتقىنىچە ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۈچ ئايال سەركەردە، ئالتە قولىغا تۆت قىلىچ، بىر يالمان ئېلىپ ئات ئۈستىدە ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ تۇتۇشۇپ كەتتى. قورال ـ ياراغلار شامالدەك ئۆتۈشۈپ، قار ئۇچقۇنلىرىدەك ۋال ـ ۋۇل يالتىراپ، ئىككى تەرەپتە قاراپ تۇرغان لەشكەرلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى. بۇ ئۇچەيلەن يىگىرمە مەرتەم ئېلىشتى، چيۇڭ يىڭ يالمىنىنى كۆككە بىر سانجىۋېتىپ، ئېتىنى بۇراپ كەينىگە ياندى. خۇ سەننياڭ بىلەن گۇ يەڭگە ئىككىسى تەڭلا قوغلىشىپ كەلدى. چيۇڭ يىڭ يالمىنىنى سول قولىغا يۆتكىدى ـ دە، ئوڭ قولىغا تاش ئېلىپ، تال چىۋىقتەك بەللىرىنى ئەگدى ـ دە، بىر كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ خۇ سەننياڭنى نىشانلاپ ئاتتى، تاش كېلىپ خۇ سەننياڭنىڭ ئوڭ بىغىشىغا تەگدى. ئاغرىققا چىدىمىغان خۇ سەننياڭ بىر قىلىچىنى تاشلاپ ئۆز سېپىگە قاراپ قاچتى. گۇ يەڭگە خۇ سەننياڭنىڭ تاش يېگەنلىكىنى كۆرۈپ، چيۇڭ يىڭنى تاشلاپ خۇ سەننياڭنى قۇتقۇزۇشقا كەلدى. چيۇڭ يىڭ ئېتىنى بۇراپ قوغلاپ كەلدى، سۇن شىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، قوش يارما دەستىسىنى ئويناتقىنىچە ئات سېلىپ كەلدى. ئىككىسى تۇتۇشقۇچە چيۇڭ يىڭ چەنلەپ تۇرۇپ بىر تاش ئېتىۋىدى، تاش بېرىپ سۇن شىننىڭ شىر سۈرەتلىك مىس دۇبۇلغىسىغا «جاراڭڭىدە» قىلىپ تەگدى. سۇن شىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى ـ دە، ئۆز سېپىگە قايتىپ ۋاڭ يىڭ بىلەن خۇ سەننياڭنى قوغداپ دەرھال ئارقىغا ياندى.

چيۇڭ يىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قوغلاپ مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغانىدى، بىردىن گومبۇرلەپ توپ ئېتىلدى، بۇ ئىككىنچى ئاي ئاياغلىشىپ قالغان ۋاقىتلار ئىدى. تۇغ ـ ئەلەملەر لەپىلدەپ، ئاتلار كىشنىشىپ تاغنىڭ ئارقىسىدىن بىر بۆلۈك لەشكەر چىقىپ كەلدى، بۇلار لىن چۇڭ، سۇن ئەن ۋە پىيادە

قىسىملارنىڭ ئاتامانى لى كۇيلار بولۇپ، سۇڭ دانىشنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن سۇن شىنلارغا ھەمدەملىشىشكە كەلگەنىدى. ئىككى قوشۇن روبىرو بولۇپ، داقا - دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ، سۈرەن - چۇقان سېلىشتى. ئۇ تەرەپتە قاپلانباش لىن چۇڭ ئۇزۇن يىلان باش نەيزىسىنى تىك كۆتۈرۈپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى. بۇ تەرەپتە مەرگەن قىز چيۇڭ يىڭ يالمىنىنى تۇتقىنىچە ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغا كەلدى.

— ھەي، پەس جالاپ، تەڭرى قوشۇنىغا قارشىلىق قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى لىن چۇڭ ئۇنىڭ ئاياللىقىنى بىلىپ.

چيۇڭ يىڭ گەپ - سۆز قىلماي ئېتىنى دېۋىتىپ لىن چۇڭغا ئېتىلدى. لىن چۇڭ نەيزىسىنى تەڭلەپ كېلىپ تۇتۇشتى. ئاتلار چىرمىشىپ، ياراغلار ئىرمىشىپ كەتتى. بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن چيۇڭ يىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي، يالغاندىن يالمىنىنى بوشلۇقتا نەچچىنى سانجىپ قويۇپ، ئېتىنى كۈنچىقىشقا بۇراپ قاچتى. لىن چۇڭ ئات سېلىپ قوغلاشتى. سۇڭ جياڭ سېپى ئالدىدىكى سۇن ئەن چيۇڭ يىڭنىڭ نىشان تۇغىنى كۆرۈپ:

— لىن سەركەردە، قوغلاشمىسىلا، ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالىدىلا، — دەپ ۋارقىرىدى.

لىن چۇڭ ماھارەتلىك بولغاچقا، سۇن ئەننىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي قاتتىق قوغلاشتى. ياپيېشىل ئوتلاقتا ئاتلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چېپىپ، ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. چيۇڭ يىڭ لىن چۇڭنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى - دە، نەيزىسىنى سول قولىغا يۆتكەپ، ئوڭ قولى بىلەن كەشتىلىك خالتىسىدىن تاش ئالدى ۋە تولغىنىپ تۇرۇپ لىن چۇڭنىڭ يۈزىگە چەنلەپ بىر تاش ئاتتى. كۆزى ئۆتكۈر، قولى چاققان لىن چۇڭ نەيزىسىنىڭ سېپى بىلەن تاشنى بىر ئۇرۇپ ئۇچۇرۇۋەتتى. چيۇڭ يىڭ بىرىنچى تېشى تەگمىگەندىن كېيىن يەنە بىرنى

ئېلىپ ئېتىۋىدى، تاش گويا جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغاندەك ئۇچۇپ كەلدى. لىن چۇڭ ئۆزىنى دالدىغا ئالغۇچە تاش نەق ئۇنىڭ يۈزىگە تېگىپ، يۈزىدىن چاچراپ قان چىقتى. لىن چۇڭ نەيزىسىنى سۆرەپ ئۆز سېپىگە قايتتى. چيۇڭ يىڭ ئېتىنى قايرىپ قوغلاشتى.

سۇن ئەن ئالدىغا چىقىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، بىردىنلا ئۆز لەشكەرلىرى ئىككى يانغا بۆلۈنۈپ ئوتتۇرىدىن يول ئېچىپ بەردى ـ دە، ئارىدىن لى كۇي، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، شىي باۋ، شىي جېن قاتارلىق شىرمەتلەر بەش يۈز پىيادە لەشكەرنى باشلاپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى.

— ھەي ئەدەپسىز دەججال ! — دەپ ۋارقىراپ ئېتىلىپ كەلدى لى كۇي پالتىسىنى كۆتۈرۈپ.

چيۇڭ يىڭ لى كۇينىڭ قارامىلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى چەنلەپ بىر تاش ئاتتى. لى كۇيمۇ چۆچۈپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى لى كۇينىڭ تېرىسى قېلىن، سۆڭىكى قاتتىق بولغاچقا، قاتتىق ئاغرىدى ـ يۇ، يېرىلىپ كەتمىدى. چيۇڭ يىڭ لى كۇينىڭ يىقىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆز سېپىگە كىرىپ كەتتى. لى كۇينىڭ غەزىپى قايناپ، ساقاللىرى دىڭ تۇرۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ۋارقىرىغان پېتى ئېتىلىپ كەلدى. لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، شىي جېن، شىي باۋلار لى كۇيدىن ئەنسىرەپ تەڭلا تاشلاندى. سۇن ئەن توسۇۋالماقچى بولسىمۇ توسۇيالمىدى. چيۇڭ يىڭ بىر توپ ئادەمنىڭ قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شىي جېننى بىر تاش قويۇپ دومىلىتىۋەتتى، شىي باۋ، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭلار تېز كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى. لى كۇي ھېچنېمىگە قارىماي چيۇڭ يىڭنى قوغلىشىپ كەتتى، چيۇڭ يىڭ لى كۇينىڭ يېقىنلا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال چەبدەسلىك بىلەن يەنە بىر تاش ئېتىۋىدى، تاش ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەگدى، ئىككىنچى تاش تەگكەندىن كېيىن ئاندىن

www.uyghurkitap.com

قان ئېقىشقا باشلىدى. لى كوۋي پولاتتىن يوغۇرۇلغاندەك ئەزىمەت ئىدى، ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزلىرى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ ئوتتەك قىزىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ پالتىسىنى ئوينىتىپ تېيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئالدىغا كەلگەن چېرىكنى چېپىۋەردى، ئۇ تەرەپتىن سۇن ئەن چيۇڭ يىگىنىڭ سەپكە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ باستۇرۇپ كەلدى، ئاڭغىچە ۋۇ لى، شۇ ۋېي قاتارلىق سەككىز سەركەردە چوڭ قوشۇننى باشلاپ يېتىپ كېلىپ قالدى، ئىككى تەرەپ چاپ ـ چاپقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ تەرەپتىن لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ ئىككىسى شيې جېننى قۇتقۇزۇۋېلىپ، قايرىلىپلا تېيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ سېپىگە قاراپ چېپىپ كەلدى. شيې باۋ ئاكىسىنى يۆلەپ كېتىۋاتقاچقا، ئېلىشىش بىئەپ كەلدى. تېيەن خۇ چېرىكلىرى قوغلىشىپ كېلىپ، پۈت سالمىسى تاشلاپ، ئۇلارنى ئۆز سېپىگە سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى. پىيادە لەشكەرلەر قاتتىق لەت بولۇپ ئۆز سېپىگە قايتىپ كەتتى. ئەمما، سۇن ئەن كارامەت باتۇرلۇق قىلىپ، تېيەن خۇنىڭ سەركەردىسى تاڭ شيەننى خەنجەر بىلەن بىر چېپىپ ئاتتىن يىقىتتى. سۇن ئەننىڭ قول ئاستىدىكى چېرىكلەرنىڭ قارىسىغا ئاتقان ئوقى ۋۇ لىنىڭ بوينىغا تېگىپ، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋەتتى، شۇ ۋېيلار جان پىدالىق بىلەن كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەتتى.

چيۇڭ يىڭ باشلىق سەركەردىلەر ۋۇ لىغا ئوق تەگكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال جاڭ ئۇردۇرۇپ چېرىكلىرىنى يىغىۋالدى. تۆۋەن تەرەپتىن يەنە سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى. پەيسىز ئوق جاڭ چىڭ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. ئەسلىدە ئۇ قوشتا خەۋەرچىلەردىن تېيەن خۇ قوشۇنىدا تاش ئېتىشقا ئۇستا بىر قىز سەركەردە بار ئىكەن، خۇ سەنىياڭلارنى يارىلاندۇردى، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ، سۇڭ تۇرشاۋۇلغا مەلۇم قىلىپ قويۇپلا دەرھال ئاتلىنىپ، بۇ قىز تۇرشاۋۇلنى بىر كۆرۈپ باقمايمۇ دەپ، ئۆز قوشۇنىغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن لەشكەر

باشلاپ كەلگەنىدى. ئەمما، چيۇڭ يىڭ بۇ چاغدا لەشكەرلىرىنى يىغىپ، ۋۇ لىنى قوغداپ ئورمانلىقتىن ئەگىپ شياڭيۈەنگە قاراپ كېتىپ قالغانىدى. جاڭ چىڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قاراپلا قالدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

قايتتى جەڭدىن نازىنىن كەشتە ئەلەم لەپىلدىدى،
ئالدىراپ چېرىكلىرى ھەر ياق چېپىپ تاقىلدىدى.
كىردى ئورمانلىق ئىچىگە بولدى غايىب ھەممىسى،
گۈل ـ گۈلىستانلار توسۇۋالدى سەنەمنىڭ ۋەسلىنى.

شۇ ئەسنادا، سۇن ئەن شىي جېن، شىي باۋلارنىڭ قولغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، لى كۈيلارنىڭ ياۋ سېپىگە قارامىلىق قىلىپ چېپىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئارقىدىن لەشكەرلىرى بىلەن قوغلىشىپ بارماقچى بولغانىدى، بىراق كەچ كىرىپ قالغاچقا، جاڭ چىڭ بىلەن بىللە لىن چۇڭنى قوغداپ، لەشكەرلىرى بىلەن چوڭ قوشۇنغا قايتىپ كەتتى.

سۇڭ جياڭ بارگاھتا ئولتۇراتتى. ئۇ دانا ئەمچى ئەن داۋچۈەننى ۋاڭ يىڭنى داۋالاشقا بۇيرۇدى. سەركەردىلەر كېلىپ ۋاڭ يىڭنىڭ يارىسىغا قارىغۇدەك بولسا، يوتىسىغا نەيزە تېگىپ يارىلانغاندىن باشقا، بېشىمۇ يېرىلىپ كېتىپتۇ. ئەن داۋچۈەن ئۇنى دورىلاپ بولۇپ، لىن چۇڭنى داۋالىدى. سۇڭ جياڭ شىي جېن، شىي باۋنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە لى كۈي باشلىق ئۈچ كىشىنىڭ دېرىكى يوقلۇقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەمگە چۆمدى. بىردەمدىن كېيىن ۋۇ سۇڭ دەرۋىش لى كۈي بىلەن پۇتۇن ئەزايى قان ھالدا كىرىپ كەلدى.

— پېقىر لى كۈينىڭ قولى قىزىپ چاپ ـ چاپ بىلەن كېتىۋەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەمدەملىشىپ چاپ ـ چاپقا چۈشتۈم، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز تىيەن خۇ قوشۇنىنى ئوتتۇرىسىدىن يول ئېچىپ تا سېپىل تۈۋىگىچە قىر ـ چاپ

قىلىپ باردۇق. بىز تېەن خۇ چېرىكلىرىنىڭ شىي جېن، شىي باۋلارنى باغلاپ شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ئىككىسىنى تارتىۋالدۇق. بۇ چاغدا شۇ ۋېيلار لەشكەر تارتىپ كېلىپ قېلىپ، شىي جېن، شىي باۋلارنى يەنە تارتىۋالدى. ئىككىمىز ئارىنى يېرىپ چىقىپ، ئىككى قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ قايتىپ كەلدۇق. لۇ جىشېننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدۇق، — دېدى ۋۇ سۇڭ داد ئېيتىپ.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە لۇ جىشېننىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىشقا تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتى ھەم ئەن داۋچۈەننى لى كۈينى داۋالاشقا بۇيرۇدى، ئاڭغىچە گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ قالدى. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى ئېدىتلاپ كۆرگەندى، ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بوپتۇ، ئۇ كېچىسى قوشلارنى چىڭ بېكىتىپ، كۆزەت قىلدۇردى. ئۇ كېچە تىنچ ئۆتتى.

ئەتىسى سەھەردە يىگىتلەر: «لۇ جىشېندىن دېرەك ئالالمىدۇق» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. سۇڭ جياڭنى تېخىمۇ غەم باستى. لي خې، دۇەن جىڭجۇ، جۇ گۈي، يۈ باۋسىلارنى چەبدەس يىگىتلەر بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە ئىزدەشكە ئەۋەتتى. سۇڭ جياڭ لەشكەر تارتىپ چىقىپ شەھەرگە تەگمەكچى بولغانىدى، بىراق ئاتامانلارنىڭ كۆپى يارىدار بولۇپ كەتكەچكە، تۇرۇپ تۇرماي بولمىدى. شەھەردىكىلەرمۇ قوۋۇقنى چىڭ تاقىۋالدى ۋە ئېلىشىشقىمۇ كەلمىدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە يۈ باۋسى بىر ئايغاقچىنى تۇتۇۋېلىپ تۇراغا ئېلىپ كەلدى. سۇن ئەن بىر قاراپ، ئۇ ئادەمنىڭ تېەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ باشبۇغى يې چىڭ ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

— پېقىر بۇ ئادەمنى ۋىجدانلىق ئادەم، دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ شەھەردىن يەككە ـ يېگانە چىققىنىغا قارىغاندا، بۇنىڭ ئىچىدە بىر گەپ باردەك تۇرىدۇ، — دېدى سۇن ئەن سۇڭ

جياڭغا.

سۇڭ جياڭ ئۇنى لەشكەرلەرگە بوشاتتۇرۇپ ئالدىغا چاقىردى. يې چىڭ سۇڭ جياڭنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ:

— مەن بىر خۇپىيانە ئىش بىلەن كەلدىم. باش سەردار ئالىيلىرى يانلىرىدىكى ئادەملىرىنى چىقىرىۋەتسىلە، ئەھۋالنى تەپسىلىي بايان قىلسام، — دېدى.

— بۇ يەردىكى بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش، سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— شەھەردىكى ۋۇ لى ئالدىنقى كۈنى جەڭدە ئوق يەپ زەھەرلىنىپ ياتىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى تېۋىپلارنىڭ داۋاسى شىپا بولمىدى. پېقىر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تېۋىپ ئىزدەش باھانىسى بىلەن شەھەردىن تىكتىڭلاپ چىققان، — دېدى يې چىڭ.

— ئۈلۈشكۈن تۇتۇۋالغان ئىككى سەركەردىمىزنى نېمە قىلىشتىڭلار؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— پېقىر ئىككى سەركەردىگە زەرەر - زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن دەپ، ۋۇ لى ھوشسىز ياتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يالغاندىن بۇيرۇق يەتكۈزۈپ، ۋاقىتلىق نەزەربەند قىلدۇرۇپ قويدۇم، ھازىر ئۇلار ساق - سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى يې چىڭ جاۋابەن.

يې چىڭ تيەن خۇنىڭ چۇ شېن ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى بۇلاپ كېلىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە چيۇڭ يىڭنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى، ئاندىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

سۇڭ جياڭ بۇ دەھشەتلىك ئەھۋالنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئەمما يې چىڭ تيەن خۇنىڭ سەركەردىسى بولغانلىقىدىن، ھىيلە ئىشلىتىۋاتقان بولمىسۇن دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدا، ئەن داۋچۈەن:

— بۇ نىكاھ ئىشى توساتتىن بولماي، دەرھەقىقەت تەقدىر -

پېشانىدىن بولغان ئوخشايدۇ ! ــ دېدى سۇڭ جياڭغا ۋە يەنە:

ــ سەركەردىمىز جاڭ چىلىڭ ئۆتكەن قىشتا چۈشىدە بىر يىگىتنى كۆرۈپتىكەن، بۇ يىگىت جاڭ چىڭغا بىر قىزغا تاش ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز دەپتىكەن ھەم ئۇنىڭغا ئۇ قىز بىلەن كەتخۇدا بولىسىز، دەپتىكەن. جاڭ چىلىڭ ئويغانغاندىن كېيىن خىيال سۈرۈپ، ئۇنى ئويلاپ سەۋدايى بولۇپ قالغانىدى، شۇ ۋاقىتتا سىلى پېقىرنى جاڭ چىڭنى داۋالاشقا گاۋپىڭدا قالدۇرۇپ كەتكەنىدىلە، تومۇرىنى تۇتقۇدەك بولسام، ئىشق ئوتىدىن ئاغرىغانلىقى مەلۇم بولدى. قايتا ـ قايتا سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن سەركەردىمىز جاڭ چىلىڭ ئاندىن كېسەلنىڭ يىلتىزىنى ئېيتىپ بەردى، شۇڭا داۋا پاتلا شىپالىق بەردى. بۈگۈن يې چىڭنىڭ دېگەنلىرى جاڭ چىڭنىڭ چۈشى بىلەن بىر يەردىن چىقتىغۇ؟

سۇڭ جياڭ ئاڭلاپ بولۇپ، ئەل بولغان سەركەردە سۈن ئەندىن قايتىلاپ سورىدى.

ــ پېقىرمۇ چيۇڭ يىڭنى ۋۇ لىنىڭ ئۆز قىزى ئەمەس، دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. مېنىڭ قول ئاستىمدىكى كەنجى سەركەردە ياڭ فاڭ ۋۇ لىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتەتتى، ئۇمۇ چيۇڭ يىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدۇ. يې چىڭنىڭ بۇ سۆزىدە ھەرگىز ساختىلىق يوق، ــ دېدى سۈن ئەن جاۋابەن.

ــ چيۇڭ يىڭ ئەزەلدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا نىيەت قىلىپ كەلگەنىدى. پېقىر ئۇنىڭ جەڭدە نەچچە قېتىم ئالىيلىرىنىڭ شانۇشەۋكەتلىرىگە تەگكەنلىكىنى كۆرۈپ، شەھەر ئېلىنغان كۈنى قارا ـ قويۇقلا چېپىپ تاشلىنامدىكىن، دەپ ئەندىشە قىلدىم. شۇڭا، پېقىر جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ جانابلىرىنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلەپ كەلدىم، ــ دېدى يې چىڭ يەنە.

ــ رەڭگىرويىدىن قارىغاندا ئەھۋال راستتەك تۇرىدۇ. ۋىجدانى

www.uyghurkitap.com

پاك كۆرۈندۇ! تەڭرىم ئاغىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا مەدەتكار بوپتۇ، بۇ ۋاپادار قىزغا تەڭرى قىساس ئېلىشنى بۇيرۇغان ئوخشايدۇ، — دېدى ۋۇ يۇڭ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ يې چىڭغا بىر قۇر سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن سۇڭ جياڭغا. ئاندىن ئۇ سۇڭ جياڭنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— لەشكەرلىرىمىزنى ئۈچكە بۆلۈپ ئىشقا سالغان هالەتتىمۇ، ناۋادا تيەن خۇ قىتانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالسا، ئىككى تەرەپنىڭ قىستىقىدا قالىمىز. قىتانلار لەشكەر چىقارمىغان تەقدىردىمۇ، تيەن خۇ ئامالسىز قېلىپ، ئۇلارغا ئەل بولىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، تىنچىتىش ۋەزىپىسىنى قانداق ئادا قىلالايمىز؟ ئىچكى جەھەتتىن بىزگە بولۇشىدىغان بىرەرى چىقىپ قالسىدى، دەپ باش قاتۇرۇۋاتاندىم. بۈگۈن جاڭ چىڭنىڭ مۇشۇ نىكاھ ئىشىدىن پايدىلىنىپ بۇنداق قىلساق، تيەن خۇنىڭ كاللىسى چيوڭ يىڭنىڭ ئالقىنىدا بولىدۇ. لى كۈينىڭ چۈشىدىمۇ ئەۋلىيالار بېشارەت بېرىپتۇ. ئاغا، «تيەن خۇنى يوقاتماق مەرگەن قىزغا باغلىق» دېگەن بىر گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دېدى.

سۇڭ جياڭ بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ، هە، هە دەپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە جاڭ چىڭ، ئەن داۋچۈەن، يې چىڭنى چاقىرىپ خۇپىيانە پەم كۆرسەتتى. ئۈچىلىسى شۇ پەم بويىچە يولغا راۋان بولدى.

ئەمدى شياڭيۈەننى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەرگە كەلسەك، يې چىڭ قايتىپ كېلىپ:

— قوۋۇقنى تېز ئېچىڭلار! مەن ۋۇ لىنىڭ سەركەردىسى يې چىڭ بولىمەن، بۇيرۇق بويىچە چۈەن لىڭ، چۈەن يۇ دېگەن تېۋىپلارنى تېپىپ كەلدىم، — دەپ ۋارقىرىدى.

شەھەرنى ساقلاۋاتقان چېرىكلەر دەررۇ يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. بىردەمدىن كېيىن قوۋۇقنى ئېچىشقا بەلگە بېرىلدى. يې

چىڭ چۇەن لىڭ، چۇەن يۇلەرنى باشلاپ شەھەر ئىچىدىكى پادشاھنىڭ قېيىنئاغىسى ۋۇ لىننىڭ خاندانى ئالدىغا باردى، ئىچكىرىدىن تېۋىپنى چاقىرتىپ بۇيرۇق چىقتى. يې چىڭ چۇەن لىڭ بىلەن خاندانغا كىردى، لەشكەرلەر ئىچىدىكى خىزمەتكارلار ئامبال خېنىم چيۇڭ يىڭغا مەلۇم قىلدى. چۇەن لىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ چيۇڭ يىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن چيۇڭ يىڭ ئۇنى توپتوغرا ۋۇ لىننىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ۋۇ لى ئاران ـ ئارانلا دەم ئېلىپ ياتاتتى. چۇەن لىڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى ـ دە، يارىسىغا چاپلايدىغان مەلھەم، ئىچىدىغان دورا بەردى. ئۈچ كۈن داۋالىغاندىن كېيىن ئەتلىرى قىزىرىپ، ئاستا ـ ئاستا تاماق يېيەلەيدىغان بولدى. بەش كۈنگە قالماي، يارىسى تولۇق ساقايمىسىمۇ ئىشتىيى ئەسلىگە كەلدى. ۋۇ لى بەكمۇ خۇرسەن بولدى. يې چىڭغا تېۋىپنى چاقىرتىپ كىرىپ كۆرۈشتى ھەم ئۇنىڭغا:

— تەۋەررۇك قوللىرىنىڭ داۋاسى بىلەن شىپا تېپىپ، يارام كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولارسىز، — دېدى.

— يالغۇز يېقىرىنىڭ بۇ ئەرزىمەس ھۇنىرى قانچىلىك نېمىدى، دەيدىلا؟ مېنىڭ چۇەن يۇ دەپ بىر ئىنىم بار، ئۇزاقتىن بۇيان ماڭا ئەگىشىپ مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ نەيزىۋازلىقنى ئوبدان ئۆگىنىۋالدى، مەن بىلەن بىللە كېلىپ دورا تەييارلاپ بەردى، ماڭا ياردەم قوللىرىنى سۇنۇپ ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇشلىرىنى تىلەيمەن، — دېدى چۇەن لىڭ تەزىم بىلەن رەھمەت ئوقۇپ.

ۋۇ لى چۇەن يۇنى چاقىرىپ كىرىشكە بۇيرۇق بەردى. ۋۇ لى چۇەن يۇنىڭ كېلىشكەن بەستىنى كۆرۈپ، خېلى ياقتۇرۇپ قالدى. چۇەن يۇنى خاندان سىرتىدا كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتتى.

چۇەن لىڭ، چۇەن يۇ رەھمەت ئوقۇپ خانداندىن چىقتى. ئۇدا ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. توساتتىن سۇڭ جياڭ

لەشكەر تارتىپ كېلىپ شەھەرگە تېگىش قىلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. يې چېڭ ۋۇ لىغا مەلۇم قىلىپ، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى كارامەت باتۇر ئىكەن، ئامبال خېنىم بارمىسا، چېكىندۇرگىلى بولمىغۇدەك، دېدى. ۋۇ لى بۇنى ئاڭلاپ، دەررۇ چيۇڭ يىڭنى چاقىرتىپ، ئۇنى لەشكەر تاللاشقا مەشىق مەيدانىغا ئېلىپ كەلدى.

— ۋەزىر ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇگۈن ياۋ لەشكەرلىرى شەھەر بوسۇغىسىغا يېتىپ كەپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. پېقىر بىر كارغا كەلمەس ئادەم بولسامۇ، لەشكەر تارتىپ چىقىپ ياۋنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتىشقا تەييارمەن، — دېدى چۈەن يۈ مەشىق سەيناسىغا كېلىپ.

— ئەجەب يوغان گەپ قىلىسەنغۇ، مەن بىلەن سىنىشىپ كۆرەمسەن؟ — دېدىياندا تۇرغان باشبۇغ يې چېڭ يالغاندىن خاپا بولۇپ.

— كىچىكىمدىن تارتىپ ئون سەككىز خىل ياراغنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەنگەندىم. بۈگۈن مەنمۇ سىز بىلەن سىنىشىپ كۆرەكچى، — دېدى چۈەن يۈ كۈلۈپ تۇرۇپ.

يې چېڭ ۋۇ لىغا مۇراجىئەت قىلدى، ۋۇ لى ئىجازەت قىلىپ، ئات ھەم قورال بەردى. ئىككىسى سەينا ئالدىدا ئۇياندىن - بۇيانغا، بۇياندىن - ئۇيانغا ئىتتىرىشىپ، گىرەلىشىپ قاتتىق ئېلىشتى. ئېگەردە ئولتۇرغان ئەزىمەتلەر ئېلىشسا، ئاستىدىكى ئاتلىرىمۇ تەڭ تېپىشتى. قىرىق - ئەللىك مەرتەم ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. چيۇڭ يىڭ چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ چۈەن يۈنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىنى كۆرۈپ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى - دە، «بىر يەردە كۆرگەندەكلا تۇرىمەن، نەيزىنى ماڭا ئوخشاشلا ئوينىتىدىكەن!» دەپ گۇمان قىلدى ۋە بىردىن ئېسىگە ئېلىپ: «چۈشۈمدە تاش ئېتىشنىمۇ مۇشۇنداق بىر ئادەم ئۆگەتكەندەك قىلىۋىدى، بۇ تاش ئېتىشنى بىلەمدىغاندۇ؟» دەۋەتتى. ئۇ يالمانىنى ئېلىپ ئات سېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە،

يالمان بىلەن ئىككىسىنى ئاجرىتىۋەتتى. چيۇڭ يىڭ يىپ چىگىنى چۇەن يۇگە زىيان يەتكۈزۈپ قويامدىكىن دەپ شۇنداق قىلغانىدى، ئەمما يىپ چىگىنىڭ چۇەن يۇ بىلەن بىر يولدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. چيۇڭ يىڭ يالمىنىنى كۆتۈرۈپ چۇەن يۇگە ئېتىلىپ كەلدى. چۇەن يۇ نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ توستى. ئىككىلىسى يەنە ئەللىك مەرتەمدىن كۆپ ئېلىشتى. چيۇڭ يىڭ شارتتىدە ئېتىنى بۇراپ سەيناغا قاراپ ماڭدى. چۇەن يۇ ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. چيۇڭ يىڭ خالتىسىدىن تاشنى ئېلىپ، قايرىلىپ چۇەن يۇنىڭ بىقىنى ئاستىغا قارىتىپ ئاتتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان چۇەن يۇ تاشنى ئوڭ قولى بىلەن ئاستاغىنا تۇتۇۋالدى. چيۇڭ يىڭ تاشنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، خالتىسىدىن يەنە بىر تاش ئېلىپ ئاتتى، چۇەن يۇ چيۇڭ يىڭنىڭ قولىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، تۇتۇۋالغان تاشنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى، تاش «چاققىدە» قىلىپ چيۇڭ يىڭ ئاتقان تاشقا تەگدى، ئىككى تاش بىر ـ بىرىگە تېگىپ كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى. ئۇ كۈنى شەھەردىكى سەركەردە شۇ ۋېيلار تۆت قوۋۇقنى ساقلاۋاتاتتى، مەشىق مەيدانىدا كەنجى سەركەردىلەر قالغانىدى، بەزىلىرى بۇنى ئايغاقچىمىكىن دەپ گۇمانلانغان بولسىمۇ، ئەمما ساھىبجامال ئامبال خېنىم چيۇڭ يىڭنىڭ سىناشقانلىقىنى، ۋۇ لىنىڭ يېقىن ئادىمى يىپ چىگىنىڭ باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچىدىن چىقىرالمىدى. بۇ شەھەرمۇ قولدىن كېتىدىغان بولدى دەپ، ھەممىسى ئۆز كويىدا بولدى. ۋۇ لىنى تەگرى بابالاپ گاللاشتۇرۇپ قويغانلىقى بەلكىم تيەن خۇنىڭ يېڭىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك. دەل شۇ ۋاقىتتا ۋۇ لى چۇەن يۇنى سەيناغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا قۇياغ ۋە ئات ئىنئام قىلدى ۋە ئۇنى ئىككى مىڭ لەشكەر باشلاپ ياۋ ئالدىغا چىقىشقا بۇيرۇدى. چۇەن يۇ تەزىم قىلىپ رەھمەت ئوقۇدى ۋە بۇيرۇق بويىچە شەھەردىن چىقىپ سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ، يېڭىش خەۋىرى ئېلىپ كىردى. ۋۇ لى كۆپ

خۇرسەن بولدى ھەمدە شۇ كۈنىلا چۈەن يۈنى تارتۇقلاپ ئارام ئېلىشقا ئىجازەت بەردى. بۇ كېچە تىنچ ئۆتتى.

ئەتىسى سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى يەنە باستۇرۇپ كەلدى. ۋۇ لى يەنە چۈەن يۈنى ئۈچ مىڭ لەشكەر باشلاپ چىقىپ تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى. جەڭ ئەتىگەندىن تا چۈشكىچە داۋام قىلدى. چۈەن يۈ سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىگە تاش ياغدۇرۇپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. چۈەن يۈ لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنى سۈرگەن پېتى ۋۇيىڭ تېغىغا ئاپىرىۋەتتى. سۇڭ جياڭلار تاقابىل تۇرالماي، جاۋدې شەھىرىگە كىرىۋالدى. چۈەن يۈ زەپەر بىلەن قايتىپ ۋۇ لىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى، ۋۇ لى بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ قالتىس خۇش بولۇپ كەتتى.

— بۇگۈنكى كۈندە، ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا بۇ ئادەم بىلەن ئامبال خېنىمنى چيۇڭ يىڭ تۇرغان يەردە سۇڭ جياڭنىڭ لەشكىرىدىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، چوڭ تىلەك ئىشقا ئاشماي قالامدىكىن دەپ غەم قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، — دېدى يې چىڭ ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئامبال خېنىم بۇرۇن ئۆزىگە ئوخشاش تاش ئاتىدىغان لايىق بولسا تالالىق بولىدىغانلىقىنى لەۋزى قىلغانىدى. سەركەردە چۈەن يۈ شۇنداق باتۇر ئادەم ئىكەن، ئامبال خېنىمنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويساق، تازا يار كەلگۈدەك.

بۇ نىكاھ ئىشى چيۇڭ يىڭلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەنلىكى، يې چىڭنىڭ ئوتتۇرىدا — ئۇستىگە دالالەت قىلىشى تۈپەيلىدىن، چىگىلگەن بۇ قىزىل يىپنى ئۆزۈۋېتىشكە زادىلا بولمىدى. ۋۇ لى ئاخىر ماقۇل بولۇپ، ئۈچىنچى ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنىنى خاسىيەتلىك كۈن دەپ تاللاپ، ئۆز لايىقىدا توي — مەرىكە ئۆتكۈزۈپ چۈەن يۈنى كۈيئوغۇل قىلىۋالدى. توي كۈنىدىكى نەغمە — ناۋالار، نازۇنېمەتلەر، تاۋار — دۇردۇنلار، مەي — شارابلار، لەززەتلىك توي كېچىسىدىن سۆز ئاچمىساقمۇ بولار.



www.uyghurkitap.com

توي بىشى سالام - تەزىمگە باشلىدى، چۇەن يۇ بىلەن چيۇڭ يىڭ تاۋار - دۇردۇنغا پۇركىنىپ، جۇپ بولۇپ بۇت - بۇزرۇك ئالدىغا بىرىپ تاۋاپ قىلدى. ئاندىن ئۆگەي قىيىنئاتىسى ۋۇ لىغا تەزىم قىلدى. داقا - دۇمباقلار ياڭراپ، خۇش پۇراقلار دىماقا ئۇرۇلدى، يىگىت بىلەن قىز كۆشۇگىگە باشلاپ كىرىلدى. ئۇلار كۆشۇگىگە كىرىپ، شىرىن - شىكەر گەپلىرىنى ئىيتىشىپ هال - مۇڭ قىلىشتى. چۇەن يۇ چىراغ نۇرىدا چيۇڭ يىڭغا قارىغانىدى، مەشىق مەيدانىدا كۆرگىنىدىنمۇ گۇزەل كۆرۇنۇپ كەتتى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

خۇددى نىلۇپەر ئۇنىڭ بارماقلىرى،
مىسلى لەرزان تال چىۋىق قامەتلىرى.
ماڭسا زىپ - زىپ يەر بىسىپ هەربىر قەدەم،
قالدى ئالتۇندەك پۇتىدىن ئىز شۇ دەم.
قىپقىزىل ئانارغا ئوخشايدۇ يۇزى،
قاپقارا سىياھ مىسەللىكتۇر قىشى.
تولغىنىپ باقسا ئۇ پانۇس ئاستىدا،
كۆرۇنەر هۆر - پەرىلەردەك ئۇ گويا.

شۇ كىچىسى چۇەن يۇ بىلەن چيۇڭ يىڭ بىلىق سۇغا ئۇلاشقاندەك، قوشماق ئۆردەكلەر تىپىشقاندەك بولۇپ كەتتى. قالغىنىنى دىمىسەكمۇ كۇپايە.

شۇ كىچىسى چۇەن يۇ ياستۇقتا يىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىتىنى سۇڭ جياڭ قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى پەيسىز ئوق جاڭ چىڭ دەپ ئاتىشىدىغانلىقىنى، چۇەن لىڭ تىۋىپىنى بولسا دانا ئەمچى ئەن داۋچۇەن دەپ ئاتىشىدىغانلىقىنى ئىيتىپ بەردى. چيۇڭ يىڭمۇ بىشىدىن ئۆتكەن دەرد - ئەلەملىرىنى بىرمۇبىر دادلاپ سۆزلەپ بەردى. ئىككىلىسى تۇن بويى ئۇخلىماي، مۇڭدىشىپ تاڭ ئاتقۇزدى. ئىككى كۇن ئۆتكەندىن كىيىن

ئىككىسى ئىچ ـ سىرتتىن بىرلىشىپ، ۋۇ لىنى ئۇغا بىرىپ ئۆلتۇردى. شۇ ۋېينىمۇ مەھكىمىدە مەسلىھەت بار دەپ، تۇيدۇرماي چاقىرىپ كېلىپ ئۆلتۇرۇۋەتتى، قالغان سەركەردىلەر ئەل بولۇشقا كۆندى. جاڭ چىڭ بىلەن چيوڭ يىڭ: «شەھەر ئىچىدىكى ئەھۋالنى سىرتقا تارقىتىۋەتكۇچىلەر بولسا، چېتىلغۇچىلىرى بىلەن بىللە ئۆلتۇرۇلىدۇ. مەزكۇر بۇيرۇقتا خىلاپلىق قىلغۇچىلار، مەيلى لەشكەر، مەيلى ئاۋام بولسۇن، ئۇچ ئەۋلادقىچە قىرىپ تاشلىنىدۇ» دەپ بۇيرۇق چۇشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنىڭ ھورىمۇ سىرتقا چىقمىدى. ئاندىن شيې جېن، شيې باۋلار زىنداندىن چىقىرىلىپ، جاڭ چىڭ، يې چىڭلار بىلەن بىللە قوۋۇق ساقلاشقا قويۇلدى. ئەن داۋچۇەن يې چىڭنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرنى ئېلىپ، جاۋدې شەھىرىگە بېرىپ، بۇ يەردە بولغان ئەھۋاللارنى سۇڭ تۇرشاۋۇلغا مەلۇم قىلدى. ۋۇ يۇڭ يەنە لى كۇي بىلەن ۋۇ سۇڭنى شياڭيۇەنگە بۇيرۇپ: «تەۋەررۇك قول تالىپ شياۋ راڭنى ئېلىپ بېرىپ، چيوڭ يىڭ، جاڭ چىڭلار بىلەن كۆرۇشتۇرۇڭلار، شياۋ راڭ ۋۇ لىنىڭ قول يازمىسىنى تېپىپ، شۇنىڭغا ئوخشىتىپ بىر مەكتۇپ پۇتسۇن، ئاندىن بۇ مەكتۇپنى يې چىڭ ۋېيشېڭغا ئاپىرىپ، ۋۇ لىنىڭ بۇ يەردە كۇيۇ ئوغۇل قوبۇل قىلغانلىقىنى تيەن خۇغا مەلۇم قىلسۇن، ئاندىن سىلەر ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۇڭلار» دېدى.

يې چىڭ مەكتۇپنى ئېلىپ، جاڭ چىڭ، چيوڭ يىڭلار بىلەن خوشلىشىپ، ۋېيشېڭغا يول ئالدى.

ئەمدى جاۋدې شەھىرىدە تۇرغان سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ شياۋ راڭ بىلەن ئەن داۋچۇەننى يولغا سالغاندىن كېيىن سو چاۋ، شۇ نىڭ باشلىق سەركەردىلەرنىڭ لۇ چېڭ شەھىرىنى ئالغانلىقىدىن خەۋەر كەلدى. خەۋەر ئېلىپ كەلگۇچى: «سو چاۋلار لەشكەر تارتىپ بېرىپ شەھەرنى قورشىۋالدى، چى فاڭ ئېلىشىشقا جۇرئەت قىلالماي، قوۋۇقنى چىڭ تاقاپ تۇرۇۋالدى. شۇ نىڭ قالغان سەركەردىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،

لەشكەرلەرنى قىيپالىڭاچ بولۇپ شەھەر ئىچىدىكى چېرىكلەرگە تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرۇڭلار دېدى، شەھەر ئىچىدىكى چېرىكلەر ئۇلارنىڭ تىل ـ قارغىشلىرىغا چىداپ تۇرالماي، ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى، چى فاڭ نائىلاج قوۋۇقنى ئاچتۇرۇپ جەڭ ئېلان قىلدى. تيەن خۇ لەشكەرلىرى باتۇرلۇق بىلەن تۆت قوۋۇقتىن چاپ ـ چاپ قىلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن بىز دەم ئېلىشىپ، دەم چېكىنىپ، تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە گوللاپ ئاچقىپ، بارا ـ بارا شەھەردىن يىراقلاشتۇرۇپ كەتتۇق. ئاندىن تاڭ بىن كۈنچىقىشتىن بۆسۈپ كەلدى، تاڭ لۇڭ كۈنپېتىشتىن تېگىش قىلدى. كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىشتىكى قوۋۇقلارنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەر قوۋۇقلارنى ئېتىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، تاڭ لۇڭ، تاڭ بىن ئىككىسى شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، شۇئان شەھەرنى ئالدى. شۇ نىڭ چى فاڭنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈردى، قالغان سەكەردىلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلدى، ساق قالغىنى قاچتى، بەش مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر ئۆلتۈرۈلدى، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئات ئولجا ئېلىندى، ئون مىڭدىن ئارتۇل لەشكەر ئەل قىلىندى. سو چاۋ باشلىق قالغان سەركەردىلەر شەھەرگە كىرىپ، ئاھالىنى تىنچلاندۇرۇپ قالدى، پېقىر ئالدىنئالا بۇ يەرگە بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىم. قالمىش لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ، خەزىنىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ تىزىمى ئايرىم يوللانماقچى» دەپ مەلۇم قىلدى.

سۇڭ جياڭ بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ قالتىس خۇش بولۇپ كەتتى ۋە دەرھال چېن باسقاقبەگكە مەلۇم قىلدى، ئاندىن سو چاۋلارنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىلىرىنى خاتىرىگە ئالدۇردى، خەۋەر ئەكەلگۈچىنى تارتۇقلىدى. لەشكىرىي ئالاقە يازدۇرۇپ، خەۋەر ياندۇردى، يول ـ يوللاردىن لەشكەرلەر تولۇق كېلىپ بولغاندىن كېيىن بىرلىكتە يۈرۈش قىلماق بولدى. خەۋەرچى جاۋابنى ئېلىپ لۇچېڭ ناھىيەسىگە كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى ۋېيشېڭدىكى تيەن خۇنىڭ قورچاق مىرزىبەگ مەھكىمىسىگە كېلەيلى، مەھكىمىدىكى سىپاھىلار چارلىغۇچىلارنىڭ كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ، «چياۋ داۋچېڭ بىلەن سۇن ئەنلەر ئەل بولۇپ كەتتى»، «جاۋدې بىلەن لۇچېڭ شەھىرى قولدىن كەتتى» دېگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، دەرھال تيەن خۇغا مەلۇم قىلىپ كەلدى. تيەن خۇ ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە سەركەردىلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەتلەشتى، شۇ ئەسنادا توساتتىن خەۋەرچى: «شياڭيۈەن شەھىرىنى ساقلاۋاتقان سول قول سەركەردە يې چىڭ قېيىنئاغىلىرىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ كەپتۇ» دەپ مەلۇم قىلىپ كىردى. تيەن خۇ كىرسۇن، دەپ دەرھال ئىجازەت بەردى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! يې چىڭنىڭ كىرىشى بىلەن تىرىپىرەن قىلىنغۇسى بولاڭچىلار ۋېيشېڭ شەھىرىدە، تىرىك قولغا چۈشۈرۈلگۈسى قاراقچى شاھ ۋۇ شياڭ شەھىرىدە. تيەن خۇنىڭ ۋۇ لىنىڭ مەكتۇپىنى كۆرۈپ، قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

# توقسان توققۇزىنچى باب

## گۇلدار شەيخىنىڭ تەھتىسارادىن قايتىپ چىققانلىقى دەريا بۇلغار ئەجدىھانىڭ تەييۇەننى سۇغا باستۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، تيەن خۇ يې چىڭ ئەكەلگەن مەكتۇپنى ئېچىپ:
— بۇ مەكتۇپنى ئوقۇغىنا، — دەپ يېنىدىكى خەت تونۇيدىغان بىر كاھىنغا سۇندى.
مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

پېقىر ۋۇلى چۇەن يۇنى كۇيۇئوغۇللۇققا قوبۇل قىلدىم. بۇ بەكمۇ باتۇر ئادەم ئىكەن، ئۇ سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنى سۇر - توقاي قىلىپ، جاۋ دېغا ئاپىرىپ قويدى. پېقىر پات ئارىدا قىزىم ئامبال خېنىم چيۇڭ يىڭنى چۇەن يۇ بىلەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، جاۋدېنى تارتىۋېلىشقا بۇيرۇماقچىمەن. شۇ سەۋەبتىن، باشبۇغ يې چىڭنى خۇش خەۋەر يەتكۇزۇشكە ھەم توي ئىشىمىزدىن ئالىيلىرىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇشقا ئالاھىدە ئەۋەتتىم. ئالىيلىرىدىن قىزىمنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ياتلىق قىلغان گۇناھىم ئۇچۇن ئەپۇ سورايمەن.

تيەن خۇ ئاڭلاپ، چىرايىدىن سەل غەم - غۇسسە كۆتۇرۇلگەندەك بولدى، ئاندىن دەرھال پەرمان چۇشۇرۇپ، چۇەن يۇنى سۇڭ جياڭنى باستۇرۇپ، ئوتتۇرا ئىقلىمنى گۇللەندۇرگۇچى تۇرشاۋۇل كۆرەگان دېگەن مەنسەپكە تەيىنلىدى ۋە يې چىڭنى ئىككى قورچاق پەرمانبەگ بىلەن بىللە شياڭيۇەنگە بېرىپ بۇ پەرماننى يەتكۇزۇشكە ۋە قىزىلگۇل، تاۋار - دۇردۇن، ئالتۇن - كۇمۇش ئېلىپ بېرىپ، كۆرەگاننى تارتۇقلاشقا

بۇيرۇدى. يې چىڭ تيەن خۇ بىلەن خوشلىشىپ، ھېلىقى ئىككى قورچاق پەرمانبەگ بىلەن شياڭيۇەنگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭغا كېلەيلى. ئۇ ئۇلۇشكۇن سۇڭ دانىشىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە دىيار، ئايماق، ناھىيەلەرگىچە بېرىپ لەشكەرىي ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزدى. ئاندىن فېنياڭ دىياردىكى لۇ جۇنيىنىڭ يېنىغا ئەھۋال ئۇقۇش ئۈچۈن كەلدى. ھەرقايسى دىيار، ئايماق، ناھىيەلەرگە كېلىدىغان يېڭى بەگلەر دەمۇدەم يېتىپ كەلدى. شەھەرلەرنى ساقلاۋاتقان سەركەردىلەر دەرھال شەھەرلەرنى يېڭى بەگلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ جاۋدې دىيارىغا قاراپ يول ئالدى. بىرىنچى بولۇپ ۋېيجۇ ئايمىقىنى قوغداۋاتقان گۇەن شېڭ بىلەن خۇ يەنجو، چۈگۈن چاقسىنى قوغداۋاتقان سەركەردىلەردىن سۇن لى، جۇ تۇڭ، يەن شۇن، ما لىن، موزايتاغىنى قوغداۋاتقان سەركەردىلەردىن ۋېن جۇڭرۇڭ، سۇي يېلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەرگە كىردى، ئاندىن چېن باسقاقبەگ ۋە سۇڭ جياڭلار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى ۋە:

— سۇ ئاتامانى لى جۇن لۇچېڭ ناھىيەسىنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جاڭ خېڭ، جاڭ شۇن، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۇ، رۇەن شياۋچى، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلار بىلەن كېمە ـ قېيىقلىرىنى ھەيدەپ، ۋېيخې دەرياسىدىن خۇاڭخې دەرياسىغا ئۆتتى، ئاندىن خۇاڭخې ئارقىلىق لۇ چېڭ ناھىيەسىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى لۇشۇي دېگەن يېرىگە جەم بولۇپ، بۇيرۇق كۈتۈشۈپ قالدى، — دېيىشتى. سۇڭ جياڭ شۇ ھامان داستىخان سالدۇرۇپ، مەي ـ شارابلارنى قويدۇرۇپ، ئۇلار بىلەن داستىخان ئۈستىدە ھال ـ مۇڭ قىلىشتى. ئەتىسى گۇەن شېڭ، خۇ يەنجو، ۋېن جۇڭرۇڭ، سۇي يېلارغا: «لۇچېڭ شەھىرىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، سۇ ئاتامانلىرى لى جۇنلەرگە

ئېيتىڭلار، ئۇلار سىلەرگە ھەمدەملەشسۇن، سۇ چاۋنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ يۇشى، داگۇ ناھىيەلىرىنى ئېلىڭلار، ۋېيشېڭ ئايمىقىغا ئورۇنلاشقان قاراقچىلارنىڭ كەينى تەرىپىدىن بېرىپ توسۇڭلار، بىخەستەلىك قىلماڭلار. بۇ قاراقچىلار ئامالسىزلىقتىن قىتانلارغا تەسلىم بولۇپ كېتىپ قالمىسۇن» دەپ تاپشۇردى. گۇەن شىڭلار بۇيرۇققا بىنائەن يۈرۈپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن لىڭچۇەن ناھىيەسىنى ساقلاپ قالغان سەركەردىلەردىن لى يىڭ، چەي جىنلار، گاۋپىڭ ناھىيەسىنى قوغداپ قالغان سەركەردىلەردىن شى جىن، مۇ خۇڭلار، گەيجۇ ئايمىقىنى ساقلاپ قالغان سەركەردىلەردىن خۇا رۇڭ، دۇڭ پىڭ، دۇ شىڭ، شى ئېنلار يېڭى بەگلەرگە ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن خۇا رۇڭلارنىڭ تەۋسىپ ـ تەرىپىنى قىلىپ شۇنداق دېدىكى، خۇا رۇڭلار گەيجۇ ئايمىقىنى ساقلاۋاتقاندا، تيەن خۇ سەركەردىسى شەن شىچى چۆگۈن چاقىسىدا يېڭىلگەندىن كېيىن قالغان ـ قاتقان لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ۋە فۇشەن ناھىيەسىدىكى لەشكەرلەرنى ئۇلارغا قوشۇپ، گەيجۇ ئايمىقىغا تەگمەكچى بولدى، بۇ چاغدا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا مۆكتۈرۈپ قويۇلغان خۇا رۇڭنىڭ لەشكەرلىرى قوزغىلىپ چىقىپ، شەن شىچىنى تىرىك تۇتۇۋالدى، ئىككى مىڭدەك لەشكىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، شەن شىچى كېيىن ئەل بولدى، قالغان سەركەردىلىرى پاتىپاراق بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشتى. دەل مۇشۇ گەپ بولۇۋاتقان چاغدا، خۇا رۇڭ شەن شىچىنى باشلاپ كىرىپ سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشتۈردى. سۇڭ جياڭ شاراب تۇتۇپ سۆزلەشتى. سۇڭ جياڭلار لەشكەرلىرىنى جاۋدى شەھىرىگە توپلىدى ۋە تيەن خۇنى تېخىمۇ ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، جاڭ چىڭ بىلەن چيۇڭ يىڭلاردىن قورققاندەك بولۇپ جاۋدېدا جىم يېتىۋالدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى لۇ جۈنيىلەردىن ئاڭلاڭ. ئۇلار فېنياڭ دىيارىنى ئالغاندىن كېيىن تيەن باۋ مات بولۇپ، شياۋيى ناھىيەسىگە قېچىپ بېرىۋالدى. دەل شۇ چاغدا ما لىڭنىڭ لەشكەرلىرىمۇ شۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ما لىڭ ئەسلىدە جۈجۈ ئايمىقلىق بولۇپ، كىچىكىدىن سىپەرگەرلىكنى ئۆگەنگەندى، ئۇنىڭ پۇتىدا ئىككى ئوتلۇق چاق بار بولۇپ، كۈنىگە مىڭ چاقىرىم يول ماڭالايتتى. شۇڭا، خالايىق ئۇنى دۈلدۈل دېيىشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، خىش بىلەن ئادەم ئۇرىدىغان ھۈنىرىمۇ بار ئىدى، بۇ ھۈنىرى تېخىمۇ يامان ئىدى، ئۇ جەڭگە چىققان ھامان پېشانىسىگە بىر غەلىتە كۆز پەيدا بولاتتى. شۇ ۋەجىدىن كىشىلەر ئۇنى كىچىك خۋا گۇاڭ دەپمۇ ئاتىشاتتى. ئەمما، سېھىرگەرلىكتە چياۋ داۋچىڭغا يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ۋۇ نىڭ، شۇ جىن دېگەن ئىككى سول قول سەركەردىسى بار ئىدى. بۇ ئىككىسىمۇ سېھىرگەرلىكنى ما لىڭدىن ئۆگەنگەندى. ما لىڭ بىلەن تيەن باۋ لەشكەرلىرىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بىرلەشتۈردى. ۋۇ نىڭ، شۇ جىن، سو شيەن، داڭ شىلۇڭ، لىڭ گۇاڭ، دۇەن رېن، مياۋ چېڭ، چېن شۈەن دېگەن باتۇرلار ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ فېنياڭنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە ئون يول كېلىدىغان يەرگە كېلىپ چۈشتى. سۇڭ جياڭنىڭ سەركەردىلىرى ما لىڭلار بىلەن ئۇدا بىرقانچە كۈن ئېلىشىپ نەپ ئالالمىدى. لۇ جۈنيى تيەن خۇ لەشكەرلىرىنىڭ شەھەرگە تېگىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشماي، لەشكەرلىرىنى فېنياڭ شەھىرىگە چېكىندۇرۇۋالدى. ئۇ تازا غەم قىلىپ ئولتۇرغاندا، كۈنچىقىشتىكى قوۋۇقنى ساقلاۋاتقان يىگىتلەر ئۇچقاندەك كېلىپ: «سۇڭ تۇرشاۋۇل گۇڭسۇن شېڭ بىلەن چياۋ داۋچىڭنى ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتىپتۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. لۇ جۈنيى دەرھال قوۋۇقنى ئېچىپ ئەكىرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار كېلىپ سالاملىشىپ كۆرۈشتى. لۇ جۈنيى گۇڭسۇن شېڭنى

تۆرگە، چياڭ داۋچىڭنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، مەي ـ شاراب تۇتتى.

— ما لىڭنىڭ سېھرگەرلىكى يامان ئىكەن، — دەپ دادلاپ بەردى لۇ جۇنيى، — لىي خېڭ، جېڭ تيەنشۇ، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، جاۋ تىڭ، زۇ يۈەن، زۇ رۇن، گۇڭ ۋاڭ، دىڭ دېسۇن، شى يۇڭ قاتارلىق سەركەردىلەرنى يارىلاندۇرۇۋەتتى. پېقىر چارىسىز قالغانىدىم، بەختىمگە يارىشا ئىككىڭلار تولىمۇ ئوبدان ۋاقىتتا يېتىپ كەلدىڭلار.

— پېقىر ئۇستازىم بىلەن مۇشۇ ۋەجىدىن سۇڭ تۇرشاۋۇلنى خەۋەرلەندۇرۇپ، ئۇنى تۇتۇش ئۇچۇن كەلدۇق، — دېدى چياۋ داۋچىڭ.

گەپ تۈگەر ـ تۈگىمەيلا، شەھەرنى ساقلاۋاتقان يىگىتلەر ئۇچقاندەك كىرىپ: «ما لىڭ لەشكەر باشلاپ كۇنچېقىشتىكى قوۋۇقا، ۋۇ نېڭ، شۇ جىن ئىككىسى كۇنپېتىشتىكى قوۋۇقا، تيەن باۋ بىلەن سو شيەن، داڭ شىلۇڭ، لىڭ گۇاڭ، دۈەن رېنلار يۇقىرى قوۋۇققا باستۇرۇپ كەلدى» دەپ مەلۇم قىلدى.

— مەن كۇنچېقىشتىكى قوۋۇقتىن چىقىپ ما لىڭنى جايلاي، ئىنىمىز چياۋ داۋچىڭ كۇنپېتىشتىكى قوۋۇقتىن چىقىپ ۋۇ نېڭ، شۇ جىنلارنى تۇتسۇن، لۇ تۇرشاۋۇل يۇقىرى قوۋۇقتىن چىقىپ تيەن باۋنى بابلىسۇن، — دېدى مەلۇماتنى ئاڭلاپ گۇڭسۇن شېڭ.

لۇ جۇنيى يەنە خۇاڭ شىن، ياڭ جى، ئوۋ پېڭ، دېڭ فېي تۆتىنى لەشكەر باشلاپ چىقىپ گۇڭسۇن شېڭغا ھەمدەمدە بولۇشقا بۇيرۇدى. دەي زۇڭمۇ نەق مەيداندا ئىدى، شۇ ئارىدا ما لىڭنىڭ يەل تاپانلىق ھۈنىرىدىن خەۋىرى بولغان دەي زۇڭ مەنمۇ گۇڭسۇن شېڭ بىلەن بىللە بارسام دەپ تەلەپ قىلدى. لۇ جۇنيى ماقۇل بولدى. ئاندىن چېن دا، ياڭ چۇن، لى جۇڭ، جۇ تۇڭلارنى لەشكەرلىرىنى باشلاپ چياۋ داۋچىڭغا ياردەملىشىشكە بۇيرۇدى. لۇ جۇنيى چېن مىڭ، شۈەن زەن، خاۋ سىۋېن، خەن تاۋ، پېڭ

چىلار بىلەن لەشكەر باشلاپ، تۆۋەن قوۋۇقتىن تىەن باۋنى تۇتقىلى چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى فىنياڭ شەھىرىنىڭ كۆنچىقىش، كۈنپېتىش، يۇقىرى تەرەپلىرىدە تۇغ ـ ئەلەملەر جەۋلان قىلىپ، داقا ـ دۇمباقلار ياڭراپ، قالتىس جەڭ بولۇپ كەتتى.

لۇ جۈنيى، چياۋ داۋچىڭلار ئىككى يولدا ئىلىشىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى دۇلدۇل مالىڭدىن ئاڭلاڭ. ما لىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىپ، تۇغ ـ ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ، بۇرغا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىپ، تىل ـ قارغىشلار قىلىپ جەڭگە ئۈندىدى. قوۋۇق ئېچىلىپ، ئاسما كۆۋرۈك چۈشۈرۈلدى. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى قوۋۇقتىن بوغۇندەك ئېتىلىپ چىقىپ، قاتار تىزىلىشىپ يېلانسىمان سەپ ئالدى.

— ھەي ئوغرى قاچاقلار، شەھىرىمىزنى تېز قايتۇرۇش! ئەگەر ھايال قىلىشىدىغان بولساڭ، كۆلۈڭلارنى كۆككە سورۇيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ما لىڭ نەيزىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ.

— سەنلەرنىڭ ئەجىلىڭلار توشتى! — دەپ ۋارقىراپ ئات سېلىپ چىقتى ئۇۋ پېڭ، دېڭ فېيلار ۋە ئوۋ پېڭ نەيزىسىنى، دېڭ فېي ئومۇتىنى ئوينىتىپ، ما لىڭغا تەڭ تاشلاندى. ما لىڭ نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ دېۋەيلەپ كەلدى. ئۈچى ئون مەرتەمدىن كۆپرەك ئېلىشقاندىن كېيىن ما لىڭ خىشنى ئېلىپ ئوۋ پېڭغا ئېتىشقا تەمشەلدى. دەل شۇ ئەسنادا گۇڭسۇن شېڭ ئات سېلىپ كېلىپ، زۇلپىقارىنى ئوينىتىپ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى، ما لىڭ خىشنى ئاتتى، گۇڭسۇن شېڭمۇ زۇلپىقارىنى شۇنداق سانجىۋىدى، بۇنىڭ بىلەن گۈلدۈر ـ قاراس چاقماق چېقىلىپ، قىزىل نۇرلار كۆتۈرۈلدى. گۇڭسۇن شېڭنىڭ زۇلپىقارىدىن لاۋۇلداپ ئوت چاقناشقا باشلىدى. ما لىڭ ئاتقان خىش يەرگە چۈشۈپ، نەچچە دومىلاپ كۆزدىن غايىب بولدى. گۇڭسۇن شېڭنىڭ كارامىتى قالتىس بولۇپ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە سۇڭ

جياڭ سېپىدىكى سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرىدىن ئوت چاقناپ، بۇ يىلانسىمان ئۇزۇن سەپ گويا ئوت ئەجدىھاسىغا ئايلاندى. ما لىڭنىڭ خىش ئېتىش ھېكمىتىنى گۆڭسۈن شىڭ ئوت بىلەن لەت قىلدى. گۆڭسۈن شىڭ چىۋىن قورۇغۇچنى پۇلاڭلىتىۋىدى، لەشكەرلەر تۆت تەرەپتىن قورشاپ كەلدى. تيەن خۇ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى، لەشكەرلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى چىقىم بولدى، ما لىڭ مات بولۇپ، جان قايغۇسى قىلىپ قاچتى، بەختىگە يارىشا يەل تاپانلىق ھېكمىتى بولغاچقا، ئىككى ئوتلۇق چاقىقا دەسسەپ، كۆنچېقىش تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك تىكىۋەتتى. سۇڭ جياڭ سېپىدىكى يەل تاپان دەي زۇڭ يەل تاپانلىق كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ يان قىلىچىنى كۆتۈرگەن پېتى قوغلاپ كەتتى. ما لىڭ بىردەمدە يىگىرمە يول ئۇزاپ كەتكەنىدى، دەي زۇڭ ئون ئالتە، ئون يەتتە يول باسالىدى. شۇنىڭ بىلەن ما لىڭنى يىتتۈرۈپ قويدى. ما لىڭ ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىدا سېمىز بىر دارازا شەيخ پەيدا بولۇپ، ما لىڭنى بىر گۇرزە بىلەن دۈم چۈشۈردى ۋە يۇگۇرۇپ كېلىپ قامالالاپ، قوزىنى تۇتقاندەك تۇتۇپ باغلىۋالدى.

ھېلىقى شەيخ ما لىڭنى سوراق قىلىۋاتاتتى، دەل شۇچاغدا دەي زۇڭ يېتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ما لىڭنى تۇتۇۋالغان ھېلىقى شەيخ گۇلدار شەيخ لۇ جىشېن ئىكەن.

— ئۇستازىم، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى دەي زۇڭ ھەيران بولۇپ.

— بۇ قەيەر بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ جىشېن.

— بۇ يەر فېنىياڭ دىيارىنىڭ كۈنچىقىشتىكى قەلئەسى بولىدۇ. تۇتۇپ تۇرغانلىرى تيەن خۇ سەركەردىسى ما لىڭ دېگەن بولىدۇ. ئابايىقى جەڭدە ئۇنىڭ سېھىرگەرلىكىنى گۆڭسۈن شىڭ مولالام دەپئى قىلىۋەتكەنىدى، پېقىر ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەنىدىم. بۇ نەرسە شامالدەك ئۇچىدىكەن، ھېلىمۇ ياخشى

ئۇستازىم سىلى تۇتۇۋاپتىلا، ياپىر، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قالغانلىرىنى دېمەمدىغان! — دېدى دەي زۇڭ جاۋابەن.

— پېقىر ئاسماندىن چۈشمىگەن بولساممۇ، يەردىن چىقىپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى لۇ جىشېن كۈلۈپ.

ئىككىسى ما لىڭنى باغلىدى، ئەمدى ئۇچەيلەن فېنىياڭ دىيارىغا قاراپ قەدەم تاشلىدى. يولدا كېتىۋېتىپ، دەي زۇڭ لۇ جىشېننىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سورىدى. لۇ جىشېن كېتىۋېتىپ، سۆزگە چۈشتى.

— نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا تيەن خۇ شياڭيۇەنگە بىر جومباقنى جەڭگە ئەۋەتىپتۇ، ئۇمۇ تاش ئېتىشنى بىلىدىكەن، نۇرغۇن ئاتامانلىرىمىزنى تاش بىلەن يارىلاندۇردى. پېقىر جەڭدە قىزىپ كېتىپ، بۇ جومباقنى بىر تۇتاي دەپ تۇرۇشۇمغا، بىر ئوتلاقنىڭ ئارىسىدا بىر چوڭقۇر ئورا بار ئىكەن، پەخەس بولماي، گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتۇم، بىردەمدىن كېيىن ئۆزۈمنى ئورنىنىڭ تەكتىدە كۆردۇم. ھېلىمۇ ياخشى، بەخت ـ تەلىيىمگە ھېچ يېرىم يارىلانماپتۇ. قارىغۇدەك بولسام، ياندىكى بىر تەشىمدىن يورۇق چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. تەشىمگە كىرىپ قارىسام، بۇ يەر يەنە بىر دۇنيا ئىكەن. بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا ئاسمان ـ زېمىن، ئۆي ـ ئىمارەت، مەھەللە ـ كويلار بار ئىكەن. ئۇ يەردىكى خەقلەرمۇ ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ـ تېنەش يۈرۈشىدىكەن. ئۇلار پېقىرنى كۆرۈپ كۈلۈشۈەردى، پېقىرمۇ سوراپ سۈرۈشتە قىلماي كېتىۋەردىم. ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان جايلاردىن ئۆتۈپ، ئادەمزات يوق بىر جىمجىت دالاغا چىقىپ قالدىم. بۇ يەردە ئىنس ـ جىن يوق ئىكەن. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ئالدىمدا بىر ئاددىي ئىبادەتخانا كۆرۈندى. ئىچىدىن تاكتاكنىڭ ئاۋازى چىقتى. كىرىپ قارىسام، پېقىرغا ئوخشاش بىر شەيخ باداشقىنىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ نوم ـ دەستۇر ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن يول سورىسام، كۈلۈپ كېتىپ: «كېلەر يېرىڭدىن كېلۈرسەن، كېتەر يېرىڭگە كېتەرسەن» دېدى. بۇ نېمە دېگىنىدۇ، دەپ چۈشىنەلمەي،



www.uyghurkitap.com

ئەنسىرەپ قالدىم. ئاندىن ھېلىقى شەيخ كۈلۈپ: «بۇ يەرنىڭ نە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. پېقىر: «بۇنداق قارىباستى يېرىڭنى نەدىن بىلەي» دېدىم. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: «ئاسماننى دېسەڭ ئۆيلاپ بولماس، يەرنى دېسەڭ تېگى بولماس. ئۈچ مىڭ ئالەم پايانسىز جاھان، ئىنسان بىلمەس ئۇنى ئايان» دەپ قويۇپ، يەنە: «بەندە بولسا نىيەت بولۇر، نىيەت بولسا ئىمان بولۇر، تامۇغ بىلەن بېھىش ـ ئۇماغ، ئىمانىڭغا باغلىق بولۇر. شۇڭا، جىمى ئالەم نىيەتكە باغلىق، جىمى ئىشلار بىلىشكە باغلىق، ئىمانىڭنى بۇلغىساڭ، نابۇت بولۇپ تەرىقەت، دوزاخ ساڭا ماكان بولۇر» دېدى. پېقىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئېنىق چۈشەندىم ـ دە، قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەردىم. ھېلىقى شەيخ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى ھەم: «سەن تەھتىسارىغا چۈشكەنىكەنسەن، پانىي ئالەمدىن چىقىپ كېتەلمەيسەن، مەن ساڭا ماڭار يولۇڭنى كۆرسىتىپ قوياي» دېدى. ئۇ ئىبادەتخانىدىن مېنى يېتىلەپ چىقىپ تۆت ـ بەش قەدەم ماڭغاندىن كېيىن: «خەير ـ خوش ئەمىسە، كېيىن كۆرۈشۈپ قالارمىز» دەپ، قولى بىلەن ئالدىمىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مۇشۇ يول بىلەن ماڭساڭ، دۇلدۇلغا ئۇچرايسەن» دېدى. كەينىمگە شۇنداق قارىسام، ھېلىقى شەيخ بىردىنلا غايىب بوپتۇ، كۆزۈم شۇئان ۋاللىدە قىلدى ـ دە، ئالدىمدا يەنە بىر خىل دۇنيا پەيدا بولۇپ، مانا بۇ ئادەمگە روبىرو بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ گۇمانلىق كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گۇرزە بىلەن تازا قويۇپېتىكەنمەن، يەرگە دۈم چۈشتى. ئەمما، ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلەلمەي قالدىم. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى جاۋدىنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەنە! شاپتۇل ـ توغاچلارنىڭ يوپۇرماقلىرى شۇنچە يوغان ئىكەنۇ، ئەمما بىر تالمۇ چېچىكى كۆرۈنمەيدۇ! — دېدى.

— ھازىر ئۈچىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالدى، شاپتۇل ـ توغاچلارنىڭ چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ بولدى، — دېدى دەي زۇڭ كۈلۈپ.

— ياق، ھازىر دېگەن ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى تۇرسا، مەن تېخى ھېلىلا ئورىغا چۈشۈپ كەتكەن تۇرسام، بىردەمدىلا قانداقسىغا ئۈچىنچى ئاي ئاخىرلىشىپ قالغۇدەك؟ — دېدى لىۇ جىشېن ئىشەنمەي دەي زۇڭ بىلەن تاكاللىشىپ.

دەي زۇڭ لىۇ جىشېننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. ئىككىسى ما لىڭنى ئالدىغا سېلىپ فېنياڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

دەي زۇڭلار يېتىپ كەلگەندە، گۇڭسۇن شېڭ تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈۋېتىپ، شەھەرگە قايتىپ كىرگەنىدى. لىۇ جۈنيى، چېن مىڭ، شۈەن زەن، خاۋ سىۋېن، خەن تاۋ، پېڭ چىلار سو شيەن، داڭ شىلۇڭ، لىڭ گۇاڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، تيەن باۋ، دۈەن رېنلارنى ئون يول نېرىغا سۈرۈپ ئاپىرىپ، تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەنىدى. تيەن باۋ، دۈەن رېن، چېن شۈەن، مياۋ چېڭلار لەت بولغان لەشكەرلىرىنى باشلاپ يۇقىرىقى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. لىۇ جۈنيى لەشكەرلىرىنى يىغىپ شەھەرگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، چياۋ داۋچىڭ ۋۇ نېڭ بىلەن شۇ جىننى لەت قىلىپ، چېن دا، ياڭ چۈن، لى جۇڭ، جۇ تۇڭلار بىلەن بىرلىكتە لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى ئىككى تەرەپتىن ئارىغا ئېلىۋېلىپ قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى، ياڭ چۈن ۋۇ نېڭنى ئۆزۈن ساپلىق قىلىچ بىلەن بىرنى سېلىپ ئېتىدىن ئۈچۈرۈۋەتتى. خاۋ سىۋېن شۇ جىننى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈردى، ھەددى - ھېسابسىز ئات، دۇبۇلغا - قۇياغ، داقا - دۇمباق، ئېگەر - توقۇملارنى ئولجا ئالدى. لىۇ جۈنيى لەشكەرلىرىنى چياۋ داۋچىڭنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇپ، زەپەر قۇچۇپ قايتتى.

لىۇ جۈنيى مەھكىمىگە كىرىش بىلەن لىۇ جىشېن، دەي زۇڭلارمۇ ما لىڭنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. لىۇ جۈنيى خۇش بولۇپ كەتتى ۋە ئالدىراپ:

— لىۇ جىشېن، سىلى نېمە ئىش بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ

قالدىلا؟ سۇڭ جياڭ ئاغىمىز ھېلىقى ۋۇ لى دېگەن نېمە بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى، ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

لۇ جىشېن ئابايىقى ئورىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىشلىرىنى ۋە سۇڭ جياڭنىڭ ۋۇ لى بىلەن ئېلىشقان ئەھۋاللىرىنى بىر قۇر تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. لۇ جۈنيى باشلىق بارلىق سەركەردىلەر ھەيران قالدى.

لۇ جۈنيى شۇئان ما لىڭنى ئۆز قولى بىلەن بوشاتتى. ما لىڭ يولدا كېتىۋېتىپ لۇ جىشېننىڭ ھېلىقى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ يەرگە كېلىپ لۇ جۈنيىنىڭ مۇنداق مەردانىلىكىنى كۆرۈپ، يەرگە يىقىلىپ ئەل بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لۇ جۈنيى ئۈچ قوشۇننى تارتۇقلىدى. ئەتىسى جىننىڭ دىيارىنى قوغداۋاتقان سەركەردىلەر يىڭى كەلگەن بەگلەرگە شەھەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ فېنياڭغا كېتىپ قالغانىدى. لۇ جۈنيى دەي زۇڭ بىلەن ما لىڭنى سۇڭ تۇرشاۋۇلغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. شۇ كۈنى ئۇ يەنە قولداش مۇشاۋىر جۇ ۋۇ بىلەن داۋاملىق يۈرۈش قىلىشنى مەسلىھەتلەشتى. بۇلار مەسلىھەتلىشىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى ما لىڭدىن ئاڭلاڭ: ما لىڭ دەي زۇڭغا كۈنىگە مىڭ يول يۈرۈش ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويدى، ئىككىلىسى بىر كۈندىلا سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ قوشۇنىغا ئۇلاشتى. قوشقا كىرىپ سالاملىشىپ كۆرۈشتى ۋە خۇش خەۋەرنى بىر ـ بىرلەپ يەتكۈزدى. سۇڭ جياڭ لۇ جىشېننىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى ۋە خۇشال بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى چېن باسقاقبېگىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى تيەن باۋغا كەلسەك، ئۇ دۇەن رېن، چېن شۈەن، مياۋ چېڭلار بىلەن قالغان ـ قاتقان لەشكەرلىرىنى باشلاپ، لاچىندىن ئۇركۈگەن كەپتەردەك ۋە مۈشۈكتىن قاچقان چاشقاندەك بەدەر قاچتى. ۋېيشېڭغا يېتىپ بېرىپ، تيەن خۇغا لەشكەرلەرنى چىقىم

تارتىپ، زىمىندىن ئايرىلىپ مات بولغانلىقىنى يىغا ـ زار بىلەن دادلاپ بەردى. شۇ ئەسنادا قورچاق لەشكىرىي ۋازارەتنىڭ سىپاھلىرىدىن بىرى پايپېتەك بولۇپ كىرىپ:

—— ئەي پادىشاھىم، ئىككى كۈندىن بۇيان خەۋەرچىلەر كەينى ـ كەينىدىن شۇم خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدىكى، باش سەركەردىمىزما لىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتىمىش؛ گۇەن شىڭ بىلەن خۇ يەنجونىڭ لەشكەرلىرى يۇشى ناھىيەسىنى قورشىۋالغانمىش؛ لۇ جۇنيىلەرنىڭ لەشكەرلىرى جىيشيۇ ناھىيەسىنىڭ شەھىرىنى بېسىۋالغانمىش؛ پەقەت شياڭيۈەن ناھىيەسىدە تۇرۇۋاتقان ئاغا بېگىم تەرەپتىنلا كەينى ـ كەينىدىن خۇش خەۋەر كېلىۋاتىدۇ، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارغا تىكىلىپ قارىيالمايدىكەن، —— دەپ مەلۇم قىلدى.

تيەن خۇ مەلۇماتنى ئاڭلاپ، باشلىرى گاڭگىراپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى ـ دە، قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قىستانلارغا بوي ئەگسەك دېگەن يەرگە كېلىشتى. ئارىدىن قورچاق ئۇڭ قول ۋەزىر بيەن شياڭ بەگ ـ سىپاھلارنى چىقىرىۋېتىپ، تيەن خۇغا:

—— سۇڭ جياڭ ئۈچ تەرەپتىن لەشكەر تارتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ ئەتراپى قاتمۇقات تاغ ـ داۋانلار بىلەن مەھكەم ئورالغان، ھازىر قولىمىزدا يەنە ئىككى يىلغا يەتكۈدەك ئاشلىق، ئوزۇقىمىز بار. ئوردا نۆكەرلىرىمىزدىن ئىككى لەكتىن ئارتۇق خىل چېرىكىمىز بار. كۆنچىقىشتىكى ۋۇشياڭ ناھىيەسى بىلەن كۈنپېتىشتىكى چىنيۈەن ناھىيەسىنىڭ ھەربىرىدە بەش تۈمەندىن خىل چېرىكىمىز بار، ئارقا تەرىپىمىزدە تەييۈەن، چىشيەن، لىنشيەن، داگۇ ناھىيەلىرىمىز بار. بۇ ناھىيەلەرنىڭ سېپىللىرى مۇستەھكەم، ئوزۇق ـ تۈلۈكى مول، داۋاملىق ساقلاشقا بولىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ: «بۇقىنىڭ قۇيرۇقى بولغۇچە، خورازنىڭ تاجى بول» دېگەن بىر ھېكمەتلىك گېپى بار ئەمەسمۇ! —— دېدى.

تيەن خۇ ئارىسالدى بولۇپ، جاۋاب بېرەلمەي تۇرغانىدى، خەۋەرچىلەردىن بىرى باشبۇغ يى چىلىڭ يېتىپ كەلدى، دەپ مەلۇم قىلدى. يى چىلىڭ كىرىپ تيەن خۇغا تەزىم قىلدى ۋە:

— ئامبال خېنىم بىلەن كۆرەگان بېگىم كۆپ قېتىم زەپەر قۇچقانلىقتىن، لەشكەرلەرنىڭ غەيرەت - شىجائىتى ئالامەت ئېشىپ كەتتى، شۇڭا لەشكەرلەر توختىماي ئىلگىرىلەپ، توپتوغرا جاۋدې دىيارىنىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ قالدى. شەھەرنى قورشىماقچى بولۇپ تۇرۇشىمىزغا، ئاغا بېگىمگە شامال تېگىپ قېلىپ لەشكەرلەر باشسىز قالدى، ئەمدى ئامبال خېنىم بىلەن كۆرەگان بېگىمگە ھەمدەمگە كىشى بارمىسا، جاۋدې دىيارىنى قايتۇرۇۋالماق تەستەك تۇرىدۇ، شۇڭا ئالىيلىرىنىڭ يارلىق سەركەردىلەر بىلەن خىل لەشكەرلەرنى ياردەمگە ئەۋەتىشلىرىنى سوراپ كەلدىم، — دەپ مەلۇم قىلدى.

شۇ ئەسنادا قورچاق تۇتۇقبەگ فەن چۇەن چىقىپ بايان قىلدى:

— پېقىرمۇ ئامبال خېنىم بىلەن كۆرەگان بېگىمنى كارامەت باتۇر ئىكەن، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارغا تىكىلىپ قارىيالمىغۇدەك دەپ ئاڭلىدىم. مەگەر ئالىيلىرى جەڭگە ئۆزلىرى بېرىپ باشچىلىق قىلمىدىغان بولسىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەسۇر سەرۋازلار بىلەن قەھرلىك سەركەردىلەر ھەمدەمگە بارسا، جەزمەن نۇسرەت تاپقىلى بولىدۇ. پېقىر بولسام شاھزادەمگە ھەمدەملىشىپ، ئەلنى جوڭگۇرۇپ تۇرۇشقا تەييارمەن.

تيەن خۇ ئاڭلاپ، ئىجازەت قىلدى. ئەسلىدە فەن چۇەننىڭ ناھايىتى كېلىشكەن، ساھىبجامال بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇنى تيەن خۇغا تۇتقانىدى. تيەن خۇمۇ فەن چۇەننى بەك ئىززەتلەيتتى. شۇڭا، فەن چۇەن نېمە دېسە، ياق دېمەيتتى، فەن چۇەن بىر تەرەپتىن يى چىڭدىن پارا ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ۋەتەننى ساتماقچى بولدى.

شۇ چاغدا تيەن خۇ بيەن شياڭغا ئۇن سەركەردە، ئۈچ تۈمەن خىل لەشكەر بېرىپ، ئۇنى لۇ جۇنيى، خۋا رۇڭلارنىڭ لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى ھەم قورچاق ئەمىر فاڭ شۆدۇنى ئۇن سەركەردە، ئۈچ تۈمەن خىل لەشكەر بىلەن يۇشى ناھىيەسىگە بېرىپ، گۇەن شېڭلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىشقا بۇيرۇدى. تيەن خۇ ئۆزى قورچاق مىرزىبەگ لى تيەنشى، جېڭ جىرۇي، ۋازىر شۆ شى، لىن شى، تۇتۇقبەگ خۇ يىڭ ۋە تاڭ چاڭلارنى، شۇنىڭدەك ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ مەشقاۋۇلى، قۇربېگى، پەنسادبەگ، سەركەردە ۋە كەنجى سەركەردىلەرنى ئېلىپ، بىر لەك خىل لەشكەرنى تاللاپ، خاسىيەتلىك كۈن بەلگىلەپ، قان تۇغ قىلىپ يۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئات، كالا سويدۇردى. ئۈچ قوشۇننى تارتۇقلىدى. ئاندىن پەرمان چۈشۈرۈپ، ئىنىلىرى تيەن باۋ، تيەن بياۋلارغا تۇتۇقبەگ فەن چۇەن ھەم قالغان قەلەمدار ـ ئەلەمدار سىپاھلار بىلەن بىرلىكتە شاھزادە تيەن دىڭگە ياردەملىشىپ ئەلنى سوراپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. يى چېڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆز يېقىنلىرىنى مەخپىي ھالدا كېچىلەپ شياڭيۈەن شەھىرىگە ئەۋەتىپ، جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭلارنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى. جاڭ چىڭ شيې جېن، شيې باۋلارنى تانا بىلەن سىپىلدىن چۈشۈرۈپ، كېچىلەپ سۇڭ تۇرشاۋۇلنى خەۋەرلەندۈرۈشكە ئەۋەتتى.

ئەمدى بيەن شياڭغا كەلسەك، ئۇ بەگلىك تەمتەكلىرىنى ئېلىپ، لەشكەر تاللاش بىلەن ئۈچ كۈن ھايال بولدى. ئاندىن فەن يۈمىڭ، يۇ دىيۈەن، فۇ شياڭ، گۇ كەي، كۇ شېن، گۇەن يەن، فېڭ يى، لۇ جېن، جى ۋېنبىڭ ۋە ئەن شىلۇڭ قاتارلىق سەركەردىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ۋېيشېڭ ئايمىقىنىڭ كۈنچىقىش قوۋۇقىدىن چىقتى ـ دە، قوشۇننى ئىككىگە ئايرىدى، ئالدىدا فەن يۈمىڭ، يۇ دىيۈەن، فېڭ يى ۋە گۇ كەيلەر بەش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ يولغا چىقتى، ئۇلار

چىنيوەن ناھىيەسىدىكى مېيەنشەن تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بىر ئورمانلىقتىن ئەمدى قايرىلىپ ئۆتۈشىگىلا، جاڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئورماننىڭ كەينىدىكى تاغ تۈۋىدىن بىر تارام لەشكەر چىقىپ كەلدى. بۇلار بولسا، سۇڭ دانىش جاڭ چىڭدىن خەۋەر ئالغاندىن كېيىن ئەۋەتكەن خۇا رۇڭ، دۇڭ پىڭ، لىن چۇڭ، شى جىن، دۇ شىڭ ۋە مۇ خۇڭلار باشچىلىقىدىكى بەش مىڭ خىل لەشكەر ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە يۇمشاق قۇياغلارنى كىيىپ، ئاتلارنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، كېچىلەپ ئۇچقاندەك مەخپىي ھالدا يېتىپ كەلگەنىدى. قوشۇننىڭ ئىچىدىن ئىككى قولىغا ئىككى پولات نەيزە تۇتقان بىر سەركەردە نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئالدىغا چىقتى. بۇ سۇڭ جياڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە جەڭگە ھەممىنىڭ ئالدىدا ئېتىلىپ چۈشىدىغان قوش نەيزىۋاز پالۋان دۇڭ پىڭ ئىدى. ئۇ:

— نەدىن كېلىشتىڭ، ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بولماي قاچانغىچە قاراپ تۇرۇشىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ھەي سازلىق قاراقچىلىرى، نېمە سەۋەبتىن بىزنىڭ شەھىرىمىزنى بېسىۋېلىشتىڭ؟ — دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى فەن يۇمىڭ.

— سەنلەر تېخى تەڭرى لەشكەرلىرىگە قارشى تۇرماقچىمۇ! — دەپ ۋارقىرىدى غەزەپ بىلەن دۇڭ پىڭ ۋە ئېتىنى قامچىلاپ، قوش نەيزىسىنى ئوينىتىپ فەن يۇمىڭگە تاشلاندى. فەن يۇمىڭمۇ نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئات سېلىپ كەلدى. ئىككىسى يىگىرمە مەرتەمدەك ئېلىشتى، فەن يۇمىڭ ئاجىز كېلىپ، دۇڭ پىڭغا تەڭ كېلەلمىدى. دۇڭ پىڭ ئۇنىڭ كېكىردىكىگە بىر نەيزە ئۇرۇپ، ئۇنى ئېتىدىن ئۇچۇرۇۋەتتى. نېرىقى تەرەپتە تۇرغان فېڭ يى دەرغەزەپ بولۇپ تۆمۈر نەيزىسىنى ئوينىتىپ دۇڭ پىڭغا ئېتىلدى. بۇ تەرەپتىن خۇا رۇڭ ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى. ئىككى باتۇر ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن خۇا رۇڭ ئېتىنى بۇراپ ئۆز

سېپىگە قايتىپ كەتتى. فېڭ يى ئات سېلىپ قوغلاپ كەلدى. خۇا رۇڭ نەيزىسىنى چاترىقىغا قىستۇرۇۋېلىپ، ئوقياسىنى بەتلىدى. فېڭ يى يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ئارقىغا قايرىلىپ ئاتقانىدى، دەل بېرىپ فېڭ يىنىڭ پېشانىسىگە تەگدى ـ دە، ئاسمان تاپان بولۇپ ئاتتىن تىك موللاق چۈشتى. خۇا رۇڭ ئېتىنى ياندۇرۇپ كېلىپ، يەنە بىر نەيزە سانجىپ ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. دۇڭ پىڭ، لىن چۇڭ، شى جىن، مۇ خۇڭ، دۇ شىڭلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ قويۇنداك باستۇرۇپ كەلدى. لىن چۇڭ كەلگەن پېتى گۇ كېيىنى نەيزە بىلەن سانجىپ ئۆلتۈردى. يۇ دېيۇەن ئېتىدىن يىقىلىپ ئات ۋە ئادەملەرنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ ئۆلدى. تيەن خۇ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى، بەش مىڭ لەشكەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ تۈگىدى، قالغانلىرى پاتىپاراق بولۇپ تىكىۋەتتى. خۇا رۇڭلارنىڭ لەشكەرلىرى داقا ـ دۇمباق، ئات ـ ئۇلاغلارنى ئولجا ئېلىپ، تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى بەش چاقىرىمچە يىراقلىققا قوغلاپ باردى. دەل شۇ چاغدا بيەن شياڭنىڭ لەشكەرلىرىگە دوقۇرۇشۇپ قالدى.

بيەن شياڭ ئەسلى دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدە ئىككى بۇقىنىڭ كۈچى بار ئىدى. ئۇ نەيزىۋازلىقتا ماھىر بولغانلىقتىن، قاراقچىلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ھېسابلايدىغان سەركەردىسى بولۇپ قالغانىدى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى سەپ تۈزۈپ، تۇغ ـ ئەلەملىرىنى تىكلەپ، داقا ـ دۇمباقلىرىنى ياڭراتتى.

تيەن خۇ سەركەردىسى بيەن شياڭ ئاتلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ بېشىغا سومۇرغ پېيىدىن پۆپۈك قادالغان ئالتۇن دۇبۇلغا، ئۈستىگە بېلىق قاسىرىقلىق قۇياغنى كىيگەنىدى. بويى ئىككى غۇلاچ كېلەتتى. بۇرۇتى ئاستىدىن ئۈچ دانە چىشى ھىڭگىيىپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ چاسا يۈزلۈك، مۈرىلىرى كەڭ، قاشلىرى دىڭگايغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن ئادەم بولۇپ، ئويناپ تۇرىدىغان يورغا ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە تاغ يارار پالتىسىنى

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئوڭ ـ سول يېقىدا فۇ شياڭ، گۇەن يەن، كۇ شېن، لۇ جېن قاتارلىق تۆت قورچاق قولباش تۇراتتى، ئارقىسىدا يەنە قورچاق باشبۇغ، باقاۋۇل، قورۇقبېگى، قۇربەگلىرى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئىشكاۋۇل تۇراتتى. قوشۇن ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە رەتلىك ئىدى. سۇڭ جياڭ سېپىدىن ئەجدىھا يىگىت شى جىن ئات ئۈستىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە:

— سەن كىم بولىسەن؟ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بول، قىلىچىم قېنىڭدا بويالمىسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— كوزىنىڭمۇ قۇلىقى بولىدۇ، سېنىڭ قۇلىقىڭ يوقمىدى، بيەن شياڭ دېگەن ئادەمنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — دېدى بيەن شياڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ.

— ئەلدىن ئازغان مۇناپىق، تەڭرى لەشكەرلىرىگە قارشى تۇرماقچىمۇ سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى شى جىن ۋە ئۇچى ئۇچلۇق، ئىككى بىسلىق، سەككىز بوغۇملۇق قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ بيەن شياڭغا ئېتىلدى. بيەن شياڭمۇ پالتىسىنى ئوينىتىپ كېلىپ تۇتۇشتى. ئىككىلىسى قاتتىق ئېلىشتى، ئاتلار ئىرمىشىپ، ياراغلار جاراڭشىپ كەتتى، قىلىچ بىلەن پالتا گىرەلىشىپ، ئاتلارنىڭ تۇۋاقلىرى ئالمىشىپ كەتتى. ئىككىسى ئوتتۇز نەچچە مەرتەم ئېلىشقان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. بۇ تەرەپتە بيەن شياڭنىڭ ماھىرلىقىغا زوقى كېلىپ قاراپ تۇرغان خۇا رۇڭ تۇيۇقسىزدىن ئوقيا ئېتىشقا رايى بارماي، ئات سېلىپ ياردەمگە كەلدى. بيەن شياڭ ئىككى سەركەردە بىلەن تۇتۇشۇپ يەنە ئوتتۇز نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، يېڭىش ـ يېڭىلىش ئايان بولمىدى. تيەن خۇنىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرى بيەن شياڭنى يېڭىلىپ قالمىسۇن دەپ، داقا ـ دۇمباقلار چېلىپ دەرھال چېرىكلەرنى يىغىۋالدى. خۇا رۇڭ بىلەن دۇڭ پىڭلار كەچ كىرىپ قالغانلىقى ھەم ياۋنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىگە قاراپ قوغلاشماي،

لەشكىرىنى يىغىپ تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ياندى. ئىككى قوشۇن ئۆز ئالدىغا ئۇن نەچچە چاقىرىم نېرىغا بېرىپ قوش تىكتى.

كەچ كىرىش بىلەن تۆۋەن تەرەپتىن قاتتىق شامال چىقىپ، جاھاننى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتتى، يېرىم كېچىگە بارغاندا چاقماق چېقىپ قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى، بۇ چاغدا تيەن خۇ بەگ ـ سىپاھ، سەركەردە ـ سەرۋازلارنى باشلاپ ۋېيشېيىڭ شەھىرىدىن يۇزنەچچە چاقىرىم نېرىغا بېرىپ، لەشكەرلىرىنى توختىتىپ قوش تىككەندى. قوشتا چېرىكلەر بىلەن بىللە كەلگەن خانىش ـ چۆرىلىرى ۋە فەن جانانمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل ئېچىشىپ ئولتۇراتتى. شۇ كېچىسى ياغقان قاتتىق يامغۇر ئۇدا بەش كۈن توختىماي چۈشتى. قوشنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان يامغۇرلۇقلاردىنمۇ يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى. يەر ئۈستىدە يامغۇر سۇ بولۇپ ئاقتى، چېرىكلەر ئاش ـ پاشلىرىنىمۇ ئېتىپ يېيەلمىدى. كامالەكلىرىنىڭ كىرىچلىرى بوشاپ كەتتى، ئوقيالىرىنىڭ باشلىرى ئاجراپ كەتتى، چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى قوشلىرىغا قامىلىپ قالدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى سۇ چاۋ، شۇ نىڭ، شەن تىڭگۈي، ۋېي دىڭگو، تاڭ لۇڭ، تاڭ بىن، گېڭ گۇڭ قاتارلىق سەركەردىلەرگە كەلسەك، ئۇلار گۇەن شىڭ، خۇ يەنجو، ۋېن جۇڭرۇڭ، سۇي يى قاتارلىق قورۇقلۇق سەركەردىلىرى ۋە سۇ ئاتامانى لى جۇنلەرنىڭ كېمە ـ قېيىقلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ مەسلىھەت قىلىشتى. شەن تىڭگۈي، ۋېي دىڭگونى لۇچېڭ ناھىيەسىنى ساقلاپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، گۇەن شىڭ قاتارلىق سەركەردىلەر سۇدىن ۋە قورۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، يۇشى ناھىيەسىنى ئىشغال قىلدى. سۇ چاۋ، تاڭ لۇڭ شەھەرنى قوغداشقا قالدى. گۇەن شىڭلار نۇسرەت بىلەن شىددەتلىك ئىلگىرىلەپ، داگۇ ناھىيەسىنىمۇ ئالدى. شەھەرنى ساقلاپ تۇرغان سەركەردىلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئەل بولغان سەرۋاز ـ سەركەردىلەرنىڭ

ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. گۈەن شىڭ چېرىك ۋە پۇقرالارنى تىنچلاندۇرۇپ، سەركەردە ـ سەرۋازلارنى تارتۇقلىدى. سۇڭ تۇرشاۋۇلغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ ئادەم ئەۋەتتى. ئەتىسى گۈەن شىڭلارمۇ ئوخشاشلا يامغۇردا قېلىپ، ئالغا يۈرەلمەي شەھەردە تۇرۇپ قالدى. توساتتىن: «لۇ تۇرشاۋۇل شۈەن زەن، خاۋ سىۋېن، لۇ فاڭ، گو شېڭلارنى ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن فېنياڭ دىيارىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ، لۇ تۇرشاۋۇل ئۆزى جىيېشىيۇ، پىڭياۋ ناھىيەلىرىنى ئېلىپ، خەن تاۋ بىلەن پېڭ چىنى جىيېشىيۇ ناھىيەسىنى ساقلاشقا، كۇڭ مىڭ، كۇڭ لياڭنى پىڭياۋ ناھىيەسىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ. لۇ تۇرشاۋۇل نۇرغۇن سەركەردە ۋە چېرىكلەرنى باشلاپ بېرىپ تەيۈەن ناھىيەسىنى قورشىۋاپتۇ، ئەمما يامغۇر توختىمىغانلىقتىن شەھەرگە بېسىپ كىرەلمەپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا سۇ ئاتامانى لى جۈن دەل شەھەردە ئىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئالمان ـ تالمان گۈەن شىڭغا:

— لۇ تۇرشاۋۇللار ھازىر يامغۇر توختىماي سۇ ئىچىدە قاپتۇ، ئۈچ قوشۇن تۇرىۋەرسە بولمايدۇ. ناۋادا ئوغرىلار پۇرسەت تېپىپ شەھەردىن چىقىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق! يېقىن بىر ئامالنى ئويلاپ قويدۇم، لۇ تۇرشاۋۇلنىڭ قېشىغا بېرىپ مەسلىھەتلىشىپ كۆرسەم قانداق، — دېدى.

گۈەن شىڭ بىرنى ماقۇل كۆردى.

دەريا بۇلغار ئەجدىھا لى جۈن دەرھال گۈەن شىڭ بىلەن خوشلىشىپ شەھەردىن چىقتى ۋە تۈڭ مىڭلارنى كېمە ـ قېيىقلارغا قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى جاڭ خېڭ، جاڭ شۈن، رۈەن شياۋئېر، رۈەن شياۋۋۇ، رۈەن شياۋچىلار بىلەن ئىككى مىڭ سۇ لەشكىرىنى ئېلىپ، قالپاق ۋە يامغۇرلۇقلىرىنى كىيىشىپ، قاتتىق يامغۇر ۋە شامالغا قارىماي ئۈچقاندەك مېڭىپ، لۇ جۈنيىنىڭ قوشىغا كېلىپ سالاملىشىپ كۆرۈشتى. ھال ـ ئەھۋال سورىشار ـ سوراشمايلا لۇ جۈنيى بىلەن بىر ھازا

www.uyghurkitap.com

پىچىرلاشتى. لۇ جۇنىي ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دەرھال چېرىكلەرنى ياغاچ كېسىپ سال ياساشقا بۇيرۇدى. لى جۇنلەر ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئەمدى گەپنى تەيىۋەن شەھىرىنى ساقلاۋاتقان سەركەردىلەردىن ئاڭلاڭ. سەركەردە جاڭ شيۈڭغا قورچاق ئوردا بېگى مەنسىپى، شياڭ جۇڭ، شۇ يۈلەرگە ئاستانە قولبېشىلىق مەنسىپى بېرىلگەنىدى. بۇ ئۈچى ئوغرىلارنىڭ ئەڭ يامان سەركەردىلىرىدىن ئىدى، ئۇلارنىڭ چېرىكلىرى بارغانلا يەردە بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىپ، خوتۇنلارنىڭ ئىپپەت ــ نومۇسىغا تېگىدىغان ۋەھشىي چېرىكلەر بولغانلىقتىن، شەھەر ئىچىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۇندىن يەتتىسى دەرد ــ ئەلەمگە چىدىماي، ئۆي ــ بىساتلىرىنى تاشلاپ سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەنىدى. جاڭ شيۈڭلار بۈگۈنكى كۈندە قورشىۋېلىنغان بولسىمۇ تەن بەرمەي تۇراتتى. جاڭ شيۈڭ شياڭ جۇڭ ۋە شۇ يۈلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

ــ يېقىندىن بېرى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى دالدا قىلغۇدەك ماكان تاپالماي قالدى، بۇ يەرنىڭ يەر ــ سۈيىگىمۇ كۈنەلمەيۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ تەمىناتى ئۈزۈلۈپ قالدى، شۇڭا لەشكەرلىرى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشنى خالىمايدۇ. مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تۇيۇقسىز تېگىش قىلىدىغان بولساق، چوقۇم نۇسرەت تاپىمىز، ــ دېيىشتى.

بۇ كۈنلەر تۆتىنچى ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. جاڭ شيۈڭ تۆت قوۋۇقتىن تەڭلا چىقىپ، سۇڭ جياڭ قوشۇنلىرىغا تېگىشكە تەمشىلىپ تۇراتتى. تۆت تەرەپتە تۇيۇقسىز داقا ــ دۇمباق ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى. جاڭ شيۈڭ ئالمان ــ تالمان سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، شەھەر سىرتىغا قارىغۇدەك بولسا، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى يامغۇر يېغىۋاتسىمۇ، ياغاچ كېپىشلىرى بىلەن تاغ تۆپىلىرىگە چىقىۋېتىپتۇ. جاڭ شيۈڭ كۆرۈپ ھەيران ــ ھەس بولۇپ تۇرۇشىغا، دانىش ئۆستەڭدىن ۋە كۆنچىقىش، كۈنپېتىش تەرەپلىرىدىن بوراندەك ئۈچۈپ كېلىۋاتقان تۈمەن

مىڭ لەشكەرنىڭ ئاسمانىنى يارغۇدەك سۈرەن - چۇقانلىرى ئاڭلاندى. بىردەمنىڭ ئىچىدە سەككىز ىنچى ئايدا دەريا - كۆللەر سۈيى ئېتىلىپ تاشقاندەك، خۇاڭخې سۈيى چاچراپ، توپان بالاسىدەك شىددەتلىك كەلكۈن يېتىپ كەلدى. ئەيىۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس !

دانىش ئۈستىگى يېرىپ قىلدى شەھەرنى قىرىق،
خۇيىيندىكى ياۋ چېرىكلىرى بولدى قۇم - تېرىق.

بۇ سۆ كېلىپ، ئاقىۋەت زادى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يۈزىنچى باب

## جاڭ چىك بىلەن چيۇڭ يىڭنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى
## چىن گۇەن بىلەن سۇڭ جياڭنىڭ يېڭىپ چىققانلىقى

ئەلقىسسە، تەييۇەن شەھىرىگە كەلسەك، دەريا بۇلغار ئەجدىھا لى جۈن قاتتىق يامغۇردىن كېيىن كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ، جاڭ خېڭ، جاڭ شۈن، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچىلار بىلەن بىرلىكتە سۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بەلگىلەنگەن قەرەلدە دانىش ئۆستىكى بىلەن جىنشۇي دەرياسىنى يېرىپ، تەيىۇەن شەھىرىگە سۇ قويۇپ بەردى. بىردەمدىن كېيىن بۇ سۇ ئۆركەشلەپ بېسىپ كەلدى.

### نەزم

كەلدى توساتتىن قىيان ئۆركەشلىنىپ، ھەر يان ئۆرۈپ،
سال بىلەن كەلدى چېرىك، سەردارلىرى پالاق تۇتۇپ.
ھازىغا چۈشتى ئىلاھ ھەم جىن ـ شاياتۇن قورقۇشۇپ.

ئۆچتى قۇياشنىڭ نۇرى غۇۋالىشىپ تۇتۇلۇپ،
تىترىدى تاغلار، يېرىلدى چوققا كۆمپەيكۇم بولۇپ،
چىقتى دولقۇننىڭ ساداسى كۈللى ئالەمگە تولۇپ،
قالمىدى ساق ھېچ قەيەردە قەد كۆتۈرگەن ئۆي ـ ماكان،
تويغا ئايلاندى پۇختا شەھەر ـ قەلئە ئۆرۈلۈپ.

تۇغ ـ ئەلەملەر ئەگىشىپ دولقۇنغا تەڭ ئاقتى شۇئان،
قالمىدى كۆك ھەم قىزىل، ئاق رىڭدىن ھېچبىر نىشان.

بولدى غەرق نەيزە ـ قىلىچلار ئاشۇ دولقۇن ئىچىدە،
ئەمدى ۋال ـ ۋۇل نۇر چاچالماس ـ پارقىرالماس ھېچقاچان.

مۇردىلار گويا بېلىقتەك لەيلىدى دولقۇن ئارا،
قوشۇلۇپ دولقۇنغا ئاقتى قىپقىزىل قانلار يانا،
دەل ـ دەرەخلەر يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ بىردەمدىلا،
كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆيلەر ئۆگزىسى ئاقتى سۇدا.

سۇ كېلىش بىلەن پۈتۈن شەھەر پىتىراپ كەتتى، لەشكەرلەر ۋە پۇقرالار، سەرۋاز ۋە سەركەردىلەر تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ سۇغا چىلىشىپ، تام ـ تورۇسلارغا يامىشىشقا باشلىدى. قىرى ـ ئاجىزلار، پور ـ سېمىزلار ئارانلا سۇپا ۋە شىرەلەرگە چىقىۋېلىشتى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە شىرە ـ سەندەللەر سۇ ئۈستىدە لەيلەشكە باشلىدى. ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئۆرۈلۈپ، پۈتكۈل شەھەر سۇ ئىچىدە قالدى. شەھەرنىڭ سىرتىدىكى لى جۇن، جاڭ خېڭ، جاڭ شۇن، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچىلار سېپىل بىلەن تەڭ ئېقىپ كېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك، ئاسمان ـ پەلەك سۇ ئۈستىدە كېمە ـ قېيىقلىرىنى ھەيدىشىپ، شەھەرگە يېقىنلاپ كەلدى، ئاندىن سېپىلغا يامىشىپ چىقىپ، ئۆتكۈر قىلىچلىرىنى قولىغا ئېلىشىپ، شەھەر ساقلاۋاتقان چېرىكلەرنى قىر ـ چاپ قىلىشقا باشلىدى. يەنە بىرمۇنچە سەرۋازلار سال ـ قېيىقلارنى ھەيدەپ كېلىشى بىلەن تەڭ، سېپىللار گۈمۈرۈلۈپ ئۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا جاڭ شيۈڭ سېپىل مۇنارىدا داد ـ پەرياد قىلىپ تۇراتتى، جاڭ خېڭ بىلەن جاڭ شۇن سېپىلغا ئۇچقاندەك چىقىپ، قولىغا يان قىلىچلىرىنى ئېلىپ، بىر ۋارقىراش بىلەنلا مۇنارغا چىقتى ـ دە، كەينى ـ كەينىدىن ئون نەچچە چېرىكنى چېپىپ تاشلىدى، قالغان چېرىكلەر جان قايغۇسى قىلىپ تەرەپ ـ تۇشقا قېچىشتى. جاڭ شيۈڭ قاچاي دەپ تۇرۇشىغا، جاڭ خېڭ يېتىپ كېلىپ، ئۇنى بىر قىلىچ بىلەن

ئۆرۈۋەتتى، ئارقىدىن جاڭ شۈن يېتىپ كېلىپ، «شارت» قىلىپ چېپىپ كاللىسىنى ئېلىۋەتتى، سۇ پەسەيگۈچە شەھەر ئىچىدە سان ـ ساناقسىز لەشكەرلەر ۋە پۇقرالار سۇغا چۆكۈپ ئۆلدى، سان ـ ساناقسىز ئۆي ـ ئىمارەتلەر سۇ ئاستىدا قېلىپ گۇمران بولدى، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ياغاچ ـ تاش، ئىشىك ـ پىشىك، دېرىزە ـ پەنجىرىلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكلىرى سۇ بىلەن ئېقىپ بېرىپ تۆۋەن قوۋۇقتا قاپلىشىپ قالدى، شەھەر ئىچىدە پەقەت ئىستىراھەت ئوردىسىلا ساق قالغانىدى. بۇ ئوردا ئەسلىدە ئەۋلىيا بىيىچى ۋۇدى خان سالدۇرغان، ئۇلى چىڭ، تاملىرى ئېگىز ئوردا ئىدى. بۇ يەرگە چىقىۋالماقچى بولۇپ، دەسسىشىپ ـ يۇتلىشىپ ئۆلۈپ كەتكەن لەشكەرلەر بىلەن پۇقرالارنىڭ سانى ئىككى مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئېگىز جاي ۋە سېپىل ئۈستىلىرىگە چىقىۋېلىپ ساق قالغان لەشكەر ۋە پۇقرالار ئاران مىڭغا يېتەتتى. شەھەر سىرتىدىكى پۇقرالار بولسا، لۈ تۇرشاۋۇل مەھەللە ئاقساقاللىرىنى خۇپىيانە چاقىرتىپ خەۋەرلەندۇرۇپ قويغانلىقتىن، داقا ـ دۇمباق چېلىنىشى بىلەنلا ئېگىز دۆڭلەرگە چىقىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرنىڭ سىرتى كەڭچىلىك بولغاچقا، سۇ تېز تاراپ كېتىپ، بىرمۇ ئادەم سۇغا چۆكۈپ كەتمىگەنىدى.

شۇ ئەسنادا دەريا بۇلغار ئەجدىھا لى جۈن لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ كۈنپېتىش قوۋۇقنى ئىگىلىۋالدى. كېيىنچى يىگىت جاڭ خېڭ دولقۇن يارار ئاق بېلىق جاڭ شۈن بىلەن كېلىپ يۇقىرى قوۋۇقنى تارتىۋالدى. زەبەردەس پالۋان رۇەن شياۋئېر بىلەن ئۆمرى كوتا بەگ رۇەن شياۋۋۇ كېلىپ كۈنچىقىشتىكى قوۋۇقنى ئىگىلىۋالدى، ئەزرائىل رۇەن شياۋچى كېلىپ تۆۋەن قوۋۇقنى تارتىۋالدى. تۆت قوۋۇقتا سۇڭ جياڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇغلىرى تىكلەندى، كەچ كىرگۈچە سۇ يېنىپ بولدى، يەر يۈزى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لى جۈنلەر قوۋۇقلارنى ئېچىپ، لۈ تۇرشاۋۇلنىڭ لەشكەرلىرىنى شەھەرگە باشلاپ

كىردى. جىمجىت شەھەر ئىچىدىن توخۇ بىلەن ئىتنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى، ئۆلۇكلەر تاغ ـ تاغ بولۇپ دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. جاڭ شىيۇڭنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بولسىمۇ، لى جۇننىڭ بۇ قىلمىشىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. جېنى ھايات قالغان بىرەر مىڭدەك ئادەم لاي ـ پاتقاقلار ئىچىدە شال سوققىسىدەك باشلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، جانلىرىنى تىلەشمەكتە ئىدى. لۇ جۇنيى بۇ ئادەملەرنى سۇرۇشتە قىلىپ كۆردى، سۇرۇشتۇرۇش ئارقىسىدا بۇ ئادەملەرنىڭ ئون نەچچىسى چېرىك، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى پۇقرا بولۇپ چىقتى. شياڭ جۇڭ بىلەن شۇ يۆ ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ بىر توپ قارا ئارچىنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالغانىدى. سۇ يانغاندىن كېيىن بۇلار ئارچىدىن سىيرىلىپ چۈشۈشىگىلا، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، لۇ تۇرشاۋۇلنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. لۇ جۇنيى دەرھال ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سازايى قىلىشقا بۇيرۇدى. ناھىيە خەزىنىسىدىكى ئالتۇن ـ كۇمۇشلەرنى ئېلىپ چىقىپ، شەھەر ئىچى ـ سىرتىدىكى سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاھالىگە تارقىتىپ بەردى. سۇڭ تۇرشاۋۇلغا نۇسرەت خەۋىرى يەتكۇزۇپ ئادەم ئەۋەتتى ۋە لەشكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىپ، ئۆلۇكلەرنى كۆمدۇردى. سېپىل سوقتۇرۇپ، ئۆي ـ ئىمارەت ياسىتىپ، ئاھالىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئەمدى لۇ جۇنيىنىڭ تەيىۋەن ناھىيەسىنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى قويۇپ، تەيىۋەن قولدىن كېتىشتىن بۇرۇن ئون تۇمەن لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتقان تيەن خۇغا كېلەيلى. ئۇ يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكتىن، تۇڭتى تاغلىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قوش تىكىپ، لەشكەرلىرىنى جايلاشتۇردى. شۇ ئەسنادا خەۋەرچىلەردىن بىرى كىرىپ: «ئالىيلىرىنىڭ قېيىنئاغىسى ۋۇ لى بېگىم ئاغرىق بىلەن قازا قىپتۇ، ئامبال خېنىم بىلەن كۆرەگان بېگىم ۋۇ لى بېگىمنى يەرلىكىدە قويۇش ئۇچۇن شياڭيۇەن ناھىيەسىگە قايتىپ

كېتمېپتۇ» دەپ مەلۇم قىلدى. تيەن خۇ ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە:
«چيۇك يىلى شەھەرنى ساقلاپ تۇرسۇن؛ چۇەن يۇ پات يېتىپ كەلسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ، شياڭيۇەنگە ئادەم ئەۋەتتى ھەمدە «شياڭيۇەنگە ئەۋەتكەن بەگلەر نېمە ئۈچۈن قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلمايدۇ؟» دەپ سورىدى.
ئەتىسى يامغۇر توختاپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. تاڭ سۈزۈلگەندە خەۋەرچى ئۈچقاندەك كېلىپ، سۇڭ جياڭ سۇن ئەن بىلەن ما لىڭنى لەشكەر ئەكېلىپ، بىز بىلەن ئېلىشىشقا ئەۋەتىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلدى، تيەن خۇ دەرغەزەپ بولۇپ:
— ئىست، سۇن ئەن بىلەن ما لىڭغا يۈقىرى مەنسەپ، ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنيالار تەقدىم ئەتكەنىدىم! بۈگۈنكى كۈندە بۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈپ، تۇزكورلۇق قىلغانلىقىنى كۆرمەمدىغان، بۇ مۇناپىقلارنى ئەسلا كەچۈرگىلى بولمايدۇ، خەپ، ئۆزۈم بېرىپ سوراقىقا تارتىمىسام! ئەي سىپاھىلىرىم، غەيرەت قىلىڭلار، مۇشۇ ئىككىسىنى تۇتۇۋالغانلارغا ئۆمرىگە يەتكۈدەك ئالتۇن - كۈمۈش بېرىمەن، ئالىي مەرتىۋە ئاتا قىلىمەن، — دېدى.
تيەن خۇ سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن تۇپتوغرا لەشكەر تارتىپ ماڭدى. تيەن خۇ قوشۇنلىرى كېلىپ قارىغۇدەك بولسا قەھرلىك يۈچى سۇن لى، زىل كاناي ما لىنلار تۇغ - ئەلەم تىكىپ، سەپ راس بولۇپ تۇرۇپتۇ. تيەن خۇ قوشۇنىنىڭ ئالدىدا بولسا ئۇمۇت - توقماقلار سانجاق - سانجاق، تۆمۈر - پالتىلار قاتار - قاتار، قىلىچ - يالمانلار رەت - رەت، تۇغ - ئەلەملەر قۇر - قۇر تىزىلىپ كەتكەنىدى. بەدەۋى پادىشاھ تيەن خۇ ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۈنلۈكنىڭ ئاستىدا، ئالتۇن ئېگەرلىك بوز ئاتقا مىنىپ، سەپنىڭ ئالدىدا جەڭگە نازارەت قىلىپ تۇراتتى.
سۇڭ جياڭ قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدا يېتىپ كەلگەن ۋۇ يۇڭ، سۇن شىن، گۇ يەڭگە، ۋاڭ يىڭ، خۇ سەنىياڭ، سۇن لى، جۇ تۇڭ، يەن شۇنلەرنىڭ لەشكەرلىرىگە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك

قىلدى ۋە جەڭگە نازارەت قىلىپ تۇردى.

تيەن خۇ سۇڭ جياڭنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، باتۇرلىرىنى سۇڭ جياڭنى تۇتۇپ كېلىشكە ماڭدۇراي دەپ تۇرۇشىغا، خەۋەرچى ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ:

— گۇەن شېڭ قاتارلىقلار يۇشى، داگۇ ناھىيەلىرىنى ئارقا — ئارقىدىن ئېلىپ بوپتۇ. كۈنپېتىش تەرەپتە لۇ جۈنيىنىڭ قوشۇنلىرى پىڭياۋ، جيېشيۇ ناھىيەلىرىنى تارتىۋاپتۇ، تەييۈەن شەھىرىنى سۇغا باستۇرۇۋېتىپتۇ، شەھەردىكى لەشكەرلەردىن بىرىنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلاپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر بيەن شياڭ مىيەنشەن تېغىغا قوش تىكىپ، خۇا رۇڭلار بىلەن تىركىشىۋېتىپتۇ، لۇ جۈنيى تەييۈەندىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ ئارقا تەرىپىدىن بېسىپ كەپتۇ. ۋەزىر بيەن شياڭ ئىككى تەرەپكە تەڭ كېلەلمەي قاتتىق يېڭىلىپتۇ، ئاخىر لۇ جۈنيى بيەن شياڭنى تىرىك تۇتۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن لۇ جۈنيى بىلەن گۇەن شېڭ بىرلىشىپ بېرىپ چىنيۈەن ناھىيەسىنى خۇددى تۆمۈر قەپەستەك قورشىۋاپتۇ، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان تيەن خۇ قاتتىق چۆچۈپ، گاڭگىراپ قالدى ۋە جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ۋېيشېڭنى قوغداش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى يىغىپ قايتماقچى بولدى.

لى تيەنشىلار سەپ ئالدىدىن توسۇپ تۇردى، شۆ شى، لىن شى، خۇ يىڭ، تاڭ چاڭلار تيەن خۇنى قوغداپ ئالدىدا ماڭدى. توساتتىن تۇڭتى تېغىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىن توپ ئېتىلدى. سۇڭ جياڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە لۇ جىشېن، لىيۇ تاڭ، باۋ شۈ، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار خىل لەشكەرلەرنى باشلاپ، تۇڭتى تېغىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ باستۇرۇپ كەلدى. تيەن خۇ شاھانە لەشكەرلىرىنى تېزدىن جەڭگە سالدى. ما لىڭ بىلەن سۇن ئەن ئۇشتۇمتۇت كۈنچىقىشتىن لەشكەر تارتىپ باستۇرۇپ كەلدى. ما لىڭ ئىككى ئوتلۇق چاقنى دەسسەپ يۈرۈپ، تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى خىش بىلەن راسا سالغىلى

www.uyghurkitap.com

تۇردى. سۇن ئەن ئىككى زۇلپىقارىنى ئويناتىپ، قىر ـ چاپ قىلدى. بۇ ئىككىسى لەشكەرلىرىنى باشلاپ تيەن خۇ قوشۇنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، گويا ئادەمزاتسىز بىر جايغا كىرىپ قالغاندەك، چاپ ـ چاپ بىلەن تيەن خۇ قوشۇنىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىدى. تيەن خۇ قوشۇنى بىر لەكتىن ئارتۇق ئادەم بولسىمۇ، ۋۇ يۇڭ ئورۇنلاشتۇرغان بۇ ئۈچ تارام لەشكەر ئوڭ ـ سولغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياقتا قىر ـ چاپ قىلىپ، تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتتى. قورچاق مىرزا لى تيەنشىلەر تيەن خۇنى قوغداپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاچتى، ئارقىدىن لۇ جىشېنلار نەيزە ئەنداز، قالقان ئەنداز، خەنجەر ئەندازلىرىنى باشلاپ، قان كېچىپ چاپ ـ چاپ بىلەن سۈرۈپ كېلىپ، لى تيەنشى، جىڭ جىرۇي، شۆ شى، لىن شىلارنىڭ لەشكەرلىرىنى يەنە تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. تيەن خۇنىڭ سەركەردىلىرى شاھانە قوشۇندىن تاللىۋېلىنغان خىل، قەيسەر سەركەردىلەر بولسىمۇ، ئادەتتىكى لەشكەرلەر بىلەنلا جەڭ قىلىپ، بۇنداق شىددەتلىك لەشكەرلەر بىلەن ئېلىشىپ باقمىغانىدى. خوش، بۈگۈنكى جەڭدە ئۇلارغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلەيتتى؟

ئەمدى تيەن خۇنىڭ يېنىدا پەقەت تۆتۇقبەگ خۇ يىڭ بىلەن تاڭ چاڭ، باشبۇغ يې چىڭ ۋە باشقا سەركەردىلەرلا قالغانىدى. ئۇ قالغان ـ قاتقان بەش مىڭدەك لەشكەرنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا جان قايغۇسى قىلىپ بەدەر قاچتى. تازا قېچىپ كېتىۋاتقاندا، بىردىنلا كۈنچىقىش تەرەپتىن يەنە بىر قوشۇن ئۇشتۇمتۇت ئالدىغا چىقىپ قالدى.

— تەڭرىنىڭ قارغىشىغا كەتكەن ئوخشايمەن! — دېدى تيەن خۇ بۇ قوشۇننى كۆرۈپ، ئاسمانغا قاراپ داد ـ پەرياد ئوقۇپ.

تيەن خۇنىڭ لەشكەرلىرى قارىغۇدەك بولسا، كېلىۋاتقان بۇ قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىغا بوغمىچا چىگكەن، ئۈچىسىغا يېشىل قۇياغ كىيگەن بىر ياش سەركەردە ئاق بۇدرۇق يالىلىق

ئاتنى مىنىپ، چىپار نەيزىسىنى ئوينىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نىشان تۇغىغا «سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى تىنچىتىپ، ئوتتۇرا ئىقلىمنى گۈللەندۈرگۈچى تۇرشاۋۇل كۆرەگان چۈەن يۈ» دېگەن خەتلەر پۈتۈلگەنىدى. يې چىڭ تيەن خۇغا يېقىن كېتىۋاتاتتى. نىشان تۇغىنى كۆرۈپ، تيەن خۇغا مەلۇم قىلدى. تيەن خۇ كۆرەگان بەگ تېزدىن كېلىپ بىزنى قۇتقۇزۇۋالسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلدى. ھېلىقى كۆرەگان يېقىن كېلىپ ئېتىدىن چۈشۈپ:

— ئەي پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۇستۇمدە قۇياغ بولغاچقا، ھەزرەتلىرىگە باش ئۇرۇپ سەجدە قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇممەن! — دېدى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ.

— گۇناھىڭدىن كەچتىم، — دېدى تيەن خۇ.

— ئەھۋال خەۋپلىك تۇرىدۇ، پادىشاھ ئالىيلىرى، شياڭيۈەن شەھىرىگە كىرىپ، بىردەم پاناھداپ تۇرۇشقا مەرھەمەت قىلسىلا. پېقىر ئامبال خېنىم بىلەن بىرلىكتە سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، ئاندىن ئالىيلىرىنى ۋېيشېڭغا ئېلىپ بارساق ۋە ئۇ يەردە ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ، ياخشى تەدبىر قوللىنىپ، ئاندىن ئەل ئىشلىرىمىزنى ئوڭشىۋالساق دېمەكچىمەن، — دېدى چۈەن يۈ كۆرەگان مۇراجىئەت قىلىپ.

تيەن خۇ خۇرسەن بولۇپ، دەررۇ شياڭيۈەنگە قاراپ يۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. چۈەن يۈ كۆرەگان ئارقىدا قېلىپ، قوغلاپ كەلگەن لەشكەرلەرگە تاقابىل تۇردى. تيەن خۇلار شياڭيۈەن سېپىلىنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەلگۈچە، كەينى تەرەپتىن «ئۇر — چاپ!» دېگەن ئاۋازلار كۆكنى يېرىپ، بىرمۇنچە لەشكەر سۈرۈپ كەلدى. شياڭيۈەن شەھىرىنى ساقلاۋاتقان سەركەردە — سەرۋازلار بۇنى كۆرۈپ قوۋۇقنى ئېچىپ، ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈردى. خۇ يىڭ ئالدىدا باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى كەينىدىن سۈر — توقاي قىلىپ كېلىۋاتقانلارنى كۆرۈپ، خان — پادىشاھىغا قارىماي، قىستا — قىستاڭ بىلەن شەھەرگە كىرىۋالدى. خۇ يىڭ ئەمدىلا قوۋۇقتىن كىرىشىگە، بىردىنلا تاڭ — تاڭ ئاۋازى چىقتى —

دە، ئىككى ياندا مۆكۈنۈپ تۇرغان سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى بىراقلا تاشلىنىپ، خۇ يىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرىنى سۈرگەن پېتى ئورىغا تىقىۋەتتى ــ دە، ئاندىن ئۇزۇن نەيزىلەر بىلەن گاچىلدىتىپ سانجىغىلى تۇردى، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق بىچارە لەشكەرنىڭ بىرىمۇ ساق قالمىدى. شەھەر ئىچىدىكىلەر:

— تيەن خۇنى تىرىك تۇتۇڭلار! — دەپ چۇقان كۆتۈردى. تيەن خۇ شەھەر ئىچىدىكىلەرنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆردى ــ دە، دامىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى پەملەپ، ئېتىنى يۇقىرى تەرەپكە بۇراپ بەدەر قاچتى. جاڭ چىڭ، يې چىڭلار ئات سېلىپ قوغلاشتى. تيەن خۇنىڭ ئېتى يورغا ئات بولغاچقا، جاڭ چىڭ بىلەن يې چىڭنى بىر ئوق ئارىلىقتا تاشلىۋېتىپ كەتتى. ئەمما، تيەن خۇنىڭ ئالدىدىن توپا ــ چاڭلار كۆتۈرۈلۈپ، بىر پارچە قويۇن ئاسمانغا چىقتى. ئارىسىدىن بىر ئايال پەيدا بولۇپ:

— ئەي مۇناپىق بۇلاڭچى تيەن خۇ، سەن جېنىغا زامىن بولغان چۇ ئائىلىسىدىكى ئەر ــ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ جاللىتىسەن، ئەمدى نەگە قاچىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھېلىقى ئايالنىڭ يېنىدىن يەنە بىر قويۇن كۆتۈرۈلۈپ تيەن خۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئايالمۇ غايىب بولدى. تيەن خۇنىڭ مىنگەن ئېتى بىردىن كىشنەپ، كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، تيەن خۇنى يەرگە تاشلىۋەتتى. ئاڭغىچە جاڭ چىڭ بىلەن يې چىڭ قوغلاپ كېلىپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇلاش ــ چولاش بېرىپ قورشىۋالدى. تاڭ چاڭ نەيزىسىنى ئوينىتىپ، قۇتقۇزۇشقا كەلدى. جاڭ چىڭ تاڭ چاڭنىڭ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىغا لىككىدە مىندى ــ دە، تاڭ چاڭنىڭ يۈزىگە تاش بىلەن بىرنى قويۇپ ئېتىدىن چۈشۈرۈۋەتتى ۋە:

— مەن چوڭ يۇ ئەمەس، تەگرىقۇت قوشۇنى بولغان سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ قول ئاستىدىكى پەيسىز ئوق جاڭ چىڭ

بولمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئاڭغىچە لى كۇي، ۋۇ سۇڭلار شەھەردىن بەش يۈز پىيادە لەشكەرنى باشلاپ چىقىپ، ئەمىرلەشكەر سەركەردىسى ۋە باشقا سەركەردىلەرنىڭ قولىدىكى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق چېرىكنى قىر - چاپ قىلىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. جاڭ چىڭ تاڭ چاڭنى ئۆلتۈرۈپ، تيەن خۇنى باغلاپ، شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ قوۋۇقنى مەھكەم ئېتىۋالدى ۋە ئۇنى سۇڭ تۇرشاۋۇللار تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاندىن كېيىن، ئاندىن سۇڭ تۇرشاۋۇلغا تاپشۇرماقچى بولدى. تيەن خۇنى قوغلاپ كەلگەن لۇ جىشېن تيەن خۇنى تۇتۇپ شەھەرگە ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۈنپېتىش تەرەپتىكى تۆڭتى تېغىنىڭ يانباغرىغا قاراپ قىر - چاپ قىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا كۈن پېتىش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.

سۇڭ جياڭلارنىڭ ئۈچ تارام لەشكەرلىرى تيەن خۇ لەشكەرلىرى بىلەن بىر كۈن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق لەشكىرىنى قىرىپ تاشلىدى. تيەن خۇ لەشكەرلىرى ئىگىسىدىن ئايرىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە جان قايغۇسى قىلىپ قېچىپ كەتتى. فەن جانان ۋە كېنىزەكلىرى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە جېنىدىن جۇدا بولدى، لى تيەنشى، جېڭ جىرۇي، شۆ شى، لىن شىلار ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ تۆڭتى تېغىغا چىقىۋالدى، سۇڭ جياڭ لەشكەر باشلاپ كېلىپ تۆڭتى تېغىنى قورشىۋالدى. جاڭ چىڭ تيەن خۇنى تۇتۇۋالغانلىقىنى سۇڭ جياڭغا مەلۇم قىلدى. لۇ جىشېن، سۇڭ جياڭ پېشانىسىگە ئۇرۇپ قويدى ۋە دەررۇ بۇيرۇق قىلىپ، ۋۇ سۇڭلار قوۋۇقنى چىڭ ئېتىپ، تيەن خۇنى تۇتۇپ تۇرسۇن، جاڭ چىڭ دەرھال لەشكەر تارتىپ ۋېيشېڭغا بېرىپ، چيۇڭ يىڭلارغا ھەمدەمدە بولسۇن، دەپ كېچىلەپ شياڭيۈەنگە كىشى ئەۋەتتى.

ئەسلى ئىش مۇنداق بولغانىدى: چيۇڭ يىڭ مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچە شيې جېن، شيې باۋ، لي خې، دۇەن

www.uyghurkitap.com

جىڭجۇ، ۋاڭ دىڭلىيۇ، يۇ باۋسى، سەي فۇ، سەي چىڭلار بىلەن بىللە بەش مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ، تيەن خۇ قوشۇنلىرىنىڭ تۇغىنى كۆتۈرۈپ، ۋۇشياڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تۇگمەنتاش تىغىننىڭ يېنىغا بېرىپ مۆكۈپ ياتقانىدى. چيۇڭ يىڭلار تيەن خۇنىڭ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، كېچىلەپ ۋيىشىڭ شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىغا بارغانىدى. شۇ كۈنى كېچىسى شەپەق نۇرى چېچىلىپ، ئورغاق ئاي ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەنىدى.

— مەن ئامبال خېنىم بولىمەن. پادىشاھ ئالىيلىرىنى قوغداپ ئېلىپ كەلدىم، قوۋۇقنى يات ئېچىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى چيۇڭ يىڭ قوۋۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ زىل ئاۋازى بىلەن.

قوۋۇقنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەر ئوردىغا ئۇچقاندەك كىرىپ مەلۇم قىلدى. تيەن باۋ بىلەن تيەن بياۋ ئاڭلاپ تۆۋەن قوۋۇققا ئات سېلىپ كەلدى ۋە سېپىل مۇنارى ئۈستىگە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، سېرىق كۈنلۈك ئاستىدا ياخشى ئېگەرلەنگەن بۇدرۇق ئاق يالىلىق ئاتقا مىنگەن پادىشاھ كېلىۋاتاتتى، بۇ ئات ئالدىدا بولسا، تۇغىغا «ئامبال خېنىم چيۇڭ يىڭ» دېگەن خەتلەر پۈتۈلگەن بىر ئايال سەركەردە كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا مىرزىبەگ، تۇتۇقبەگ ۋە باشقا بەگ ـ سىپاھلار يىراقتىن كېلىشىۋاتاتتى. ئاڭغىچە چيۇڭ يىڭ:

— خۇ تۇتۇقبەگ ۋە باشقىلار سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىپ مەغلۇپ بولدى. مەن پادىشاھ ئالىيلىرىنى قوغداپ قايتۇرۇپ كەلدىم. بەگ ـ سىپاھلار پات چىقىپ ئالىيلىرىنى قارشى ئالسۇن ! — دېدى.

تيەن بياۋ تيەن خۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، قوۋۇقنى چاپسان ئېچىشقا بۇيرۇدى. ئۆزلىرى قارشى ئېلىش ئۈچۈن قوۋۇقتىن چىقتى. تيەن باۋ بىلەن تيەن بياۋ ئىككىسى ئاتنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىشىغىلا، ھېلىقى ئات مىنىپ تۇرغان پادىشاھ:

— ھەي يىگىتلەر، بۇ ئىككى مۇناپىقنى باغلاڭلار ! — دەپ

ۋارقىرىدى.

يىگىتلەر گۈركىرىشىپ كېلىپ ئىككىسىنى تۇتتى.

— ئىككىمىزدە گۇناھ يوق ! — دەپ يالۋۇرۇپ ۋارقىرىدى تيەن باۋ بىلەن تيەن بياۋ. بۇلار تىركەشمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئاللىقاچان باغلىنىپ بولغانىدى. ئات ئۈستىدىكى تيەن خۇ بولسا ۋۇ يۈگىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، سۇن ئەن سۇڭ جياڭ قوشۇنىدىكى لەشكەرلەردىن تيەن خۇغا ئوپئوخشاش بىرىنى تاللاپ، ئوخشاش ياساندۇرۇپ كەلگەن يالغان تيەن خۇ ئىدى. ئارقىدىكى مىرزىبەگ، تۇتۇقبەگ بولغانلار شيې جېن، شيې باۋلار ئىدى. شۇ ئەسنادا سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى قورال - ياراغلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ۋاڭ دىڭلىۇ، يۈ باۋسى، سەي فۇ، سەي چىڭلارنىڭ باشچىلىقىدا تيەن باۋ بىلەن تيەن بياۋنى كېچىلەپ شياڭيۈەنگە ئېلىپ ماڭدى. سېپىلدىكىلەر تيەن باۋ، تيەن بياۋنى تۇتقانلىقىنى ھەم ئۇلارنى تۆۋەن تەرەپكە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىنىپ قالغانلىقىنى پەملىدى. ئۇلار جىددىي ھەرىكەت بىلەن قوۋۇقتىن چىقىپ تارتىۋالماقچى بولغىنىدا، چيۇڭ يىڭ تيەن دىڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، ھېچنېمىگە قارىماي شيې جېن، شيې باۋلارغا ئەگىشىپ شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. قوۋۇقنى قوغداۋاتقان چېرىكلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ توسماقچى بولۇۋىدى، چيۇڭ يىڭ ئالتە - يەتتىسىنى ئارقا - ئارقىدىن تاش بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى. شيې جېن، شيې باۋلار چيۇڭ يىڭغا ھەمدەمدە بولدى. شەھەرنىڭ سىرتىدىكى لى خې، دۇەن جىڭجۇلار لەشكەرلىرىگە ياسانما كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۆز كىيىملىرىنى كىيىۋېلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا سۇڭ جياڭ قوشۇنىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگەن لەشكەرلەر شەھەرگە ئېتىلىپ كىرىپ تۆۋەنكى قوۋۇقنى تارتىۋالدى. لى خې بىلەن دۇەن جىڭجۇ يان قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ سېپىل ئۈستىگە چىقتى - دە، تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى قىر - چاپ قىلىپ تارقىتىۋېتىپ، سۇڭ جياڭ قوشۇنىنىڭ تۇغ -

ئەلەملىرىنى تىكلىدى. شەھەرنىڭ ئىچى بىر دەمدە قايناپ ئۇماچ بولۇپ كەتتى. نۇرغۇنلىغان قورچاق قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھىلار، شۇنداقلا پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئېلىشتى. چيۇك يىگىنىڭ تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى ياۋ ئۇۋىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن يەردە، ياۋ بۇلارغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟ دەل شۇ پەيتتە جاڭ چىڭ سەككىز مىڭ لەشكەرنى باشلاپ شەھەرگە ئۇچقاندەك يېتىپ كىردى. بۇ چاغدا چيۇك يىڭ، شيې جىن، شيې باۋلار تيەن خۇ قوشۇنلىرى بىلەن راسا ئېلىشىۋاتاتتى. جاڭ چىڭ يېتىپ كېلىپ تيەن خۇلارنىڭ تۆت سەركەردىسىنى كەينى ـ كەينىدىن تاش بىلەن ئۇرۇپ، تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇۋەتتى.

— ئىچكىرىلەپ كىرمىسىڭىز بوپتىكەن، يالغۇز تۇرۇپ ياۋغا قانداق تەڭ كېلەلەيتتىڭىز؟ — دېدى جاڭ چىڭ چيۇك يىڭغا.

— ئاتامنىڭ قىساسىنى ئېلىش يولىدا قىيما ـ چىيما بولۇپ كەتسەممۇ ھېچ ئارمىنىم يوق، — دېدى چيۇك يىڭ.

— تيەن خۇنى تۇتۇپ، شياڭيۈەنگە ئاپىرىپ قويدۇم، — دېدى جاڭ چىڭ.

چيۇك يىڭ خۇشال بولۇپ، چىرايلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

جاڭ چىڭ بىلەن چيۇك يىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، تەڭرى لەشكەرلىرى مۇناپىقلاردىن بىزار بولغان بولسا كېرەك، دەل شۇ چاغدا لۇ جۇنيىلەر چىنيۈەن ناھىيەسىنى ئېلىپ بولۇپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار تۆۋەن قوۋۇقتا ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ تۇغى چىقىرىلغانلىقىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇدۇل شەھەرگە كىردى ۋە جاڭ چىڭلارغا قوشۇلۇپ تيەن خۇ لەشكەرلىرىنى سۈرۈپ يۇرۇپ چاپقىلى تۇردى. چىن مىڭ، ياڭ جى، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەنلەر كۈنچىقىشتىكى قوۋۇقنى تارتىۋالدى؛ ئوۋ پېڭ، دېڭ فېي، لېي خېڭ، ياڭ لىنلار كۈنپېتىشتىكى قوۋۇقنى تارتىۋالدى؛ خۇاڭ شىن، چېن دا، ياڭ

چۈن، جۇ تۇڭلار يۇقىرىقى قوۋۇقنى تارتىۋالدى؛ ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، جياۋ تىڭ، مۇ چۈن، جېڭ تيەنشۇ، زۇ يۈەن، زۇ رۇنلار پىيادە لەشكەرلەرنى باشلاپ يۈرۈپ، چوڭ قىلىچ، ئايپالتىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، شاھ ئوردىسى ئىچىگە قىر ـ چاپ قىلغىنىچە كىرىپ كەتتى؛ گۇڭ ۋاڭ، دىڭ دېسۈن، لى لى، شى يۇڭ، تاۋ زۇڭۋاڭلار پىيادە لەشكەرلەرنى باشلاپ، ئارقىدىكى ۋەزىرگاھ دەرۋازىسىدىن باستۇرۇپ كىرىپ كەتتى، ئۇلار شاھ ئوردىسىدىكى خانىش، ئاغىچا، بۈۋى خېنىملار، دېدەك ـ كېنىزەكلەرنى ھەددى ـ ھېسابسىز ئۆلتۈرۈۋەتتى. تيەن دىڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭ، جاڭ چىڭ، سۈن چوكان، تاڭ بىن، ۋېن جۇڭرۇڭ، سۈي يې، گېڭ گۇڭ، ساۋ جىڭ، شۆ يۇڭ، لى جۇڭ، جۇ فۇ، شى چيەن، بەي شېڭلار تەرەپ ـ تەرەپكە بۆلۈنۈپ، قورچاق ئوردا مىرزىلىرى، سەردارلىرى، ۋەزىرلىرى ۋە ئۇلاردىن تۆۋەن بەگ ـ سىپاھلارنى ھەم شاھنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى قىرىپ تاشلىدى. شۇنداق بولۇپ كەتتىكى:

ساراي تاپىنىدا ئونلاپ يېتىپتۇ دۆۋىلىنىپ باشلار،
ئېسىل مەرمەر قوۋۇقلارنىڭ يېنىدا چاچرىدى قانلار.
تېشى قايسى، گۆھەر قايسى، ئۇنى پەرق قىلمىدى ئەسلا،
بەختىمۇ بۇ، بالامۇ بۇ، يۈرىكىڭنى تۇتۇپ سورا.

سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى ۋېيشېڭدىكى جەڭدە جەسەتلەردىن تاغ، قانلاردىن دەريا ياسىدى. لۇ جۈنيى پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت يوق دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇنداقلا سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ يېنىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدى بىلەن ئادەم ئەۋەتتى. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى تاڭ ئاتقاندا جىمىدى. ھەددى ـ ھېسابسىز سەركەردە ـ سەرۋازلار ئەل بولدى.
تاڭ يورۇغاندىن كېيىن لۇ جۈنيى باتۇرلىرىنى تەكشۈرۈپ

كۆردى. چىچەن مۇشاۋىر جۇ ۋۇ چىنىۋەن شەھىرىنى قوغداپ قالغاندىن باشقا، باتۇرلىرىنىڭ بىرەرىگىمۇ زىيان - زەخمەت يەتمىگەندى. پەقەت ئەل بولغان سەركەردە گېلىڭ گۇڭلا ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ ئۆلگەندى. سەركەردىلەر كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى مەلۇم قىلىشقا كېلىشتى. جياۋ تىڭ تيەن دىڭنىڭ جەسىتىنى ئاتقا ئارتىپ كەلدى، چيۇڭ يىڭ كۆرۈپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ كاللىسىنى كېسىۋالدى ۋە جەسىتىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى. ۋۇ لىنىڭ ئاغىچىسى نى خېنىم ئۆلۈپ كەتكەندى. چيۇڭ يىڭ يې چىڭنىڭ ئاغىچىسى ئەن خېنىمنى ئىزدەپ يۈرۈپ تېپىپ كەلدى. ئۇ لۇ جۈنيى بىلەن خوشلىشىپ، تيەن خۇنى سۇڭ تۇرشاۋۇلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، جاڭ چىڭ بىلەن بىللە شياڭيۈەنگە يۈرۈپ كەتتى. لۇ جۈنيى ئۇرۇش - جەڭ ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىۋاتاتتى. چارلىغۇچىلار قايتىپ كېلىپ، تيەن خۇنىڭ فاڭ شۈدۇ دېگەن سەركەردىسى سو چاۋ بىلەن تاڭ لۇڭنى يۇشى ناھىيەسىدە قورشىۋاپتۇ، دەپ خەۋەر قىلدى. لۇ جۈنيى گۇەن شېڭ، چىن مىڭ، لىبې خېڭ، چېن دا، ياڭ چۈن، ياڭ لىن، جۇ تۇڭلارنى دەرھال لەشكەر باشلاپ بېرىپ، سو چاۋنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇدى.

ئەتىسى سۇڭ جياڭ لى تيەنشىلەرنى تۇڭتى تېغىدا يىغىۋالدى. چېن باسقابېگگە ئادەم ئەۋەتىپ: «بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسى يىمىرىپ تاشلاندى، باشلىقى قولغا چۈشتى. باسقابېگ جانابلىرى ۋېيشېڭ شەھىرىگە كېلىپ ئىش باشقۇرسا ئىكەن» دەپ مەلۇم قىلدى. سۇڭ جياڭلار چوڭ قوشۇننى باشلاپ ۋېيشېڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. لۇ جۈنيىلەر شەھەردىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. سۇڭ جياڭ ئېلان چىقىرىپ، پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلدى. لۇ جۈنيى بيەن شياڭنى ئېلىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ بيەن شياڭنىڭ قامەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئارغامچىنى ئۆز قولى بىلەن يېشىۋەتتى ۋە

ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈردى. بىەن شياڭ سۇڭ جياڭنىڭ مۇنداق مەردانە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، تەسىرلىنىپ ئەل بولدى. ئەتىسى جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭ، يې چىڭلار تيەن خۇ، تيەن باۋ، تيەن بياۋلارنى كۇشۇك ھارۋىغا سېلىپ ئېلىپ كەلدى. چيۇڭ يىڭ بىلەن جاڭ چىڭ ئىككىلىسى سۇڭ تۇرشاۋۇلغا تەزىم قىلىپ سالام بەردى. چيۇڭ يىڭ ئۆتكەن نۆۋەت ۋاڭ يىڭلارغا چېقىلىپ قويغان گۇناھىغا ناماقۇل بولدى. سۇڭ جياڭ خان قوشۇنى قايتقاندا، بىللە ئاستانىگە ئەكېتىش ئۈچۈن، تيەن خۇلارنى بىر يەردە نازارەت قىلىپ ساقلاپ تۇرۇشنى جېكىلىدى، ئاندىن شاراب كەلتۈرۈپ، جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭلارنى قۇتلۇقلىدى. شۇ كۈنى ۋېيشېڭغا قاراشلىق ۋۇشياڭ ناھىيەسىنى ساقلاپ تۇرغان سەركەردىلەردىن فاڭ شۇنلار لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ خەزىنىدىكى پۇل ـ پۇچەك ۋە ئاشلىق ـ ئوزۇقلىرىنى ئېنىقلاپ تىزىمىنى ئېلىپ، سۇڭ جياڭغا تەقدىم قىلىشقا كەلدى. سۇڭ جياڭ فاڭ شۇنغا ئىنئام بەرگەندىن كېيىن ئۇنى يەنە شۇ ناھىيەنى ساقلاپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى. سۇڭ جياڭلار ۋېيشېڭدا ئۇدا ئىككى كۈن تۇردى. چارلىغۇچىلار كېلىپ: «گۇەن شېڭلار يۈشې ناھىيەسىگە بېرىپ، سو چاۋ، تاڭ لۇڭلار بىلەن ئىچى ـ تېشىدىن ماسلىشىپ، تيەن خۇ سەركەردىسى فاڭ شۆدۈنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ بەش مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى ئۆلدى، قالغانلىرى ئەل بولدى» دەپ مەلۇم قىلدى. سۇڭ جياڭ قالتىس خۇش بولۇپ كەتتى، ئۇ سەركەردىلەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— يارەنلىرىمىزنىڭ قۇدرىتى بىلەن يۇلاڭچىلارنى باستۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ نۇسرەت قازاندۇق، — دېدى. ئاندىن سەركەردىلەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ۋە جاڭ چىڭ بىلەن چيۇڭ يىڭنىڭ يۇلاڭچىلارنىڭ باشلىقىنى تۇتقانلىقى، قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلىغانلىقىدەك خىزمەتلىرىنى تەرىپلەپ ئەنگە ئالدۇردى. ئاردىن يەنە ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتتى. گۇەن شېڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى.

چېن باسقاقبەگمۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى.

— سۇڭ جياڭ سەركەردىلىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىردى ۋە سالام ـ سەھەت قىلىپ كۆرۈشتى.

— سەركەردىلەر، سىلەر بەش ئاي ئىچىدە بۇ دۇنياغا پاتماس چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىڭلار، پېقىر بۇلاڭچىلارنىڭ بېشى تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، مەكتۇپ پۈتۈپ ئاستانىگە يوللىدىم. ئوردىدىن مەنسەپ ـ مەرتىۋەڭلارنى ئۆستۈرىدۇ، — دېدى چېن باسقاقبەگ ماختاپ.

سۇڭ جياڭ كەينى ـ كەينىدىن تەزىم قىلىپ، تەشەككۈر ئوقۇدى.

ئەتىسى چيۇڭ يىلى تەيۋەندىكى كېمىر تاغقا بېرىپ، ئانامنىڭ جەسىتىنى تېپىپ، باشقىدىن يەرلىكتە قويۇپ كەلسەم، دەپ مۇراجىئەت قىلدى. سۇڭ جياڭ جاڭ چىڭ، يې چىڭلارنى بىللە بېرىشقا بۇيرۇدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

سۇڭ جياڭ چېن باسقاقبەگكە مۇراجىئەت قىلىپ، تيەن خۇنىڭ ئوردا ـ قەسىر، ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، ئاندىن چېن باسقاقبەگ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئامبارلارنى ئېچىپ، جايلاردىكى يېغىلىق ۋە ئوت ئاپەتلىرىگە ئۇچرىغان پۇقرالارغا قۇتقۇزۇش بەرمەكچى بولدى ۋە سۇ ئەمىر بىلەن خان ئوردىسىغا ئەرز ـ ئىلتىماسلار يېزىپ دەي زۇڭدىن ئەۋەتتى.

دەي زۇڭ ئەرز ـ ئىلتىماسلارنى ئېلىپ يولغا چىقتى ھەمدە چېن باسقاقبەگ ئەۋەتكەن ئالاقىچىگە يېتىشىۋېلىپ بىرلىكتە ئاستانىگە يېتىپ باردى. ئۇلار ئالدى بىلەن سۇ ئەمىرنىڭ مەھكىمىسىگە بېرىپ، ياڭ پايلاقچىنى تېپىپ ئىلتىماسلارنى سۇندى. سۇ ئەمىر ئىلتىماسلارنى كۆرۈپ قالتىس خۇش بولۇپ كەتتى. ئەتىسى ئوردىغا بېرىپ، ئىلتىماسنى چېن باسقاقبەگنىڭ ئالاقىسى بىلەن بىللە خان ئالىيلىرىغا سۇندى. داۋ جۈن خاننىڭ

چىرايلىرى ئېچىلىپ، مۇبارەك يۈزىدە كۈلكە پەيدا بولدى. سۈڭ جياڭلار ئىشلارنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئاستانىگە قايتسۇن، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى ئۆستۈرۈلسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈردى. دەي زۇڭ بۇ خەۋەرنى ئېلىپ، سۇ ئەمىر بىلەن خوشلىشىپ ئاستانىدىن يولغا چىقتى. ئەتىسى ئاشۋاقتىدىن بۇرۇنراق ۋېيشېڭغا يېتىپ بېرىپ، چىن باسقاقبەگ، سۈڭ تۇرشاۋۇللارنى ۋاقىپلاندۇردى.

چىن گۇەن بىلەن سۈڭ جياڭ تىرىك قولغا چۈشكەن بۇلاڭچىلار ۋە قورچاق مەنسەپدارلاردىن تيەن خۇ، تيەن باۋ، تيەن بياۋلارنى ئاستانىگە تىرىك ئېلىپ بارغاندىن باشقا، قالغان بەگ ـ سىپاھلارنى ۋېيشېڭ شەھرىدە كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. جىنىڭغا قاراشلىق پۇجۇ، جيېجۇ ۋە باشقا ئايماق ـ ناھىيەلەر تېخى ئېلىنمىغانىدى. بۇ يەردىكى قورچاق ئەمەلدارلار تيەن خۇنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ تېگى قېچىپ كەتتى. بەزىلىرى ئۆزلىرى كېلىپ ئەل بولدى، چىن باسقاقبەگ ئەل بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ يېڭىباشتىن پۇقرا بولۇپ ئۆتۈشىگە يول قويدى. جاي ـ جايلارغا ئېلان چىقىرىپ، پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلدى. قالغان ـ قاتقان ئەگەشكۈچىلىرى خەلققە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن بولسىلا، ئۇلارنىڭ ئەل بولۇپ، ئوبدان پۇقرا بولۇشىغا رۇخسەت قىلدى ۋە ئۇلارنى ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇپ، ئۆي ـ مىراسلىرىنى ياندۇرۇپ بەردى. شەھەرلەر ئىشغال قىلىنىپ بولدى. يۇرت پاسىلىنى ۋە پۇقرالارنى قوغداش ئۈچۈن جاي ـ جايلارغا لەشكەر ئەۋەتىلدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى داۋ جۈن خاندىن ئاڭلاڭ. داۋ جۈن خان پەرمان چۈشۈرۈپ، بەگ ـ سىپاھلىرىنى خېيبېيغا ئەۋەتىپ، چىن گۇەنلەرنى تەقدىرلىدى. ئەتىسى ئۇرۇش ـ جەڭ ئىشلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدىغان كۈن بولغاچقا، بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ھەممىسى يېتىپ كېلىپ، سەي جىڭ بېگىمىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلار ئىچىدىن بىر سىپاھ قۇلاق

سالماي، بېشىنى دىڭگايتىپ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا قارىدى. سەي جىڭ كۆرۈپ قېلىپ قاتتىق غەزەپلەندى. بۇ سىپاھىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھايال قالماي سۈرۈشتۈردى. ئەپيۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! بىر ئادەمنىڭ كاساپىتى بىلەن ھەممەيلەن بىدىرىماق بولدى. سەي جىڭنىڭ بۇ سىپاھىنىڭ ئېتىنى سۈرۈشتۈرۈشى بىلەن ئەختەر ـ ئەپتەرلەر يىغىلىشتىن جەڭگە ئاتلانماق بولدى، باتۇر سەركەردە ـ سەرۋازلار خۇنەن ـ خۇبېيلارنى تىنچىتماق بولدى. سەي جىڭ سۈرۈشتۈرگەن سىپاھىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز بىرىنچى باب

## مازارنى كۆزلەپ نىيىتىنى بۇزغانلىقى
## بۇتخانىدا نازىنىن بىلەن تېپىشقانلىقى

ئەلقىسسە، سەي جىڭ ئەلەمگاھتا ئۆزىنىڭ ئۇرۇش ـ جەڭلەر توغرىسىدىكى بايانلىرىغا قۇلاق سالماي، بىر بۇرجەكتە ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ ئولتۇرغان سىپاھىنى سورۇشتە قىلدى، بۇ سىپاھىنىڭ نامىزاتى لۇ جيەن بولۇپ، يۇرتى يۈننەندىكى جۇندا ئايمىقى ئىدى، هازىر ئۇ ئەلەمگاھتا هۆدەيچى ئىدى. سەي جىڭ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئۇنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، تەگرىقۇتنىڭ بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى ـ دە، بۇ ئىشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھەممە بەگ ـ سىپاھلارنى باشلاپ تەگرىقۇت ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە تاۋاپ ـ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، تەگرىقۇتنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئوتتۇرىغا باشلاپ كىردى. تەگرىقۇتنىڭ جەڭ توغرىسىدىكى بايانى ئاخىرلىشىشىغا، لۇجيەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— پېقىر، ئەلەمگاھ هۆدەيچىسى لۇ جيەن بولىمەن، هەرقانداق ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، هازىر خۇەيخېنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ۋاڭ چىڭ دېگەن قاراقچى ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ. بۇنىڭدىن هەزرىتى ئالىيلىرىنى خەۋەردار قىلماقچىمەن، ۋاڭ چىڭ خۇەيخې دەرياسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە مالىمان چىقارغىلى بەش يىل بولدى، خان لەشكەرلىرى بۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى. تۇڭ گۇەن، سەي يۇلەر ئەمىرلىرىگە بىنائەن خۇەيخېنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە

جازا يۈرۈشى قىلىپ بارغاندا، لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قىرىلىپ تۈگىدى. ئۇلار گۇناھىدىن قورقۇپ بۇ ئىشنى يوشۇرۇپ، قانداقتۇر لەشكەرلەر يەر - سۇغا كۆنەلمىگەنلىكتىن ۋاقتىنچە قايتتۇق، دەپ ھەزرىتى ئالىيلىرىنى ئالداپ، مۇشۇ زور بالايىئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ چىڭ تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۆتكەن ئايدا ئۇ يەنە پېقىرنىڭ يۇرتىدىكى يۈنەن لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى، ئوت قويدى، بۇلاڭ - تالاڭ، قىرغىنچىلىق قىلدى. بۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكى چىداپ بولغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ چىڭ جەمئىي سەككىز لەشكەر كۈرەسىنى، سەكسەن ئالتە ئايماق، ناھىيەنى بېسىۋالدى. بۇ پاجىئەدە سەي جىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سەي يو بولسا لەشكەرلەرنى قىرغىنچىلىققا ئۇچرىتىۋېتىپ، قوشۇندىن مەھرۇم بولۇپ، دۆلەتكە ئار - نومۇس كەلتۈرگەن تۇرۇقلۇق، بۈگۈن ئۇلۇغ شاھىمىز قەدەم تەشرىپ قىلىش ئالدىدا گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، پىسەنتمۇ قىلماي، تۆرگە چىقىۋېلىپ جەڭ توغرىسىدا داۋراڭ سېلىپ ئولتۇردى، بۇ نېمىدېگەن ئۆكتەملىك! جانابىي ئالىيلىرىدىن، تېزدىن دۆلەتكە زور زىيان سالغان سەي جىڭ قاتارلىق مەككار ئەمەلدارلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، خىل باتۇرلار باشچىلىقىدا لەشكەر ئەۋەتىپ، تېز ئارىدا ۋاڭ چىڭلارنى قورشاپ يوقىتىپ، پۇقرالارنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇش بىلەن ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى ئىلتىجا قىلىمەن. شۇنداق قىلغاندىلا، پېقىر - پۇقرالارغا بەخت - نۇسرەت ياغقۇسى، خەلقئالەمگىمۇ بەخت - سائادەت ئاتا بولغۇسى، — دېدى.

داۋ جۈن خان بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى، سەي جىڭلارنىڭ گۇناھىنى يوشۇرغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. لېكىن، تەگرىقۇت سەي جىڭلارنىڭ ياغلىما سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان گۇناھ بۇيرۇماي ئوردىسىغا قايتىپ كەتتى.

ئەتىسى خاۋجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى خۇ مېڭ يېڭى ۋەزىپە

كۆتۈپ ئاستانىگە بارغان چاغدا، تۆگ گۆەن، سەي يۆلەرنىڭ قوشۇننى نابۇت قىلىۋېتىپ، پادىشاھلىقنىڭ شەننى بۇلغىغان گۇناھى توغرىسىدا تەگرىقۇتقا ئوچۇق ـ ئاشكارا مەكتۇپ يازدى، ئۇنىڭدا: «سۇڭ جياڭلار پاراسەتلىك، دانىشمەن، ئۇستـ ئۇستىلەپ ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتتى، قىتانلارنى بويسۇندۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن خېبېينى تىنچلاندۇرۇپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى. ھازىر ۋاڭ چىڭ بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ يارلىق چۈشۈرۈپ، سۇڭ جياڭلارغا ئىنئام ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى خوەيخېنىڭ كۆنپېتىش تەرىپىگە ئەۋەتىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن، شۇنداق قىلساق، ئۇ چوقۇم زور ئەجىر ـ تۆھپە يارىتىپ كېلىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

داۋجۇن خان بۇنىڭغا ماقۇل بولۇش بىلەن تەڭلا مىرزىبەگ مەھكىمىسىگە سۇڭ جياڭلارغا مەنسەپ بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. مىرزىبەگ مەھكىمىسىنىڭ بېگى سەي جىڭ قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تەگرىقۇتقا: «ۋاڭ چىڭ ۋەنجۇ ئايمىقىنى ئالغاندىن كېيىن تۇنۇگۇن يۇجۇ، زەيجۇ ئايمىقى، لەيشيەن ناھىيەسى قاتارلىق ئۈچ ئورۇنمۇ خەۋپتە قالدۇق دەپ يۇقىرىغا ئالاقە سۇنۇپتۇ. بۇ ئۈچ ئورۇن ئاستانىگە قاراشلىق ئايماق، ناھىيەلەردىن بولۇپ، ئاستانىگە ناھايىتى يېقىن، شۇڭا جانابىي ئالىيلىرىغا، چېن خوەن، سۇڭ جياڭلارنىڭ لەشكەرلىرىنى ئاستانىگە قايتۇرۇپ كەلمەي، ئۇلارغا كېچىلەپ يۇجۇ قاتارلىق ئورۇنلارغا ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن بېرىشقا يارلىق چۈشۈرۈشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمىز. خۇ مېڭنى لەشكەر مەسلىھەتچىسى قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. لۇ جيەنگە كەلسەك، ئۇ لەشكەر ئىشىغا خېلى پىششىق ئادەم، ئۇنى خۇ مېڭ بىلەن بىللە چېن گوەننىڭ قوشۇنىغا ئەۋەتسەك؛ سۇڭ جياڭلار ھازىر جازا يۈرۈشى قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا مەنسىپىنى ئۆستۈرمەي تۇرۇپ، ئۇلار خوەيخېنىڭ كۆنپېتىش تەرىپىدىن زەپەر قۇچۇپ قايتقاندىن كېيىن ئىنئام ئاتا قىلىشنى ئاندىن ئويلىشىپ كۆرسەك» دېگەن

مەزمۇندا مەكتۇپ سۇندى.

ئەسلىدە ۋاڭ چىڭنىڭ سەردار ـ سەرۋازلىرىنىڭ كۆچلۈك ـ قاۋۇل ئىكەنلىكىنى سەي جىڭ بىلەتتى، شۇڭا ئۇ تۆڭ گۇەن، ياڭ جيەن، گاۋ چيۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، خۇ مېڭ، لۇ جيەنلەرنى غەرەزلىك ھالدا چېڭگۇەن تەرەپكە ئەۋەتتى، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: «سۇڭ جياڭلار يېڭىلىپ قالىدىغان بولسا، خۇ مېڭ، لۇ جيەنلەر نەگە قاچالايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا يوقىلىدۇ» دەپ ئويلايتتى، بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەمدى ھېلىقى تۆت مەككار ئەمەلدارنىڭ تەكلىپىگە كەلسەك، داۋ جۈن خان ئۇنىڭ ھەممىسىنى ماقۇل كۆرۈپ يارلىق يېزىپ چۈشۈردى، خۇ مېڭ ۋە لۇ جيەننى يارلىق بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن، تون، قوياغ، ئات، شاھانە مەي قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ بىرىشقا ئەۋەتتى ھەمدە ئۇلار شۇ كۈنى خېبېيگا قاراپ يولغا چىقىپ، سۇڭ جياڭلارغا يارلىقنى يەتكۈزمەكچى بولدى. يارلىقتا يەنە خېبېيدىكى يېڭىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان ھەرقايسى دىيار، ئايماق، ناھىيەلەردىكى كەم مەنسەپدارلارنى تېزدىن تولۇقلاپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە مەنسەپكە ئولتۇرۇشقا ئەمر قىلىنغانىدى. داۋ جۈن خان خانلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ فۇ، سەي يۇلەرنىڭ دالالىتى بىلەن سەيلىگاھىغا ئىشرەتكە كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى خۇ مېڭدىن ئاڭلاڭ. خۇ مېڭ يارلىقنى ۋە ئىنئام قىلىنغان تارتۇقلارنى ئوتتۇز بەش ھارۋىغا لىقمۇلىق قاچىلاپ ئاستانىدىن خېبېيغا قاراپ يولغا چىقتى.

يول بويى ھېچقانداق گەپ ـ سۆز بولمىدى، بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، چۆگۈن چاقسا تېغى، جاۋدې دىيارىدىن ئۆتۈپ، ۋېيشېڭ ئايمىقىغا يېتىپ كەلدى. شەھەرگە يەنە يىگىرمە چاقىرىمدىن ئوشۇقراق يول قالغاندا، تۇتۇۋېلىنغان

قاراقچىلارنىڭ باشلىقىنى ئاستانىگە ئېلىپ كېتىۋاتقان سوڭ خانلىقى لەشكەرلىرىگە يولۇقتى. سوڭ جياڭ لەشكەرلەرنى قايتۇرۇش توغرىسىدىكى يارلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرۇشىغا، چيۇڭ يىڭ ئانىسىنى دەپنە قىلىپ بولۇپ كېلىپ قالدى.

سوڭ جياڭ چيۇڭ يىڭ ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ ۋە يې چىڭنىڭ ئەقىدىچانلىقى، قاراقچىلار باشلىقىنى تىرىك قولغا چۈشۈرگەن تۆھپىسى، شۇنىڭدەك چياۋ داۋچىڭ، سۇن ئەنلەرنىڭ ئوردىغا تەسلىم بولغانلىقى ۋە ئەجىر كۆرسەتكەن خادىملارنىڭ ئىشلىرى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىپ ئوردىغا مەلۇم قىلماقچى بولدى. جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭ، يې چىڭلارغا لەشكەر قوشۇپ، قاراقچىلار باشلىقىنى ئاستانىگە ئېلىپ بېرىشقا ماڭدۇردى.

شۇ ئەسنادا جاڭ چىڭ لەشكەر مەسلىھەتچىسى خۇ مىڭ، لۇ جيەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. جاڭ چىڭ بۇ خەۋەردىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن باسقاقبەگ چېن گۇەن سوڭ تۇرشاۋۇللارنىڭ قوشىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتتى.

چېن گۇەن، سوڭ جياڭلار سەردارلارنى ئېلىپ شەھەردىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، خۇ مىڭلار مۇقەددەس يارلىقنى كۆتۈرگىنىچە شەھەرگە كىردى. تەڭرىقۇت ھۆرمىتىگە خۇشبۇي كۆجىلەر يېقىلدى. چېن گۇەن، سوڭ جياڭ ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى سەردارلارنىڭ ھەممىسى رەت ـ رەت بولۇپ، يۈزلىرىنى يۇقىرى تەرەپكە قىلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. پېي شۇەننىڭ باشچىلىقىدا سەجدە ـ تەزىم قىلىنىشتى. سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن خۇ مىڭ تۆۋەن تەرەپكە قاراپ، شاھ سۇيىسىنىڭ سول تەرىپىدە تۇرۇپ يارلىقنى جاكارلىدى:

پېقىر بۈيۈك تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ باسقان ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتا سىلەردەك ئەزىمەتلەرنى تايانچ قىلىپ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى

www.uyghurkitap.com

داۋاملاشتۇرماقچىمەن. يېقىندىن بۇيان يۇرت پاسىلىدا پاراكەندىچىلىك كۆپ سادىر بولۇۋاتىدۇ، ئەل تازا ئەمىن تاپالمايۋاتىدۇ، ئەي تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ! سىلەر تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، خەتەرلىك توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ، توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىش، قاراقچىلارنى يوقىتىش يولىدا ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتىپسىلەر، بۇ دەرھەقىقەت تەرىپكە لايىق. مۇشاۋىر خۇ مېڭنى ئۇشبۇ يارلىق ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن، ئارغىماق، تون ـ قۇياغ، شاهانە مەي قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن سىزلەر ـــ چېن باسقاقبەگ، سۇڭ جياڭ، لۇ جۈنيىلەرنى تارتۇقلاشقا ئالاھىدە ئەۋەتتىم. ئەلهال ياۋۇز قاراقچى ۋاڭ چىڭ خۇەيخېنىڭ كۈنپېتىش قىسمىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەھەر ـ يۇرتلىرىمىزنى ئىشغال قىلىۋالدى، يۇقرالىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلدى، يۇرت پاسىلىمىزدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، كۈنپېتىش ئاستانىمىزگە تەھدىت سالدى، شۇل ۋەجىدىن يېقىر چېن گۇەننى باسقاقبەگلىككە، سۇڭ جياڭنى كۈنپېتىشنى تىنچلاندۇرغۇچى باش تۇرشاۋۇللۇققا، لۇ جۈنيىنى ئورۇنباسار تۇرشاۋۇللۇققا، خۇ مېڭنى لەشكەر مۇشاۋىرلىقىغا تەيىن قىلدىم. يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان هامان لەشكەر باشلاپ بېرىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن ۋەنجۇ ئايمىقىنى قۇتقۇزۇۋالغايسىلەر. ئەي سەردار ـ سەرۋازلار، سىلەر سەممىمىي ـ ساداقەتلىك بىلەن ھەمدەم بولۇپ، تەھدىتچىلەرنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن تۆھپەڭلارنى مەلۇم قىلساڭلار، ئىنئام ئاتا قىلىمەن، بېرىلگەن تارتۇقلار ئۇچ قوشۇندىكى سەردارلارغا خەج ـ خىراج قىلىشقا يەتمەي قالسا، چېن گۇەن خېبېيدىكى ئايماق، ناھىيەلەرنىڭ خەزىنىلىرىدىن بىر بۆلۈك پۇل ـ خىراجەت ئېلىپ، ئىنئام قىلغاندىن كېيىن ئۇنى تىزىملاپ مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويسىلا بولىدۇ، بەجا كەلتۈرگەيسىلەر، ئالاھىدە يارلىق چىقىرىلدى.

شۇەنخېنىڭ بەشىنچى يىلى تۆتىنچى ئاينىڭ ـ كۈنى

خۇ مېڭ شاهانە يارلىقنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن چېن گۇەن، سۇڭ جياڭلار شاهىنشاھىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي،

دەپ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، تەكرىقۇتنىڭ ھىممىتىگە تەشەككۇر بىلدۈردى.

خۇ مىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئىسىم تەرتىپى بويىچە تەقسىم قىلىپ بەردى، يەنى چىن گۆەن، سۈك جياڭ، لۇ جۈنيىلەرنىڭ ھەربىرىگە بەش يۈزئالتە مو سەردىن ئالتۇن، ئون توپتىن تاۋار ـ دۇردۇن، بىر قۇردىن كىيىم ـ كېچەك، بىردىن ئارغىماق، ئىككى شىپشىدىن شاھانە مەي؛ ۋۇ يۇڭ باشلىق ئوتتۇز تۆت سەردارنىڭ ھەربىرىگە ئىككى يۈز سەردىن ئاق ئالتۇن، تۆت توپتىن تاۋار ـ دۇردۇن، بىر شىپشىدىن شاھانە مەي؛ جۇ ۋۇ باشلىق يەتمىش ئىككى سەردارنىڭ ھەربىرىگە يۈز سەردىن ئاق ئالتۇن، بىر شىپشىدىن شاھانە مەي ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ئېشىپ قالغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنى چىن گۆەننىڭ مەھكىمىسىگچە ئېلىپ بىرىپ كەم قىسمىنى تولۇقلاپ، لەشكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. سۈڭ جياڭ جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭ، يې چىڭلارغا تيەن خۇ، تيەن باۋ، تيەن بياۋلارنى يالاپ ئاستانىگە سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئاپىرىشقا قايتا پەرمان بەردى.

گۇڭسۇن شىڭ كېلىپ:

ــ ئاغىمىزدىن بەش ئەجدىھا ئىبادەتخانىسىغا بەش ئەجدىھا سۈرىتىنى نەقىش قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلىمەن، ــ دېدى.

سۈڭ جياڭ ماقۇل بولۇپ ئۇنى ياساشقا ئۇستىكار ئەۋەتتى.

سۈڭ جياڭ دەي زۇڭ بىلەن ما لىڭنى شەھەرنى ساقلاۋاتقان سەردار ـ سەرۋازلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا يىڭى بەگ ـ سىپاھلار يېتىپ كېلىشى ھامان ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، لەشكەرلەرنى باشلاپ بىرىپ، ۋاڭ چىڭنى يوقىتىش ھەققىدىكى يارلىقنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى.

سۈڭ جياڭ بىرقانچە كۈن ئىش بېجىرىپ تۇردى. ئاڭغىچە يىڭى بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى. شەھەرنى

ساقلاۋاتقان سەردارلارمۇ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئارقىمۇئارقا كېلىپ بولدى. سۈڭ جياڭ خان ئىنئام قىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن شياۋ راڭ بىلەن جىن داجيەنگە بىر تاش پۈتۈك ياساپ، بۇ ئىشلارنى شۇ تاش پۈتۈككە ئويۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى. بۇ ۋاقىت بەشىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنىدە بولىدىغان تاڭزۇڭزا چاغىنىغا توغرا كەلگەنىدى. سۈڭ جياڭ ئامانلىق ـ ئاۋاتلىقنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن، سۈڭ چىڭنى كاتتا مەرىكە سورۇنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى. مەرىكە سورۇنىدا چىن گۈەنىنى تۆرگە چىقاردى. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئامباللار ۋە خۇ مىڭ، لۇ جيەنلەر، شۇنىڭدەك ئۆز ئايىمىقىدىكى ئىككى ياندىكى بەگ ـ سىپاھلار ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ئولتۇردى، سۈڭ جياڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن ئاستانىگە كەتكەن جاڭ چىڭدىن باشقا، بىر يۈز يەتتە سەركەردىنىڭ ھەممىسى، شۇنىڭدەك خېيبېيدا تەسلىم بولغان چياۋ داۋچىڭ، سۇن ئەن، بيەن شياڭ قاتارلىق ئون يەتتە سەركەردە رەت ـ رەت بولۇپ ئىككى ياندا ئولتۇردى. بەزمە جەريانىدا چىن گۈەن، خۇ مىڭ، لۇ جيەنلەر سۈڭ جياڭنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىلىرىنى ماختاشتى. سۈڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭلار ئۇلارنىڭ ئۆز قەلبىنى چۈشەنگەنلىكىگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى، مەرىكە سورۇنىدا بىردەم ئوردا ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلەشسە، بىردەم شېرىن مۇڭداشتى، نەغمە ـ ناۋالار قىلىشتى، قەدەھلەر چېقىشتى، شام ـ چىراغلار چاقناپ كەتتى، ئۇلار تاكى يېرىم كېچىگىچە ئىچىشىپ ئاندىن تارقاشتى.
ئەتىسى سۈڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ مەسلىھەت تۈزۈپ، لەشكەرلىرىنى ئىپدىتلاپ چىقتى، ئايماق بەگلىرى بىلەن خەيرلىشىپ ۋېيشىڭدىن يولغا چىقتى ـ دە، چىن گۈەنلەر بىلەن بىللە تۆۋەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بېسىپ ئۆتكەن يەرلەرنىڭ ھېچنېمىسىگە تەگمىدى. يۇقىرالار شام ـ چىراغلارنى يېقىپ، كوچە ـ ئىسرىقلارنى سېلىپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي يول

ئۈستىگە چىقىپ، سۇڭ جياڭلارنىڭ ئوغرى - قاراقچىلارنى يوقاتقانلىقىغا رەھمەت - تەشەككۈر بايان قىلىشتى، ئۇلارنىڭ پۇقرالارنى قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقارغان ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقاللا دېيىشتى.

سۇڭ جياڭلارنىڭ تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈش قىلغانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى ئەمدى پەيسىز ئوق جاڭ چىڭدىن باشلايلى. جاڭ چىڭ بىلەن چيۇڭ يىڭ، يې چىڭلار تيەن خۇلارنى كۈشۈك ھارۋىغا سېلىپ ئاستانىگە ئېلىپ ماڭدى، بۇلار يېتىپ بارغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭنىڭ يازغان مەكتۇپىنى ۋە ئۈنچە - مارجان قاتارلىق ئېسىل زىبۇ - زىننەتلەرنى سۇ ئەمىرگە تاپشۇردى. سۇ ئەمىر بۇ نەرسىلەرنى تەڭرىقۇتقا سۇندى، تەڭرىقۇت چيۇڭ يىڭ ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ ئەقىدىمەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ئالاھىدە يارلىق بىلەن چيۇڭ يىڭنىڭ ئانىسى سۇڭ ئاغىچىغا «ئەقىدىلىك ئامبال» دەپ نام بەردى، ھەم شۇ جايدىكى مەھكىمىگە ئۇلارنىڭ ئەقىدىمەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا سېلىپ، ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە ياد ئېتىپ تۇرۇشنى تاپشۇردى. چيۇڭ يىڭغا «ئەقىدىمەن ئادەم» دەپ نام بەردى، يې چىڭنى لەشكەر ئونبېشىلىقىغا بەلگىلىدى ۋە ئەللىك سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ئۇنى مەردلىكى ئۈچۈن تەقدىرلىدى. جاڭ چىڭنىڭ كونا مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. تەڭرىقۇت بۇ ئۈچ كىشىنى يەنىلا سۇڭ جياڭغا ھەمدەم بولۇشقا بۇيرۇدى ۋە خۇەيخىنىڭ كۈنپېتىش قىسمىنى بويسۇندۇرۇپ كەلسە، شۇ ئەجىر - تۆھپىلىرى ئۈچۈن مەنسىپىنى ئۆستۈرۈپ، تارتۇقلىماقچى بولدى. داۋ جۈن خان دادخاھ مەھكىمىسىگە يارلىق چۈشۈرۈپ، خاندىن يۈز ئۆرۈگەن قاراقچى تيەن خۇ، تيەن باۋ، تيەن بياۋلارنى رەستىدىكى جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ، چاناپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىشنى بۇيرۇدى. شۇ ئەسنادا چيۇڭ يىڭ دادىسى چۈشېن بىلەن ئانىسى سۇڭ ئاغىچىنىڭ رەسىمىنى ئاچىقىپ، ھۆكۈم نازارەتچىسىنىڭ

ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن جازا مەيدانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئاستى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر شىرە قويدى، دەل كۈن قىيىلغاندا تيەن خۇ قىيما ـ چىيما قىلىنغاندىن كېيىن چيۇڭ يىڭ ئۇنىڭ كاللىسىنى شىرەنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، ھۆڭگۈرەك ئىيتىپ يىغلاپ، ئاتا ـ ئانىسىغا قان تېمىتىپ تۇرۇپ ھازا ئاچتى. شۇ ئارىدا چيۇڭ يىڭ توغرىسىدىكى بۇ ۋەقە ئاستانىنىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلىپ كەتتى. شۇ كۈنى مەيدانغا تۇركۈم ـ تۇركۈملەپ كەلگەنلەردىن چيۇڭ يىڭنىڭ يىغا ـ زارىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، كۆز يېشى قىلمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. ھازىدىن كېيىن چيۇڭ يىڭ جاڭ چىڭ، يې چىڭلار بىلەن بىللە ئوردا تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ، تەڭرىقۇتنىڭ شاپائىتىگە تەشەككۇر بىلدۈردى. بۇ ئۈچەيلەن سۇڭ جياڭنىڭ ۋاڭ چىڭغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشىغا ھەمدەملىشىش ئۈچۈن ئاستانىدىن چىقىپ، ۋېنجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەي ئوقۇرمەن، سۆز بېشى ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەمدى ۋاڭ چىڭنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنىڭ باياندىن خەۋەردار بولۇڭ:

ۋاڭ چىڭ ئەسلىدە ئاستانىدىكى كەيفېڭ مەھكىمىسىنىڭ بىر يانداش قۇربېشى ئىدى، ئۇنىڭ ئاتىسى ۋاڭ شيۇ ئاستانىنىڭ چوڭ بايلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، كىشىلەرنى دەۋا ـ دەستۇر قىلىشقا قۇترىتىپ، مەھكىمە ـ يامۇللارنىڭ ئىشىكىدىن نېرى كەتمەيتتى، كۆيدۈرگۈلۈك قىلىپ، ياخشىلارغا كۈن بەرمەيتتى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتاتتى. بىر قۇرئەنداز ئۇنىڭغا بىر يەرلىكنى كۆرسىتىپ، مۇشۇ يەرلىككە ئىگە بولۇۋالسىڭىز، ئېسىل پەرزەنت كۆرىسىز دېگەنىدى، بۇ گەپكە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ شۇ يەرلىككە كۆزى چۈشتى. بۇ يەر ئەسلىدە ۋاڭ شيۇنىڭ ئەجدادلىرى يەرلىك قىلىپ كەلگەن جاي ئىدى. ۋاڭ شيۇ قۇرئەنداز بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۇغقىنىغا

زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى. شۇڭا، ئۇ يوق بىر تۆھمەتنى توقۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ شۇ تۇغقىنىنى ئۇستىدىن يامۇلغا ئەرز قىلدى، بۇ دەۋا يىلمۇيىل سوزۇلۇپ، بۇ تۇغقىنىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، ئۇ ۋاڭ شيۇغا تەڭ كېلەلمىگەنلىكتىن، ئاخىر ئاستانىنى تاشلاپ، يىراق ياقا يۇرتلارغا كەتتى. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ۋاڭ جىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن، پادىشاھلىق ئۇنىڭ ئۈچ ئەۋلادىنى قىرىپ تاشلىدى، ئۇنىڭ ھېلىقى ياقا يۇرتقا چىقىپ كەتكەن تۇغقىنىلا قېپقالدى، پادىشاھلىقتىن ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇنى ئامان قويغانىدى. ۋاڭ شيۇ ئاشۇ يەرلىكنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ ئاتا - ئانىسىنى شۇ يەرگە كۆمدى. شۇ چاغدا خوتۇنىنىڭ ئېغىرئاياغ بولغىنىغا بىر ئاي بولۇپ قالغانىدى. ۋاڭ شيۇ بىر كۈنى چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر يولۋاس ئۆيىگە كىرىپ، ئۆينىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە چىقىپ ئولتۇرغۇدەك، توساتتىن بىر شىر بۆسۈپ كىرىپ، يولۋاسنى چىشلەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ۋاڭ شيۇ ئويغىنىپ قارىسا، خوتۇنى بوشىنىپ، ۋاڭ جىڭنى تۇغۇپتۇ.

ۋاڭ جىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەردە يۈرىدىغان ئالىقانات بىرنېمە ئىدى. ئۇ ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلارغا كىرگەندە قەددى - قامىتى يېتىلىپ، تازا كۈچ - قۇدرەتكە تولدى. ئۇ ئوقۇشقا بارماي، ئەتىدىن كەچكىچە توخۇ سوقۇشتۇرۇپ، ئات يورغىلىتىپ، نەيزە - كالتەكلەرنى ئويناش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزدى. ۋاڭ شيۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ مۇشۇ بىرلا بالىسى بولغاچقا، ئۇنى ئەزىزلەپ، قەدىرلەپ چوڭ قىلدى. تاپقان - تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى ۋاڭ جىڭغىلا خەجلەپ، ھەر ئىشتا ئۇنىڭغا يان بېسىپ، نېمە دېسە ئۇنىڭ رايىغا قويۇپ بېرىپ، ئۇنى بەكمۇ ئەركە چوڭ قىلدى، شۇڭا ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ھېچكىم باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئوينايدىغىنى قىمار، يۈرىدىغىنى جالاپ، ئىچىدىغىنى شاراب ئىدى. ۋاڭ شيۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسى بەزىدە ئۇنىڭغا

تەربىيە بېرىپ نەسىھەتمۇ قىلاتتى. لېكىن، ۋاڭ چىڭنىڭ تەتۈرلۈكى تۇتقان ھامان ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ تىل تەگكۈزەتتى. ۋاڭ شيۇ ئامالسىزلىقتىن ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەردى. ئالتە ـ يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ مۈلكى ـ مىراسى پۈتۈنلەي تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ماھارىتىگە تايىنىپ، مەھكىمىدە ياندىش قۇربېشى بولۇۋالدى. ئۇ قولىغا بىرئازلا پۇل كىرگەن ھامان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن بولۇشىغا يەپ ـ ئىچىپ تۈگىتىۋېتەتتى، بەزىدە كۆڭلىگە ياقمىغۇدەك ئىشلار بولۇپ قالسا، دولىسىنى چىقىرىپ مۇشتلىشاتتى، شۇڭا بەزىلەر ئۇنىڭدىن قورقاتتى، بەزىلەر ئۇنى ياخشى كۆرەتتى.

بىر كۈنى ۋاڭ چىڭ تاڭ سۇزۇلۇشى بىلەنلا مەھكىمىگە بېرىپ يوقلىمىدىن ئۆتۈپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بوستانلىققا بېرىپ سەيلە ـ تاماشا قىلدى، بۇ چاغ داۋجۇن خانىنىڭ ئالتىنچى يىلى بولۇپ، باھارنىڭ كۆكلەم مەزگىلى ئىدى. بوستانلىقتا مىغ ـ مىغ ئادەم تاماشا قىلىپ يۈرەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پۇقرالارمۇ، لەشكەرلەرمۇ بار ئىدى.

### نەزم

تۈمەن مىڭ لالەيۇ رەيھان ئېچىلغان باغ ئارا كۆركەم،
يۈرەر سەيلانە ئاشىقلار شېرىن سۆھبەت بىلەن ھەردەم.
چىمەندە ئەسبى گۆھەرلەر خۇشال يايلايدۇ ـ كىشنەيدۇ،
راۋاقتا جىلۋىگەر پەرى، ئاڭا مەپتۇنتى گۈل ـ ئالەم.

ۋاڭ چىڭ ئۆزى يالغۇز بىرپەس تاماشا قىلغاندىن كېيىن كۆل بويىدىكى بىر تۈپ مەجنۇنتالغا يۆلىنىپ تۇردى ۋە ئۇ بىرەر تونۇش كېلىپ قالسا، بىللە مەيخانىغا كىرىپ بىرەر قەدەھتىن ئىچىۋېتىپ، ئاندىن قايتسامىكىن دەپ ئويلىدى. بىردەمدىن

كېيىن يۇقىرى تەرەپتىن مۇلازىم، پايلاقچى، خىزمەتكار، ئېمىكئانا قاتارلىق ئون نەچچە كىشى بىر تەختىراۋاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كېلىپ قالدى. تەختىراۋاندا قىزىل غۇنچىدەك بىر قىز ئولتۇراتتى، ئۇ قىز تالا ـ تۈزلەرنى كۆرمەكچى بولۇپ تەختىراۋاننىڭ قومۇش ئىشىك پەردىسىنى ئېچىۋەتكەنىدى. شەھۋەتپەرەس ۋاڭ چىڭ بۇ چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويدى ھەمدە ئابايىقى مۇلازىم بىلەن پايلاقچىنىڭ ۋازىر تۇڭ گۇەننىڭ مەھكىمىسىدىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. ۋاڭ چىڭ نېرىدىن تەختىراۋانغا ئەگىشىپ، ھېلىقى كىشىلەر توپى بىلەن بىللە گېنيۆ تۆپىلىكىگە كەلدى. بۇ تۆپىلىك ئاستانىنىڭ كۈنچىقىش يۇقىرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنى داۋ جۇن خان ياساتقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاجايىپ ـ غارايىپ تاشلار، قەدىمىي دەرەخلەر، ئېسىل قۇشلار، كۆلچەكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كۆلچەكلەرنىڭ يېنىغا جايلاشقان چىرايلىق ئايۋان ـ شىپاڭلارنىڭ سانى يوق ئىدى. ئەتراپى قىپقىزىل تاملار بىلەن ئورالغان بولۇپ، قىزىل دەرۋازىلار مەھكەم تاقىۋېتىلگەنىدى. دەرۋازىلارنىڭ ئىچىدە ئوردا ياساۋۇللىرى قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى. كەلسە ـ كەلمەس كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغىمۇ بارالمايتتى. ھېلىقى بىر توپ ئادەم بۇ يەرگە كېلىپ توختاپ، تەختىراۋاننى يەرگە قويدى، ئىنىكئانا ھېلىقى قىزنى تەختىراۋاندىن يۆلەپ چۈشۈردى، قىز باغچىغا قاراپ، ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ، ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. دەرۋازىغا قاراپ تۇرغان ياساۋۇل ـ مۇلازىملار ئۇنىڭغا يول بېرىپ، ئىچكىرىگە كىرگۈزۈۋەتتى، ئەسلىدە بۇ قىز تۇڭ گۇەننىڭ ئىنىسى تۇڭ شى دېگەننىڭ قىزى بولۇپ، ياڭ جيەننىڭ قىز نەۋرىسى ئىدى. ئۇنى تۇڭ گۇەن ئۆز قىزى ھېسابىدا بېقىۋېلىپ، سەي يۈنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلماقچى بولغانىدى. شۇڭا، بۇ قىز سەي جىڭنىڭ نەۋرە كېلىنى بولماقچى. بۇ قىزنىڭ ئەركىلەتمە ئېتى جياۋ شيۇ

بولۇپ، ھازىر ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان لى سەتەڭنىڭ ئۆيىگە كۆڭۈل ئاچقىلى كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇ باغچىغا كىرىپ ئۇيناپ چىققۇسى كېلىپ، تۇلۇڭ گۈەنگە ئېيتقانىدى. شۇڭا، تۇلۇڭ گۈەن ئالدىن ئوردا ياساۋۇللىرىغا جېكىلەپ قويغانلىقتىن، ئۇنى توسماي، ئۇدۇل كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. جىياۋ شىيۇ باغچىغا كىرىپ كېتىپ، ئىككى ئاش پىشىمغىچە چىقمىدى. ۋاڭ چىڭ دېگەن بۇ كاساپەت سىرتتا ھاڭۋېقىپ ساقلاپ تۇردى. قورسىقى ئېچىپ كېتىپ، كۇنېيىتىش كوچىدىكى مەيخانىغا بېرىپ، ئازراق مەي — شاراب، گۆش — پۆش ئېلىپ، ئالدىراپ — تېنەپ ئالتە — يەتتە قەدەھ ئىچىۋەتتى — دە، ھېلىقى قىزنى كېتىپ قالارمىكىن دەپ ھېسابلاشمايلا، يانچۇقىدىن ئىككى مىسقال كېلىدىغان بىر پارچە كۈمۈشنى مەيپۇرۇشقا تاشلاپ بېرىپ:

— سەل تۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن ھېسابلىشىۋالارمىز، — دەپ قويۇپلا باغچىنىڭ ئالدىغا يېنىپ كەلدى. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى قىز لەرزان قەدەم بىلەن مېڭىپ، ئىنىككئانىسى بىلەن بىللە باغچىدىن چىقىپ كەلدى، ئۇ تەخترىۋاندىمۇ ئولتۇرماي، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە كۆز سېلىپ كەلمەكتە ئىدى. ۋاڭ چىڭ بۇ قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ شۇنداق كېلىشكەن ساھىبجامال قىز ئىكەنكى، ئۇنىڭ ساھىبجامالىلىقىغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

ئاغزى ئويماقتەك، بولاقتەك كۆزلىرى —
مىسلى گۈل چېھرى، سەنۇبەر قامىتى.
گەر ئاڭا سالساڭمۇ ئالتۇندىن ساراي —
ئەرزىمەس، شۇنچە نۇرانە سۆلىتى.
بولمىسا گەر تۈنۈگۈنكى ساپ ھاۋا،
بولمىسا شۇ چاغدىكى ئايدىڭ كېچە.



www.uyghurkitap.com

مەنمۇ بولماستىم پەرىشان ـ ناتىۋان،
ئاھ، ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتاي ئۆلگۈچە.
يەلپۈنسە لەرزان شاھانە كىيىمى،
مۇشكى ـ ئەنبەردەك پۇراقلار تارقىلار.
جۇپ كۆڭۈلنىڭ رىشتىنى چىڭ باغلا، ئەي —
كۆكتىكى ئاي، يەردىكى گۈل لالىلەر.

ۋاڭ چىڭ قىزنىڭ مۇبارەك گۈزەل جامالىنى كۆرگەندىن كېيىن يۈرەكلىرى ئوينىناپ، نەپسى تاقىلداپ، پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ، سىمابتەك ئېرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئەمدى جياۋ شيۇمۇ كىشلەر ئارىسىدىن ۋاڭ چىڭنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئاشىق ـ بىقارار بولدى.

نەزم

بىر يىگىت مەڭزى ئانادەك لالە رەڭ،
بوتاكۆز، بەرگى قىياقتەك قاشلىرى.
ئەمدىلا تارتقان ساقالى خەت ئۇنىڭ،
ماڭلىيى كەڭ خۇددى قۇندۇز چاچلىرى.
قامىتى كۆركەم، كېلىشكەن نەۋقىران،
كۆرسە پەرى، ئاڭا بولغاي مەھلىيا.
ئۆزىنى شۇنچە بىزەپتۇ ياسىنىپ،
ئۇ تىنىم تاپمايدۇ شەھۋەت ئوتىدا.
قارىدىم دىققەت تەئەججۇپ ئىلكىدە،
زەپ چىرايلىق ئىدى ئۇ مەغرۇر زىبا.
ئىشق مېھرىدىن چاچاتتى شولا ـ ئوت،
ئايىتى دەۋدان ئىدىكىم ئۇ گويا.

جياۋ شيۇ بىر قاراپلا بۇ ئىشقىۋاز ۋاڭ چىڭغا كۆيۈپ قالدى.

بۇ چاغدا مۇلازىملار بىلەن پايلاقچىلار خەقلەرنى پوش ـ پوش دەپ ئارقىغا داجىتتى، ئىنىكئانا جىياۋ شيۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تەختىراۋانغا چىقاردى، مۇلازىملار ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا بۇرۇلۇپ، چىلان قوۋۇقنىڭ ئالدىدىكى يۆمياۋ بۇتخانىسىغا كۆچە ـ ئىسرىقلار يېقىشقا ئېلىپ كەلدى. ۋاڭ چىڭمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ يۆمياۋ بۇتخانىسىغا كەلدى. بۇ يەردە ئادەم ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قىستا ـ قىستاڭچىلىقتىن ئۆتكىلى بولمايتتى. ھەممە كىشى ئۇلارنىڭ تۆت ۋازىرنىڭ مۇلازىم ـ پايلاقچىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا يول بوشىتىپ بەردى. جىياۋ شيۇ تەختىراۋاندىن چۈشۈپ، بۇتخانىغا كىرىپ كۆجە ـ ئىسرىقلار ياقماقچى بولدى. ۋاڭ چىڭ قىستىلىپ ـ سوقۇلۇپ ئالدىغا بىرىۋالدى ـ يۇ، لېكىن خىزمەتكارلارنىڭ گۇركىرىشىدىن قورقۇپ، جىياۋ شيۇغا يېقىن كېلەلمىدى. ۋاڭ چىڭ بۇتخانا شەيخى بىلەن تونۇشقاندەك بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا شام ـ كۆجە يېقىشىپ بەردى، ئۇ كۆزىنى جىياۋ شيۇدىن ئۈزمەيتتى، جىياۋ شيۇمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ ـ تىكىلىپ قاراپ قوياتتى. ئەسلىدە جىياۋ شيۇنى بەرمەكچى بولغان سەي يۇنىڭ ئوغلى تۇغما گاللۇاڭ ئىدى، جىياۋ شيۇ ئۆيىدىكى چاغدا، بىرنەچچە قېتىم كەلگەن دەللالدىن ئۇنىڭ ھەققەتەن شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن بىزار بولغانىدى. ئەمدى ۋاڭ چىڭنىڭ ئىشقۋاز، كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ نازىنىنىڭمۇ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى تۆت ۋازىرنىڭ دۆڭ ئاتلىق پايلاقچىسى ئاللىبۇرۇنلا كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ قورىبېشى ۋاڭ چىڭ ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى. دۆڭ پايلاقچى ۋاڭ چىڭنىڭ كاچىتىغا تازا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى ۋە:

— بۇ كىمنىڭ بالىچاقىسى، بىلەمسەن؟ سەن كەيفىڭ مەھكىمىسىدىكى بىر چېرىك تۇرۇپ، ھەددىڭدىن ئېشىپ بۇ يەردە قىسىلىپ ـ سوقۇلۇپ نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ مەن بېرىپ

بېگىمگە ئېيتىدىغان بولسام، قېنى سېنىڭ ئېشەك كاللاڭنىڭ بوينۇڭدا تۇرغىنىنى كۆرەي ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ۋاڭ چىڭ غىڭ قىلماي، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ بۇتخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى ۋە «تۇفى» دەپ بىر تۈكۈرۈۋېتىپ: «ئاپلا، مەن نېمىدېگەن هاماقەت، قارا، مېنىڭ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىماقچى بولغىنىمنى !» دەپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئىزا تارتقىنىدىن يالغۇز دەپلا ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. جياۋ شيۇ مەھكىمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن كېچىچە خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ، چۈرىسىگە بىرمۇنچە تارتۇق بېرىپ، دۆڭ پايلاقچىنىڭ يېنىغا ۋاڭ چىڭنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئۇقۇشقا ئەۋەتتى. چۈرە بىلەن شۇ موماي تونۇش ئىدى، بۇلار ئىككىسى بىرلىكتە دەللاللىق قىلىپ، ۋاڭ چىڭنى ئىنىس - جىنىغا تۇيدۇرماستىن ئارقا ئىشىكتىن باشلاپ كىردى، ئەمدى ۋاڭ چىڭ بىلەن جياۋ شيۇ ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتتى. ۋاڭ چىڭ دېگەن بۇ بەچچىخەر خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي، مەي - شارابلارنى ئىچىپ كۈننى كەچ قىلىدىغان بولدى.

هەش - پەش دېگۈچە ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇن كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار دېگەندەك، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋاڭ چىڭ ئۆلگۈدەك مەست بولۇپ قېلىپ، مەھكىمىدىكى ئۇن قۇرىيشى جاڭ بىننىڭ ئالدىدا بۇ ئىشنى مەستلىكتە ئاغزىدىن چىقىرىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش هەممە يەرگە يېيىلىپ كېتىپ، ئاخىر تۇڭ گۇەننىڭ قۇلىقىغا چۈشتى. تۇڭ گۇەن دەرغەزەپ بولۇپ، بىرەر باهانە - سەۋەب تېپىپ ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرمەكچى بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى ۋاڭ چىڭدىن ئاڭلاڭ. ۋاڭ چىڭ بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن تۇڭ گۇەن مەھكىمىسىگە زادىلا كىرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ۋاڭ چىڭ ئىچى پۇشۇپ ئۆيىدە ئولتۇراتتى، بۇ چاغ بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

بولۇپ، ھاۋا تازا ئىسسىپ كەتكەندى. ۋاڭ چىڭ بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ چىقىپ، ھويلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا قويۇپ سالقىندىماقچى بولدى ـ دە، ئۆيگە يەلپۈگۈچ ئالغىلى كىرىپ كەتتى، بىر چاغدا قارىسا، ھېلىقى ئورۇندۇقنىڭ تۆت پۇتى مىدىرلاپ، ھويلىدىن ئۆيگە كىرىپ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇ ھەيران بولغان ھالدا: «ياپىرىم! بۇ نېمىدېگەن كارامەتتۇ؟!» دەپ ئوڭ پۇتى بىلەن ئورۇندۇقنى بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتتى ـ دە، شۇ زامانلا: «ۋايجان، ۋاييەي!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئورۇندۇقنى تەپمىگەن بولسا، ھېچقانداق ئىش چىقمايتتى. تېپىپ قويۇۋىدى، چاتاقنىڭ ھەممىسى تېرىلدى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئاموخاس! بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ، ۋاڭ چىڭنىڭ بۇ ئورۇندۇقنى تېپىپ قويۇپ، نىمىشقا مۇنچىۋالا ۋايدادقا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز ئىككىنچى باب

## ۋاڭ چىڭنىڭ شەھۋەتپەرەسلىك قىلىپ دەۋا ـ دەستۇرغا قالغانلىقى
## گۇڭ دۆەنىڭ تاياق يەپ مەھبۇسنى ئۇستاز تۇتقانلىقى

ئەلقىسسە، ۋاڭ چىڭ ئورۇندۇقنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى كېلىشتۇرۇپ بىرنى تېپىۋىدى، بەك كۆچەپ كەتكەنلىكىدىن بېلى قايرىلىپ كېتىپ، يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى ـ دە، «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى ۋە بىرھازاغىچە مىدىر ـ سىدىر قىلالماي قالدى.

ۋاڭ چىڭنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلاپ چىقىپ قارىدى، قارىغۇدەك بولسا، ئورۇندۇق بىر ياقتا يىقىلىپ يېتىپتۇ، ئېرى بولسا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ:

— ھەي لەقۋا، كۈنبويى تالادىلا يۈرسەن، يا ئۆي بىلەن كارىڭ بولمايدۇ، ئەمدىلا كېلىپ نېمە قىلىپ يۈرسەن؟ — دېدى.

— خوتۇن، چاقچاق قىلما! بېلىم چىم بولۇپ كەتتى، بولالماي قالدىم، — دېدى ۋاڭ چىڭ.

خوتۇنى ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ۋاڭ چىڭ قولى بىلەن خوتۇنىنىڭ مۈرىسىگە تايىنىپ، ئاغرىققا چىدىماي تولغىنىپ، بېشىنى ئۇياق ـ بۇياققا قىلغىنىچە چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ:

— ۋايجان، ۋاي ئاللا، قانداق قىلاي، بەك ئاغرىپ كەتتىغۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ھەي سولتەك، سەن ئادەتتە چامباشچىلىق بىلەنلا

ھەپىلىشەتتىڭ، مانا ئەمدى «بۆلغاپ قويدۇڭ» ئەمدى بولدىمۇ؟! — دەپ تىللىدى خوتۇنى.

خوتۇن ئۆز ئاغزىدىن بۇنداق سەت گەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيدى - دە، كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئاغزىنى تۇسۇۋېلىپ كۈلدى. ۋاڭ چىڭ «بۆلغاپ قويدۇڭ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەل ئاغرىقىمۇ بىر ياقتا قېلىپ ئۆزىنى باسالماي كۈلۈۋەتتى، خوتۇنى ۋاڭ چىڭنى يەنە بىر تەستەك ئۇرۇپ:

— ھەي دۆيۈز، سەن گەپنى نەگە ئەكېتىۋاتىسەن؟ — دېدى ۋە ئۇنى يۆلەپ كاتقا ياتقۇزۇپ قويدى، ئاندىن ۋاڭ چىڭنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە ياڭاق مېغىزى، بىر كاسا ئىسسىتىلغان مەي كەلتۈردى، ئىشىك - پەنجىرىلەرنى تاقاپ، چۈش - پاشلارنى ئۆلتۈردى - دە، ئاندىن چىمىلدىقنى چۈشۈرۈپ ئېرى بىلەن يېتىپ قالدى. ۋاڭ چىڭنىڭ بېلى قاتتىق ئاغرىغانلىقىدىن مىدىر - سىدىر قىلالمىدى.

بۇ كېچە ھېچقانداق ۋەقە ئۆتۈلمىدى، ئەتىسىگىچە ۋاڭ چىڭنىڭ ئاغرىقى قويۇپ بەرمىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ ھالىم بىلەن ياخۇلغا قانداقمۇ بارىمەن؟» دەپ ئويلىدى. چۈش بولاي دەپ قالغاندا، خوتۇنى ئۇنى مەلھەم دورا ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. ۋاڭ چىڭ تەسلىكتە ياخۇل ئالدىدىكى ئىشىكى يوقىرى تەرەپكە قارايدىغان دۇكاندا ساپلا تاياق يارىسىنى، يىقىلىپ سۈرۈلۈپ كەتكەن يەرلەرنى داۋالايدىغان چيەن بوۋاينى تېپىپ، ئىككى پارچە مەلھەم دورا ئېلىپ بېلىگە چاپلىدى. چيەن بوۋاي:

— يارىلىرىم تېزرەك ساقايسۇن دېسىڭىز، زەخمىگە داۋا بولىدىغان، قاننى راۋانلاشتۇرىدىغان ئىككى بولاق دورا قايىنتىپ ئىچىسىڭىز بولىدۇ، — دەپ ۋاڭ چىڭغا ئىككى بولاق دورا بەردى.

ۋاڭ چىڭ يانچۇقىدىن ئىككى - ئۈچ مىسقال كۈمۈش ئېلىپ قەغەزگە يۆگىدى، چيەن بوۋاينىڭ كۆزى كۈمۈشكە چۈشكەن بولسىمۇ، باشقا ياققا قارىۋېلىپ كۆرمەسكە سېلىپ تۇرۇۋالدى. ۋاڭ چىڭ:

— ئاز كۆرمەي قوغۇن - تاۋۇز ئېلىپ يەرسىز، — دەپ قەغەز بولاقنى ئۇنىڭغا سۇندى.
— بىز ئاغىنە ئادەملەر تۇرساق، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، سەت بولىدىغان بولدىغۇ، — دېدى چيەن بوۋاي ۋە ئۇلۇق قولى بىلەن قەغەز بولاقنى ئېلىپ دورا ساندۇقىغا سېلىپ قويدى.
ۋاڭ چىڭ دورىنى ئېلىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، يامۇلنىڭ كۆنپېتىش كوچىسىدىن بىر رەممال چىقىپ كەلدى، بۇ رەممال بېشىغا شايى بوغمىچا چىگكەن، ئۇچىسىغا كاتاندا تىكىلگەن تون كىيگەن، قولىغا بىر كۆنلۈك تۇتقان بولۇپ، كۆنلۈكنىڭ دەستىسىگە بىر قەغەز تاختا ئېسىلغانىدى، تاختىغا: «تەقدىر - تەلىيىڭگە پال ئاچىمەن» دېگەن سۆزلەر چوڭ - چوڭ قىلىپ يېزىلغانىدى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە بولسا: «ئۆزۈم جىڭنەنلىك، لى جۇدۇر ئېتىم، ئاچىمەن ئون تىيىنغا پالنى بىر قېتىم، توغرا چىقىدۇ ھەر كەلىمە سۆزۈم، گۇەن لۇ①دىن ئاشىدۇ بۇ پالچىلىقىم» دېگەن سۆزلەر ئۇششاق قىلىپ يېزىپ قويۇلغانىدى. ۋاڭ چىڭ جياۋ شيۇ بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانلىقى ۋە تۈنۈگۈنكى ئاجايىپ ئىشقا يولۇققانلىقى ئۈچۈن، دەرھال رەممالغا:
— لى تەخسىر، بۇ يەرگە مەرھەمەت قىلىڭ! — دەپ چاقىردى.
— خوش، ھۆرمەتلىك بېگىم، بۇيرۇيدىغان قانداق خىزمەتلىرى باركىن؟ — دەپ سورىدى رەممال ۋە ۋاڭ چىڭنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ۋاڭ چىڭ:
— پېقىرغا بىر پال ئېچىپ باقسىڭىز، — دېدى.
لى جۇ كۆنلۈكىنى يىغىپ، مەلھەم دورا دۇكىنىغا كىردى ۋە چيەن بوۋايغا قاراپ ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ:
— سىلىنى بىسەرەمجان قىلىدىغان بولدۇم، — دەپ سالام

① گۇەن لۇ — ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئۇستا رەممال.

بەردى ۋە تونىنىڭ ئىچىدىن بىر سۆسۈن ياغاچ قۇتىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن بىر تومپۇرنى ئالدى ـ دە، ئۇنى ۋاڭ چىڭغا سۇنۇپ:

— بېگىم، ئاۋۇ تەرەپكە بېرىپ ئاسمانغا قاراپ دۇئا قىلسىلا، — دېدى.

ۋاڭ چىڭ تومپۇرنى ئېلىپ قىزىق ئوتتەك قىپقىزىل قۇياشقا قاراپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. لېكىن، بېلى ئاغرىغانلىقىدىن بەك ئېگىلىپ كېتەلمىدى، ئۇ خۇددى سەكسەن ـ توقسان ياشقا كىرگەن بوۋايدەك بېلىنى سەل ـ پەل ئېگىپ ئاسمانغا قاراپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. نېرىراقتا تۇرغان لى جۇ ۋاڭ چىڭنىڭ ئۇ ھالىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاستاغىنا چيەن بوۋايغا قاراپ:

— سىلىنىڭ مەلھەملىرىنى چاپلىغاندىن كېيىن تېز ئوڭشىلىپ قالار، تاياق زىيدىسى ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— ئۇ ئورۇندۇقنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ بىرنى تېپىپتىكەن، بېلى چىم بولۇپ كېتىپتۇ، بايا كەلگەندە سۆز قىلىشقىمۇ مادارى يوق ئىدى، مېنىڭ ئىككى پارچە مەلھىمىمنى چاپلىغاندىن كېيىن ھازىر بېلىنى كۆتۈرەلەيدىغان بولدى، — دېدى چيەن بوۋاي.

— مەن قارىسامۇ بېلى چىم بولۇپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، — دېدى لى جۇ.

ۋاڭ چىڭ دۇئا قىلىپ بولۇپ، تومپۇرنى لى جۇغا سۇندى. لى جۇ ۋاڭ چىڭنىڭ ئىسمىزاتىنى سورىغاندىن كېيىن ياغاچ قۇتىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئايەت ئوقۇدى:

خاسىيەتلىك كۇنلەردە — يەر ـ زېمىندىن بەخت ياغار، پەيغەمبەرلەر كارامەت قىلسا، خالايىقلار ماختىشار. ھەممە ئىشقا قادىر ۋە كامىل، ھەرنە كۆرسەتمىسى ئالەمگە لايىق. ئاسمان بىلەن يەر قوشۇلسا ئەردەم بولىدۇ، ئاي بىلەن كۈن قوشۇلسا نۇرلۇق



www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. تۆت ۋاقىت قوشۇلسا تەرتىپ بولىدۇ، جىن بىلەن ئىلاھ قوشۇلسا بەخت ـ شۇملۇق ياغىدۇ. ئاستانە كەيفىڭ دىياردىن ۋاڭ ئاتلىق جانابىي ئالىيلىرى تەڭرىگە سىغىنىپ پال ئاچقۇزماقچى بولدى. بۈگۈن ھەمەل بۇرجىنىڭ توشقان كۈنى، ئەي جۇ ۋىنۋاڭ، گۇي گۇ، يۈەن تيەنگاڭ قاتارلىق پېشۋا ئەۋلىيا ـ ماشايىخلىرىمىزا! بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىپ كارامەت كۆرسىتىپ، تۆگۈننى يېشىپ، ياخشى ـ يامانلىق تەلىيىنى روشەن ـ ئايان قىلىپ بېرىشىڭىزلارنى تىلەيمەن.

لى جۇ ياغاچ قۇتىدىكى تومپۇرلارنى شاراقلىتىپ ئىككى قېتىم تۆكۈپ پال ئاچتى. ئۇ چۈشكەن پالدىكى ئالتە سىزىققا قاراپ:

— ئۆزلىرى نېمە توغرىدا پال ئاچتۇرماق بولۇۋاتىدىلىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆيۈم توغرىسىدا، — دېدى ۋاڭ چىلىڭ.

— ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، بىگىم، — دېدى لى جۇ بېشىنى چايقاپ، — سىلىگە كېلىدىغان بالايىئاپەت تېخى ئەمدى باشلىنىپتۇ! مۇنداق بىرنەچچە ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزۈم بار، ئەسلىرىدە تۇتسىلا.

لى جۇ بىر قاتلىما يەلپۈگۈچنى يەلپۈپ تۇرۇپ بايان قىلدى:

خانىدانلىرى ئۈستىگە ھەر خىل بالايىئاپەت كەلگۈدەك، زادى تىنچ بولالمىغۇدەك، يا قەدىمىي بۇتخانىغا ۋە يا خەتەرلىك كۆۋرۈككە دۇچ كەلگۈدەكلا، شۇملۇق ئىلاھى سىلىنى دەۋا ـ دەستۇرغا قويغۇدەك ۋە كېسەلگە دۇچار قىلغۇدەك. باش بولغان بىلەن، ئاياغ بولمىسا ھېچنېمىگە دال بولماس، ئەزىزلەرگە يولۇقۇپ قالسىلا، شۇملۇق قىلىپ زىندانغا تاشلىغۇدەك، ئامانلىق تاپالماي، يىقىلىپ چۈشكۈدەكلا، تۆت ئەزالىرى ھالسىزلىنىپ، ھاسىغا چۈشۈپ قالغۇدەكلا. ئىش ـ ئەمەللىرىنى يەڭگۈشلىسىلە، ناھەق ئىشلار دەپىي بولغۇدەك. يولۋاس، ئەجدىھا، توخۇ، ئىت كۈنلىرى دۇچ كەلسە، باشلىرىغا ئېغىر كۈلپەت چۈشۈپ، نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككۈدەكلا.

ۋاڭ چىڭ لى جوۋغا روبىرو ئولتۇراتتى، يەلپۈگۈچ سىرىنىڭ سېسىق پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى، ۋاڭ چىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن بۇرنىنى توسۇۋېلىپ، لى جوۋنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى. لى جوۋ پالنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ چىڭغا:

— پېقىر ھېچنېمىنى يوشۇرماي ھەممىنى ئېيتتىم. ئۆيلىرىدە يەنە ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار سادىر بولغۇدەك، كۆچۈپ كەتكەنلىرى تۈزۈك، ئەتە ئەجدىھا كۈنى، پەخەس بولغايلا! — دېدى.

ۋاڭ چىڭ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ لى جوۋغا پال ھەققىنى تۆلەپ ئۇنى يولغا سالدى. لى جوۋ دورىخانىدىن چىقىپ كۆنلۈكنى ئاچتى - دە، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا يامۇلدىكى بەش - ئالتە دورغا ۋاڭ چىڭنى كۆرۈپ قېلىپ:

— بۇ يەردە قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ چىڭ ئۆزىنىڭ بىر ئاجايىپ - غارايىپ ئىشقا دۇچ كېلىپ بېلى چىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ پاراققىدە كۈلدى، ۋاڭ چىڭ:

— ئەگەر ئامبال مېنى سوراپ تارتىپ قالسا، ھەرقايسىلىرى مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئۇبدان دەپ قويارلا، — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز، — دېدى كۆپچىلىك ۋە ئۆز ئىشلىرىغا كېتىشتى.

ۋاڭ چىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، خوتۇنىنى دورا قاينىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ۋاڭ چىڭ ئاغرىقىنى تېز ساقايتىمەن، دەپ ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدىلا ئىككى بولاق دورا ئىچىۋەتتى. دورىنىڭ ئۈنۈمىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يەنە بىرمۇنچە مەي ئىچتى، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئەتىسى چاي ۋاقتىغىچە ئۇخلاپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ چىڭنىڭ قورسىقى ئاچقاندەك قىلدى. ئۇ ئازراق مەي



www.uyghurkitap.com

ئىسسىتىپ ئىچتى. ئۇلار ناشتا قىلىپ ئولتۇرغاندا، سىرتتىن «يايى بېگىم ئۆيدە بارمۇ؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ۋاڭ چىڭنىڭ خوتۇنى ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ:

— يامۇلدىن كەلگەن كىشى ئىكەن، — دېدى.

ۋاڭ چىڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىردەم ھاڭۋىقىپ قالدى، ئاندىن ئىلاجسىز قاچىنى قويۇپ، ئاغزىنى سۈرتتى ـ دە، سىرتقا چىقىپ:

— ئىككىلىرى نېمە ئىش بىلەن كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى سالام بېرىپ.

— سەن دەرھەقىقەت يارامسىز ئادەم ئىكەنسەن، ئەتىگەندە يۈزۈڭدىن نۇر يېغىپ تۇرۇپتۇ! بۈگۈن ئەتىگەندە ئامبال يوقلىما قىلىپ، سەن بولمىغاندىن كېيىن ئىنتايىن كايىپ كەتتى. بىز ئامبالغا سېنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشقا دۇچ كېلىپ، بېلىنىڭ چىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتساقمۇ ئىشەنمىدى، ئۇ بىزگە بىر بۇيرۇق تاختىسىنى تۇتقۇزۇپ، سېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، — دېدى ھېلىقى ئىككى دورغا ۋە بۇيرۇق تاختىسىنى كۆرسەتتى.

— ھازىر يۈزۈم قىزىرىپ كەتكەن تۇرسا، قانداقمۇ بېرىپ كۆرۈشىمەن؟ سەل تۇرۇپ باراي، — دېدى ۋاڭ چىڭ.

— بۈنىڭ بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق، ئامبال دەرھال كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، دەيدۇ، كېچىكىپ قالساڭ بىزنى بالاغا تىقىسەن. ماڭ، چاپسان بول ! — دېدى ئىككى دورغا.

ۋاڭ چىڭنىڭ خوتۇنى ھاپىلا ـ شاپىلا ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ سۈرۈشتۈرگۈچە، ئىېرى دورغىلار بىلەن ئىشىكتىن چىقىپ كېتىپ قالدى.

ئىككى دورغا ۋاڭ چىڭنى يۆلەپ كەيفېڭ دىيارى مەھكىمىسىگە ئەكەلدى، ئامبال دىۋانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولۋاس تېرىسى قاپلانغان ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئىككى دورغا ۋاڭ چىڭنى ئامبالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ:

www.uyghurkitap.com

— ئەمرلىرىگە بىنائەن ۋاڭ چىڭنى تۇتۇپ كەلدۇق، — دېدى.

ۋاڭ چىڭ تىزلىنىپ تۇرۇپ ئامبالغا تۆت قېتىم تەزىم قىلدى، ئامبال:

— ئەي ۋاڭ چىڭ، سەن سەرۋاز تۇرۇقلۇق نېمە ۋەجىدىن ئىشقا سۇسلۇق قىلىپ، يامۇل خىزمىتىگە ۋاقتىدا ھازىر بولمايسەن؟ — دېدى.

ۋاڭ چىڭ يەنە ھېلىقى ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشقا دۇچ كېلىپ، بېلى چىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىگىچە سۆزلەپ بەردى ۋە:

— راستىنى ئېيتسام، بەل ـ ئومۇرتقىلىرىم ئاغرىغانلىقىدىن يا ماڭالماي، يا ئولتۇرالماي، يا ياتالماي قالدىم. ئىشقا سۇسلۇق قىلىشقا ھەددىمنو، ئۆزلىرىنىڭ رەھىم قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى.

ئامبال ۋاڭ چىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن:

— ھو بەتبەخت، سەن دائىم مەي ئىچىپ كەيپ بولۇپ، قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسەن، بۈگۈن يەنە نەدىكى غەلىتە سۆزلەرنى تېپىپ مېنى ئالداۋاتىسەن! — دەپ يايىلارغا ئۇنى ئاچچىقىپ ئۇرۇشنى بۇيرۇدى.

ۋاڭ چىڭ ھەرقانچە دەپ ـ ئېيتىپ باقسىمۇ، گېپى زادىلا ئاقمىدى، يايىلار ۋاڭ چىڭنى ساۋاپ ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى تىتما ـ تىتما قىلىۋەتتى، ئۇنى غەلىتە گەپلەرنى تېرىپ خالايىقنى ئېزىقتۇرۇش بىلەن، قانۇن ـ ياساقتا زىت ئىشلارنى قىلدىم، دېگەن گۇناھنى گەدىنىگە ئېلىشقا قىستىدى. ۋاڭ چىڭ تاياق دەستىدىن گاھ ھوشىدىن كېتىپ، گاھ ھوشىغا كېلىپ ۋايسىدى، ئاقىۋەت تاياقتا چىداشلىق بېرەلمەي ئىلاجسىز ئىقرار قىلدى. ئامبال ۋاڭ چىڭنىڭ ئىقرارىنى يازدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن گۇندىپاينى ۋاڭ چىڭغا تاقاق سېلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم

قىلىنغانلار زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇدى، ئۇنىڭغا غەلىتە گەپلەرنى تېرىپ، قانۇنغا زىت ئىشلارنى قىلغان دېگەن گۇناھنى ئارتىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان بولدى. گۇندىپايلار ۋاڭ چىڭنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ زىندانغا تاشلىدى.

ئەسلىدە تۇڭ گۇەن ئامبالغا خۇپىيانە ئادەم ئەۋەتىپ، ۋاڭ چىڭنى بىرەر باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن جايلىۋېتىشنى تاپشۇرغانىدى، مانا مۇشۇنداق بىر پەيتتە ۋاڭ چىڭ ئاشۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشقا يولۇقتى. شۇ چاغلاردا يامۇلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاڭ چىڭنىڭ جياۋ شيۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلار: «ۋاڭ چىڭ مۇشۇ ئىش بىلەن جازاغا تارتىلدى، ئەمدى ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدىغان بولدى» دېيىشتى. بۇ گەپ سەي جىڭ، سەي يۇەرنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلارغا ناھايىتى سەت تۇيۇلدى، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن: «ئەگەر بىز ۋاڭ چىڭنى ئۆلتۈرگۈزسەك، بۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىسپات بولۇپ قالىدۇ ـ دە، بۇ گەپ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ كېتىدۇ» دېگەن مەسلىھەتنى قىلدى. شۇڭا، بۇ ئىشنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن ئامبالغا خۇپىيانە ھالدا بىر ئىشەنچلىك ئادىمىنى ئەۋەتىپ، ۋاڭ چىڭنىڭ يۈزىگە خەت چېكىپ، چۆل ـ جەزىرىلەرگە پالاشنى تاپىلىدى، تۇڭ گۇەن بۇ ئىشنى يېپىپ، جامائەتنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ، سەي يۇنىڭ ئوغلى بىلەن جياۋ شيۇنىڭ تويىنى قىلىۋەتمەكچى بولدى.

سەي جىڭنىڭ خۇپىيانە تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، كەيفېڭ دىيارىنىڭ ئامبىلى دىۋانغا چىقىپ ئولتۇردى. شۇ كۈنى توخۇ كۈنى ئىدى، ۋاڭ چىڭنى زىنداندىن ئاچىقتۇرۇپ تاقاقنى ئېلىۋەتتى، ئاندىن يىگىرمە دەررە ئۇرغۇزدى، يۈزىگە خەت چەكتۇرۇپ كۇنپېتىش ئاستانىگە قاراشلىق شەنجۇ مەھبۇسلار كۆرەسىگە پالىماق بولدى، شۇئان بوينىغا ئون يەتتە جىڭ كېلىدىغان يۇمىلاق تۆمۈر تاقاق سالدۇرۇپ مىخلىتىۋەتتى،

ئاندىن ئالاقە يازدۇرۇپ، سۇن لىن، خې جى دېگەن ئىككى دورغىنى ئۇنى ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئۇچەيلەن كەيفىيات دىياردىن يولغا چىقتى، ساقلاپ تۇرغان ۋاڭ چىڭنىڭ قېيىنئاتىسى نيۇ داخۇ ۋاڭ چىڭ، سۇن لىن، خې جىلارنى ياملۇنىڭ ئالدىدىكى تۆۋەن كوچىغا جايلاشقان مەيخانىغا باشلاپ كىردى. نيۇ داخۇ مەيپۇرۇشنى مەي، گۆش كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى، ئۈچ قەدەھ مەي ئىچىلگەندىن كېيىن نيۇ داخۇ يېنىدىن بىر بولاق پارچە كۈمۈش چىقىرىپ ۋاڭ چىڭغا سۇنۇپ:

— بۇ ئوتتۇز سەر كۈمۈشنى يولدا خەج - خىراجەت قىلغىن، — دېدى.

— رەھمەت، ئاتا، — دېدى ۋاڭ چىڭ پۇلغا قولىنى سۇنۇپ.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ! — دېدى نيۇ داخۇ ۋاڭ چىڭنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ، — بۇ پۇلنى ساڭا بىكارغا بېرىۋاتقىنىم يوق، ئەمدى سەن شەنجۇغا پالاندىڭ، ئۇ يەر بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى مىڭ چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، يول يىراق، سېنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭنى كىم بىلسۇن، سەن خەقنىڭ قىزىغا چېقىلىپ ئۆز خوتۇنۇڭنى جاپاغا قويدۇڭ، ئەمدى خوتۇنۇڭنى كىم باقىدۇ؟ سېنىڭ نە پەرزەنتىڭ، نە يەر - زېمىنىڭ بولمىسا، خوتۇنۇڭ يەنە نېمەڭنى دەپ سېنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ؟ سەن خوتۇنۇڭنىڭ پەتتە خېتىنى بېرىپ كەتكىن، كېيىن خوتۇنۇڭ باشقا ئەرگە چىقسا، ئوتتۇراڭلاردا جېدەل چىقمايدۇ، شۇنداق قىلىشقا رازى بولساڭ، ئاندىن بۇ كۈمۈشنى ساڭا بېرىمەن.

ۋاڭ چىڭ پۇل خەجلەپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، ئىچىدە: «يانچۇقۇمدا بىر تىيىنىم بولمىسا، شەنجۇغا قانداقمۇ بارىمەن؟» دەپ ئويلىدى - دە، ئاخىر پۇلنى ئېلىش قارارىغا كېلىپ:

— بوپتۇ، بوپتۇ، پەتتە خېتىنى بەرسەم بېرەي، — دەپ پەتتە خەت يازدى.

نيۇ داخۇ بۇ قولى بىلەن پەتتە خەتنى ئېلىپ، ئۇ قولى بىلەن ۋاڭ چىڭغا كۈمۈشنى بېرىپ كېتىپ قالدى.

ۋاڭ چىڭ ئىككى دورغا بىلەن كۆدە ـ كۆرپىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە كەلدى، كېلىپ قارىسا، خوتۇنىنى نىيۇ داخۇ ئەكېتىپ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ قويۇپتۇ. ۋاڭ چىڭ قوشنىسىدىن بىر پالتا ئۆتنە ئېلىپ ئىشىكنى چىقىپ كىرىپ قارىسا، خوتۇنى ئۆزىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ياغلىق ـ ياغلىقلىرىنىڭ بىرىنى قويماي ئەكېتىپتۇ. ۋاڭ چىڭ بۇنى كۆرۈپ بىر تەرەپتىن غەزەپلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچىنىدى، ئۇ تام قوشنىسى جۇ مومايدىن ئىككى دورغىغا مەي ـ تائام تەييارلاپ بېرىشنى ئۆتۈندى ۋە يېنىدىن ئون سەر كۈمۈشنى چىقىرىپ:

— يېقىرنىڭ يارىسىنى ئاغرىپ تۇرىدۇ، ماڭالمايدىغاندەك تۇرىمەن، بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ ئاندىن يولغا چىقساق، — دەپ ئىككى دورغىغا تۇتتى.

سۇن لىن بىلەن خې جى كۈمۈشنى ئېلىپ ماقۇل بولدى. سەي يۇ دورغىلارنى تېز يولغا چىقىشقا سۈيلەشكە ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى ئەۋەتتى. ۋاڭ چىڭ ئۆيىدىكى قولىغا چىققۇدەك نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى قويماي سېتىۋەتتى، ئىجارىگە ئالغان ئۆينى خۇ تۆرىگە قايتۇرۇپ بەردى.

بۇ چاغدا ۋاڭ چىڭنىڭ دادىسى ۋاڭ شىيۇ ئوغلىنىڭ خاپىلىقى دەستىدىن كۆزى قارىغۇ بولۇپ قېلىپ، باشقا بىر يەردە ئايرىم ئۆي تۇتۇۋالغانىدى، ئوغلى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ـ تارتىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى ئۇرۇپ ـ تىللايتتى. ئەمدى ئوغلىنىڭ دەۋا ـ دەستۇر بىلەن پادىشاھلىقتىن يۈزىگە خەت چېكىلىپ چەت ـ ياقا يۇرتقا پالانماق بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇ ئۆزىنى بىر بالىغا يېتىلىتىپ ۋاڭ چىڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ:

— ئوغلۇم، سەن مېنىڭ پەندى ـ نەسىھەتىمگە قۇلاق سالماي، مۇشۇنداق كۈنگە قالدىڭ، — دېدى ۋە ئىككى نۇرسىز كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش ئېقىتتى.

ۋاڭ چىڭ كىچىكىدىن تارتىپ ۋاڭ شيۇنى بىر قېتىممۇ ئاتا دەپ باقمىغانىدى، ئەمدى ئۆيگە سەرسانچىلىق چۈشكەندە ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ بىئارام بولۇپ:

ــــ ئاتا، ئوغلىڭىز ناھەق دەۋا ـ دەستۇرغا تارتىلدى، نيۇ قېرى يولسىزلىق قىلىپ، مېنى پەتتە خەت يېزىشقا زورلىدى. كېيىن پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى، ــــ دېدى.

ــــ سەن ئادەتتە خوتۇنۇڭغا كۆيۈمچان، قېيىنئاتاڭغا ئەقىدىمەن ئادەم ئىدىڭ، ئەمدى ئۇ نېمە ۋەجىدىن ساڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ ــــ دېدى ۋاڭ شيۇ.

ۋاڭ چىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كەلدى ـ دە، دادىسىغا قارىمايلا ئىككى دورغا بىلەن كۆدە ـ كۆرپىسىنى كۆتۈرگىنىچە شەھەر سىرتىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ۋاڭ شيۇ: «مەن بۇ پەسىنىڭ بالىسىنى نىمىشقا يوقلاپ كەلگەندىمەن» دەپ مەيدىسىنى تۇتۇپ، بالىغا يۈلىنىپ قايتىپ كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ۋاڭ چىڭ سۇن لىن، خې جىلار بىلەن ئاستانىدىن چىقتى ۋە خالىي ـ پىنھان جايغا بىرىپ، ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇن نەچچە كۈن تاياق يارىسىنى داۋالاپ ياتتى. يارىسى بىر ئاز ساقايغاندىن كېيىن دورغىلار ھەيدەكچىلىكى بىلەن يەنە يولغا چىقىشتى. ئۇلار ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بويلاپ شەنجۇسىرى يول ئالدى. بۇ ئالتىنچى ئاينىڭ باشلىرىدىكى قاتتىق ئىسسىق كۈنلەر ئىدى، ئۇلار كۈنگە ئارانلا قىرىق ـ ئەللىك چاقىرىم يول باسالايتتى، يول ئۈستىدە ياخشىراق ھاردۇق ئالالمىدى، تۈزۈككىنە تاماقمۇ يېيەلمىدى، ئون بەش ـ ئون ئالتە كۈن مېڭىپ بىر ئېگىز تاغدىن داۋاپ ئۆتتى. بىر كۈنى كېتىۋاتقاندا سۇن لىن قولى بىلەن كۈنپېتىش تەرەپتىكى يىراق بىر تاغنى كۆرسىتىپ:

ــــ ئاۋۇ تاغ بېيماڭ تېغى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ كۈنپېتىش

ئاستانىگە قارايدۇ، — دېدى.
ئۇچەيلەن ئەتىگەنكى سالقىن ھاۋادا پاراڭلىشا - پاراڭلىشا مېڭىپ يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يول باستى. ئۇلار بېيىماڭ تېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر بازارغا تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان دېھقانلارنى كۆردى. بۇ بازارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئادەم شالاڭراق بىر جايدا ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە ئۈچ ئارچا دەرىخى بار بولۇپ، ئۇنىڭ سايىسىدا بىر توپ ئادەم بىر يىگىتنى چۆرىدەپ تۇراتتى، ئۇ يىگىت قىپيالىڭاچ ھالدا دەرەخنىڭ سايىسىدا قىيىقاس - سۇرەن بىلەن توقماق ئوينىتىۋاتاتتى. ۋاڭ چىڭ، سۇن لىن، خې جىلار دەرەخنىڭ سايىسىغا كېلىپ ھاردۇق ئالدى. ۋاڭ چىڭ چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەنىدى، ئۇ تاقاق بىلەن ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستاپ كىردى، يۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ توقماق ئوينىتىشىنى تاماشا قىلدى ۋە بىردەم كۆرگەندىن كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا كۈلۈپ:
— بۇنىڭ توقماق ئوينىتىشىنى كۆرۈپلا قويسا بولغۇدەك، — دېدى.
ئۇ يىگىت تازا قىزىق توقماق ئوينىتىۋاتقاندا، بۇ سۆز قۇلىقىغا كىردى - دە، دەرھال توختاپ قارىدى، قارىسا، بۇ گەپنى قىلغان ئادەم بىر پالاندى ئىكەن. يىگىت ئاچچىقىنى باسالماي:
— ھەي پالاندى ئوغرى، ھەممە يەردە مېنىڭ توقماق ئوينىتىشىم داڭلىق تۇرسا، ئاشۇنداق گەپنى قىلىشقا قانداق پېتىنالىدىڭ؟ سەن تېخى مېنىڭ توقماق ئوينىتىشىمنى كۆزۈڭگە ئىلماي، ئاغزىڭدىن ئاشۇ ئۇسۇرۇق گەپنى چىقىرىۋاتىسىنا ! — دەپ تىللىدى ۋە توقماقنى تاشلاپ، ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ مۇشت تەڭلىدى. شۇ ئەسنادا خالايىق ئىچىدىن ئىككى يىگىت چىقىپ:
— قولۇڭنى تارت ! — دەپ ئۇنى توختىتىۋېلىپ، ۋاڭ چىڭغا قاراپ:

— قارىغاندا، جانابلىرى توقماق ئوينىتىشقا ئۇستا ئوخشىمامدىلا، — دېدى.

— بىر ئىغىز گەپ قىلىپ قويۇپ بۇ يىگىتنى خاپا قىلىپ قويدۇم، — دېدى ۋاڭ چىڭ، — مەنمۇ توقماق ئوينىتىشنى ئاز ـ تولا بىلىمەن.

— ھەي، پالاندى ئوغرى، — دېدى ھېلىقى چامباشچى يىگىت زەردە بىلەن تىل قويۇپ، — ئۇنداق بولسا مەن بىلەن بىر سىنىشىپ كۆرەمسەن؟

— سىلى بۇ ئادەم بىلەن سىنىشىپ باقامدىلا؟ — دېدى ھېلىقى ئىككى يىگىت، — ئەگەر ئۇنى يېڭەلىسىلە، ئۇنىڭ توپلىغان ئىككى تىزىق يارمىقىنى ئەكەتسىلە.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، — دېدى ۋاڭ چىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ۋاڭ چىڭ خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، خىي جىننىڭ قولىدىكى تاياقنى ئالدى، كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، پەشتامىسىنى بېلىگە باغلاپ، توقماقنى تۇتقىنىچە تەييارلىنىپ تۇردى.

— سېنىڭ بوينۇڭدا تاقاق تۇرسا، قانداقمۇ توقماق ئوينىتالايسەن، — دېدى خالايىق.

— بەللى، گەپ مۇشۇ يەردە، تاقاق سېلىقلىق تۇرۇپ ئۇنى يېڭەلىسەم، ئاندىن ھېساب، — دېدى ۋاڭ چىڭ.

— ئەگەر تاقاق سېلىقلىق تۇرۇپ ئۇنى يېڭەلىسەڭ، بۇ ئىككى تىزىق يارماقنى چوقۇم ساڭا بېرىمىز، — دېدى خالايىق تەڭلا. ھېلىقى يىگىتمۇ قولىغا توقماق ئېلىپ ئېلىشىشقا تەييارلاندى ـ دە:

— كېلە! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ھەرقايسىلىرى زاڭلىق قىلمىغايلا، — دېدى ۋاڭ چىڭ.

ھېلىقى يىگىت ۋاڭ چىڭنىڭ بوينىدا تاقاق بارلىقىدىن پايدىلىنىپ ۋاڭ چىڭنى بابلىماقچى بولدى، ئۇ بوغما يىلاننىڭ پىلنى يۇتماقچى بولۇشىدەك ھالەتتە خىرىس قىلدى؛ ۋاڭ چىڭمۇ

يىڭناغۇچىنىڭ ئۆزىنى سۇغا تەگكۈزمەكچى بولغىنىدەك ھالەتتە خىرىس قىلدى. ھېلىقى يىگىت بىرلا ۋارقىراپ، توقماقنى كۆتۈرگىنىچە ۋاڭ چىڭغا قارىتىپ ھەملە قىلدى. ۋاڭ چىڭ ئارقىغا بىر قەدەم چېكىنگەندە، يىگىت بىر قەدەم ئالدىغا ئېتىلىپ، ۋاڭ چىڭنىڭ پېشانىسىگە بىر توقماق سالدى؛ ۋاڭ چىڭ شىپلا قىلىپ ئۆزىنى سول تەرەپكە قاچۇردى، يىگىتنىڭ توقمىقى بوشقا كەتتى. ئۇ تاياقنى يەنە كۆتۈرگۈچە ۋاڭ چىڭ ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا بىر توقماق سالدى، بۇ توقماق دەل بېرىپ، ئۇنىڭ بېغىشىغا تەگدى ـ دە، قولىدىكى توقماق قېقىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ھېلىمۇ ياخشى ۋاڭ چىڭ رەھىم قىلدى. بولمىسا، ئۇنىڭ بېغىشى سۇنۇپ كېتەتتى. بۇنى كۆرگەن خالايىق كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ چىڭ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— تەگكۈزۈپ قويدۇم، رەنجىمەڭ! — دېدى.

يىگىتنىڭ ئوڭ قولى ئاغرىپ كەتكەنلىكىدىن، سول قولى بىلەن ئىككى تىزىق يارماقنى ئالماقچى بولدى. قاراپ تۇرغان خالايىق سۈرەن ـ چۇقان سېلىپ:

— بۇ بەتبەخت توقماق ئوينىتىشقا ئۇستا ئەمەس ئىكەن، بايا كېلىشكەندەك، بۇ پۇلنى ئۇتقان ئادەمگە بېرىش كېرەك! — دېيىشتى.

باشتا ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلىگەن ئىككى يىگىت ئارىغا چۈشۈپ، شارت قىلىپ پۇلنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ۋاڭ چىڭغا تۇتقۇزۇپ:

— سىلى بىزنىڭ جاڭزىمىزغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كەتسىلە، — دېدى.

ھېلىقى يىگىت خالايىققا بىرنېمە دېيەلمەي، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بازار تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، تاماشىچىلارمۇ تارقىلىپ كېتىشتى.

ئىككى يىگىت ۋاڭ چىڭ بىلەن ئىككى دورغىنى باشلاپ

ماڭدى، ھەممىسى چىغ قالپاق كىيىشكەندى، بۇلار تۆۋەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئىككى ـ ئۈچ دەرەخزارلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر كەنتكە كەلدى. دەرەخزارلىق ئىچىدە بىر چوڭ جاڭزا كۆرۈندى، جاڭزىنىڭ ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان، تامنىڭ سىرتىدا ئىككى ـ ئۈچ يۈز تۈپ تال بار ئىدى، جاڭزىنىڭ سىرتىدا ئەمدىلا چىققان تومۇزغىلار چىرىلدىشىپ، جاڭزىنىڭ ئىچىدە بولسا ئۆي قارلىغاچلىرى ۋىچىرلىشىپ تۇراتتى. ئىككى يىگىت ۋاڭ چىڭلارنى جاڭزىغا باشلاپ كىردى، ئايۋانغا كىرىپ سالام ـ سەھەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن بۇلار كۆڭلەك ۋە چىگە چورۇقلىرىنى سىلىقۇيتىپ مېھمان ۋە ساھىبخانىلىق ئورۇندا ئولتۇرۇشتى.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ تەلەپپۇزلىرىغا قارىغاندا، ئاستانىلىك ئوخشىمامدىلا؟ — دەپ سورىدى جاڭزا ئىگىسى.

ۋاڭ چىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىزاتىنى تونۇشتۇرۇپ، ئامبالنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن كېيىن ئىككى يىگىتنىڭ ئىسمىزاتىنى سورىدى. ئىككى يىگىت ئىنتايىن خۇشال ئىدى.

— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتى گۇڭ دۈەن بولىدۇ، بۇياق مىنىڭ ئىنىم، ئىسمى گۇڭ جىڭ. بىز ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ يەردە ئولتۇراتىمىز، شۇڭا بۇ يەر گۇڭ جەمەتى كەنتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەر كۆنىيېتىش ئاستانىنىڭ شىنئەن ناھىيەسىگە قارايدۇ، — دېدى تۆردە ئولتۇرغان يىگىت ۋە ئوتاقچىنى ئۈچ مېھماننىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنى يۇيۇشقا بۇيرۇدى، بۇلار ئالدى بىلەن سوغۇق سۇ ئەكەلدۈرۈپ ئۇسسۇزلۇقنى باستى. جاڭزا ئىگىسى ئۈچەيلەننى تۆر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ يۆيۈندۈردى، ئايۋانغا داستىخان سېلىندى، ئاۋۋال ناشتا قىلىندى. ئاندىن توخۇ ـ ئۆردەكلەر سويدۇرۇپ، پۇرچاق پىشۇرۇپ، ئالما، شاپتۇللارنى تىزىپ مېھمان قىلماق بولدى. ئوتاقچىلار قايتىدىن داستىخان ھازىرلىدى، ئاۋۋال بىر تەخسە

www.uyghurkitap.com

سامساق، بىر تەخسە توغرالغان سۆكپىياز ئاچىقتى، ئاندىن كۆك - گىزەك، مېۋە - چېۋە، گۆش - بېلىق، توخۇ - ئۆردەكلەرنى تىزدى. گۇلى دوەن ۋاڭ چىڭنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى، ئىككى دورغا ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. گۇلى دوەن بىلەن ئىنىسى تۆۋەندىن ئورۇن ئالدى، ئوتاقچىلار مەي قۇيۇپ تۇردى.

— پېقىر بولسام بىر گۇناھكارمەن، ئىككىلىرىنىڭ مېھرىبانلىقىغا مۇيەسسەر بولۇپ، كۆپ ئاۋارە قىلدىم، بۇنىڭغا كۆڭلۈم بىئارام بولۇۋاتىدۇ! — دەپ رەھمەت ئوقۇدى ۋاڭ چىڭ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، ھېچكىم بېشىمغا بالا - قازا كەلمەيدۇ دېيەلمەيدۇ، سەپەردە مەي - تائامنى بىللە ئىچىپ ماڭغان كىم بار؟ — دېدى گۇلى دوەن.

ئۇلار مەي ئويۇنى قىلىپ مەي ئىچىشتى، گۇلى دوەن مەينى تازا ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن گەپ باشلاپ:

— بۇ كەنتىمىزدە ئىلگىرى - ئاخىر ئىككى يۈزنەچچە تۈتۈن بار، جامائەت پېقىرنى ھەممە ئىشتا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا تەيىن قىلىپ قويىدى. ئاكا - ئۇكا ئىككىمىزمۇ چامباشچىلىققا ھېرىس، خالايىقمۇ بىزگە قايىل، بۇ يىل ئەتىياز ئىككىنچى ئايدا كۈنچىقىش كەنتتە بۈت - سەنەملەرنى چۆرگۈلىتىش سەيلىسى بولغاندا، ئۇ يەردە تۇغ باغلاپ ئويۇنلار كۆرسىتىلگەنىدى. شۇ كۈنى ئىككىمىزمۇ شۇ يەرگە بېرىپ تاماشا قىلدۇق، شۇ كەنتتىكى خۇاڭ دا دېگەن بىر كىشى بىلەن قىمار ئۈستىدە ئۇرۇشۇپ قېلىپ، مېنى قاتتىق ئۇردى، ئىككىمىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدۇق. خۇاڭ دا دېگەن خۇمپەر خەق ئالدىدا چوڭ گەپ قىلىپ يۈرىدۇ، ئىككىمىز ئۇنىڭغا چېقىلالماي، ئاچچىقىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ كېلىۋاتاتتۇق. بايا يايى بېگىمنىڭ توقماق ئوينىتىشقا كامىل ئىكەنلىكىنى كۆردۇق، ئىككىمىز سىلىنى ئۇستاز تۇتساق، سىلى بىزگە توقماق ئوينىتىشنى ئۆگىتىپ قويسىلا ئىكەن، سىلىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ كاتتا سوۋغا بەرسەك، — دېدى.

ۋاڭ چىڭ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇپ، تەكەللۇپ سۆزلەرنى قىلدى، گۇڭ دۇەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ۋاڭ چىڭنى ئۇستاز تۇتتى. شۇ كۇنى كەيپ بولغۇچە مەي ـ شاراب ئىچىشىپ، ئاندىن ئارام ئېلىشتى.

ئەتىسى ۋاڭ چىڭ ئەتىگەنلىك سالقىن ھاۋادىن پايدىلىنىپ، گۇڭ دۇەنگە چامباشچىلىقنى ئۆگەتتى. شۇ ئەسنادا بىر ئادەم كېلىپ:

ــ ھەي پالاندى، نەدىن كېلىپ كورۇ ـ كورۇڭ قىلىۋا- تىسەن؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى. ئەيىۇھەننىاس، ئىشتىڭلار ئاموخاس! بۇ كىشى كەلگەنلىكىدىن ۋاڭ چىڭ يەنە چوڭ بالايىئاپەت تېرىد- غۇسى، گۇڭ دۇەن يېڭى ئۆچمەنلىككە يولۇقۇسى. بۇ خۇددى بالايىئاپەت سەرگەردانلىقتىن كېلۇر، ئار ـ نومۇس قىماردىن، دېگەندەك بولدى. گۇڭ دۇەن جاكىزىسغا كەلگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز ئۈچىنچى باب

## جاڭ كۈرەبېگى قېيىنئىنىسىنى دەپ جېنىدىن ئايرىلغانلىقى
## فەن زىندانبېگىنىڭ ئىنىسىنىڭ يۈزىنى ساقايتقانلىقى

ئەلقىسسە، ۋاڭ چىڭ گۇڭ جەمەتى كەنتىدىكى گۇڭ دۆڭ جاڭزىسىدا، قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ساپ ھاۋادا، خاماندىكى سۆگەت سايىسىدا، گۇڭ جەمەتىدىن بولغان ئىككى بىر تۇغقانغا چامباشچىلىقنى ئۆگىتىۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا يالاڭباشتاق، چېچىنى چېكىسىگە تۈگۈۋالغان، لىپى جۇنىڭ كاناپىدىن كالتە كۆڭلەك كىيگەن، ئاستىغا داكىدىن يېرىم پەشتاما، پۇتىغا چورۇق تارتقان، قولىغا ئۈچ بۇرجەكلىك يەلپۈگۈچ تۇتقان بىر دارازا غادايغان پېتى كىرىپ كەلدى، قارىسا يۈزىگە خەت چېكىلگەن بىر پالاندى گۇڭ جەمەتى ئوغۇللىرىغا چامباشچىلىقنى ئۆگىتىۋېتىپتۇ، ئۇ تونۇگۇن ماڭدۇڭ بازىرىدا بىر پالاندىنىڭ چامباشچىلىقتا ئۇتتۇۋالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ئۇ گۇڭ جەمەتى ئوغۇللىرىنىڭ ئۇنىڭدىن پەنت ئۆگىنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ يەرگە كەلدى ۋە ۋاڭ چىڭغا قاراپ:

— ھەي پالاندى، سەن يول ئۈستىدىكى ئەكېتىلىۋاتقان بىر گۇناھكار تۇرساڭ، نېمىدەپ بۇ يەردە خەقنىڭ بالىلىرىنى ئالداپ يۈرىسەن، — دەپ ئاغزىنى بۇزدى.

ۋاڭ چىڭ بۇ ئادەمنى گۇڭ جەمەتىنىڭ تۇغقىنىمىكىن دەپ گەپ قايتۇرۇشقا پېتىنالمىدى. بۇ ئادەم كۈنچىقىش كەنتلىك خۇاڭ دا ئىدى، ئۇمۇ سەھەر سالقىنىدا تالاغا چىقىپ، گۇڭ

جەمەتى كەنتىنىڭ كۈنپېتىش ياقىسىدىكى لىيۇ نوچىدىن ئۆتۈۋالغان پۇلىنى ئالماق بولۇپ ماڭغاندا، گۇك جەمەتى كەنتىدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالغانىدى، ئۇ گۇك جەمەتىنىڭ ئوغۇللىرىنى تولا بوزەك قىلاتتى. شۇڭا، ھازىر قورقماي بېسىپ كىرگەنىدى. گۇك دۇەن خۇاڭ دانى كۆرۈپ بىردىنلا قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى ـ دە، قەھرى ـ غەزىپى ئۆرلەپ:

— ھۇ، ھايۋاندىن تۆرەلگەن قاراقچى دۈيۈز، ئۈلۈشكۈن ئۆتۈۋالسام ئۇششۇقلۇق قىلدىڭ، بۈگۈن ئىشىكىمگە كېلىپ يەنە بوزەك قىلماقچىمۇ سەن، — دەپ قاتتىق تىل سالدى.

— ھۇ ئاناڭنى... — دەپ قاتتىق تىللىدى غەزەپلەنگەن خۇاڭ دا يەلپۈگۈچىنى چۆرۈۋېتىپ. ئۇ مۇشتىنى تۈگۈپ ئېتىلىپ كېلىپ گۇك دۇەننىڭ باش ـ كۆزىگە قارس ـ قۇرس قىلىپ بىرنەچچىنى سېلىۋەتتى. ۋاڭ چىڭ ئۇلارنىڭ تىللىشىدىن ئۇنىڭ خۇاڭ دا ئىكەنلىكىنى پەملىدى ـ دە، ئاجراتقان بولۇپ كېلىپ، بويىنىدىكى تاقاق بىلەن خۇاڭ دانىڭ بىلىكىگە ئۇرۇۋەتتى، خۇاڭ دا گۈپپىدە يىقىلىپ، پۇتى ئاسمانغا بولۇپ، تىپىرلاپ قوپۇۋالغۇچە گۇك دۇەن، گۇك جىڭ ۋە ئىككى ئوتاقچى تەك كېلىپ خۇاڭ داغا تاشلاندى. خۇاڭ دانىڭ مۇشت ـ پەشۋالار تەگمىگەن يېرى قالمىدى. خۇاڭ دا بەك قاتتىق تاياق يەپ كەتتى. كىيىم ـ پىيىم، كۆڭلەك ـ پۆڭلەكلىرى تىتما ـ تىتما قىلىۋېتىلدى.

— ياخشى ئۇردۇڭلار! كېلىشتۈرۈپ ئۇردۇڭلار! — دەپ تۇۋلاپ كەتتى خۇاڭ دا.

ئۇنىڭ ئۇچىسىدا بىر يىپ چاغلىق نەرسە قالمىغانىدى. ۋاڭ چىڭنى يالاپ ماڭغان دورغا سۇن لىن، خې جىلار كۆپ ئارىغا كىرگەندىن كېيىنلا، گۇك دۇەنلەر ئاندىن ئۇرۇشتىن توختىدى. تاياق دەستىدىن مىدىرلىغۇدەك ھالى قالمىغان خۇاڭ دا ئارانلا تىنىپ ياتاتتى. گۇك دۇەن ئوتاقچىسىدىن ئۈچ ـ تۆتىنى چاقىرىپ، خۇاڭ دانى كۈنچىقىش كەنتكە بارىدىغان يول

بويىدىكى چىملىققا ئاپارغۇزۇۋەتتى. ئۇ قاتتىق ئىسسىق ئاپتاپتا يېرىم كۈن ياتتى. خۇاڭ دانى ئوت ئالغىلى چىققان قوشنىلىرى كۆرۈپ قېلىپ يۆلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويىدى، ئاندىن ئۇ شىنئەن ناھىيەسىگە ئەرز سۇندى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۈرۈپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى گۇاڭ دۇەنلەردىن ئاڭلاڭ. ئەتىگەندىكى ماجىرادىن كېيىن گۇاڭ دۇەن ئوتاقچىلىرىغا يېمەك - ئىچمەك كەلتۈرگۈزۈپ، ۋاڭ چىڭلارنى ناشتا قىلدۇردى.

— ھېلىقى نېمە، — دېدى گۇاڭ دۇەن، — چوقۇم ئىنتىقام ئېلىشقا كېلىدۇ. بۇ قاراقچى ئەبلەخنىڭ ئۆيىدە خوتۇنلا بار، قولۇم - قوشنىلىرى ئۇنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكىدىن قورقىدۇ، بۈگۈن ئۇنىڭ تاياق يېگەنلىكىنى كۆرسە ھېچقايسىسىمۇ ئۇنىڭغا بولۇشمايدۇ. ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، ئۇنىڭ خۇنى ئۈچۈن ئوتاقچىلاردىن بىرىنى چىقىرىپ قويىمىز، دەۋا تۈگەيدۇ. ئۆلمىسە، ئۇرۇش - جېدەل دەۋاسىلا بولۇپ تۈگەيدۇ، بۈگۈن ئۇستازىمىزنىڭ كۈچى بىلەن ئۆچ ئالدۇق، خاتىرجەم بولسىلا، قېنى شارابقا باقسىلا، كەمىنە شاگىرتلىرىغا ھۈنەر ئۆگىتىپ قويسىلا چوقۇم جاۋاب قايتۇرىمىز.

گۇاڭ دۇەن ھەربىرىنىڭ ئىغىرلىقى بەش سەردىن كېلىدىغان ئىككى كۈمۈش يامبۇ چىقىرىپ، ۋاڭ چىڭنى يالاپ ماڭغان ئىككى يايىغا بەردى ۋە ئۇلاردىن يەنە بىرقانچە كۈن كېچىكىپ مېڭىشنى ئۆتۈندى، سۇن لىن، خې جىلار ماقۇل بولۇپ پۇلنى ئېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ۋاڭ چىڭ نەيزە - قىلىچۋازلىقنى گۇاڭ دۇەن، گۇاڭ جېڭلارغا تولۇق ئۆگىتىپ قويدى. يايلار سەپەرگە ئالدىراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇاڭ دانىڭ ئەرز قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى، گۇاڭ دۇەن: «شەنجۇ ئايمىقىغا بارغاندا ئىشلىتەرلا» دەپ ۋاڭ چىڭغا ئەللىك سەر كۈمۈشنى سۇندى. ئۇلار يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى، يۈك - تاقلىرىنى تەخلەپ، تاڭ يورۇماستىلا

www.uyghurkitap.com

يولـغا چىقـتى. گۆك دۆەن ئـىـنـىسـىـنـى ئازـ تـولا پـۇل ئېلـىـپ ئۇلارنى ئۆزىـتىـپ بىرىشقا بۇيرۇدى. يولدا بىرەر ئىـش بولـمـىدى، ئۇلار بىر كۆنگە قالمايلا شەنجۇ ئايـمىقـىغا يېتىـپ كەلدى. سۇن لىن، خې جىـلار ۋاڭ چىڭنى ئايماق يامۇلـىغا ئېلىـپ كېلىـپ، كەيفىـيـاڭ دىيارـىـنىـڭ ئالاقـىـسىـنى سۇندى. ئامـبال ئالاقـىنى كۆرگەندىن كېيىن ۋاڭ چىڭنى ئېلـىـپ قالـدى ۋە جاۋابەن ئالاقـە يېزىپ يايىلارغا بېرىپ، ئۇلارنـى قايتۇردى. بـۇ گەپ مۇشۇ يـەردە قالسۇن. ئامبال ۋاڭ چىڭنى شۇ جايدىكى گۇندىخانىغا ئەۋەتتى ۋە يايىلارغا گۇندىـخانىدىـن جاۋاب ئالغاچ كېلىشىنى تاپىلىدى. بۇ گەپمۇ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

گۆك جېك بىر تونۇش تاپتى ۋە ئۇ ئارقىلىق كۇرەبىگگە پارا تىقىپ، كۇرەبىـگىـنـى قولغا چۈشۈردى. جاڭ شىـكەي دېگەن بـۇ كۇرەبىگى گۆك جېك بەرگەن پارىنـى قوبۇل قىـلـغانـدىـن كېيىـن ۋاڭ چىڭنىڭ بويىنـدىكى تاقاقنى ئېلىۋەتتى. ئۇنـى سۇر كالتـەك بىلەنمۇ ئۇرمىدى، ئەمگەككىمۇ سالـمىدى، ئۇنىـڭغا ئـايرىم بىـر ئۆينى بېرىـپ، ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچـە ئىـككـى ئاي ئۆتۈپ، كـەچ كۈز كىرىـپ قالدى. ۋاڭ چىڭ ئۆز خـانىسـىـدا ئولتۇرغـانـدا، تۇيۇقـسىزلا بىـر چېرىك كىرىپ:

ــــ كۇرەبىگىم سىزنى چاقىرىدۇ، ــــ دېدى.

ۋاڭ چىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىپ يوقلىما خانىغا كىـردى ۋە باش ئۇردى. كۇرەبىگى جاڭ شىكەي:

ــــ سـەن بۇ يەرگـە كـەلگىـلـى خېلـى زامـان بولۇپ قـالـدى، ھېچقانـداق ئىشقا سالـمـىدىم، مەن چىـنجۇ ئايـمـىقـىدىن ياخشـى ئوقيادىن بىرنى ئالماقچىدىم، چىنجۇ ئايمىقى ئاستانىگە قارايدۇ، سەن ئاستانىلىك، ئۇ يەردىن چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشـى ـ يامىـنـىـنى بىـلىـسـەن، ــــ دېدى ۋە يېڭىـدىـن قەغەزگە ئورالـغان بىرنەرسىنى چىقىرىپ ۋاڭ چىڭغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

ــــ بۇ ئىككى سەر كۈمۈشنى ئال، سەن ئوقيانى ئەكەلگەندىـن

كېيىن ماڭا خەۋەر قىلغىن، ـــ دېدى.

ۋاڭ چىڭ: «چۈشەندىم» دېدى ـ دە، كۈمۈشنى ئېلىپ ھۇجرىغا كىرىپ ئېچىپ مىسقاللىۋىدى، ئۈچ ـ تۆت مىسقال ئېغىر چىقتى. ۋاڭ چىڭ گۈندىخانىدىن چىقىپ، مەھكىمىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئوقىيا ساتىدىغان دۇكانغا كەلدى، ئۇ دۇكاندىن بىر سەر يەتتە مىسقال كۈمۈشكە چىنجۇدىن چىققان ياخشى ئوقيادىن بىرنى ئالدى. قايتىپ كەلگەندە جاڭ كۆرە بېگى دىۋاندا يوق چىقىپ قالدى. ۋاڭ چىڭ ئوقيانى جاڭ شىكەينىڭ ئىچكىرىكى ھويلا مۇلازىملىرىدىن كىرگۈزۈپ بېرىۋىدى، ئۇ خۇشال بولۇپ، ئېشىپ قالغان ئۈچ مىسقال تەڭگىنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى. ئەتىسى جاڭ شىكەي ۋاڭ چىڭنى چاقىرتىپ:

ـــ سېنىڭ قولۇڭدىن ئىش كېلىدىكەن، تونۇگۈن ئەكەلگەن ئوقيا ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ـــ دېدى.

ـــ بېگىم، ـــ دېدى ۋاڭ چىڭ، ـــ بۇنى ھەر كۈنى ئۆزمەي ئوتقا قاقلاپ تۇرسىلا ياخشى بولىدۇ.

ـــ ئۇنى بىلىمەن، ـــ دېدى جاڭ شىكەي.

شۇنىڭدىن باشلاپ جاڭ شىكەي ھەر كۈنى ۋاڭ چىڭنى يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىشقا بۇيرۇيدىغان بولدى، لېكىن نەق پۇل بەرمەي، سېتىۋالغان نەرسىلەرنى تىزىملاشقا بىر دەپتەر بەردى. نەدىمۇ يېرىم يارماقلىق نەرسىنى نېسى بېرىدىغان دۇكاندار بولسۇن! ۋاڭ چىڭ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ سېتىۋېلىپ، يامۇلغا كىرگۈزۈپ بېرىۋىدى. جاڭ شىكەي ئۇنىڭ سودىلىقلىرىدىن ئەيىب تېپىپ، ئۇرۇپ ـ تىللاپلا تۇردى. ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تىزىملىغان دەپتىرىنى سۇنغان بولسىمۇ، بىر يارماقمۇ بەرمىدى. بىر ئاي ئۆتكۈچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كالتەك ئۇرۇپ، ئىككى پاقالچىقىنى ئىششىتىۋەتتى. گۈڭ دۈەن يوللۇق تۇتقان ئەللىك سەر كۈمۈشنىمۇ پۈتۈنلەي سېلىپ بەردى.

بىر كۈنى ۋاڭ چىڭ كۆرەنىڭ كۈنپېتىشتىكى جاڭ ئەمچى

www.uyghurkitap.com

دۇكىنىغا بېرىپ، يارا ساقايتىدىغان مەلھەم دورا سېتىۋالدى. جاڭ ئەمچى ۋاڭ چىڭنىڭ يارىسىغا دورا سۈركەۋېتىپ:

— جاڭ كۆرەبېگىنىڭ قېينىئىنىسى پاڭ نوچىمۇ ئۆتكەندە ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىنى ساقايتىش ئۈچۈن مۇشۇ دورىدىن ئالغانىدى. ئۇ ماڭدۇڭ بازىرى دېگەن جايدا يىقىلىپ چۈشكەنىدىم دەيدۇ، پەممىچە، ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشى تاياق يەپ زەخىملەنگەن، — دېدى.

ۋاڭ چىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال:

— مەنمۇ شۇ گۇندىخانىدا تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇنى كۆرمىگەندىمەن؟ — دېدى.

— ئۇ كۆرەبېگىنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ بىر قورساقتىن چۈشكەن ئىنىسى بولۇپ، «يۈەن» نامىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ھېلىقى پاڭ خېنىم كۆرەبېگىنىڭ ئەڭ كۆڭۈلدىكى ئايالى، پاڭ نوچى قىمارۋاز، چامباشچىلىقنىمۇ بىلىدۇ، ئاچىسى ئۇنىڭدىن ھەمىشە خەۋەر ئالىدۇ، — دېدى جاڭ ئەمچى.

ۋاڭ چىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇ: «ئۆتكەندە يولدا ئارچا دەرىخى ئاستىدا مەندىن تاياق يېگەن پاڭ يۈەن دېگەن نەرسە شۇ بولۇشى مۇمكىن. جاڭ شىكەينىڭ ماڭا گۇناھ ئارتىپ يۈرگەنلىكى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى. ۋاڭ چىڭ جاڭ ئەمچى بىلەن خوشلىشىپ گۇندىخانىغا قايتىپ كېلىپ، كۆرەبېگىنىڭ بىر خىزمەتكارى بىلەن مەخپىي يېقىنلىشىپ، مەي ـ شاراب، گۆشلەر بىلەن ئاغزىنى ياغلاپ، ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ، پاڭ يۈەننىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئۇنىڭدىن ئاستا ـ ئاستا بىلىۋالدى. ھېلىقى خىزمەتكارنىڭ ئېيتقىنى جاڭ ئەمچىنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئوخشاش چىقتى، ھەتتا تېخىمۇ يوشۇرۇن بىر سىرنى ئېيتىپ:

— پاڭ يۈەننى ئۆتكەندە ماڭدۇڭ بازىرىدا سىز ئۇرۇپتىكەنسىز، سىزنى دائىم جاڭ كۆرەبېگىگە چېقىشتۇرىدۇ، سىز كالتەكتىن قۇتۇلالمايسىزغۇ دەيمەن، — دېدى.

## نەزم

چېكەر غەم نوچىلىق قىلغان، ياۋاشقا يوق بالا ئاخىر،
ئۆرۈلدى گۆرزىدىن بىرى ئالار ئەنت ھەسسىلەپ ھازىر.

ۋاڭ چىڭ خىزمەتكاردىن ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇققاندىن كېيىن ئۆز خانىسىغا قايتىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ: «ئەمەلدىن قورقماي، ئەلدىن قورق» دەپتىكەن. يولدا كېلىۋاتقۇچە بىر ئىبغىز گەپنى يامان قىلىپ تاشلاپ، ھېلىقى بىرنېمە بىلەن ئۆرۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ زىندانبېگىنىڭ ئامراق ئايالىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇنى ئۇرۇپ قويۇپتىمەن. ئەگەر مېنى يامان كۆنگە قويىمەن دېسە، باشقا يەرگە قېچىپ كېتىپ بىرنېمە قىلغىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاستا بازارغا چىقىپ، كۆتۈلمىگەن ئەھۋالدىن ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن بىر خەنجەر ئالدى. شۇنداق قىلىپ، يەنە ئون نەچچە كۈن ئۆتتى، تەلىيىگە كۆرەبېگمۇ ئۇنى چاقىرتمىدى، يارىسىمۇ خېلى ساقىيىپ قالدى.

تۇرۇپلا بىر كۈنى كۆرەبېگى ئۇن ئىككى توپ دۇردۇن ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. ۋاڭ چىڭ تۈيغۇن بولغاچقا، كىچىكتۇرۇشكە پېتىنماي دەرھال ئەكەلدى. ۋاڭ چىڭ دۇردۇننى ئەكەلگەندە جاڭ كۆرەبېگى ئايۋاندا ئىدى. ۋاڭ چىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەلۇم قىلىۋىدى، جاڭ شىكەي دۇردۇننىڭ رەڭگى ياخشى ئەمەس ئىكەن، ئېنى تار ئىكەن دەپ، ۋاڭ چىڭنى:

— ھەي قاپ يۈرەك غالچا! سەندەك گۇناھكارغا سۇ توشۇتۇش، تاش كۆتۈرتكۈزۈش ياكى سېنى زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇش كېرەك ئىدى، سېنى سىرتنىڭ ئىشلىرىغا سالغىنىم سېنىڭ ئابرۇيۇڭنى قىلغىنىم ئىدى. سەن غالچا ياخشىلىقنى بىلمىدىڭ ! — دەپ قاتتىق تىللىدى. ۋاڭ چىڭ گەپياندۇرماستىن ئېگىلىپ،

باش ئۇرۇپ ئەپۇ سورىدى.

— سېنىڭ يەيدىغان تامىقىڭ تۇرۇپ تۇرسۇن. دۇردۇننى دەرھال بېرىپ ياخشىسىغا تېگىشىپ كەل. بۈگۈن كەچتە جاۋابىنى بېرىسەن، ئازراق كېچىكىدىكەنسەن، جېنىڭغا ئاگاھ بول! — دەپ ۋارقىرىدى جاڭ شىكەي.

ۋاڭ چىڭ كىيىمىنى ئىككى تىزىق يارماققا گۆرۈ قويۇپ پۇل قوشۇپ، ياخشى دۇردۇن ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئۇزاق ئاۋارە بولغانلىقتىن كەچ بولۇپ، گۇندىخانا دەرۋازىسى ئېتىلىپ قالغانىدى. نۆۋەتچى چېرىك:

— كېچىدە سېنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە پېتىنالمايمەن، — دېدى.

— كۇرەبېگىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بارغانىدىم، — دېدى ۋاڭ چىڭ.

نۆۋەتچى چېرىك ئۇنىمىدى. ۋاڭ چىڭ يېنىدىكى ئاشقان پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىۋىدى، بىر مەھەل ئاۋارە قىلىپ، ئاندىن كىرگۈزدى. ۋاڭ چىڭ ئىككى توپ دۇردۇننى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى قورۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ يەردىكى ئىشىكباقار:

— بېگىم چوڭ خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، كىچىك خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. چوڭ خوتۇنىنىڭ مىجەزى ناھايىتى چۇس، سېنىڭ گەپلىرىڭنى يەتكۈزەلمەيمەن، — دېدى.

ۋاڭ چىڭ: «ئۇ بۈگۈن كەچتە جاۋابىنى قايتۇرسەن دېگەن تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ بۇ ماڭا ئەتەي زىيانكەشلىك قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئەتە مەن ھېلىقى زەھەرلىك كالتەكتىن قانداق قۇتۇلىمەن؟ مېنىڭ جېنىم ئاخىر بۇ ئەبلەخنىڭ قولىدا تۈگەيدىغان بولدى. مەن يېگەن ئۈچ يۈز نەچچە كالتەك مەن ئۇرغان بىر كالتەكنىڭ ئاچچىقىغا تەڭ كېلەلەمتىغۇ؟ گۆك جېڭ بەرگەن ئورغۇن پارىنىمۇ قوبۇل قىلدى، ئەمدى ئۇلارنى ئۇنتۇپ، مېنى مۇشۇنداق ئېغىر كۈنگە قويۇۋاتىدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

ۋاڭ چىڭ كىچىككىدىن تارتىپلا قارام ئىدى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا چېقىلالمايتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قاراملىقى تۇتۇپ، «كەسكىن بولمىساڭ، باتۇر بولالمايسەن» دەپ بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، دېگەن يەرگە كەلدى. ئېغىر ياتقۇ بولغان چاغدا گۇندىخانىدىكى خىزمەتكارلار ۋە گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەندى. ۋاڭ چىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاستا ئىچكىرىكى قورۇنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، تامدىن يامىشىپ ئارقا ئىشىكنىڭ تاقىقىنى ئاستا بوشىتىپ، ئۆزى بىر ياققا مۆكۈندى. يۇلتۇز يورۇقىدا ھويلىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ئاختىخانا، كۈنپېتىش تەرىپىدە كىچىككىنە بىر ئۆي كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىچىك ئۆي خالىي ئىدى. ۋاڭ چىڭ ئاختىخانا ئىشىكىنىڭ يان ياغىچىنى قومۇرۇپ، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ تېمىغا تىكلىدى، ئاندىن تام ئۇستىگە چىقىپ، يان ياغاچنى ئۇ تەرەپكە قويۇپ، ئاستا سىيرىلىپ چۈشتى. ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ ئىشىكىنىڭ تاقىقىنى بوشىتىۋېتىپ، يان ياغاچنى يوشۇرۇپ قويدى. ئالدىدا يەنە بىر تام بار ئىدى، شۇ تەرەپتىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ۋە كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. ۋاڭ چىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، قۇلىقىنى يېقىن قىلىپ تىڭشاپ، جاڭ شىكەينىڭ ئاۋازىنى، بىر ئايالنىڭ ۋە يەنە باشقا بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇلار مەي ئىچىپ پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. ۋاڭ چىڭ خېلى ئۇزاق تىڭشاپ تۇرغاندىن كېيىن جاڭ شىكەينىڭ: «ئۇكام، ھېلىقى خۇنپەر ئەتە كەلسە، ئۇنىڭ جېنى كالتەك ئاستىدا تۈگەيدۇ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېلىقى ئەرنىڭمۇ: «پەممچە، ئۇ نىمىنىڭ يېنىدا ھېچقانچە ۋەج قالمىدى. ئاكا، ئۇنىڭغا دەرھال قول سېلىپ، ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەرسىلە !» دېگىنىمۇ ئاڭلاندى. جاڭ شىكەي جاۋاب بېرىپ: «ئەتە ـ ئۆگۈنلا سىزنىڭ خۇشال بولىدىغان چاغلىرىڭىز يېتىپ كېلىدۇ» دېدى. ھېلىقى ئايال: «بولدى، سىلەرنىڭ شۇ قىلغانلىرىڭلارمۇ يېتەر !» دېدى. «ئاچا، نېمە دەۋاتىسىز، كارىڭىز بولمىسۇن» دېدى ھېلىقى

ئەر.

ۋاڭ چېڭ سىرتتا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. كۆڭلىدە غەزەپ يالقۇنلىرى ئۆرلەپ، ئۆزىنى باسالمىدى. ئەگەر رۇستەمدەك كۈچى بولغان بولسا، تامنى ئۆرۈپ كىرىپ، ئۇلارنى قىيما - چىيما قىلىۋېتەتتى.

## نەزم

تائامنى گەر يېسەڭ ئارتۇق كېلەر ھەر خەستىلىك ئاندىن،
خۇشاللىق ھەددىدىن ئاشسا قۇتۇلالماسەن بالا - غەمدىن.
شامال چىقماي سېزەر كۆزنى تومۇزغا ھەممىدىن ئالدىن،
قالارسەن ئەي ئامان قانداق تويۇقسىز كەلسە بۇ قەستتىن.

ۋاڭ چېڭ ئاچچىقىنى باسالماي تۇرغىنىدا، جاڭ شىكەينىڭ: «ھەي شۇم، چىرىغىڭنى ياندۇرۇپ ئالدىمدا ماڭ، مەن خالاغا چىقىمەن» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ۋاڭ چېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خەنجىرىنى دەرھال قولىغا ئېلىپ، قارا ئەينۇلا دەرىخىنىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، ئىچىدىكى قوش قاناتلىق ئىشىك «غاچ» قىلىپ ئېچىلدى. ۋاڭ چېڭ قاراڭغۇدا قاراپ تۇرسا، ھېلىقى ئۆزىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان كىچىك بالا پانۇس كۆتۈرۈپ چىقتى. ئارقىسىدىن جاڭ شىكەي ئىرغاڭلاپ چىقتى، ئۇ قاراڭغۇدا ئادەم بار - يوقلۇقىنى بىلمەي، ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى، ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ ئىشىكى يېنىغا كەلگەندە:

— بۇ غالچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېھتىياتچان ئەمەس، كېچىدە نېمىشقا ئىشىكنى ئەتمەيدۇ؟ — دەپ تىللىدى.

ھېلىقى بالا ئىشىكنى ئېچىپ، جاڭ شىكەيگە چىراغ تۇتتى. ئۇ ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىشىغا ۋاڭ چېڭ ئاستا ئارقىسىدىن كەلدى. جاڭ شىكەي ئارقىسىدىكى ئاياغ

تىۋىشىنى ئاڭلاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ۋاڭ چىڭ ئوڭ قولىغا پىچاق ئېلىپ، سول قولىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا چاڭگال سالدى. جاڭ شىكەينىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتىپ، «ئوغرى» دەپ ۋارقىرىۋىدى، گېپى ئۈزۈلۈپ بولغۇچە ۋاڭ چىڭ جاڭ شىكەينىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىر پىچاق ئۇرۇپ ئۇنى يىقىتتى. ھېلىقى كىچىك بالا ۋاڭ چىڭ بىلەن يېقىن بولسىمۇ، لېكىن بۇگۈن ئۇنىڭ قولىغا پىچاق ئېلىپ قاتىللىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە قانداقمۇ قورقماي تۇرالىسۇن؟ ئۇ مېڭىشقا تەمشەلدى - يۇ، ئىككى پۇتى يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك بولۇپ مىدىر - سىدىر قىلالمىدى. ۋارقىراي دېسە، ئاۋازى چىقمىدى، ئۇ قورققىنىدىن تۇرغان ئىزىدا تۇرۇپلا قالدى. جاڭ شىكەي جان تالىشىۋاتقاندا، ۋاڭ چىڭ غولىغا يەنە بىر پىچاق ئۇرۇپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە مەي ئىچىپ ئولتۇرغان پاڭ يۇەن سىرتتا بىر غۇۋا ئاۋاز چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، چىراغ يېقىشقا ئۈلگۈرمەي ئالدىراپ - تېنەپ يۈگۈرۈپ چىقتى، ۋاڭ چىڭ ئۆيدىن ئادەم چىققانلىقىنى بىلىپ، ھېلىقى پانۇس كۆتۈرگەن بالىنى بىر تېپىپلا دومىلىتىۋەتتى، پانۇسمۇ ئۆچتى. پاڭ يۇەن: «جاڭ شىكەي ھېلىقى كىچىك خىزمەتكارنى ئۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ:

— ئاكا، ئۇنى ئۇرۇپ نېمە قىلىسىز؟ — دەپ ئالدىغا كېلىشىگە ۋاڭ چىڭ ئۇچقاندەك كېلىپ، پاڭ يۇەننىڭ بىقىنىغا پىچاق سالدى. پاڭ يۇەن چوشقىدەك بىر چىرقىراپلا، غىڭ قىلماي جان بەردى. ۋاڭ چىڭ ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ، كاللىسىنى كېسىۋالدى. پاڭ خېنىم سىرتتا ئاۋاز چىققانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چۆرە قىزلارغا چىراغ ياندۇرغۇزۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە چىقىپ قارىدى. ۋاڭ چىڭ پاڭ خېنىمنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. شۇنداق ئاجايىپ ئىشلار بولىدۇكى، سۆزلىسە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ۋاڭ چىڭ شۇ ئەسنادا پاڭ خېنىمنىڭ ئارقىسىدىن

قورال ـ ياراغ تۇتقان ئون نەچچە ئادەمنىڭ چۇقان سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ۋاڭ چىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ قېچىپ، ئارقا ئىشىك بىلەن گۈندىخانىنىڭ ئارقا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشتى، ئاندىن قانغا مىلەنگەن كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، پىچىقىنى ئېرىتىپ يېنىغا سالدى. يېرىم كېچە بولغاچقا، ۋاڭ چىڭ كوچىدا ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سېپىلنىڭ يېنىغا كەلدى. شەنجۇ ئايمىقىنىڭ سېپىلى ئانچە ئېگىز ئەمەس، خەندەكمۇ ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى. ۋاڭ چىڭ شۇ كېچىسى شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ چىڭنىڭ شەھەردىن چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى جاڭ شىكەينىڭ كىچىك خوتۇنى پاڭ خېنىمدىن ئاڭلاڭ. ئۇ چىراغ ياندۇرۇپ، ئىككى چۆرە قىز بىلەن چىقىپ قارىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ يېنىدا باشقا ھەمراھ يوق ئىدى. ئۇ چىقىپ ئاۋۋال ئىنىسى پاڭ يۈەننى كۆردى، ئۇ قانغا مىلىنىپ، كاللىسى بىر تەرەپتە، تېنى بىر تەرەپتە ياتاتتى. پاڭ خېنىملار قورقۇپ كەتكەنلىكتىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، كاللىسىدىن بىر قاپاق مۇزدەك سۇ قۇيۇۋەتكەندەك، سوغۇق تەرگە چۆمۈپ بىر ھازاغىچە زۇۋان سۈرەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى، ئۇلار ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئىچكىرىگە كىردى ـ دە، ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈپ، ئىچكىرىدىكىلەرنى ۋە سىرتتىكى گۈندىپايلارنى چاقىرىپ، ئوتقاش كۆتۈرگىنىچە، قولىغا قورال ئېلىپ ئارقىغا چىقىپ قارىدى، قارىسا ئىككىنچى دەرۋازىنىڭ سىرتىدا جاڭ كۈرەبېگى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، خىزمەتكارمۇ يەردە جان تالىشىپ قان قۇسۇپ يېتىپتۇ، ئۇمۇ ھايات قالمىغۇدەك. ئۇلار قارىسا ئارقا ئىشىك ئوچۇق تۇراتتى، ئوغرى ئارقا تەرەپتىن كىرگەندەك قىلاتتى، سىرتقا چىقىپ قارىسا، ئىشىكنىڭ تۈۋىدە ئىككى توپ دۈردۈن تۇرۇپتۇ، ھەممەيلەن بۇنىڭ ۋاڭ چىڭنىڭ قىلغان ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. دەرھال گۇناھ ـ

كارلارنى ئىبدىتلاپ قارىۋىدى، ۋاڭ چىڭلا يوق بولۇپ چىقتى. پۈتۈن گۇندىخانا تەۋرەپ كەتتى. ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنىلارمۇ چىقىشتى. قان يۇقى كىيىملەرنى سىنچىلاپ قاراپ چىقتى، ھەممىسى ۋاڭ چىڭنىڭ ئىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلغۇچە ئامبالغا مەلۇم قىلىش، دەرھال ئادەم چىقىرىپ ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلدى. بۇنىڭغىچە تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالدى. ئامبال بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، دەرھال ئايماق سىپاھبېگىنى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى ۋە قاتىلنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە شەنجۇ ئايمىقىنىڭ تۆت قوۋۇقىنى چىڭ تاقاپ چېرىك چىقىرىشنى، گۇناھكارنى تۇتىدىغانلارغا شەھەر بويىچە كوچىمۇكوچا، ئۆيمۇئۆي، بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ قاتىل ۋاڭ چىڭنى تۇتۇشنى تاپشۇردى. قوۋۇقلار ئىككى كۈنگىچە تاقاپ قويۇلدى، ھەممە ئۆي - تۇتۇنلەر بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇلدى. لېكىن، ۋاڭ چىڭدىن ھېچقانداق ئىز - دېرەك ئالالمىدى. ئامبال ئۆز تەۋەسىدىكى ئەمەلدارلارغا ئۆز تەۋەلىكىدىكى يېزا - كەنتلەر بويىچە ھەممە ئۆي - تۇتۇنلەرنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ، قاتىلنى تۇتۇشقا بۇيرۇق بەردى. ۋاڭ چىڭنىڭ يۇرتى، يېشى، تەقى - تۇرقى قاتارلىقلارنى پۈتۈپ، رەسمىنى سىزىپ تارقاتتى. «ۋاڭ چىڭنى تۇتقانلارغا مىڭ تىزىق يارماق تارتۇق بېرىلىدۇ، ئەگەر كىمكى ۋاڭ چىڭنىڭ تۇرار جايىدىن خەۋەر تېپىپ، يامۇلغا خەۋەر قىلسا، ئىنئام بېرىلىدۇ؛ كىمكى گۇناھكارنى يوشۇرۇپ ئۆيىدە باقسا، ئەھۋال مەلۇم بولغاندىن كېيىن گۇناھكار بىلەن ئوخشاش جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ جاكار چىقىرىلدى. قوشنا ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئايماق - ناھىيەلەرمۇ تۇتماق بولدى.

ئەمدى گەپنى ۋاڭ چىڭدىن ئاڭلاڭ. ئۇ شۇ كېچىسى شەنجۇ سېپىلىدىن چۈشۈپ، كىيىملىرىنى تۈگۈپ خەندەكنىڭ تېيىز يېرىدىن ئۆتۈپ قىرغاققا چىققاندىن كېيىن: « ھاياتىمنى خەۋپتىنغۇ قۇتقۇزدۇم، ئەمدى نەگە بېرىپ پاناھلىنارمەن» دەپ

ئويغا چۆمدى. بۇ قىشنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغان، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ بولغان مەزگىل بولغاچقا، يۇلتۇزنىڭ يورۇقىدا يول ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋاڭ چىڭ كېچىدە تۆت ـ بەش چىغىر يولدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاخىر چوڭ يولغا چىقتى ـ دە، تېز ـ تېز مېڭىۋەردى. كۈنچىقىشتىن قۇياش كۆتۈرۈلگۈچە ئاتمىش ـ يەتمىش چاقىرىمدەك يول باستى، تۆۋەن تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا نۇرغۇن ئۆيلۈك بىر جاي كۆرۈندى، ۋاڭ چىڭ: «يېنىمدا يەنە بىر تىرىق يارماق تۇرۇپتۇ، ئاشۇ يەرگە بېرىپ ئاز ـ تولا تاماق ـ پاماقلارنى يەۋېلىپ، مەي ـ شارابلارنى ئىچىۋېلىپ، ئاندىن بىر ياققا ماڭارمەن» دەپ مېڭىۋەردى. بىردەمدىن كېيىنلا بىر بازارغا يېتىپ كەلدى. ۋاقىت تېخى ئەتىگەن بولۇپ، تاماقخانىلار تېخى ئېچىلمىغانىدى. ئىگىسى ئۆتۈپ قالغانمۇ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى بىر ئۆينىڭ پېشايۋىنىدا يولۇچىلار ئۈچۈن يورۇتۇپ قويۇلغان بىر ئەسكى پانۇس ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىشىكىمۇ قىيا ئوچۇق تۇراتتى. ۋاڭ چىڭ كېلىپ ئىشىكنى غاچچىدە ئىچىۋىدى، تېخى يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇمىغان بىر ئادەم چىقىپ كەلدى، ۋاڭ چىڭ بىر قاراپلا: «بىر نەۋرە ئاكام فەن چۈەن تۆرە ئىكەنغۇ؟ فەن چۈەن كىچىككىدىلا دادىسى بىلەن فاڭجۇ ئايمىقىغا كېلىپ، بىدىكچىلىك بىلەن بېيىپ كەتكەچكە، مۇشۇ ئايماقتىكى ئىككى كۆرەڭ زىندانبېگى بولۇپ قالغان. بۇ يىل ئەتىياز ئۈچىنچى ئايدا خىزمەت بىلەن ئاستانىگە كەلگەندە، مېنىڭ ئۆيۈمدە بىرقانچە كۈن تۇرغانىدىغۇ؟» دەپ تونۇدى ـ دە:

— ئاكا، ئايرىلىشقاندىن بۇيان ئەھۋالىڭىز قانداق؟ — دەپ تۇۋلىۋەتتى.

— ئىنىم ۋاڭ چىڭغا ئوخشاۋاتىسىزغۇ! — دېدى فەن چۈەنمۇ ۋە ۋاڭ چىڭنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى، يۈزىگە چېكىلگەن ئىككى قۇر خەتنى كۆرۈپ، بىرنەرسە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن تۇرۇپ قالدى. ۋاڭ چىڭ ئەتراپتا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ

يەرگە تىزلىنىپ:

— ئاكا، مېنى قۇتقۇزۇۋالسىڭىزچۇ؟ — دېدى.

— سىز راستتىن ئىنىم ۋاڭ چىڭمۇ؟ — دېدى فەن چۈەن ئۇنى دەرھال يۆلەپ.

ۋاڭ چىڭ: «گەپ قىلماڭ» دەپ قول ئىشارىتى قىلدى. فەن چۈەن چۈشىنىپ، ۋاڭ چىڭنى يېتىلەپ، ئۆز خانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئىش ئۇلۇغ كەلگەندى، فەن چۈەن تۈنۈگۈن كەچتە يالغۇز كىشىلىك بىر ئۆيگە چۈشكەندى.

— ئۇكام، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى فەن چۈەن بوش ئاۋاز بىلەن.

ۋاڭ چىڭ ئاغزىنى فەن چۈەننىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ بوش - بوش ئاۋاز بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقتىن، يۈزىگە خەت چېكىلىپ، شەنجۈ ئايمىقىغا پالانغانلىقىنى بىر قۇر دەپ بەردى. ئاندىن جاڭ شىكەينىڭ ئۆچ ئالىمەن دەپ قىلغان رەھىمسىزلىكلىرىنى ۋە ئالدىنقى كېچىسى بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان فەن چۈەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپمۇ قالدى. ئاندىن يۈز - كۆزلىرىنى چاپسان يۇيۇپ تاماق يېدى، ئۆي ھەققىنى ۋە تاماق پۇلىنى تۆلىدى. ۋاڭ چىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى ئۆزى ئېلىپ ماڭغان گۇناھكار قىلىپ سارايدىن چىقتى - دە، فاڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى. ۋاڭ چىڭ يولدا كېتىۋېتىپ فەن چۈەندىن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— مۇشۇ يەرنىڭ ئامبىلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، — دېدى فەن چۈەن، — شەنجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلىغا بىر پارچە ئالاقە ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئۇنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى توغرىسىدىكى جاۋابنى تۈنۈگۈن ئالدىم، شەنجۇ ئايمىقىدىن يولغا چىققاندا كەچ بولۇپ كېتىپ مۇشۇ يەردە قونۇپ قالغانىدىم. سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ھەم بۇنداق ئىش تۇغدۇرغانلىقىڭىزنى نەدىن بىلەي؟

www.uyghurkitap.com

فەن چۈەن ۋاڭ چىڭ بىلەن كېچىلەپ ئايلىنىپ يۈرۈپ، يوشۇرۇنچە فاڭجۇ ئايمىقىغا كەلدى. ئىككى كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، شەنجۇ ئايمىقىنىڭ قاتىل ۋاڭ چىڭنى تۇتۇش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى يېتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان فەن چۈەن قارا تەرگە چۆمدى. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ۋاڭ چىڭغا:

— شەھەردە تۇرۇشقا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇزاقى يىلى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تۇرغۇن تاغ قورۇلىنىڭ كۈنچىقىشىدىن بىرقانچە ئېغىز كەپە ئۆي، يەنە يىگىرمە مودىن ئارتۇق يەر سېتىۋالغانىدىم، ئۇنى ھازىر ئوتاقچىلىرىم تېرىۋاتىدۇ، شۇ يەرگە بېرىپ بىرقانچە كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرسىڭىز. قالغان ئىشنى كېيىن بىرنېمە دېيىشىسەك، — دېدى.

فەن چۈەن كېچىدە ۋاڭ چىڭنى ئېلىپ، شەھەردىن چىقىپ تۇرغۇن تاغ قورۇلىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى كەپە ئۆيگە باردى. ۋاڭ چىڭنىڭ ئىسمىنى «لى دا» دەپ ئۆزگەرتتى. فەن چۈەن ۋاڭ چىڭنىڭ يۈزىگە چېكىلگەن خەتنى چىقىرىۋېتىشنى ئويلىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى جيەنكاڭغا بارغاندا، دانا ئەمچى ـ تېۋىپ ئەن داۋچۈەننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانىدى. كۆپ پۇل خەجلەپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، يۈزگە چېكىلگەن خەتنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئەمدى ۋاڭ چىڭنىڭ يۈزىگە زەھەرلىك دورا سۈركەپ يۈرۈپ خەتنى چىقىرىۋەتتى، ئاندىن ياخشى دورا بىلەن داۋالىدى، قىزىل داغنى تۈگىتىپ، ئىككى ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ يۈزىنى پۈتۈنلەي ساقايتتى.

ۋاقىت شۇنداق تېز ئۆتتىكى، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يۈز كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ، شۈەنخې بىرىنچى يىلىنىڭ باھار چاغلىرى بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى تۇتۇش توغرىسىدىكى گەپلىرىمۇ بوشىشىپ قالدى. ۋاڭ چىڭنىڭ يۈزى ساقىيىپ، ئاستا ـ ئاستا سىرتقا چىقىدىغان بولدى. ئۇنىڭ كېيىم ـ كېچەكلىرىدىن فەن چۈەن خەۋەر ئالدى. بىر كۈنى ۋاڭ چىڭ

كەپىنىڭ ئىچىدە زېرىكىپ ئولتۇرغاندا، يىراقتا بولۇۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ۋاڭ چىڭ ئوتاقچىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىدى.

— لى بېگىم، — دېدى ئوتاقچى، — بۇ يەردىن كۇنپېتىش تەرەپكە قاراپ بىر چاقىرىمدىن كۆپرەك ماڭغاندا، تۇرغۇنتاغ قورۇلىدىكى دۆڭ جەمەتى كەنتىگە بارىدۇ. دۆڭ جەمەتىدىن بولغان بىر تۇغقانلار شەھەردىن بىر ئويۇنكەشنى ئېلىپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭغا سۇپا تەييارلاۋاتىدۇ، ئۇ نۇرغۇن ناخشا - مۇقاملار ۋە سازلارنى بىلىدىكەن، ئۇ كۇنپېتىش ئاستانىلىك بولۇپ، چىرايى ۋە سەنئىتىنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئىمىش، شۇڭا ئۇ يەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. ئۆزلىرى نېمىشقا بېرىپ كۆرۈپ باقمايدىلا؟

ۋاڭ چىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالىسۇن؟ تۆت سەكرەپلا تۇرغۇنتاغ قورۇلىغا باردى. ۋاڭ چىڭ بۇ يەرگە كەلدى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! بۇ پالاندى بىر يېزىلىق ئايال بىلەن تويلىشىپ، زومىگەر بولۇۋېلىپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرگە ئازاب - ئوقۇبەت كەلتۈردى. ۋاڭ چىڭنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ، ئويۇنكەشنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىر يۈز تۆتىنچى باب

## دۈن جەمەتى كەنتىنىڭ يېڭى كۈيئوغۇل تاپقانلىقى، ئۆيتاغ تۇراسىدا ئەر ـ خوتۇنىنىڭ تۇرا غوجىسىنى قەتل قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، ۋاڭ چىڭ تۇرغۇن تاغ قورۇلىغا بارغاندا، ئۇ يەردە بەش ـ ئالتە يۈزچە ئادەم توپلانغانىدى، ئويۇن سۇپىسى قورۇلىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بوغدايلىققا ياسالغان بولۇپ، ئويۇنچى تېخى سۇپىغا چىقمىغانىدى. سۇپىنىڭ تۆت تەرىپىگە ئوتتۇز ـ قىرىقتەك شىرە قويۇلغانىدى، كىشىلەر شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قىمار ئويناۋاتاتتى. شىشىخال ئويۇنىنىڭ نامىلىرى بىرلا ئەمەس، كۆپ ئىكەن: ئالتىلىك، بەشلىك، تۆتلۈك، بىرلىك دەپ ئاتىشىدىكەن. تومپۇر ئوينىغۇچىلار تاۋاكادا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تومپۇر تاشلاپ تۇراتتى. بۇ يەردە يىگىرمە نەچچە بىسات قىمار بولۇۋاتاتتى. تومپۇر ئويۇنىنىڭمۇ نامىلىرى بىرلا ئەمەس، كۆپ ئىكەن. ئۇنى بىر خىل چىقىش، ئوڭ چىقىش، تەتۈر چىقىش دەپ ئاتىشاتتى. شىشىخال ئوينىغۇچىلار ئالتە ـ ئالتە دەپ، تومپۇر ئوينىغۇچىلار ئوڭ ـ تەتۈر دەپ ۋارقىرىشاتتى. بىردەم كۈلۈشۈپ، بىردەم تىللىشاتتى. بىردەم بىر ـ بىرىنى دۆشكەلەپ ئىتتىرىشەتتى. ئۇتتۇرۇپ قويغانلار كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلاپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆنى مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئۆتەتتى، قىمار ئويناشقا چۈشۈپ كەتسە تاماق يېيىش، ئۇخلاشنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئۇتتۇۋالغانلىرى كېرىلىپ ـ كۆرەڭلەپ ئاشپۇزۇل، مەيخانا ئىزدەيتتى، يان خالتىسى،

قويۇنلىرى پۇلغا توشۇپ كېتەتتى، قىماردىن كېيىن تاۋكادىكى نەق پۇل جەزىخورلار بىلەن چوتارچىلارنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كېتەتتى. قىمارغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، تېخىمۇ قىزىقى يېزا جۇۋان ـ چوكانلىرى ئوتىغۇچلىرىنى، كۆكتات سۇغىرىش ئىشلىرىنى تاشلاپ، تۆت ـ بەشتىن بولۇپ، ئاپتاپتا قارايغان يۈزىنى يەنە ئاپتاپقا تۇتۇپ، سېرىق چىشلىرىنى پارقىرىتىپ، ئويۇنچىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ سۇپىغا قادىلىپ قارىشىۋاتاتتى. ئويۇنچى سۇپىغا چىقتى، يېزا خوتۇن ـ قىزلىرى ئويۇنچىلارغا قاراپ: «ئۇلارنىمۇ ئادەم تۇغقانغۇ! نېمىشقا نېمانچىلا چىرايلىق؟ ئۇلار كىشىنى ئۆزىگە نېمانچىلا جەلپ قىلىۋالغان ـ ھە!» دېيىشەتتى. بۇ ئويۇننى كۆرۈشكە يېقىن ئەتراپتىكىلەرلا ئەمەس، بەلكى شەھەرلىكلەرمۇ كېلىشتى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئون نەچچە مو يەرنىڭ ياپيېشىل بۇغدايلىرى دەسسىلىپ ـ چەيلىنىپ كەتتى.

گەپنى ئۇزارتمايلى، ۋاڭ چىڭ ئويۇننى بىردەم كۆرگەندىن كېيىن زېرىكىپ سۇپا ئەتراپىغا قارىدى، قارىسا، بىر توپ ئادەم ئىچىدە قاۋۇل، كېلىشكەن، جام كۆز، يوغان ئېڭەك، مۇرىسى كەڭ، بېلى ئىنچىكىرەك بىر يىگىت شىرەنى ئىككى قولى بىلەن قاماللاپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ. شىرە ئۈستىدە بەش تىزىق يارماق، بىر شىشخال قۇتىسى ۋە ئالتە ئۇرۇق تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن قىمار ئوينايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ۋاڭ چىڭ كۆڭلىدە: «مەن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قېچىپ كەتكەن، ئون نەچچە ئايدىن بۇيان بۇ نەرسىنىمۇ ئويناپ باقماپتىمەن، فەن چۈەن ئاكام ئالدىنقى كۈنى ئوتۇن ئال دەپ بەرگەن يامبۇنى دو تىكىپ باقمايمەنمۇ، تەلىيىم ئوڭ كېلىپ بىرنەچچە تىزىق يارماق ئۇتۇۋالسام، يەل ـ يېمىش ئېلىپ يەرمەن» دەپ ئويلاپ، يانچۇقىدىكى يامبۇنى شىرەگە تاشلاپ، ھېلىقى يىگىتكە:

— كەلگىنىچە ئويناپ كۆرەيلى، — دېدى.

— ئوينىساق ئوينايلى، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى يىگىتمۇ ۋاڭ چىڭغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ.

گەپ تۇگەر ـ تۇگـەمـەيلا ئالـدىدىكى شىرە يېنـىدا تۇرغانـلار ئىچىـدىن تاۋكادا ئـولتۇرغان هـېلىقى يىگىـتكە ئوخـشايدىغان، قەددى ـ قامەتلىك بىر ئادەم چىقتى ـ دە، ۋاڭ چىڭغا قاراپ:

ــــ يامبۇنىمۇ دو تىكـەمدىكەن؟ يـامبۇنى ئـەكەل، مەندە پـۇل بار، سەن ئۇتـۇۋالساڭ هەر تـىزىق يارمـاقـقا يـىگىرمە يـارماقتىن ئۆسۈم ئالـمەن، ــــ دېدى.

ــــ ياخشى بولىدۇ، ــــ دېدى ۋاڭ چىڭ ۋە هېلىقى ئادەمدىن ئىككى تىزىق يارماق ئالدى. ئۇ ئادەم هەر تىزىق يارماقتىن يىگىرمە يارماق ئۆسۈم تۇتۇۋالدى، ۋاڭ چىڭ بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولۇپ، ئاشۇ يىگىت بىلەن بىرلىك شىشىخال ئويۇنىنى ئوينىدى. بۇلار ئىككى ـ ئۈچ دو ئويناشقاندىن كېيىن باشقا بىرى تاۋكاغا چۈشۈپ دو تىكىپ ئويناشقا كىرىشتى. ۋاڭ چىڭ ئاستانىدە ئاتىقى چىققان داڭدار قىمارۋاز ئىدى. ئۇ شىشىخال قاچىسى بىلەن تونۇش بولغاچقا، تولۇق ئىشەنچى بار ئىدى. ئۇ شىشىخالنى چۆرگۈلىتىشنى، ئۇنى ئويناشنى تولۇق بىلىش بىلەنلا قالماي، هىيلە ئىشلىتىشكە، ساختىپەزلىك قىلىشقىمۇ ئۇستا ئىدى. هېلىقى جەزىخور باشقا شىرەگە ئۆتتى. بۇ شىرەگە كېلىپ ئويناۋاتقان كىشى «ۋاڭ چىڭ هەقىقەتەن قالتىس ئوينايدىكەن» دەپ پۇلنى يىغىۋالدى. پەقەت هېلىقى يىگىتكىلا چوتار بەردى. ۋاڭ چىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى تىزىق يارماق ئۇتۇۋالدى، ۋاڭ چىڭ تەلىيى ئوڭ كېلىپ ئۇتمۇەردى. هېلىقى يىگىت ئۇتتۇرغانىنىڭ قىزىپ كېتىپ، پۇل تىكىۋېرىپ، بىر بىسات قىماردا ۋاڭ چىڭغا بەش تىزىق يارماقنى ئۇتتۇرۇپ قويدى. ۋاڭ چىڭ ئۇتۇۋالغان پۇللىرىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ، بىر ياققا قويۇپ تۇرۇپ، جەزىخورنىڭ يامبۇنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. پۇلنى يىپ بىلەن باغلاپ مۈرىسىگە ئارتىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، هېلىقى ئۇتتۇرۇپ قويغان ئادەم:

ــــ هەي، يارماقنى نەگە ئاپىرىسەن، بۇ يارماق هېلى سوقۇلغان، ئوتتىن يېڭى چىققاچقا، قىزىق، بەدىنىڭنى كۆيدۈرۈپ



www.uyghurkitap.com

قويمىسۇن يەنە، ــ دەپ ۋارقىرىدى.
ــ ئۆزۈڭ ئۇتتۇرۇپ قويدۇڭ، ئەمدى كېلىپ چىدىمايۋا-تامسەن؟ ــ دەپ توۋلىدى ۋاڭ چىڭ غەزەپ بىلەن.
ــ ھۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى، غوجا ئاكاڭغا تىل تەگكۈزەمسەن تېخى، ــ دەپ كۆزلىرىنى چەكچەيتتى ھېلىقى ئادەم.
ــ ھەي خۇنپەر ! خاتىرىڭنى جەم قىل، مۇشتۇمۇم ھېلى بىكار قورسىقىڭغا كىرىپ كېتىپ چىقىرالماي قالما، يارمىقىڭنى قايتۇرۇۋالىمەن دەپ خىيال ئەيلىمە، ــ دەپ تىللىدى ۋاڭ چىڭ.
ھېلىقى ئادەم ۋاڭ چىڭغا مۇشت ئاتتى. ۋاڭ چىڭ بىر داجىپلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ئوڭ جەينىكى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا نوقۇپ تۇرۇپ، ئوڭ پۇتى بىلەن ئۇنىڭ سول پۇتىغا چىرماق سالدى، ئۇنىڭ قارا كۈچى بولغىنى بىلەن بۇ پەنتنى قايتۇرۇشنى بىلمەي گۈپپلا قىلىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. قاراپ تۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، ۋاڭ چىڭ ئۇنىڭ قورساقلىرىغا بولۇشىغا سېلىۋەردى. جەزىخور كېلىپ نە بولارنى ئاجراتماي ۋە نە ھېچبىرىگە يانمۇ باسماي، شىرەدىكى يارماقلارنى ئېلىپ قاچتى. ۋاڭ چىڭ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، يەرگە بېسىۋالغان ھېلىقى ئادەمنى تاشلىۋېتىپ، يارماق بۇلىغاننى قوغلىدى. شۇ ئەسنادا خەقلەر ئارىسىدىن بىر مەزلۇم چىقىپ:
ــ ھەي تەلۋە، ئەدەپسىزلىك قىلما! گېپىڭ بولسا ماڭا قىل، ــ دەپ ۋارقىرىدى.
ۋاڭ چىڭ بۇرۇلۇپ مەزلۇمغا قارىدى، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى قانداق دېمەمسىز:

## نەزم

ياغىدۇ قاينار بۇلاقتەك كۆزىدىن دەھشەت ئەجەب،
ياغىدۇ تۇم قېشى ھەم قاپىقىدىن قەھرى - غەزەپ.
ئەپتىدە يوقتۇر گۈزەللىك مىسلى كاداڭ بەللىرى،

www.uyghurkitap.com

ئۇيا ـ ئەڭلىكتە بىزەلگەن سەت كۆرۈمسىز بەتلىرى.
غەيرىي نۇسخا جىغا ـ چەمبەرنى تاقاپتۇ بېشىغا،
مودا بولغان جۈپ بىلەزۈك پارقىراپ بىغىشىدا.
تاش كۆتۈرسە هارسىرايدۇ دەيدۇ خەقلەردىن كۈلۈپ،
ئۆزىنى رۇستەم ئاتايدۇ كۈچ ـ قۇۋۋىتىن كۆرسىتىپ.
يىگىنە ئىشتىن خەۋىرى يوق، زادى كەلمەيدۇ قولى،
كىچىككىدىنلا ئۇنىڭ چامباشچىلىقتۇر هۈنىرى.

بۇ چوكان يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش ياشلاردا ئىدى. ئۇ تاش كۆڭلىكىنى سىلىپ پۇرمىلەپلا بىر شىرە ئۈستىگە تاشلىدى. ئۇ ئىچكە ئوقيانىڭ ئوقدىنىدەك قىسىپ تۇرىدىغان كۆڭلەك، كالتە پاختىلىق پەشمەت، سۆسۈن رەڭ تاۋاردىن ئىبغى كەڭ ئىشتان كىيگەنىدى. ئۇ ئىبتىلىپ كىلىپ ۋاڭ چىڭغا مۇشت ئاتتى. ۋاڭ چىڭ ئۇنىڭ مەزلۇم ئىكەنلىكىنى هەم ئۇنىڭ چاندۇرۇپ مۇشت ئاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئەخمەق قىلغۇسى كېلىپ، يانپاشقا ئالمىدى، بەلكى مۇشتۇمىنى تۇگۇپ ئېلىشماقچى بولۇپ تۇردى، بۇلارنىڭ ئېلىششىنى تۆۋەندىكى نەزمىدىن بىلىڭ:

رۇسلىنىپ، چەرخ ئۇرۇپ خىرىس قىلدى شۇئان،
پۇتلارمۇ رۇسلاندى تىپىككە هامان.
بىرى كۆتۈرسە مۇشتىنى تۇگۇپ،
بىرى ئىبتىلدى پەرۋاز قىپ ئۇچۇپ.
بىرى نوقۇدى جەينىكى بىلەن،
چىپكىگە سالدى بىرى مۇشتۇمى بىلەن.
يەردە ئىغناپ گويا ئەجدەردەك،
نەرىلەر تارتىشتى شىرىرى ـ غەرراندەك.
مەزلۇمە ئەركە تەڭلەپ ئاتقاندا مۇشتىنى،
تۇتتى ئەر گاچ قىلىپ مەزلۇم بىلىنى.

شامالدۇرغۇچتەك پىرقىراپ ئۇلار،
گوياكى بوراندەك غۇرقىراپ بۇلار.
گاھىدا ئىككىسى ئىرماش ـ چىرمىشىپ،
گاھىدا كېتەتتى يەنە ئاجرىشىپ.
بىردەمدە يامغۇرلار يېغىپ ئۆتكەندەك،
تۇگەشتى دەرەخ غازاڭ تۆككەندەك.

شۇ ئەسنادا ئويۇنچى سۇپىغا چىقىپ ئويۇننى باشلىۋەتتى. ئويۇن كۆرۈۋاتقان خەقلەر بۇ يەردە بىر ئەر بىلەن بىر مەزلۇمنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، غۇززىدە ئولىشىۋالدى. مەزلۇم ۋاڭ چىڭنىڭ بىگىسىنى پىسەنت قىلماي، قارا يولۋاسنىڭ ئېتىلىش پەنتىنى قوللانماق بولۇپ، ۋاڭ چىڭنىڭ مەيدىسىگە مۇشت ئاتتى. ۋاڭ چىڭ بىر داجىۋىدى، ھېلىقى مەزلۇمنىڭ ئاتقان مۇشتى تەگمەي ئۆتۈپ كەتتى. مەزلۇم قولىنى يىغىپ بولغۇچە ۋاڭ چىڭ ئۇ مەزلۇمغا بىر پۇت قويۇش بىلەنلا ئۇنى يەرگە يىقىتتى، ئۇنىڭ دۈمبىسى يەرگە تېگىپ بولغۇچە:

— كىيىمىڭىز توپا بولۇپ كەتمىسۇن، — دەپ ئۇنى يۆلىۋالدى ۋاڭ چىڭ، — مېنىڭدىن رەنجىمەڭ، ئاۋۋال سىز مۇشت ئاتتىڭىز.

— بارىكاللا، — دېدى مەزلۇم ۋاڭ چىڭغا قول قويغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ھېچقانداق ئاچچىقلانماستىن، — ھەقىقەتەن ئۇستا چامباشچى ئىكەنسىز، ياخشى پەنت قويدىڭىز.

شۇ ئەسنادا ھېلىقى يارمىقىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ تاياق يېگەن ئادەم بىلەن جەزبخور ئادەملەر ئىچىدىن چىقىپ ۋاڭ چىڭغا قاراپ:

— ھەي ··· ئىتتىن تۆرەلگەن ھارىمى، يۈرىكىڭ قاپتەكمۇ سېنىڭ؟ سىڭلىمىزغا قول تەگكۈزۈشكە نېمە ھەددىڭ ئىدى؟ — دەپ ۋارقىراپ دېۋەيلەپ كەلدى.

— ھەي سەھرالىق تومپايلار، يارمىقىڭنى ئۇتتۇرۇپ قويۇپ

مېنىڭ يارمىقىمنى ئېلىپ قاچتىڭ، يەنە نېمە چالۋاقايسەن، — دەپ تىللاپ ۋارقىرىدى ۋاڭ چىڭ ۋە دېۋەيلەپ بېرىپ مۇشت ئاتتى.

بىردىنلا كىشىلەر ئارىسىدىن بىر ئادەم شۇڭغۇپ چىقىپ، بۇلارنى ئىككى قولى بىلەن توسۇپ:

— ئىنىم لى دا، ئەدەپسىزلىك قىلماڭ! ئەي ئىنىلىرىم دۇەن ئېر، دۇەن ۋۇ قول تەگكۈزمەڭلار! ھەممىمىز بىر يەرلىك تۇرساق، گەپ بولسا چىرايلىق ئولتۇرۇپ قىلىشايلى! — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاڭ چىڭ قارىسا فەن چۇەن ئىكەن، ئۈچەيلەنلا توختاشتى. فەن چۇەن ھېلىقى مەزلۇمدىن ئالدىراپلا:

— سىڭلىم، ئامان تۇردىلىمۇ، — دەپ تىنچلىق سورىدى.

— لى ئاكا، ئۆزلىرى فەن بېگىمنىڭ تۇغقىنىمۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى مەزلۇممۇ دەرھال تەزىم قىلىپ.

— پېقىرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىم بولىدۇ.

— كارامەت ئۇستا چامباشچى ئىكەن.

— ئاۋۇ بىرنېمە، — دېدى ۋاڭ چىڭ، — ئۆزى ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، ئادەملىرى بىلەن يارمىقىمنى بۇلاپ كەتتى.

— بۇ دۇەن ئېر، دۇەن ۋۇ ئاغىلىرىمىزنىڭ قىلىدىغان ئىشى، سىز نېمە ئارىلىشىپ يۈرىسىز، — دېدى فەن چۇەن.

دۇەن ئېر بىلەن دۇەن ۋۇلار سىڭلىسىغا قاراشتى. سىڭلىسى ئۇلارغا:

— فەن بېگىمنىڭ يۈزى چوڭ كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن جېدەللەشمەي، يامبۇنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، — دېدى مەزلۇم.

دۇەن ۋۇ سىڭلىسىنىڭ نەسىھەتى ۋە مەردلىكى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى بويىنىغا ئېلىپ، يامبۇنى ئاچىقىپ سىڭلىسىغا بەردى. ھېلىقى مەزلۇم يامبۇنى فەن چۇەنگە سۇنۇپ:

— مانا يامبۇ، ئالسىلا! — دېدى - دە، ئىككى ئاكىسىنى

ئېلىپ كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.
فەن چۈەنمۇ ۋاڭ چىڭنى باشلاپ جاڭزىسىغا قايتتى.
— ئانامنىڭ يۈزىدىن، — دېدى فەن چۈەن ۋاڭ چىڭدىن ئاغرىنىپ، — كاللامنىڭ كېتىشىگە قارىماي سىزنى بۇ يەردە ئېلىپ قالدىم، تېخى گۇناھىڭىز كەچۈرۈم قىلىنمىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق سىز بىلەن ھەمدەم بولدۇم، سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى سورىمايسىز! ھېلىقى دۈەن ئىبر، دۈەن ۋۇ دېگەنلەر تازا ئۆكتەم بىرنېمىلەر؛ ئۇلارنىڭ سىڭلىسى دۈەن سەننياڭ تېخىمۇ بىشەم، كىشىلەر ئۇنىڭغا «يولۋاس ئۇۋىسى» دەپ لەقەم بەرگەن. ياخشى ئادەملەرنىڭ بالىلىرىدىن ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمىگەنلىرى ئاز. بۇ مەزلۇم ئونبەش يېشىدىلا بىر قېرىغا تەگكەن، ئۇ قېرى دېمىسىمۇ تازا كالۋا بىرنېمە ئىكەن، بىر يىل ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئۇ ھېلىقى قېرىنىڭ جېنىنى ئېلىپ يەردە قويدى. ئۇلار كوچىگە تايىنىپ، سىرتتا چاتاق چىقىرىدۇ، پۇل تاپىدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەردىكىلەرنىڭ ئۇلاردىن قورقمايدىغىنى بار دەمسىز؟ ئۇلار مۇشۇنداق ئويۇن كۆرسىتىدىغان پۇرسەتتە قىمار قىلىدۇ. بۇ شىرەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىدۇ. ئىنىم، سىز ئاشۇنداق يەرگە بېرىپ جېدەل تېرىپسىزغۇ! ناۋادا بىرەر خەۋەر چىقىپ كېتىپ قالسا، ئىككىلىمىز ئاز بالاغا قالمايمىز.
ۋاڭ چىڭ فەن چۈەننىڭ سۆزىگە لام - جىم دېيەلمىدى. فەن چۈەن ئورنىدىن تۇرۇپ ۋاڭ چىڭغا:
— مەن ئايماقتا نۆۋەتچىلىككە بارىمەن، ئەتە كەلگەندە كۆرۈشەيلى، — دېدى.
فەن چۈەن فاڭجۇ شەھىرىگە كىرىپ كەتتى، بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ۋاڭ چىڭ كەچ كىرگەندە ئارام ئالدى. كېچىچە ھېچ ۋەقە بولمىدى. ئەتىسى ۋاڭ چىڭ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا، ئوتاقچىلار كىرىپ:
— دۈەن غوجام ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ، — دەپ

خەۋەر قىلدى.

ۋاڭ چىڭ تالاغا چىقىپ كۆرۈشتى، قارىسا، يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ كەتكەن، ساقاللىرى ئاپپاق بىر بوۋاي ئىكەن. ئىككىيلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. دۇەن غوجام ۋاڭ چىڭنىڭ بېشىدىن تا ئايىغىغىچە سەپسېلىپ قاراپ چىقتى ــ دە، «كېلىشكەن يىگىت ئىكەن» دەۋەتتى ۋە ۋاڭ چىڭنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى، بۇ يەرگە نېمە ۋەجىدىن كېلىپ قالغانلىقى، فەن بېگىم بىلەن قانداق تۇغقان ئىكەنلىكى، ئۆيلەنگەن ــ ئۆيلەنمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتتى. ۋاڭ چىڭ بۇ بوۋاينىڭ ئىنچىكىلەپ سوراپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، يالغاندىن گەپ تۈزۈپ:

— پېقىر كۈنپېتىش ئاستانىدىن بولىمەن، ئاتا ــ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، خوتۇنۇممۇ ئۆلۈپ كەتكەن. فەن زىندانبېگى بىلەن بىر نەۋرە قېرىنداش بولىمەن. ئۆتكەن يىلى فەن بېگىم كۈنپېتىش ئاستانىگە خىزمەت بىلەن بارغانىكەن، مېنىڭ يالغۇز قالغانلىقىمنى بىلىپ ئالايتەن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئۆزۈم نەيزىۋازلىق ــ قىلىچۋازلىق بىلەن بەك ھەپىلىشىمەن، شۇڭا كېيىنچە بىرەر پۇرسەت چىقىپ قالسا، مۇشۇ ئايماقتا بىرەر ئىش ــ كۈشلەر تېپىلىپ قالار دەپ تۇرۇۋاتىمەن، ـــ دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ كارامەت خۇشال بولغان دۇەن غوجام ۋاڭ چىڭنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سوراپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. يەنە بىر ھازا ۋاقىت ئۆتتى، ۋاڭ چىڭ تازا خۇدۇكسىنىپ تۇرغاندا، يەنە بىر ئادەم ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ:

— فەن بېگىم بارمىكىن، ئۆزلىرى لى دا دېگەن كىشى بولامدىلا؟ ـــ دەپ سورىدى.

ئىككىسى بىر ــ بىرىگە بىردەم قارىشىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئىككىلىسى ئۆز ئىچىدە «بىر يەردە كۆرۈشكەندەك تۇرىمىز» دەپ ئويلاپ قالدى ــ دە، ئەمدىلا گەپ سورىشاي دەپ تۇرۇشىغا، فەن چۇەنمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇچەيلەن ئولتۇردى.

— لى خەلپەت قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى فەن چۈەن ھېلىقى كىشىدىن.

ۋاڭ چىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا: «بۇ ئادەم رەممال لى جۇ ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى. لى جۇمۇ: «بۇ ئادەم ئاستانىلىك ئادەم، نامى ۋاڭ ئىدى، ماڭا پال سالدۇرغانىدى» دەپ ئېسىگە ئالدى-دە، فەن چۈەنگە قاراپ:

— بېگىم، پېقىر ئەزەلدىن بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغانىدىم. ئۆزلىرىنىڭ لى چوڭشام دېگەن بىر تۇغقانلىرىمۇ بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— مانا بۇ، — دېدى فەن چۈەن، — مېنىڭ ئىنىم لى چوڭشام بولىدۇ.

— مېنىڭ ئەسلىي نامىم لى، — دېدى ۋاڭ چىڭ دەرھال سۆزنى تارتىۋېلىپ، — ۋاڭ دېگەن ئاپامنىڭ ئاتىسىنىڭ نامى.

— يىگىتنىڭ ئېسى جايىدا، — دېدى لى جۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ، — ۋاڭ دېگەن نامنى مەنمۇ بىلەتتىم، بىز ئاستانە كەيفېڭ دىيارىدا كۆرۈشكەنىدۇق.

ۋاڭ چىڭ لى جۇنىڭ ئەسلىي ئەھۋالىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى تۇيۇپ گەپ-سۆز قىلماي ئولتۇردى.

— بىز ئايرىلىشقاندىن كېيىن، — دەپ گېپىنى باشلىدى لى جۇ، — جىڭنەنگە بارسام، ئۇ يەردە بىر ئادەم ماڭا قىلىچۋازلىقنى ۋە تەلەيگە قاراش ئىلمىنى ئۆگىتىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن «زەر قىلىچۋاز خەلپەت» دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ قالدىم. يېقىندا فاڭجۇ ئايمىقىغا كەلگەنىدىم، بۇ يەردە سەيلە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاز-تولا ئوقەت قىلاي دەپ ئالايىتەن بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. دۈەن جەمەتىنىڭ ئوغۇللىرى پېقىرنىڭ قىلىچۋازلىقتىن خەۋىرىم بارلىقىنى ئاڭلاپ قاپتىكەن، ئۆگىتىپ قويساڭ دەپ ئۆيىگە ئاپىرىۋالدى. ھېلىراقتا دۈەن غوجام قايتىپ كېلىپ پال سالدۇردى، شۇنداق ئويدان چىقار دەپ كىم ئويلىسۇن؟ كېيىنلىكلىرى بىلەن بەك دۆلەتمەن بولۇپ

www.uyghurkitap.com

كېتىدىكەنلا، ھازىر قالتىس تەلەيلىرى كەپتۇ، خۇشاللىق كۈنلەر كېلىپ قاپتۇ دېۋىدىم، دوەن سەننىياڭ بىلەن دوەن غوجام بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى، سىلىنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلماقچى بولدى. پېقىر ئوبدان ۋاقىت ـ سائىتىنى تاللاپ ئالايتەن ئەلچى بولۇپ كەلدىم. سەننىياڭنىڭ تەقدىرى ئەرگە بەك يارىشىدۇ، ئەگەر قوشۇلۇپ قېلىشسىلا تازا كېلىشكەن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ قالىدىلا. بۇ ئىش پۈتسە، بىرەر قەدەھ توي شارابى ئىچەرمەن!

فەن چۈەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ھازاغىچە جىم ئولتۇرۇپ كېتىپ: «دوەن جەمەتى يامان خەق. ئەگەر بۇ ئىشنى قىلمىساق، كۈنلەردىن بىرى بىرەر خەۋەر چىقىپ كېتىپ قالسا، زىيىنى ئاز بولمايدۇ. ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلمىساق بولماس» دەپ ئويلىدى ۋە لى جۇغا:

— گەپ شۇنداق دېسىلە! دوەن غوجام بىلەن سەننىياڭنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت. لېكىن، بۇ ئىنىم سەل قوپاللىراق ئادەم بولۇپ قالغان، ئۇنداق نازۇك كىشىلەرگە قانداقمۇ لايىق كېلەر؟ — دېدى.

— ۋاييەي بېگىم، تەكەللۇپ قىلمىسىلىمۇ بولىدۇ. سەننىياڭ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاۋاتىدۇ، — دېدى لى جۇ.

— ئۇنداق بولسا بەكمۇ جايىدا بوپتۇ، ئۆزۈم ئاتا بولۇپ بېرەي، — دېدى فەن چۈەن ۋە يېنىدىن بەش سەر كۈمۈش ئېلىپ لى جۇغا سۇنۇپ:

— سەھرا يېرىدە كۈتۈۋالغۇدەكمۇ بىرنەرسە يوق ئىكەن، ئاز بولسىمۇ ئالسىلا، چاي ـ پاي ئىچەرلا، ئىشىمىز ئۇڭدىن كېلىپ قالسا يەنە قالدىسىنى قىلارمەن، — دېدى.

— بۇنى قانداقمۇ ئالغىلى بولىدۇ؟

— بىر ئەندىشىمىز بار، سىلىدىن بىر ئېغىز گەپ كېتىدۇ، ئىنىمىزنىڭ ئىككى نامى بارلىقىنى دەپ قويمىسىلا، قالغان ئىشلار ئۆز جايىدا بولىدۇ!

لى جۇ رەممال بولغاچقا، كۈمۈشنى چۆنتىكىگە سالدى ـ دە،

فەن چۇەن بىلەن ۋاڭ چىڭغا مىڭبىر رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى ۋە دۇەن جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى نامى بار ئادەم بولامدۇ، ياخشى ئادەم بولامدۇ ياكى يامان ئادەم بولامدۇ، ھېچنېمە بىلەن كارى يوق ئىدى، ئۆزى ئىشنى پۈتكۈزۈپ ئاش ـ تاماق يېسە، مەي ـ شاراب ئىچسە، پۇل ئالسىلا بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇەن سەنىياڭ ئۆزى تاللىغاچقا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى، ئادەتتە ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقاتتى، دۇەن غوجامۇ ئۇنىڭغا چېقىلالمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا ئىش پۈتەتتى.

لى جۇ ئىككى تەرەپكە مېڭىپ تۇردى، كۆپرەك پۇل تاپسا بۇ دەللالنىڭ ئامىتى كەلگەن بولاتتى. فەن چۇەن ئىش چوڭقىيىپ كەتسە، چاتاق چىقىپ قالمىسۇن دەپ، ئىلاج بار ئىككىلا تەرەپنىڭ تېجەپ خىراجەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. دۇەن غوجام قىز ئاتىسى بولغاچقا، تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، ئوبدان بىر كۈننى تاللاپ توي قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. توي شۇ ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنىگە قارار تاپتى، قوي، چوشقىلار ئۆلتۈرۈلدى. بېلىق، راك تۇتۇپ كېلىندى. چوڭ ـ چوڭ جاملاردا شاراب، چوڭ ـ چوڭ تەخسىلەردە گۆش قويۇلدى، تويغا يېقىن تۇغقانلارلا قىچقىرىلدى، داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇناي چېلىنمايدىغان، گۈللۈك پانۇس ـ چىراغلار ئېسىلمايدىغان بولدى. فەن چۇەن ۋاڭ چىڭغا بىر قۇر يېڭى كىيىم تىكتۈرۈپ بەردى ھەم ئۇنى دۇەن جەمەتى جاڭزىسىغا ئاپىرىپ قويدى. پادىشاھلىق ئىشى چىقىپ قالغاچقا، فەن چۇەن بۇرۇنراق خوشلىشىپ كەتتى. ۋاڭ چىڭ بىلەن دۇەن سەنىياڭنىڭ سالام چېيى بىرىشىمۇ ئاددىيلا بولدى. دۇەن غوجام يىگىرمە نەچچە تۇغقىنى، ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى، يېڭى كۈيئوغلى ۋە ئەلچى لى جۇ بىلەن باغدا ئولتۇرۇپ كەچكىچە شاراب ئىچتى ۋە كەچ كىرگەندە تارقاشتى. تۇغقانلىرىدىن ئۆيى يېقىنلىرى خوشلىشىپ كېتىشتى. ھاممىسى فاڭ خەن ئەر ـ خوتۇن، بىر نەۋرە ئىنىسى چيۇ شياڭ بىر ئائىلە، دۇەن ئېرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قېيىنئىنىسى شى جۇن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۆيى يىراق بولغاچقا، قېلىپ قالدى. ئەرلەر ئايۋاندا ياتتى. ئۈچ ئايال تۇغقان ياش بولغاچقا، ئازراق مەي ـ شارابلارنى ئىچىپ، ۋاڭ چېك بىلەن دۇەن سەننياڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھا ـ ھا ـ ھا... ھى ـ ھى ـ ھى... قىلىشىپ، بىرھازاغىچە قىزىقچىلىق قىلىپ، ئاندىن چىقىپ يېتىپ قېلىشتى. دېدەك قىز يېڭى ھۇجرىغا كىرىپ يوتقان ـ كۆرپىلەرنى سېلىپ قويۇپ، يېڭى غوجايىن بىلەن خان ئاغىچىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، ئاندىن دېدەك ئىشىكنى سىرتتىن تاقاپ قويۇپ، ئۆز ئىشىغا كەتتى.

ئاياللار ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈپ، بىر ـ بىرىنى چىمدىپ، غىدىقلىشىۋاتاتتى، دۇەن ئىبر يۇگۇرۇپ كىرىپ ۋارقىرىدى:

ــ ئىش چاتاق بولدى، چاتاق! سىلەر ھېچنېمىنى بىلىشمەي بۇ يەردە ئويۇن ـ چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇۋاتىسىلەر!

بۇنى ئاڭلىغان ئاياللار نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي، بەكمۇ قورقۇشۇپ كەتتى.

ــ ئانىسى، چاپسان ئورنۇڭدىن تۇر، ــ دەپ ۋارقىرىدى دۇەن ئىبر يەنە، ــ سەن بالاغا تىقىلىپسەن!

دۇەن سەننياڭ تازا ھۇزۇرلىنىپ ياتقاچقا، دۇەن ئىبردىن خاپا بولۇپ، ئورنىدىن تۇرمايلا:

ــ كېچىدە نېمە بولدۇڭ، نېمانچە ئالاقزەدە بولۇپ كەتتىڭ، ــ دېدى.

ــ بېشىمىزغا بالا كەپتۇ! ئۇقتۇڭمۇ؟ بېشىمىزغا بالا كەپتۇ!

ۋاڭ چېك ئەسلىدىلا دەككە ـ دۈككىدە يۈرەتتى، شۇڭا ئايالىغا كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ بىللە تالاغا چىقتى، قارىسا، ئايالىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېتىپتۇ. ۋاڭ چېك ئىشىكتىن چىقىشى بىلەنلا دۇەن ئىبر ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ باغقا ئېلىپ كىردى، قارىسا ئۇ يەردە فەن چۈەن خۇددى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئاللا ـ تۇۋىغا چۈشۈپتۇ، شۇنداق تۇرۇشىغا، ئارقىدىنلا دۇەن غوجام، دۇەن ۋۇ، دۇەن سەننياڭمۇ يېتىپ كەلدى. ئاڭلىسا،

شىنبەن ناھىيەسى گۇڭ جەمەتى كەنتىنىڭ كۆنچىقىشىدىكى خۇاڭ دا جاراھەتىنى ساقايتقاندىن كېيىن ۋاڭ چىڭنىڭ دېرىكىنى بىلىپ قىلىپ، تۇنۇگۈن ئاخشام فاڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلىغا ئەرز قىلغانىكەن. ئامبال جاڭ گۇشىڭ يارلىق چىقىرىپ، قاتىل ۋاڭ چىڭنى، گۇناھكارنى يوشۇرۇپ قويغان فەن چۈەننى ۋە دۈەن جەمەتىدىكىلەرنى تۇتۇشقا يۈزبېشى ۋە چېرىك ئەۋەتىپتۇ. فەن چۈەن شۇ ئايماقتىكى ئاشۇ دېلونى باشقۇرغۇچى شۆ پەتىۋاچى بىلەن ئاغىنە بولغاچقا، بۇ خەۋەرنى يوشۇرۇنچە ئۇقۇۋېلىپ بالىچاقىسىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي چېرىكلەر كېلىدىكەن! ھەممەيلەن سوراققا تارتىلارمىش! ھەممىسى خۇددى جاھاننى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتكۇدەك قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلىپ يەرگە تېپىپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ، ۋاڭ چىڭنى تىللاپ، سەننىياڭغا ئىزا - ئاھانەت قىلىشتى. شۇنداق ۋاڭ - چۈڭ ئىچىدە تۇرغاندا، باغنىڭ نېرىسىدىكى كۆنچىقىش ئايۋاندىن رەممال، زەر قىلىچۋاز خەلپەت لى جۇ چىقتى - دە، ئالدىغىراق ئۆتۈپ:

— ناۋادا بالا - قازادىن قۇتۇلىمەن دېسەڭلار، پېقىرنىڭ بىر كەلىمە سۆزىنى تىڭشاڭلار! — دېدى.

ھەممەيلەن ئولىشىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتتى.

— بولار ئىش بولدى، ھەممىڭلار ئەۋزىلى بۇ يەردىن كېتىش كېرەك، — دېدى لى جۇ.

— نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى ھەممەيلەن تەڭلا.

— بۇ يەردىن كۆنپېتىشقا يىگىرمە چاقىرىمچە ماڭساق ئۆيتاغ دېگەن بىر تاغ بار، شۇ يەرگە بارىمىز!

— ئۇ قاراقچىلار ماكانى تۇرسا.

— ھەممىڭلار غەرەز ئۇقمايدىكەنسىلەر - ھە! مۇشۇ ھالدىمۇ ئۆزۈڭلارنى ياخشى ئادەم دېمەكچىمۇ؟ — دەپ كۈلۈپ قويدى لى جۇ.

— ئۇ يەرگە قانداق بارىمىز؟

— ئۇ تاغنىڭ ئاتامانى، — دېدى لى جۇ، — پېقىر بىلەن خوپلا ئوبدان تونۇش. ئۇنىڭ قول ئاستىدا بەش ـ ئالتە يۈز چاپارمەن بار، ئۇلارنى پادىشاھ چېرىكلىرى تۇتالمايدۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمىسۇن، تېز بولۇڭلار، ئۆيۈڭلاردىكى ئېرىغ ماللارنى يىغىشتۇرۇڭلار، بىرىپ شۇلارغا قوشۇلساق، چوڭ بالا ـ قازادىن قۇتۇلىمىز !

فاڭ خەن قاتارلىقلار قوشۇلۇپ ئالتە ئەر ـ ئايال كېيىنلىكتە تۇغقانچىلىق سەۋەبى بىلەن بالاغا قالمىمىز دەپ قورققانلىقى تۈپەيلىدىن ۋاڭ چىڭ، سەننياڭلارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن باشقا چارە تاپالماي، مۇشۇ يولغا ماڭىدىغان بولدى. جاڭزىدىكى نەرسىلەرنى تولۇق يىغىشتۇرۇۋالدى. قىرىق ـ ئەللىك ئوتقاش ياندۇردى. ۋاڭ چىڭ، دۇەن سەننياڭ، دۇەن ئېر، دۇەن ۋۇ، فاڭ خەن، چيۇ شياڭ، شى جۇن، لى جۇ، فەن چۇەن بولۇپ توققۇز ئادەم تەخمۇتەخ بولدى. يان قىلىچىنى ئېلىشتى، كۆتمەك قىلىچ ئېسىشتى، ئوتاقچىلارنى يىغىپ، ئىختىيار قىلغانلاردىن قىرىق نەچچىنى ئالدى، ھەممە ئىش پۈتتى. ۋاڭ چىڭ، لى جۇ، فەن چۇەنلەر باشلامچى بولۇپ ماڭدى، فاڭ خەن، چيۇ شياڭ، شى جۇنلەر ئاياللارنى قوغداپ ئوتتۇرىدا ماڭدى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ بەش ئايال قاۋۇل بولغاچقا، ئەرلەر بىلەن تەڭمۇتەڭ ماڭدى. دۇەن سەننياڭ، دۇەن ئېر، دۇەن ۋۇلار ئارقىدا ماڭدى، جاڭزىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئوت قويۇۋەتتى ـ دە، بىر شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر بىلەن ھەممىسى قورال ئېلىپ كۆنىپىتىشقا قاراپ راۋان بولدى. يېقىن ئەتراپتىكى قوشنىلار ئادەتتە ئۇلاردىن خۇددى يولۋاستىن قورققاندەك قورقۇشاتتى. بۈگۈن ئۇلار ئوتقاش ـ قورالالار كۆتۈرۈپ ماڭغىنىنى، ئۇلارنىڭ سىرىنى بىلمىگەچكە، ھېچكىممۇ توسماي، ئىشكلىرىنى چىڭ ئېتىشىۋالدى.

ۋاڭ چىڭلار تۆت ـ بەش چاقىرىم ماڭا ـ ماڭمايلا ئادەم تۇتۇشقا كېلىۋاتقان يۈزبېشى ۋە چېرىكلەر بىلەن ئۇچراشتى، خۇاڭ داۋۇ بىللە كەلگەنىدى. يۈزبېشى ئالدىغا چىقىپ بولغۇچە

ۋاڭ چىلىڭ قىلىچ ئۇرۇپلا ئۇنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى. لى جۇ، دۇەن سەنىياڭلار ئېتىلىپ چىقىپ چېرىكلەرنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. خۇاڭ دامۇ ۋاڭ چىڭنىڭ قولىدا جان بەردى. ۋاڭ چىڭلار تاڭ سۇزۇلەرگە يېقىن ئۆيتاغ تۇراسىنىڭ يېنىغا كەلدى. لى جۇ: «ئۆزۈم ئاۋۋال تاغقا چىقىپ لياۋ لىنى ئۇنىتاي، ئاندىن ھەممەيلەننى باشلاپ چىقىپ، توپقا قوشۇلايلى» دېگەن مەسلىھەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۇرادىكى چارلىغۇچى چاپارمەنلەر تاغ باغرىدا ئوتقاشلار يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاللىبۇرۇنلا كىرىپ ئاتامانىغا مەلۇم قىلغانىدى. لياۋ لى پادىشاھ چېرىكلىرىگە ئۆچ ئىدى، ئادەتتە پادىشاھ چېرىكلىرىنى بەك بوزەك قىلاتتى، شۇڭا ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، نەيزىسىنى ئالدى ـ دە، تۇرا دەرۋازىسىنى ئاچتۇردى. ياۋ بىلەن تۇتۇشماق بولۇپ چاپارمەنلىرىنى باشلاپ تاغدىن چۈشتى. ۋاڭ چىڭ تاغ ئۈستىگە ئوت يېقىلغانلىقىنى ۋە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ چۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تەخلىنىپ تۇردى. لياۋ لى ئۇدۇل تاغ باغرىغا كېلىپ قارىسا، نۇرغۇن ئەر ۋە ئاياللار تۇرۇپتۇ، ئۇ پادىشاھ چېرىكلىرى ئەمەسلىكىنى بىلدى ـ دە، نەيزىسىنى ئوينىتىپ كېلىپ:

— ھەي پېسەندىلەر، نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ تۇرايمىزنى پاراكەندە قىلىپ، ئاكاڭ قارىغايغا چېقىلىشىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— چوڭ ئاغا، پېقىر ئىنىڭىز لى جۇ، — دېدى لى جۇ ئالدىغا چىقىپ تەزىم بىلەن ۋە ۋاڭ چىڭنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقى، زىندانبېگىنى، پادىشاھ چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان ۋە ئايان قىلدى.

لياۋ لى لى جۇنىڭ ۋاڭ چىڭنى قالتىس ئادەم دەپ تەرىپلەۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمدەم بولىدىغان دۇەن جەمەتىنىڭ ئوغۇللىرى بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئىچىدە: « مەن يالغۇز تۇرسام، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ مېنى بوزەك ئېتىپ قالمىسۇن»

دەپ ئويلاپ، قاپىقىنى تۈرۈپلا لى جۇغا:

— مېنىڭ بۇ جايىم بەك كىچىك، سىلەر سىغماي قالىسىلەر، — دەپ جاۋاب بەردى.

ۋاڭ چىڭ بۇنى ئاڭلاپ، ئىچىدە: «بۇ تۇرادا يالغۇز مۇشۇلا غوجا ئىكەن، ئاۋۋال بۇنى يىغىشتۇرسام، چاپارمەنلەردىن نېمە ئەندىشە» دەپ ئويلىدى ــ دە، كۆتمەك قىلىچىنى كۆتۈرگەن پېتى لىياۋ لىغا ئېتىلدى. قاتتىق غەزەپكە كەلگەن لىياۋ لى قىلىچ كۆتۈرۈپ ئېلىشتى. دۈەن سەنىياڭ ۋاڭ چىڭنى يېڭەلمەي قالامسۇن دەپ، ئۇمۇ كۆتمەك قىلىچىنى ئېلىپ ھەمدەم بولدى. ئۈچەيلەن ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، ئۈچىدىن بىرى يىقىلدى. دەرھەقىقەت: كومزەك چېقىلىپتۇ قۇدۇق بېشىدا، كاللىسى كېتەر باتۇرنىڭ جەڭ مەيدانىدا، دېگەندەك ئىش بولدى. بۇ ئۈچەيلەندىن زادىن كىمنىڭ يىقىلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز بەشىنچى باب

## سۈك دانىشىنىڭ لەشكەرلەرنى تومۇز ئىسسىقىدىن ئۆتكۈزۈۋالغانلىقى
## چياۋ داۋچىڭنىڭ شامالنى قايتۇرۇپ قاراقچىلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، ۋاڭ چىڭ ۋە دۈەن سەننياڭ لياۋ لى بىلەن ئاتتا - يەتتە قەپەس ئېلىشتى، لياۋ لى چاندۇرۇپ قويۇۋىدى، ۋاڭ چىڭ بىر قىلىچ سېلىپ، ئۇنى تىك موللاق چۈشۈردى، شۇ ئەسنادا دۈەن سەنىياڭ دەررۇ كېلىپ يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇۋىدى، لياۋ لىنىڭ تېنى جېنىدىن جۇدا بولدى. لياۋ لى ئۆزىنى جاھاندا كۈچلۈك بىر پالۋان دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى، بۇ دو بىر مەيدان ئېلىشىشتا يارىماي تۈگىشىپ كەتتى. ۋاڭ چىڭ قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ:

— كۆردۈڭلارمۇ، ئەل بولۇشنى خالىمىساڭلار لياۋ لىدەك بولىسىلەر، — دەپ ۋارقىرىدى.

لياۋ لىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن چاپارمەنلەردىن قارشىلىق كۆرسىتىشكە كىمنىڭ ھەددى بولسۇن، ھەممىسى قوراللىرىنى تاشلاپ، تىزلىنىپ ئەل بولۇشتى. ۋاڭ چىڭ ھەممىيلەننى باشلاپ تاغقا چىقىپ تۇراغا كەلدى. بۇ چاغدا تاڭ ئېتىپ كۈنچىقىش تەرەپ سۈزۈلگەنىدى. تاغنىڭ تۆت تەرىپى ئۆيدەك بولۇپ قالغان تاش ئىدى. خۇددى ئۆينىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىغاچقا، ئۆيتاغ دەپ ئاتالغانىدى. بۇ جاي فاڭجۇغا قارايتتى. شۇ كۈنى ۋاڭ چىڭ چوڭ - كىچىك، قېرى - ياشلارنى ئورۇنلاشتۇردى، چاپارمەنلەرنى

ئېدىتلىدى، تۇرادىكى ئاشلىق ـ تۈلۈك، ئوت ـ بوغۇز، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، تاۋار ـ دۇردۇن، ماتا ـ چەكمەنلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئات، كالا سويۇپ چاپارمەنلەرنى تارتۇقلىدى، ھەممە قۇتلۇقلاشتى، ۋاڭ چېڭنى تۇراغا ئاتامان قىلىپ تىكلەشتى. پادشاھ چېرىكلىرى بىلەن ئېلىشىشقا ھازىرلىق كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن جەڭ قوراللىرى ياساشقا كىرىشتى، بىر تەرەپتىن چاپارمەنلەرگە جەڭ مەشقىنى ئۆگەتتى.

بۇ گەپمۇ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. شۇ كېچىسى فاڭجۇ ئايمىقىدىن ۋاڭ چېڭنى تۇتۇشقا كەلگەن يۈزبېشى ۋە چېرىكلەرنى ۋاڭ چېڭلار چاپ ـ چاپ قىلىۋەتكەندى، بۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلغانلىرى كېلىپ، ئامبال جاڭ گۇشىڭغا:

ــ ۋاڭ چېڭلار بىزنىڭ كېلىشىمىزنى ئالدىن بىلىۋاپتىكەن. پادشاھ چېرىكلىرىگە قارشى چىقىپ، چېرىك، يۈزبېشى ۋە خەۋەرچى خۇاڭ دالارنى قىرىپ تاشلىدى. قاراقچىلار كۈنېپتىش تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى، ــ دەپ مەلۇم قىلدى.

جاڭ گۇشىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەن يەرلىك چېرىكلىرىنى ئېيدىتلاپ چىقتى. قارىسا، ئوتتۇزدىن ئارتۇقراقى ئۆلۈپتۇ، قىرىقتىن كۆپرەكى زەخىملىنىپتۇ. جاڭ گۇشىڭ شۇ كۈنىلا ئايماقنى ساقلىغۇچى لەشكەر بېشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تۇتقاۋۇل ۋە كۆرە چېرىكلىرىنى كۆپەيتىپ، قاراقچىلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئەۋەتتى. بۇلاڭچىلار بەكمۇ يامان بولغاچقا، بارغانلا بەگ ـ سىپاھ ۋە چېرىكلەر كۆپلەپ زىيانغا ئۇچراپ تۇردى. ئۆيتاغ تۇراسىنىڭ چاپارمەنلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى، ۋاڭ چېڭلار تاغدىن چۈشۈپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتى. جاڭ گۇشىڭ ئوغرىلارنىڭ مۇنداق غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆز تەۋەسىدىكى ناھىيە ئامباللىرىغا خەۋەرچى ئارقىلىق قاراقچىلارنى تۇتۇش توغرۇلۇق ئالاقە ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئايماق

لەشكەرلىرى سوركاۋولى خو يوۋېي بىلەن قاراقچىلارنى يوقىتىشنى مەسلىھەتلەشتى.

خو يوۋېي كورە چېرىكلىرىنى ئىدىتلاپ چىقتى ۋە موۋاپىق كوننى تاللاپ چېرىكلىرىنى باشلاپ بېرىپ قاراقچىلارنى توتماقچى بولدى. ئىككى كورە چېرىكلىرى تويوقسىز غوۋغا چىقىرىپ: «ئىككى ئاي بولدى، بىر يارماق پول بەرمىدى، بونداق ئاچ قورساق تورۇپ ئوغرىلارنى قانداقمو يوقاتقىلى بولىدو» دېيىشتى.

جاڭ گوشىڭ بو گەپ ـ سوزلەرنى ئاڭلاپ، ئالدى بىلەن بىر ئايلىق تەمىناتىنى تارقىتىپ بەردى. بو ھال چېرىكلەرنىڭ تېخىمو غەزىپىنى ئورلىتىۋەتتى. بونىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەسلىدە ئادەتتىكى تىنچ ۋاقىتلاردا چېرىكلەرنىڭ تەمىناتى قىسقارتىلىۋاتىتى، غوۋغا چىققاندا تارقىتىلاتتى، شوڭا چېرىكلەرنىڭ غەزىپى ئورلەيتتى. تېخىمو كولكىلىك يېرى شوكى، ئىش چىقىپ قالغاندىمو، ئادەتتە توتوپ قالغاندەك توتوپ قالدى. ئادەتتە كوپ قىسقۇەتكەچكە، بوگون زەرداب بىر يولىلا ئېغىز ئالغاندى. چېرىكلەرنىڭ پەيلى بوزولوپ، خو يوۋېينى ئولتورۇۋەتتى. جاڭ گوشىڭ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كوروپ، تامغىنى ساقلاپ قېلىش ئوچون غىپپىدە قېچىۋالدى. شەھەرگە ئىگە بولىدىغان كىشى چىقمىدى، موتتەھەملەرمو ئىسيان قوزغىغان لەشكەرلەرگە ھەمدەم بولوپ، موھىن پوقرالارنىڭ ئويىۋاقىنى كويدورۇپ، مال ـ مولوكلىرىنى بولاپ كەتتى. ھېلىقى بولاڭچى ۋاڭ چىڭ شەھەردىكى مالىمانچىلىقنى بىلىپ، چاپارمەنلىرىنى باشلاپ فاڭجو ئايمىقىغا بېسىپ كەلدى. ھېلىقى يوز ئورۇگەن ئاسىي چېرىكلەر، ئىپلاس خائىنلار بولاڭچىلارغا ئەل بولدى. شونىڭ بىلەن ۋاڭ چىڭنىڭ خورىكى تېخىمو ئوسوپ، فاڭجو ئايمىقىنى ئىگىلىۋېلىپ ئوزىنىڭ ماكانى قىلىۋالدى. جاڭ گوشىڭ ھەرقانچە قىلغىنى بىلەن قاچالماي ئولتورۇلدى.

ۋاڭ چىڭ فاڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىرىدىكى ئاشلىق ـ تۆلۈك، پۇل ـ پۇچەكلەرنى بۇلاپ ـ تالىدى. لى جۇ، دۇەن ئېر، دۇەن ۋۇلارنى ئۆيتاغ تۇراغا ۋە ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتتى، بۇلار توغ ـ ئەلەملىرىنى قاداپ، لەشكەر ۋە ئاشلىق ـ تۆلۈك، ئوت ـ چۆپ توپلىدى. يىراق ـ يېقىن كەنت، مەھەللە ـ بازارلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. بىكار تەلەپ، ھۇرۇن، مۇتتەھەملەر، گۇناھكارلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ قوشۇلدى. گۇڭ دۇەن، گۇڭ جېڭلار ئۈستىدىن خۇاڭ دا ئەرز قىلغاچقا، ئۇلار مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ، ۋەيران بولغانىدى، ۋاڭ چىڭنىڭ لەشكەر توپلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارمۇ كېلىپ توپقا قوشۇلدى. قوشنا ئايماق، ناھىيەلەر نائىلاج شەھەرنى قوغداپ تۇردى. كىممۇ ئۇلارنى تۇتۇشقا كېلەلىسۇن؟ بۇلاڭچىلار ئىككى ئاي ئىچىدە ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا ئىككى تۈمەن ئادەمنى جەم قىلىپ بولدى. يېقىن قوشنا جايلاردىن شياڭجىن، جۇشەن، يۈنشياڭ ناھىيەلىرىنىڭ شەھەرلىرىنى تارتىۋالدى. يېقىن قوشنا ئايماق، ناھىيەلەر بۇ توغرىدا ئوردىغا ئەرز ـ مەلۇمات سۇندى. ئوردا شۇ جايلاردىن چېرىك چىقىرىپ قاراقچىلارنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. سۇڭ خانلىقىنىڭ سەركەردە ـ چېرىكلىرىگە ئاشلىق ـ تەمىنات يېتىشمىگەنلىكتىن، چېرىكلىرى مەشىق قىلىشنى تاشلاپ قويغان، ئۇلار سەركەردىلىرىدىن قورقمايدىغان، سەركەردىلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. قاراقچىلار كەپتۇ دېگەن خەۋەر ئاڭلانغان ھامان، چېرىكلەر ئۇلارنى دەھشەتلىك دەپ، تىترىشىپ كېتىدىغان، پۇقرالار بەكمۇ قورقۇشۇپ كېتىدىغان؛ سەپ تارتىپ ئېلىشىدىغان چاغدا سەركەردىلەر قورقىدىغان، چېرىكلەر بوشاڭلىق قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ۋاڭ چىڭ قاتارلىق قاراقچىلار بولسا، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي باستۇرۇپ كەلسە، پادىشاھ چېرىكلىرى قۇيرۇقىنى تىكىۋېتەتتى. شۇڭا، ۋاڭ چىڭ بارغانسېرى كۆچىيىپ، يەنە نەنفېڭ دىيارىنىمۇ ئالدى. كېيىن ئاستانىدىن سەردار ـ

سەرۋازلار باستۇرۇشقا كېلىۋىدى، ۋاڭچىڭ سەي جىڭ، تۇڭ
گۈەن، ياڭ جيەن ۋە گاۋ چيۇلارغا نۇرغۇن پارا بەردى، بۇنىڭ
بىلەن ئۇلار پارا ئالغاندىن كېيىن ھېچنېمە بىلەن كارى بولمىدى.
بەگ - سىپاھ ۋە سەركەردىلەر دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان
بولسىمۇ، ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن
چېرىكلەرنىڭ تەمىنات ئاشلىقىنى خالىغانچە قىسىۋەتتى،
ياخشىلارنى ئۆلتۈرۈپ يالغان تۆھپە مەلۇم قىلدى، بۇلاڭچىلارغا
يول قويۇپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدۇردى، جايلاردا پاراكەندىچىلىك
تۇغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇلاڭچىلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى
بارغانسېرى زورىيىپ، تۆۋەن تەرەپكە قاراپ لەشكەر تارتتى. لى
جۇ جىڭنەنلىك ئىدى، ئۇ پالچى سىياقىدا ياسىنىپ شەھەرگە
كىرىپ، يوشۇرۇنچە ھارام تاماق مەككار، ئاسىيلارنى توپلاپ،
ئىچى ۋە سىرتىدىن ھەمدەم بولۇپ شەھەرنى تارتىۋېلىش
مەسلىھەتىنى بەردى، شۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىزدىن ھۇجۇم قىلىپ
جىڭنەن شەھىرىنى بېسىۋالدى. مۇشاۋىرلىقتا تەيىنلەنگەن لى
جۇ ئۆزىنى «چۇ ۋاڭ» دەپ ئاتىدى. دېڭىز قاراقچىلىرى ۋە تاغ
تۇرا بۇلاڭچىلىرى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى.
ئۇلار ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدىلا سۇڭ خانلىقىغا قاراشلىق ئالتە
ئايماقنى ئىگىلەپ بولدى. ۋاڭ چىڭ نەنفېڭ شەھىرىگە
ئورۇنلاشتى ۋە خان سارىيى، چارباغ، ئوردا - قەسىرلەر ياسىدى،
خانلىق نامىنى ئۆزگەرتتى، تېخى سۇڭ خانلىقىنى دوراپ،
قەلەمدار، ئەلەمدارلارنىڭ مەنسەپ دەرىجىلىرىنى بېكىتتى،
مەھكىمە ئەمەلدارلىرى، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، سەردارلارنى
بەلگىلىدى. لى جۇنى مۇشاۋىر ۋەزىر، فاڭ خەننى لەشكىرىي
ۋازىر، دۇەن ئېرىنى ئەل پاسىبانى، ئالىي سەردار، دۇەن ۋۇنى
باشبۇغ مەھكىمىسىنىڭ يانداش سۇركاۋۇلى، فەن چۈەننى ئەمىر،
گۇڭ دۇەننى دالالەتبېگى، گۇڭ جېڭنى نەقلىياتبېگى، قوشۇمچە
كىرىم - چىقىم ھېساباتىنى باشقۇرغۇچى ۋە پۇل - پۈچەك،
ئاشلىق - تۈلۈك ئىشلىرىنى تەكشۈرگۈچى، چيۇ شياڭنى ئوردا

ئەمەلدارى قىلىپ تەيىنلىدى. لى دۇەن خانىش بولدى. شۇەنخېنىڭ بىرىنچى يىلى قالايمىقانچىلىق بولغاندىن تارتىپ تاكى شۇەنخېنىڭ بەشىنچى يىلى باھارغا قەدەر ــ بۇ سۇڭ جياڭلار خېبېيدا تيەن خۇنى جازالاپ، چۆگۈن چاقىسىدا تىركىشىپ تۇرغان ۋاقىت ئىدى ــ خۇەيخې دەرياسىنىڭ كۇنپېتىش تەرىپىدە ۋاڭ چىڭ يەنە يۇنئەن چېرىكلىرىنى يوقىتىپ، ۋەنجۇ ئايمىقىنى ئېلىپ بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ، جەمئىي سەككىز ئايماقنى ئىگىلەپ بولدى. بۇ سەككىز ئايماق:

| | | | |
|---|---|---|---|
| نەنفېڭ | جىڭنەن | شەننەن | يۇنئەن |
| ئەندې | دۇڭچۇەن | ۋەنجۇ | ئاستانە |

بۇ سەككىز ئورۇنغا سەكسەن ئالتە ئايماق، ناھىيە قارايتتى. ۋاڭ چىڭ يۇنئەندە يەنە بىر ئوردا قۇردى، بۇنىڭغا شى جۇننى ساقلىغۇچى بەگ قىلىپ، يۇنئەن قوشۇنىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا پەرمان بەردى.

دەسلەپتە ۋاڭ چىڭ ليۇ مىنلارنى ۋەنجۇ ئايمىقىنى ئېلىشقا بۇيرۇغانىدى، ۋەنجۇ ئايمىقى ئاستانىگە يېقىن ئىدى. سەي جىڭلار تەگرىقۇتنى ئالدىيالماي، ئۇنىڭغا سەي يۇ، تۇڭ گۇەنلەرگە ۋاڭ چىڭنى جازالاپ، ۋەنجۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش بۇيرۇقى بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى. سەي يۇ، تۇڭ گۇەنلەر چېرىكلىرىنى باشقۇرالماي، ئۇلارنى خارلاپ، ئۇلارنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويغانلىقتىن، ليۇ مىنلاردىن قاتتىق يېڭىلىپ، ۋەنجۇنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئاستانىنى ناھايىتى قاتتىق خەۋپ ئاستىدا قالدۇرغانىدى. سەي يۇ، تۇڭ گۇەنلەر گۇناھىدىن قورقۇپ، بۇئەھۋالنى يالغۇز تەگرىقۇتتىنلا يوشۇراتتى. قاراقچىلار سەردارى ليۇ مىن، لۇ چىڭلار سەي يۇ، تۇڭ گۇەنلەرنى يەڭگەندىن كېيىن لۇجۇ بىلەن شياڭجۇنى قورشىۋالدى. سۇڭ جياڭلار خېبېينى تىنچلاندۇرۇپ، لەشكەرلىرىنى قايتۇردى ۋە پەرمانغا بىنائەن خۇەيخې دەرياسىنىڭ كۇنپېتىش تەرىپىنى باستۇرۇشقا ماڭدى. ئۇلار شۇنداق ئىلدام ماڭدىكى، ئاتلارنىڭ تۇۋىقى توختاپ

باقمىدى. ئىككى يۈز مىڭ لەشكەر تەۋەن تەرەپكە قاراپ ئات سالدى. تىخى ئەمدىلا خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۇرۇشىغا مىرزىبەگ مەھكىمىسىدىن چىن باسقاقبەگ سۇڭ جياڭلارنىڭ لەشكەرلىرى كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، لۇجۇ بىلەن شياڭجۇنى قوغدۇزسۇن دېگەن بۇيرۇقنى ئېلىپ كەلدى. سۇڭ جياڭلار تومۇزنىڭ پىژ - پىژ ئىسسىقىغا قارىماي، ئاتلىرىنى ئۆلۈش - تىرىلىشىگە باقماي چاپتۇرۇپ، سۇشيەن ناھىيەسىنىڭ ئېقىنىدىن ئۆتتى، ماڭغان - كەچكەن يوللاردا ھېچكىمگە چېقىلمىدى. چوڭ قوشۇن ياڭجەي ئايمىقى تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. قاراقچىلار سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، لۇجۇ بىلەن شياڭجۇنى تاشلاپ قېچىشتى.

ئۇ چاغدا جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭ، يې چىڭلار تيەن خۇنى جازالىغانلىقى ئۈچۈن خاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن ھەمدە يارلىققا بىنائەن سۇڭ جياڭنىڭ ۋاڭ چىڭنى باستۇرۇشىغا ھەمدەم بولماق بولغانىدى. جاڭ چىڭلار ئاستانىدىن ئايرىلىپ يىڭچاڭ ئايمىقىغا كېلىپ تۇرغىلى يېرىم ئايدىن ئاشقانىدى. بۇلار سۇڭ تۇرشاۋۇلىنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئىلتىپات - ئىناۋەت توغرۇلۇق سۆزلەشتى. سۇڭ جياڭ بۇلارنى بەك قۇتلۇقلىدى ھەمدە جاڭ چىڭلارنى لەشكەرگاھتا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

سۇڭ جياڭ چىن باسقاقبەگ، خۇ مەسلىھەتچى، لۇ ئۇستازلارنى ياڭجەي شەھىرىدە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئۆزىنىڭ چوڭ قوشۇنى شەھەرگە كىرىشكە ئەپسىز بولغانلىقتىن، ئىسسىقتىن قېچىپ، بۇ چوڭ قوشۇننى فاڭچېڭ تېغىدىكى ئورمانلىقنىڭ بۈك - باراقسان بىر جايىغا ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە لەشكەرلەردىن ئۇزۇن يول يۈرۈپ، تومۇزدا ئىسسىق ئۆتكەن ۋە چارچاپ كەتكەنلەر كۆپ بولغاچقا، ئەن داۋچۈەننى دورا - دەرمەك ھازىرلاپ لەشكەرلەرنى داۋالاشقا بۇيرۇدى. يەنە لەشكەرلەرگە

www.uyghurkitap.com

سايىۋەن ياساتقۇزۇپ، ئاتلارنى سايە جايغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە خۇلاڭ فۇدۇەننى ئاتلارنى پەرۋىش قىلىپ، ئاتلارنىڭ يال - قۇيرۇقلىرىنى تاراشتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

— بۇ ئۇلۇغ لەشكىرىي قوشۇنىمىز ئورمانلىقتا ئورۇنلاشتى. ئالىمادىس ياۋ كېلىپ ئورمانغا تۇيۇقسىز ئوت قويۇۋەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— ماڭا دەل شۇ ئوت كېرەك، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە لەشكەرلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، تاغنىڭ ئېگىز چوققىسىدىكى باراقسان دەرەخلىك بىر يەرگە بامبۇك چىۋىقىدىن كىچىك بىر ساتما ياساتتى، شۇ ئەسنادا خېيبيدا ئەل بولغان سەركەردە چياۋ داۋچىڭ كېلىپ سۇڭ جياڭغا:

— پېقىر ھەزرەتلىرىنىڭ كۆپلىگەن ئىلتىپاتىغا ئېرىشتىم، ھالا ئەمدىلىكتە ئازغىنا بولسىمۇ بىرەر خىزمەت كۆرسىتىشنى ئارزۇ قىلىمەن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

سۇڭ جياڭ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، چياۋ داۋچىڭغا خۇپيانە تەدبىر كۆرسىتىشنى تاپىلاپ كەينىگە ئەۋەتتى. سۇڭ جياڭ قاۋۇل - كۈچلۈك چېرىكلەردىن ئۈچ تۈمەن كىشىنى تاللىدى: بىر تۈمەن كىشىنى جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭلارنىڭ باشچىلىقىدا كۈنچىقىش تاغدا مۆكۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى؛ سۈن ئەن، بيەن شياڭلارنى بىر تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ كۈنپېتىش تاغدا مۆكۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بارگاھ قوشۇنىدا كۆك يارار توپ گۈلدۈرلىگەن ھامان، بىردىنلا چاپ - چاپقا ئۆتمەك بولدى. ئاشلىق - تۈلۈك، ئوت - سامانلارنى تۆۋەن تەرەپتىكى تاغ ئېتىكىگە دۆۋىلەپ، لى يىڭ، چەي جىنلارنى بەش مىڭ لەشكەر بىلەن ساقلاشقا بۇيرۇدى.

مۇشۇنداق ئايرىم - ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇشىغا، گۇڭسۈن شېڭ ئۈشتۈمتۇت ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئاغا، بۇ كارامەت ئورۇنلاشتۇرۇش بولدى. بىراق، كۈن بەكمۇ ئىسسىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەرلەر ئۇزۇن سەپەردە

ھېرىپ - چارچاپ كېسەل بولۇپ كەتتى. مۇبادا بۇلاڭچىلار خىللانغان چېرىكلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇشتۇمتۇتلا باستۇرۇپ كېلىپ قالسا، بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ئۇلارنىڭكىدىن ئون ھەسسە كۆپ بولغان بىلەنمۇ، ئۇلارنى يېڭەلمەيمىز. پېقىر ئازراق سېھىر ئىشلىتەي، ئالدى بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى - كۆكسى ئېچىلسۇن، ئادەم، ئات - ئۇلاغلىرىمىز سەگىدەپ - سۆرۈندەپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالسا كۈچىگە كېلىدۇ، - دەپلا زۇلپىقارىنى قولىغا ئېلىپ سېھىرگەرلىككە چۈشتى. «سەردار ئەختەر» دېگەن ئىككى خەتنى دەسسەپ تۇرۇپ، سول قولىدا گۇل سىزىپ، ئوڭ قولىدا خەنجىرىنى تۇتۇپ نەزم ئوقۇپ، پۈتۈن زېھنى - دىققىتى بىلەن شىمال تەرەپكە قاراپ بىر ئەپسۇن ئوقۇۋىدى، ھايال بولماي شامال چىقتى. كۆكتە بۇلۇتلار توپلىنىپ، تاغ - داۋاندىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن فاڭچېڭ تېغىنى قاپلىدى. يىگىرمە تۈمەن لەشكەر سالقىن شامالدا سۆرۈندىدى. بۇ تاغدىن باشقا جاينىڭ ھەممىسىنى خۇددى تونۇرنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك پىژ - پىژ ئىسسىق قاپلىدى. تومۇزنىڭ بۇنداق قاتتىق ئىسسىقىغا چىدىيالمىغان تومۇزغىلار چىرقىرىشىپ، ئۇچار قۇشلار قېچىشىپ، ئۆزلىرىنى سايىگە ئېلىشتى. سۇڭ جياڭ ۋە باشقىلار ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ، گوڭسۇن شېڭنىڭ كۆرسەتكەن كارامىتىگە بارىكاللا ئېيتىشتى، ئالتە - يەتتە كۈن مۇشۇنداق ئۆتتى. ئەن داۋچۈەن بارلىق ئادەمنى داۋالاپ ساقايتتى، خۇاڭ فۇدۈەن ئاتلارنى پەرۋىش قىلدى. شۇنداق قىلىپ، لەشكەرلەر بارغانسېرى سەھەت تېپىپ ساغلام بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى ۋەنجۇ ئايمىقىدىن ئاڭلاڭ. ۋەنجۇنى ساقلاۋاتقان لىيۇ مىن بۇلاڭچىلار ئىچىدىكى ھىيلە - مىكىرلىك بىرنېمە ئىدى. ئۇلار بۇنى «لىيۇ ئاقىل» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى چارلاپ، فاڭچېڭ تېغىدىكى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىسسىقتىن قېچىپ ياتقانلىقىنى

ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ:
— سۇڭ جياڭ دېگەن سۇ قاراقچىلىرى لەشكىرىي ماھارەت قائىدىسىنى پەقەت بىلمەيدۇ، ئۇلار چوڭ ئىش قىلالمايدۇ. مەن ئازراق بىر ھىيلە ئىشلىتىپلا، يىگىرمە تۈمەن لەشكەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن، — دېدى ـ دە، دەرھال بۇيرۇق بېرىپ، چەبدەس چېرىكتىن بەش مىڭ ئادەمنى تاللاپ، ھەربىرىگە ئوتلۇق ئوق، كۆيدۈرگۈچ زەمبىرەك، ئوتقاش ھازىرلاتتى؛ يەنە ئىككى مىڭ جەڭ ھارۋىسى ھازىرلاپ، ئوتۇن ـ قومۇش، شاخ ـ شۇمبىلارنى قاچىلىدى، گۈڭگۈرت ـ دورا قاتارلىق ئوت تۇتاشتۇرىدىغان نەرسىلەرنىمۇ ھازىرلىدى. ھەربىر ھارۋىنى تۆتتىن كىشى ئىتتىرىپ ھەيدىدى. بۇ چاغ تازا يەتتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، كۈز پەسلىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. لىيۇ مىن ئۆزى بىلەن لۇ چىڭ، جىڭ جىيى، كۇ مىڭ، گۇ لىڭ قاتارلىق تۆت قولداش سەركەردىنى، بىر تۈمەن ئاتلىق چېرىكنى ئېلىپ، ئاتنىڭ قوڭغۇرىقىنى ئېلىۋېتىپ، ئارقىدىن ھەمدەم بولۇپ ماڭدى. لىيۇ مىن قولداش سەركەردە خەن چې، بەن زىلەرنى شەھەرنى مەھكەم ساقلاشقا قالدۇرۇپ قويدى. لىيۇ مىنلار گۈگۈم ۋاقتى بىلەن شەھەردىن چىقتى، دەل شۇ چاغدا تۆۋەن تەرەپتىن راسا گۈركىرەپ شامال چىقىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن لىيۇ مىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ:
— سۇڭ جياڭ قاتارلىق بۇ قاراقچىلار ئەمدى جاجىسىنى يەيدىغان بولدى، — دېدى.
بۇلاڭچى چېرىكلەر ماڭا ـ ماڭا ئېغىر ياتقۇ بولغان مەھەلدە فاڭچېڭ تېغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىككى چاقىرىم نېرىدىكى بىر جايغا يېتىپ كەلگەندە، ئۈشتۈمتۇتلا تاغ جىلغىسىنى تۈتەك قاپلاپ كەتتى. شۇ ئەسنادا لىيۇ مىن:
— تەگرى بىزنىڭ يېڭىشىمىزگە ھەمدەم بولدى، — دېدى ـ دە، چېرىكلىرىنى ئارقىدا تورۇپ داقا ـ دۇمباق ئۇرۇپ، ئاللا ـ چۇقان سېلىپ سۈر ـ ھەيۋە كۆتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بەش مىڭ

لەشكەرلەرنىڭ ئۇزاققىچە ۋايسىشى، توختىماي ئىنچىقلىشى، كوتولداپ، دوستلىرىنى تۇتقاندەك تۇتۇپ، كۆتەرىپ ئۆلتۈرۈشى يوق، قالغانلىرى قانداق بولۇپ كېتىپ بارىدۇ؟

لەشكەرگە بۇيرۇق بېرىپ، ئۇلارغا تاغدىكى قويۇق ئورمانلىقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئوتلۇق كۆيدۈرگۈچ توپ، ئوتقاشلارنى ئاتقۇزدى، ئاسمانىنى ئوت ـ تۈتەكلەر قاپلىدى. كۆ مىڭ، بى شىڭ، سۈي زەنلەر ھارۋا سۆرىگۈچى لەشكەرلىرىگە ھارۋىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ھارۋىنى تاغ تۈۋىدىكى ئاشلىق ـ تۈلۈك دۆۋىسىگە قارىتىپ ئىتتىرىشنى بۇيرۇدى. لەشكەرلەر راسا باتۇرلۇق ـ قەھرىمانلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىۋاتقاندا، بىردىنلا:

— ۋاي، ئىش چاتاق بولدى! ۋاي، ئىش چاتاق بولدى؟ — دېگەن ئاللا ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى، شۇ ئەسنادا ئاجايىپ بىر كارامەت يۈز بەردى، يەنى تۆۋەن تەرەپتە ھەدەپ شامال ئۆلگىيۋاتاتتى. بۇ شامال قانداقتۇر تۆۋەن تەرەپتىن بىر يولىلا يۇقىرى تەرەپكە قاراپ چىقىشقا باشلىدى! ئۇشتۇمتۇتلا تاغنى يېرىۋەتكۈدەك گۈلدۈرلىگەن بىر قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى. چىۋاق داۋچىلىڭ شامالنى تەتۈرىگە ئايلاندۇرىدىغان، ئوتنى قايتۇرىدىغان بىر سېھىر قىلىپلا، ھېلىقى ئوتلۇق ئوق، ئوتقاشلارنى تۆۋەن تەرەپتىكى قاراقچىلار تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ كەلدى، ئوت خۇددى مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن سېرىق يىلان، ئوت ئەجدىھاسى كەبى يالقۇنجاپ كۆيگەن پېتى قاراقچى لەشكەرلەرگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى، قاراقچى لەشكەرلەر قېچىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، ھەممىسى كۆيۈپ چۇچۇلا بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە لىۋ مىننى زاڭلىق قىلىپ بىر قوشاق توقۇلدى:

تاپقىلى بولمايدۇ لەشكەر پەنتىنى ئەيلەپ پەرەز،
ئوغرىلار شىلتىڭ ئېتىپ قىلماقچى بولدى ئۆڭا قەست.
ئاقىۋەت قوشۇنلىرى ئوتتا كۆيۈپ بولدى كاۋاپ،
ئەي «جاناب لىۋ مىن مۇشاۋىر» بولدىغۇ ھالىڭ خاراب!

بۇ ۋاقىتتا سۇڭ تۇرشاۋۇل لىڭ جېنغا بەلگە توپنى ئېتىشنى بۇيرۇدى، بۇ توپ ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ ياڭراپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

كۈنچىقىش تەرەپتە جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭ، كۈنپېتىش تەرەپتە سۇن ئەن، بيەن شياڭلار ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ چاپ ـ چاپ قىلىپ بېسىپ كەلدى. قاراقچى لەشكەرلەر يېڭىلىپ ۋەتۆرىكى چېقىپ كەتتى. سۇن ئەن لۇ چېڭغا بىر خەنجەر ئۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ تېنى ئىككى پارە بولۇپ كەتتى. چيۇڭ يىڭ جىڭ جيېگە بىر تاش ئېتىۋىدى، ئاتتىن يىقىلدى، جاڭ چىڭ بىر نەيزە ئۇرۇۋىدى، جېنى تېنىدىن جۇدا بولدى. بيەن شياڭ گۇ لىڭنى توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. كۇ مىڭنى لەشكەرلەر ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىككى تۈمەن ئۈچ مىڭ لەشكەرنىڭ يېرىمى ئوتتا كۆيۈپ ۋە چېپىلىپ ئۆلتۈرۈلدى، قېلىپ قالغىنى ھەر تەرەپكە قېچىشىپ كەتتى؛ ئىككى مىڭ ھارۋا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتتى. پەقەت ليۇ مىنلا يېڭىلگەن ئۈچ ـ تۆت يۈزچە قالدۇق چاپارمەنلىرى بىلەن قاچا ـ قاچا ئاران تەسلىكتە ۋەنجۇغا كېلىۋالدى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى بىر تال ئوتۇن، بىر تال پاخال چاغلىق نەرسىنى زىيانغا ئۇچراتماي، بىرەر ئادەمنىمۇ چىقىم بەرمەي، نۇرغۇنلىغان ئات ـ ئۇلاغ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت، قىلىچ ـ نەيزىلەرنى غەنىيمەت ئالدى. جاڭ چىڭ، سۇن ئەنلەرمۇ نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ تاغ تۇراغا قايتىپ تۆھپە تەقدىم قىلدى. سۇن ئەن لۇ چېڭنىڭ بېشىنى چىقاردى؛ جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭلار جىڭ جيېنىڭ بېشىنى چىقاردى؛ بيەن شياڭ گۇ لىڭنىڭ بېشىنى چىقاردى. سۇڭ جياڭ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ ئۆز لايىقىدا تارتۇقلىدى، چياۋ داۋچىڭنى بىرىنچى دەرىجىلىك ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ يازدى، جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭ، سۇن ئەنلەرنى ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، دەپ يازدى.

— ئاغىمىزنىڭ، — دېدى ۋۇ يۇڭ، — بۇ كارامەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قاراقچىلارنىڭ قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. لېكىن، ۋەنجۇ ئايمىقى پۈتۈنلەي تاغ ـ دەريالار بىلەن قاپلانغان ئېدىر ـ تۈزلەڭلىك بولۇپ، قورۇقلۇق دېڭىزى

دەپ ئاتىلىدۇ، ئەگەر قاراقچىلار ئادىمىنى كۆپەيتىپ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن شەھەرنى ساقلاپ چىڭ تۇرۇۋالسا، قولغا ئېلىش تەس بولىدۇ. ھازىر شامال چىقىپ، جاھان سالقىنلاپ، ئادەم ۋە ئاتلىرىمىزنىڭ ھاردۇقى چىقىپ، كۈچىگە كېلىۋالدى، لەشكەرلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق روھى ئۈستۈن تۇرغان، شەھەردىكى قاراقچىلار ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا دەرھال باستۇرۇپ بارساق، ئوڭايلا ئالىمىز. لەشكەرلىرىمىزنى تۆۋەن ۋە يۇقىرى تەرەپكە ئايرىپ ئورۇنلاشتۇرساق، قاراقچىلارنىڭ بولۇشۇشقا كەلگەن لەشكەرلىرىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

سۇڭ جياڭ خۇشال بولۇپ، مۇشۇ تەدبىر بويىچە بۇيرۇق چۈشۈردى؛ قاراقچىلارنىڭ تۆۋەن تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەنلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن گۇەن شېڭ، چىن مىڭ، ياڭ جى، خۇاڭ شىن، سۈن لى، شۆەن زەن، خاۋ سىۋېن، چېن دا، ياڭ چۈن، جۇ تۇڭلارنى ئۈچ تۈمەن لەشكەر ئېلىپ ۋەنجۇ ئايمىقىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە ئورۇنلىشىشقا بۇيرۇدى. لىن چۇڭ، خۇ يەنجو، دۇڭ پىڭ، سو چاۋ، خەن تاۋ، پېڭ چى، شەن تىڭگۈي، ۋېي دىڭگو، ئوۇ پېڭ، دېڭ فېيلارنى ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن ۋەنجۇ ئايمىقىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە كېلىپ بۇلاڭچىلارنىڭ يۇقىرى تەرەپتىن كەلگەن لەشكەرلىرىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. يۇقىرىدىكىلەر بۇيرۇق بويىچە لەشكەرلەرنى، ئات - ئۇلاغلارنى ئېلىپ يولغا چىقىشتى. بۇ چاغدا خېپىيدا ئەل بولغان سەركەردىلەردىن سۈن ئەن قاتارلىق ئون يەتتە كىشى بىردىنلا ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— تۇرشاۋۇل ھەزرەتلىرى بىزنى قوبۇل قىلىپ، بىزگە كۆپ مېھىر - شەپقەت كۆرسەتتىلە، بۇ ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز. ئەمدىلىكتە بىز تۇرشاۋۇل قوشۇن بولۇپ شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، شەھەرنى ئېلىپ، ئازراق بولسىمۇ خىزمەت كۆرسەتسەك، — دېدى.

سۇڭ جياڭ بۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە بولسۇن دەپ، جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭلارنى سۇن ئەن باشلىق ئون يەتتە سەركەردىنى ئېلىپ، بەش تۈمەن لەشكەر بىلەن تۇرشاۋۇل قوشۇن بولۇشقا بۇيرۇدى. بۇ ئون يەتتە كىشى مۇنۇلار:

| | | |
|---|---|---|
| سۇن ئەن | ما لىڭ | بيەن شياڭ |
| شەن شىچى | تاڭ بىن | ۋېن جۇڭرۇڭ |
| سۇي يى | جىن دىڭ | خۇاڭ يۆ |
| مېي يۇ | جىن جىن | بى شېڭ |
| پەن شۈن | ياڭ فاڭ | فېڭ شېڭ |
| خۇ بى | يى چىڭ | |

شۇ ئەسنادا جاڭ چىڭ بۇيرۇق بويىچە سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى باشلاپ ۋەنجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى.

سۇڭ جياڭ لۇ جۈنيى، ۋۇ يۇڭلار بىلەن قالغان سەركەردە، لەشكەرلەرنى ئېلىپ تۇرادىن چىقىپ، فاڭچېڭ تېغىدىن ئايرىلىپ، تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ۋەنجۇ ئايمىقىدىن ئون چاقىرىم نېرىدىكى جايغا بېرىپ قوش تىكتى. لى يۈن، تاڭ لۇڭ، تاۋ زۇڭۋاڭلارغا شەھەرنى ئېلىش قوراللىرىنى ياساتتىپ، جاڭ چىڭلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. جاڭ چىڭ قاتارلىق سەركەردىلەر لەشكەرلىرىنى ئېلىپ بېرىپ ۋەنجۇ ئايمىقىنى قاتتىق قورشىۋالدى. شەھەرنى ساقلاپ تۇرغان سەركەردە ليۇ مىن شۇ كېچىسى سۇڭ جياڭنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ، يېڭىلگەندىن كېيىن قېچىپ، ئاران دېگەندە جېنىنى ئېلىپ ۋەنجۇغا كېلىۋالغانىدى. ئۇ دەرھال نەنفېڭدىكى ۋاڭ چىڭغا ھال ئېيتىپ مەلۇمات سۇندى ھەم يېقىن قوشنا ئايماق ـ ناھىيەلەردىن چېرىك چىقىرىپ، ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئالاقە ماڭدۇردى. شەھەر ئىچىدىكى لەشكەرلىرىگە بولسا شەھەرنى مەھكەم ساقلاپ، ياردەمچى لەشكەرلەر يېتىپ كەلگەندە، بىردىنلا چىقىپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق بەردى. سۇڭ خانلىقىنىڭ



www.uyghurkitap.com

لەشكەرلىرى ئۇدا ئالتە - يەتتە كۈن شەھەرگە تېگىش قىلدى، بىراق سېپىل مەزمۇت بولغاچقا، شەھەرنى ئالالمىدى. ۋەنجۇ ئايمىقى شەھەرنىڭ يۇقىرى تەرىپى رۇجۇ ئايمىقىغا تۇتاش ئىدى، قاراقچى سەركەردە جاڭ شۇ ئىككى تۈمەن ياردەمچى چېرىكنى ئېلىپ بولۇشۇشقا كەلدى، لىن چۇڭلار بۇ باش سەركەردە جاڭ شۇنى ئۆلتۈردى، قالدى - قاتتى ياردەمچى ۋە يان سەركەردىلەر، چاپارمەنلەر يېڭىلىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشىپ كەتتى. شۇ كۈنى يەنە ۋەنجۇ ئايمىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئەنچاڭ، يىياڭ قاتارلىق ناھىيەلەردىن ياردەمچى چېرىكلەر كەلدى. ئۇلارنى گۇەن شېڭلار ۋەيران قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ بەي رېن، جاڭ يى دېگەن سەركەردىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، سۇڭ جياڭ تۇرغان چوڭ تۇراغا ئېلىپ كېلىپ جازالىدى. ئىككى جايدا قولغا چۈشكەن غەنىيمەت كۆپ بولدى. بۇ ۋاقىتتا لى يۈنلەر شەھەرنى ئېلىشقا ئىشلىتىدىغان قوراللارنى پۈتكۈزۈپ چىقتى. سۇن ئەن، ما لىڭلار بىر نىيەتتە ھەمدەم بولۇپ، لەشكەرلىرىگە توپا دۆۋىلىتىپ تۆت تەرەپتىن قورشاپ شەھەرگە يېقىنلىشىپ كېلىشتى. يەنە باتۇر، چەبدەس چېرىكلىرىنى تاللاپ ئاسما كۆۋرۈك بىلەن خەندەكتىن ئۆتۈپ، قەھرىمانلىق بىلەن سېپىلغا چىقىپ، ۋەنجۇ ئايمىقىنى ئالدى. شەھەر ساقلاۋاتقان سەركەردە ليۇ مىننى تىرىك تۇتۇۋالدى، قالغان ياردەمچى، قولداش سەردارلاردىن يىگىرمە نەچچىسى، چېرىكلىرىدىن بەش مىڭدىن كۆپرەكى ئۆلتۈرۈلدى، تۈمەن كىشى ئەل بولدى. سۇڭ جياڭلارنىڭ قوشۇنى شەھەرگە كىرىپ ليۇ مىننىڭ كاللىسىنى كەستى، ئېلان چىقىرىپ ئەلنى ئامان، خالايىقنى خاتىرجەم قىلدى. گۇەن شېڭ، لىن چۇڭ، جاڭ چىڭلار ھەم سۇن ئەن قاتارلىق خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە تۆھپە پۈتۈلدى. ياڭجەي ئايمىقىدا تۇرۇشلۇق چېن باسقاقبەگكە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىلدى ھەمدە چېن باسقاقبەگلەر ۋەنجۇغا يۆتكىلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىندى. چېن باسقاقبەگ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدى، خۇ

مەسلىھەتچى، لۇ ئۇستازلار بىلەن ۋەنجۇغا كەلدى، سۇڭ جياڭلار شەھەردىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىردى، چىبن باسقاقبەگ سۇڭ جياڭلارنىڭ بۇ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ماختاپ باركاللا ئېيتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

سۇڭ جياڭ ۋەنجۇدا لەشكەرنى ماھارەت ئىشلىرىنى جايلاشتۇرۇش بىلەن بولدى، شۇ ئارىدا ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ۋاقىتتا سەككىزىنچى ئاي بولۇپ قالغانىدى. ئىسسىقمۇ بارغانسېرى يانغىلى تۇردى. سۇڭ جياڭ ۋۇ يوڭغا مەسلىھەت سېلىپ:

— ئەمدى قايسى شەھەرنى ئالساق بولار؟ — دېدى.

بۇ جاينىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ماڭسا، تۆۋەن تاغ قوشۇنى تەرەپكە بارىدۇ، ئۇ تەرەپتە ساپلا كۆل - دەريالار بار، يۇقىرى تەرىپى گۈەنلۈنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ، بۇ جاي چۇ بەگلىكىنىڭ كىكىردىكى. شۇڭا، ئالدى بىلەن مۇشۇ شەھەرچىنى ئېلىپ، قاراقچىلارنىڭ كۈچىنى بۆلۈۋەتسەك دەيمەن، — دېدى ۋۇ يوڭ.

— مۇشاۋىر خۇددى مېنىڭ ئويۇمدىكىنى ئېيتتى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

خۇا رۇڭ، لىن چۇڭ، شۈەن زەن، خاۋ سىۋېن، لۇ فاڭ، گو شېڭلار چىبن باسقاقبەگكە ياردەمچى بولۇپ، بەش تۈمەن لەشكەر بىلەن ۋەنجۈنى ساقلاشقا قالدۇرۇلدى. چىبن باسقاقبەگ يەنە چەۋەنداز پۇتۇكچى شياۋ راڭنى ئېلىپ قالدى. سۇ لەشكەرلىرى ئاتامانى لى جۈن قاتارلىق سەككىز سەركەردە جەڭ قېيىقلىرىنى ھازىرلاپ، سۇ يوللىرى ئارقىلىق كۈنپېتىش تاش شەھەرچىنىڭ يۇقىرى كۈنپېتىش تەرىپىدىكى خەنجياڭ دەرياسى بويىغا بېرىپ جەم بولۇشقا بۇيرۇلدى. سۇڭ جياڭ قورۇقلۇق لەشكەرلىرىنى ئۈچ تارامغا ئايرىدى. چىبن باسقاقبەگ بىلەن خوشلىشىپ، نۇرغۇن سەركەردە بىلەن ئون بەش تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ، ۋەنجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ تۆۋەن تاغ قوشۇنىغا قاراپ باستۇرۇپ كەتتى.

دەرھەقىقەت: تۇمەنلىگەن ئات تەڭ چېپىشىپ، ئاسمان ـ زېمىنلارنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ، مىڭلىغان لەشكەرلەر ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جەڭ ـ جېدەل ئالۋاستىلارنى غەمگە سېلىپتۇ. سوڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ تۆۋەن تاغنى زادى قانداق ئالغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئالتىنچى باب

## تالىپنىڭ سوقا ـ سۆھبەت بىلەن كۈچلۈك ياۋنى چېكىندۈرگەنلىكى
## سۇ لەشكەرلىرىنىڭ مۆكۈپ تۇرۇپ پۇختا شەھەرنى ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى بىرنەچچىگە بۆلۈپ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن تەڭلا تېگىش قىلماقچى، سۇ لەشكەرلىرى بىلەن ئاتلىق لەشكەرلەرنى تەڭلا ئىشقا سالماقچى بولدى. قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرىنى ئۈچ تارامغا ئايرىدى، تۇرشاۋۇل قوشۇن دۈشمەن سېپىگە ئالدىن باستۇرۇپ كىرىپ، ياۋنى ئۈجۈقتۇرىدىغان قوشۇن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن ئون ئىككى سەركەردىنى ئاجراتتى. ئۇلار مۇنۇلار:

| | | |
|---|---|---|
| دۇڭ پىڭ | چىن مىڭ | شۇ نىڭ |
| سو چاۋ | جاڭ چىڭ | چيۈڭ يىڭ |
| سۈن ئەن | بيەن شياڭ | ما لىڭ |
| تاڭ بىن | ۋېن جۇڭرۇڭ | سۈي يى |

ھىماتچى قوشۇن بولۇشقۇچى قوشۇن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بەش تۈمەن لەشكەر بىلەن ئون تۆت باتۇر سەركەردىنى ئاجراتتى، ئۇلار مۇنۇلار:

| | | |
|---|---|---|
| خۇاڭ شىن | سۈن لى | خەن تاۋ |
| پېڭ چى | شەن تىڭگۈي | ۋېي دىڭگو |
| ئوۋ پېڭ | دېڭ فېي | يەن شۈن |
| ما لىن | چېن دا | ياڭ چۈن |
| جۇ تۇڭ | ياڭ لىن | |

بارگاھ قوشۇنىدا سۇڭ جياڭ، لۇ جۇنيىلەر قىلىپ، توقسان نەچچە سەركەردە بىلەن ئون تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ، شەنىەن قەلئەسىگە سەپ تارتىپ ماڭدى. تۇرشاۋۇل قوشۇندىكى دۇڭ پىڭلارنىڭ لەشكەرلىرى لۇڭجۇڭشەن تېغىنىڭ يۇقىرىسىدىن بەش چاقىرىم كېلىدىغان جايغا يېتىپ كېلىپ، قوش تىكىپ جايلاشقانىدى، چارلىغۇچىلاردىن بىرى يېتىپ كېلىپ:

— ۋاڭ چىڭ بىزنىڭ قوشۇنىمىزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇچۇر تېپىپ، لۇڭجۇڭشەن تېغىنىڭ يۇقىرى تىزمىسى تەرەپتىن يېڭىدىن ئىككى تۈمەن قاۋۇل چېرىك ئاپتۇ، خې جى، مېي شېڭ، گو گەن، چېن يۈن دېگەن باتۇر سەركەردىلىرىگە شۇ يەرنى چىڭ ساقلاپ تۇرۇڭلار دەپ بۇيرۇق قىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

دۇڭ پىڭلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال مەسلىھەت-لىشىپ، سۈن ئەن بىلەن بىيەن شياڭغا بەش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ بېرىپ سول ياقتا يوشۇرۇنۇشنى، ما لىڭ، تاڭ بىنلارغا بەش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ بېرىپ ئوڭ ياقتا يوشۇرۇنۇشنى، ئۆز لەشكەرلىرى ئاتقان توپ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان، لەشكەر تارتىپ ئوتتۇرىغا چىقىشنى تاپشۇردى.

بۇياقتىكىلەر لەشكەرلىرىنى ئەمدىلا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇشىغا، قارشى تەرەپتىكى قاراقچىلار تۇغ - ئەلەملىرىنى پۇلاڭلاتقان، دۇمباقلىرىنى تاراڭلاتقان ھالدا سۈرەن - چۇقان كۆتۈرۈپ، جاڭلار چالغىنىچە ئۇرۇشماقچى بولۇپ كېلىشتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر - بىرىگە تۇغقا تۇغ، ئەلەمگە ئەلەم ئۇدۇللاپ سەپ تۈزدى، ھەر ئىككى تەرەپ ئوق ئېتىشىپ، ئۆز سېپىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇشتى، قاراقچىلار سېپىنىڭ نىشان تۇغى ئاستىدا تۇرغان قاراقچىلار سەردارى مېي شېڭ باش بولۇپ ئات سېلىپ مەيدانغا چۈشتى. ئۇ بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا قۇياغ كىيگەن، سېغىزخان سۈرەتلىك ئوقيا ئاسقان، ئوقيانىڭ باشاقلىرىغا بۇركۈت پەيلىرىنى قىستۇرۇۋالغان، توك قاپاق، قىزىل يۈز، كۆزى چۆچەكتەك پۈلتىيىپ چىققان ئادەم ئىدى، ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن سايلىق بىر پالىنىنى دولىسىغا قويۇپ تۇتۇۋالغان، غىجىم قۇلا ئارغىماقىقا مىنگەندى. ئۇ:

— ھەي سازلىق قاراقچىلىرى، قاندا قلارچە ئەقلىدىن ئازغان زالىم سۇك خانلىقىنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، بۇ يەرگە جان بەرگىلى كېلىشتىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.

سۇك جياڭ سېپىدىن داقا - دۇمباقلار گۇمبۇرلىدى، تۇرشاۋۇل سو چاۋ ئات ئوينىتىپ مەيدانغا چۈشتى ۋە:

— ھەي مۇتتەھەم قاراقچىلار، تىلىڭنى تارتىش! كۆرگۈلۈكلىرىڭنى كۆرسىتىپ، تەنلىرىڭنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىمەن! — دەپ بىر نەرە تارتىپ، ئات چاپتۇرغىنىچە ئالتۇن سۈيى يالىتىلغان پالتىسىنى ئۇدۇل مىي شىڭغا ئېتىلىپ كەلدى. مىي شىڭمۇ پالتىسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدىن قىيقاس - چۇقان ساداسى كۆتۈرۈلدى، ئىككى باتۇر مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلدى، ئاتلار بىر - بىرىگە ياندىشتى، پالتىلار جاراق - جۇرۇق قىلىپ زەرب بىلەن ئۇرۇلدى، ئۇلار ئەللىك نەچچە قېتىم ئېلىشقان بولسىمۇ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. قاراقچىلار پالۋىنى مىي شىڭ دەرھەقىقەت باتۇر ئىدى. سۇك جياڭ لەشكەرلىرى تەرەپتىن تېرىككەك چېن مىڭ سو چاۋنىڭ ئۆز رەقىبىنى يېڭەلمەيۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ياردەم بېرىش ئۈچۈن بۇرە چىشلىق كالتىكىنى ئوينىتىپ، ئات سېلىپ مەيدانغا چۈشتى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قاراقچىلارنىڭ پالۋانلىرىدىن چېن يۇن يالمانلىق نەيزىسىنى پۇلاڭلىتىپ ئوتتۇرىغا چۈشتى. تۆت پالۋان تويا - چاڭ توزۇتۇپ، شارت - شۇرت، غاچ - غۇچ، جاراق - جۇرۇق قىلىپ، بىر - بىرىگە غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ راسا قىزىق ئېلىشتى. گۇمبۇرلىگەن توپ ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭ، سول ياقتىن سۇن ئەن بىلەن بيەن شياڭ لەشكەر تارتىپ كەلدى. قاراقچىلار سەركەردىسى خې جى بىر قىسىم لەشكەرنى باشلاپ كېلىپ ئېلىشتى. ما لىڭ بىلەن تاڭ بىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ،

ئوڭ تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلدى، قاراقچىلار سەركەردىسى گو گەن بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئېلىشتى. سوڭ جياڭ سېپىدىن چيۇڭ يىڭ قولىغا بىر تاشنى تۇتقان ھالدا ئات چاپتۇرۇپ كەلگىنىچە چېن يۇننى چەنلەپ بىر ئاتقانىدى، تاش ۋىڭڭىدە ئۇچۇپ كەلگەن پېتى چېن يۇننىڭ قاڭشىرىغا قارس قىلىپ تەگدى ـ دە، چېن يۇن شۇ زامان ئاتتىن تىك موللاق چۈشتى. ئارقىدىن چىن مىڭ يېتىپ كېلىپ، كالتىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چېن يۇننىڭ چېكىسىگە شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ كاللىسى دۇبۇلغىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ پاچاق ـ پاچاق بولۇپ كەتتى. سول تەرەپتە سۇن ئەن خې جى بىلەن تۇتۇشۇپ، ئوتتۇز نەچچە قېتىم ئېلىشقاندىن كېيىن شەمشىرىنى ئويىنىتىپ كېلىپ، بىر سېلىپ خې جىنى ئاتتىن يىقىتتى؛ ئوڭ ياقتا تاڭ بىنمۇ گو گەننى قىلىچ ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. مېي شېڭ بىرمۇنچە ئادەملىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، سۇ چاۋنىڭ ئالتۇن سۇيى يالىتىلغان پالتىسىنى ئۆزىنىڭ پالتىسى بىلەن ئىتتىرىپ تۇرۇپ، ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپ بەدەر تىكىۋەتتى. سۇ چاۋ، سۇن ئەن، ما لىڭلار ئات چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغىنىچە سۇر ـ توقاي قىلىپ، قىرىپ ـ چېپىپ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. ئۇلار مېي شېڭنى قوغلاپ، ئەمدىلا تاغنىڭ كانارىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈۋىدى، قاراقچىلارنىڭ تاغ ئارقىسىدىكى ئورمانلىقتا مۆكتۈرۈلگەن گېڭ ۋېن، شۆ زەن باشچىلىقىدىكى بىر تۈمەن لەشكىرى ئېتىلىپ چىقىپ مېي شېڭنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلدى ـ دە، مېي شېڭنىڭ باشچىلىقىدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قايتىدىن ئېتىلىپ كېلىشتى. سوڭ جياڭ قوشۇنى ئىچىدىن ۋېن جۇڭرۇڭ ئالاھىدە ئەجىر ـ تۆھپىلەر كۆرسەتمەكچى بولۇپ، نەيزىسىنى ئۇدۇل توغرىلىغان پېتى ئات چاپتۇرۇپ، مېي شېڭغا قارشى ئېتىلىپ كەلدى. ئىككىسى ئون نەچچە قېتىم ئېلىشتى، ئاخىر مېي شېڭ پالتىسىنى ئايلاندۇرۇپ كېلىپ، شارت قىلىپ بىرنى ئۇرۇۋىدى،

ۋېن جۇڭرۇڭ ئىككى پارچە بولۇپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن سۈي يې ئاچچىقىدىن غەزەپكە تولۇپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ، ئۇدۇل مېي شېڭغا ئېتىلدى. بۇ ئىككى سەركەردە يەتتە ـ سەككىز قېتىم ئېلىشقاندى، تاڭ بىن ئات سېلىپ يارىدەمگە كەلدى. بۇنى كۆرگەن مېي شېڭ بىر نەرە تارتىپ، پالتىسى بىلەن سۈي يېنى بىر چېپىپلا ئاتتىن يىقىتتى، ئاندىن تاڭ بىن بىلەن ئېلىشتى. جاڭ چىڭ بىلەن چيۇڭ يىڭلار ئىككى باتۇرنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى تەڭلا ئات سېلىپ مەيدانغا چۈشتى. جاڭ چىڭ قولىغا بىر تال تاشنى ئېلىپ مېي شېڭغا قارىتىپ ئاتقانىدى، كۆزى ئۆتكۈر مېي شېڭ چاققانلىق بىلەن پالتىسىنى تاشقا ئۇدۇللاپ شۇنداق بىر سىلكىدىكى، تاش كېلىپ دەل پالتىغا جاڭ قىلىپ تېگىپ، ۋاللىداپ ئوت چاقناپ كەتتى، تاش يەرگە چۈشتى. ئېرىنىڭ تاشنى ئېتىپ تەگكۈزەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن چيۇڭ يىڭ دەرھال بىر تاش ئېلىپ ئاتتى، يەنە بىر تاشنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مېي شېڭ غاچچىدە ئېگىشىۋالدى ـ دە، تاش كېلىپ دەل ئۇنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىسىغا تەگدى. سۇڭ جياڭ سېپىدە تۇرغان شۇ نىڭ، دۇڭ پىڭلار خېلىقى ئىككىسىنىڭ تاش ئېتىپ تەگكۈزەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، تەڭلا ئات سېلىپ زەپتى بىلەن ئېتىلىپ كېلىشتى. بىرنەچچە سەركەردىنىڭ بىراقلا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن مېي شېڭ تاڭ بىننىڭ ئۇرغان نەيزىسىنى توسىۋېلىپ، غاچ قىلىپ ئېتىنى ئارقىسىغا بۇراپ بەدەر قاچتى. تاڭ بىن دەمبەس قەدەم بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغانىدى، قاراقچىلار سەركەردىسى گېڭ ۋېن، شۆ زەنلەر تەڭلا كېلىپ كەلگەنلەرنى توسۇپ، مېي شېڭ دېگەن ئەبلەخنى قاچۇرىۋەتتى. سۇڭ جياڭنىڭ سەركەردىلىرى گېڭ ۋېن، شۆ زەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قاراقچى لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلدى، نۇرغۇن ئات ـ ئۇلاغ، قورال ـ ياراغ، كىيىم ـ كېچەكلەرنى غەنىيمەت ئالدى. دۇڭ پىڭ لەشكەرلىرىگە ۋېن

جۇڭرۇڭ، سۇي يېلارنىڭ جەسىتىنى كۆمدۈردى. تاڭ بىن ئىككىسىدىن ئايرىلغىنىغا ئىچى ئاغرىپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى ۋە ئۆزى لەشكەرلەر بىلەن بىللە بۇ ئىككىسىنىڭ جەسىتىنى كۆمدى. دۇڭ پىڭ باشلىق توققۇز سەركەردە ئۆزلىرىنىڭ لەشكەرلىرىنى لۇڭجۇڭشەن تېغىنىڭ تۆۋەن تىزمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ يەردە قوش تىكتى.

ئەتىسى سۇڭ جياڭ باشچىلىقىدا ئىككى چوڭ قوشۇن يېتىپ كېلىپ، دۇڭ پىڭنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. سۇڭ جياڭ ئىككى سەركەردىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئېچىنىپ ھەسرەت چەكتى. ھازا تۇتۇپ، ئەرۋاھلارنى ياد ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قەلئەگە تېگىش قىلىش توغرىسىدا ۋۇ يۇڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ۋۇ يۇڭ بىلەن جۇ ۋۇ ئېگىز شوتىغا چىقىپ، قەلئە ئىچىدىكى ئەھۋالنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن قايتىپ چۈشۈپ سۇڭ جياڭغا:

— بۇ قەلئە قاتتىق مۇداپىئە قىلىنغان، تېگىش قىلىش پايدىسىزدەك تۇرىدۇ، شۇڭا تېگىش قىلىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا بىر پوپاڭ كۆتۈرۈپ، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئاندىن قاراپ كۆرمەيمىزمۇ، — دېدى.

سۇڭ جياڭ بىر ياقتىن تېگىش قىلىش ئۈچۈن ھازىرلانغان قورال - ياراغلارنى تەخ قىلىپ تۇرۇشقا، يەنە بىر ياقتىن ياراملىق لەشكەرلەرنى تاللاپ، تۆش - تۆشتىن خەۋەر تىڭشاشقا ئادەم ئەۋەتىشكە بۇيرۇق بەردى.

سۇڭ جياڭنىڭ قەلئەگە تېگىش قىلىش توغرىسىدىكى مەسلىھەتى شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى مېي شىڭ دېگەن نېمىدىن ئاڭلاڭ. مېي شىڭ ئىككى - ئۈچ يۈزلا ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ شەننەن ئايمىقىنىڭ قەلئەسىگە قېچىپ كەلدى. بۇ قەلئەنى ساقلاۋاتقان باش سەركەردە ۋاڭ چىڭنىڭ قېيىنئىنىسى دۇەن ئېبىر ئىدى. ۋاڭ چىڭ سۇڭ خانىدانلىقى ئەۋەتكەن سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ، دۆەن ئېرگە پىگدۇڭنىڭ ئالىي باش سەردارى دېگەن مەنسەپنى بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇشۇ قەلئەگە كېلىپ، شەھەرنى چىڭ ساقلاشنى ئالاھىدە تاپشۇرغانىدى. مېي شىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، ئەدەپ ـ قائىدە بويىچە سالام بەرگەندىن كېيىن سۇڭ جىياڭ لەشكەرلىرىنىڭ بەكمۇ باتۇر، قەھرىمان ئىكەنلىكى، بەش پالۋاننىڭ ئۆلگەنلىكى، پۈتۈن لەشكەرلىرىنىڭ تۇگەي دەپ قالغانلىقى، شۇڭا ئالىي باش سەردارغا ئېيتىپ، لەشكەر سوراپ ئۆچ ئالماقچى بولغانلىقىنى بايان قىلدى. مېي شىڭلارنى ئەسلىدە ۋاڭ چىڭ ئەۋەتكەنىدى، شۇڭا لەشكەر سورايمەن دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دۆەن ئېر دەرغەزەپ بولۇپ:

— سەن مېنىڭ قارىمىقىمدا بولمىساڭمۇ، لەشكەرلەرنى تۈگىتىپ، پالۋانلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن گۇناھىڭ ئۈچۈن، كاللاڭنى ئېلىشىم كېرەك، — دېدى ـ دە، چېرىكلەرنى چاقىرىپ، ئۇنى باغلاپ ئاچىقىپ، كاللىسىنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى.

شۇ ئەسنادا قەلئە سىرتىدىن بىرى چاقماقتەك ئېتىلىپ كىرىپ:

— سەردار ئالىيلىرى، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، بۇ كىشىنى ئۆلتۈرمەي قالدۇرۇپ قويساق، — دەپ ئۆتۈندى.

دۆەن ئېر بىر قاراپلا، بۇ كىشىنىڭ ۋاڭ چىڭ ئەۋەتكەن بارگاھ مەسلىھەتچىسى زو مۇ ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇ:

— خوش، ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى قانداقمۇ كەچۈرۈم قىلغىلى بولسۇن؟ — دېدى.

— باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، — دېدى زومۇ، — مېي شىڭمۇ ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىلىرىدىن ئىككىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلتۈرۈپتۇ. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ھەقىقەتەن كۈچلۈك، شۇڭا ئۇلارنى يەم بىلەن يوقاتقىلى بولىدۇكى، ھەرگىز قارا كۈچ بىلەن يوقاتقىلى بولمايدۇ.

— پەم بىلەن يوقىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى دۈەن ئېر.

— سۈڭ جىياڭلار، — دېدى زو مۇ، — لەشكەرلىرىگە كېرەكلىك ئاشلىق - تۇلۇك، ئوت - سامانلىرىنى ۋەنجۇ ئايمىقىغا توپلىغان، ھازىر شۇ ياقتىن توشۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئاڭلىشىمچە، ۋەنجۇ ئايمىقىدىكى لەشكەر كۈچى ئاجىز ئىمىش. سەردار ئالىيلىرى جۇنجۇ ۋە گۇڭجۇ ئايماقلىرىنى ساقلاۋاتقان سىپاھىگەرلەرنىڭ قېشىغا يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ كۆرسىلە، ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتنى كېلىشىۋالساق، ئۇلار لەشكەرلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ يولغا چىقىپ، ۋەنجۇ ئايمىقىنىڭ تۆۋىنىدىن ئۆشتۆمتۆت تەگسە، مەن بۇ يەردىكى يارامىلىق لەشكەرلەرنى تاللاپ بەرسەم، مىبي شىيىڭ سەركەردە خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۇلارنى يېتەكلەپ بېرىپ، ۋەنجۇ ئايمىقىنىڭ يۇقىرىسىدىن ئۆشتۆمتۆت تېگىش قىلسا. سۈڭ جىياڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋەنجۇ ئايمىقىنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەزمەن لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنايلى، مەن يەنە بۇ يەردىكى يارامىلىق لەشكەرلەرنى ئېلىپ باراي، ئىككى تەرەپتىن قورشاپ تېگىش قىلساق، سۈڭ جىياڭنى قولغا چۈشۈرۈۋالايمىز.

دۈەن ئېر ئەسلىدە سەھرالىق قارام بىرنەرسە بولۇپ، يېغىلىق پەنتلىرىنى قىلچە بىلمەيتتى. ئۇ زو مۇنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆندى - دە، ھاپىلا - شاپىلا جۇنجۇ ۋە گۇڭجۇ ئايماقلىرىغا مەسلىھەت بويىچە ئىش قىلىش توغرىسىدا ئادەم ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا ئىككى تۈمەن لەشكەرنى سەپراس قىلىپ، ئۇلارنى مىبي شىيىڭ، چۇ جۇ، ۋېيڭ فىبي دېگەن ئۈچ سەركەردىگە تاپشۇرۇپ، كېچىدە تاۋۇش چىقارماي، كۈنپېتىش قوۋۇقتىن چىقىپ، تۇغ - ئەلەملەرنى يۇلاڭلاتماي، بۇرغا - دۇمباقلارنى چالماي ۋە تاراڭلاتماي، بىرلىكتە ۋەنجۇ ئايمىقىغا

قاراپ ئاتلىنىشنى بۇيرۇدى.

سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ بارگاھ ئىچىدە شەھەرگە تېگىش قىلىش چارىلىرىنى تۈزۈپ ئولتۇراتتى، بىردىنلا قوش ئىچىگە سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانى لى جۈن كىرىپ:

— سۇ لەشكەرلىرىمىزنىڭ كېمە - قېيىقلىرى تامامەن شەھەرنىڭ كۈنپېتىش يۇقىرىسىدىكى خەنجياڭ ۋە شياڭشۈي دەريالىرىنىڭ بويىغا كېلىپ توپلىنىپ بولدى. كەمىنىلىرىگە قانداق بۇيرۇقلىرى باركىن، — دېدى.

سۇڭ جياڭ لى جۈننى بارگاھقا تەكلىپ قىلىپ، بىر نەچچە جام مەي قۇيۇپ بېرىپ تۇرۇشىغا، چارلىغۇچى چېرىكلەر يېتىپ كېلىپ، قەلئە تەرەپتە بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى، قاراقچى لەشكەرلىرىنىڭ ۋەنجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. سۇڭ جياڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ، دەرھال ۋۇ يۇڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ۋۇ يۇڭ:

— چېن باسقاقبەگ بىلەن سەركەردە خۋا رۇڭلارنىڭ خېلى جىگىرى بار، ۋەنجۇ ئايمىقىدىن ئەندىشە قىلمىساقمۇ بولىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، چوقۇم بۇ قەلئەنى تېگىش قىلىپ ئېلىشىمىز لازىم، — دېدى ۋە سۇڭ جياڭنىڭ قۇلىقىغا قانداقتۇر بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. سۇڭ جياڭ بەك خۇشال بولۇپ، لى جۈن بىلەن پىيادە لەشكەر ئاتامانلىرىدىن باۋ شۇ باشلىق يىگىرمە سەركەردىنى ئىككى مىڭ پىيادە لەشكەر بىلەن كېچىلەپ يولغا چىقىرىش توغرىسىدا يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشتى.

ئەمدى گەپنى قاراقچىلارنىڭ سەركەردىلىرى مىبى شېڭلاردىن ئاڭلاڭ. مىبى شېڭلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ۋەنجۇ ئايمىقىغا يېتىپ كەلدى. سۇڭ جياڭنىڭ يولدا مۆكتۈرۈپ قويغان پايلاقچىلىرى ۋەنجۇغا كېلىپ خەۋەر قىلدى. باسقاقبەگ چېن گۇەن خۋا رۇڭ، لىن چۇڭلارغا ئىككى تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ ياۋغا تاقابىل تۇرۇشنى بۇيرۇدى. بۇ ئىككى



www.uyghurkitap.com

سەركەردە لەشكەرلەرنى باشلاپ ئەمدىلا شەھەردىن چىقىشىغا، بىر چارلىغۇچى ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:

— مىېي شېڭ جۇنجۇ ئايمىقىدىكى قاراقچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغانىكەن. جۇنجۇ ئايمىقىدىن ئۈچ تۈمەن لەشكەر شەھەرنىڭ يۇقىرىسىدىن ئۆن چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەرگە يېتىپ كەلدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

چېن گۇەن لۇ فاڭ، گو شېڭلارغا يەنە ئىككى تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ، يۇقىرى قوۋۇقتىن چىقىپ ياۋغا تاقابىل تۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەيلا، يەنە: «گۇڭجۇ ئايمىقىدىكى قاراقچىلاردىن جى سەنسى، نى شېلار ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ كۇنپېتىش قوۋۇقىقا تېگىش قىلغىلى كەلدى» دېگەن جىددىي خەۋەر كەلدى. كۆپچىلىك بىر - بىرىگە قاراپ چۆچۈپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— شەھەر ئىچىدە شۇەن زەن بىلەن خاۋ سىۋېنلا قالدى، ئۇلارنىڭ قېشىدا بىر تۈمەن لەشكەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قېرى - چۆرى، ئاجىز - ئورۇق لەشكەرلەر، ئۇلار شەھەرنى قانداقمۇ ساقلاپ تۇرالار؟ — دېيىشتى.

— باسقاقېگىم، بۇنىڭدىن غەم يېمىسىلە، مەن بىر ھىيلە ئىشلىتەي، — دېدى تەۋەررۇك قول تالىپ شياۋ راڭ ئارىدىن چىقىپ ۋە قولىنىڭ بارماقلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ: «مۇنداق - مۇنداق قىلساق، قاراقچىلارنى تىرىپىرەن قىلغىلى بولىدۇ» دەپ كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ پەنتىنى ئېيتىپ بەردى. چېن گۇەن ۋە باشقىلار ئۇنىڭ پەنتىگە باش لىڭشىتىپ، باركاللا ئېيتىشتى. چېن گۇەن شۇەن زەن، خاۋ سىۋېنلارغا قاۋۇل چېرىكلەردىن بەش مىڭنى كۇنپېتىش قوۋۇقىقا مۆكتۈرۈپ، قاراقچىلار چېكىنىەي دېگەندە چىقىپ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، بۇ ئىككى سەركەردە بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن چېن گۇەن قالغان قېرى - چۆرى، ئاجىز - ئورۇق چېرىكلەرگە شەھەر ساقلاشنى، تۇغ -

ئەلەملەرنى تەييارلاشنى، ئۇنى تىكلىۋالماي ياتقۇزۇپ قويۇشنى، كۇنپېتىش قوۋۇقىنىڭ راۋىقىدا توپ ئېتىلغان ھامان تۇغ ـ ئەلەملەرنى ئېگىز چىقىرىشنى، قوۋۇقتىن چىقماي، شەھەر ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئايلىنىپ يۇرۇشنى تاپىلىدى. ئىشلار مەسلىھەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. باسقاقبەگ چىن گۇەن چېرىكلەرگە مەي ـ شاراب، غىزا ـ تائام ئالدۇرۇپ كېلىپ، كۇنپېتىش قوۋۇق راۋىقىدا داستىخان ھازىرلاتتى. چىن گۇەن، خۇ مىڭ، لۇ جيەنلەر دەرھال راۋاققا چىقىپ، سوقا ـ سۆھبەتكە چۈشتى ۋە بەخىرامان مەي ئىچكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشتى. چېرىكلەرگە قوۋۇقنى كەڭ ئاچتۇرۇۋېتىپ، قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ كېلىشىنى كۇتۇپ ئولتۇرۇشتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قاراقچى سەركەردىلەردىن جى سەنسى بىلەن نى شى ئۇن نەچچە سول قول سەركەردىنى ئەگەشتۇرۇپ، دەبدەبە ـ ئەسئەسە بىلەن شەھەر تۇۋىگە باستۇرۇپ كەلدى، شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى، ئۇچ سىپاھبەگنىڭ بىر موللام بىلەن راۋاق ئۇستىدە چىرايلىق تىزىلغان گۇللەر ئارىسىدا ۋارى ـ ۋارى قىلىشىپ، غەم تارتماستىن مەي ئىچىۋاتقانلىقىنى، ئەتراپتىكى سېپىل ئۇستىدىمۇ تۇغ ـ ئەلەملەر يوق ئىكەنلىكىنى كۆزەتكەندىن كېيىن جى سەنسىنىڭ تېنى جۇغۇلداپ، ئىلگىرىلەشكە جۇرئەت قىلالمىدى.

— شەھەر ئىچىدە، — دەپ سۆز ئاچتى نى شى، — جەزمەن تەييارلىنىپ تۇرۇۋشقاندۇ، بۇلارنىڭ ئالدىمىغا چۇشۇپ قالماي، قوشۇننى چاپسان چېكىندۇرەيلى.

جى سەنسى شۇ ھامان چېكىنىشنى بۇيرۇدى، راۋاق ئۇستىدىن يەر ـ جاھانلارنى زىلزىلىگە كەلتۇرگۇدەك ئاۋاز بىلەن گۇمبۇرلەپ توپلار ئېتىلدى، دۇمباقلار چېلىندى. ئۇر ـ چاپ دېگەن ئاۋازلار پەلەككە ياڭرىدى، سېپىل ئۇستىدە سان ـ ساناقسىز تۇغ ـ ئەلەملەر لەپىلدەشكە باشلىدى. قاراقچى لەشكەرلىرى باش سەركەردىنىڭ ھېلىقى گېپىنى ئاڭلاپ

تەشۋىشكە چۈشكەندى، شەھەر ئىچىدىكى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپلا، جەڭ قىلماي پاتىپاراققا چۈشۈپ كەتتى. شۈەن زەن، خاۋ سىۋېنلار لەشكەر تارتىپ شەھەردىن چاپ - چاپ قىلىپ چىقىپ كەلدى. قاراقچى لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ، بۇرغا - دۇمباق، تۇغ - ئەلەم، قورال - ياراغ، ئات - ئۇلاغ، دۇبۇلغا - قۇياغلىرىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى، ئۇلاردىن بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم قىرىلدى. جى سەنسى، نى شېلار پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە ئۆلۈپ تۈگەشتى، قالغان لەشكەرلەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. شۈەن زەن، خاۋ سىۋېنلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ، نۇسرەت بىلەن شەھەرگە قايتتى. باسقاقبەگ چېن گۈەن ۋە باشقىلار ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىگە يۈرۈپ كەتتى. يۇقىرى تەرەپتىمۇ خۇا رۇڭ، لىن چۇڭلار مىبي شېڭنىلا قاچۇرۇپ قويغاندىن باشقا، چۆ جۇ، ۋېڭ فېيلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ، جەڭنى نۇسرەت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ، زور ئۈمىد بىلەن شەھەرگە كىرىشكە، يەنە ئىككى ياقتىن قاراقچى قوشۇنلارنىڭ كەلگەنلىكى، يەنە كۈنپېتىش تەرەپتىن كەلگەنلىرىنىڭ شياۋ راڭنىڭ ھىيلىسى بىلەن چېكىندۈرۈلگەنلىكى، تۆۋەندىن كەلگەنلىرىگە لۇ فاڭ، گو شېڭلار تاقابىل تۇرغان بولسىمۇ، تېخىچە يېڭىش - يېڭىلىشتىن دېرەك يوقلۇقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى. خۇا رۇڭلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن لەشكەرلىرىگە دەرھال تۆۋەن ياققا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. لۇ فاڭ، گو شېڭلار قاراقچىلار بىلەن راسا قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقاندا، لىن چۇڭ، خۇا رۇڭلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ ھەمدەمگە يېتىپ كەلدى ۋە بۇ يەردە جەڭ قىلىپ قاراقچى لەشكەرلەرنى سۈر - توقاي قىلىپ، ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى، نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە تىرىك قولغا چۈشۈردى. شۇ كۈنى ئۈچ تارام بولۇپ كەلگەن قاراقچى لەشكەرلەردىن ئۈچ تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى. سان - ساناقسىز

ئادەم ياردار بولدى. ئۆلگەن ئۆلۈكلەر يەر يۈزىنى قاپلىدى. ھەممە يەر قانغا بويالدى. لىن چۇڭ، خۇا رۇڭ، لۇ فاڭ، گو شېڭلار لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ شەھەرگە كىردى. شۇەن زەن، خاۋ سىۋېنلار بىلەن بىرلىكتە ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىگە كېلىپ، يېڭىپ چىققانلىقىنى مەلۇم قىلدى. چېن گۇەن، خۇ مىڭ، لۇ جيەنلەر تازا خۇشال بولۇشۇپ، شياۋ راڭنىڭ دانا تەدبىرىنى، خۇا رۇڭ باشلىق سەركەردىلەرنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى ماختاشتى. بۇ سەركەردىلەر بولسا: «تىلغا ئالغۇچىلىك ئىش قىلالمىدۇق» دېيىشتى. باسقاقبەگ چېن گۇەن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ سەركەردىلەرنى مېھمان قىلدى، ئۈچ قوشۇننىڭ لەشكەرلىرىنى تارتۇقلىدى، شياۋ راڭ، لىن چۇڭ باشلىق سەركەردىلەرنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىلىرىنى دەپتەرگە پۈتۈپ قويدى. ئۇلار شەھەرنى چىڭ ساقلاپ ياتتى، بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى سۆزنى دۇەن ئېردىن ئاڭلاڭ، دۇەن ئېر مېي شېڭنى لەشكەرلىرى بىلەن شەھەردىن يولغا سېلىۋېتىپ، ئىككىنچى ئاخشىمى راۋاقتا چىقىپ سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنى كۆزەتتى. بۇ مەزگىل دەل سەككىزىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى بولۇپ، ئايدىڭ كېچىدە ئاسماندا نۇرىنى چېچىپ تۇرغان تولۇن ئاي ھەممە ياقنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. دۇەن ئېر سۇڭ جياڭ قوشۇنىنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنى پۇلاڭلىتىپ، يۇقىرىغا قاراپ ئاستا چېكىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ:

— سۇڭ جياڭ ۋەنجۇ ئايمىقىدىكى جەددىيلىكتىن خەۋەر تېپىپ چېكىنگەن ئوخشايدۇ، — دېدى زو مۇغا قاراپ.

— چوقۇم شۇنداق، دەرھال ئاتلىق لەشكەرلەرنى چىقىرىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ تۇيۇقسىز تېگىش قىلايلى، — دېدى زو مۇ.

دۇەن ئېر سەركەردىلەردىن چيەن بىن بىلەن چيەن يىغا

ئىككى تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ، سۈك جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ئەدىپىنى بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەندى. ئىككى سەركەردە بۇيرۇققا بىنائەن يۈرۈپ كەتتى. دۆەن ئېر كۈنپېتىش ياققا نەزەر تاشلىدى، شەھەر سىرتىدىكى شياڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيى ئاي يورۇقىدا جىلۋىلىنىپ شارقىراپ ئېقىۋاتاتتى. سۈك جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئاشلىق باسقان تۆت ـ بەش يۈز كېمە ـ قېيىقمۇ بىر ـ بىرلەپ يۇقىرىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. دۆەن ئېر بۇلاڭچىلىققا ئادەتلەنگەن ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇگۈن كېچە ئاشلىق بېسىلغان نۇرغۇن كېمە ـ قېيىقلارنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ بۇ كېمىلەردە سۇ لەشكەرلىرى ئەمەس، ھەربىرىدە ئالتە ـ يەتتىدىن كېمىچىلەرنىڭلا بارلىقىنى كۆردى ـ دە، شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى سۇ قوۋۇقىنى ئاچتۇرۇپ، سۇ لەشكەرلىرىنىڭ قولىبېشى جۇ نىڭغا دەرھال جەڭ كېمىلىرىدىن بەش يۈزنى تەييارلاپ شەھەردىن چىقىپ، ئاشلىق بېسىلغان كېمىلەرنى بۇلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. كېمىلەردىكى سۈك جياڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كېمىلەرنى تېزدىن قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇپ كەلدى ـ دە، كېمىچىلەرنىڭ ھەممىسى قىرغاققا چىقىشىۋالدى. ئۇ ياقتىن جۇ نىڭ جەڭ كېمىلىرىنى ھەيدەپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، سۈك جياڭنىڭ كېمىلىرى ئۈستىدە بىردىنلا ئۇرۇلغان جاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن بىرەر يۈزچە قېيىق ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى. ھەربىر قېيىقتا ئىككى كىشى پالاق ئۇرۇپ، ئۇچ ـ تۆت كىشى قالقان، نەيزە، قىلىچلارنى تۇتقاندى. جۇ نىڭ ئۆز لەشكەرلىرىگە كۆيدۈرگۈچ توپ ۋە ئوت ئوقلىرىنى ئېتىشنى بۇيرۇدى. قېيىقتىكىلەر تاقابىل تۇرالماي، قىيا ـ چىيا سېلىشقىنىچە سۇغا سەكرەشتى، قاراقچى لەشكەرلەر ئۈستۈن كېلىپ، ئاشلىق باسقان كېمىلەرنى بۇلىدى، جۇ نىڭ بۇلىۋېلىنغان كېمىلەرنى

شەھەرگە ھەيدەپ كېتىشنى بۇيرۇدى. تېخى ئۇنىڭدىن ئەمدىلا بىرى شەھەرگە كىرگەندى، شەھەر ئىچىدىن «ئولجا ئېلىنغان كىيىملەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ كۆرۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن كىرگۈزۈلسۇن» دېگەن بۇيرۇق يېتىپ كەلدى. جۇ نىڭ لەشكەرلىرىنى ئالدى بىلەن ھېلىقى ھەيدەپ كىرىلگەن كىيىمنى ئاختۇرۇپ كۆرۈشكە بۇيرۇدى. ئون نەچچە چېرىك ھېلىقى كىيىمنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىپ، كىيىمە ئۈستىگە بېكىتىلگەن تاختاينى ئېچىپ كۆرمەكچى بولغانىدى، گوياكى بىرلا پۈتۈن تاختاي مىخلاپ بېكىتىۋېتىلگەندەك ھېچقانداق قىلىپ مىدىرلىتالمىدى. جۇ نىڭ بەكمۇ ئەجەبلىنىپ چۆچۈگەن ھالدا:

— بۇ كاساپەتلەرنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپتۇق! — دېدى - دە، دەرھال پالتا - كەكىلەر بىلەن ئۇرۇپ - چېقىپ ئېچىپ كۆرۈشنى تاپىلىدى ۋە سىرتتىكى كىيىملەرنىڭ بىرىنىمۇ كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

شۇ ئارىدا شەھەرنىڭ ئارقا يېقىدىن سۇنىڭ ئېقىشىنى بويلاپ، شامال يۆنىلىشى بويىچە لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتقان ئادەمسىز ئۈچ - تۆت ئاشلىق كېمىسىگە ئۇنىڭ كۆزى چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن جۇ نىڭ ھەقىقەتەن ئالدام خالتىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال قىرغاقتا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، سۇغا چۆكۈۋالغان ئونغا يېقىن كىشىنىڭ ھەربىرى بىر تالدىن قىلىچنى چىشلىگەن ھالدا سۇ ئاستىدىن شۇڭغۇپ چىقىشتى. ئۇلار لى جۈن، جاڭ شۈن، جاڭ خېڭ، رۈەن شياۋئېر، رۈەن شياۋۋۇ، رۈەن شياۋچى، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ باشلىق سەككىز باتۇر ئىدى. بۇنى كۆرگەن قاراقچى لەشكەرلەر ئالمان - تالمان قورال - ياراغلىرىنى بەتلىگىنىچە تەڭلەپ كېلىشكەنىدى، لى جۈن بىر ئىسقىرتىش بىلەنلا، ھېلىقى ئاشلىق بېسىلغان تۆت - بەش كېمىگە يوشۇرۇنۇۋالغان پىيادە لەشكەرلەر كېمىنىڭ تاختىيى ئاستىدىن



www.uyghurkitap.com

ئېتىلىپ چىقىشتى ـ دە، ئۇرە ـ ئۇر دەپ بىر سۈرەن سېلىپلا قاراقچىلار بىلەن جەڭ قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، لى كۇي، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، شيې جېن، شيې باۋ، گۇڭ ۋاڭ، دىڭ دېسۇن، زۇ يۈەن، زۇ رۇن، ۋاڭ دىڭلىيۇ، بەي شېڭ، دۇەن جىڭجۇ، شى چيەن، شى يۇڭ، لىڭ جېن قاتارلىق يىگىرمە ئاتامان مىڭدىن ئارتۇق پىيادە لەشكەر بىلەن ئوقتەك ئېتىلىپ قىرغاققا چىقىپ، قاراقچىلارنى شۇنداق قىردىكى، ئايھاي، قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ كۆچى يەتمەي، پاتىپاراق بولۇپ بەدەر تىكىۋەتتى. جۇ نىڭنى تۇڭ ۋېي چېپىپ تاشلىدى. قاراقچىلارنىڭ شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىكى جەڭ كېمىلىرىنى، سۇ لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى لى جۈن قاتارلىق ئاتامانلار قىرىپ تاشلىدى. دەريا سۈيى قىپقىزىل قانغا بويالدى. لى جۈنلەر سۇ قوۋۇقىنى تارتىۋالدى، شۇ ئارىدا باتۇر باۋ شۇ ۋە باشقىلار لىڭ جېننى قوغداپ، چاچما توپلارنى گۈمبۈرلىتىپ قويۇۋەتتى، ئۈچ رىغىنىنى ئۆلتۈرۈپ، قەدىمى يەتكەن يەرگە ئوت قويۇپ تاشلىدى. شەھەر ئىچى بىر مەھەل قاچ ـ قاچ، پاتىپاراقچىلىق بىلەن تولۇپ كەتتى. داد ـ پەرياد كۆتۈرۈلدى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى، بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئىزدەپ يىغلاپ، قىيا ـ چىيا سېلىشتى. دۇەن ئېر بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، بىللە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىراپ ـ تېنەپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىۋاتقانىدى. ۋۇ سۇڭ، ليۇ تاڭ، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، ۋاڭ دىڭليۇلارغا ئۇچراپ قالدى ـ دە، ۋاڭ دىڭليۇ ئۇنىڭ يوتىسىغا قىلىچ بىلەن بىرنى سېلىپ تىك موللاق چۈشۈرۈپ، تىرىك تۇتۇۋالدى. لۇ جىشېن، لى كۇي باشلىق ئون نەچچە ئاتامان يۇقىرى قوۋۇققا تېگىش قىلدى، قوۋۇقچى چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ شەھەرنىڭ قوۋۇقىنى ئېچىپ، ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈردى. شۇ پەيتتە سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى بىللە بىللە شەھەر تەرەپتىن يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە

كەلتۈرگۈدەك ئېتىلغان چوڭ ـ كىچىك چاچما توپ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، شەھەرگە قاراپ ئات سېلىپ كېلىۋاتقانىدى، يولدا چيەن بىن، چيەن يىلارنىڭ لەشكەرلىرى يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ كەتتى. چيەن بىننى بيەن شياڭ چېپىپ ئۆلتۈردى. چيەن يىنى ما لىڭ ئاتتىن ئۆرۈپ يىقىتتى، ئۇ سان ـ ساناقسىز ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ، مەلەخ ـ مەلەخ بولۇپ كەتتى. ئۈچ تۈمەن لەشكەرنىڭ تولىسى ھالاك بولدى. سۈن ئەن، بيەن شياڭ، ما لىڭلار ئالدى بىلەن لەشكەر باشلاپ، ئات چاپتۇرۇپ تۇپتوغرا يۇقىرى قوۋۇقتىن كىردى، سەركەردىلەر قاراقچى لەشكەرلەرنى قوغلاپ ـ سۈرۈپ، قىر ـ چاپ قىلىپ شەھەرنى ئالدى ۋە ئالدى بىلەن سۇڭ تۇرشاۋۇلنى ھەيۋەتلىك قوشۇن تارتىپ شەھەرگە كىرشكە تەكلىپ قىلدى.

سۈبھى يورۇپ، تاڭ ئاتاي دەپ قالغانىدى، سۇڭ جياڭ ئالدى بىلەن ئوق چىقارماسلىق، ئوتلارنى ئۆچۈرۈش، پۇقرالارنى ئۆلتۈرمەسلىك ۋە ئۇلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئەل ئامان ئېلانى چىقىرىلدى، سەركەردىلەر قاراقچىلار باشلىقلىرىنىڭ كاللىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەجىر ـ تۆھپىلىرىنى مەلۇم قىلىشتى، ۋاڭ دىڭليۇ دوەن ئىبرنى باغلاپ ئەكەلگەنىدى، سۇڭ جياڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، لەشكەرلەر ئۇنى باسقاقبەگ چىن گۇەننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئاپىرىپ بەردى. زو مۇنى پاتىپاراقچىلىقتا لەشكەرلەر چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. قالغان كالتا ـ كۆسەي سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلۈپ تۈگىگەنىدى. بىر تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر ئەل بولدى. سۇڭ جياڭ ئات ـ كالا سويدۇرۇپ، ئۈچ قوشۇننىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرىنى زىياپەت بېرىپ تارتۇقلىدى. لى جۈن باشلىق باشقا سەركەردىلەرنىڭ كۆرسەتكەن

ئەجىر - تۆھپىلىرىنى دەپتەرگە پۈتكۈزدى، ما لىڭنى نۇسرەت خەۋىرىنى مەلۇم قىلىش ۋە قاراقچى لەشكەرلەر توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن باسقاقبەگنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى، ما لىڭ بۇيرۇققا بىنائەن دەرھال يولغا چىقىپ، ئىككى - ئۈچ ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى ۋە:

— نۇسرەت خەۋىرىمىزنى ئاڭلاپ باسقاقبېگىم تولىمۇ خۇشال بولدى ۋە خۇشاللىقنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئوردىغا ئادەم ئەۋەتتى، — دېدى ۋە شىياۋ راڭنىڭ ياۋنى چېكىندۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەندىن، سۇڭ جياڭ چۆچۈپ كېتىپ:

— ئەگەر قاراقچىلار بىلىپ قالغان بولسا، قانداق بولۇپ كېتەتتى، تازا موللامنىڭ خىيالىدەك ئىش بوپتۇ، — دېدى ۋە يېغىلىقتا زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان پۇقرالارغا شۇ يەرنىڭ ساڭلىرىدىكى ئاشلىقلارنى تارقىتىپ بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا بىر قاتار جەڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، جىنىنەن ناھىيەسىگە قانداق تېگىش قىلىش توغرىسىدا ۋۇ يۇڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇتلا باسقاقبەگ يوللىغان لەشكىرىي ۋازارەتنىڭ ئالاقىسى كېلىپ قالدى. ئالاقىدە مۇنداق دېيىلگەندى: «كۇنپېتىش ئاستانىدە ئوغرى - قاراقچىلار تەرەپ - تەرەپكە يامراپ، ئاستانىگە قاراشلىق يۇرتلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلماقتا، شۇڭا سۇڭ جياڭلار ئالدى بىلەن كۇنپېتىش ئاستانىدىكى ئوغرى - قاراقچىلارنى تازىلاپ، ئاندىن ۋاڭ چىڭنىڭ ئۇۋىسىغا قورشاپ تېگىش قىلغاي.»

باسقاقبەگمۇ ئۆزى ئايرىم بىر پارچە خەت يېزىپ، لەشكىرىي ۋازارەتنىڭ ئالاقىسىدىكى قاملاشمىغان يەرلەرنى تۈزىتىپ كۆرسىتىپ قويدى.

سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ ئالاقىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ

بولغاندىن كېيىن دەرھال مەسلىھەتلىشىپ، بىر ياقتىن جىننەنگە تېگىش قىلىۋەرمەكچى، يەنە بىر ياقتىن كۈنپېتىش ئاستانىگە قاراپ يۈرۈش قىلماقچى بولۇشتى، ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيى ۋە خېبېيدا ئەل بولغان چياۋ داۋچىڭ، ما لىڭ، سۇن ئەن، بيەن شياڭ، شەن شىچى، تاڭ بىن قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى لەشكەر تارتىپ، كۈنپېتىش ئاستانىگە بېرىپ، شەھەرنى ئېلىشقا ماقۇل بولدى. سۇڭ جياڭ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، لۇ جۇنيىگە يىگىرمە تۆت سەركەردە ۋە بەش تۈمەندەك لەشكەر ئاجرىتىپ بەردى. بۇ يىگىرمە تۆتەيلەن مۇنۇلار:

ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيى
ئورۇنباسار مۇشاۋىر

| | | |
|---|---|---|
| جۇ ۋۇ | ياڭ جى | شۇ نىڭ |
| سۇ چاۋ | سۇن لى | شەن تىڭگۈي |
| ۋېي دىڭگو | چېن دا | ياڭ چۇن |
| يەن چىڭ | شيې جېن | شيې باۋ |
| زۇ يۈەن | زۇ رۇن | شۆ يۇڭ |
| لى جۇ | مۇ چۇن | شى ئېن |

لۇ جۇنيى شۇ كۈنىلا سۇڭ جياڭ بىلەن خوشلىشىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ كۈنپېتىش ئاستانىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. سۇڭ جياڭ شى جىن، مۇ خۇڭ، ئوۋ پىڭ، دىڭ فېيلارغا ئىككى تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ شەننەن قەلئەسىنى قوغداش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شى جىنغا:

— ناۋادا قاراقچى لەشكەرلەر كېلىپ قالسا قەلئەنى قاتتىق ساقلاڭلار، — دەپ تاپىلىدى.

سۇڭ جياڭ ئۆزى ئۇرغۇن سەركەردە - سەردارلار بىلەن ۋە سەككىز تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ، جىننەنگە قاراپ شىددەت بىلەن

يولغا چىقتى، لەشكەرلەر ئۈچقاندەك ئىلگىرىلىدى. دەرھەقىقەت: قىپقىزىل تۇغ ـ ئەلەملەر جاھاننى چوغدەك قىزارتتى، نەيزە ـ يالمان، شەمشەر ـ قىلىچلار ئالەمنى كۈمۈشتەك يالتىراتتى.

جىننەنگە قانداق تېگىش قىلىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بىر يۈز يەتتىنچى باب

## سۇڭ جياڭنىڭ جىشەن لەشكەرلىرىنى قاتتىق يەڭگەنلىكى جۇ ۋۇنىڭ ئالتە قەۋەت چاتما سەپنى تارمار قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، قىر ــ چاپ بىلەن جىننەنگە قاراپ ماڭدى، ھەر كۈنى ئاتمىش چاقىرىم يول باسقاندىن كېيىن قوش تىكىپ ئارام ئالدى. چوڭ قوشۇن بېسىپ ئۆتكەن يەرلەردە پۇقرالارنىڭ يىپ ــ يىڭنىسىگىمۇ چېقىلمىدى. لەشكەرلەر جىشەنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. جىشەن جىننەننىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بولۇپ، جىننەن ئۇچۇن ئىستىقاندا ناھايىتى مۇھىم جاي ھېسابلىناتتى. بۇ يەردە قاراقچىلارنىڭ سەردارلىرىدىن لى راڭ ئۈچ لەك لەشكەر بىلەن تاغنى قوغداپ ياتاتتى. لى راڭ لى جۇ بىلەن بىر نەۋرە ئىدى، ۋاڭ چىڭ ئۇنىڭغا ئەمىن بەگلىك مەنسىپىنى بەرگەنىدى، سۇڭ جياڭنىڭ شەننەن قەلئەسىنى ئېلىپ، دۇەن ئېرنى تۇتۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان لى راڭ كېچىلەپ نەنفېڭگە ئادەم ئەۋەتىپ، ۋاڭ چىڭ، لى جۇلارغا:

ــ سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى زور ئىكەن، قاراپ تۇرۇپ ئىككى چوڭ ئايماقنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئەمدى بولسا جىننەنگە تېگىشكە كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە لۇ جۇنىينىڭ لەشكەرلىرىنى كۈنىپېتىش ئاستانىگە تېگىشكە يۆتكىدى، ــ دەپ مەلۇم قىلدى.

لى جۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈدى ۋە ۋاڭ چىڭغا مەلۇم قىلىش ئۇچۇن دەرھال ئوردىغا كىردى. ھەرەم خادىمى ئىچكىرىگە كىرىپ لى جۇنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ

چىققاندىن كېيىن:
— مۇشاۋىر بېگىم، ھەزرىتىم ئۆزلىرىنى ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرسۇن، ھېلى چىقىمەن دەيدۇ، — دېدى.
لى جۇ بىر ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە كۈتتى، لېكىن ئىچكىرىدىن ئادەم شەپە ـ شىماسى چىقمىدى. ئۇ ئۆزىگە تونۇش ھەرەم خادىمىدىن ئاستا سورۇشتۇرۇپ سورىۋىدى، ئۇ:
— ھەزرىتىم دۆەن خېنىم بىلەن قىزىق تەگىشىۋاتىدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى.
ھەزرىتىم دۆەن خېنىم بىلەن نېمىشقا تەگىشىدۇ؟ — دەپ سورىدى لى جۇ.
— دۆەن خېنىمنىڭ ھالى ئاشۇنچىلىك بولغانلىقىدىن، ھەزرىتىم دۆەن خېنىمنىڭ قەسرىگە ئاياغ بېسىپ باقمىغىلى خېلى ۋاقلار بولدى، شۇڭا خېنىم رەنجىپ قاپتۇ، — دېدى مۇلازىم لى جۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.
لى جۇ يەنە بىردەم كۈتتى، ھەرەم خادىمى ئىچكىرىدىن چىقىپ:
— ھەزرىتىم ئۆزلىرىنى تېخىچە بارمۇ، دەپ سوراۋاتىدۇ، — دېدى.
— ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمەن، — دېدى لى جۇ.
ھەرەم خادىمى بۇ گەپنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يەنە كىرىپ كەتتى، بىر پەستىن كېيىن بىرنەچچە ھەرەم خادىمى ۋە كېنىزەك ۋالڭ چىگنى قوغداپ ئاچىقىپ، ئالدىنقى سارايدىكى دېۋانغا ئولتۇرغۇزدى. لى جۇ قائىدە ـ يوسۇن بويىچە سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:
— پېقىرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىم لى رالڭ: «سۇڭ جياڭنىڭ قوشۇنى زور ئىكەن، ئۇلار ۋەنجۇ ئايمىقى بىلەن شەننەننى ئىشغال قىلىۋالدى، ئەمدى بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى كۈنپېتىش ئاستانىگە تېگىش قىلىشقا، يەنە بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى جىننەنگە تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى» دەپ مەلۇم قىلىپ كەلدى.

ھەزرىتىمنىڭ لەشكەر بۇيرۇپ بىزگە مەدەت بېرىشىنى سورايمەن، ــــ دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋاڭ چىڭنىڭ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەپ:
ــــ سۈڭ جياڭ دېگەنلەر سازلىقنىڭ قاراقچىلىرى ئىدىغۇ، شۇنچىلىك زور بولۇپ كېتىپتۇمۇ؟ ــــ دېدى ـ دە، دەرھال تۇتۇقبەگ دۇ چۆ ئون ئىككى سەركەردە، ئىككى لەك لەشكەرنى باشلاپ كۈنپېتىش ئاستانىگە ھەمدەم بولۇپ قۇتقۇزۇشقا بارسۇن، باشبۇغ شيې يۈ ئون ئىككى سەركەردە، ئىككى لەك لەشكەرنى باشلاپ جىننەنگە ھەمدەم بولۇپ قۇتقۇزۇشقا بارسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىككى باش سەردار لەشكىرىي بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن لەشكەر تاللاپ، قورال ـ ياراغلارنى ھازىرلىدى، قورچاق سەركەردىلەرنى تەيىنلىدى، قورچاق نەقلىيات بېگى گۇڭ جېڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ سامان قاتارلىق تەمىناتلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە كىرىشتى، ئىككى باش سەردار ۋاڭ چىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ يوللىرىغا راۋان بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.
ئەمدى گەپنى سۈڭ جياڭدىن ئاڭلاڭ. سۈڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى جىشەننىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئون چاقىرىم كېلىپ بىر يەردە قوش تىكىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن تېگىش قىلىشقا تەييارلاندى. پايلاقچىلار قاراقچىلارنىڭ ئېنىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. سۈڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ بىلەن بىر قۇر مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۆز سەركەردىلىرىگە قاراپ:
ــــ ئۇقۇشىمىزچە، لى راڭنىڭ لەشكەرلىرى باتۇر ۋە قەيسەر ئىمىش. جىشەن جىننەننىڭ مۇھىم جايى. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز قاراقچىلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن قاراقچىلار ئەپلىك جاينى ئىگىلىۋالغان، بىز بولساق ياۋ قورشىۋالغان تاغ ئېتىكىدىكى بىئەپ ئورۇندا تۇرۇۋاتىمىز، لى راڭ بولسا قورسىقىدا شەيتانلىقى كۆپ ھىيلىگەر نەرسە، قېرىنداشلىرىم، ئېلىشقاندا ئۇلارنى بوش

چاغلىماي، ئەھۋالغا قاراپراق ئىش تۇتۇڭلار، — دېدى ۋە: «لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى قوشقا كىرسۇن، ئىشىك - قوۋۇقلار تاقالسۇن، يۇرۇش يوللىرىدا مېڭىپ يۈرۈلمىسۇن، مېڭىپ يۈرگەنلەر ھەم ئۈنلۈك سۆزلىگەنلەر ئۆلتۈرۈلسۇن، لەشكەر بۇيرۇقى بىر، ئۆزىچە بۇيرۇق چىقارغۇچىلار، بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرمىگۈچىلەر ئۆلتۈرۈلسۇن» دەپ بۇيرۇق بېرىلدى. بۇيرۇق بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن قوش ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. سۇڭ جياڭ سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانى لى جۈنلەرنى ئاشلىق كېمىلىرىنى ئېھتىيات بىلەن قوغداپ، ئاشلىقنى ئارقا - ئارقىدىن لەشكەرلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقتىن خەۋەردار قىلىشقا دەي زۇڭنى ئەۋەتتى. لى راڭ بىلەن جەڭ ۋاقتىنى كېلىشىش ئۈچۈن جەڭنامە ئەۋەتتى. سۇڭ تۇرشاۋۇل چېن مىڭ، دۇڭ پىڭ، خۇ يەنجو، شۇ نىڭ، جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭ، جېن دىڭ، خۇاڭ يۆلەرگە ئىككى لەك لەشكەر باشلاپ بېرىپ، ئالدى بىلەن ئېلىشىش؛ جياۋ تىڭ، يۇ باۋسى، دۈەن جىڭجۇ، شى يۇڭلارغا ئىككى مىڭ پىيادە لەشكەر باشلاپ بېرىپ، دەل - دەرەخ، چاتقاللارنى كېسىپ، يوللارنى تۈزلەپ، جەڭ مەيدانى ھازىرلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى، سۇڭ جياڭ بىلەن قالغان سەركەردىلەر ئۆز قوشلىرىنى ساقلاپ تۇرۇشتى.

ئەتىسى سۇبھى بىلەن تەڭ لەشكەرلەر غىزالىنىپ، ئاتلارنىمۇ تويدۇرۇپ، تاڭ يورۇش بىلەنلا جەڭگە تەخلەندى. لى راڭ ما جياڭ، ما جىن، يۈەن لاڭ، تېڭ كۈي، تېڭ كەن قاتارلىق ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئىككى لەك لەشكەر بىلەن تاغدىن باستۇرۇپ چۈشتى. بۇ بەش كىشى قاراقچىلار ئىچىدە ئەڭ باتۇرلار ھېسابلىناتتى. ۋاڭ چىڭ ئۇلارغا شىرمەت سەردارلار دەپ نام بەرگەندى. قاراقچى لەشكەرلەر بىلەن چىن مىڭلار دوقۇرۇشۇپ قالدى. قاراقچى لەشكەرلەر تاغنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىكتە سەپ تۈزۈشتى، تاغ ئۈستىدىمۇ

www.uyghurkitap.com

بولۇشۇشقا نۇرغۇن لەشكەر تەخلىنىپ تۇراتتى. ھەر ئىككى تەرەپ تۇغ ـ ئەلەملىرىنى ئۇيان ـ بۇيان لەپىلدىتىپ، ئوقيالىرىنى بەتلىشىپ سەپراس بولۇپ تۇرۇشتى، داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ كانايلار پەلەكنى ياڭراتتى، رەڭگارەڭ تۇغ ـ ئەلەملەر كۆزنى قاماشتۇردى. قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ نىشان تۇغى ئاستىدا قاراقچى سەركەردە يوەن لاڭ بىرىنچى بولۇپ ئالدىغا چىقتى. ئۇ بېشىغا مىس دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا غۇژمەك گۈللۈك تاۋار تون، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاپقارا قوياغ كىيگەن، بوجۇغۇر مويلۇق قارا ئات مىنگەن، قىزىل يۈزلۈك، سېرىق ساقاللىق، ئوتتۇرا بويلۇق كىشى ئىدى، ئۇ ئىككى قولىدا بىردىن پارقىراپ تۇرىدىغان چويۈن ئۇمۇت تۇتقان. سول قولىدىكىسى ئون بەش جىڭ، ئوڭ قولىدىكىسى ئون ئالتە جىڭ كېلەتتى. ئۇ:

— ھەي سازلىق قاراقچىلىرى! قىنى جىنىڭدىن تويغانلىرىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشمامسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

سۇڭ جياڭ سېپىدىن خېيىدا ئەل بولغان سەركەردە جىن دىڭ، خۇاڭ يۈلەر تۇنجى بولۇپ تۆھپە يارىتىمىز دەپ تەڭلا ئات سېلىپ چىقىپ:

— ھەي ئەل ـ يۇرتقا ئاسىيلىق قىلغان قاراقچىلار، سەنلەر قانچىلىك نېمىدىڭ! — دەپ تىللىدى.

جىن دىڭ بەندەر قىلىچىنى، خۇاڭ يۈ قويۇچلۇق نەيزىسىنى ئويناتقىنىچە يوەن لاڭغا ئېتىلدى، يوەن لاڭ قولىدىكى ئىككى ئۇمۇت بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇردى، بۇ ئۈچ ئاتلىق ئۈچ بۇرجەك بولۇپ ئېلىشتى. بۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئوتتۇز مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن يوەن لاڭ ئۇمۇت بىلەن بىر تۇسۇپ قويۇپ ئېتىنى بۇراپ قاچتى. جىن دىڭ بىلەن خۇاڭ يۈ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئات سېلىپ قوغلىدى، يوەن لاڭ قىيچىپ كېتىۋېتىپ ئېتىنىڭ بېشىنى غاچچىدە ئارقىغا بۇرىدى. جىن دىڭنىڭ ئېتى ئالدىراق بولغاچقا، جىن دىڭ قىلىچ بىلەن چەنلەپ تۇرۇپ بىرنى چاپتى، يوەن لاڭ ئۇنى سول قولىدىكى ئۇمۇت بىلەن

توسۇۋالدى، قىلىچ ئومۇتقا تاراڭغىدا تەگدى، ئومۇت قىلىچنىڭ بىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى، جىن دىڭ قىلىچىنى ياندۇرۇپ بولغۇچە يۇەن لاڭ ئوڭ قولىدىكى ئومۇت بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا تازا كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇردى، ئومۇت ئۇنىڭ دۇبۇلغا ۋە بېشىنى پاچاق ـ پاچاق قىلىۋەتتى، جىن دىڭ ئاتتىن يىقىلدى. ئاڭغىچە خۇاڭ يۈ يېتىپ كېلىپ نەيزىسىنى يۇەن لاڭنىڭ مەيدىسىگە چەنلەپ سانجىدى. يۇەن لاڭ چاققانلىق بىلەن شارت قىلىپ ئۆزىنى قاچۇرۇۋىدى، خۇاڭ يۈنىڭ نەيزىسى تەگمەي، ئۇنىڭ ئوڭ بىقىنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. يۇەن لاڭ ئوڭ قولىدىكى ئومۇتنى سول قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇپ، دەرھال ئوڭ قولى بىلەن خۇاڭ يۈنىڭ نەيزىسىنىڭ سېپىدىن مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ ئالدىغا تارتىۋىدى، خۇاڭ يۈ ئۇنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن يۇەن لاڭ ئوڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئاتتىن يۇلۇۋېلىپ يەرگە تاشلىدى. قاراقچى لەشكەرلەر گۇرىدە چۇقان سېلىپ يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى خۇاڭ يۈنى سەپ ئىچىگە ئېلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئېتى بولسا ئۇدۇل ئۆز سېپى تەرەپكە قاراپ قېچىپ كەتتى. سۇڭ جياڭ سېپىدىكى تېرىككەك چىن مىڭ ھە دېگەندە ئىككى سەركەردىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قاتتىق غەزەپكە كەلدىكى، ئۇ ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى بۆرە چىشلىق كالتەكنى ئوينىتىپ، يۇەن لاڭغا ئېتىلدى. يۇەن لاڭ ئومۇت بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردى. ئىككى سەركەردە ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشتى. سۇڭ جياڭ سېپىدىكى ئايال سەركەردە چيۇڭ يىڭ ئاق يالىلىق ئېتىنى دېۋىتىپ، گۈللۈك چاسا يالمانىنى ئوينىتىپ، چىن مىڭغا بولۇشتى. ئۇ بېشىغا زۇمرەتتىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن تاج، ئۈچىسىغا گۈل تىكىلگەن قىزىل تاۋار تون، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن يالىتىلغان ئاق قۇياغ كىيگەنىدى. قاراقچىلار سەردارى تېڭ كۈي ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئېتىنى دېۋىتكىنىچە سەپنىڭ ئىچىدىن ئالدىغا چىقىپ:

www.uyghurkitap.com

— سۇڭ جياڭ قاتارلىق بۇ سازلىق قاراقچىلىرى ھەقىقەتەن ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق ئىكەن، قاراپ تۇرۇپ، بىر خوتۇننى جەڭگە چىقىرىپ قويغىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى مەسخىرە بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ.

تىڭ كۈي ئۈچ ئۈچلۈق، ئىككى بىسلىق قىلىچىنى ئوينىتىپ كېلىپ چيۇڭ يىڭ بىلەن ئېلىشتى. بۇ ئىككىسى ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن چيۇڭ يىڭ تىڭ كۈينىڭ ئۇرغان قىلىچىنى يالمان بىلەن قېقىۋېتىپ، ئېتىنى بۇراپ ئۆز سېپىگە قاراپ قاچتى. تىڭ كۈي نەرە تارتىپ ئات چاپتۇرۇپ ئارقىسىدىن قوغلىدى. چيۇڭ يىڭ ئېگەرنىڭ يېنىغا غانجۇغىلىۋالغان كەشتىلىك خالتىسىدىن شاقىقىدە بىر تال تاشنى ئالدى ـ دە، ئارقىسىغا قايرىلىپ تىڭ كۈينى چەنلەپ تۇرۇپ بىر ئېتىۋىدى، تاش ئۇدۇل تىڭ كۈينىڭ پېشانىسىگە كېلىپ تەگدى ـ دە، پېشانىسى يېرىلىپ، چاچراپ قان چىقتى ۋە ئۇ ئاتتىن موللاق ئېتىپ چۈشتى. چيۇڭ يىڭ ئېتىنىڭ بېشىنى شارتتىدە ئارقىغا بۇراپ، گۈللۈك يالمان بىلەن بىرنى سېلىپ تىڭ كۈينىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. تىڭ كەن ئاكىسىنىڭ بىر خوتۇن كىشىنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلىدى، ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، يولۋاس كۆزلۈك، بەرتىك پولات يارما دەستىسىنى كۆتۈرگىنىچە چيۇڭ يىڭغا ئېتىلدى. بۇياقتىن قوش يارما دەستىلىك خۇ يەنجو يارما دەستىنى ئويناتقىنىچە ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ تىڭ كەن بىلەن ئېلىشتى. ئىككى تەرەپنىڭ سەردارلىرى بۇ ئىككىسىنىڭ ماھارىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇشتى. ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن زادى قېلىشمايتتى، جابدۇنۇشلىرىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. خۇ يەنجو بېشىغا بۇرجەكلىك سىم بۆك كىيگەن، سىرىق تاۋار ماڭلايچە تېڭىۋالغان، يولتۇز گۈللۈك قارا تاۋار تون ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەل بېرىلگەن قارا قۇياغ كىيگەن، قارتىپەر قارا ئارغىماق مىنگەنىدى؛ تىڭ كەن بولسا بېشىغا ئاچا قاشلىق سىم بۆك

كىيگەن، قىزىل تاۋار ماڭلايچە تاڭغان، ئۈچىسىغا گۈللۈك يېشىل چېكمەن قارا تاۋار تون كىيگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەل بېرىلگەن قارا قۇياغ كىيگەن، سېرىق يالىلىق ئات مىنگەنىدى. تېڭ كەندىن خۇ يەنجۇنىڭ پەقەت بىرلا پارقىراپ تۇرىدىغان سەككىز قىرلىق پولات يارما دەستىسى ئارتۇق ئىدى. بۇ ئىككىسى بىر ئالدىغا مېڭىپ، بىر ئارقىغا يېنىپ، گاھ سولغا، گاھ ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشقان بولسىمۇ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. نېرىراقتا ئېلىشىۋاتقان چىن مىڭ بىلەن يۈەن لاڭ بىر يۈز ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشتى. قاراقچىلارنىڭ باش سەركەردىسى لى راڭ دۆڭدە تۇرۇپ، ئايال سەركەردىنىڭ تېڭ كۈينى تاش بىلەن بىرنى قويۇپ يارىدار قىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن جاڭ چېلىپ ئۆز لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. چىن مىڭ، خۇ يەنجۇلارمۇ قاراقچى سەردارلىرىنىڭ قەيسەرلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى. يۈەن لاڭ بىلەن چىن مىڭمۇ ئۆز سېپىگە قايتىشتى. قاراقچى لەشكەرلەر بولسا تاغقا چىقىپ كەتتى.

چىن مىڭلار ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ چوڭ قوشقا قايتىشتى ۋە: «قاراقچى سەركەردىلەر باتۇر ئىكەن، ئۇلار جىن دىڭ بىلەن خۇاڭ يۈنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ناۋادا سەركەردە جاڭ چىڭنىڭ خانىمى بولمىغان بولسا، قوشۇنىمىزنىڭ ھەيۋىتى سۇنغان بولاتتى» دېيىشتى. سۇڭ جياڭ تولىمۇ پەرىشان بولۇپ، ۋۇ يۇڭ خەلپەتتىن:

— مۇشۇنداق بولۇۋېرىدىغان بولسا، جىنىنەننى قانداق ئالغۇلۇق؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى.

ۋۇ يۇڭ بارماقلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ تۇرۇپ:

— مۇنداق - مۇنداق قىلىشتىن ئۆزگە چارە يوق، — دەپ پەنت كۆرسەتتى، سۇڭ جياڭ ماقۇل بولدى. دەرھال لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، جياۋ تىڭ، لى كۇي، فەن رۇي، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، جېيڭ تيەنشۇ، سۇڭ ۋەن، دۇ چيەن، گۇڭ ۋاڭ، دىڭ

دېسۈن، شى يۈڭ قاتارلىق ئون تۆت سەركەردىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا لىڭ جېن بىلەن بىرلىكتە، زەبەردەس بەش مىڭ پىيادە لەشكەر ئېلىپ، بۈگۈن كېچە ئاي قاراڭغۇسىدا يېنىك جابدۇنۇپ، سۇپەر ــ قالقان، ئاتقۇچ نەيزە، ئاتقۇچ خەنجەرلەر كۆتۈرگەن هالدا چىغىر يول بىلەن تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ هەرىكەتلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. سەركەردىلەر بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە لى راڭ سۈڭ جياڭغا جەڭنامە ئەۋەتتى، سۈڭ جياڭ ۋۇ يۈڭ بىلەن بۇ هەقتە مەسلىهەتلەشتى. ۋۇ يۈڭ:

— بۇ چوقۇم قاراقچىلارنىڭ هىيلىسى. لۇ جىشېنلار بۇ چاغقىچە دېگەن يەرگە يېتىپ باردى، تەخىر قىلماستىن جەڭگە هازىرلىنىش كېرەك، — دېدى.

سۈڭ جياڭ جەڭنامىگە: «جەڭنى بۈگۈنلا باشلايمىز» دەپ جاۋاب يېزىپ قاراقچىلارغا ئەۋەتتى ۋە چىن مىڭ، دۇڭ پىڭ، خۇ يەنجو، شۇ نىڭ، جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭلارغا تۆرشاۋۇل قىسىم بولۇپ، ئىككى لەك لەشكەر بىلەن ئوقياچىلارنى سەپنىڭ چۆرىسىگە، سۇپەرچى ـ يالمانچىلارنى سەپنىڭ ئىچىگە، ئوت ئوقچى ـ توپچىلارنى سەپنىڭ ئالدىغا تىزغان، ئاتلىق لەشكەرلەرنى ئۇلارغا ياندىغان هالدا تېگىش قىلىش؛ خۇاڭ شىن، سۈن لى، ۋاڭ يىڭ، خۇ سەنىياڭلارغا بىر لەك لەشكەرنى تەخلەپ قوشتا كۆتۈپ تۇرۇش، لى يىڭ، چەي جىن، خەن تاۋ، پېڭ چىلارغىمۇ بىر لەك لەشكەرنى تەخلەپ قوشتا كۆتۈپ تۇرۇش؛ تۆرشاۋۇل قىسىمنىڭ توپ ۋە ئوت ئوقلىرى ئېتىلغان هامان ئىككىگە بۆلۈنۈپ، كۈنچىقىش تەرەپ بىلەن كۈنپېتىش تەرەپتىن دەرهال قوشۇننىڭ ئالدىغا چىقىش؛ گۇەن شېڭ، جۇ تۇڭ، لېي خېڭ، سۈن شىن، گۇ يەڭگە، جاڭ چىن، سۈن چوكانلارغا ئىككى لەك پىيادە لەشكەر بىلەن چوڭ تۇرانىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن قاراقچىلارغا هەمدەمگە كېلىدىغانلاردىن مۇداپىئەلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئىشلار

ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ، گو شېڭلار بىلەن بىللە جەڭ ئۈستىدە ئۆزلىرى نازارەت قىلىدىغان بولدى، قالغان سەركەردىلەر قوشنى ساقلاشقا قالدۇرۇلدى. چاشكا ۋاقتىدا ۋۇ يۇڭ ئېگىز شوتىغا چىقىپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، تاغنىڭ تىك ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆردى، ئۇ دەرھال ئۆز لەشكەرلىرىگە يەنە ئىككى چاقىرىم ئارقىغا چېكىنىپ سەپ تۈزۈپ، ئىككى تەرەپتىن كېلىدىغان ئاتلىق لەشكەرلەرگە ئوبدان ھەمدەم بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى سەپ تۈزۈپ ھازىرلىنىپ تۇرۇشىغا، جىنشەندىكى قاراقچىلارنىڭ سەركەردىسى لى راڭ يۈەن لاڭ، تېڭ كەن، ما جياڭ، ما جىن قاتارلىق تۆت شىرمەت سەركەردە بىلەن بىرلىكتە ئىككى يېرىم لەك لەشكەر باشلاپ يېتىپ كەلدى. تېڭ كەن لەشكەرلىرىگە خۇاڭ يۈنىڭ كاللىسىنى بىر تال ئۇزۇن قومۇش تاياقتا سانجىپ كۆتۈرگىنىچە بەش مىڭ چەۋەندازنى ئالدىغا سېلىپ كەلدى. قاراقچى لەشكەرلەر بېشىغا چۆكۈرۈپ دوبۇلغا، ئۇچىسىغا زەنجىر قۇياغ كىيىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن باشقا يېرى كۆرۈنمەيتتى. ئاتلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇياغ، بېشىغا دالدىغۇچ كىيدۈرۈپ، تۆت ئايىغىدىن باشقا ھېچ يېرى كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ جابدۇغانىدى. لى راڭ تۇنۇگۈن ئايال سەركەردىنىڭ تاش ئېتىپ بىر سەركەردىنى يارىدار قىلغانلىقىنى كۆرگەچكە، بۈگۈنمۇ تاش ئېتىپ قالمىسۇن، دەپ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغانىدى. ئۇنىڭ ھەر ئىككى ئوقياچىسى بىردىن نەيزىۋازنى ئوتتۇرىغا ئالغان ھالدا بەش مىڭ لەشكەر تاغدىن باستۇرۇپ چۈشتى. ئارقىدىكى لەشكەرلىرى ئىككى تەرەپتىن قىستاپ تېگىش قىلدى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى توسۇۋالالماي، دەرھال ئارقىغا چېكىندى. سۇڭ جياڭ ئالمان - تالمان توپ ئېتىشقا بۇيرۇق بەردى. قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ ئاتقان ئوقى توپ سۆرەيدىغانلاردىن بىرنەچچە يۈزنى يارىدار قىلىپ تاشلىدى، بەختكە يارىشا توپلار

www.uyghurkitap.com

ئالدىنقى قاتارغا تىزىلغانلىقتىن، ئاتلىق قاراقچىلار ئارقىغا ئۆتەلمىدى. توپلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئاتلىق لەشكەرلەر تەييار تۇرغان بولسىمۇ، ئارقىغا ئۆتەلمىگەچكە، قورال - ياراغلىرىنى ئىشقا سالالمىدى. دەل مۇشۇ خەتەرلىك پەيتتە تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدىن توختىماي توپلار ئېتىلدى، لۇ جىشىنلار تاغ - داۋانلار ئېشىپ تاغقا بېسىپ چىقتى. تاغ تۇرادا قاراقچى لەشكەرلەردىن بەش مىڭ قىبرى - چۇرى لەشكەر ۋە بىر ياردەمچى سەركەردە قالغانىدى. لۇ جىشىنلار ئۇلارنىڭ بىرىنى قويماي يوقىتىپ، تاغ تۇرانى ئىشغال قىلدى. لى راڭ تاغنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرگەندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى دەرھال چېكىندۈرمەكچى بولدى، بۇ چاغدا ئىككى تەرەپتىكى چىغىر يولنىڭ بىرىدىن خۇاڭ شىن قاتارلىق تۆت سەركەردە، يەنە بىرىدىن لى يىڭ قاتارلىق تۆت سەركەردە باستۇرۇپ كەلدى. سۇڭ جياڭ توپچىلارغا قاراقچى چەۋەندازلارنىڭ دەككىسىنى بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى، قاراقچى لەشكەرلەر قاتتىق يېڭىلدى. لۇ جىشىن، لى كۈي قاتارلىق ئون تۆت ئاتامان پىيادە لەشكەرلىرىنى باشلاپ تاغدىن باستۇرۇپ چۈشۈپ، قاراقچى لەشكەرلەرنى قىرىپ - چېپىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى، ئۇلار ئۆز جېنىنى پاناھلاپ تەرەپ - تەرەپكە قاچتى. ئىسىت! يۈەن لاڭ دېگەن شىرمەت سەركەردە توپ ئوقىدا ئۆلدى، لى راڭ ئارقىدا بولغاچقا، لۇ جىشىن ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ما جىن بىلەن تېڭ كەن پاتىپاراقچىلىقتا قىرىپ تاشلاندى. پەقەت بىرلا ما جياڭ قېچىپ قۇتۇلدى. سان - ساناقسىز دۇبۇلغا - قۇياغ، قورال - ياراغ، ئات - ئۇلاغ ۋە ناغرا - كانايلار ئولجا چۈشتى. ئۈچ لەك لەشكەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ تۈگىدى. تاغنىڭ ئۇستىدىن تاكى ئېتىكىگىچە ئۆلۈكلەر بىلەن تولدى. سۇڭ جياڭ ئۆز لەشكەرلىرىنى توپلاپ، ئېدىتلاپ كۆرۈۋىدى، ئۇلاردىنمۇ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بوپتۇ. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۇلار يەنە جىشەننىڭ

يۇقىرىسىغا قوش تىكىپ قونۇپ قالدى.
ئەتىسى سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى بىلەن تاغقا چىقىپ، غەنىيمەت ئېلىنغان ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - پۇچەك، ئاشلىق - تۈلۈكلەرنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن تۇراغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۈچ قوشۇننىڭ سەركەردە - سەرۋازلىرىغا كۆپلەپ ئىنئاملار بەردى. لۇ جىشېن قاتارلىق ئون بەش كىشىنىڭ ۋە چيوڭ يىڭلارنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىلىرىنى پۈتۈپ قويدى، ئاندىن لەشكەرلىرىنى ئىلگىرىلەشكە ئۈندىدى. جىشەن تېغىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن چوڭ قوشۇن جىننەنگە ئون بەش چاقىرىم قالغان يەرگە يېتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. سۇڭ جياڭ مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شەھەرگە تېگىشكە سەركەردە - سەرۋازلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.
ئەمدى گەپنى لۇ جۈنيىدىن ئاڭلاڭ. لۇ جۈنيى باشلاپ ماڭغان لەشكەرلەر كۈنپېتىش ئاستانىگە قاراپ ماڭدى، ئۇلار تاغ - داۋانلار ئېشىپ، دەريا ۋە سۇلار كېچىپ ئىلگىرىلىدى. بىسىپ ئۆتكەن باۋفېڭ قاتارلىق جايلاردا قاراقچى سەركەردىلىرىدىن ۋۇ شۇن قاتارلىقلار كۆجە يىقىپ، ئىسرىق سېلىپ، شام - چىراغلار يورۇتۇپ، شەھەر - قەلئەلەرنى تاپشۇرۇپ، پادىشاھى ئالەمگە بويسۇندى. لۇ جۈنيى ئۇلارغا تەسەللىي بېرىپ، ۋەز - نەسىھەت قىلدى. ۋۇ شۇننى يەنە شۇ قەلئەنى ساقلاشقا بۇيرۇدى، ۋۇ شۇن قاتارلىقلار بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى ۋە كۆڭلى - كۆكسىدىكى سۆزلىرىنى بايان قىلىپ، يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا ماڭىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن لۇ جۈنيىلەر تۆۋەن تەرەپتىن كېلىدىغان تەھدىتلەر توغرىسىدىكى غەم - ئەندىشىلەردىن خالىي بولۇپ، لەشكەرلىرى بىلەن تۇسالغۇسىز ئىلگىرىلەۋەردى. نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ كۈنپېتىش ئاستانىنىڭ تۆۋىنىدىكى ئوتتۇز چاقىرىم نېرىغا جايلاشقان يىچۈ تېغىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ چاغدا

www.uyghurkitap.com

چارلىغۇچىلار شەھەردىكى باش سەركەردە، قورچاق ئەمىر بەگ گۆك دۆن ۋە باشبۇغ شى شېڭلار بىر قانچە شىرمەت سەركەردە بىلەن شەھەرنى ساقلاپ تۇرۇۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. باشبۇغ شى شېڭ لەشكەرلەرنى سەپكە تىزىش قائىدىسىنى ۋە ئۇنىڭ سىرىنى پىششىق بىلەتتى. لۇ جۈنيى شەھەرنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئېلىش توغرىسىدا دەرھال جۇ ۋۇ بىلەن مەسلىھەتلەشتى. جۇ ۋۇ:

— ئاڭلىشىمچە، شى شېڭ دېگەن بۇ ئەبلەخ جەڭ قائىدىلىرىنى خېلى ئوبدان بىلەر ئىمىش. شۇڭا، ئۇ بىز بىلەن چوقۇم قاتتىق ئېلىشىدۇ. بىز ئالدى بىلەن لەشكەرلىرىمىزنى سەپكە تىزىپ، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئالدىرىماي جەڭ قىلساق، — دېدى.

— مۇشاۋىرنىڭ سۆزى تولىمۇ دانالىق بىلەن ئېيتىلغان سۆز بولدى، — دېدى لۇ جۈنيى ۋە دەرھال لەشكەرلىرىگە تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىكتە سەككىز رام شەكىللىك سەپ تۈزۈشكە بۇيرۇق بەردى.

بىر دەمدىن كېيىن قاراقچى لەشكەرلەر ئۈچ قوشۇنغا بۆلۈنۈپ چىقىپ كېلىشتى، بۇ ئۈچ قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل تۇغ، سولدىكىسى قارا تۇغ، ئوڭدىكىسىمۇ قىزىل تۇغ كۆتۈرگەنىدى. شى شېڭ سۆڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ سەپ تارتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن قارا، قىزىل تۇغلۇق ئىككى قوشۇننى ئوڭ - سول تەرەپكە بۆلۈنۈپ قوش تىكىشكە بۇيرۇدى. ئۆزى ئېگىز شوتا ئۈستىگە چىقىپ، سۆڭ خانلىقى قوشۇنىنىڭ ئايلانما سەككىز رام شەكىللىك سېپىنى كۆردى - دە، ئۇ:

— بۇنداق سەپ تۈزۈشنى كىم بىلمەيدۇ؟ مەن شۇنداق بىر سەپ تۈزەيكى، سەنلەرنى ھەيرەتتە قالدۇراي، — دېدى - دە، نۆكەرلىرىگە داقا - دۇمباقلار چالدۇرۇپ، بىر سۇپا راۋاق ياساتتى، سۇپا راۋاق ئۈستىگە چىقىپ ئىككى ئەلەمنى

لەپىلدەتتى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى لەشكەرلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ تىزىلدى. ئاندىن ئۇ سۇپىدا راۋاقتىن چۈشۈپ ئاتلاندى ـ دە، سەركەردىلەرنى ئۆز سەپلىرىنى ئارەستە قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى لۇ جۈنيىلەر بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن سەپنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. باشبۇغ شى شىڭ شۇنداق جابدۇنغانكى، ھايھات:

زەر دۇبۇلغا بېشىدا كۈن نۇرىدەك يالتىرار،
كۈمۈش قۇياغ ئۇستىدە يالت ـ يۇلت قىلىپ پارقىرار.
قىزىل تاۋار تونىغا كەشتە گۇللەر بېسىلغان،
سېرىق رەڭ كەمىرىگە دۇردانىلەر ئېسىلغان.
ئۇزەڭگىنى دەسسەپتۇ يېشىل ئۆتۈك پۇتىدا،
زەر دەستىلىك قامچىسى ئوينايتۇ قولىدا.
سەپ ئالدىدا چاپاتتى مىنگەن ئېتى ئەجدەردەك،
ئوينار قولىدا شەمشەر ئۇزۇنلۇقى ئۈچ چىدەك.

شى شىڭ ئېتىنى دېۋىتكىنىچە ئۇدۇل سەپ ئالدىغا كېلىپ:
— سېنىڭ بۇ تۇزگەن ئايلانما سەككىز رام شەكىللىك سېپىڭنى كىم بىلمەيدۇ، غوجا ئاكاڭنىڭ قانداق سەپ تۇزگەنلىكىنى كۆرا! — دەپ ۋارقىرىدى.
لۇ جۈنيى شى شىڭنىڭ سەپ تۇزۇش جەھەتتىن سىنىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، جۇ ۋۇ بىلەن بىللە ئېگىز شوتىغا چىقىپ، قاراقچىلار تەرەپكە نەزەر تاشلىدى. ئۇلار ئۈچ كىشىنى بىر قاتار، ئۈچ قاتارنى بىر توپقا ئايرىغان، بەش توپنى بىر قوشۇن قىلغان، سىرتىنى چاسا، ئوتتۇرىسىنى دۈگىلەك قىلىپ تۇزگەن، كىچىك سەپنى چوڭ سەپنىڭ ئارىسىغا ئالغان، بىرىنى بىرىگە تۇتاشتۇرغان ھالدا سەپ تۇزگەنىدى. جۇ ۋۇ لۇ جۈنيىگە:
— بۇ لى ھۆكۈمانىڭ ئالتە قەۋەتلىك چاتما سېپى ئىكەن، ھۆكۈما بۇ سەپنى ۋۇ خۇنىڭ سەككىز سېپىگە قاراپ تۇزگەن. قاراقچىلار بىزنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ، ئۇلار

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ سەككىز رام شەكىلىك سىپىمىزنىڭ سەككىز يەردە سەككىز بويىچە ئاتمىش توت خىلغا ئۆزگەرگەندىن كېيىن ۋۇ خۇنىڭ سەككىز سىپىنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئالتە قەۋەتلىك چاتما سىپىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ تېخى، — دېدى.

— سەنلەرنىڭ ئالتە قەۋەتلىك چاتما سىپىڭ نېمىگە يارايتتى ! — دەپ ۋارقىرىدى لۇ جۇنيى سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ.

— نوچى بولساڭ قېنى تېگىپ باقمامسەن؟ — دېدى شى شىيڭ.

— سىپىڭ ھېچنېمىگە دال بولالمايدىغان بۇ سىپىڭنى تىرىپىرەن قىلماق قانچىلىك ئىش ئىدى ! — دېدى لۇ جۇنيى قاقاھلاپ كۈلۈپ ۋە سەپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

جۇ ۋۇ سۇپا - راۋاقتا چىقىپ، ئوڭ - سولغا ئەلەم لەپىلدىتىپ، لەشكەرلەرنى سەككىز سەپ بويىچە تىزىلدۇردى. ئۇ لۇ جۇنيىگە ياڭ جى، سۇن ئەن، يەن شياڭلار ئاتلىرىغا قويىغ كىيگۈزگەن مىڭ نەپەر ئاتلىق لەشكەر بىلەن قاراقچىلارنىڭ سىپىگە تەگسۇن، دەپ بۇيرۇشنى تەكلىپ قىلىپ:

— بۈگۈن مەدەنگە تەئەللۇق كۈن بولغانلىقتىن، سىپىمىزنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تۇرغان لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ سىپىگە بۆسۈپ كىرسە، — دېدى.

ياڭ جىلار بۇيرۇققا بىنائەن ئۈچ مەرتەم دۇمباقنى چالدى. سەركەردىلەر ئالغا ئىتتىلىپ، قاراقچىلارنىڭ كۈنپېتىشتىكى نىشان تۇغلىرى ئىچىدىن يېرىپ ئۆتۈپ سەپكە كىرىپ كەتتى. ئۇياقتىن لۇ جۇنيى ما لىڭ قاتارلىق سەركەردە - سەردارلار بىلەن لەشكەرلەرنى باشلاپ باستۇرۇپ كىردى. قاراقچى لەشكەرلەر قاتتىق يېڭىلدى.

ئەمدى گەپنى ياڭ جىلاردىن ئاڭلاڭ. ئۇلار قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ سىپىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، بىرنەچچە شىرمەت سەركەردىلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا يۇقىرى تەرەپكە قاراپ

قېچىپ كېتىۋاتقان شى شېڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. سۇن
ئەن، بيەن شياڭلار ئەجىر - تۆھپىلەر كۆرسەتمەك بولۇپ،
لەشكەرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. بۇلار قوغلا -
قوغلا ئۆزلىرىمۇ ئۇقمايلا بىر خەتەرلىك جايغا كېلىپ قالدى.
جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ ئۇرۇلغان جاڭ ساداسى ئىچىدە تاغ
ئارقىسىدىن بىر توپ لەشكەر ئېتىلىپ چىقتى. ياڭ جى، سۇن
ئەنلەر دەرھال چېكىنمەكچى بولغان بولسىمۇ، سەپنى
بۇزغان ئاتلار ئۆلدى كۆك تاغ ئالدىدا، دولقۇن يېرىپ ماڭغان
كېمىلەر غەرق بولدى زۇمرەت سۇدا، دېگەندەك بولدى. تاغ
ئارقىسىدىن چىققان لەشكەرلەرنىڭ زادى نەدىن كەلگەنلىكىنى،
سۇن ئەنلەرنىڭ ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىنى كېيىنكى
بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# بىر يۈز سەككىزىنچى باب

## چياۋ داۋچىڭنىڭ تۇمان چىقىرىپ شەھەر ئالغانلىقى
## كىچىك قۇيۇننىڭ توپلارنى قاراقچىلارغا ئاتقانلىقى

ئەلقىسسە، ياڭ جى، سۇن ئەن، بيەن شياڭلار شى شىڭنى قوغلاپ يېچۆ تىغىنىڭ كانارىغا يېتىپ كەلگەندە، تۇيۇقسىز تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر تۇمەن مۆكۈنگەن ئاتلىق لەشكەر چىقىپ ياڭ جىلار بىلەن بىرىپەس ئېلىشتى. شى شىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېڭىلگەن لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى. سۇن ئەنلەر جەسۇرانە ئېلىشىپ، ئىككى قاراقچى سەركەردىنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، يالغۇز كېلىپ قالدى، ئۇلارنىڭ مىڭدىن ئارتۇق قۇياغلىق ئاتلىق لەشكەرلىرىنى قاراقچىلار قوغلاپ بېرىپ، بىر تاغنىڭ جىلغىسىغا قامىۋالدى. بۇ جىلغىنىڭ تۆت تەرىپى شۇنداق ئېگىز قىيا تاشلار بىلەن ئورالغانىدىكى، چىقىپ كەتكۈدەك بىرەر يول يوق ئىدى، قاراقچى لەشكەرلەر ياغاچ ـ تاشلارنى توشۇپ كېلىپ جىلغىنىڭ ئاغزىنى توسۇۋەتتى. قاراقچىلار شەھەرگە كىرىپ ئەھۋالنى گۇڭ دۇەنگە مەلۇم قىلدى، گۇڭ دۇەن جىلغىنىڭ ئاغزىنى چىڭ ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىككى مىڭ لەشكەر ئەۋەتتى. ياڭ جى، سۇن ئەنلەر قانتى بولسىمۇ ئۇچۇپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

ياڭ جىلارنىڭ قامىلىپ قالغانلىقىمۇ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى لۇ جۈنيىدىن ئاڭلاڭ. لۇ جۈنيىلەر شى شىڭنىڭ ئالتە قەۋەتلىك چاتما سەپلىرىنى تىرىپىرەن

قىلىۋەتتى، ما لىڭ زەر كېسەك ئېتىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، بىرمۇنچە قاراقچى لەشكەرلەرنى يەر چىشلەتتى، قالغان سەركەردىلەرمۇ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ قاراقچى سەركەردىلەردىن ئۈچىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۇلارنى تامامەن يەڭدى ـ دە، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئەجدىھا چاقىسىنى ئېلىپ، بىر تۈمەندىن ئارتۇق قاراقچىنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، سان ـ ساناقسىز ئات ـ ئۇلاغ، قورال ـ ياراغ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت، داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ كانايلارنى غەنىيمەت ئالدى، قاراقچى لەشكەرلەر چېكىنىپ شەھەرگە كىرىۋالدى. لۇ جۈنيى لەشكەرلىرىنى ئېدىتلاپ كۆرۈۋىدى، ئالدىنقى سەپتىكى ياڭ جى، سۇن ئەن، بيەن شياڭلار بىلەن مىڭ ئاتلىق لەشكەرنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى. لۇ جۈنيى دەرھال شيې جېن، شيې باۋ، زۇ يۈەن، زۇ رۇنلارنى مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن تۆتكە بۆلۈنۈپ ئىزدەشكە بۇيرۇدى، ئۇلار كۈن پاتقۇچە ئىزدەپ ھېچ يەردىن ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدى.

ئەتىسى لۇ جۈنيى لەشكەرلىرىنى شۇ ئورۇندىن قوزغىماي تۇرۇپ، شيې جېن، شيې باۋ، زۇيۈەن ۋە زۇ رۇنلارغا يەنە يوقالغانلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ، داۋاملىق سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈشنى تاپشۇردى. شيې باۋ بىر قىسىم لەشكەرگە باش بولۇپ چىڭگىلىكلەرگە ئېسىلىپ ـ يامىشىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىش بىلەن يىچۆ تېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئەڭ ئېگىز بىر تاغ چوققىسىغا كەلدى. ئۇلار بۇ تاغنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە كۆز يۈگۈرتۈپ قارىدى، پەستىكى جىلغىنىڭ ئىچىدە بىر توپ لەشكەر تۇرغانلىقى غۇۋا كۆرۈندى، لېكىن قويۇق چاتقال، دەل ـ دەرەخلەر توسۇپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىدى، توۋلاپ باقتى، تاغ بەك ئېگىز ھەم تىك بولغانلىقتىن ئۈنى ئۇلارغا ئاڭلانمىدى. شيې باۋ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تاغدىن چۈشتى، ئۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق بىرەر پۇقرانى تېپىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەك بولدى. بۇ يەردە بىرەر ئۆيلۈكمۇ ئادەم قالماي، يېغىلىقتىن قېچىپ پاناھراق بىر جايغا

كۆچۈپ كەتكەندى. ئاخىر يىراقتىكى بىر جىلغىنىڭ تۈزرەك يېرىگە يېتىپ كەلدى، بۇ يەردە بىرنەچچە ئۆيلۈك نامرات دېھقان بار ئىدى، ئۇلار لەشكەرلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن ھەممىسى ئالاقزادىلىك ئىچىدە قېلىشتى.

— بىز ئوغرى - قاراقچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كەلگەن خان لەشكەرلىرى بولىمىز، — دېدى شيې باۋ.

يۇقرالار خان لەشكەرلىرى دېگەننى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇپ كېتىشتى، شيې باۋ يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ:

— سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەر بولىمىز، — دېدى.

— ھېلىقى قىتانلارنى قىرغان، تىيەن خۇنى تۇتقان، يۇقراغا چېقىلمايدىغان سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى يۇقرالار.

— دەل ئۆزى شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى شيې باۋ.

— سەركەردەم، ئۆزلىرىنىڭ توخۇ - توشقان، ئىت - مۈشۈك بولاشقا كېلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىكەنلىكلىرىنى چۈشەندۇق، — دېيىشتى دېھقانلار تىزلىنىپ تۇرۇپ، — ئالدىنقى يىلىمۇ بۇ يەرگە قاراقچىلارنى يوقىتىمىز دەپ خان لەشكەرلىرى كەلگەن، ئۇلار خۇددى ئوغرى - قاراقچىلاردەكلا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كەتكەندى، شۇڭا بىز مۈشۈ چەت - ياقا يەرلەرگە قېچىپ كېلىۋالدۇق. ئەمدىلىكتە سەركەردەمنىڭ قەدىمى بۇ يەرگە يېتىپتۇ، بىزمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەلەيدىغان ئوخشايمىز.

شيې باۋ ياڭ جى باشچىلىقىدا مىڭ ئادەمنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي، مۈشۈ يىراق جىلغىغا سوراپ - سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. كۆپچىلىك:

— بۇ جىلغا لۇڭلىياۋ جىلغىسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭغا كىرىدىغان بىرلا يول بار، — دېدى.

دېھقانلار شيې باۋنى جىلغىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كەلدى، دەل بۇ چاغدا زۇ يۈەن، زۇ رۇنلارنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئىزدەپ يۈرۈپ



www.uyghurkitap.com

بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى ۋە قاراقچىلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنى قىرىپ - چېپىپ قاچۇرۇۋەتكەندىن كېيىن بىللە تاش - توسۇقلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، لەشكەرلەر بىلەن جىلغىغا كىرىپ كەتتى. بۇ چاغ كەچ كۈز مەزگىلى بولۇپ، بۇ جىلغا دەرەقىقەت قىيا تاشلار بىلەن قاپلانغان جىمجىت جىلغا ئىدى.

## نەزم

شەبنەملەر چۈشۈپ كۆكتىن چىنارلىق غازاڭ تۆككەن،
قىيا تاشلىق جىلغا - ساي غۇربەت - سۈرگە چۆمۈلگەن.
تىك چوققىلار چوقچىيىپ بۇلۇتلارغا تاقاشقان،
قارىغاي - بامبۇك يىلتىزى ئەڭ تېرەن يىلتىز تارتقان.

ياڭ جى، سۇن ئەن، بيەن شياڭلار مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن جىلغا ئىچىدە قامىلىپ ئۆلۈم ئالدىدا تۇراتتى. شيې باۋلارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن كۆپچىلىك خۇشاللىقتا چۆمۈپ تەنتەنە قىلىشتى. شيې باۋ ئالغاچ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويدۇردى، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ھەممىسى بىللە جىلغىدىن چىقتى، شيې باۋ ھېلىقى دېھقانلارنى قوشقا باشلاپ كېلىپ، تۇرشاۋۋل لۇ جۇنيى بىلەن كۆرۈشتۈردى. لۇ جۇنيى تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ، نامرات پۇقرالارغا پۇل - پۇچەك، ئاشلىق - تۈلۈكلەر تارقىتىپ بەردى، دېھقانلار بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ باش قويۇپ، لۇ جۇنيىنىڭ بۇ مېھىر - شەپقىتىگە مىڭلارچە تەشەككۈر بايان قىلدى. بىردەمدىن كېيىن شيې جېن لەشكەرلىرىنى باشلاپ قوشقا قايتىپ كەلدى. كەچ كىرىپ ھەممەيلەن ئارام ئېلىشتى. بۇ كېچە جىمجىت ئۆتتى.
ئەتىسى ئەتىگەندە لۇ جۇنيى شەھەرگە تېگىش قىلىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

جۇ ۋۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، لەشكەرلىرىگە ۋەزىپە تەقسىم قىلدى، بۇ چاغدا تويۇقسىز چارلىغۇچىلار كېلىپ: قورچاق تۇتۇقبەگ ۋاڭ چىڭ، دۇ چۆ ئون ئىككى سەركەردە بىلەن ئىككى تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ھەمدەمگە كەلدى. ئۇلار ھازىر ئوتتۇز چاقىرىم نېرىدىكى بىر يەرگە يېتىپ كەلدى، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. لۇ جۈنيى بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن جۇ ۋۇ، ياڭ جى، سۈن لى، شەن تىڭگۈي، ۋېي دىڭگولارغا چىياۋ داۋچىڭ، ما لىڭلار بىلەن بىللە ئىككى تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ، چوڭ قوش ئالدىغا چىقىپ سەپ تۈزۈش ۋە شەھەردىن كەلگەن قاراقچىلارنىڭ بۆسۈپ كىرىشىدىن ھوشيار تۇرۇشنى تاپشۇردى. شىيې جېن، شىيې باۋ، مۇ چۈن، شۆ يۈڭلارغا بەش مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ تاغدىكى قوشنى قوغداشنى تاپشۇردى، ئۆزى بولسا قالغان سەركەردىلەر بىلەن ئۈچ يېرىم تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ، دۇ چۆ بىلەن ئېلىشماقچى بولدى. دەل شۇ ئەسنادا ئالقانات يەن چىڭ:

— غوجام! ئۇشبۇ كۈن ئۆزلىرىنىڭ شەخسەن مەيدانغا چۈشۈشلىرى زىيانلىق، — دېدى.

— خوش، نە سەۋەبتىن؟ — دەپ سورىدى لۇ جۈنيى.

— كەمىنىلىرى، تۈنۈگۈن ئاخشام بىر يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن.

— چۈشتە كۆرگەن نەرسىگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن، ئەل يولىدا جاننى پىدا قىلىشقا تەخلەنگەندىن كېيىن پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلاشمايلى!

— ئەگەرچەندە غوجام ئۆزلىرى بۈگۈن مەيدانغا چۈشۈشكە قەتئىي بەل باغلىغان بولسىلا، پېقىرغا بەش يۈز لەشكەر ئاجرىتىپ بېرىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن، ئۆزۈم بېرىپ بىر ئىش قىلاي!

— ئەي نۆكىرىم، نېمە قىلماقچىسەن؟

— غوجام، بۈنى ئانچە سورۇشتۇرمەي، لەشكەرنى پېقىرنىڭ ئىختىيارىغا بەرسىلە!

— بوپتۇ، دېگىنىڭچە بولسۇن، قېنى قانداق ھۈنەر كۆرسىتەرسەنكىن !

يەن چىڭگە بەش يۈز پىيادە لەشكەر ئاجرىتىپ بېرىلدى. يەن چىڭ ئۇلارنى باشلاپ ئېلىپ كەتتى، لۇ جۈنيى سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، لەشكەرلىرى بىلەن چوڭ قوشتىن چىقىپ، پىڭچۈەن كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى. پىڭچۈەندە نۇرغۇن ئاجايىپ - غارايىپ تاشلار بار ئىدى. بۇ يەر ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى دېيۈننىڭ كونا جاڭزىسى ئىدى. لۇ جۈنيى يول ئۈستىدە يەن چىڭنىڭ كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ دەل - دەرەخلەرنى كېسىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ كۆڭلىدە بۇنى كۈلكىلىك ئىش ھېسابلىسىمۇ، لېكىن جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقتىن ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا رايى بارماي ئۆدۈل كېتىۋەردى. لەشكەرلەر ئەجدىھا چاقىسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىنىڭ ئون چاقىرىم نېرىسىدىكى يەرگە كەلگەندىن كېيىن كۈنپېتىشقا قاراپ سەپ تارتقىنىچە كۈتۈپ تۇردى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن قاراقچى لەشكەرلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى.

ھەر ئىككى تەرەپ سەپراس بولۇپ جەڭ دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ، نەرە - چۇقانلار كۆتۈرۈشتى. قاراقچىلار سېپىدىن سول قول سەركەردە ۋېي خې ئۇزۇن ساپلىق تەبەرنى ئوينىتقىنىچە ئات چاپتۇرۇپ ئالدى بىلەن مەيدانغا چۈشتى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى سېپىدىن شەن شىچى ئات چاپتۇرۇپ نەيزىسىنى كۆتۈرگىنىچە كېلىپ، ئۈن - تىن چىقارماي ئېلىشتى. بۇ ئىككىسى ئات ئۈستىدە ئوتتۇز مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن شەن شىچى يەملەپ تۇرۇپ ۋېي خېنىڭ ئېتىنىڭ ساغرىسىغا نەيزىسىنى شۇنداق بىر تىقىۋىدى، ئات زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى، ۋېي خې ئاتتىن سىلكىنىپ يەرگە چۈشتى، شەن شىچى بىر نەيزە تىقىپ ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

قاراقچىلار سېپىدە تۇرغان فېڭ تەي بۇنى كۆرۈپ دەرغەزەپ

بولۇپ، تۆمۈر پالىقنى ئويناتقىنىچە شەن شىچىگە قاراپ ئېتىلدى. بۇ ئىككى سەركەردە ئون مەرتەمدىن ئارتۇق ئېلىشتى، شەن شىچىنىڭ قىلىچ تەيگە كۈچى يەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بيەن شياڭ ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن نەيزىسىنى تەڭلەپ ئات سېلىپ كەلدى، قىلىچ تەي «ھايت» دەپ بىرلا ئۇن سېلىپ، تۆمۈر پالىقى بىلەن شەن شىچىنى بىرنى سېلىپ ئاتتىن يىقىتتى، ئارقىدىن يەنە بىرنى سېلىپ يەر چىشلەتتى ـ دە، ئېتىنى دېۋىتىپ بيەن شياڭغا قاراپ شەمشىرىنى تەڭلەپ كەلدى.

بيەن شياڭ ئۇنى بىسىپ چۈشىدىغان باتۇر پالۋان ئىدى. قىلىچ تەي ئېتىنىڭ بېشىنى شۇنداق بۇرىشىغىلا بيەن شياڭ «ھايت» دەپ بىر ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر نەيزە ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى سەركەردىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەپ ئوتتەك كۆيگەن قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ باش سەركەردىسى دۇ چۆ ئۇزۇن يىلان باشلىق نەيزىسىنى تەڭلىگىنىچە ئات ئويىنىتىپ مەيدانغا چۈشتى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ باش سەركەردىسى لۇ جۇنيمۇ ئۆزى مەيدانغا چۈشۈپ، دۇ چۆ بىلەن ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشقان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. دۇ چۆ يىلان باشلىق نەيزىسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەتتى. لۇ جۇنيىنىڭ دۇ چۆنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۇن ئەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شەمشىرىنى ئويناتقىنىچە ھەمدەمگە چىقتى، قاراقچى سەركەردە جۇ ماۋ بۆرە چىشلىق كالتەكنى ئويناتقىنىچە ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ سۇن ئەن بىلەن بەش ـ ئالتە مەرتەم تۇتۇشتى. سۇن ئەن ھەيۋەت بىلەن شەمشىرىنى بىر شىلتىپ جۇ ماۋنى چېپىپ تاشلاپ، ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈردى، ئاندىن ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ، شەمشىرىنى كۆتۈرگەن پېتى دۇ چۆگە ئېتىلىپ كەلدى. سۇن ئەننىڭ جۇ ماۋنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن دۇ چۆ ھودۇقۇپ ـ تەمتىرەپ

قالدى. ئاڭغىچە سوْن ئەن شەمشەر بىلەن ئوْنىڭ ئوك قولىنى چىپىپ تاشلاپ ئوْنى ئاتتىن يىقىتتى، بوْ چاغدا لوْ جوْنىي كىلىپ بىر نەيزە ئوْروْپ ئوْنىڭموْ جىنىنى تېنىدىن جوْدا قىلدى. لوْ جوْنىيلەر ئات چاپتوْروْپ قاراقچى لەشكەرلىرىنى قىرىپ - چىپىپ، سوْر - توقاي قىلدى.

شوْ ئەسنادا كوْنپىتىش توْۋەن تەرەپتىكى سوقماق يولدىن بىر توپ ئاتلىق لەشكەر چىقىپ كەلدى، ئوْلارنىڭ ئالدىدا چىرايى قاپقارا بەتبەشىرە، كالتە چاچلىرى سىپۈەتتەك پاخپايغان، بىشىغا دەرۈشلەرچە توْموْر قالپاق، ئوْچىسىغا قىزىل ياقىلىق تون كىيىپ، قىزىل توروْق ئات مىنگەن بىرى شەمشەر كوْتوْرگەن هالدا لەشكەرلىرىنى ئەگەشتوْرگىنىچە ئىتتىنى چاپتوْروْپ ئوْچقاندەك يىتىپ كەلدى. لوْ جوْنىيلەر ئوْلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرىدىنلا قاراقچى لەشكەر ئىكەنلىكىنى بايقاپ، لەشكەرلىرى بىلەن دوْكوْرەپ ئوْر - چاپقا ئوْتتى. لىكىن، هىلىقى قاراقچى سەركەردە ئوْلار بىلەن ئىلىشماستىن، كالدوْر - كوْلدوْر قىلىپ بىرنىمىلەرنى ئوقوْپ هوْروْپ، توْۋەن تەرەپكە شەمشىرىنى شوْنداق بىر شىلتىۋىدى، كوْز يوْموْپ - ئاچقوْچە ئوْنىڭ ئاغزىدىن ئوت ئىتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە زىمىننى لاۋوْلداپ يانغان ئوت قاپلاپ كەتتى، ئوت هەدەپ يامراپ سوْك خانلىقى لەشكەرلىرى تەرەپكە توْتىشىپ كەلدى. لوْ جوْنىينىڭ لەشكەرلىرى ئوْزىنى دالدىغا ئىلىشقا ئوْلگوْرەلمەي، قاتتىق يىغلىپ، قوراڭ - ياراغ، ناغرا - سوْناي، ئات - ئوْلاغلىرىنى تاشلىغىنىچە تەرەپ - تەرەپكە قىچىشقا باشلىدى. قىچىشقا ئوْلگوْرەلمىگەنلىرىنىڭ باش - كوْزلىرى كوْيوْپ، بەش مىڭدىن ئارتوْق لەشكەر ئوْلدى. قالغان سەركەردىلەر لوْ جوْنىينى قوغدىغان پېتى قىچىپ پىڭچوْەن كوْۋرۈكىگە يىتىپ كەلگەندە، لەشكەرلەرنىڭ هەممىسىلا كوْۋرۈكتىن ئوْتمىز دەپ قىستىلىشىپ، كوْۋرۈكنى بوْزوْۋەتتى. بەختكە يارىشا يەن چىڭ كەسكەن ئوتوْن - ياغاچلارنىڭ هەممىسىنى كوْۋرۈكنىڭ ئىككى

ياقىسىغا ئەكىلىپ بىر لەيلىمە كۆۋرۈك ياساپ تۇرغانىكەن، بۇلار ئاشۇ كۆۋرۈك بىلەن ئۆتۈپ، ئىككى تۇمەندەك ئادەم ئۈز جېنىنى ساقلاپ قالدى. لۇ جۇنيى بىلەن بيەن شياڭ ھەممىنىڭ ئارقىدىن ئاتلىق ئەمدىلا كۆۋرۈككە يېتىپ كېلىۋىدى، قاراقچى سەركەردە ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ، بيەن شياڭغا ئاغزىدىن ئوت پۈركۈدى، بيەن شياڭنىڭ ھەممە يېرىگە ئوت تۇتىشىپ ئېتىدىن يىقىلدى، قاراقچى لەشكەرلەر كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، لۇ جۇنيى ھېلىمۇ ياخشى ئاشۇ لەيلىمە كۆۋرۈك بولغانلىقىدىن ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ قۇتۇلۇۋالدى.

قاراقچى سەركەردە لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. ئالدىدا قېچىپ كەلگەنلەر ئەھۋالنى چياۋ داۋچىڭغا خەۋەر قىلغانىدى، چياۋ داۋچىڭ ئۆزى تەنھا ئاتلىنىپ شەمشىرىنى ئويناتقىنىچە قاراقچى سەركەردە ئالدىغا ئات سېلىپ كەلدى، چياۋ داۋچىڭنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قاراقچى سەركەردە قولىدىكى شەمشىرىنى تۆۋەن تەرەپكە يەنە بىر شىلتىۋىدى، ئوت بايىقىدىن تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كۆيۈشكە باشلىدى. چياۋ داۋچىڭمۇ ئەپسۇن ئوقۇپ شەمشىرىنى سۇغا بېشارەت قىلىپ ئۈچ خىل سۇ كەلتۈرۈش سېھرىنى ئىشلەتتى. بۇنىڭ بىلەن توپ ــ توپ قارا تۇتەك پەيدا بولدى ــ دە، ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىققان بۇلاق سۈيىدىن شارقىراتما ھاسىل بولدى. بۇ سۇ گويا مارجاندەك ئېتىلىپ چىقىپ سەركەردىگە چېچىلدى، شۇنىڭ بىلەن سېھىرلىك ئوت ئۆچتى. قاراقچى سەركەردە سېھىر ــ جادۇسىنىڭ تىرىپىرەن بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنى بۇراپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئۇنىڭ ئېتى بىر ھۆل تاشقا دەسسەپ تېيىلىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوقتەك ئۇچۇپ ئېتىلىپ كەلگەن چياۋ داۋچىڭ ئۇنى شەمشەر بىلەن بىرنى سېلىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى.

قاراقچىلارنىڭ بەش مىڭ ئاتلىق لەشكىرىدىن بەش يۈز نەپچىسى ئاتتىن يىقىلىپ يارىلاندى. چياۋ داۋچىڭ شەمشەر

تۇتقان ھالدا نەرە تارتىپ:
— قورالنى تاشلاپ ئەل بولۇشساڭ، ئىشەك بىشىڭ ئامان قالىدۇ! — دېدى.
چياۋ داۋچىڭنىڭ سېھىر - جادۇسىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرگەن قاراقچىلار ئاتتىن چۈشتى ۋە قورال - ياراغلىرىنى تاشلاپ، تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى تەلەپ قىلدى. چياۋ داۋچىڭ ئۇلارغا ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ تەسەللى بەردى، قاراقچى سەركەردىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، ئەل بولغان قاراقچى لەشكەرلىرىنى باشلىغان پېتى نۇسرەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. لۇ جۇنيى ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىپ ئاپىرىن ئوقۇدى، يەن چىڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەرىپلىدى. سەركەردىلەر ئەل بولغان قاراقچىلاردىن سوراپ سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ھېلىقى جادۇگەرنىڭ ئىسمىزاتىنىڭ كو ۋېي ئىكەنلىكىنى، ئەپسۇن بىلەن ئوت چىقىرىپ ئادەم كۆيدۈرۈشكە ئۆگىنىپ كەتكەن بىرنېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەپت - بەشىرىسى شۇنداق سەت بولغانلىقتىن، خەقلەر ئۇنى زەھەرلىك ئوت چاچقۇچى يالماۋۇز دەپ ئاتىشىدىغانلىقىنى؛ بىرنەچچە يىل بۇرۇن ۋاڭ چىڭنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىگە ھەمدەم بولۇپ، نەگىدۇر بىر ياقلارغا ئىككى يىل كېتىپ قالغانلىقىنى، يېقىندا نەنفېڭگە كېلىپ: «سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن» دەپ يۈرگەچكە، ۋاڭ چىڭ ئۇنى دەرھال بۇياققا ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىشتى. گۇڭ دۇەن، شى شېڭلار ھەمدەمچى لەشكەرلىرىنىڭمۇ يېڭىلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي، لەشكەرلىرىنى كۆپەيتىپ، شەھەرنى چىڭ ساقلاپ ياتتى. چياۋ داۋچىڭ:
— بۇ شەھەر تولىمۇ پۇختا سېلىنىپتۇ، ئاسانلىقچە ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، بۇگۈن كېچە پېقىر بىر ئاز سېھىر ئىشلىتىش بىلەن تۇرشاۋۇل جانابلىرىنىڭ نۇسرەت

قازسىنىشلىرىغا يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، ھەربىرلىرىنىڭ ماڭا قىلغان شەپقەتلىرىنى ياندۇراي، — دېدى.

— قېنى ئېيتىڭچۇ، قانداق سېھىر ئىشلەتمەكچىسىز؟ — دېدى لۇ جۇنيى.

چياۋ داۋچىڭ ئۇنىڭ قۇلىقىغا «مۇنداق ـ مۇنداق» دەپ پىچىرلىدى.

لۇ جۇنيى ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، شۇئانلا ئۆز سەركەردىلىرىگە ئىش تاپشۇرۇپ، شەھەرگە تېگىش قىلىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن لەشكەرلىرىگە شەن شىچى، بيەن شياڭلارنى دەپنە قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ماتەم مۇراسىمىنى ئۆزى باشقۇردى.

شۇ كۈنى تاق يېرىم كېچىدە چياۋ داۋچىڭ سىرتقا چىقىپ شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ بىر ئەپسۇن ئوقۇۋىدى، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا تۇمان كۆتۈرۈلۈپ كۈنپېتىش ئاستانىنى قاپلىۋالدى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەس، بىر ـ بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالماس ھالغا چۈشۈپ قالدى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئاسما كۆۋرۈكتىن چىغرىق ئارقىلىق سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئورۇنلىشىۋالدى، بۇ چاغدا گۈمبۈرلەپ بىر توپ ئېتىلدى ـ دە، كېيىن تۇتەك ـ تۇمانلار تاراپ كەتتى. سېپىلنىڭ ھەممىلا يېرىگە ئورۇنلىشىۋالغان سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى ئۆز يېنىدىكى چاقماقلىرىنى چېقىپ ئوتقاش يېقىشتى، پۈتۈن ئەتراپ گوياكى كۈپكۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان قاراقچى لەشكەرلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى ئۇلارنى قىرىپ ـ چېپىپ ۋەتۋەرىكنى چىقىرىۋەتتى، قاراقچى لەشكەرلەردىن سان ـ ساناقسىز كىشىلەر سېپىلدىن سەكرەپ ئۆلدى. گۇڭ دۈەن ئەھۋالنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرى بىلەن بولۇشۇشقا كەلدى، شەھەرنىڭ تۆت قوۋۇقىنى سۇڭ خانلىقى



www.uyghurkitap.com

لەشكەرلىرى ئىگىلىۋالدى. لۇ جۇنيى نۇرغۇن لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ بېسىپ كىردى. گۇڭ دۇەن، شى شېڭلار ئالتوپىلاڭ ئىچىدە ئۆلتۈرۈلدى. قالغان سول قول ۋە ياردەمچى سەركەردىلەر ۋە ئۈچ تۈمەن لەشكەر ئەل بولدى، پۇقرالارغا دەخلى - تەرۈز يەتكۈزۈلمىدى.

ئەتىسى لۇ جۇنيى ئەل ئەمىن ئېلانى چىقاردى، چىياۋ داۋچىڭنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىسىنى دەپتەرگە پۈتۈپ قويدى، ئۈچ قوشۇن سەركەردىلىرىگە كاتتا ئىنئاملارنى تەقدىم قىلدى. ما لىڭنى سۇڭ تۇرشاۋۇلغا نۇسرەت خەۋىرى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ما لىڭ بۇيرۇققا بىنائەن دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن شۇ كۈنى كەچتە: «سۇڭ تۇرشاۋۇل جىننەنگە تېگىش قىلىپ، قاراقچىلار بىلەن ئۇدا نەچچە كۈن ئېلىشىپتۇ، نەنفېڭدىن ھەمدەمگە كەلگەن قاراقچىلارنى يېڭىپ ، ئۇلارنىڭ باش سەركەردىسى شىي نىڭنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. سۇڭ تۇرشاۋۇل ئۇرۇشنىڭ تولا غېمىنى يەپ چارچىغانلىقتىن، ساقسىز بولۇپ يېتىپ قاپتۇ، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇرۇش - جەڭ ئىشلىرىنى مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ باشقۇرۇپ تۇرۇپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى.

لۇ جۇنيى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى پەرىشان بولۇپ، دەرھال ئۇرۇش - جەڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، كۈنپېتىش ئاستانىنى چىياۋ داۋچىڭ بىلەن ما لىڭنىڭ باش بولۇپ ئوبدان ساقلىشىغا تاپشۇردى. ئۇ ئەتىسى ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، جۇ ۋۇ قاتارلىق يىگىرمە سەركەردىنى ئەگەشتۈرگەن پېتى تېزدىن جىننەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. لەشكەرلەر بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، جىننەن قەلئەسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى چوڭ قوشقا يېتىپ كەلدى، لۇ جۇنيىلەر قوشقا كىرىپ سۇڭ جياڭدىن ھال - ئەھۋال سورىدى. دانا ئەمچى ئەن داۋچۈەننىڭ داۋالىشى ئارقىسىدا سۇڭ جياڭنىڭ كېسىلى خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ، لۇ جۇنيىلەر بۇنىڭدىن ئىنتايىن شادلاندى. ئۇلار يىغلىق

توغرىسىدا كەڭ ـ كۇشادە پاراڭغا چۈشتى. بۇ چاغدا تۇساتتىن ھودۇقۇپ قېچىپ كەلگەن لەشكەرلەردىن بىرى كىرىپ:

— تاڭ بىن شياۋ راڭلارنى ئۇزىتىپ كېتىۋېتىپ، چوڭ قوشتىن ئوتتۇز چاقىرىم نېرىغا بارغاندا، بىردىنلا جىنەننىڭ قاراقچى سەركەردىلىرىدىن مىبى شىڭ، ما جياڭلار بىر تۈمەن خىللانغان لەشكەرنى باشلاپ چىقىپ كەلدى، ئۇلار ئەسلىدە تۇرشاۋۇل ئالىيلىرىنىڭ ساقسىز بولۇپ يېتىپ قالغانلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، چوڭ قوشقا تېگىش قىلىشقا كېلىۋاتقانىكەن. لېكىن، يولدا بىزگە ئۇچراپ قالدى. تاڭ بىن ھەرقانچە قىلىسىمۇ بۇ ئىككىسىگە تەڭ كېلەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىبى شىڭ ناھايىتى باتۇر ئىكەن، ئاخىر تاڭ بىننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، شياۋ راڭ، پېي شۇەن، جىن داجيەنلەرنى تۇتۇۋالدى، ئۇلار قوشقا تېگىش قىلماقچى بولغاندا، لۇ تۇرشاۋۇللارنىڭ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شياۋ راڭلارنى ئېلىپ كېتىشىپ قالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

سۇڭ جياڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «شياۋ راڭلارنىڭ جېنى ئامانمىدۇ» دەپ ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كېسىلى يېڭىباشتىن ئېغىرلىشىپ قالدى. لۇ جۈنيى قاتارلىق سەركەردىلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تەسەللى بەردى. لۇ جۈنيى:

— شياۋ راڭلار نەگە بارماقچىدى؟ — دەپ سورىدى.

— شياۋ راڭ مېنىڭ بىتاپلىقىمنى بىلىپ، چېن باسقاقبەگ بىلەن خوشلىشىپ مەندىن خەۋەر ئېلىشقا كەلگەنىدى. ئۇ يەنە چېن باسقاقبەگنىڭ ئەمرىگە بىنائەن جىن داجيەن، پېي شۇەنلەرنى ۋەنجو ئايمىقىغا ئېلىپ بېرىپ، بىر تاش پۈتۈك ياساتماقچى ۋە ئالاقە خەت ـ چەكلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچىدى. مەن بۈگۈن ئەتىگەن تاڭ بىننى مىڭ لەشكەر بىلەن بۇ ئۈچەيلەننى ئۇزىتىپ قويۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدىم. كۈتمىگەندە قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار بۇ ئۈچەيلەننى

چوقۇم ئۆلتۇرۇۋەتتى، — دەپ بۇقۇلداپ يغلدى سۇڭ جياڭ.

سۇڭ جياڭ لۇ جۇنيگە ۋۇ يۇڭغا ھەمدەم بولۇپ شەھەرنى ئېلشنى، مېي شېڭ، ما جياڭلارنى تۇتۇپ ئنتقام ئېلشنى تاپشۇردى، لۇ جۇنيلەر بۇيرۇققا بنائەن شەھەرنڭ يۇقرى تەرپدە تۇرغان لەشكەرلەرنڭ قېشغا باردى. ئۇلار ۋۇ يۇڭ خەلپەت بلەن سالام - سەھەت قلشپ بولغاندن كېين دەرھال شياۋ راڭلارنڭ تۇتۇلۇپ قالغانلقنى تېزدن خەۋەر قلدى. ۋۇ يۇڭ:

— يامان بوپتۇ! بۇ ئۇچەيلەن نابۇت بولدغان بولدى، — دېدى چۆچۇپ.

شۇنڭ بلەن ئۇ سەركەردلەرگە شەھەرنى قورشاپ شددەت بلەن تېگش قلش توغرسدا بۇيرۇق بەردى. سەركەردلەر بۇيرۇققا بنائەن شەھەرگە تۆت تەرەپتن تېگش قلدى. ۋۇ يۇڭ لەشكەرلەرگە ئېگز شوتغا چقپ شەھەر تەرەپكە قاراپ:

— شياۋ راڭ، جن داجيەن، پېي شۇەنلەرنى دەرھال چقرپ بېرڭلار! ئەگەردە قلچە زيان - زەخمەت يەتكۈزدكەنسەن، شەھەرلرڭنى خانۋەيران قلپ، لەشكەر - پۇقرالار دېمەستن ھەممڭلارنى قرپ تاشلايمز! — دەپ توۋلاشنى بۇيرۇدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتن ئاڭلايلى. شەھەرنى قوغداپ تۇرغان سەركەردە لياڭ يۇڭ قورچاق مۇۋەققەت ئامبال بولۇپ، ئوڭ قول، سول قول سەركەردلەر بلەن بللە شەھەرنى قوغداۋاتاتتى. مېي شېڭ، ما جياڭلار ئۇرۇشتا يېڭلپ مۇشۇ شەھەرگە قېچپ كېلۋېلشتى ۋە شۇ كۈنى شياۋ راڭ قاتارلق ئۈچ كشنى تۇتۇۋالدى. ئۇلار سۇڭ خانلقى لەشكەرلرى شەھەرنى قورشۋالغۇچە قوۋۇقنى ئاچتۇرۇپ شەھەرگە كرۋالدى ۋە شياۋ راڭلارنى ئۇلارنڭ تۆھپسى سۈپتدە باش سەركەردە مەھكمسگە تاپشۇرۇپ بەردى. لياڭ يۇڭ تەۋررۈك قول تالپنڭ نامنى ئاڭلغانىدى. شۇڭا، ئۇ چېركلەرگە ئۇلارنڭ قولنى يەشتۇرۇۋېتپ، ئۇلارنى ئەل بولۇشقا دالالەت قلدى.

www.uyghurkitap.com

شياۋ راڭ، پىپى شۈەن، جىن داجيەنلەر غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا:

— ھەي ئەقىلسىز قاراقچىلار، سەنلەر بىزنى نېمە چاغلىشىۋاتىسەن؟ قولۇڭدىن كەلسە ئۈچىمىزنى بىراقلا چېپىپ تاشلا! خىيال ئەيلەشمىگىنكى، ئالتە تىزىمىزدىن بىرنىمۇ پۈكتۈرەلمەيسەن! سۆڭ تۇرشاۋۇلنىڭ شەھەرنى ئېلىپ سەندەك چۈپرەندىلەرنى پارە ـ پارە قىلىۋەتمىگىنىنى كۆرۈش! — دەپ قاتتىق تىللىدى.

— كىلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى تازا ئاچچىقى بىلەن لياڭ يۈك، — بۇ لالما ئىتلارنى تۇتۇپ تىزلاندۇرۇڭلار !

چېرىكلەر بۇ ئۈچەيلەننى كالتەكلەشكە باشلىدى. ئۇلار تاياق زەربىسىدىن يەرگە يىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن زادىلا تىزىنى پۈكمىدى ۋە توختىماستىن تىللاپ تۇردى. لياڭ يۈك:

— سەنلەر بىراقلا چېپىپ تاشلا دېيىشتىڭ، بىراق ھازىر ئەمەس، بەلكى ئەدىپىڭنى ئالدىرىماي قىيناپ بەرمىگىنىمنى كۆر ! — دېدى ـ دە، چېرىكلەرنى چاقىرىپ، — بۇ لالما ئىتلارنى سىرتقى قوۋۇقنىڭ نېرىسىغا ئاچىقىپ، جازىدا قىسىپ، پاقالچىقىغا ئۇرۇڭلار، پاقالچىقى سۇنغاندا تىز پۈكمەي نەگە باراتتى، — دېدى.

چېرىكلەر دەرھال ئۇلارنىڭ پۇتىنى جازىدا قىسىپ، بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈشتى.

چېرىك ۋە پۇقرالار سۆڭ خانلىقى لەشكەرلىرىدىن تۇتۇپ كېلىنگەنلەرنى كۆرىمىز دەپ يامۇل ئالدىغا ئولىشىۋالغانىدى. كىشىلەر ئارىسىدا ئاشۇ بولۇۋاتقان ئىشلاردىن غەزەپلىنىپ يۈرگەن، ھەققىي ۋىجدانى بار بىر قارا قاش يىگىت بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىزاتى شياۋ جياسۇي ئىدى، ئۇ يامۇلنىڭ تۆۋەن كوچىسىدىكى قەغەز دۇكىنىنىڭ ئۇ قېتىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئېتى شياۋ دوەن، تەخەللۇسى سىڭ دا ئىدى، ئۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ياشىغان جىننەن

ئـامبىلـى ئىدى. دەرياغـا كەلكۈن كـېلىپ، تـوغاننى يـار ئېلىـپ كەتكەندە، شياۋ دۇەن بەگلەرنى باشلاپ، يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىغا قارىماي تـوغان ياسـىغان. يامـغۇر توختـىماستىن قاتتـىق يېغىۋەرگەنلىكتىن، باشقا بـەگ - سىپاھـلار ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىرئـاز دالدىغا ئېلىشنى تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ: «ۋاڭ يـاڭ ھەزرەتمۇ ئۆزىنىڭ بەدىنى بىلەن دەريا سۈيىنى توسقانىكەن، مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلالمايدىكەنمەن؟» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن تـوغاننى ياساپ سۇنى ياندۇرغان، شۇ يىلى زىرائەتلەر شۇنداق ئوخشاپ كەتكەنكى، بىر تۈپ زىرائەت ئالتە تالدىن باش ئالغان. شياۋ جياسۈي① دېگەن ئىسىم ئەنە شۇنداق كېلىپ چىققان. شياۋ جياسۈي جىننەنگە كېلىپ ساياھەت قىلغاندا، جىننەنلىكلەر ئۇنىڭ بوۋىسىنى دىيانەتلىك كىشى ئىدى، دەپ تەرىپلەشتى. شياۋ جياسۈينىڭ بولسا تولىمۇ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلدى. ئۇ ئۆزىمۇ ئاق كۆڭۈل، مەردانە، شىجائەتلىك، يىراقنى كۆرەر، قورسىقى كەڭ، كۆچتۈڭگۈر، لەشكىري ماھارەتنى پىششىق ئىگىلىگەن، تولىمۇ باتۇر كىشى ئىدى. ئومۇمەن جىگەرلىك كىشىلەردىن مەھەللە مۆتىۋەرلىرى ۋە ناتىۋانلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشاتتى. ۋاڭ چاڭ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ شەھەرگە تېگىش قىلغاندا، شياۋ جياسۈي قاراقچىلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن پەنت كۆرسەتكەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ پەنتى قوبۇل كۆرۈلمىگەنلىكتىن، شەھەر قولدىن كېتىپ قالدى. قاراقچىلار پۇقرالارنىڭ شەھەرگە كىرىشىگىلا رۇخسەت قىلدى، بىرەرسىنىڭمۇ شەھەردىن چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. شياۋ جياسۈي شەھەر ئىچىدە كېچە - كۈندۈز قاراقچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كويىغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقمىدى. مانا بۈگۈن ئۇ قاراقچىلارنىڭ شياۋ راڭ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى باغلاپ دۈمبالاۋاتقانلىقىنى كۆردى، سۈڭ

① جياسۈي — ئېسىل باشاق دېگەن مەنىدە.

خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ شىياۋ راڭلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن شەھەرگە جىددىي تېگىش قىلىشۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىدى. لەشكەرلەر بىلەن ئاھالىنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە قالغانلىقىنىمۇ بىلدى. شىياۋ جياسۇي بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن: «ئەپلىك پۇرسەت دېگەن مۇشۇ، شۇنداقلا قىلىپ قويىدىغان بولسام، شەھەر خەلقىنىڭ جېنى ئامان قالىدۇ» دەپ، ئۆيى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. بۇ كۆز باغلانغان چاغ ئىدى، ئۇ دەرھال مۇلازىمغا مىكە ـ سىياھلارنى ئەزدۈردى ۋە بىقىنىدىكى بىر دۇكاندىن بىرنەچچە تاختا قېلىنراق قەغەز ئەكىردۈرۈپ، چىراغ يورۇقىدا قەلەم تەۋرىتىپ مۇنۇلارنى يازدى:

شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۆمىن پۇقرالىرى، قاراقچىلارغا ھەمدەم بولۇشنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ. سۇڭ تۇرشاۋۇل بولسا خان ئوردىسىدىكى ئېسىل سەركەردە، ئۇ قىتانلارنى قىردى، تيەن خۇنى تۇتتى. بارغانلا يېرىدە ئۇنىڭ تىغىغا ھېچكىم تاقابىل تۇرالمىدى. ھازىر ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر جان ـ بىر تەن بولۇپ تۇرغان بىر يۈز سەككىز سەركەردە بار. يامۇلنىڭ سىرتقى قوۋۇقى ئالدىدا ئۇنىڭ ئۈچ ئادىمى ئۆرۈپ دۇمبالىنىۋېتىپتۇ، لېكىن ئۇلار مەردلىك قىلىپ تىز پۈكمەيۋاتىدۇ، بۇ سۇڭ تۇرشاۋۇللارنىڭ باتۇر، سادىق مەردلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈن قاراقچىلار بۇ ئۈچ كىشىگە بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويسا، لەشكەر ئاز بولغانلىقتىن شەھەر ھامان قولدىن كېتىپ قالىدۇ ـ دە، ھەممىمىز تۈگىشىپ كېتىمىز. شۇ سەۋەبتىن ئامان ـ ئېسەن قېلىشنى ئارزۇ قىلغۇچى لەشكەرلەر ۋە پۇقرالار مېنىڭ كەينىمدىن يۈرۈڭلار، قاراقچىلارنى قىرىپ تاشلايلى!

شىياۋ جياسۇي ئۇنىڭدىن بىرنەچچە نۇسخا يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئاستا سىرتقا چىقىپ، دىققەت بىلەن قولاق سېلىپ تىڭشىدى، ئۇنىڭ قولىقىغا پۇقرالارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدە يىغا ـ زار قىلىشىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ئۇ: «خەقلەرنىڭ كۆڭلى شۇ ھالەتتە تۇرسا، مېنىڭ پەنتىم جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ!» دەپ

ئويلىدى. شياۋ جياسۈي تاڭ يورۇ ـ يورۇماستىنلا ئۆيىدىن ئاستا چىقىپ، بۇ ئېلاننى يامۇلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كوچىلارنىڭ ئاۋات يەرلىرىگە تاشلاپ قويىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي تاڭ يورۇدى، يولدىن ئۆتكەن لەشكەر ۋە پۇقرالار ئۇياقتىن بىرنى، بۇياقتىن بىرنى تېپىۋېلىپ، توپلىشىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئەتىگەندە كوچا چارلىغۇچى چېرىكلەر بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ قولىدىن بىرنى تارتىۋېلىپ، ئۇچقاندەك بېرىپ لياڭ يۇڭغا خەۋەر قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان لياڭ يۇڭ قاتتىق چۆچۈدى، ئۇ دەرھال جاكايى بۇيرۇق بېگىنى چاقىرىپ، قوشۇنلارغا يامۇلنىڭ قوۋۇقىنى ۋە لەشكەرگاھلارنى چىڭ ساقلاش، يەنە بىر تەرەپتىن سۇخەنچىلەرنى جىددىي قولغا ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. شياۋ جياسۈي يېگىنىڭ ئىچىگە ئېسىل قىلىچتىن بىرنى تىقىۋېلىپ، كىشىلەر توپى ئارىسىغا كىرىۋالدى ۋە قەغەزگە يېزىلغان گەپلەرنى ياندۇرمىلاپ ئىككى قېتىم ئۈنلۈك ئوقۇغانىدى، لەشكەرلەر بىلەن پۇقرالار ھەيران بولۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى. شۇ ئەسنادا جاكايى بۇيرۇق بېگى ئاتقا مىنىپ، بەش ـ ئالتە چېرىكنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا باش سەركەردىنىڭ ئەمرىنى لەشكەرگاھلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى. شياۋ جياسۈي كىشىلەر ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، غەزەپ بىلەن نەرە تارتقىنىچە قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا شۇنداق ئۇردىكى، ئاتنىڭ پۇتى چورتلا ئۈزۈلۈپ، جاكايى بۇيرۇق بېگى ئات ئۈستىدىن تىك موللاق ئېتىپ يىقىلدى. شياۋ جياسۈي غاچ قىلىپ يەنە بىر قىلىچ سالدى ـ دە، ئۇنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولدى. ئۇ سول قولىدا ئۆلۈكنىڭ كاللىسىنى، ئوڭ قولىدا قىلىچىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئامان ـ ئېسەن قېلىشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار بولسا قېنى مېنىڭ ئارقامدىن يۈرۈڭلار. قاراقچىلارنى قىرىپ تاشلايلى! — دەپ توۋلىدى.

يامۇل ئالدىدىكى لەشكەرلەر ئادەتتە شياۋ جياسۇينى تونۇيتتى. ئۇنىڭ يۇرەكلىك، باتۇر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى، هايت ـ هۇيت دېگۇچە بەش ـ ئالتە يۇز كىشى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشتى. شياۋ جياسۇي لەشكەرلەرنىڭ توپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— ئەي پۇقرالار، جىگىرى بارلىرىڭ كېلىپ بىزگە هەمدەم بولۇش ! — دەپ قايتا ـ قايتا توۋلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلاندى، كىشىلەر ئۇنىڭغا تۇشمۇتۇشتىن ئاۋاز قوشتى. ئۇلار قوللىرىغا كالتەك ـ چوماقلارنى ئالدى، جىرىملارنى يۇلۇۋېلىپ، شىرە ـ ئورۇندۇقلارنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ، ئۇنى قورال قىلدى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بەش ـ ئالتە مىڭ كىشى جەم بولدى. ئۇلار شياۋ جياسۇي باشلامچىلىقىدا نەرە تارتقىنىچە يامۇلغا باستۇرۇپ كىردى. لياڭ يۇڭ ئادەتتە لەشكەر ۋە پۇقرالارغا قاتتىق زۇلۇم سالغانىدى. مەيلى چېرىكلەر بولسۇن ياكى قورۇقچى بەگلەر بولسۇن، ئۇنى چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاش بىلەنلا، هەممىسى كېلىپ هەمدەم بولدى، ئۇلار لياڭ يۇڭلارنىڭ ئۆيىدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق هەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شياۋ جياسۇي لەشكەر ۋە پۇقرالارنى باشلاپ يامۇلدىن قايتىپ چىقتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئادەم سانى ئىككى تۇمەندىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار جارىلارنى چېقىپ، شياۋ راڭ، پيي شۇەن، جىن داجيەنلەرنى بوشاتتى. شياۋ جياسۇي ئۇچ قاۋۇل كىشىنى تاللاپ، شياۋ راڭلارنى يۇدۇتۇپ ماڭدى، ئۆزى ئالدىدا لياڭ يۇڭنىڭ كاللىسىنى كۆتۈرگەن هالدا يۇقىرى قوۋۇققا يېتىپ كەلدى. قوۋۇقنى ساقلاۋاتقان ما جياڭنى ئۆلتۈرۈپ، قوۋۇقباقار چېرىكلەرنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن قوۋۇقنى يوغان ئېچىپ ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈردى.

شۇ پەيتتە ۋۇ يۇڭمۇ دەل يۇقىرى قوۋۇققا كېلىپ،

لەشكەرلەرنىڭ شەھەرگە تېگىش قىلىشىنى نازارەت قىلىۋاتقانىدى. ئۇ شەھەر تەرەپتىن ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ۋە قوۋۇقنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ، قاراقچىلار ئېتىلىپ چىققان ئوخشايدۇ دېگەن ئوي بىلەن لەشكەرلەرگە دەرھال ئۈچ - تۆت ئوق يېتىم يەرگىچە چېكىنىپ، سەپ تارتىپ تاقابىل تۇرۇشنى بۇيرۇدى. شۇ ئەسنادا شياۋ جياسۇي قولىدا لياڭ يۈخىنىڭ كاللىسىنى كۆتۈرگەن، ئارقىسىدا ئۈچ ئادەم شياۋ راڭ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى يۇدۇگەن ھالدا ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېلىشتى. ۋۇ يۈڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرغاندا، شياۋ راڭ:

— ھەي مۇشاۋىر ۋۇ يۈڭ خەلپىتىم، مانا بۇ باتۇر خەلقنى قوزغاپ، قاراقچى سەركەردىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى، — دەپ توۋلىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋۇ يۈڭ بىر تەرەپتىن تەئەججۇپلەندى، يەنە بىر تەرەپتىن بەكمۇ خۇرسەن بولدى. شياۋ جياسۇي:

— ھازىرقى ئالدىراشچىلىقتا سالام - سەھەتنى قويۇپ تۇرايلى. مۇشاۋىر، تەخىر قىلماي لەشكەر تارتىپ تېزدىن شەھەرگە كىرىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن ! — دېدى.

ئاسما كۆۋرۈك بويىدا تۇرغان بىرقانچە لەشكەر بىلەن يۇقىرا بىردەك:

— سۇڭ تۇرشاۋۇلىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى ئىلتىجا قىلىمىز ! — دەپ توۋلاشتى.

ۋۇ يۈڭ كىشىلەر ئارىسىدا ھەر خىل ئادەم بارلىقىنى كۆرۈپ، سەركەردىلەرگە لەشكەر تارتىپ شەھەرگە كىرىش، ئەگەر بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، شۇ ئۆلتۈرگۈچى تۇرغان قاتاردىكىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

يۇقىرى تەرەپتە سېپىلنى ساقلاۋاتقان چېرىكلەر ئەھۋالنىڭ بۇ ھالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن دەررۇ قورال -

ياراغلىرىنى تاشلاپ سىپىلدىن چۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، سېپىلنىڭ كۈنچىقىش - كۈنپېتىش ۋە تۆۋەن تەرىپىدە تۇرۇۋاتقان لەشكەرلەرمۇ، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن شەھەرنى ساقلاۋاتقان قاراقچى سەركەردىلەرنى تۇتۇپ باغلاپ قويدى، ئاندىن شەھەر قوۋۇقىنى يوغان ئېچىپ، كوچە - ئېرىق، شام - چىراغلارنى يېقىپ، سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى كۈتۈۋالدى. پەقەت مېي شىڭ دېگەن ئەبلەخ يامان نەرسە بولغانلىقتىن، كىشىنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەي، كۈنپېتىش قوۋۇقتىن چىققىنىچە، قاتمۇقات مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قېچىپ كەتتى.

ۋۇ يوڭ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى سۇڭ جياڭغا مەلۇم قىلدى. سۇڭ جياڭ بۇنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەلنىڭ غەم - قايغۇسى ۋە قېرىنداشلىرىغا ئىچ ئاغرىتىش ئارقىسىدا مۇپتىلا بولغان كېسەللىكى خېلى يەڭگىللىشىپ قالدى. خۇشاللىقتىن كۆڭلى يايراپ، سەركەردىلەر بىلەن بىللە قوشۇنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقتى. لەشكەرلەر جىنەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ باش سەركەردە يامۇلغا كىرىپ تەختكە ئولتۇردى. لەشكەر ۋە پۇقرالارنى خاتىرجەملەندۈردى، ئەجىر - خىزمەت كۆرسەتكەن سەركەردىلەردىن ھال - ئەھۋال سورىدى. شىياۋ جياسۇينى يامۇلغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىزاتىنى سورىدى، قولتۇقىدىن يۆلەپ تۆرگە تەكلىپ قىلدى. سۇڭ جياڭ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

— باتۇرۇم، بۈيۈك ھىممەت - جاسارەت كۆرسىتىپ، ئاسىيلارنى يوقىتىش بىلەن شەھەرنى ئامان ساقلاپ قالدىڭىز، ئۇرۇش - چېپىش قىلمايلا شەھەرنى قايتۇرۇۋالدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ يارەنىمىزنىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز، سىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى.

— بۇ ھەرگىز مېنىڭ قابىللىقىمدىن ئەمەس، بەلكى لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن بولدى! — دېدى شىياۋ



www.uyghurkitap.com

جياسۇي جاۋابەن.

سۇڭ جياڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاپىرىن ئوقۇدى. سۇڭ جياڭنىڭ قول ئاستىدىكى ھەممە سەركەردىلەر كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى. شەھەر لەشكەرلىرى قاراقچى سەركەردىلەرنى باغلاپ ئېلىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ ئۇلارغا ئەل بولساڭلار گۇناھىڭلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەھەر خۇشاللىقتا چۆمدى، بىرقانچە تۈمەن لەشكەر ئەل بولدى. دەل شۇ پەيتتە سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانلىرىدىن لى جۈنلەرمۇ سۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېمە بىلەن خەنجياڭ دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىپ، سۇڭ جياڭلار بىلەن كۆرۈشتى. سۇڭ جياڭ شياۋ جياسۇي شەرىپىگە زىياپەت ئۆتكۈزدى، زىياپەتتە ئۇ بىر جام مەينى قولىغا ئېلىپ:

— مەن ئوردىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن قەدىرلىك دوستىمىزنىڭ يۈكسەك قابىلىيىتى ۋە گۈزەل پەزىلىتىنى تەڭرىقۇتىمىزغا مەلۇم قىلىپ، جەزمەن شان - شەرەپكە ئىگە قىلىمەن، — دېدى.

— ئۇنداق قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى شياۋ جياسۇي، — مېنىڭ بۇ قىلغانلىرىم ئەجىر - خىزمەتلەر كۆرسىتىپ مەرتىۋىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەمەس. پېقىر كىچىكىمدە بىر يۈگەنسىز تەنتەك ئىدىم، چوڭ بولۇپمۇ ئەل - يۇرتلاردا نام - شۆھرەتكە ئىگە بولالمىدىم، ئۆزۈم بىر ناتىۋان ئادەممەن، بۈگۈنكى كۈندە چېقىمچىلار يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ئاقىل - دانىشلار نام - نىشانسىز قېلىۋاتىدۇ. ھەرقانچە ئىقتىدار - ئىستېدات بولسىمۇ، ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. ئۇلۇغ - غايىلىك باتۇرلاردىن ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي پادىشاھلىق يولىدا جان پىدا قىلغۇچىلار سەل - پەللا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا، ھېلىقى ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز پۇشتىنىڭ مەنپەئەتى كويىدىلا يۈرگۈچىلەر دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ خانغا چاقىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن تاۋابىئاتنىڭ جېنى ئاشۇ ھوقۇق

www.uyghurkitap.com

ئىگىلىۋالغان پاسىقلارنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، ئۆزۈمنى ئالىدىغان بولسام، بۇگۈنكى كۈنلۈكتە مەنسەپدارلىق جاۋابكارلىقىدىن خالىيمەن، خۇددى بىپايان كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن ياۋا تۇرنىدەك، قەيەرگە ئۇچىمەن دېسەم شۇ يەرگە ئۇچۇپ بارىمەن.

سۇڭ جياڭنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. شۇ مەركىدە ئولتۇرغانلاردىن گۇڭسۇن شېڭ، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، يەن چىڭ، لى جۈن، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ، دەي زۇڭ، چەي جىن، فەن رۇي، جۇ ۋۇ، جياڭ جېڭلار شياۋ جياسۇينىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئويغا چۆمدى. زىيابەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن شياۋ جياسۇي رەھمەت ـ تەشەككۇر بايان قىلىپ ياملۇلدىن چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە سۇڭ جياڭ دەي زۇڭنى چىن باسقاقبەگكە نۇسرەت خەۋىرى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۆزى شياۋ جياسۇينى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆيىدە ھېچكىم يوق ئىكەن. قوشنا تام قەغەز دۇكىنىدىكىلەر:

— شياۋ جياسۇي بۈگۈن تاڭ سەھەردىلا بەرۋاپ ۋە كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى، قاياققا بارىدىغانلىقىنى ئۇقالمىدۇق، — دېدى.

كېيىنكى كىشىلەر شياۋ دۈەن بىلەن شياۋ جياسۇينىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق نەزم پۈتكەن:

باقمىدى يامغۇرغا شياۋسېڭدا چېپىۋەردى توغان،
قورقمىدى دولقۇن غەزەپلىك ئۇرسا شىددەتلىك يامان.
چىن يۈرەكتىن ئەجىر قىلغاچ پۈتتى توغان ياسىلىپ،
ئوخشىدى ئاشلىق ـ زىرائەت ئالتىدىن باشاق ئېلىپ.
بوۋسىدىن كەم ئەمەس بۇ ھەر ماھارەت بابىدا،
قىلدى يەكسان ياۋنى ئاخىر ئەلنى سېپ ئۆز ئارقىغا.
شەپقىتىدىن قالدى تىنچ ـ ساق يۇرتىمىزدا بارچە ئەل،
كۆكتە پەرۋاز ئەيلىگەن باتۇر قۇشۇمسەن ھەر مەھەل.

سۇڭ جياڭ قايتىپ كېلىپ، ئاتامانلارغا شياۋ جياسۇينىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئاتامانلار: «ھەي ئىست!» دەپ ھەسرەت چېكىشتى. كەچقۇرۇنلۇقى دەي زۇڭ قايتىپ كېلىپ: «چىن باسقاقبەگ ۋە خۇ مەسلىھەتچى فاڭ لۆ بىلەن لۇ جيەن ۋە لىن چۇڭ بىلەن خۋا رۇڭلارنى ۋەنجۇ ئايمىقى بىلەن شەننەنگە قاراشلىق تېخى قايتۇرۇۋېلىنمىغان جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇدى. ئوردىدىن بىرقانچە يېڭى ئەمەلدار كەلگەنىكەن، ئۇلار خىزمەتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. چىن باسقاقبەگ بىرقانچە سەركەردىنى باشلاپ يولغا چىقتى، يېقىندا يېتىپ كېلىدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ بىلەن چىن باسقاقبەگ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ يەرنى ساقلاپ تۇرسا، بىز كۆپرەك لەشكەر توپلاپ قاراقچىلارنىڭ باشلىقلىرىنى يوقىتايلى، دەپ مەسلىھەتلەشتى. سۇڭ جياڭ جىنئەندە بەش ـ ئالتە كۈن داۋالانغاندىن كېيىن كېسىلى سەل ـ مازا ساقىيىپ كەتتى. بىر كۈنى چىن باسقاقبەگنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى، سۇڭ جياڭلار ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىردى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن چىن باسقاقبەگ ئۈچ قوشۇندىكى سەركەردىلەرنى تارتۇقلىدى، كېيىن شەننەنى ساقلاپ تۇرغان شى جىنلار ئايماقنىڭ ئىشلىرىنى يېڭى ئەمەلدارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ قايتىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ ئايماقنىڭ ئىشلىرىنى جوڭقۇرۇشنى چىن باسقاقبەگكە ئۆتكۈزۈپ بەردى ۋە سۇڭ جياڭلار چىن باسقاقبەگ بىلەن خوشلىشىپ، چوڭ قوشۇننى باشلاپ سۇ بىلەن قۇرۇقلۇقتىن تەڭلا يۈرۈش قىلدى، ئاتلىق لەشكەرلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىللە نەنفېڭدىكى قاراقچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بۇ چاغدا بىر يۈز سەككىز باتۇرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولۇشقانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېبېيدا ئەل بولغان سۈن ئەن قاتارلىق ئون بىر

سەركەردە قوشۇلدى، يىگىرمە تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر ئارقا ـ ئارقىدىن نۇسرەت قازىنىپ قوشۇنىنىڭ ھەيۋىتى ئاشتى، بارغانلىكى يېرىدە قاراقچىلار ئۇلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇلارغا باش ئەگدى. سۇڭ جياڭ قولدىن كەتكەن ئايماق، ناھىيەلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ چىن باسقاقبەگكە خەۋەر قىلدى. چىن باسقاقبەگ لۇ جيەننى لەشكەرلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ شەھەرنى ساقلاشقا ئەۋەتتى.

سۇڭ جياڭلارنىڭ غايەت زور سۇ ۋە قۇرۇقلۇق قوشۇنى شىددەت بىلەن يول يۈرۈپ، نەنفېڭ تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. چارلىغۇچىلار تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋال ئۈستىدە مەلۇمات بېرىپ: قاراقچى ۋاڭ چىڭنىڭ لى جۇنى ئالىي باش سەركەردىلىككە تەيىنلىگەنلىكىنى، شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن بەش تۈمەن سۇ ۋە قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرىنى تاللىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا، يۈنئەن، دۇڭچۈەن، ئەندي قاتارلىق جايلاردىن ئىككى تۈمەندىن لەشكەر يۆتكىگەنلىكىنى، ئۇلارغا شۇ جايدىكى قورچاق لەشكەرلەر سۇركاۋۇلى ليۇ يىجىڭ، شاڭ گۇەنيى باش بولغانلىقىنى، بىرقانچە ئون شىرمەت سەركەردە ۋە ئون بىر تۈمەن يارامىلىق لەشكەرنىڭ جەڭ قىلىشقا كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇرۇشقا ۋاڭ چىڭ شەخسەن ئۆزى باش بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. سۇڭ جياڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋۇ يۇڭدىن:

— قاراقچى لەشكەرلەر ئۇۋىسىدىن بىراقلا قوزغىلىپ چىققان ئوخشايدۇ، چوقۇم بىز بىلەن ئۆلگۈچە ئېلىشىدۇ. قانداق تەدبىر قوللانساق ئۇلارنى يەڭگىلى بولار؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى.

— ئۇرۇشتا «تۇش ـ تۇشتىن تېگىپ، بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولالمايدىغان قىلىش» دېگەن گەپ بار، ھازىر بىزنىڭ سەركەردىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆز يېنىمىزدا، لەشكەرلەرنى بىرقانچە تارامغا بۆلۈپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن تېگىش قىلساق، ياۋنى تاقابىل تۇرۇشقا يېتىشەلمەي قالىدىغان ھالەتكە چۈشۈرەلەيمىز، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

سۆك جياڭ بۇ مەسلىھەت بويىچە لەشكەر ۋە سەركەردىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

بىر كۈن بۇرۇن ئاسمان بۇركۈتى لى يىڭ، كىچىك قۇيۇن چەي جىن سۆڭ تۇرشاۋۇلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر ئاتامانى شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگو، شى ئېن، شۆ يۇڭ، مۇ چۇن، لى جۇڭلارنى باشلاپ، بەش مىڭ لەشكەر بىلەن ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراغ، كىيىم - كېچەك، توپ ئوقى بېسىلغان هارۋىلارنى قوغداپ ئېلىپ ماڭدى. چوڭ قوشۇننىڭ كەينى تەرىپىدە ئەجدىھا تاغنىڭ تۆۋەن ئېتىكىگە جايلاشقان بىر كەنت بار ئىدى، بۇ كەنتنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي توپا داۋان بولۇپ، گوياكى سېپىلغا ئوخشايتتى. بۇ كەنتنىڭ ئۈچ تەرەپتە يولى بار ئىدى. كەنت ئاهالىسى بۇ يەرگە لەشكەرلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نەچچە يۈز ئېغىز كەپىسى ۋە ئۆيىنى تاشلاپ، پاناهىراق جايغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. شۇ ئاخشىمى كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپتىن قاتتىق بوران چىقىپ، ئاسماننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، قاراڭغۇ چۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن لى يىڭ، چەي جىنلەر يامغۇر يېغىپ قالسا، ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت - چۆپلەرنى هۆل قىلىۋەتمىسۇن دەپ، لەشكەرلەرگە ئىشىكلەرنى بۇزۇپ، هارۋىلارنى ئۆيلەرگە ئەكىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. لەشكەرلەر ئەمدىلا تاماق ئېتىپ يەپ، دەم ئالايلى دەپ تۇرۇشىغا بىرقانچە لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ چارلاشقا كەتكەن قەھرىلىك يولۋاس شۆ يۇڭ بىر سۇخەنچىنى تۇتۇپ كېلىپ، چەي جىنگە: «بۇ سۇخەنچىنى سوراق قىلدۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قاراقچىلاردىن مىڭ شېڭ بىر تۈمەن خىل لەشكەر باشلاپ بۈگۈن ئاخشام ئەلىياتقۇ بىلەن كېلىپ ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت - چۆپلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىماق بوپتۇ، هازىر ئۇلار ئەجدىھا تاغنىڭ ئىچىدە مۆكۈپ يېتىپتىمىش» دەپ مەلۇم قىلدى. ئەجدىھا تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىيا خۇددى ئىككى قوۋۇقتەك بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى كېمە ئۆتكۈدەك جىلغا،

ئەتراپى بوك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخلىك ئىدى. لى يىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، چەي جىنگە:

— پېقىر كەنتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ قاراقچىلار يېتىپ كەلگەندە بىرنىمۇ قاچۇرماي تازا كېلىشتۈرۈپ ئەدىپىنى بېرەي، — دېدى.

— مېنى شىپىڭ دېگەن بۇ ئەبلەخ، — دېدى چەي جىن، — ناھايىتى قارام بىرنېمە، ئۇنىڭغا تىغ بىلەن تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ بىزدە ھازىر لەشكەر ئاز، ئانچە ـ مۇنچە ئۇستىلىق ئىشلىتەلىمىسەك بولمايدۇ دەيمەن، بەش ـ ئالتە ھارۋا توپ ئوقى، بىر يۈز ھارۋا ئوتۇن تەييارلاپ، تاڭ بىلەن ئۇچۇن ئۆچمەزنى ئالايلى، ھېلىقى سوخەنچىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاڭلار، لەشكەرلەر ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ چۆپ، توپ ئوقى، ھارۋىلارغا ئوبدان قارىسۇن. لى يىڭ ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن ئوقيا، ئوت، ئوقلارنى تەخلەپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ھارۋىلىرىنى قوغدىسۇن. گوگوم چۈشكەندە توپا داۋاندىن چىقىپ، تۆۋەن تەرەپكە ماڭسۇن، بىر يۈز ئوتۇن ھارۋىسىنى قالدۇرۇپ، شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان كونىپېتىش تۆۋەن تەرىپىدىكى كەپىلەرنىڭ چۆرىسىگە تىزىپ قويسۇن. يەنە بىر يۈز قۇرۇق ھارۋىنى بەش ـ ئالتە يەرگە توپلاپ تىزىپ قويسۇن. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاز ـ ماز ئاشلىق بېسىلغان بولسۇن، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە توپ ئوقىنى يوشۇرۇپ، گوڭگۇرت سۈيىگە چىلانغان قۇرۇق ئوتۇنلارنى تەكشى يېيىپ قويايلى. شى ئېن، شۆ يۇڭ، مۇ چۇن، لى جۇڭلار ئىككى مىڭ لەشكەرنى باشلاپ، توپا داۋاننىڭ كۈنچىقىش ئېغىزىدا مۆكۈپ ساقلاپ تۇرسۇن. شەن تىڭگۈي مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ، كەنتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يول ئېغىزىدا ساقلاپ تۇرسۇن، قاراقچىلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ كۆرسەتمەم بويىچە ئىش قىلىڭلار.

چەي جىن ئوت پىرى ۋېي دىڭگو بىلەن بىللە ئۈچ يۈز پىيادە لەشكەرنى باشلاپ، تۇتۇرۇق ۋە تۇتاشتۇرغۇچ ئېلىپ تاغ

ئۆستىدىكى قويۇق ئورمانلىق ئارىسىغا يوشۇرۇندى.

ئۇلار ئەلىياتقۇ مەھەلگىچە كۆتۈپ تۇرۇۋىدى، دېگەندەك، قاراقچى سەركەردە مېي شېڭ ئىككى سول قول سەركەردە بىلەن بىللە بىر تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ كەلدى، ئۇلار يەڭگىل ـ چاققان جابدۇنۇپ، ئاتلىرىنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، تۇغ ـ ئەلەملەر كۆتۈرمەي، داقا ـ دۇمباقلار چالماي، ئۇدۇل تۆۋەن داۋان ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. قاراقچىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن شەن تىڭگۇي لەشكەرلىرىگە ئوتقاش يېقىشنى بۇيرۇپ، ياۋغا قارشى ئېتىلدى. شەن تىڭگۇي مېي شېڭ بىلەن تۆت ـ بەش مەرتەم ئېلىشار ـ ئېلىشمايلا، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، لەشكەرلىرى بىلەن چېكىندى، مېي شېڭ كۈچى بولغان بىلەن پەمى يوق بىرنەرسە ئىدى، شۇڭا ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. شۇ يۇڭ، شى ئېنلار تۆۋەن تەرەپتە ئوت يورۇقى چىققانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال لى جۇڭ، مۇ چۇنلارنى بىر مىڭ لەشكەر بىلەن تېزدىن كەنتنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بېرىپ، يولنىڭ ئېغىزىنى توسۇشقا بۇيرۇدى. ئاڭغىچە قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللا ـ چۇقان كۆتۈرۈپ، قىر ـ چاپ بىلەن ئۇدۇل كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپتىكى شامال ئېغىزىغا قاراپ باستۇرۇپ كەلدى، قارىسا، ئۇ يەردە ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ چۆپلەر يوق قۇرۇق ئۆيلەر تۇرۇپتۇ. مېي شېڭ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ تەرەپ ـ تەرەپنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى ۋە تۆۋەنكى شامال ئېغىزىدا بىر ـ ئىككى يۈز ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ چۆپ ھارۋىسى تۇرغانلىقىنى، ئۇنى بەش ـ ئالتە يۈز لەشكەرنىڭ قوغداۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلار قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ چۇقان سېلىشقىنىچە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ قاچتى. مېي شېڭ:

— ئەسلىدە ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ چۆپ كۆپ ئەمەس ئىكەن ـ دە، — دېدى ۋە لەشكەرلىرىگە ئوتقاش يېقىپ

ئوتتۇرىدىكى ھارۋىلارغا قاراپ بېقىشنى تاپشۇردى، ئوتتۇرىدىكى ھارۋىلارنىڭ ھەربىر قاتارىغا ئىككىدىن رەخت بېسىلغان ھارۋا قويۇلغانىدى. بۇنى كۆرگەن قاراقچى لەشكەرلىرى ھەدەپ بۇلاشقا كىرىشتى. مېي شېڭ ئالدىراپ - تېنەپ «بولدى قىلىڭلار!» دەپ تۇرۇشىغا، ئوت ئوق، توپ ئوقلىرى يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى، كەپىلەر، ئوتۇن بېسىلغان ھارۋىلار گۇرۇلدەپ كۆيدى. قاراقچى لەشكەرلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، تەييارلاپ قويۇلغان توپ ئوقلىرىنىڭ پىلتىسىغا ئوت تۇتىشىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاققاندەك ئېتىلدى، قاراقچى لەشكەرلەر قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي، توپ ئوقىدا ئۆلدى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ھەممە ياقتا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ، ئىس - تۈتەكلەر كۆتۈرۈلدى.

## نەزم

چىقتى بوران، يەلپۈدى ئوت، كۆيدى دەھشەتلىك يامان،
ئۇلغىيىپ يالقۇنجىدى بوراندا ئوت ئاسمان سايان.
مىڭلىغان ئوت ئوق ئۇچۇن بولدى گويا ئالتۇن يىلان،
گۈلدۈرلەپ كۆك، چاقتى چاقماق، كۆيدى ئوت يالقۇنلىغان.
ھەيۋىتى باۋشى① ئۈچۈن جايلارغا ياققان ئوت كەبى،
ياكى ياڭزىجياڭدا جۇلاڭ② ھىيلە ئىشلەتكەن كەبى.
تۇتتى ئاسماننى بۇرۇقتۇم رەڭمۇرەڭ ئىس ۋە تۈتەك،
يەر - جاھاننى قاپلىدى ئوت، چوغ شەپەقنىڭ نۇرىدەك.

① باۋشى — قەدىمدە ئۆتكەن بىر خانىش بولۇپ، ئۇ زادى كۈلمەيدىكەن، خان ئۇنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆتەڭ - ئۆتەڭگە ئوت ياقتۇرغان. جايلاردىكى سەركەردىلەر بۇ ئوتنى كۆرۈپ، بىرەر ۋەقە بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئاستانىگە كەلسە، ھېچ ۋەقە بولماپتۇ، باۋشى بۇنى كۆرۈپ كۈلۈۋېتكەن. كېيىن راستلا ۋەقە تۇغۇلۇپ، ئوت ياندۇ- رۇلغاندا ھېچكىم كەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۆلتۈرۈلگەن.

② جۇلاڭ — «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» رومانىدىكى بىر قەھرىمان. ئۇنىڭ ئىسمىزاتى جۇ يۈ.

ئاڭلىناتتى توختىماي پاڭ ـ پۇڭ قىلىپ ئۈنلۈك سادا،
خۇددى ئۇ ئوخشايتتى هارپا كۈندىكى پوجاڭزىغا.

ئوت ھەدەپ ئۆلغايدى، توپ ـ ئوقلار گوياكى يەر ـ جاھانلارنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك ئىتىلاتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يۈزنەچچە ئىغىز كەپە ئۆي ئوت چوغىغا ئايلاندى. مىبي شىبڭغا توپ ئوقى تېگىپ ئۆلدى، قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىغىمۇ توپ ئوقى تېگىپ ئۆلدى، باش ـ كۆزى كۆيۈپ يارىلانغانلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى، شۇ ئەھۋالدا شەن تىڭگۈي بىلەن شى ئېن ئۈچ تەرەپتىن تېگىش قىلىپ قاپساپ كەلدى، ھېلىقى ئىككى سول قول سەركەردە ئۆلتۈرۈلدى. بىر تۈمەن لەشكەردىن ئاران مىڭدىن ئارتۇق كىشى توپا داۋانغا يامىشىپ چىقىۋېلىپ قۇتۇلۇپ قالدى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن چەي جىنلەر يەنە لى يىڭلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ چۆپلەرنى چوڭ قوشقا ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا سۇڭ تۇرشاۋۇل بارگاھقا قاراقچىلار بىلەن جەڭ قىلىدىغان لەشكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئاتلىق لەشكەرلەر ئاتلىرىنى جابدۇشۇپ، پىيادە لەشكەرلەر قورال ـ ياراغلىرىنى تەخلىدى. دەرھەقىقەت: قىپقىزىل تۇغ ـ ئەلەملەر كۆكنى قاپلىغان، قىلىچ ـ شەمشەرلەر چاقناپ يالتىرىغان. سۇڭ جياڭنىڭ قاراقچى لەشكەرلەر بىلەن قانداق ئېلىشقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى تاربىسى

# بىر يۈز توققۇزىنچى باب

## ۋاڭ چىڭنىڭ دەريا ئۈستىدە قولغا چۈشكەنلىكى
## سۈڭ جياڭنىڭ قاراقچىلارنى يەڭگەنلىكى

ئەلقىسسە، شۇ كۈنى سۈڭ جياڭ بارگاھقا چىقتى، ئاتامان ـ سەركەردىلەر سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشتى، توپ ئېتىلىپ، ناغرا ئۇرۇلدى، تۇغ ـ ئەلەملەر چىقىرىلدى، ئاندىن تىنچلاندۇرۇش توپى ئېتىلدى، ھەرقايسى قوش ـ تۇرالارنىڭ چارلىغۇچى بەگلىرى قاتار تىزىلىپ بارگاھ ئالدىغا كېلىپ، جىمجىت تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتتى، بۇرغا ـ دۇمباقلار چېلىنىپ، جارچى بۇيرۇقنى جاكارلىدى. قوش ـ بارگاھلارنىڭ چارلىغۇچى بەگلىرى تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئىككى ياقتا تىزىلىپ تۇرۇشتى، كۆك تۇغلۇق چارلىغۇچى تىزلىنىپ تۇرۇپ: «تەكشى نەرە تارتمىغان، يۈرۈش تەرتىپىنى بۇزغان، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈپ، بۇيرۇققا قىيسىقلىق قىلغان، ئۇرۇش ـ جەڭلەردە چېكىنگەنلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئېغىر جازاغا تارتىش كېرەك» دېگەن بۇيرۇقنى ئاڭلىدى. ئوڭ ـ سول تەرەپتە يىگىرمىدىن تۇغچى ـ سۇپەرچى بەگلەر تۇراتتى، تۇرشاۋۇل سۈڭ جياڭ ئۇلارغا:

— سىلەر قوش تۇرالارغا بېرىپ، جەڭگە كۆز ـ قۇلاق بولۇڭلار، ياۋ ئالدىدا چېكىنگەن، بۇيرۇقنى ئاڭلىمىغانلارنى ئېلىپ كېلىپ جاجىسىنى بېرىڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

تۇغچى ـ سۇپەرچى بەگلەر بۇيرۇققا بىنائەن، ھەرقايسىسى ئۆز قوشۇنلىرىغا قايتىپ بۇرغا ـ دۇمباقلار چېلىپ،

قوزغىلىشقا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشتى، ئاندىن سۇڭ جياڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، سۇ ـ قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، بىرىنچى دۇمباق بىلەن سەپ تارتىلدى، ئىككىنچى دۇمباق بىلەن تۇغ ـ ئەلەملەر كۆتۈرۈلدى، ئۈچىنچى دۇمباق بىلەن ياۋغا قارشى يۈرۈش قىلىندى. توپىلار ئېتىلدى، بەلگىلەر بېرىلىپ، سەپ ئارەستە قىلىندى، قوشۇنلار سەپ تارتىپ جەڭگە چىقتى.

## نەزم

ناغرا ـ دۇمباقلار ساداسى تاغنى سالدى لەرزىگە،
تۇغ ـ ئەلەملەر ھەيۋىتى جىنلارغا سالدى ۋەھىمە.

ئەمدى گەپنى قاراقچى ۋاڭ چىڭدىن ئاڭلايلى. ۋاڭ چىڭ ياۋغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، سۇ لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىلىرى بولغان ۋېي رېن، شى جۈڭلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يۈنئەن ئايىمىقىدىكى قورچاق لەشكەرلەر سۇركاۋۇلى لىيۇ يىجىڭنى باش تۇرشاۋۇللۇققا، دۇڭچۈەن ئايىمىقىدىكى قورچاق لەشكەرلەر سۇكارۋۇلى شاڭ گۇەنىينى ئورۇنباسار تۇرشاۋۇللۇققا، نەنفېڭ ئايىمىقىدىكى قورچاق باشبۇغ لى شيۇڭ، بى شيەنلەرنى سول قاراۋۇللۇققا، ئەندې ئايىمىقىدىكى قورچاق باشبۇغ لىيۇ يۈەن، پەن جۈڭلەرنى ئوڭ قاراۋۇللۇققا، قورچاق ئالىي سەركەردە دۇەن ۋۇنى باش ھىماتچىلىققا، قورچاق ئوردا كۇرەسىنىڭ سىپاھى چيۇ شياڭنى ئورۇنباسار ھىماتچىلىققا، قورچاق ۋازىر فاڭ خەننى بارگاھ قوشۇنىنىڭ ياندىش ئامباللىقىغا تەيىنلىدى. ۋاڭ چىڭ بارگاھ قوشۇننى باشلاپ ماڭدى، بېزلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە قورچاق مىرزىلار، ئوردا كۇرەسى بەگلىرى، قوغداپ ماڭغۇچى سەركەردە ـ سەرۋازلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ ـ سول قول سىپاھلىرىدىن نەچچە ئون كىشى ئەگىشىپ ماڭدى، لى جۇ باش سەردار بولدى،

لەشكەرلەر ئاجايىپ رەتلىك كېتىۋاتاتتى، ۋاڭ چىڭ ئۆزى نازارەت
قىلىپ باراتتى، ئاتلارغا تېرە قۇياغ كىيدۈرۈلگەن، ئادەملەر
تۆمۈر قۇياغ كىيگەن، ساداقلار كامالەكلەرگە تارتىلغانىدى، جەڭ
دۇمبىقى ئۈچ قېتىم ئۇرۇلغاندىن كېيىن لەشكەرلەر قوزغالدى،
ئون چاقىرىم ماڭمايلا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى، سۇڭ جياڭنىڭ
چارلىغۇچى لەشكەرلىرى ئاللىبۇرۇن يېقىنلىشىپ قالغانىدى،
قوڭغۇراق جاراڭلىغان يەردە ئوتتۇز نەچچە ئاتلىق چارلىغۇچى
تۇراتتى، ئۇلار ھەممىسى قارا بوغمىچا چىگكەن، يېشىل جەڭ
تونى كىيگەن، ئاتلىرىغا قىزىل جالالار، بىرقانچە ئوندىن مىس
قوڭغۇراق ئېسىشقان، ئارقىسىغا قىرغاۋۇل قۇيرۇقلىرى
قاداشقانىدى، ئۇلار قوللىرىدا كۈمۈش ھەل بېرىلگەن ئىنچىكە
ئۇزۇن ساپلىق نەيزىلەرنى كۆتۈرۈشكەن، بويلىرىغا چاققان
كامالەكلەرنى ئېسىشقانىدى، ئالدىدا كېلىۋاتقان سەركەردە داۋ
جۇن خاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن مەنسىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن
شىرى غەرران پەيسىز ئوق جاڭ چىڭ ئىدى، ئۇ بېشىغا ئالتۇن
جىيەكلىك قارا بوغمىچا چىگكەن، ئۇستىگە كەشتىلەنگەن يېشىل
جەڭ تونى كىيگەن، بېلىگە سۆسۈن رەڭلىك پوتا باغلىغان،
پۇتىغا يۇمشاق ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، ئاق ئېگەرلىك ئاتقا
مىنگەنىدى؛ سول تەرىپىدە كېلىۋاتقان كىشى ۋاپادار قىز دەپ نام
بېرىلگەن مەرگەن قىز چيوڭ يىڭ ئىدى، ئۇ بېشىغا سۆسۈن
رەڭلىك ئالتۇن جالالىق، ئۇنچە - مارجانلار تىزىلغان
سۇمۇرغسىمان تاج كىيگەن، ئۇستىگە سۆسۈن رەڭدە
كەشتىلەنگەن جەڭ تونى كىيگەن، بېلىگە گۈلدار پوتا باغلىغان،
پۇتىغا قىزىل كەشتىلىك، سۇمۇرغ باشلىق ئاياغ كىيگەن بولۇپ،
ئاق يالىلىق تۇلپار مىنگەنىدى. ئوڭ تەرەپتە سەل ئارقىدا تۇغ
كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان كىشى مەردانە دەپ نام ئالغان يې چىڭ
ئىدى. بۇلار ئۇدۇلدىكى لى جۇ قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چارلاپ كەلدى
ۋە ئۇلارغا بىرەر يۈز قەدەم قالغاندا ئاتلىرىنى بۇراپلا ئارقىغا
قايتىشتى. ئالدىنقى قوشۇن تۇرشاۋۇلى ليۇ يىجىڭ، شاڭ

گۆەنيىلار لەشكەر تارتىپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى، جاڭ چىڭ ئېتىنى دېۋىتىپ، ئالا ساپلىق نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى سەردارغا تاشلاندى. چيۇڭ يىڭ چاقماق تېزلىكىدە ئات چاپتۇرۇپ، يالمان كۆتۈرگىنىچە ھەمدەمگە كەلدى، تۆت سەردار بىر - بىرى بىلەن ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، جاڭ چىڭ بىلەن چيۇڭ يىڭ قاراقچى سەردارلارنىڭ قوراللىرىنى قېقىۋېتىپ، ئېتىنى بۇراپ قايتتى، ليۇ يىجىڭ بىلەن شاڭ گۆەنيى لەشكەر تارتىپ قوغلاپ كەلدى. ئوڭ - سول تەرەپتىكىلەر:

— ئەي تۇرشاۋۇل، قوغلاشمىسىلا، ئارقىسىدىكى خالتىدا تاش بار، ئاتقان تېشى تەگمەي قالمايدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ليۇ يىجىڭ ئاڭلاپ ئېتىنى توختاتتى، ئەجدىھا تاغنىڭ ئارقىسىدىن بۇرغا - دۇمباقلار ئاۋازى پەلەككە ياڭراپ بەش يۈز پىيادە لەشكەر چىقىپ كەلدى. ئالدىدا پىيادە لەشكەرلەرنىڭ تۆت ئاتامانى كېلىۋاتاتتى، ئۇلار قارا قۇيۇن لى كۈي، مالىمانچى دېۋە فەن رۈي، سەككىز بىلەكلىك نالاكۇۋارا شياڭ چۇڭ، ئۇچار ئەۋلىيا لى گۇنلار ئىدى، بۇلار ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى، ھېلىقى بەش يۈز لەشكەر تاغ باغرىدا بىر قاتار بولۇپ تىزىلدى، سۈپەرچىلەر ئىككى تەرەپكە تىزىلىپ تۇرۇشتى، ليۇ يىجىڭ بىلەن شاڭ گۆەنيى لەشكەرلىرى بىلەن باستۇرۇپ كەلدى، لى كۈي، فەن رۈيلار پىيادە لەشكەرلەرنى باشلاپ ئىككى تارام بولۇپ، قالقانلىرىنى چۆشۈرۈپ، تاغ باغرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، بۇ چاغدا ۋاڭ چىڭ بىلەن لى جۇلارنىڭ باشچىلىقىدىكى چوڭ قوشۇن يېتىپ كېلىپ تەڭلا قىر - چاپقا ئۆتتى. لى كۈي، فەن رۈيلار ئۇچقاندەك تاغقا قېچىپ چىقىپ، ئورمانغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. لى جۇ لەشكەرلىرىگە بۇ تۈزلەڭلىكتە سەپ تارتىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى، تاغ كەينىدىن توپ ئاۋازى ئاڭلاندى، تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن بىر توپ لەشكەر ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ سەركەردە بار ئىدى، ئوتتۇرىسىدىكى پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ، سولدىكىسى كىچىك

يۇچى سۈن شىن، ئوغدىكىسى كۆكتاتچى جاڭ چىن ئىدى. ئۇلار بەش مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەرنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى، ۋاڭ چىڭ ئۇلارغا قارشى سەردار چىقارماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، تاغ ئارقىسىدىن يەنە توپ ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، تاغنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن بىر تۈركۈم لەشكەر ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۈچ ئايال سەركەردە بار ئىدى. ئوتتۇرىسىدىكى غۇنچە بوي خۇ سەنىياڭ، سولدىكىسى چىشى يولۋاس گۇ يەڭگە، ئوڭدىكىسى چىشى يەكشا سۈن چوكان ئىدى، ئۇلار بەش مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرنى باشلاپ ئېتىلىپ كەلدى ۋە قاراقچى چېرىكلەرنىڭ ئوڭ قاراۋۇللىرى بولغان لىۋ يۈەن، پەن جۇڭلارنىڭ لەشكەرلىرىگە دوقۇرۇشۇپ قالدى ـ دە، توسۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى قىر ـ چاپ قىلدى. ۋاڭ يىڭلار قاراقچى چېرىكلەرنىڭ سول قاراۋۇللىرى بولغان لى شيۈڭ، بى شېيەنلەرنىڭ لەشكەرلىرىگە دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇلارنى توسۇپ تۇرۇپ قىر ـ چاپ قىلدى. ئىككى تەرەپ ئون نەچچە قېتىمدىن ئېلىشتى، تۆۋەن تەرەپتىكى ۋاڭ يىڭ، سۈن شىن، جاڭ چىڭ ئاتلىرىنى بۇراپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ كۈنچىقىشقا قاراپ قاچتى. يۇقىرى تەرەپتىكى خۇ سەنىياڭ، گۇ يەڭگە، سۈن چوكانلارمۇ ئارقىدىنلا ئاتلىرىنى بۇراپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كۈنچىقىشقا قاراپ ماڭدى، ۋاڭ چىڭ بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سۇڭ جياڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بىرنېمىلەر تۇرسا، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ سەركەردىلىرىم بىرقانچە قېتىم يېڭىلدى؟ — دېدى.

ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قىر ـ چاپ قىلىپ كەلدى. بەش ـ ئالتە چاقىرىم ماڭار ـ ماڭمايلا جاڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. باياتىن قېچىپ كەتكەن پىيادە لەشكەرلەرنىڭ تۆت ئاتامانى بولغان لى كۈي، فەن رۇي، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار تاغنىڭ سول تەرىپىدىكى ئورمانلىقتىن چىقىپ كەلدى. بۇنىڭغا گۈلدار شەيخ لۇ جىشېن، دەرۋىش ۋۇسۇڭ، يۈزسىز جياۋ تىڭ، قىزىل چاچ شەيتان لىۋ

www.uyghurkitap.com

تاڭلار قوشۇلغانىدى. بۇ تۆت ئاتامان قالقان تۇتقان بەش يۈز يىگىتنى باشلاپ كەلدى. قاراقچى سەركەردىلەردىن ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل شاڭ گۇەنيى ئالدىراپ ـ تېنەپ، ئىككى مىڭ پىيادە لەشكەرنى ئاجرىتىپ ئېتىلىپ كەلدى. لى كۈي بىلەن لۇ جىشېن قاراقچىلار بىلەن بىرقانچە قېتىم ئېلىشىپ، ئۇلارنى يېڭەلمىگەندەك قىلىپ، قالقانلىرىنى كۆتۈرۈپ ئورمانلىققا قاراپ ئۇچقاندەك قاچتى. قاراقچىلار قوغلاپ كەلدى. لى كۈيلار تېز ماڭغانلىقى ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە بۆلۈنۈپ كېتىپ قالدى. لى جۇ بۇنى كۆرۈپ ۋاڭ چىڭغا دەرھال:

— ھەي شاھىم، قوغلىساق بولمايدۇ، بولمىسا ياۋنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالىمىز. بىز سەپ تارتىپ ياۋنى تۇسۇپ تۇرۇشىمىزلا كېرەك، — دېدى.

لى جۇ سەركەردە سۇپىسىغا چىقىپ سەپ تۈزۈپ بولمايلا، تاغ باغرىنىڭ كەينىدىن ئېتىلغان چاچما توپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. توپ ئاۋازى بىلەن تەڭ تاغنىڭ كەينىدىن چوڭ قوشۇن چىقىپ، ئالدىراپ ئوتتۇرىلىقنى ئىگىلەپ سەپ تۈزۈپ تۇردى. ۋاڭ چىڭ يېنىدىكىلەرنى توختىتىپ، ئۆزى سەركەردە سۇپىسىغا چىقىپ قارىدى، قارىسا، تۆۋەن تەرەپتىكى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى قىزىل تۇغ كۆتۈرگەن، قىزىل قۇياغ كىيگەن، قىزىل تون يېپىنغان، قىزىل پۆپۈك ئاسقان، قىزىل تورۇق ئاتلارغا مىنگەنىدى. ئالدىدا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قىزىل پەركانە ئەلەم بار ئىدى، ئەلەم لەپىلدىگەن يەردىن بىر سەركەردە چىقىپ كەلدى، ئۇ تېرىككەك چىن مىڭ ئىدى. سول ياقتىكىسى سۇ پىرى سەركەردىسى شەن تىڭگۈي، ئوڭ ياقتىكىسى ئوت پىرى سەركەردىسى ۋېي دىڭگو ئىدى. بۇ ئۈچ سەركەردە قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، قىزىل تورۇق ئاتلارغا مىنىشىپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى. كۈنچىقىش ياقتىكى بىر توپ لەشكەر كۆك تۇغ كۆتۈرگەن، كۆك قۇياغ كىيگەن، كۆك تون يېپىنغان، كۆك پۆپۈك ئاسقان، كۆك ئاتلارغا مىنگەنىدى. ئالدىدا ئالتۇن ھەل

www.uyghurkitap.com

بىرىلگەن كۆك پەركانە ئەلەم بار ئىدى. ئەلەم لەپىلدىگەن يەردىن بىر سەركەردە چىقىپ كەلدى، بۇ ئۇزۇن قىلىچ گۆەن شىپك ئىدى. سول ياقتىكىسى سەت كۆرەگان شۆەن زەن، ئوڭ ياقتىكىسى ئىلاھىي ھاپىز خاۋ سىۋىن ئىدى. بۇ ئۈچ سەركەردە قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، كۆك ئاتلارغا مىنىشىپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى. كۇنپىيتىشتىكى لەشكەرلەر ئاق تۇغ كۆتۈرگەن، ئاق قۇياغ كىيگەن، ئاق تون يېپىنغان، ئاق پۆپۈك ئاسقان، ئاق بوز ئاتلارغا مىنگەنىدى. ئالدىدا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئاق پەركانە ئەلەم بار ئىدى. ئەلەم لەپىلدىگەن يەردىن بىر سەركەردە چىقىپ كەلدى. ئۇ قاپلانباش لىن چۇڭ ئىدى. سول ياقتىكىسى ئۈچ تاغ غوجىسى خۇاڭ شىن، ئوڭ ياقتىكىسى قەھرىلىك يۈچى سۇن لى ئىدى، بۇ ئۈچ سەركەردە قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئاق ئاتلارغا مىنىشىپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى. ئارقىدىكى لەشكەرلەر قارا تۇغ كۆتۈرگەن، قارا قۇياغ كىيگەن، قارا تون يېپىنغان، قارا پۆپۈك ئاسقان، قارا ئاتلارغا مىنگەنىدى. ئالدىدا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قارا پەركانە ئەلەم بار ئىدى؛ ئەلەم لەپىلدىگەن يەردىن بىر سەركەردە چىقىپ كەلدى. ئۇ قوش يارما دەستىلىك خۇ يەنجو ئىدى. سول ياقتىكىسى يېڭىلمەس سەردار خەن تاۋ، ئوڭ ياقتىكىسى تەڭرىكۆز سەردار پىڭ چى ئىدى. بۇ ئۈچ سەركەردە قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، قارا ئاتلارغا مىنىشىپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى. كۇنچىقىش تۆۋەن تەرەپتىكى نىشان تۇغ سايىسىدىكى بىر توپ لەشكەر كۆك تۇغ كۆتۈرگەن، قىزىل قۇياغ كىيگەنىدى. ئالدىدا كەشتىلەنگەن پەركانە ئەلەم بار ئىدى، ئەلەم لەپىلدىگەن يەردىن بىر سەركەردە چىقىپ كەلدى. ئۇ قوش نەيزە پالۋان دۇڭ پىڭ ئىدى. سول ياقتىكىسى ئۇچقۇر زەر قانات ئوۋ پىڭ، ئوڭ ياقتىكىسى ئوت كۆز ئارسلان دېڭ فېي ئىدى، بۇ ئۈچ سەركەردە قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، جەڭ ئاتلىرىغا مىنىشىپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى. كۇنپېتىش تۆۋەن تەرەپتىكى نىشان تۇغ ئاستىدىكى بىر توپ لەشكەرلەر قىزىل تۇغ كۆتۈرگەن، ئاق قۇياغ

كىيگەنىدى. ئالدىدا كەشتىلەنگەن پەركانە ئەلەم بار ئىدى. ئەلەم لەپىلدىگەن يەردىن بىر سەركەردە چىقىپ كەلدى. ئۇ تۇرشاۋۇل سۇ چاۋ ئىدى، سول ياقتىكىسى زەر يولۋاس يەن شۇن، ئوڭ ياقتىكىسى زىل كاناي ما لىن ئىدى. بۇ ئۈچ سەركەردە قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، جەڭ ئاتلىرىغا مىنىشىپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى. كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپتىكى نىشان تۇغ ئاستىدىكى بىر توپ لەشكەر قارا تۇغ كۆتۈرگەن، كۆك قۇياغ كىيگەنىدى، ئالدىدا كەشتىلەنگەن پەركانە ئەلەم بار ئىدى، ئەلەم لەپىلدىگەن يەردىن بىر سەركەردە چىقىپ كەلدى، ئۇ ئەجدىھا يىگىت شى جىن ئىدى. سول ياقتىكىسى غار سەكرىگەك يولۋاس چېن دا، ئوڭ ياقتىكىسى چار يىلان ياڭ چۇن ئىدى، بۇ ئۈچ سەركەردە قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، جەڭ ئاتلىرىغا مىنىشىپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى. كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپتە تۇرغان نىشان تۇغ ئاستىدىكى بىر توپ لەشكەر ئاق تۇغ كۆتۈرگەن، قارا قۇياغ كىيگەنىدى. ئالدىدا كەشتىلەنگەن پەركانە ئەلەم بار ئىدى، ئەلەم لەپىلدىگەن يەردىن بىر سەركەردە چىقىپ كەلدى، ئۇ مەڭلىك ياۋا ياڭ جى ئىدى. سول ياقتىكىسى گۇللۇك قاپلان ياڭ لىن، ئوڭ ياقتىكىسى كىچىك دۆكەر جۇ تۇڭ ئىدى، بۇ ئۈچ سەركەردە قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، جەڭ ئاتلىرىنى مىنىشىپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى. بۇلار سەككىز تەرەپنى تۆمۈر قەپەستەك مەھكەم ئورنىۋالغانىدى. ئاتلىقلار ئاتلىق بويىچە، پىيادىلەر پىيادە بويىچە پولات قىلىچ، ئايپالتىلارنى، شەمشەر ۋە نەيزىلەرنى تۇتۇشقان، تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈشكەن ھالدا سۇر - ھەيۋەت بىلەن تۇراتتى. سەككىز تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا تامامەن سېرىق تۇغ قادالغان، ئارىلاپ ئاتمىش تۆت ئۇزۇن تۇغ قادالغانىدى، بۇ تۇغلاردىكى رەڭ بەلگىسىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بولۇپ، تۆت قوۋۇقتا بۆلۈنگەنىدى. تۆۋەن قوۋۇقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىق قوشۇن ئىدى. توغرا تۆۋەن تەرەپتىكى سېرىق تۇغ ئاستىدىن ئىككى سەركەردە چىقىپ كەلدى، ئوڭ قولدىكىسى كۆركە ساقال

جۇ تۈك، سول قولدىكىسى قاناتلىق يولۋاس لىبىي خېلىك ئىدى، لەشكەرلەر سېرىق تۇغ كۆتۈرگەن، سېرىق تون يېپىنغان، مىس قۇياغ كىيگەن، سېرىق پۆپۈك ئاسقان، سېرىق ئاتلارغا مىنگەنىدى. ئوتتۇرا سەپىنىڭ كۈنچىقىش قوۋۇقىدا پالكۆز ئارسلان شى ئېن، كۈنپېتىش قوۋۇقىدا ئاقپىشماق يىگىت جېلىك تيەنشۇ، تۆۋەن قوۋۇقىدا پەلەك پالۋىنى سۇڭ ۋەن، يۇقىرى قوۋۇقىدا قەھرلىك يولۋاس شۆ يۇڭ تۇراتتى. سېرىق تۇغ ئارقىسىدا بىر قاتار توپلار تۇراتتى، توپ يېنىدا تۇرغان كىشى توپچى كۆك تەۋرىتەر گۈلدۈرماما لىڭ جېن ئىدى، ئۇ يىگىرمە نەچچە ھەمدەمچىنى ئەگەشتۈرۈپ، توپلارنى چۆرىدەپ تۇراتتى. توپلار ئارقىسىدا سەركەردىلەرنى تۇتىدىغان ئىلمەك ئوقۇرۇق، سالمىلار تۇراتتى. ئىلمەك ئوقۇرۇقلار كەينىگە چۆرىدەپ رەڭمۇرەڭ تۇغلار قادالغان، تۇغلارنىڭ تۆت تەرىپىگە يىگىرمە سەككىز مالائىك كەشتىلەنگەنىدى. ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تۇغ ـ ئەلەملەر ئوتتۇرىسىغا تۆۋت پۆپۈك تاقالغان، چۆرىسىگە ئۈنچە ـ مارجانلار تىزىلغان، خادىسىغا ئالتۇن قوڭغۇراق ئېسىلغان، تۆپىسىگە قىرغاۋۇل قۇيرۇقى قادالغان تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك «سەردار» دېگەن خەت يېزىلغان ئەلەم تىكلەنگەنىدى. بۇ ئەلەمنى قوغداۋاتقان باتۇر بېلىق قۇيرۇقلۇق دۇبۇلغا، لەھەڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قۇياغ كىيگەن بولۇپ، بويى ئۈچ گەز كېلەتتى، ئۇ خەتەر مۇئەككىلى يۈ باۋسى ئىدى. ئەلەمنىڭ يېنىدا جەڭ ئاتلىرىغا مىنگەن، ئاددىي كىيىنگەن، قوللىرىغا پولات نەيزە تۇتۇشقان ئىككى پالۋان ئەلەمنى قوغداپ تۇراتتى، بۇنىڭ بىرى تۈكباش يۇلتۇز كۇك مىڭ، بىرى تەنھا ئۇچقۇن كۇڭ لياڭ ئىدى. ئاتلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۆرە چىشلىق كالتەك تۇتقان، تۆمۈر قۇياغ كىيگەن يىگىرمە تۆت يىگىت تۇراتتى. ئارقا تەرەپكە كەشتىلەنگەن ئىككى پەركانە ئەلەم قادالغانىدى، ئىككى ياقتىكى يىگىرمە تۆت يالمانلىق نەيزە ئوتتۇرىسىدا ئىككى شىرمەت تۇراتتى. سولدىكىسى مۇلايىم بەگچە لۈ فاڭ، ئوڭدىكىسى رىنگۈي

ئاشار گو شىڭ ئىدى. بۇ ئىككى سەركەردە قوللىرىغا يالمان تۇتقان هالدا ئاتلىرىغا مىنىپ ئىككى تەرەپتە تۇراتتى. يالمانلار ئوتتۇرىسىدا بىر دەستە چاڭگاك، ئاددىي كىيىنگەن ئىككى پىيادە لەشكەرلەر پالۋىنى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئىككى باشلىق يىلان شىي جىن، يەنە بىرى ئاچا قۇيرۇق چايان شىي باۋ ئىدى. بۇلارنىڭ هەربىرىنىڭ قولىدا نىلۇپەر شەكىللىك چاڭگاك بولۇپ، بارگاھ قىسمىنى قوغدايتتى. كەينىدە كىمخاب ئىگەرلىك ئاتلارغا مىنگەن ئىككى ئاتلىق بار ئىدى، سولدىكىسى تەۋررۈك قول تالىپ شياۋ راڭ، ئوڭدىكىسى ئادىل پەتىۋاچى پېي شۈەن ئىدى. بۇ ئىككى ئاتنىڭ ئارقىسىدا سۆسۈن كىيىم كىيىپ، بوغۇملۇق هاسا تۇتقان، قوللىرىغا ياپياڭ قىلىچ ئالغان يىگىتلەر تۇراتتى. ياپياڭ قىلىچلار ئوتتۇرىسىدا ئىككى جاللات ئۆرە تۇرغان بولۇپ، ئوڭدىكىسى تۆمۈر بىلەك سەي فۇ، سولدىكىسى بىر تال گۈل سەي چىڭ ئىدى. سەپ ئارقىسىنىڭ ئىككى يېقىدا زەر كۈمۈش نەيزىۋازلار تۇراتتى. ئىككى ياقتا باش سەركەردە باشچىلىق قىلاتتى. زەر نەيزىلىكلەر توپىدا زەر نەيزىۋاز شۈ نىڭ، كۈمۈش نەيزىلىكلەر توپىدا كىچىك لىگۇاڭ خۇا رۇڭ تۇراتتى. كەينىدە يەنە كىمخاب كىيىم كىيگەنلەر جۈپ ـ جۈپى بىلەن، گۈللۈك قالپاق كىيگەنلەر پار ـ پارى بىلەن، قىزىل تون كىيگەنلەر قوش ـ قوشى بىلەن، تاۋار كەمزۇل كىيگەنلەر توپ ـ توپى بىلەن تۇرۇشاتتى. ئىككى تامغا زۈمرەت كۆشۈكە — يېشىل پەردىلەر تارتىلغان. قارا كۈنلۈك، قىزىل ئاسما تۇغ، سىرىق يالمانلىق، ئاق قوتاز قۇيرۇقىدىن جالا ئېسىلغان تۇغلار قادالغانىدى، ياپيېشىل ئوتلاقلار زۈمرەتتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، ئىككى قاتار يالمانلىق پالتا ۋە يارما دەستىلەر ئوتتۇرىسىدا، ئالتۇن هەل بېرىلگەن ئۈچ سايىۋەننىڭ ئاستىدا كىمخاب ئىگەرلىك ئۈچ تۇلپارغا مىنىپ ئۈچ باتۇر تۇراتتى. ئوڭدىكىسى بېشىغا يۇلتۇزسىمان تاج كىيىپ، ئۇچىسىغا

www.uyghurkitap.com

قەقنۇس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تون كىيگەن، بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرالايدىغان بۇلۇت ئەجدىھاسى گۈگۈسۈن شىبىك ئىدى. سولدىكىسى يىپەك بوغمىچا چىگكەن، پەي يەلپۈگۈچ تۇتقان، قەلەم ـ ئەلەمگە ماھىر موللا تاپقاق ۋۇ يۇڭ ئىدى. قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن ئېگەر توقۇلغان، گۆھەردەك يالتىرايدىغان تۇلپارغا مىنگەن شەپقەتلىك ـ مەردانە تۇغۇلغان، تۇتقۇنلارنى قايتۇرۇپ، قاراقچىلارنى تىنچىتقان، كۆنپېتىشنى بويسۇندۇرغان باش تۇرشاۋۇل، شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر ئۈندەكچى سۇڭ دانىش ئىدى. ئۇ تولۇق كىيىنگەن، قولىغا شەمشەر تۇتقان ھالدا سەپ ئوتتۇرىسىدا جەڭنى نازارەت قىلىپ، بارگاھ قوشۇنىنى ئىلكىدەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا سول تەرەپتە يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭ تۇراتتى، ئۇ مەخسۇس يېغىلىق خەۋەرلىرىنى ۋە لەشكەر يۆتكەش بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزۈشكە مەسئۇل ئىدى، ئوڭ تەرەپتە ئالىقانات يەن چىڭ تۇراتتى، ئۇ مەخسۇس بارگاھنى قوغداش، مەخپىي ئىشلارنى تۇتۇشقا مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوڭ يالمان، ئۇزۇن نەيزىلەرنى تۇتقان، كىمخاب ئېگەرلىك تۇلپارلارغا مىنگەن سەرۋازلار رەت ـ رېتى بىلەن تىزىلغانىدى، يان سەركەردىلەر جەڭ ئاتلىرىغا مىنىشىپ، قوللىرىغا ئۇزۇن نەيزىلەر تۇتۇشۇپ، كامالەكلەر بىلەن تولۇق قوراللانغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بۇرغا ـ كانايلار، داقا ـ دۇمباقلار چېلىنىپ تۇراتتى. سەپنىڭ كەينىدە يەنە ئىككى توپ سەكرەتمە لەشكەر ئىككى يانغا مۆكتۈرۈلگەن بولۇپ، بارگاھ قىسمىنى يان تەرەپتىن قوغداپ تۇراتتى؛ سولدا تاش زەردار شى يۇڭ بىلەن توقسۇز قۇيرۇقلۇق تاشپاقا تاۋ زۇڭۋاڭ ئۈچ مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرنى ئىلكىدەپ تۇراتتى؛ ئوڭدا توسقۇنسىز مۇخۇڭ ئىنىسى كىچىك توسقۇن مۇ چۈن بىلەن ئۈچ مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرنى ئىلكىدەپ، ئىككى يانغا ھەمدەملىشىش ئۈچۈن يۆكتۈرمە بولۇپ تۇراتتى. بۇ سەپلەر شۇنداق مۇكەممەل سەپ بولۇپ تىزىلغانىدىكى، ئايھاي:

يەم ـ پاراسەتلىك مۇشاۋىر، سەردارى دانا تازا،
لەشكىرى باتۇر ـ غەيۇر، جەڭ ئاتلىرى ئەجدەر گويا.
تىنچىتىشقا كۈنپېتىشنى قىلدى جەڭ بۇيرۇق تۇتۇپ،
چۈشتى چوڭ تۆھپە ياراتماق كويىغا ياۋنى سوقۇپ.

ھېلىقى بەدەۋى شاھ ۋاڭ چىڭ لى جۇ بىلەن سەپ ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىدا تۇرۇپ، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى، قارىسا ئۇلار بىردەمنىڭ ئىچىدە توققۇز ساراي ـ سەككىز بۆلەكلىك سەپ تۈزۈپ بوپتۇ. قوشۇنى بەكمۇ رەتلىك، سەركەردە ـ سەرۋازلىرى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، جاسارەتلىك ئىدى، قىلىچ ـ نەيزىلىرى شەمشەر ئىدىكى، بۇنى كۆرگەن بەدەۋى شاھ بىلەن لى جۇ قورقۇپ، يۈرەكلىرى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى، ئۇلار ئىختىيارسىز ھالدا:

— ئەمدى بىلدۇق، بىز نېمە ئۈچۈن ھەر قېتىم يېڭىلىۋەردۇقكىن دېسەك، گەپ بۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قالتىس ئىكەنلىكىدە ئىكەن ـ دە، — دېيىشتى.

سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى جەڭ دۇمباقلىرىنى توختاتماي چېلىپ تۇردى. ۋاڭ چىڭ بىلەن لى جۇ سۇپىدىن چۈشۈپ ئاتلىرىغا مىندى. ئىككى ياندا ئۇلارنى نۆكەرلەر قوغداپ تۇراتتى، كەينى تەرەپتىن مۇلازىملار ئوراپ تۇراتتى. ۋاڭ چىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇننى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپنىڭ بىرى كۈنچىقىشتا، بىرى كۈنپېتىشتا تۇرۇپ قارىمۇقارشى سەپ تۈزگەنىدى. شۇ كۈنى مۆچەر كۈنى ئىدى. سۇڭ جياڭ سېپى كۈنپېتىش تەرەپتىن نىشان تۇغىنى چىقاردى. قاپلانباش لىن چۇڭ نىشان تۇغ ئاستىدىن ئۇچقاندەك ئات قويۇپ سەپ ئالدىغا چىقتى، بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى تەڭلا سۈرەن ـ چۇقان كۆتۈردى. لىن چۇڭ ئېتىنى تارتىپ تۇرۇپ، بەش غولاچ كېلىدىغان يىلان باشلىق نەيزىسىنى كۆندىلەڭ تۇتۇپ:

— ھەي ئۇياتسىز ئاسىيلار، تەگرى لەشكەرلىرى ئالدىڭلاردا

تۇرسا نىمىشقا ئەل بولۇشمايسەن، ئۇستىخانلىرىڭنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتسەك، پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسىلەر، — دەپ تىل سالدى. قاراقچىلار سىپىدىكى لى جۇ ئەسلىدە پالچى بولۇپ، بىرئىشنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ دەرھال ئۇڭ قاراۋۇل ليۇ يۈەن بىلەن فەن جۇڭنى قىزىل تۇغلۇق لەشكەرلەرنى باشلاپ تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى. ليۇ يۈەن بىلەن فەن جۇڭ بۇيرۇقنى ئېلىپ، قىزىل تۇغلۇق لەشكەرلەرنى باشلاپ ئات سېلىپ ئېتىلىپ كەلدى. ئىككى سەپتە تەڭلا قىيقاس - سۈرەن كۆتۈرۈلدى. جەڭ دۇمباقلىرى ياڭرىدى. لىن چۇڭ ليۇ يۈەننىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى، تۆت بىلەك ئىرمىشىپ، سەككىز تۇۋاق چىرمىشىپ كەتتى. ئىككى سەركەردە توپا - چاڭ ئىچىدە، قىر - چاپ قىلىپ، ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ، ئوڭ - سولىنى ئايلىنىپ، ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشىپ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ليۇ يۈەن قاراقچىلار ئىچىدە باتۇر سەركەردىلەردىن ئىدى. فەن جۇڭ ليۇ يۈەننىڭ يېڭەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئېتىنى دېۋىتىپ، قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ھەمدەمگە كەلدى. لىن چۇڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىككى ياۋ سەردارىغا تاقابىل تۇردى. ئۇ قاتتىق بىر نەرە تارتىپ، قەھرى بىلەن ليۇ يۈەنگە بىر نەيزە ئۇرۇپ، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋەتتى. لىن چۇڭنىڭ ئوڭ - سول قولداشلىرىدىن خۇاڭ شىن بىلەن سۈن لى ئۇچقاندەك ئات سېلىپ جەڭگە ئاتلاندى. خۇاڭ شىن شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ فەن جۇڭغا شۇنداق ئۇردىكى، قىزىل قان چاچراپ، فەن جۇڭنىڭ گەۋدىسى ئاتنىڭ يېنىغا دومىلاپ چۈشتى.

فەن جۇڭ ئات ئايغىدا جان بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ سەپ بۇزۇلدى، قاراقچى لەشكەرلەر ئۇچقاندەك چېپىپ بېرىپ، بارگاھقا ھەلۇم قىلىشتى. ۋاڭ چىڭ ئىككى سەركەردىسىنىڭ چىقىم بولغانلىقىنى ئاڭلاپ،

دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، لەشكەرلىرىنى چېكىندۈردى. سۈك جياڭ لەشكەرلىرى تەرەپتىن توپ ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن لەشكەرلەر تۇشمۇتۇشتىن ئېتىلىپ، ئاقنىڭ ئارقىسىدا قارا، قارىنىڭ ئارقىسىدا كۆك، كۆكنىڭ ئارقىسىدا قىزىل تۇغلۇق لەشكەرلەر يىلانسىمان سەپ تۈزۈپ، تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ ئەتراپتىن قورشاپ كەلدى. ۋاڭ چىڭ بىلەن لى جۇ سەركەردە - سەرۋازلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. ئەمما، سۈڭ جياڭنىڭ سېپى پولاتتەك قورغان بولغاچقا، بۆسۈپ چىقالمىدى. خان لەشكەرلىرى بىلەن قاراقچى لەشكەرلەر شۇنداق ئېلىشتىكى، ھايھات:

تىغ - ياراغلار بىر - بىرىگە تەگلەندى،
پالۋانلار ئات چاپتۇرۇپ تاشلاندى.
قىلىچ باشقا چەنلەپ تۇرۇپ چېپىلسا،
نەيزە دەرھال قارماق كەبى تەخلەندى.
ئەگەر قىلىچ پەس تەرەپتىن كېپقالسا،
نەيزە ئۇنى يەر باغرىدا رەت ئەتتى.
قىلىچ مەگەر قايتۇرۇلسا ئارقىغا،
نەيزە دەرھال كېلىپ مۇداپىئە ئەتتى.
نەيزە يۈرەك تامان ھەملە قىلىنسا،
قىلىچ مېيخۇا گۈلى كەبى تۇتۇلدى؛
نەيزە كۆزنىڭ قارىچۇقىغا تەگلەنسە،
قىلىچ بىلەن چەۋەندازدەك توسۇلدى.
سۇپەر - قالقان دولقۇن بولۇپ ئېتىلسا،
تىكەن نەيزە قۇيۇن كەبى تام سالدى.
سۇپەر - قالقان يان تەرەپتىن قوغلاشسا،
تىكەن نەيزە قىيپاش كېلىپ سانجىلدى.
سۇپەر - قالقان قىستاپ كېلىپ يۈكسەلسە،
تىكەن نەيزە دەرھال كېلىپ قادالدى.

تىكەن نەيزە كۆكرەككە تۈز تەڭلەنسە،
سۈپەر ـ قالقان تۆۋەن بولۇپ قىچىشتى.
تىكەن نەيزە توپ ـ توپ بولۇپ كېلىشسە،
سۈپەر ئېگىز ـ پەس بولدى ـ دە، تىركەشتى.
يەككە قىلىچ تۇتقانلىرى ئارتتا تۇرۇپ ــــ
چېكىنگەندەك قىلىپ ھۈنەر ئىشلەتتى؛
چارمىخ تۇتقانلىرى كۆكتىن ھەم پەستىن ــــ
ئۇدۇلدىن ھەم يان تەرەپتىن ئېلىشتى.
چەۋەندازلار يەك ئىچىگە تىغ تىقىپ،
ئوقياچىلار ياۋ كەلسۇن دەپ كۆز تىكتى.
ئات ـ ھارۋا كەلسۇن دېدى ئىلمەكچىلەر،
يارما دەستە، قومۇش تاختا، شەمشەر ـ يالمان... كۆتۈردى؛
بىرى تۇمەن ياڭزا ھىيلە ئىشلەتسە،
يەنە بىرى ئاڭا لايىق ئىش كۆردى.
قانلار ئاقتى دەريا بولۇپ شارقىراپ،
جەسەتلەرمۇ گويا تاغدەك قىرلاندى.

شۇ كۈنى جەڭ ئۇزاق داۋام قىلدى. قاراقچى لەشكەرلەر قاتتىق يېڭىلدى، خان لەشكەرلىرى يېڭىپ چىقتى. ۋاڭ چىڭ لەشكەرلىرىگە نەنفېڭنىڭ ئىچكىرىسىگە چېكىنىپ، ئاندىن بىر ئىش قىلىشنى بۇيرۇدى. قوشۇن ئارقىسىدا توپ ئاۋازى گۈمبۈرلىدى. چاپارمەن ئۇچقاندەك كېلىپ:

ــــ ئەي پادىشاھىم، ئارقىمىزدىن سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى قىر ـ چاپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ــــ دەپ خەۋەر قىلدى. بۇ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ئات ئۈستىدىكى باتۇر باش سەركەردىسى تۇرشاۋۇل ئورۇنباسارى بولغان خىببىلىق بوز تۇلپار لۇ جۈنيى ئىدى. ئۇ قولىدا قويۇچ نەيزىسىنى توغرىسىغا تۇتۇپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. سولدىكىسى كۆتمەك قىلىچ كۆتۈرگەن باتۇر، قەھرلىك گۇەنسۇ ياڭ شيۇڭ ئىدى. ئوڭدىكىسى

كۆتمەك قىلىچ كۆتۈرگەن ئاتامان پىداكار يىگىت شى شيۇ ئىدى. ئۇلار بىر تۈمەن خىل لەشكەرنى باشلاپ، جاسارەت بىلەن كەلدى. ئەمدى باش تۇرشاۋۇل بىلەن ئورۇنباسار تۇرشاۋۇلنىڭ لەشكەرلىرى قوشۇلۇپ قاراقچى لەشكەرلەرنى سۇر - توقاي قىلىۋەتتى. ياڭ شيۇڭ دۈەن ۋۇنى چېپىپ تاشلىدى. شى شيۇ چيۇ شياڭنى نەيزە بىلەن ئۆلتۈرۈپ، بار كۈچى بىلەن قىر - چاپقا ئۆتتى.

ۋاڭ چىڭ ئالاقزادىلىكتە تۇراتتى، يەنە توپ ئاۋازى ئاڭلاندى. سولدا لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، لى كۈي، جياۋ تىڭ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، فەن رۇي، ليۇ تاڭ قاتارلىق سەككىز باتۇر ئاتامان مىڭ لەشكەرنى باشلاپ، گۈرزە - ئومۇت، قىلىچ - پالتا، خەنجەر - پىچاق، نەيزە - قالقانلارنى ئوينىتىپ، لى شيۇڭ بىلەن بې شيەننى ئۆلتۈرۈپ، خۇددى گۆش قىيمىلاپ، كۆك توغرىغاندەك قىر - چاپ قىلىپ كەلدى. ئوڭدا جاڭ چىڭ، ۋاڭ يىڭ، سۇن شىن، جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭ، خۇ سەنياڭ، گۇ يەڭگە، سۇن چوكان قاتارلىق تۆت ئەر - خوتۇن باتۇر مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ، گۈل ساپلىق نەيزە، يارما دەستە، يالمان، كۈن - ئاي شەكىللىك قوش قىلىچ، قۇيۇچ نەيزە، يان خەنجەرلەرنى ئوينىتىپ، سول تەرەپ قارانچۇق لەشكەرلەرنى تىرىپىرەن قىلىپ، خۇددى دەرەخلەرنى ئۇرۇپ سۇندۇرغاندەك، گۈلدۈر - قاراس قىلىپ چېپىپ كەلدى. قاراقچى لەشكەرلەر لاچىندىن ئۈركۈگەن كەپتەردەك، بۆرىدىن قاچقان پادىدەك تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى.

لۇ جۇنيى، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار بارگاھ قوشۇنىغا قىر - چاپ قىلىپ كېلىپ دەل فاڭ خەنگە دۇچ كەلدى. لۇ جۇنيى بىر نەيزە ئۇرۇپ ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۇلار بارگاھ قوشۇنىنىڭ يان تەرەپ لەشكەرلىرىنى بىتچىت قىلىپ، توپتوغرا ۋاڭ چىڭنى تۇتۇشقا ماڭدى. ئۇلار ئالتۇن زۇلپىقارلىق خەلپەت لى جۇغا دۇچ كەلدى. لى جۇ زۇلپىقار ئوينىتىش سېھرىنى

بىلەتتى. ئۇ زۇلپىقارنى چاقماقتەك ئوينىتاتتى. لۇ جۇنيى لى جۇغا تەگ كىلەلمەي تۇرغاندا، سۇڭ جياڭنىڭ بارگاھ قوشۇنى يىتىپ كەلدى، ئوڭ تەرەپتىن كىلىۋاتقان پەلەك ئەجدىھاسى گۇڭسۇن شىڭ ئاغزىدا ئەپسۇن ئوقۇپ «سۇف» دىيىشىگە، لى جۇننىڭ ھىلىقى زۇلپىقارى قولىدىن چىقىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى، لۇ جۇنيى دەرھال يىتىپ كىلىپ، ئۇنى چاققانلىق بىلەن بىلىدىن قامالاپ تۇتۇپ ئاتتىن يۇلۇۋالدى ۋە چىرىكلەرگە ئۇنى باغلاشنى بۇيرۇدى. لۇ جۇنيى نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ، ئىتىنى قامچىلاپ، ۋاڭ چىڭنى تۇتۇش ئۈچۈن، ئۇنى خۇددى بۈركۈت توشقاننى قوغلىغاندەك، يولۋاس كىيىككە ئىتىلغاندەك قوغلاپ كەتتى. قاراقچى لەشكەرلەر بۆرغا – دۇمباقلىرىنى، ئوق – ياراغلىرىنى تاشلاپ، ۋايداد، ۋاي ئانام دىيىشىپ قاچتى. ئون نەچچە تۈمەن قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ تۈگىدى، جەسەتلەر دالانى قاپلىدى، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى. ئۈچ تۈمەن لەشكەر ئەل بولدى. قاچقانلارنى ھىسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ئوندىن توققۇزى ئۆلۈپ تۈگىدى. ئات ئاستىغا يىقىلىپ ھەم دەسسىلىپ – يانجىلىپ، مىيىپ – چولاق بولغانلارنىڭ سان – سانىقى يوق ئىدى. لىۇ يىجىڭ بىلەن شاڭ گۇەنيى دىگەن بۇ ئىككى شىرمەت سەركەردىنى جياڭ تىڭ ئاتتىن يىقىتىپ قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى، لى شيوڭ چيوڭ يىڭنىڭ ئاتقان تىشى بىلەن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، يالمان بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. بى شيەن قاچماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ۋاڭ دىڭليۇ يەر تىگىدىن ئۈنۈپ چىققاندەك چىقىپ، ئۇنى بىر قىلىچ بىلەن ئاتتىن چۈشۈردى ۋە مەيدىسىگە يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپ جىنىنى ئالدى. قورچاق مىرزا، ۋەزىر، ئەمىر، نۆكەربېشى، سەركەردىلەرنىڭ ھىچقايسىسى قىچىپ قۇتۇلالمىدى. قاراقچىلار باشلىقى ۋاڭ چىڭلا قىچىپ كەتتى. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى زور نۇسرەت قازاندى.

سۇڭ جياڭ جاڭ چالدۇرۇپ لەشكەرلىرىنى يىغدى، لەشكەرلەر



www.uyghurkitap.com

نەنفېڭ شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. جاڭ چىڭ بىلەن چيوڭ يىڭغا بەش مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ، ئالدىن چارلاپ مېڭىشنى تاپشۇردى. يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭنى سۇن ئەننىڭ نەنفېڭنى ئۇشتۇمتۇت تارتىۋېلىشىغا دائىر خەۋەرنى تىڭتىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. دەي زۇڭ بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن يەل تاپانلىق كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، جاڭ چىڭ بىلەن چيوڭ يىڭلاردىن بۇرۇن نەنفېڭگە بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بىرئازدىن كېيىنلا قايتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا:

— سۇن ئەن جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ۋاڭ چىڭ لەشكەرلىرى سىياقىدا ياسىنىپ، شەھەرنى ئالماقچى بوپتىكەن، بۇنى قاراقچى لەشكەرلەر تۇيۇپ قېلىپ، شەھەر ئىچىگە ئورەك كولاپ، شەھەرنىڭ كۇنچىقىش قوۋۇقىنى ئېچىپ، ئۇلارنى كىرگۈزۈپتۇ. سۇن ئەننىڭ قول ئاستىدىكى مېيى يۇ، جىن جۇ، بى جيې، فەن شۇن، ياڭ فاڭ، فېڭ شېڭ، خۇ مەي قاتارلىق ئوڭ — سول قول سەركەردىلەر ئالدىراپ — تېنەپ شەھەرگە كىرگەنىكەن، بەش يۈز لەشكەر ئات — پاتلىرى بىلەن ئورەككە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئىككى ياندىكى بۆكتۈرمە لەشكەرلەر كېلىپ نەيزە — يالمانلارنى سانجىپ تىقىپ، مېيى يۇ باشلىق بەش يۈز نەچچە سەركەردە — سەرۋازنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى سۇن ئەن ئارقىدا ئىكەن، باتۇرلۇق بىلەن قوۋۇقتا باستۇرۇپ بېرىپ، ئورەكلەرنى لەشكەرلىرىگە تىندۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، قىر — چاپ بىلەن شەھەر ئىچىگە كىرىپتۇ، قاراقچى لەشكەرلەر تاقابىل تۇرالماپتۇ. سۇن ئەن كۇنچىقىش قوۋۇقنى ئىگىلەپتۇ، كېيىن قاراقچىلارنىڭ توت تەرەپتىن بىر مەھەل ماسلىشىشى بىلەن سۇن ئەننىڭ لەشكەرلىرى كۇنچىقىش قوۋۇقتا توسۇلۇپ قاپتۇ. پېقىر بۇ خەۋەرنى ئۇقۇپ، ئۇچقاندەك قايتىپ كەلدىم. يېرىم يولدا جاڭ چىڭ بىلەن چيوڭ يىڭغا دوقۇرۇشۇپ قالدىم، بۇ ئىشنى دېگەندىن كېيىن ئۇ ئىككىيلەن لەشكەرلىرىنى چاپتۇرۇپ چاقماق

www.uyghurkitap.com

تېزلىكىدە ھەمدەم بولۇشقا كەتتى، ــــ دېدى.

سۇڭ جياڭ بۇ خەۋەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن چوڭ قوشۇننى چاپتۇرۇپ، چاقماق تېزلىكىدە بېرىپ نەنفېڭ شەھىرىنى قورشىۋالدى. ئۇ ۋاقىتتا جاڭ چىڭ، چيۇڭ يىڭلار كۆنچىقىش قوۋۇقىقا كىرىپ، سۇن ئەنگە كۆنچىقىش قوۋۇقنى قاتتىق ساقلاپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى قاراقچى لەشكەرلەر بىلەن تۇتۇشتى. شۇڭا، سۇڭ جياڭ باشلىق سەركەردە ـ سەرۋازلار دەرھال كۆنچىقىش قوۋۇقتىن تېز كىرىپ شەھەرنى ئالدى ـ دە، قاراقچى لەشكەرلەرنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى ـ دە، تۆت قوۋۇققا سۇڭ خاندانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ تۇغىنى قادىدى. شەھەردىكى قورچاق قەلەمدار ـ ئەلەمدار سىپاھلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. ھېلىقى قورچاق پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنى دۇەن سەننياڭ لەشكەرلەرنىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جابدۇنۇپ، زەپتى بىلەن ئاتقا مىندى ۋە يۈزدەك زەبەردەس ھەرەم خادىمىنى باشلاپ، قورال ـ ياراغلىرى بىلەن قەسىردىن چىقىپ، چارباغ بىلەن كۆنپېتىش قوۋۇقىقا كېلىپ، يۈنئەن قەلئەسىگە قاچماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا چيۇڭ يىڭ لەشكەر باشلاپ، چارباغقا كېلىپ قالدى. دۇەن سەنياڭ شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ جاھىللىق بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. چيۇڭ يىڭنىڭ ئاتقان تېشى ئۇتقەك كېلىپ دەل دۇەن سەنياڭنىڭ يۈزىگە تەگدى. ئۇ قانسىراپ، ئاتتىن يىقىلغان پېتى ئىككى پۇتى ئاسمان تاپان بولۇپ قالدى. چېرىكلەر دەرھال كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ چەمبەرچاس باغلىدى. ھېلىقى ھەرەم خادىملىرىنىڭ ھەممىسى خان لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. چيۇڭ يىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ چارباغدىكى ھەرەمگە كىردى، خان لەشكەرلىرىنىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئوردا كېنىزەكلىرىنىڭ بەزىلىرى ئارغامچىغا ئېسىلىپ، بەزىلىرى ئۆزلىرىنى قۇدۇققا تاشلاپ، بەزىلىرى ئۆزىگە قىلىچ تىقىپ، بەزىلىرى پەلەمپەيگە ئۇسۇپ، تەڭدىن تولىسى ئۆلۈۋالدى.

قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى چىۋىڭ يىگىننىڭ لەشكەرلىرى تۇتۇۋېلىپ، باغلاپ سۇڭ جىياڭنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. سۇڭ جىياڭ تازا خۇشال بولۇپ، دۇەن سەنىياڭلارنى قاماپ قويدى. ۋاڭ چىڭنى تۇتۇپ بىرلىكتە ئاستانىگە ئاپارماقچى بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە لەشكەر چاپتۇردى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. ۋاڭ چىڭ بىر قانچە يۈز چەۋەندازنى باشلاپ قورشاۋنى بۇزۇپ، نەنفېڭ شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە قاراپ قاچتى. ئۇ شەھەردە لەشكەرلەرنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالاقزادە بولۇپ، جان - پېنى چىقىپ كەتتى، ئارقىدىن لەشكەرلەرنىڭ قوغلاپ كېلىشى بىلەن يۇقىرىغا قاراپ جىنىنىڭ بارىچە قاچتى. ئۇ قايرىلىپ ئىككى يېنىغا قارىسا، يۈزدەك چەۋەنداز قاپتۇ، قالغانلىرى تىنچ كۈنلەردە ئۇنىڭغا سادىق بولغان بولسىمۇ، مانا ئەمدى يېڭىلگەندىن كېيىن بىرىمۇ قالماي قېچىپ كېتىپتۇ. ۋاڭ چىڭ ئالغان يۈزدەك كىشى بىلەن يۈنئەنگە قاراپ قاچتى، يولدا ئۆزىگە ئەگەشكەن يېقىن مۇلازىملىرىغا:

— ھازىر يۈنئەن، دۇڭچۈەن، ئەندې قاتارلىق ئۈچ شەھەر تېخى ئۆز قولۇمدا، بۇ خۇددى جىياڭدۇڭ كىچىك بولسىمۇ، پادىشاھ بولۇشقا لايىق دېگەنگە ئوخشاش بىر ئىشقۇ؟ ئەپسۇسكى، ياۋنى ئەگىشىپ قاچقان ھېلىقى بەگلەر پېقىرنىڭ چوڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن بەگلەر ئىدى. ھالا بۈگۈن بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاچتى. پېقىر ئەسكەر توپلاپ خان لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرگەندە، ئاشۇ قاچقۇنلارنى تۇتۇپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىمەن، — دېدى.

ۋاڭ چىڭ ئادەملىرى بىلەن بىللە توختىماستىن، ئارامىمۇ ئالماستىن كۈن يورۇغۇچە ماڭدى. بەختىگە يۈنئەن شەھىرى كۆرۈندى. ۋاڭ چىڭ ئات ئۈستىدە خۇشاللىقىدىن:

— شەھەردىكى لەشكەرلىرىمىز ئېھتىياتچان ئىكەن، قاراڭلار، تۇغ - ئەلەملەرنىڭ رەتلىك، قورال - ياراغلارنىڭ

سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كەتكىنىنى، ــ دېدى.
ۋاڭ چىڭ گەپلىشە ـ گەپلىشە ئادەملىرى بىلەن بىللە ئۆچقاندەك يۈرۈپ شەھەرگە يېقىنلاشتى. ئارىدىن خەت تونۇيدىغانلاردىن بىرى:
ــ ئەي پادىشاھىم، چاتاق بولدى! ئەجەبا سىپىل ئۈستىدە تامامەن خان لەشكەرلىرىنىڭ تۇغلىرى قادىلىپ كېتىپتۇغۇ؟ ــ دەپ توۋلىدى.
ۋاڭ چىڭ ئاڭلاپ كۆزىنى يوغان ئېچىپ قارىۋىدى، دېگەندەك كۆنچىقىش قوۋۇقتىكى سىپىل ئۈستىدە نىشان تۇغ لەپىلدەپ تۇرۇپتۇ، تۇغ ئۈستىگە «كۆنپېتىشتىن مۇداپىئە كۆرگۈچى سۇڭ تۇرشاۋۇلىنىڭ قول ئاستىدىكى سۇ لەشكەرلىرىنىڭ باش سەردارى دەريا بۆلغار... » دېگەن خەتلەر يوغان يېزىپ قويۇلغان، ئاستىدا يەنە ئۈچ خەت بار ئىدى. تۇغ لەپىلدەپ ـ يەلپۈنۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئوچۇق كۆرەلمىدى. ۋاڭ چىڭ كۆرۈپ ئالاقزەدە بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ بىر هازاغىچە مىدىر ـ سىدىر قىلالمىدى. شۇ تاپتا خان لەشكەرلىرى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىلىندى. بۇ چاغدا ۋاڭ چىڭنىڭ يەم ـ پاراسەتلىك يېقىن بىر نۆكىرى:
ــ ئەي پادىشاھىم، ئىشنى كىچىككتۇرۇشكە بولمايدۇ، كىيىملىرىنى تېزدىن سىلىۋەتسىلە، ئالمادىس شەھەردە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، دەرھال دۆڭچۈەنگە بارسىلا، ــ دېدى.
ــ ئېيتقانلىرىڭىز توغرا، ــ دېدى ۋاڭ چىڭ.
ۋاڭ چىڭ دەرھال بۆرجەك چىقىرىپ ئورىۋالغان زەر بوغمىچىنى يەشتى، ئاي، كۈن، بۇلۇت سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، مۈرىسىگە لەھەك كەشتىلەنگەن تونىنى سالدى، زەر جىيەكلىك، ئېسىل تاشلاردىن كۆز قويۇلغان زۇمرەت كەمزۇلىنى يەشتى. زەر يىپ بىلەن تىككىلگەن ئۆتۈكىنى سالدى، بېشىغا بوغمىچا چىگىپ، ئۈچىسىغا ئاددىي كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ، پۇتىغا يۇمشاق ئۆتۈك كىيدى، باشقا نۆكەرلىرىمۇ سىرت كىيىملىرىنى



www.uyghurkitap.com

سىلىقۋەتتى. ئۇلار ئىگىسىنى يوقاتقان ئىتتەك، تورىدىن قاچقان بېلىقتەك ئالدىراپ ـ تېنەپ، چىغىر يوللار بىلەن يۇنىئەن شەھىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل دۆڭچۇەنگە قاراپ تىكىۋەتتى. ماڭغانلار چارچاپ ـ ھېرىپ، قورساقلىرى ئېچىپ كەتتى. يۇقىرالار ئۇزاقتىن بىرى قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقى ھەم چوڭ قوشۇننىڭ قىر ـ چاپ قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇققانلىقىدىن، مۇھىم يول بويلىرىدىكى ئۆيلىرىدىن قېچىپ باشقا ياققا كەتكەنىدى، شۇڭا، يوللاردا ئىنس ـ جىنمۇ كۆرۈنمىدى، ھېچقانداق بىرەر تۈۋشمۇ ئاڭلانمىدى. بىر تېمىم سۇمۇ تېپىلمىغان يەردە، نازۇنېمەت، مەي ـ شارابلار نېمىش قىلسۇن؟ ۋاڭ چىڭنىڭ قول ئاستىدىكى يېقىنلىرى ساختىپەز، كاززاپ، مۇتتەھەم بولغانلىقتىن، يەنە ئاتمىش ـ يەتمىش كىشىسى قېچىپ كەتتى. ۋاڭ چىڭ ئوتتۇز نەچچە چەۋەندازنى باشلاپ، كەچكىچە يول مېڭىپ، ئارانلا يۇنئەنگە قاراشلىق كەيجۇ دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى، قارىسا، يولنى دەريا توسۇۋاپتۇ. بۇ دەريا سوزۇك دەريا دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ داجۇ ئايمىقىدىكى ۋەنچىڭ كۆلىدىن باشلىناتتى، سۈيى ناھايىتى سۈزۈك بولغانلىقىدىن، سۈزۈك دەريا دېيىلەتتى. ۋاڭ چىڭ:

— كېمە بولمىسا قانداق ئۆتىمىز؟ — دېدى.

— ئەي پادىشاھىم، ئاۋۇ تۆۋەن قومۇشلۇقتىكى ياۋا غازلىقتا بىر توپ بېلىقچى كېمە تۇرىدۇ، — دېدى كېمىنى كۆرستىپ ئارقىدا تۇرغان بىر نۆكەر.

ۋاڭ چىڭ ئۇلارنى كۆرۈپ، ئادەملىرى بىلەن دەريا بويىغا كەلدى. بۇ باش قىش كۈنلىرى بولۇپ، ھاۋا ئوچۇق ھەم ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى، بىرقانچە ئون قېيىقنىڭ بېلىق تۇتقانلىرى بېلىق تۇتۇپ، تور يايغانلىرى تور يېيىپ يۈرەتتى. ئوتتۇرا ئېقىندا يۈرگەن بىرنەچچە قېيىقتىكىلەر قول ئويۇنى ئويناپ، مەي ئىچىۋاتاتتى. ۋاڭ چىڭ ئاھ ئۇرغان ھالدا:

— بۇ بىرنېمىلەر كۆڭۈل ئېچىۋېتىپتۇ، بۈگۈن مەن ئۇلارغا

يېتىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم، بۇلار ھەممىسى مېنىڭ پۇقرالىرىم ئىدى، لېكىن پېقىرنىڭ بۇ قىيىنچىلىقىمنى بىلمەيۋاتىدۇ، — دېدى.

— ھەي بېلىقچىلار، قېيىقىڭلارنى ئەكېلىپ، بىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار، كۆپ ھەق بېرىمىز، — دېدى نۆكەرلەر ۋارقىراپ.

ئىككى بېلىقچى قولىدىكى مەي قاچىسىنى قويۇپ، بىر كىچىك قېيىقنى شاربىلدىتىپ ھەيدەپ قىرغاققا ئەكەلدى. قېيىق بېشىدىكى بېلىقچى قومۇش بادرا بىلەن قېيىقنى قىرغاققا تىرەپ تۇرۇپ، ۋاڭ چىڭنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە تازا بىر قارىۋېلىپ:

— بەللى، يەنە مەي ـ شارابلار ئىچىپ، گۆش ـ پۆشلەر يەيدىكەنمىز ـ دە، قېيىققا چىقىشسىلا، چىقىشسىلا ! — دېدى.

نۆكەرلەر ۋاڭ چىڭنى ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈردى. ۋاڭ چىڭ ھېلىقى بېلىقچىغا قارىدى، ئۇ بويى ناھايىتى ئېگىز، قوشۇما قاشلىق، قىزىل يۈزلۈك، سىم ساقاللىق، بوم ئاۋازلىق بىر كىشى ئىدى. بېلىقچى بىر قولىدا بادرىسىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا ۋاڭ چىڭنى يۆلەپ قېيىققا چىقاردى، قولىدىكى خادىنى قىرغاققا تىرەپ سەل ـ پەل ئىتتىرىۋىدى، قېيىق قىرغاقتىن ئۈچ غۇلاچ ئۈزۈنلۇقتا ئۇزاپ كەتتى. ئۇنى ئەگىشىپ كەلگەن قاراقچىلار قىرغاقتا تېپىرلىشىپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ:

— چاققان قېيىقنى ئەكېلىڭ، بىزمۇ دەريادىن ئۆتىمىز! — دېيىشتى.

— مانا، مانا كەلدى! ئالدىراپ نەگە باراتتىڭلار؟ — دەپ توۋلىدى بېلىقچىلار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ ۋە قولىدىكى قومۇش بادرىنى تاشلاپ، ۋاڭ چىڭنىڭ ياقىسىدىن غاچچىدە ئېلىپ ئىككى قولى بىلەن تۆۋەنگە بېسىۋىدى، ۋاڭ چىڭ قېيىقنىڭ ئېتىكىگە يىقىلدى، ئۇ جان تالاشتى، قېيىقتىكى پالاقچى پالاقنى تاشلاپ، سەكرەپ كېلىپ ئۇنى باغلىدى. نېرىقى تەرەپتە قېيىقتا تۇرۇۋاتقانلار ۋاڭ چىڭنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، قىرغاققا

سەكرەپ چىقىپ، ھېلىقى ئوتتۇز نەچچە ئەگەشكۈچى قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ تۇتتى.
ئەسلىدە بۇ قېيىقتىكى قومۇش بادرا تۇتقان قېيىقچى دەريا بۇلغار ئەجدىھا لى جۈن ئىدى، ھېلىقى پالاقچى بولسا غار تېشەر ئەجدىھا تۇڭ ۋېي ئىدى. قالغان بېلىقچىلارنىڭ ھەممىسى سۇ لەشكەرلىرى ئىدى. لى جۈن سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سۇ لەشكەرلىرىنىڭ پۈتۈن قېيىقلىرىنى ئېلىپ، قاراقچىلارنىڭ سۇ لەشكەرلىرىنى يوقاتقىلى كەلگەنىدى. لى جۈنلەر قاراقچىلارنىڭ سۇ لەشكەرلىرى بىلەن قولتۇقتا ئېلىشىپ، سۇ لەشكەرلىرىنىڭ تۇتۇقى شى جۇڭنى ئۆلتۈرۈپ، قولداش سەركەردە خۇ جۇننى تۇتۇپ، قاراقچىلارنى قاتتىق يەڭگەنىدى. لى جۈن خۇ جۇننىڭ چىراي شەكلىنىڭ كېلىشكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى قويۇپ بەردى. خۇ جۈن ئىلتىپاتتىن تەسىرلىنىپ، لى جۈن بىلەن يۇنئەن سۇ قوۋۇقىنى ھىيلە بىلەن ئېچىپ، شەھەرنى ئالغان ۋە قورچاق مىرزىبەگ شى جۇننى ئۆلتۈرگەنىدى. دەريا بۇلغار ئەجدىھا لى جۈن قاراقچىلارنىڭ خان لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىپ يېڭىلگەندىن كېيىن جەزمەن ئۆز ئۇۋىسىغا قاچىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى، شۇڭا جاڭ خېڭ، جاڭ شۇنلەرنىڭ شەھەرنى قوغداپ تۇرۇشىنى تاپىلاپ، ئۆزى تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلار بىلەن سۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، بېلىقچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، بۇ يەردە پايلاپ تۇرغانىدى. يەنە رۇەن ئاتلىق ئۈچ بىر تۇغقانغا بېلىقچىلار قىياپىتىدە ياسىنىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەنيۇدۇي، مىڭجياڭ، يۇفۇپۇ دېگەن دەريالاردا مۆكۈنۈپ پايلاپ تۇرۇشنى تاپىلىغانىدى. لى جۈن ۋاڭ چىڭنىڭ ئاتقا مىنىپ ئالدىدا كېلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قاراقچىلارنىڭ سەركەردىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن - يۇ، باش جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىدى. لى جۈن دەرھال ۋاڭ چىڭنىڭ

مۇلازىمنى سوراق قىلىپ، ۋاڭ چىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، كۇلۇپ چاۋاڭ چېلىپ كەتتى ۋە ئۇنى باغلاپ يۇنئەن شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. لى جۇن جاڭ ئۇرۇقىدىن بولغان ئىككى قېرىنداش بىلەن بىرلىكتە شەھەرنى قوغدىشى ئۈچۈن، رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداشنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. لى جۇن ئەل بولغان سەركەردە خۇ جۇن بىلەن بىللە ۋاڭ چىڭ قاتارلىقلارنى سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ ئالدىغا ئاپارماقچى بولدى، ئۇلار يولدا سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ نەنفېڭدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇدۇل شەھەرگە كىرىپ، ۋاڭ چىڭنى لەشكەر مەھكىمىسىگە تاپشۇردى. سۇڭ جياڭ سەركەردىلەرنىڭ ۋاڭ چىڭنى تۇتالمىغانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ تۇراتتى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا لى جۇن مەھكىمىگە كىرىپ سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشتى. سۇڭ جياڭ ماختاپ:

— ئەزىز ئىنىم، سىزنىڭ بۇ كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىز كىچىك ئەمەس، — دېدى.

لى جۇن ئەل بولغان سەركەردە خۇ جۇننى سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ:

— خىزمەتنىڭ ھەممىسىنى بۇ كىشى كۆرسەتتى، — دېدى.

سۇڭ جياڭ خۇ جۇننىڭ نام ـ ئەمىلىنى، يۇنئەننى پەم بىلەن ئالغانلىق ئەھۋالىنى سوراشتۇردى.

سۇڭ جياڭ ئۇلارنى تارتۇقلاپ بولغاندىن كېيىن سەركەردىلەر بىلەن دۇڭچۇەن، ئەندي قاتارلىق ئىككى شەھەرنى ئېلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. بۇ ۋاقىتتا يېڭى ئەل بولغان سەركەردە خۇ جۇن:

— تۇرشاۋۇل بېگىم، باش قاتۇرمىسىلا، پىقىر بىرنېمە دەپ باقاي، بۇ ئىككى شەھەرنى ئېلىش ھېچقانچە گەپ ئەمەس، — دېدى.



www.uyghurkitap.com

سۇڭ جياڭ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئالدىراپ - تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇ جۇندىن ئۇنىڭ ئامالىنى سورىدى. خۇ جۇن تەزىم قىلىپ، سۇڭ جياڭغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى.
ئەيىۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس! بىر ئوقمۇ ئېتىلماي شەھەر ئېلىندى، ئۈچ قوشۇن قوزغالماي قاراقچىلار ئەل بولدى.
خۇ جۇننىڭ زادى نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى نادىرىسى

# بىر يۈز ئونىنچى باب

## يەن چىڭنىڭ چيۇلىندۇدا ياۋا غاز ئاتقانلىقى
## سۇڭ جياڭنىڭ ئاستانىدە تۇتقۇن ھەدىيە قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا سۇڭ جياڭ ئەل بولغان سەركەردە خۇ جۇندىن دۇڭچۇەن ۋە ئەندىي شەھەرلىرىنى قانداق ئىلىشنىڭ ئامالىنى سورىدى. خۇ جۇن:

— دۇڭچۇەن شەھىرىنى قوغداپ تۇرغان سەركەردە پېقىرنىڭ ئىنىسى خۇ شيەن بولىدۇ. پېقىر لى سەركەردىنىڭ بىر قوشۇن قېنىمدىن كەچكەن شاپائىتىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن دۇڭچۇەنگە بېرىپ، ئىنىم خۇ شيەننى ئەل بولۇشقا كۆندۈرۈپ كېلىمەن. ئاندىن ئەندىي شەھىرىدىكىلەر يېتىم قېلىپ، جەڭ قىلمايلا باش ئېگىدۇ، — دېدى جاۋابەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇڭ جياڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بېرىشقا يەنە لى جۇننى قوشۇپ قويدى. ئۇ بىر ياقتىن سەركەردە - سەرۋازلارنى تېخى ئىلىنمىغان ۋاڭ چىڭغا تەۋە ئايماق، ناھىيەلەرنى ئەل قىلىشقا ئەۋەتتى؛ يەنە بىر ياقتىن دەي زۇڭنى خانغا يېزىلغان ئەرزنى ئېلىپ بېرىپ، خاندىن ئىزنە[1] ئېلىپ كېلىشكە ھەم چىن باسقاقبەگ ۋە سۇ ئەمىرگە مەلۇمات ئاپىرىشقا ئەۋەتتى. سۇڭ جياڭ سەركەردە - سەرۋازلارنى ۋاڭ چىڭنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق ئېرىغ ماللارنى يىغىشتۇرۇپ، كىرىش چەكلەنگەن ئالىي راۋاقلار، قەسىر، ئۆيلەرنى، قورال - جابدۇقلار ۋە كىيىم -

① ئىزنە — بۇيرۇق، ئەمىر، پەرمان دېگەن مەنىلەردە.

كېچەكلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى. يەنە يۈنئەنگە چاپارمەن ئەۋەتىپ، جاڭ خېڭ قاتارلىق سەركەردىلەرنى شۇ يەردىكى كىرىش چەكلەنگەن شاھانە راۋاق - قەسىر ۋە باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنغان ئەسۋابلار، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى.

ئەمدى دەي زۇڭغا كەلسەك، ئۇ ئەرزنامىنى ئېلىپ ئالدى بىلەن جىننەنگە كېلىپ، ئۇنى چېن باسقاقبەگكە سۇندى. چېن باسقاقبەگمۇ شۇ ئەرزنامىگە قوشۇپ بىر ئەرزنامە يېزىپ دەي زۇڭغا بەردى. دەي زۇڭ ئاستانىگە كېلىپ ئەرزلەرنى سۇ ئەمىرگە يەتكۈزدى ۋە سوۋغا - سالام ھەدىيە قىلدى. سۇ ئەمىر ئەرزلەرنى تەڭرىقۇتقا سۇندى. داۋجۈن خان ئەرزلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇبارەك چېھرىنى شادلىق قاپلىدى، خان شۇ ھامان: «قاراقچى ۋاڭ چىڭ ئاستانىگە كەلتۈرۈلۈپ، شاھنىڭ ئۆلتۈرۈش ھۆكمىنى كۈتۈپ تۇرسۇن، قولغا چۈشكەن خانىش قورچاق بەگ - سىپاھ قاتارلىق قالمىش ئەگەشكۈچى قاراقچىلار خۇەيشى جازا مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، سازايى قىلىنسۇن. خۇەيشىدىكى پۇقرالار ۋاڭ چىڭنىڭ ئېغىر زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، لەشكەرلەر تەمىناتىدىن بىر قىسمى ئاجرىتىلىپ نامرات ئائىلىلەرگە جان سانىغا قاراپ بۆلۈپ بېرىلسۇن. ئەل بولۇپ جەڭدە ئەجىر - تۆھپىلەر كۆرسىتىپ شېھىت بولغان سەركەردىلەرنىڭ بالىچاقىلىرىغا كۆپلەپ ئىنئام بېرىلسۇن. خۇەيشىگە تەۋە ھەرقايسى ئايماق، ناھىيەلەردىكى بوش قالغان ئەمەل ئورۇنلىرىغا دەرھال يېڭىدىن ئوڭ قول، سول قول بەگ - سىپاھلار تەيىنلىنىپ تولۇقلانسۇن، ھەرقايسى ئايماق، ناھىيەلەردىكى ئەمەلدارلاردىن دەسلەپتە قاراقچىلارغا ئەگەشكەن، كېيىن توغرا يولغا قايتقانلارغا ئەھۋالىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ چېن گۇەن يېنىكرەك جازا بەرسۇن، جازا يۈرۈشتە ئەجىر - تۆھپىلەر كۆرسەتكەن ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىلىرىگە قاراپ ئاستانىگە قايتقاندىن

كېيىن ئىنئام بېرىلسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈردى. خاننىڭ پەرمانىنى دەي زۇڭ بالدۇر كېلىپ يەتكۈزدى. چېن باسقاقبەگلەر ئاللىقاچان نەنفېڭ شەھىرىگە كەلگەنىدى. بۇ چاغدا خۇ جۈن ئىنىسى خۇ شيەننى ئەل قىلغان، خۇشيەن بولسا دۇڭچۈەن شەھىرىدىكى لەشكەر ـ پۇقرالارنىڭ رويخەت دەپتىرى، تۇتۇن دەپتىرى، مال ـ مۈلۈك ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك ھېسابات دەپتىرىنى تەقدىم قىلىپ، ئۆز گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنۈپ كەلگەنىدى. ئەندى ئايمىقىدىكى قاراقچىلار شەپە ـ شىمانى ئاڭلاپلا ئەل بولدى. يۈنئەن، دۇڭچۈەن، ئەندى شەھەرلىرى جەڭدىن خالىي بولۇپ، ئۇ يەردىكى دېھقانلار يەر ـ زېمىنلىرىدىن، سودىگەرلەر قورۇ ـ جاي، دۇكانلىرىدىن ئايرىلمىدى. بۇ لى جۈننىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىسى ئىدى، ۋاڭ چىڭ ئىگىلىۋالغان سەككىز ديار، سەكسەن ئالتە ئايماق، ناھىيەنىڭ جىمىسى قايتۇرۇۋېلىندى.

دەي زۇڭ ئاستانىدىن نەنفېڭگە قايتىپ كېلىپ، ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خان ئەلچىسى خان يارلىقىنى ئېلىپ تېز يېتىپ كەلدى. چېن باسقاقبەگ ۋە باشقا ئاتامان ـ سەركەردىلەر خان يارلىقىنى قوبۇل قىلىپ، بىرمۇبىر بەجا كەلتۈردى. ئەتىسى خان ئەلچىسى ئاستانىگە قايتىپ كەتتى. چېن گۈەن زىنداندىن دۈەن سەنياڭ، لى جۇ ۋە باشقا ئەگەشكۈچى قاراقچىلارنى ئېلىپ چىقىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى، ئۇلار نەنفېڭ شەھىرىدىكى جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىپ كاللىسى ئېلىنىش بىلەن ھەرقايسى شەھەر قوۋۇقلىرىغا ئېسىلىپ سازايى قىلىندى. دۈەن سەنياڭ كىچىكىدىن قىزلىق يوسۇن ـ قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تالالىق بولۇپ، غايەت زور گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندە كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىندى، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقا بىرقانچە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىمۇ بالاغا تىقتى. ئۇنىڭ ئاتىسى دۈەن غوجا بالدۇرلا قاچقان تۇراسىدا ئۆلگەنىدى.



www.uyghurkitap.com

گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرمايلى، ئەمدى چىن باسقاقبەگ بىلەن تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇلار لى جۇن، خۇ جۇن، چيۇڭ يىڭ، سۇن ئەنلەرنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - خىزمىتىنى خاتىرىگە ئېلىپ قويدى. ھەرقايسى جايلارغا ئەل ئەمىن ئېلانى چىقاردى. سەكسەن ئالتە ئايماق، ناھىيە ئەھلى قايتىدىن كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ، مۆمىن پۇقرا بولدى، قالغان ئەگەشكۈچى قاراقچىلاردىن كىشىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىگەنلىرىنىڭ مال - بىساتلىرى قايتۇرۇلۇپ، يېڭىباشتىن يېزا پۇقراسى بولۇشىغا رۇخسەت قىلىندى. كۈنپېتىش ئاستانىنى قوغداپ تۇرغان سەركەردىلەردىن چياۋ داۋچىڭ، ما لىڭلارنىڭ ئورنىغا يېڭى سىپاھلار تەيىنلەندى، ئۇلار نەنفېڭگە ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلدى، ھەرقايسى ئايماق، ناھىيەلەرنىڭ ئوڭ قول، سول قول بەگ - سىپاھلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن نەنفېڭگە جەم بولۇشتى. لى جۇن، جاڭ جەمەتىدىن بولغان ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن، رۇەن جەمەتىدىن بولغان ئاكا - ئۇكا ئۈچەيلەن، تۇڭ جەمەتىدىن بولغان ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەنمۇ ئايماقنىڭ ئىشلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ نەنفېڭگە جەم بولدى. چىن باسقاقبەگ باشلىق سىپاھ - بەگلەر، سۇڭ جياڭ باشلىق بىر يۈز سەككىز ئاتامان ھەم خېبېيلىق ئەل بولغان سەركەردىلەر نەنفېڭدە ئاسايىشلىق مەرىكە سورۇنى ھازىرلاپ، سەركەردە ۋە سىپاھ - بەگلەرنى قۇتلۇقلىدى، ئۈچ قوشۇننىڭ ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلىرىگە ئىنئام - ئېھسانلار تەقدىم قىلىندى. سۇڭ جياڭ گۇڭسۇن شېڭ بىلەن چياۋ داۋچىڭغا تىلاۋەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى تاپشۇردى، يەتتە كېچە - كۈندۈز تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلۈپ، جەڭدە قازا تاپقان سەركەردىلەر ۋە خۇەيشىلىق شېھىتلەرنىڭ روھى ياد ئېتىلدى. تىلاۋەت تۈگىگەندىن كېيىن: «سۇن ئەن تۇيۇقسىزلا قاتتىق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، قارارگاھتا قازا تاپتى» دېگەن خەۋەر كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇڭ جياڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمدى، قائىدە -

www.uyghurkitap.com

يوسۇن بويىچە ئۇنى ساندۇققا سېلىپ، ئەجدىھا تاغنىڭ باغرىغا دەپنە قىلدى. چياۋ داۋچىڭ سۇن ئەننىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن قاتتىق ھەسرەت چەكتى. ئۇ سۇڭ جياڭغا:

— سۇن ئەن پېقىرنىڭ يۇرتدىشىم ۋە ئەڭ يېقىن ئاغىنەم ئىدى، ئۇ ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئالىمەن دەپ گۇناھ ئۆتكۈزۈش بىلەن قاراقچىلارغا قوشۇلۇپ قالغانىدى. تۇرشاۋۇلىمىز ئۇنى پاناھلىرىغا ئالغاندىن كېيىن ئەمدى ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭدىن كېلەر دەپ ئويلاپتىكەنمىز، كۈتمىگەن يەردىن يېرىم يولدا كۆز يۇمدى. پېقىرنىڭ ئۆزلىرىنى پاناھ تارتىپ قېلىشىممۇ ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشىدىن بولغان، مانا ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى، بۇنىڭغا كۆڭلۈم قانداقمۇ چىدىسۇن، تۇرشاۋۇلىمىزنىڭ پېقىرغا قىلغان بۈيۈك ھىممەتلىرى كۆڭلۈمدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالغان، بۇنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن. مەن ئەمدى ئۆز جايىمغا قايتىپ، قالغان تۆت كۈنلۈك ئۆمرۈمنى شۇ يەردە ئۆتكۈزسەم، — دېدى.

چياۋ داۋچىڭنىڭ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ما لىڭمۇ سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— تۇرشاۋۇلىمىزدىن دەرۋىش كالان چياۋ داۋچىڭ بىلەن بىللە كېتىشكە ئىجازەت سورايمەن، — دېدى.

سۇڭ جياڭ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مەيۈسلەندى، ئۇ ئۇلارنى قېلىپ قېلىشقا شۇنچە ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىمىغانلىقتىن ئىلاجسىز رۇخسەت قىلدى ۋە ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن زىياپەت ھازىرلىدى. گوڭسۇن شېڭ زۇۋان سۈرمەي بىر چەتتە تۇراتتى. چياۋ داۋچىڭ، ما لىڭلار سۇڭ جياڭ ۋە گوڭسۇن شېڭلار بىلەن ۋىدالاشقاندىن كېيىن چىن باسقاقبەگ ئالدىغا بېرىپ خەيرلەشتى ـ دە، يولغا راۋان بولدى. كېيىن چياۋ داۋچىڭ بىلەن ما لىڭ بوۋاكالاننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا قول بېرىپ ئۆمرىنى راھىبلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

چىن باسقاقبەگ خۇيشىدىكى لەشكەرلەر بىلەن پۇقرالارنى قۇتقۇزۇپ ئەمىن قىلدى. خۇيشى دېگىنىمىز، خۇيتۇنىڭ

كۈنپېتىشىدىكى جايلار ئىدى. شۇڭا، سۇڭ خانلىقى زامانىسىدا ۋەنجۇ ئايمىقى ۋە نەنفېڭ قاتارلىق جايلارنى كىشىلەر خۇيشى دەپ ئاتايتتى. چېن باسقاقبەگ تۇرشاۋۇل ۋە ئاتامانلارغا ئاستانىگە بېيئەتكە بېرىش ئۈچۈن جابدۇنۇشقا ئەمر قىلدى. ئەمر چۈشۈرۈلۈشى بىلەن سۇڭ جياڭ بىر ياقتىن بارگاھ قوشۇنىنى چېن باسقاقبەگ، خۇ مەسلىھەتچى ۋە ئەلەمدار مەشقاۋۇل لۇ قاتارلىقلارنى قوغداپ مېڭىشقا بۇيرۇدى، يەنە بىر تەرەپتىن سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانلىرىغا سۇ يولى بىلەن ئاستانىگە بېرىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. سۇڭ جياڭ شياۋ راڭغا ئۆتۈلگەن ۋەقەلەر ئۈستىدە تەزكىرە يازدۇرۇپ، ئۇنى جىن داجيەنگە تاش ئۈستىگە ئويدۇردى. بۇ تاش پۈتۈكنى نەنفېڭ شەھىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ئەجدىها تېغى ئېتىكىگە ئورناتتى. بۇ يادىكارلىق تا ھازىرغىچە بار. ئەل بولغان سەركەردە خۇ جۇن بىلەن خۇ شيەن تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭغا مەي ـ شاراب تۇتۇپ خوشلاشتى. كېيىن سۇڭ جياڭ ئوردىغا كىرگەندە، خۇ جۇن بىلەن خۇ شيەنىنىڭ ئەل بولغاندىن كېيىن كۆرسەتكەن ئەجىر ـ خىزمەتلىرىنى خانغا مەلۇم قىلىدۇ، خان ئۇلارنى دۇڭچۇەندىكى سۇ لەشكەرلىرىنىڭ قورۇبېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ، بۇ كېيىنكى گەپ.

سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى بەش تارامغا بۆلۈپ، بەلگىلەنگەن كۈنى سەپەرگە ئاتلاندى، ھەرقايسى ئايماق، ناھىيەلەرنى قوغداشقا قالدۇرۇلغان لەشكەرلەردىن باشقا، يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتقان لەشكەرلەرمۇ بار ئىدى. جەمئىي ئون تۈمەندىن ئوشۇق لەشكەر نەنفېڭدىن ئاستانىگە قاراپ يول ئالدى. لەشكەرلەر ئىنتىزامى چىڭ بولغانلىقتىن، بېسىپ ئۆتكەن جايلىرىدا ھېچنېمىگە چېقىلمىدى. پۇقرالار كۇجە ـ ئىسرىق، شام ـ چىراغلار يېقىپ ئۇلارنى ئۇزىتىشتى. بىرنەچچە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار چيۇلىندۇ دېگەن جايغا كەلدى. بۇ جاي ۋەنجۇ ئايمىقىغا تەۋە

بولغان نىپىشىياك ناھىيەسىنىڭ چىيۇلىنشەن تىبغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقانىدى. بۇ تاغنىڭ بۇلاق سۇلىرى، تاغ ـ جىلغىلىرى ئاجايىپ كۆركەم ئىكەن، سۇلڭ جياڭ ئات ئۈستىدە تاغ مەنزىرىسىگە نەزەر تاشلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆككە قارىۋىدى، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان نەچچە قاتار ياۋا غازنىڭ رېتى بۇزۇلۇپ، ئېگىز ـ پەس قالايمىقان ئۇچۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سۇلڭ جياڭ تەئەججۇپلەندى. شۇ زامان لەشكەر سېپىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىدە «بەللى ! بەللى ! يارايسەن !» دېگەن ئاۋازلار ياڭرىدى. سۇلڭ جياڭ نىمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ، كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى، ئۇ ئادەم ئاتلىق ئۇچقاندەك بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى، ئەسلىدە ئالىقانات يەن چىڭ ئوقيا ئېتىش مەشقى قىلىش ئۈچۈن ئاسماندىكى غازلارغا ئوق ئېتىپتىكەن، ئاتقان ئوقىنىڭ بىرىمۇ بوش كەتمەپتۇ. بىردەمدىلا ياۋا غازدىن ئون نەچچىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپتۇ. شۇڭا، سەركەردىلەر ھاڭ ـ تاڭ قېلىشىپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشقانىكەن. سۇلڭ جياڭ يەن چىڭنى چاقىرتقۇزدى. يەن چىڭ قولىدا ساداق، بېلىگە ئوق تاقىغان پېتى ئاتتا ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ غانجۇغىسىدا بىرنەچچە ياۋا غاز تۇراتتى، ئۇ سۇلڭ جياڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ بىر چەتتە تۇردى. سۇلڭ دانىش ئۇنىڭدىن:

— بايا ياۋا غاز ئاتقان سىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يېقىن ئوقيا ئېتىشنى يېڭى ئۆگىنىۋاتقانىدىم، ئاسماندا بىر توپ ياۋا غاز ئۇچۇپ كېتىۋاتقانىكەن، ئېتىپ باققانىدىم، ئاتقان ئوقۇم زايە كەتمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى يەن چىڭ.

— لەشكەر بولغان كىشىنىڭ ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ئۇنىڭ بۇرچى، — دېدى سۇلڭ جياڭ، — دەل تەگكۈزگەنلىكىڭىز بولسا، ماھارىتىڭىزنىڭ ئۈستۈنلۈكى. مەنچە، ياۋا غاز سوغۇق چۈشكەندە تەڭرى تاغلىرىدىن نى ـ نى ئۆتكەللەر ئارقىلىق چاڭجياڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى مۆتىدىل جايلارغا ئۇچۇپ بېرىپ قىشلايدۇ، ئەتىيازدا قايتىپ كېتىدۇ. ياۋا غاز مېھرىبان، ۋاپادار

قۇش، ئۇلار نەچچە ئوندىن ياكى قىرىق - ئەللىكتىن بولۇپ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ، كاتتىلىرىنى ئالدىغا سېلىپ، قالغانلىرى ئارقىدا رەت بويىچە ئۇچىدۇ، توپتىن ئايرىلماي، كەچ بولغاندا قونىدۇ، قونغاندا كۆزەتچىمۇ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا غاز، ئانا غاز بىر - بىرىدىن ئايرىلسا، ئۆلگۈچە ئۆزگە باشقا جۈپ ئىزدىمەيدۇ. بۇ قۇشتا رەھىمدىللىك، ئىنساب، ئەدەپ، پاراسەت، ئىناۋەت ـــ بەش ئەھكامنىڭ جەممىسى بار: ئۇلار ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىرەر ياۋا غازنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرسە، ھەمراھلىرىدىن ئايرىلغىنىغا نادامەت چېكىپ غاقىلدىشىپ كېتىشىدۇ، باشقا قۇشلارغا زىيان سالمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ رەھىمدىللىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۆز جۈپلىرىدىن ئايرىلسا ئۆلگۈچە باشقا جۈپ تاپمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىنسابلىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ھەرقايسىسى ئۆز رېتى بويىچە يا ئارقىدا قالماي، يا ئالدىغا ئۆتىۋالماي ئۇچىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەدەپلىكلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ بۈركۈتتىن ئۆزلىرىنى پاناھلاش ئۈچۈن ئۆتكەللەردىن قومۇش چىشلەپ ئۆتىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ پاراسەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ كۈزدە تۆۋەن تەرەپكە كېتىپ، ئەتىيازدا يۇقىرى تەرەپكە قايتىپ كېلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىناۋەتلىكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قۇشتا بەش ئەھكامنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەملەنگەن. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ كۆڭۈل قىيسۇن. ئاسماندا غاقىلدىشىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بۇ بىر توپ ياۋا غازلار خۇددى مېنىڭ قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاش. سىز ئۇلارنىڭ بىرقانچىسىنى ئېتىپ چۈشۈرگىنىڭىز مېنى بىرنەچچە بۇرادىرىمدىن مەھرۇم قىلغىنىڭىز بىلەن باراۋەر. خالايىق قانداق ئويلايدۇ؟ ئەي ئىنى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئەدەپ - ئىنسابلىق قۇشنى ئاتقۇچى بولماڭ.

يەن چىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىغا تۇۋا قىلىپ، زۇۋان سۈرمەي جىم تۇردى. سۇڭ جياڭنىڭ ئىلھامى كېلىپ ئات ئۈستىدىلا بىر كۇپلېت نەزم ئوقۇدى:

تاغ ـ داۋانلار بىپايان كۆز يەتكۈسىز سۇغا تۇتاش،
ئۇچتى كۆكتە ياۋا غاز رەت ـ رەت بولۇپ بەك ئالدىراش.
ئوق تېگىپ بىرنەچچە غازغا قالدى سەپتىن ئايرىلىپ،
چىقتى سوغ يەل سوغلىشىپ، ئاي كۆكتە، كۆڭلۈم بولدى غەش.

سۇڭ جياڭ نەزمنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۆلگەن قوشنى كۆرۈپ ئېچىندى. شۇ ئاخشىمى چيۇلىندۇدا قوندى. سۇڭ جياڭ بارگاھتا ئولتۇرۇپ، يەن چىڭنىڭ ياۋا غاز ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئەسلەپ ئاھ ئۇردى، كۆڭلى غەش بولغان ھالدا قەغەز ـ قەلەم ئەكەلدۇرۇپ مۇنۇ نەزمنى يازدى:

چۇ بېگىنىڭ ئاسمىنى كەڭ ھەم يىراق،
كۆكتە بىر غاز ھەممە غازنى ئۈركۈتۈپ ـــ
ئايرىلىپ بولدى جۇدا توپتىن يىراق،
باقتى يەككە ئۆز تېنىنىڭ سايىسىگە تىكىلىپ،
چۈشكۈسى كەلدى سۇغا، كۆل سۈيى لېكىن بەك سوغاق.
يەر ـ زېمىن قالغان گىياھسىز، گۈل ـ چېچەك بولغان خازان،
كۆل سۈيى تىنچ، كۆز يېتىمسىز سوزۇلۇپ كەتكەن ئۇزاق.
مەن مەگەر چىقالمىساممۇ شۇ زامان مەكتۇپ پۈتۈپ،
مەن قىلاي ئىزھار دىلىمنى توشتى دىلغا دەرد ـ پىراق.
قۇيقۇرۇق خەندەك قېشىغا پاتتى كۈن غايىب بولۇپ،
تۇرىمەن گۇگۇم چېغى خەندەك يېنىدا ـ قېشىدا ـــ
تۇگىمەس دەردىم مېنىڭ ئەرز ئەيلىسەم سالساڭ قۇلاق.
شۇ قومۇشلۇقنى كېزىپ چىقتىم قونالغۇ چىقمىدى،
ئاھ، قاچانمۇ كۆرۈشەرمىز يەنە يۇمىنگەندە ساق.
سايرىشار بۇندا ئۇچار قۇشلار چېكىپ ھەسرەت ـ نىدا،

مۇشۇ دەريادىن ئۈزۈلمەس مېھىر - رىشتىمىز بىراق.
ئۆرۈلۈپ يىل كەلسە گەر پەسلى باھارنى كۆرگۈلۈك،
ئۇمۇ بولغاي شۇندا جۈپ قالغاچقا شۇ گۈللۈك راۋاق.

سۈك جياڭ نەزمىنى يېزىپ بولۇپ، ئۇنى ۋۇ يۈڭ بىلەن گۇڭسۇن شېڭنىڭ كۆرۈپ بېقىشى ئۈچۈن بەردى، نەزمىنىڭ مەزمۇنى قايغۇ - ھەسرەت بىلەن تولغانىدى. سۈڭ جياڭنىڭ كۆڭلى مەيۇس ئىدى، شۇ كېچىسى ۋۇ يۈڭلار مەي - شاراب ۋە نازۇنېمەتلەر ھازىرلاتتى ۋە شىركەيپ بولغۇچە ئىچىشىپ ئاندىن ئۇخلىدى، ئەتىسى تاڭ سەھەردە قوپۇشۇپ، ھەرقايسىسى ئاتلىرىغا مىنگىنىچە تۆۋەن تەرەپكە قاراپ يولغا راۋان بولدى. قىش پەسلىنىڭ ئاخىرى بولغانلىقتىن، يولدىكى مەنزىرىلەر چۆلدەرەپ قالغانىدى. يول بويى سۈڭ جياڭنىڭ كۆڭلىدىن ئاشۇ ئىش زادىلا چىقمىدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇلار ئاستانىگە يېتىپ كېلىشتى. لەشكەرلەرنى كونا كۆۋرۈك ئۆتكىگە جايلاشتۇرۇپ، خان يارلىقىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى.
ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. چېن باسقاقبەگ ۋە مەسلىھەتچى خۇ مېڭ بارگاھ قوشۇنلىرى بىلەن ئاستانىگە كىردى، ئۇلار سۈڭ جياڭلارنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىسىنى تەخىرسىز ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلدى ۋە تۇرشاۋۇل سۈڭ جياڭلارنىڭ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ئاستانىگە يېتىپ كېلىپ، شەھەر سىرتىدا كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. خان چېن باسقاقبەگدىن سۈڭ جياڭلارنىڭ جاپا - مۇشەققەت بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇدى. چېن گۇەن، خۇ مېڭ، لۇ جيەنلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارغا كۈمۈش ۋە تاۋار - دۇردۇن ئىنئام قىلدى ھەمدە ئاغۋاتقا سۈڭ جياڭلارنى خان قوبۇل قىلىدۇ، جابدۇنۇپ شەھەرگە كىرسۇن، دەپ خەۋەر قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.

## نەزم

ئاتلىنىپ چىققاندى بۇ ئوتتۇز ئالتە پالىۋان،
قايتقىنىدا كەلدى ساق ئون سەككىزى جۇپ بوپ ئامان.
جەڭ قىلىپ كەلدى تۇمەن مىڭ دەشتى ـ چۆل، تاغۇداۋان،
قۇچتى نۇسرەت ھەممە جايدا قايتتى يۇرتقا شادىمان.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى. سۇلۇ جىياڭ باشلىق بىر يۈز سەككىز كىشى خان پەرمانىغا بىنائەن جابدۇنۇشتى. ئۇلار جەڭ لىباسلىرىنى، دۇبۇلغا ـ قۇياغلىرىنى، كىمخاب پەشمەت ـ يەكتەكلىرىنى كىيىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش دەستەكلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە كۇنچىقىش سەلتەنەت قوۋۇقى ئارقىلىق ئەدەپ ـ ئەردەم قەسرىسىگە كىردى، ئۇلار ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، خاننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دەپ توۋلاپ سەجدە قىلدى. خان سۇلۇ جىياڭ باشلىق سەركەردىلەرگە كۆز تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىمخاب تون كىيگەن، زەر بەلباغلارنى تاقىغان باتۇرلار ئىدى، پەقەت ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭ، لۇ جىشىن، ۋۇ سۇڭلار ئۆز كىيىمى بىلەن كىرگەنىدى. ئۇلارنى كۆرگەن تەڭرىقۇتنىڭ مۇبارەك كۆڭلى شادلىنىپ:

— ھەرقايسىڭلارنىڭ جەڭدە كۆپ جەبىر ـ جاپا چېكىپ، قاراقچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن جان كۆيدۈرگىنىڭلاردىن ۋە جەڭدە نۇرغۇن كىشىنىڭ شىكەستىلەنگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن قايغۇردۇم، — دېدى.

— گەرچە سەركەردىلىرىمىزدىن بىرمۇنچىسى جەڭدە شىكەستلەنگەن بولسىمۇ، شاھىنشاھىمىزنىڭ ئالەمشۇمۇل شاپائىتى بىلەن ھەممىمىز ساق ـ سالامەت تۇرۇۋېتىمىز، — دېدى سۇلۇ جىياڭ سەجدە قىلىپ، — بۇگۇنكى كۈندە باش جىنايەتكار قولغا چۈشۈپ خۇەيشى ئامان تاپتى. بۇلار ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ

ئىناۋەت ۋە پەزىلىتىدىن بولدى، بۇنىڭدا بىزنىڭ نىمە ئەجىر ـ تۆھپىمىز بولسۇن، شاھىمىزنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ۋاڭ چىڭنى تۇتۇپ كېلىپ، ئوردا ئالدىغا ئېلىپ كەلدۇق، ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ ھۆكمىگە تاپشۇرىمىز.

تەگرىقۇت دادخاھ مەھكىمىسىنىڭ بېگىگە: «ۋاڭ چىڭ پارە ـ پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈلسۇن !» دەپ پەرمان چۈشۈردى.

سۇڭ جياڭ شياۋ جياسۇينىڭ ئاجايىپ پەنت بىلەن شەھەرنى ئېلىپ، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت قىلغان تۆھپىسىنى تەگرىقۇتقا مەلۇم قىلىپ، مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلتىجا قىلدى. تەگرىقۇت ئاپىرىن ئوقۇپ:

ــ بۇنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ ساداقەتمەنلىكىڭلارنىڭ تەسىرىدىن بولدى ! ــ دېدى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۆھۈردارىغا شياۋ جياسۇينى ئاستانىگە ئەكېلىپ مەرتىۋىگە تەيىنلەشنى بۇيرۇدى. سۇڭ جياڭ تەگرىقۇتقا باش ئۇرۇپ تەشەككۇر ئېيتتى. مەمۇرىي مەھكىمە بەگلىرىنىڭ قايسىلىرى خان ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈپ، دانىشلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، بۇ كېيىنكى گەپ.

ئەتىسى تەگرىقۇت مەمۇرىي مەھكىمە بەگلىرىنى چاقىرىپ، مەرتىۋىگە تەيىنلەش خۇسۇسىدا مەسلىھەت قۇردى. ۋەزىرئەزەم سەي جىڭ، ۋەزىر تۇڭ گۇەنلەر مەسلىھەت كۆرسىتىپ:

ــ ھازىر جاھان تېخى تىنچىپ كەتمىدى، مەرتىۋە ئۆستۈرۈشكە بولماسمىكىن، ھازىرچە سۇڭ جياڭغا ئۇندەكچى بەگ نامى بېرىلسە، شاھانە زىننەت ـ زىۋەرلەر ئېلىپ مەھرەم بېگى بولسا؛ ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيىگە ئەلەمدار بەگ نامى بېرىلسە، شاھانە زىننەت ـ زىۋەرلەر ئېلىپ قارارگاھ قۇربېگى بولسا؛ ۋۇ يۇڭ باشلىق ئوتتۇز تۆت باتۇرغا ئوڭ قول سەركەردىلىك مەنسىپى بېرىلسە، جۇ ۋۇ باشلىق يەتمىش ئىككى پالۋانغا سول قول سەركەردىلىك مەنسىپى بېرىلسە؛ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ئاجرىتىلىپ ئۈچ قوشۇن تارتۇقلانسا، ــ دېدى.

تەڭرىقۇت بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، مەمۇرىي مەھكىمە بەگلىرىگە سۇڭ جىياڭلارنى مەنسەپكە تەيىنلەپ، ئىنئام ـ ئېھسان تەقدىم قىلىش ھەققىدە پەرمان بەردى. سۇڭ جىياڭلار ئەدەپ ـ ئەردەم قەسرىسىگە كېلىپ، تەڭرىقۇتقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈش بىلەن خاننىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر ئېيتتى. تەڭرىقۇت نۇرانە ئىبادەتخانىسىدا شاھانە مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، سۇڭ جىياڭلارغا بىر قۇر كىمخاب تون، بىر زەر قۇياغ، بىر ئېسىل ئات ئىنئام قىلدى؛ لۇ جۇنيى ۋە باشقىلارغىمۇ ھەر خىل ئىنئاملار بەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوردا خەزىنىسىدىن بېرىلدى. سۇڭ جياڭ ۋە باشقا سەركەردىلەر تەڭرىقۇت ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر ئېيتىپ، ئالىي قەسىردىن كۆنپېتىش سەلتەنەت قوۋۇقى سىرتىغا چىقىپ ئاتلانغىنىچە قارارگاھقا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار قارارگاھقا كېلىپ ئارام ئېلىپ، خاننىڭ خىزمەتكە تەيىنلىشىنى كۈتۈپ ياتتى.

شۇ كۈنى دادخاھ تەڭرىقۇتنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئۆلۈم تاختىسى يېزىپ، كۈشۈك ھارۋىدىن ۋاڭ چىڭنى ئېلىپ چىقتى، «پارە ـ پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈلسۇن» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ، ئۇنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ باردى. كۆرۈشكە كەلگەن كىشىلەر تىقما ـ تىقماق ئىدى. بەزىلىرى «تۇفى» دەپ لەنەت ياغدۇرسا، بەزىلىرى ھەسرەت چېكەتتى، ۋاڭ چىڭنىڭ ئاتىسى ۋاڭ شۇ، بۇرۇنقى قېينئاتىسى ھەم جەددى ـ جەمەتلىرى ۋاڭ چىڭ دەسلەپ ئىسيان كۆتۈرگەن چاغدىلا قولغا چۈشۈپ بىرىمۇ قالدۇرۇلماي ئۆلتۈرۈلگەنىدى. بۈگۈن قىلىچ ـ نەيزىلەر ئارىسىدا پەقەت ۋاڭ چىڭلا ئۆزى قالغانىدى. داقا ـ دۇمباقلار چېلىنىدى، بۇرغا ـ كانايلار ساداسى ياڭرىدى. قىلىچ ـ نەيزىلەر يالتىراپ، قارا تۇغ ـ ئەلەملەر يەلپۈنلىدى. جاللات ۋەھىمىلىك سۈرەن سالدى. دەل چۈش ۋاقتى بىلەن ۋاڭ چىڭ چاسىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى جاكارلانغاندىن كېيىن ھۆكۈم بويىچە پارە ـ پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇنداق دېيىشتى:

بۇ ــــ يامانلارنىڭ نەمۇنە ـ ئۈلگىسى،
جىنىدىن بولدى جۇدا ئاخىر ئۆزى.
قىلمىغان بولسا يامانلىق شۇنچە كۆپ،
نە سەۋەبتىن شۇ جازانى تارتقۇسى.

نازارەتچىبەگ ۋاڭ چىڭنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كاللىسىنى سازايى قىلدۇردى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. سوڭ جياڭلار تەڭرىقۇتنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ قارارگاھقا قايتتى. ئەتىسى گۇڭسۇن شېڭ سوڭ جياڭنىڭ بارگاھىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ:

ــــ ئەينى ۋاقىتتا ئۇستازىم بوۋاكالان پېقىرغا سىلىنى ئاستانىگە يەتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن تاغقا قايتىپ كەل دەپ تاپىلىغانىدى. بۇگۈنكى كۈندە ئۆزلىرى ئەجىر ـ تۆھپە يارىتىپ شۆھرەت قازاندىلا، ئەمدى پېقىر ئۆزلىرى ۋە بۇرادەرلەر بىلەن خەيرلىشىپ، تاغقا قايتسام، ئۇ يەردە ئۇستازىمنىڭ كەينىدە راھىبلىق قىلىپ، قېرى ئانامنى بېقىش بىلەن ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزسەم، ــــ دەپ ئىلتىجا قىلدى.

سوڭ جياڭ گۇڭسۇن شېڭنىڭ ئۆتكەندىكى گەپنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز گېپىدىن يېنىۋالماي، كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

ــــ ئۆتكەندە بۇرادەرلىرىم جەم بولغاندا، گويا گۈل ئېچىلغاندەك بولغانىدى، ئەمدى بۇرادەرلەر جۇدالاشساق گۈل توزۇغاندەك بولىدۇ. مەن سىلىگە بەرگەن ۋەدەمدىن يېنىۋېلىشقا ئاجىزمەن، شۇنداق بولسىمۇ جۇدالىششقا قانداق كۆڭلۈم ئۇنىسۇن؟ ــــ دېدى.

ــــ ئاغا، ئەگەر پېقىر يېرىم يولدا سىلىنى تاشلاپ كەتكەن بولسام، ئۇ چاغدا مېنى ۋاپاسىز دېسىلە بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە سىلى ئەجىر ـ تۆھپىلەر يارىتىپ شۆھرەت قازاندىلا، ئەمدى

ئىجازەت بەرگەيلا ! ـــ دېدى گۈڭسۈن شېك.

سۈك جياڭ ئۈنى قېلىشقا شۈنچە ئۈندىدى، لېكىن ئۇ زادى ئۈنىمىدى، شۈنىڭ بىلەن مەرىكە سورۈنى راسلاندى، مەرىكە سورۈنىدا يارەنلىرى ئۈنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قەدەھ كۆتۈرۈشتى، ھەممەيلەن ھەسرەت چېكىپ ياش تۆكتى. ھەرقايسىسى گۈڭسۈن شېڭغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن يوللۇق تۇتۇشتى. گۈڭسۈن شېك يوللۇقنى قوبۇل قىلىشقا ئۈنىمىسىمۇ، يارەنلىرى يوللۇقنى ئۈنىڭ يۈك ـ تاقىنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويدى. ئەتىسى گۈڭسۈن شېك كۆپچىلىك بىلەن ۋىدالاشتى. چورۇقنى كىيىپ، يۈك ـ تاقلىرىنى يۈدۈپ يارەنلىرىگە تەزىم قىلدى ـ دە، يۇقىرى تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. سۈك جياڭ ئۈنى كېچە ـ كۈندۈز سېغىندى، كۆزلىرىدىن سەل كەبى ياش تۆكۈپ كۆڭلى پەرىشان بولدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە يېڭى يىل بايرىمى يېقىنلىشىپ قالدى. ھەممە مەنسەپدارلار تەڭرىقۇتنىڭ ئايىمىنى قۇتلۇقلاشقا تەرەددۇتلاندى. ۋەزىر ئەزەم سەي جىڭ سۈك جياڭلارمۇ قۇتلۇقلاشقا كېلىپ، تەڭرىقۇت بىلەن كۆرۈشسە، جەزمەن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن دەرھال تەڭرىقۇتقا پەرمان چۈشۈرۈشنى ئىلتىجا قىلدى، تەڭرىقۇت: «پەقەت مەنسەپكە ئېرىشكەن سۈك جياڭ، لۇ جۇنيىلا قۇتلۇقلاشقا داخىل بولسۇن، قالمىش جازا يۈرۈشى قىلغۇچى مەرتىۋىسىزلەر كەلسە بىھۆرمەتلىك بولىدۇ، شۇڭا بۇلارنىڭ قۇتلۇقلاشقا كەلمەسلىكى راۋا كۆرۈلدى» دەپ پەرمان چۈشۈردى. يېڭى يىل بايرىمى يېتىپ كەلدى، بەگ ـ سىپاھلار خانغا بەيئەت قىلىشقا كەلدى. سۈك جياڭ بىلەن لۇ جۇنيى مەنسەپ لىباسلىرىنى كىيىپ قوبۇلخانىغا كېلىپ باشقا مەنسەپدارلار بىللە ئەتىگەنلىك تاۋاپ ـ تەزىمگە ھازىر بولۇپ تۇردى. تەڭرىقۇت ئالىي قەسرىدىن شاھانە ئورۇن ئېلىپ، بەگ ـ سىپاھلارنىڭ تاۋاپ ـ تەزىمىنى قوبۇل قىلدى، سۈك جياڭ ۋە لۇ جۇنيى ئەل قاتارى شاھقا تەزىم بەجا



www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپكە ئۆتۈپ تۇردى. ئالىي قەسىرگە چىقالمىدى. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىدى، تەگرىقۇت قاشتاش جىغا تاقىغان، ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن كەشە كىيىپ، قولىدا سۆسۈن پۆپۈكلۈك ئالتۇن مۆھۈر تۇتقانىدى. ئۇنىڭ يېگى يېشىنى مۇبارەكلەپ كەينى - كەينىدىن جاملاردا مەيلەر تۇتۇلدى. بۇ ھال تاڭ سۈزۈلگەندىن تا چۈشكىچە داۋام قىلدى، ئاندىن خان ئىلتىپات قىلغان شاھانە مەيلەر ئىچىلدى، بەگ - سىپاھلار تاۋاپ - تەزىمدىن تارقىدى، تەگرىقۇت شاھانە ئورنىدىن قوزغالدى. سۈڭ جياڭ بىلەن لۇ جۈنيى ئوردىدىن چىقىپ، مەنسەپ لىباسىنى سېلىپ، سىم بۆكىنى ئېلىۋېتىپ ئېتىغا مىندى - دە، پەرىشان ھالدا قارارگاھقا قايتتى. ۋۇ يۇڭلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. سەركەردىلەر سۈڭ جياڭنى كۆڭلى پەرىشان، چىرايى غەمكىن ھالدا كۆردى. ئۇلار ئايەمنى قۇتلۇقلاشتى. يۈزدىن ئوشۇق كىشى سالام بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئىككى قاتار بولۇپ تىزىلىپ تۇرۇشتى، سۈڭ جياڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ زۇۋان سۈرمەي تۇراتتى. ۋۇ يۇڭ ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئاغا، بۈگۈن ئۆزلىرى ئايەمنى قۇتلۇقلاپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، نېمىشقا غەمكىن تۇرىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ئەزەلدىن پېشانەم شور، تەلىيىم تەتۈر تۇغۇلۇپتىكەنمەن، — دېدى سۈڭ جياڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — قىتانلارنى تىرىپىرەن قىلىشتا تەرەپ - تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چەكتۇق، ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مېنىڭ كاساپىتىمدىن يارەنلىرىمنىڭ ئەجىر - تۆھپىسى يوققا چىقتى، شۇڭا غەمكىنمەن.

— ئاغا، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇنداق بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا پەرىشان بولىدىلا؟ ھەممە ئىش تەقدىر - پېشانىگە پۈتۈلگەن، ئارتۇقچە غەم قىلىشنىڭ ئورنى يوق، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— ئاغا، تازا ئەپلەشمگەن ئىش بولدى بۇ! ئۆز ۋاقتىدا لياڭشەن كۆلىدە ھېچكىم بىزنى بوزەك قىلالمايتتى. ئۆزلىرى بۇگۈنمۇ، ئەتىسىمۇ ئەل بولايلى دەۋەردىلە، ئەلمۇ بولدۇق، مانا ئەمدى بېشىمىزغا كەلگۈلۈك كەلدى. يارەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە تۇرۇپتۇ، يەنە لياڭشەن كۆلىگە قايتىپ بېرىپ شاد - خۇرام ياشايلى! — دېدى قارا قۇيۇن لى كۇي.

— ھەي ئەدەپسىز قارىمۇتۇق ھايۋان، — دەپ ۋارقىرىدى سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغا، — بىز ھازىر خان مۇلازىملىرى، ئوردىنىڭ ساپ دىل بەگلىرىمىز. ھاماقەت، قائىدە ئۇقمايدىغان نېمىكەنسەن، ئىسيان قىلىش نىيىتىڭدىن تېخى يانماپسەن - دە!

— ئاغا، مېنىڭ گېپىمگە كىرمىدىلە، ئەتە - ئۆگۈن تېخى كۆرىدىغىنىمىز بارغۇ! — دېدى لى كۇي جاۋابەن.

جامائەت كۈلۈشۈپ كېتىشتى، ئۇلار سۇڭ جياڭنىڭ يېگى يېشىنى مۇبارەكلەپ مەي تۇتتى. شۇ كۈنى ئۇلار ئەلياتقۇ مەھەلگىچە مەي ئىچىشىپ تارقاپ كېتىشتى. ئەتىسى ئون نەچچە ئاتلىق كىشى شەھەرگە كىردى ۋە سۇ ئەمىر، جاڭ ۋەزىر ۋە مەمۇري مەھكىمە بەگلىرىنىڭ ھوزۇرلىرىغا بېرىپ ئايىمىنى مۇبارەكلىدى، شەھەردە ئۇلارنى كۆرگۈچىلەر ناھايىتى كۆپ بولدى. كۆرگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرى دەرھال سەي جىڭ ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇنى خەۋەر قىلدى. ئەتىسى سەي جىڭ بۇنى ئەخرىقۇتقا يەتكۈزدى، ئەخرىقۇت مەمۇري مەھكىمىگە چەكلەش ئېلانى چىقىرىپ، شەھەر قوۋۇقلىرىغا چاپلاشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭدا: «يۇرۇش قىلغانلىكى سەركەردىلەر شەھەر سىرتىدىكى قوشلىرىدا تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتسۇن. بۇقىرىنىڭ چاقىرىش پەرمانى بولماي تۇرۇپ، شەھەرگە ئۆز مەيلىچە كىرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا، لەشكىري قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ» دېيىلگەنىدى. چاپارمەن بۇ ئېلانلارنى ئېلىپ كونا كۆۋرۈك قوۋۇقى سىرتىغىمۇ چاپلىدى. بۇ ئېلاننى كۆرگەن بىرى سۇڭ جياڭغا خەۋەر قىلدى. سۇڭ

جىياڭنىڭ دەردىگە دەرد قوشۇلدى، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سەركەردىلەرنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، ئىسيان كۆتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى، بۇنىڭغا پەقەت سۇلۇڭ جىياڭلا كاشىلا بولۇپ تۇراتتى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانلىرى مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭنى ئالاھىدە كېڭەشكە چاقىردى. ۋۇ يۇڭ كېمىگە چىقىپ لى جۈن، جاڭ خېڭ، جاڭ شۈن، رۈەن جەمەتىدىن بولغان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىلارنى كۆردى. ئۇلار مۇشاۋىرغا:

ـــ خان ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمىدى، مەككار بەگ ـ سىپاھلار ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، خاننى غاپىللىقتا قويدى. ئاغىمىز سۇلۇڭ جىياڭ قىتانلارنى تىرپىرەن قىلىپ، تيەن خۇنى يوقاتقان، يېقىندا ۋاڭ چىڭنى ئۇجۇقتۇرغان بولسىمۇ، ئارانلا مەھكىمە بېگى مەنسىپىگە ئېرىشتى. ھەرقايسىمىزنىڭ مەرتىۋىسىمۇ ئۆسمىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خان يەنە ئېلان چىقىرىپ، بىزنىڭ شەھەرگە كىرىشىمىزنى چەكلىدى. ئاشۇ بىر ئوچۇم مەككار بەگ ـ سىپاھلار ئاستا ـ ئاستا بۇرادەرلىرىمىزنى بىر ـ بىرىدىن جۇدا قىلىپ، ھەرقايسىمىزنى ھەر ياققا ھەيدىۋېتىدۇ. ئەمدى بىزگە ئۆزلىرى ئىگە بولسىلا، مۇبادا ئاغىمىز سۇلۇڭ جىياڭغا مەسلىھەت سالساق، ئۇ جەزمەن ماقۇل كۆرمەيدۇ. مەشەدىلا تىغ كۆتۈرۈپ چىقايلى، ئاستانىنى تالان ـ تاراج بىلەن قۇيقۇرۇق قىلىۋېتىپ، ئاندىن لياڭشەن كۆلىگە قايتىپ، غەلىيانچى بولۇپ كەتكىنىمىز تۈزۈك، ـــ دېدى.

ـــ بۇنى ئاغىمىز سۇلۇڭ دانىش زادى ماقۇل كۆرمەيدۇ، ـــ دېدى ۋۇ يۇڭ، ـــ سىلەر بىكار ئاۋارە بولىسىلەر، كاماندىن ئوق ئۈزمەي قاتتىق تارتىۋەرگەندە، كامان سۇنۇپ كېتىدۇ. «بېشى يوق يىلان ماڭالمايدۇ» دېگەن گەپ بار. مەن بۇ ئىشقا باش بولۇشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلاي؟ ئاغىمىز سۇلۇڭ جىياڭ ماقۇل كۆرگەندىلا، ئاندىن بۇ ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ، ناۋادا ئۇ ماقۇل كۆرمىسە، سىلەر

ئىسىيان كۆتۈرمىز دېگەن تەقدىردىمۇ، ئىسىيان كۆتۈرۈپ چىقالمايسىلەر!

سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئالتە ئاتامانى ۋۇ يۇڭنىڭ ئۆزلىرىگە ئىگە بولۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىسى شۈك بولۇشتى. ۋۇ يۇڭ بارگاھقا قايتىپ كېلىپ، سۇڭ جياڭ بىلەن لەشكىرىي ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشتى، ئۇ سۇڭ جياڭغا:

— ئەي مېھرىبان ئاغا، بۇرۇنلاردا ھەممە ئىش ئۆز ئەركىلىرىدە ئىدى، يارەنلەرمۇ شاد - خۇرام يۈرەتتى. خانغا ئەل بولغىنىمىزدىن كېيىن ئەل ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، خان مۇلازىمى بولدۇق. بىراق، پۈت - قولىمىز باغلىنىپ قېلىپ، مەرتىۋىگە ئېرىشەلمەسلىكىمىزنى كىم ئويلىغان دەيدىلا، بۇنىڭدىن يارەنلەر قېيىداۋاتىدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇڭ جياڭ چۆچۈپ:

— سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا بىرەرى بىرنېمە دېگەنگە ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— بۇ ئىنسانچىلىقتا بار گەپ، بۇنىڭغا يەنە گەپ كېتەمدۇ؟ قەدىمكىلەردە: «كىشىلەر بايلىق - دۆلەتمەنلىككە ئىنتىلىدۇ، يوقسۇزلۇق - پەسلىكتىن يىرگىنىدۇ» دېگەن گەپ بار. يارەنلەرنىڭ رەڭگىرويىدىن كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدىم، — دېدى ۋۇ يۇڭ جاۋابەن.

— مۇشاۋىر، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ئەگەر يارەنلەردە ئالا كۆڭۈللۈك بولسا، مەن ئۆلۈپ تەھتىساراغا كەتكىنىمدىمۇ ساداقەتمەنلىكىم ئۆزگەرمەيدۇ!

ئەتىسى سۇڭ جياڭ ئەتىگەن تۇرۇپ، لەشكىرىي ئىشلار ئۈستىدە كېڭىشىش ئۈچۈن سەركەردىلەرنى چاقىرتتى، چوڭ - كىچىك ھەممە سەركەردە ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا جەم بولدى. ئۇ:

— كەمىنە يۇنچېڭ ناھىيەسىنىڭ كىچىك ئەمەلدارى ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنىدىم، لېكىن سىلەر يارەنلىرىمنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن ھەرقايسىڭلارغا

پاسىبان بولدۇم، بۇگۈنكى كۈندە خاننىڭ مۇلازىملىقىغا ئېرىشتىم. كونىلاردا: «كامالەتكە يەتكەن كىشى ئەركىن بولالماس، ئەركىنلىكتىن كامالەتكە يەتكەن كىشى چىقماس» دېگەن ماقال بار. گەرچە ئوردا ئېلان چىقىرىپ، شەھەرگە كىرىشىمىزنى چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇۋاپىق بوپتۇ. سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ سەۋەبسىز شەھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت يوق. بىز تاغ ـ دالالاردا ئەلكېزەر بولۇپ يۈرگەچكە، ئارىمىزدا تومپايلار ئىنتايىن نۇرغۇن، ناۋادا بىرەر كىم شەھەرگە كىرىپ بىرەر ئىش تېرىپ قويسا، جەزمەن قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ، يەنە كېلىپ شەنىمىزگە داغ چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە بىزنى شەھەرگە كىرىشتىن چەكلىگىنى بىز ئۈچۈن ياخشى، ئەگەر سىلەر پۇت ـ قوللىرىمىز باغلىنىپ قالدى، دەپ ئالا كۆڭۈللۈك قىلساڭلار، ئالدى بىلەن مېنىڭ كاللامنى ئېلىپ، ئاندىن بىلگىنىڭلارنى قىلىڭلار. ئۇنداق قىلمىساڭلار، بۇ دۇنيادا مەن قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرىمەن ـ دە، سىلەرنى مەيلىڭلارغا قويۇپ بېرىمەن، ـــ دېدى.

ھەممەيلەن سۈڭ جياڭنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئانت ئىچتى، ئاندىن تارقىلىپ كېتىشتى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

تەڭرىقۇتقا كىم پىداكار، چىن ۋاپادار دەمسىلەر،
چىن ۋاپادار مۇشۇ سۈڭ دانىش ئەبەد ئۆچمەي كېتەر.
ئۆلتۈرۈش شەرمەندە پاسىق بەگ ـ سىپاھنى مەقسىتى،
ئاشۇ پاسىق خان يېنىدا كۆڭلى ياۋغا تەلپۈنەر.

سۈڭ جياڭنىڭ سەركەردىلىرى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىشى بولمىسا شەھەرگىمۇ كىرمىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە نورۇز ئېيىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى بولىدىغان پانۇس بايرىمى كېلىپ

قالدى، ئاستانىنىڭ ئادىتى بويىچە بۇ بايرام رەڭگارەڭ پانۇسلار ئېسىپ قۇتلۇقلىناتتى، كوچا ـ كويلار ۋە ھەرقايسى مەھكىمىلەرنىڭ قوۋۇقلىرىغا پانۇسلار ئېسىلاتتى. سۇڭ جياڭ قوشىدىكى ئالىقانات يەن چىڭ بىلەن لي خې: «ئاستانىدە ئۇ كۈنى رەڭگارەڭ پانۇسلار ئېسىلىپ تاماشا بولىدۇ، خالايىق مەمۇرچىلىق يىلىنىڭ كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەيدۇ، شۇ كۈنى تەڭرىقۇتمۇ يۇقىرىلار بىلەن بىللە تاماشا قىلىدۇ، ئىككىمىز كىيىملىرىمىزنى يۆتكەپ، شەھەرگە يوشۇرۇنچە كىرىپ، تاماشا كۆرۈپ كېلەيلى» دەپ مەسلىھەتلەشتى. دەل بۇ مەسلىھەت بولۇۋاتقان چاغدا كىمدۇر بىرى:

— پانۇس تاماشىسىنى كۆرۈشكە مېنىمۇ بىللە ئالغاچ بېرىڭلار، — دېدى.

يەن چىڭ قارىسا، ئۇ قارا قۇيۇن لى كۈي ئىكەن.

— سىلەرنىڭ مەندىن يوشۇرۇنچە پانۇس تاماشىسىنى كۆرۈشكە بېرىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقىنىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغىنىمغا خېلى بولدى، — دېدى ئۇ.

— سېنىمۇ قوشۇۋالساق بولاتتى، بىراق سېنىڭ مىجەزىڭ ئوسال، بارساڭ چوقۇم جېدەل ـ ماجىرا تېرىيسەن. مەمۇرىي مەھكىمە ئېلان چىقىرىپ بىزنىڭ شەھەرگە كىرىشىمىزنى چەكلەپ قويدى. مۇبادا سېنىمۇ بىللە ئالغاچ بارساق، بىرەر جاڭجال چىقىرىپ قويساڭ، دەل مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قۇرغان تۇزىقىغا چۈشۈپ قالىمىز، — دېدى يەن چىڭ.

— بۇ دورەم مەن جېدەل چىقارمايمەن، سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئىش قىلىمەن، — دېدى لى كۈي.

— ئۇنداق بولسا ئەتە ھەممىمىز يولۇچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، سەن بىلەن بىللە شەھەرگە كىرىمىز، — دېدى يەن چىڭ.

لى كۈي بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بولدى، ئەتىسى ئۇچىلىسى يولۇچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، يەن چىڭنىڭ خىزمەتچىسى

سۈپىتىدە ئۇنىڭ بىلەن شەھەرگە كىرمەكچى بولدى. لى خې لى كۈيدىن قورققاچقا، شى چيەن بىلەن جىمجىملا شەھەرگە بالدۇر كېتىپ قاپتۇ. يەن چىڭ لى كۈيدىن قۇتۇلالماي، نائىلاج ئۇنىڭ بىلەن بىللە پانۇس كۆرۈشكە شەھەرگە ماڭدى. ئۇلار كونا كۆۋرۈك قوۋۇقىدىن كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئايلىنىپ مېڭىپ فېڭچيۇ قوۋۇقىدىن شەھەرگە كىردى. ئىككىسى قولتۇقلىشىپ ساڭ جەمەتى مەھەللىسىگە كەلدى. بۇ يەردە ئويۇن - تاماشا سورۇنىدا جاڭ ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى، لى كۈي كىرىپ كۆرەيلى دەپ تۇرۇۋالدى. يەن چىڭ ئىلاجسىز ئۇنىڭ بىلەن كىرىپ كىشىلەر توپى ئارىسىدا تۇردى، قارىسا يۇقىرىدا بىر مەدداھ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»دە بايان قىلىنغان گۇەن يۈنچاڭنىڭ ئۇستىخىنىدىكى زەھەرنى قىرىپ داۋالىغانلىقىنى سۆزلەۋېتىپتۇ، ئەينى ۋاقىتتا گۇەن يۈنچاڭنىڭ سول بىلىكىگە كامان ئوقى تېگىپ، زەھەر ئوق ئۇنىڭ ئۇستىخىنىغىچە كىرىپ كەتكەنىكەن. ئەمچى خۇا تو ئۇنىڭغا: «ئەگەر بىلىكىڭىزدىكى زەھەرنى تازىلىماقچى بولساڭ، بىر مىس تۈۋرۈك ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا تۆمۈر ھالقا باغلايسەن، بىلىكىڭنى ھالقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئارغامچا بىلەن تاڭىسەن، ئاندىن تېرە - ئەتلىرىڭنى ئۇستىخىنىڭ ئېچىلغۇچە كېسىمەن - دە، ئۇستىخىنىڭدىكى زەھەرنى قىرىپ تاشلاپ، ياغقا چىلانغان يىپ بىلەن تىكىپ قويىمەن، ياراڭغا دورا سۈركەپ تېڭىپ، ئەت ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان دورىنى ئىچۈرىمەن. شۇنداق قىلسام يېرىم ئايغا قالماي سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنى داۋالاش ئاسان ئەمەس» دەپتۇ. گۇەن ھەزرەت قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «ئۆلۈمدىن قورقمىغان ئەر، قولنىڭ ئاغرىشىدىن قورقامدىكەن؟ مىس تۈۋرۈك بىلەن ھالقىنىڭ ھاجىتى يوق، مۇشۇنداقلا كېسىۋەرگىن!» دەپ شاھمات تاختىسىنى ئەكەلدۈرۈپ، بىر مېھمان بىلەن شاھمات ئويناشقا چۈشۈپتۇ - دە، سول بىلىكىنى سوزۇپ، خۇا توغا سۆڭىكىدىكى زەھەرنى قىرىپ چىقارغۇزۇپتۇ،

www.uyghurkitap.com

ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپمۇ قويماي، مېھمان بىلەن پاراڭ ـ چاقچاق قىلىپ ئويناپ ئولتۇرۇپتۇ، ھېكايە مۇشۇ جايغا كەلگەندە، كىشىلەر توپى ئارىسىدىكى لى كۈي: «بەللى، ئوغۇل بالا دېگەن شۇ ـ دە !» دەپ توۋلىدى. خالايىق ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ لى كۈيغا قاراشتى. يەن چىڭ لى كۈينى ئالدىراپ ـ تېنەپ توختىتىپ:

— لى ئاغا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئويۇن ـ تاماشا سورۇنىدا كەلسە ـ كەلمەس توۋلىساڭ بولامدۇ ! — دېدى.

— ھېكايىنىڭ بۇ يېرىگە كەلگەندە، كىشى «بەللى» دېمەي تۇرالمايدۇ — دە ! — دېدى لى كۈي.

يەن چىڭ لى كۈينىڭ قولىدىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئىككىيلەن ساڭ جەمەتى مەھەللىسىدىن ئايرىلىپ بىر دوقمۇشتىن بۇرۇلغاندا، بىر يىگىتنىڭ بىر ئۆيگە داڭگال ـ كېسەك ئېتىۋاتانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئۆيدىكى ئادەم:

— تېپىتىنچ دۇنيا، باغرى كەڭ ئالەمدە پۇلۇمنى بەرمەك تۇگۇل، ئۆيۈمگە كېلىپ ئۇرۇشۇۋاتقىنىنى قاراڭلار، — دەيتتى.

قارا قۇيۇن بۇ ئادالەتسىزلىكنى كۆرۈپ، ئۇرۇشۇشقا تەمشەلدى. يەن چىڭ ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى، لى كۈينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېلىشماقچى بولدى، ھېلىقى يىگىت لى كۈيغا:

— مېنىڭ ئۇنىڭدا ئېلىشىم بار، سېنىڭ كارىڭ نېمە؟ ئەتە ـ ئۆگۈن مەن جاڭ باسقاقبەگ بىلەن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يۈرۈش قىلىمەن، سەن ماڭا چېقىلما. ئۇ يەرگە بارسامۇ يەنە شۇ بىر ئۆلۈم، ئېلىشىمەن دېسەڭ، چىقە قېنى ! بۇ يەردە ئۆلسەممۇ ئوبدان بىر جەسەت ساندۇقىغا ئىگە بولىمەن تېخى، — دېدى.

— چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋىنىگە يۈرۈش قىلىمەن دەمسەن؟ ئۇياقتا لەشكەر تارتىپ بىرىشنى ئاڭلىماپتۇق، — دېدى لى كۈي.

يەن چىڭ ئۇنىڭغا ھاي بېرىپ، جېدەل چىقىرىشتىن

توختىتىۋالدى. ئىككىسى دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ بۇ كوچىدىن كەتتى، مېڭىپ بىر چايخانىغا كەلدى. چايخانىغا كىرىپ، ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا بىر مويسىپىت بوۋاي ئولتۇراتتى، ئۇ يەن چىڭلارنى چايغا تەكلىپ قىلىپ پاراڭلاشتى. يەن چىڭ ئۇنىڭدىن:

— هەي ئاتا، ئابايا كوچا دوقمۇشىدا بىر چىبىرىك جىبدەل چىقارغانىدى، ئۇ جاڭ باسقاقبەگ بىلەن بىللە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋىنىگە جازا يۈرۈشى قىلغىلى بارىمەن دەيدۇ، راستلا ئۇ يەرگە جازا يۈرۈشى قىلامدىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— مېھمان، ئاڭلىماپتىكەنلىدە. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋىنىدە قاراقچى فاڭ لا ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقىپ، سەككىز ئايماق، يىگىرمە بەش ناھىيەنى ئىشغال قىلىۋاپتۇ. مۇجۇ ئايمىقىدىن باشلاپ رۇنجۇ ئايمىقىغىچە ئۆز ئالدىغا بىر خانلىق قۇرۇپتۇ. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ياڭجۇ ئايمىقىغا هۇجۇم قىلغۇدەك. شۇڭا، خان جاڭ باسقاقبەگ بىلەن ليۇ تۇتۇقبەگنى قاراقچىلارنى تازىلاشقا ئەۋەتكۇدەك، — دېدى بوۋاي.

يەن چىڭ بىلەن لى كۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، هاپىلا - شاپىلا چاي پۇلىنى تۆلىدى ۋە بۇ كوچىدىن چىقىپ، قوشقا قايتتى، ئۇلار كېلىپ مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭغا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلدى. ۋۇ يۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن شادلاندى، ئۇ تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭغا چاڭجياڭنىڭ تۆۋىنىدە فاڭ لانىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى، خاننىڭ ئۇلار ئۇستىگە جاڭ باسقاقبەگنى لەشكەر تارتىپ بېرىشقا ئەۋەتمەك بولغانلىقىنى ئېيتتى. سۇڭ جياڭ ئاڭلاپ:

— سەركەردە - سەرۋازلىرىمىزنىڭ بۇ يەردە بىكار يېتىۋېرىشى ئانچە ياخشى ئەمەس. ئۇنىڭدىن كۆرە سۇ ئەمىر هۇزۇرىغا بېرىپ ئۆزىمىزنىڭ لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلىش ئىستىكىمىزنى تەڭرىقۇتقا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئىلتىجا قىلايلى، — دېدى ۋە شۇ زامان سەركەردىلەرنى يىغىپ مەسلىھەت

تۈزدى، سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەسلىھەتتىن شادلاندى. ئەتىسى سۇڭ جياڭ تون يەڭگۈشلەپ، يەن چىڭنى ئەگەشتۈرگىنىچە شۇ گەپنى ئېيتىشقا ماڭدى. ئۇ شەھەرگە كىرىپ، ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. ئەمىر ئۆز مەھكىمىسىدە ئىكەن. ئۇلار ئادەم كىرگۈزۈپ ئەمىرگە خەۋەر قىلدى. ئەمىر ئۇلارغا دەرھال كىرىشكە ئىجازەت بەردى. سۇڭ جياڭ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلدى. ئەمىر ئۇنىڭدىن:

— خوش سەردار، ئەجەبا تونلىرىنى يۆتكەپ كېلىپتىلىغۇ؟ — دېدى.

— يېقىندا مەمۇرىي مەھكىمە ئېلان چىقىرىپ، جازا يۈرۈشى قىلىشقا بارغان سەركەردە - سەرۋازلارنىڭ ئۆز مەيلىچە شەھەرگە كىرىشىنى چەكلىگەنىدى. بۈگۈن پېقىر ھەممەتلىك ئەمىرگە ئىلتىجا قىلىش ئۈچۈن يوشۇرۇنچە بۇ يەرگە كەلدىم. ئاڭلىشىمچە، چاڭجياڭنىڭ تۆۋىنىدە فاڭ لا ئىسيان كۆتۈرۈپ ئايماق - ناھىيەلەرنى ئىشغال قىلىۋاپتۇ، ئۇ ئۆز ئالدىغا خانلىق تىكلەپ، رۇنجۇغىچە كەپتۇدەك. ھەرقاچان ئۇلار چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ياڭجۇغا باستۇرۇپ كېلىدۇ. پېقىرنىڭ لەشكەرلىرى بىكار ياتقىلى ئۇزاق بولدى. بۇ يەردە تۇرىۋەرسەك مۇۋاپىق بولماس. بىز قول ئاستىمىزدىكى لەشكەرلەرنى باشلاپ ئۇ يەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ساداقەتمەنلىك بىلەن ئەل ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىشنى خالايمىز. ھەممەتلىك ئەمىر، ئۆزلىرىدىن تەڭرىقۇتقا بۇ تىلىكىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇشلىرىنى سورايمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— سەركەردەم، بۇ گەپلىرى مېنىڭ ئويلىغىنىم بىلەن بىر يەردىن چىقتى، — دېدى سۇ ئەمىر بۇ باياندىن تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، — كەمىنىلىرى جان - دىلىم بىلەن تەڭرىقۇتقا يەتكۈزىمەن. سىلى قايتىپ تۇرسىلا، ئەتە ئەتىگەن كەمىنىلىرى تەڭرىقۇتقا ئەرزلىرىنى ئۆز ئەينى بويىچە بايان قىلاي، تەڭرىقۇت

ئەلۋەتتە ھەرقايسىلىرىنى تەيىنلەيدۇ.
سۇڭ جياڭ سۇ ئەمىر بىلەن خەيرلىشىپ، قوشقا قايتتى. ئۇ ئەھۋالنى يارەنلىرىگە سۆزلەپ بەردى.
سۇ ئەمىرگە كەلسەك، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاۋاپ ـ تەزىم ئۇچۇن ئوردىغا كەلدى. تەخرىقۇت كوجە ـ ئىسرىقلار قەسرىسىدە قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلار بىلەن چاڭجياڭنىڭ تۆۋىنىدە، فاڭ لانىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ پاراكەندىچىلىك قىلىۋاتقانلىقى، سەككىز ئايماق، يىگىرمە بەش ناھىيەنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى، شاھ يىلنامىسىنى ئۆزگەرتىپ، خانلىق تىكلىگەنلىكى، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، ياڭجوغا باستۇرۇپ كىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. تەخرىقۇت:
— جاڭ باسقاقبەگ بىلەن ليۇ تۇتۇقبەگنى جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەيىنلىگەنىدىم، تېخى ئۇچۇرىنى ئالالمىدىم، — دېدى.
— بۇ قاراقچىلار زور بالا ـ قازاغا ئايلىنىپ قالدى. ھەزرىتى ئالىيلىرى جاڭ باسقاقبەگ ۋە ليۇ تۇتۇقبەگنى ئەۋەتمەكچى بوپتۇلا، ئەمدى يەنە كونىپىتىشقا جازا يۈرۈشى قىلىپ زەپەر قۇچۇپ قايتقان سۇڭ جياڭ تۇرشاۋۇلنى ئەۋەتسىلە، بۇ ئىككى تارام لەشكەر تۇرشاۋۇل قىسىم بولۇپ بارسا، قاراقچىلارنى تازىلاپ، زور ئەجىر ـ تۆھپە يارىتىدۇ، — دەپ ئىلتىجا قىلدى سۇ ئەمىر ئالدىغا چىقىپ.
تەخرىقۇت ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ شادلاندى ـ دە، دەرھال دىۋانبېگىگە مەمۇرىي مەھكىمە بېگىنى چاقىرىپ كەل، مۇقەددەس پەرماننى ئاڭلىسۇن دەپ ئەمر قىلدى. شۇ چاغدا جاڭ باسقاقبەگ، سۇڭ ۋە گېن مەسلىھەتچىلەرمۇ تەخرىقۇتقا سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئالدىنقى سەپ تۇرشاۋۇلى بولسا، دەپ ئىلتىماس قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمە بېگى كوجە ـ ئىسرىق قەسرىگە كېلىپ مۇقەددەس پەرماننى ئالدى ـ دە، دەرھال تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ بىلەن ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۈنيىنى

كۇجە ـ ئىسرىق قەسرىسىگە كېلىپ تەڭرىقۇتنى تاۋاپ قىلىشقا چاقىردى. ئۇلار كېلىپ تەڭرىقۇتقا ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن تەڭرىقۇت پەرمان چۈشۈردى. سۇڭ جياڭنى تۆۋەن ئىقلىمنى تىنچىتقۇچى لەشكەرلەرنىڭ ئالىي باشبۇغى، فاڭ لاغا جازا يۈرۈشى قىلىش تۇرشاۋۇلى قىلىپ تەيىنلىدى؛ لۇ جۇنيىنى لەشكەرلەرنىڭ ئورۇنباسار ئالىي باشبۇغى، تۆۋەن ئىقلىمنى تىنچىتىش ئورۇنباسار تۇرشاۋۇلى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا بىردىن زەر كەمەر، بىردىن كىمخاب تون، بىردىن زەر قۇياغ، بىردىن ئېسىل ئات، يىگىرمە بەش توپتىن رەڭدار دۇردۇن ئىنئام قىلدى. باشقا ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەرنىڭ ھەربىرىگە تاۋار ـ دۇردۇن، پۇل ـ پۈچەكلەر تارتۇق قىلدى ۋە كېيىن كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەنسەپكە قويىدىغان بولدى. ئۈچ قوشۇن ئاتامانلىرىغا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ھەدىيە قىلدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خان خەزىنىسىدىن ئاچىقىپ بېرىلىدىغان بولدى، سەپەرگە چىقىدىغان قەرەلمۇ بەلگىلەندى. سۇڭ جياڭ بىلەن لۇ جۇنيى مۇقەددەس يارلىقنى ئېلىپ تەڭرىقۇت بىلەن خوشلاشتى. خان ئۇلارغا:

— سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قاشتاشقا خەت ئويىدىغان جىن داجيەن دېگەن ئادەم، يەنە ئاتنىڭ ئېسىلىنى تونۇيدىغان خۇاڭ فۇدۇەن دېگەن ئادەم بار ئىكەن، شۇ ئىككىسىنى قالدۇرۇپ كېتىڭلار، مېنىڭ ھوزۇرۇمدا ئىشلەيدۇ، — دېدى.

سۇڭ جياڭ، لۇ جۇنيىلەر خان بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خانغا يەنە باش ئۇرۇپ تەشەككۈر بىلدۈردى ـ دە، ئوردىدىن چىقىپ، ئاتلىنىپ قوشقا قايتتى.

سۇڭ جياڭ بىلەن لۇ جۇنيى ئات ئۈستىدە كۆڭلى يايراپ قاتار ماڭدى. ئۇلار شەھەردىن چىقىۋېتىپ كوچىدا بىر يىگىتنى ئۇچراتتى. ئۇ يىگىت ئىككى تاياقتا يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن بىرنىمىنى ئويناۋېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن ۋىڭىلداپ ئاۋاز

www.uyghurkitap.com

چىقمۇۋېتىپتۇ. سۇك جياڭ ئۇنى كۆرۈپ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىدى، ئۇ بىر لەشكەرگە ئۇ يىگىتنى چاقىرتىپ:
— قولۇڭدىكى نېمە؟ — دەپ سورىدى يىگىتتىن.
— ۋىغىلداق دېگەن شۇ، قول بىلەن سوزسا ۋىغىلدايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت.
سۇك جياڭ شۇ ھامان مۇنۇ نەزمىنى پۈتتى:

گاھى ئۈنلۈك، گاھى پەس چىقتى ۋىغىلداقتىن سادا،
كەتتى ياڭراپ شۇ ساداسى يەتتە قات ئاسمان ئارا.
شۇنچە كۆپ بولغان بىلەن ئۇندا كارامەت ـ قۇدرەت،
كۆرسىتەلمەيدۇ كارامەت ئالمىسا قولغا باكا.

— بۇ ۋىغىلداق ئىككىمىزگە ئوخشايدىكەن، ئالەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك خاسىيتى بولغان بىلەنمۇ، كىشىلەر ئۇنى قولغا ئالمىسا قانداق ۋىغىلدايدۇ! — دېدى سۇك جياڭ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ لۇ جۈنيىگە قاراپ كۈلۈپ.
— ئاغا، ئەجەب بۇ گەپنى قىلىپ قالدىلىغۇ؟ بىزنىڭ قورسىقىمىزدىكى بىلىممۇ قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئاتاقلىق سەركەردىلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ئەگەر ئىستىپداتىمىز بولمىغان بولسا، باشقىلار بىزنى ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ نېمىگە ئەسقاتاتتۇق؟ — دېدى لۇ جۈنيى.
— يېڭىلىشىۋاتىدىلا ئەزىز ئىنىم! ناۋادا سۇ ئەمىر تەڭرىقۇتقا سۇلھى ـ سالا قىلمىغان بولسا، تەڭرىقۇت بىزنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەتتىمۇ، ئادەم دېگەن خەقنىڭ قىلغان ئەقىدىسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم، — دېدى سۇك جياڭ.
لۇ جۈنيى ئۆزىنىڭ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلىپ گەپ قايتۇرالمىدى.
ئىككىسى قوشقا قايتىپ كېلىپ بارگاھقا كىرىپ ئولتۇردى. ئۇلار بارلىق سەركەردىلەرنى يىغىپ مەسلىھەت تۈزدى. ئايال

www.uyghurkitap.com

سەركەردە چيۇڭ يىڭ هامىلدار بولۇپ ئاغرىپ قالغانلىقتىن، ئاستانىدە قالدىغان بولدى. ئۇنىڭغا قاراشقا ۋە ئۇنى داۋالىتىشقا يې چىڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى قالدىغان بولدى، بۇلاردىن باشقا سەركەردىلەر ئېگەر ـ توقۇم، ئات ـ ئۇلاغ، كىيىم ـ كېچەك، قورال ـ ياراغلىرىنى تەييارلاپ، فاڭ لاغا قارشى جازا يۈرۈشىگە ئاتلىنىدىغان بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە چيۇڭ يىڭنىڭ كېسىلى ساقىيىپ، ئاي ـ كۈنى توشۇپ، دومىلاقتىنا، يوغان قولاقلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى جاڭ جيې قويۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇ ئېرىنى قاراقچى سەركەردىلەردىن لى تيەنرۇن يېتىم قارىغاي چاقىسىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قايغۇ ـ ھەسرەتتە ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ، ئۇ ئۆزى يې چىڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن يېتىم قارىغاي چاقىسىغا بېرىپ، ئېرى جاڭ چىڭنىڭ جەسىتىنى ئېرىنىڭ يۇرتى جاڭدې دىيارىغا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىپتۇ. كەينىدىن يې چىڭ كېسەل بىلەن قازا تېپىپتۇ. چيۇڭ يىڭ ئەن ئاتلىق موماي بىلەن يېتىم ئوغلىنى بېقىپتۇ. ئوغلى جاڭ جيې چوڭ بولۇپ، ۋۇ جيېگە ئەگىشىپ، جىن ۋۇجۇنى خىشاڭيۇەندە سۇر ـ توقاي قىپتۇ، ئۇ ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى چۇشۇرۇپ باشقىچە ياسانغان ھالدا قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن جاڭ جيې مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، ئۆيىگە قايتىپ، قالغان ئۆمرىنى ئانىسى بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. خانغا باشقىلار ئۇنىڭ ئانىسى ئەقىدىمەن خوتۇن، تەرىپ ـ تەۋسىيلەنسە دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. مانا بۇ چيۇڭ يىڭنىڭ ئەقىدىمەن، ۋاپادار، مەرد ئايال بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، سۇڭ جياڭ تەگرىقۇتنىڭ فاڭ لاغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىش پەرمانىنى ئالغان كۈننىڭ ئەتىسى خەزىنىدىن ئىنئام قىلىنغان تاۋار ـ دۇردۇن، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۈچ قوشۇننىڭ ئاتامانلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. جىن داجيەن بىلەن خۇاڭ فۇدۇەننى خان ھۇزۇرىغا ئۇزاتتى. ئۇ بىر ياقتىن سۇ لەشكەرلىرى ئاتامانلىرىنى

پالاق، يەلكەنلەرنى تەخلەپ، كېمە بىلەن بالدۇرراق سەپەرگە چىقىشقا بۇيرۇدى. ئاتلىق لەشكەرلەر ئاتامانلىرىغىمۇ ئوقيا ـ كامان، نەيزە ـ قىلىچ، كىيىم ـ كېچەك، قۇياغ ـ قالقانلىرىنى تەخلەشنى بۇيرۇدى. سۇ لەشكەرلىرى ۋە ئاتلىق لەشكەرلەر تەخ بولۇشۇپ، كېمە، ئات بىلەن سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن تەڭ سەپەرگە ئاتلانماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا ۋەزىرئەزەم سەي جىڭنىڭ مۇلازىمى قوشقا يېتىپ كەلدى، ئۇ تەۋەررۇك قول تالىپ شياۋ راڭنى خەتتاتلىققا سورىدى. ئەتىسى ۋاڭ ئەمىر ئۆزى كېلىپ، سۇڭ جياڭدىن ناخشچى زىل كاناي لي خېنى ئۆز مەھكىمىسىگە بېرىشنى سورىدى. سۇڭ جياڭ نائىلاج ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، سۇڭ جياڭ يەنە ئىككى ئادەمنى ئۇزىتىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن سۇڭ جياڭ بەش يارەندىن جۇدا بولغانلىقىغا كۆڭلى ئىنتايىن پەرشان بولدى. ئۇ لۇ جۇنيى بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، لەشكەرلەرگە يولغا چىقىشنى بۇيرۇدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى. چاڭجياڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە فاڭ لانىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىگە ئۇزاق بولغانىدى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىپ، ئويلىمىغان يەردىن زور ئىشلارنى قىلدى. ئۇ ئەسلى شېجۇ ئايمىقىنىڭ تاغلىرىدىكى ئوتۇنچى ئىدى، بىر كۈنى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ قولىنى يۇيۇۋاتقاندا، سۇدا ئۆزىنى بېشىغا خانلىق تاج، ئۇچىسىغا شاھانە لىباس كىيگەن ھالدا كۆرۈپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە خان بولۇش پۈتۈلگەن دەپ يورۇپتۇ. جۇ مىيەن ۋۇجۇڭدا پۈقرالاردىن ئەرمەك مەرمەر تېشى يىغقاندا پۈقرالار قاتتىق نارازى بولۇپ، ھەممە كىشى ئىسيان كۆتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى، فاڭ لا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى، چىڭشى ناھىيەسىدىكى باڭيۇەن غارىنىڭ ئىچىگە ئوردا، چارباغ، قەسىر ـ راۋاقلار سالدى. مۇجۇ، شېجۇ ئايماقلىرىدا قارارگاھلارنى بەرپا قىلىپ، قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلارنى، بەگ ـ سىپاھلارنى، مەمۇرىي مەھكىمە تۆرە بەگلىرىنى، ۋەزىر ۋە

سەردار قاتارلىق ئەلەمدارلارنى بەلگىلىندى. موجو ئايمىقى ھازىرقى جيەندې ئىدى، سۇڭ خانلىقى ئۇنى يەنجۇ ئايمىقى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. شىجو ئايمىقى ھازىرقى ۋۇيۇەن ئىدى، سۇڭ خانلىقى ئۇنى خۇەنجۇ ئايمىقى قىلىپ ئۆزگەرتكەندى. فاڭ لا مۇشۇ يەردىن باشلاپ رۇنجۇ ئايمىقىغىچە، يەنى ھازىرقى جېنجياڭغىچە ئىشغال قىلدى. جەمئىي سەككىز ئايماق، يىگىرمە بەش ناھىيەنى ئىگىلىدى. بۇ سەككىز ئايماق شىجو، موجو، خاڭجو، سۇجو، چاڭجو، خۇجو، شۇەنجو، رۇنجو دېگەن ئايماقلار ئىدى. يىگىرمە بەش ناھىيە بولسا مۇشۇ سەككىز ئايماقنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. بۇ چاغدا جياشىن، سۇڭجياڭ، چۇڭدې، خەينىڭلارنىڭ ھەممىسى ناھىيە ئىدى. فاڭ لا ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، بىر ئىقلىمنى ئۆز ئالدىغا سوردى، ئۇنى سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. ئەسلىدە فاڭ لا (方腊) دېگەن ئىسىم تەڭرى ۋەھىيسىگە بىنائەن تۈزۈلگەن قىسمەت رىسالىسىگە پۈتۈلگەن، رىسالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئون مىڭ (万) ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇلسا فاڭ (方) بولىدۇ، قىش پەسلىنىڭ ئاخىرى لا (腊) ھاسىل بولۇپ مۆتىۋەرگە ئايلىنىدۇ، بۇ مۆتىۋەر جىڭشۈي ئېقىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ ۋۇشىندا ئايان بولىدۇ.» دېمەك، بۇ بۇنىڭدىن فاڭ لا دېگەن نام كېلىپ چىقىپ، تۆۋەن ئىقلىمغا خان بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. فاڭ لا چاڭجياڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى سەككىز ئايماقنى ئىگىلىدى. بۇ ئارىلىقتا چاڭجياڭ دەرياسى توسالغۇ بولۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇەيشىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى. سۇڭ جياڭ سەركەردىلەرنى تاللاپ سەپەرگە ئاتلانماق بولدى. ئۇ مەمۇرىي مەھكىمە بەگلىرى بىلەن خەيرلەشتى. سۇ ئەمىر، جاۋ ۋەزىرلەر ئۈزىتىشقا ئۆزلىرى كەلدى ۋە ئۈچ قوشۇننى تارتۇقلىدى. سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانلىرى جەڭ كېمىلىرىنى سىشۈي ئېقىنىدىن خۇەيخې دەرياسىغا ھەيدەپ كىرىپ، خۇەيئەن قەلئەسىدىكى توغانغا قاراپ

يول ئالدى. ھەممىسى ياڭجۇغا بىرىپ جەم بولىدىغان بولدى. سوڭ جياڭ، لۇ جۈنيىلەر سۇ ئەمىر ۋە جاۋ ۋەزىر بىلەن خوشلىشىپ، لەشكەرلىرىنى بەش تارامغا بۆلدى ۋە قۇرۇقلۇقتىن ياڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى. يولدا ھېچبىر ۋەقە ئۆتۈلمىدى. ھىماتچى قوشۇن خۇەيئەنگە كېلىپ جايلاشتى. بۇ ئايماقتىكى ئەمەلدارلار مەرىكە سورۇنى ھازىرلاپ، سوڭ تۇرشاۋۇلىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى، ئۇ كەلگەندىن كېيىن شەھەرگە ئەكىرىپ كۈتۈۋالدى ۋە:

— فاڭ لانىڭ قاراقچى لەشكەرلىرى ئىنتايىن كۆپ، ياۋنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ئالدىمىزدا ياڭزىجياڭ دەرياسى بار، بۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋىنىدىكى بىرىنچى خەتەرلىك ئۆتكەل. دەريادىن ئۆتسە رۇنجۇ ئايمىقى بار. ھازىر فاڭ لانىڭ قول ئاستىدىكى ۋازىر لۈ شىناڭ بىلەن ئون ئىككى قولباش دەريا قىرغىقىنى قوغداپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر رۇنجۇ ئايمىقىنى ئالالمىساق، ياۋغا تاقابىل تۇرۇش تەس كېلىدۇ، — دەپ ئەرز ئېيتتى.

سوڭ جياڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭنى ئوبدان بىر چارە تېپىش ئۈچۈن چاقىردى. ئالدى تەرەپتە چوڭ دەريا يولنى توسۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، سۇ لەشكەرلىرىنىڭ كېمە بىلەن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ۋۇ يۇڭ:

— ياڭزىجياڭ دەرياسى بويىدا جىنشەن ۋە جياۋشەن تېغى بار، بۇ تاغلار رۇنجۇ شەھىرىگە تاقىشىدۇ. بىرنەچچە يارەنلەرنى پايلاقچىلىققا ئەۋەتەيلى، ئۇلار دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىكى ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ، دەريادىن قانداق كېمە بىلەن ئۆتۈشكە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ كەلسۇن، — دېدى.

سوڭ جياڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانلىرىنى چاقىرىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا:

— يارەنلەر، قايسىڭلار پايلاقچى بولۇپ دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىكى ئەھۋاللارنى بىلىپ كېلىشكە بارىسىلەر؟ — دېدى.

سۇڭ جياڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن تۆت سەركەردە بىرىشىنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئالدىغا چىقتى. ئەيىيۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! مۇبادا بۇ بىرنەچچە ئادەم پايلاقچىلىقا بارمىغان بولسا، جەسەتلەر بىيىگۇشەن تېغىدەك دۆۋىلەنمىگەن، ياڭزىجياڭ دەرياسى قىزىل قان بىلەن بويالمىغان بولاتتى. دەرھەقىقەت: لەشكەرلەر ئۇچار ئەجدىھا سىپىدىن ئۇچقاندەك ئۆتتى، جەڭ كېمىلىرى ئاق غاز كېچىكىنى ئىگىلىدى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى فاڭ لانى زادى قانداق يىغىشتۇرغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئون بىرىنچى باب

## جاڭ شۈننىڭ جىنشەن ئىبادەتخانىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى سۈڭ جياڭنىڭ رۇنجۇ شەھىرىنى پەم بىلەن ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، توققۇز مىڭ ئۈچ يۈز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ ياڭزىجياڭ دەرياسىغا خەنياڭجياڭ، شۈنياڭجياڭ، ياڭزىجياڭ دەريالىرى تۇتىشىدۇ. بۇ دەريا سىچۈەندىن باشلىنىپ، نۇرغۇن جايلار ئارقىلىق دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ، شۇڭا ئۇ ئون مىڭ چاقىرىملىق چاڭجياڭ دەرياسى دەپ ئاتالغان. دەريا ۋادىلىرىدا ۋۇ ۋە چۇ دېگەن بەگلىكلەر بار ئىدى. دەريا ئوتتۇرىسىدا جىنشەن تېغى ۋە جياۋشەن تېغى دېگەن ئىككى تاغ بار. جىنشەن تېغىدا بىر ئىبادەتخانا بار، ئۇ ئىبادەتخانا تاغنى چۆرىدەپ سېلىنغاچقا، تاغنى ئىچىگە ئالغان ئىبادەتخانا دەپ ئاتالغان. جياۋشەن تېغىدا بىر ئىبادەتخانا بار، ئۇ تاغ جىلغىسى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، سىرتقا كۆرۈنمەيدىغان بولغاچقا، تاغ ئىچىگە ئالغان ئىبادەتخانا دەپ ئاتالغان. بۇ ئىككى تاغ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، چۇ بەگلىكى زېمىنىنىڭ ئاياغلاشقان، ۋۇ بەگلىكى زېمىنىنىڭ باشلانغان يېرىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە خۇەيدۇڭدىكى ياڭجۇ شەھىرى، يەنە بىر تەرىپىدە جېشىدىكى رۇنجۇ شەھىرى، يەنى ھازىرقى جېنجياڭ شەھىرى بار ئىدى.

ئەمدى رۇنجۇ شەھىرىگە كېلەيلى. بۇ شەھەرنى فاڭ لانىڭ قول ئاستىدىكى كۈنچىقىش دىۋان لەشكىرىي ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى لۈ شىناڭ قوغداپ تۇراتتى. بۇ ئادەم ئەسلىي شىنجۇ ئايمىقىدىكى بىر باي ئىدى، ئۇ فاڭ لاغا پۇل ــ پۇچەك، ئوزۇق ــ تۈلۈكلەر

www.uyghurkitap.com

سوۋغا قىلغانلىقى ئۈچۈن، كۈنچىقىش دىۋان لەشكىرىي ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا تەيىنلەنگەندى. ئۇ ياش چېغىدا جەڭنامە ۋە جەڭ تەدبىرلىرىنى ئۆگەنگەن، سەككىز گەز ئۇزۇنلۇقتىكى نەيزە ئىشلىتىدىغان، جەڭ سەنئىتىدە باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئون ئىككى قولباش بار ئىدى، بۇلار چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئون ئىككى مۇئەككەل دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلارمۇ رۇنجۇنى ساقلايتتى. بۇ ئون ئىككى مۇئەككەل مۇنۇلار:

ئاسمان تىرىكى مۇئەككەل فۇجۇلۇق شىن گاڭ
سەيلىچى مۇئەككەل شىجۇلۇق پەن ۋېندي
ئىستىخلاپچى مۇئەككەل مۇجۇلۇق يىڭ مىڭ
لىۋدىڭ مۇئەككەل مىڭجۇلۇق شۇ تۇڭ
گۈلدۈرماما مۇئەككىلى يۈجۇلۇق جاڭ جىنرېن
سۇ مۇئەككىلى خاڭجۇلۇق شېن زې
زۆھرە مۇئەككىلى خۇجۇلۇق جاۋ يي
زەبەردەس مۇئەككەل شۈەنجۇلۇق گاۋ كېلى
ئازا تەگكۈزگۈچى مۇئەككەل چاڭجۇلۇق فەن چۇ
سېرىق ئەلەم مۇئەككەل رۇنجۇلۇق جۇ ۋەنلى
قاپلان قۇيرۇق مۇئەككەل جياڭجۇلۇق خې تۇڭ
ئەجەل مۇئەككىلى سۇجۇلۇق شېن بيەن

ۋازىر لۇ شىناڭغا كەلسەك، ئۇ فاڭ لانىڭ بەش تۈمەن لەشكىرىگە باش بولۇپ رۇنجۇنى ساقلاپ ياتاتتى. شەربەت شىپاڭى ئالدىغا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق جەڭ كېمىسى قاتار تىزىلغان، دەريانىڭ يۇقىرى قىرغىقىدا گۇاجۇ دېگەن سۇ كېچىكى بار ئىدى، بۇ يەردە ھېچقانداق توسالغۇ يوق ئىدى.

بۇ چاغدا تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ باشچىلىقىدىكى قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرى بىلەن سۇ لەشكەرلىرى سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن تەڭلا

يۈرۈش قىلىپ خۇەيئەنگە كەلدى، ئۇلار ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ ياڭجۇدا جەم بولماقچى بولدى. شۇ كۈنى سۈڭ تۇرشاۋۇل ئۆز ھۇزۇرىدا مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ بىلەن مەسلىھەت قۇرۇپ:

— چاڭجياڭ دەرياسىغا يېتىشكە ئاز قالدۇق، دەريانىڭ تۆۋەن قىرغىقىنى قاراقچى لەشكەرلەر ساقلاپ يېتىپتۇ، كىم ئالدى بىلەن دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىكى ئەھۋاللارنى بىلىپ كېلىشكە بارسا بولار؟ ئەھۋال ئۇقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن لەشكەر تارتىپ بارساق، — دېدى.

بارگاھتا تۆت سەردار ئالدىغا چىقىپ، بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇلار كىچىك قۇيۇن چەي جىن، دولقۇن يارار ئاق بېلىق جاڭ شۈن، پىداكار يىگىت شى شيۇ، ئەزرائىل رۇەن شياۋچىلار ئىدى. سۈڭ جياڭ ئۇلارغا:

— سىلەر تۆتىڭلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، جاڭ شۈن بىلەن چەي جىن جىنشەن تېغىغا، رۇەن شياۋچى بىلەن شى شيۇ جياۋشەن تېغىغا بېرىڭلار، ئۇ يەردىن رۇنجۇدىكى قاراقچىلار ئۇۋىسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىپ، ياڭجۇغا كېلىپ خەۋەر قىلىڭلار، — دېدى.

بۇلار تۆتىسى سۈڭ جياڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئىككىدىن مۇلازىم ئېلىپ، يولۇچى سىياقىدا ياسانغىنىچە ئالدى بىلەن ياڭجۇ شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى. بۇ چاغدا يول بويىدىكى پۇقرالار چوڭ قوشۇننىڭ قاڭ لا ئۆستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆيۋاقلىرى بىلەن يېزىنى پاناھلاپ كەتكەنىدى. ئۇ تۆتەيلەن ياڭجۇ شەھرىدە بۆلۈنۈپ، ھەرقايسىسى يولغا ئوزۇقلۇق تەييارلاشتى. شى شيۇ ۋە رۇەن شياۋچى ئىككى مۇلازىمى بىلەن جياۋشەن تېغىغا قاراپ راۋان بولدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. چەي جىن بىلەن جاڭ شۈنمۇ ئىككى مۇلازىمىنى باشلاپ، كېرەكلىك ئوزۇقلۇقلارنى ئېلىۋېلىپ، ھەربىرى ئۆتكۈر خەنجەر، كۆتمەك قىلىچ ئاسقىنىچە گۇاجۇغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ دەل ئەتىياز پەسلى ئىدى،

كۈنلەر ئىسسىپ، گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلغانىدى، ئۇلار ياڭزىجياڭ دەرياسى ساھىلىغا كەلگەندىن كېيىن بىر دۆڭگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. دەريا دولقۇنلىنىپ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتاتتى، دەرۋەقە دەريا مەنزىرىسى ئىنتايىن كۆركەم ئىدى! بۇنىڭغا مۇنۇ شېئىر دەلىل:

چېكى يوق كۆكنى تۇتۇپتۇ، بىپايان دولقۇن ـ تۇمان،
قىپقىزىل شەپەق چېچىپ نۇر بۇ دېڭىز شەرقى تامان.
ئىشى يوق بېلىقچىلار مىسلى سۇلۇق①قا ئورىلىپ،
مەست بولۇپ ئۇخلار قېيىقتا بەخىرامان شۇ زامان.

چەي جىن بىلەن جاڭ شۈن بېيگۇشەن تېغىغا نەزەر تاشلىدى، ئەتراپ كۆپكۆك ۋە ئاپپاق تۇغ ـ ئەلەملەر بىلەن تولغانىدى، دەريا لېۋىدە نۇرغۇنلىغان كېمىلەر قاتار تىزىلغان تۇراتتى، دەريانىڭ يۇقىرى قىرغىقىدا بولسا بىر تال ياغاچمۇ تېپىلمايتتى. چەي جىن:

— گۇاجۇنىڭ يوللىرىدا ئۆي ـ جايلار بولسىمۇ، بىراق ئادەم يوق ئىكەن، دەريادىن ئۆتىدىغان كېمىمۇ يوق تۇرسا، دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىكى ئەھۋاللارنى قانداق قىلىپ بىلىپ كەلگۈلۈك؟ — دېدى جاڭ شۈنگە.

— ئاۋۋال بىرەر ئۆينى تېپىپ ئارام ئالايلى، ئاندىن مەن دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، جىنشەن تېغىغا بېرىپ تىڭتىڭلاپ كېلەي، — دېدى جاڭ شۈن.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى چەي جىن.

تۆتەيلەن دەريا بويىغا باردى، قارىسا بىر قانچە كەپە ئۆيلەر تۇرۇپتۇ، ھەممىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ قويۇپتۇ، ئۇلار ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچالمىدى. جاڭ شۈن يانغا بۇرۇلۇپ، بىر ئۆينىڭ يان تېمىنى تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ ئىچىگە كىردى، قارىسا

① سۇلۇق — يامغۇرلۇق چاپان.

ئوچاق ئالدىدا بىر ئاپپاق چاچلىق موماي ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ موماي ئۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. جاك شۇن ئۇ مومايغا:

— ھەي موما، نېمىشقا ئىشىكنى ئاچمايسىز؟ — دېدى.

— سىلىگە راستىنى ئېيتسام، — دېدى موماي جاۋاب بېرىپ، — خان لەشكەرلىرى فاك لا بىلەن سوقۇشقىلى كېلىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق. بۇ يەر دەل شۇ يەرنىڭ ئېغىزى، بەزى خەقلەر ئۆيۋاقى بىلەن ياقا يۇرتلارنى پاناھلاپ كېتىپ قالدى، مەن قېرى مەزلۇم ئۆزۈملا ئۆي ساقلاپ قالدىم.

— ئۆيىڭىزدىكى ئەر خەقلەر نەگە كەتتى؟

— بالىچاقىلىرىنى يوقلاپ كەنتكە كەتتى.

— بىز بۇ يەرگە تۆت كىشى كەلدۇق، دەريادىن ئۆتمەكچىمىز، بىرەر كېمە - پېمە تاپقىلى بولارمۇ؟

— نەدە كېمە بولسۇن؟ ئاۋۇ كۈنى لۇ ۋازىر خان لەشكەرلىرىنىڭ سوقۇشۇشقا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەممە كېمە - قېيىقلارنى رۇنجۇغا ئېلىپ كەتتى.

— بىز تۆتەيلەننىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئوزۇقى بار، ئۆيىڭىزدە بىر - ئىككى كۈن تۇرساق دەيمىز، ئۆي ھەققى تۆلەيمىز، سىزگە كاشىلا قىلمايمىز.

— تۇرۇشىسىلىغۇ بولاتتى، بىراق ئورۇن - كۆرپە يوق.

— ئۇنى ئۆزىمىز جايلايمىز.

— ھەي يولۇچى، ئەتە - ئۆگۈن خان لەشكەرلىرى كېلىپ قالارمىكىن!

— ئۇ چاغدا ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالىمىز.

شۇنىڭ بىلەن ئىشىك ئېچىلىپ چەي جىن ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى كىردى، ئۇلار كۆتمەك قىلىچ ۋە يۇك - تاقلىرىنى قويۇپ، يانلىرىدىن ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ يېدى. كېيىن جاك شۇن دەريا بويىغا كېلىپ دەرياغا نەزەر سالدى، جىنشەن تېغىدىكى ئىبادەتخانا دەل دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

دەريا سۈيى لەھەڭ كەبى تاشلارنى يۇتقان،
تاشلار ئەجدەر پوستى كەبى قەۋەتلەپ ياتقان.
كۆمۈش تاۋاق ئۈستىدىكى كۆك قۇلۇلىدەك،
دولقۇن يېرىپ كىچىك تاغلار چوقچىيىپ چىققان.
گويا يېشىل قاشتېشىدەك شۇ كىچىك تاغدا،
ئاق مەشۇتتەك دەريا سۈيى يېپىلىپ تۇرغان.
يىراقتىن سەن نەزەر سالساڭ زەر بوتخانىغا،
ھەر تەرەپتىن سەلكىن شامال شۇ تامان ئۇرغان.
قوڭغۇراق بار راۋاقسىرى نەزەر تاشلىساڭ،
پەشتاق ـ راۋاق قەۋەتمۇقەۋەت تاشقا ياندىشقان.
بوت مۇنارى بوي سوزۇپتۇ كۆكنىڭ قەرىگە،
قىسسىخانا سۇ ئىچىگە سايە تاشلىغان.
چەك ـ چېكى يوق كەتكەن ئۇزۇن راۋاقتا تۇرۇپ —
سالساڭ نەزەر كۆرۈندۇ يەلكەن مىڭلىغان.
سەكرەپ چىقساڭ سايىۋەنلىك شىپاڭ ئۈستىگە،
ساپ ھاۋاسى زەپ يېقىملىق دىللارغا دەرمان.
گاۋ پونىڭ شۇ قەبرىسىدە ئەجدەر سۇ پۈركۈپ،
ئالۋاستىلار بوتخانىسىدا چىراغ تەۋرەتكەن.

جاڭ شۈن دەريا لېۋىدە بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئىچىدە: «رونجۇدىكى لۇ ۋازىرنىڭ دائىم بۇ تاغقا كېلىپ تۇرىدىغانلىقى چوقۇم، بۈگۈن كېچىدە بېرىپ باقاي، جەزمەن بىرەر ئۇچۇر ئىلىنىۋالالايمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ چەي جىڭگە:

— ئەمدى بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق، كىچىك بىر قېيىقمۇ يوق تۇرسا، دەريانىڭ نېرىقى يېقىدىكى ئەھۋاللارنى قانداق بىلەلەيمىز. مەن بۈگۈن كېچە ئىككى كاللىدەك كۆمۈشنى كېيىملىرىم بىلەن يۆگەپ بېشىمغا ئېلىپ، دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ جىنشەن ئىبادەتخانىسىغا ئۈزۈپ باراي، ئۇ يەردىكى



www.uyghurkitap.com

راھىبلارغا پۇل پارا بېرىپ تىڭتىڭلاپ كېلەي، ئاندىن قايتىپ بېرىپ تۇرشاۋۇل ئاغىمىزغا خەۋەر قىلايلى. سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى جاڭ شۇن.

— ئىشنى تېزرەك پۈتكۈزۈپ قايتىپ كېلىڭ، — دېدى چەي جىن.

شۇ كېچە كۆكتە ئاي ۋە يۇلتۇز نۇر چېچىپ تۇراتتى، شامال يوق، دەريا يۈزى جىمجىت ئىدى. سۇ بىلەن ئاسمان رەڭداش كۆرۈنەتتى. جاڭ شۇن كىيىملىرى بىلەن ئىككى كاللەك كۈمۈشنى ئوراپ بېشىغا قويدى، بېلىگە ئۆتكۈر خەنجەر قىستۇرۇپ، گۇاجۇدىن سۇغا چۈشۈپ دەريادىن ئۈزۈپ كەتتى. ئۇ سۇدا گويا قۇرۇقلۇقتا ماڭغاندەك كۆكرىكىنى سۇغا تەگكۈزمەي تېز ئۈزەتتى. ئۇ جىنشەن تېغىنىڭ تۈۋىگە ئۈزۈپ بېرىپ، تاش ئارىلىقىدا تۇرغان بىر قېيىقنى كۆردى ـ دە، قېيىقنىڭ قېشىغا ئۈزۈپ كەلدى. ئۇ قېيىققا چىقىپ، بېشىدىكى بوغمىچىسىنى يەشتى، ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىچكى كىيىملىرىنى سېلىپ، بەدىنىنى سۈرتۈپ كىيىم يەڭگۈشلىدى، شۇ ئەسنادا رۇنجۇدا ئىككى ياتقۇ تاكتىكى ئاڭلاندى. ئۇ قېيىقتا مۆكۈۋېلىپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى، دەريانىڭ يۇقىرىسىدىن بىر قېيىق ئۈزۈپ كەلدى. جاڭ شۇن ئۇنى كۆرۈپ، ئىچىدە: «بۇ قېيىق باشقىچە كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭدا جەزمەن پايلاقچى بار!» دەپ ئويلىدى ـ دە، قېيىقنى ھەيدەپ مېڭىشقا تەمشەلدى، بىراق قېيىق زەنجىر بىلەن باغلىنىپ قۇلۇپ سېلىنغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پالىقىمۇ يوق ئىكەن. جاڭ شۇن نائىلاج يەنە كىيىمىنى يېشىپ، شەمشىرىنى ئېلىپ دەرياغا سەكرەپ چۈشتى ـ دە، كېلىۋاتقان قېيىقنىڭ قېشىغا ئۈزۈپ كەلدى. قېيىقتا ئىككى ئادەم پالاق ئۇرۇپ، يۇقىرى قىرغاق تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار كەينى تەرىپىگە ئاگاھ بولماي، ھەدەپ ئىلگىرىلەۋەردى. جاڭ شۇن سۇ تېگىدىن شۇڭغۇپ قېيىق قېشىغا بېرىپ، قېيىقنىڭ يان تەرىپىنى تۇتۇپ، خەنجىرىنى ئىشقا سالدى، قېيىق ھەيدەۋاتقان ئىككى كىشى

پالاقنى تاشلاپ، دەرياغا موللاق ئېتىپ چۈشتى، جاڭ شۇن دەرھال قېيىققا چىقىۋالدى. ئۇ قېيىقنىڭ قازنىقىدىن يەنە ئىككى كىشى چىقتى، جاڭ شۇن ئۇلارنىڭ بىرىگە خەنجەر تىقىپ دەرياغا چۈشۈرۈۋەتتى، يەنە بىرى قورقىنىدىن قېيىق قازنىقىغا كىرىۋالدى. جاڭ شۇن ئۇنىڭغا:

— ھەي، سەن كىمسەن؟ بۇ قەيەردىن كېلىۋاتقان قېيىق؟ راستىڭنى ئېيتساڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن، — دەپ توۋلىدى.

— ئەي باتۇر، — دېدى ھېلىقى كىشى، — گېپىمنى ئاڭلاڭ: پېقىر مۇشۇ ياڭجۇ شەھىرى سىرتىدىكى دىڭپۇ كەنتلىك چېن سەركەردىنىڭ خىزمەتكارى بولىمەن، ئۇ مېنى رۇنجۇغا لۇ ۋازىرغا ئوزۇق - تۈلۈك تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى، لۇ ۋازىر سوۋغىنى قوبۇل قىلماقچى بولدى ۋە ماڭا قايتىشىمدا بىر پايلاقچىنى قوشۇپ، تەقدىم قىلىنغان بەش تۈمەن دادەن گۈرۈچ، ئۈچ يۈز كېمىنى ئەكېلىشكە ئەۋەتتى، — دېدى.

— ئۇ پايلاقچىنىڭ ئىسمىزاتى نىمە؟ ئۇ ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى جاڭ شۇن.

— ئۇ پايلاقچىنىڭ ئىسمىزاتى يې گۈي، بايا ئۇزلىرى چېپىپ دەرياغا تاشلىۋەتكەن ئادەم شۇ، — دېدى.

— سېنىڭ ئىسمىزاتىڭ نىمە؟ ئۇ يەرگە قاچان بارغانىدىڭ؟ قېيىقتا نىمە بار؟ — دەپ سورىدى جاڭ شۇن.

— ئىسمىم ۋۇ چېڭ، بۇ يىل بىرىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى دەريادىن ئۆتكەنىدىم. لۇ ۋازىر پېقىرنى سۇجۇغا ئەۋەتتى، ئۇ يەردە خاننىڭ ئىنىسى ئۈچىنچى بەدەۋى شاھ فاڭ ماۋ بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ بەلگە تۇغىدىن ئۈچ يۈزنى بېرىپ، غوجايىنىم چېن سەركەردىنى چاڭجۇنىڭ ئايماق ئامباللىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا ئىشكاۋۇل دېگەن مەرتىۋە بىلەن مىڭ قۇر بەلگە كىيىمى بەردى، لۇ ۋازىر بىر ئالاقىمۇ يېزىپ بەردى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئادەم.

— سىنىڭ غوجاڭنىڭ ئىسمىزاتى نىمە؟ قانچە لەشكىرى بار؟ — دەپ سورىدى جاڭ شۈن ئۈنىڭدىن يەنە.

— بىرقانچە مىڭ ئادىمى، يۈزدىن ئوشۇق ئىتى، ئاجايىپ باتۇر ئىككى ئوغلى بار، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى چىن يى، كىچىكىنىڭ چىن تەي. غوجايىنىمنىڭ ئىسمى چىن گۈەن، — دىدى ۋۇ چىڭ.

جاڭ شۈن ۋۇچىڭدىن ئەھۋالنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سورىغاندىن كېيىن ئۈنى قىلىچ بىلەن چېپىپ دەرياغا تاشلىۋەتتى. قېيىقنىڭ كەينى تەرىپىگە پالاق بېكىتىپ، گۇاجۇغا قاراپ ماڭدى.

چەي جىن پالاق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ قارىدى، قارىسا، جاڭ شۈن قېيىق ھەيدەپ كېلىۋېتىپتۇ. چەي جىن ئۈنىڭدىن نىمە ۋەقە بولغانلىقىنى سورىدى. جاڭ شۈن ئۈنىڭغا ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى، چەي جىن بۈنى ئاڭلاپ شادلاندى ۋە قېيىقتا چىقىپ ئالاقىنى ھەم ئۈچ يۈز قىزىل شايىدىن ئىشلەنگەن بەلگە تۇغ، مىڭ قۇر رەڭدار بەلگە كىيىمنى ئالدى، بۇ نەرسىلەرنى ئىككى ئەپكەش قىلىپ باغلىدى. جاڭ شۈن:

— مەن كىيىملىرىمنى ئەكىلىۋالاي، — دەپ يەنە قېيىقنى ھەيدەپ جىنشەن تېغىغا بېرىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى ۋە كۈمۈشلىرىنى ئالدى - دە، گۇاجۇ قىرغىقىغا قايتىپ كەلدى، بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلاپ، قېلىن تۇمان زېمىننى قاپلىغانىدى.

جاڭ شۈن قېيىقنى پاچاقلاپ تاشلاپ دەرياغا چۆكتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ھېلىقى كەپە ئۆيگە كېلىپ مومايغا ئىككى - ئۈچ سەر كۈمۈش بەردى - دە، ئىككى مۇلازىمغا ئەپكەشنى كۆتۈرتۈپ ياڭجۇغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا سۇڭ تۇرشاۋۇل لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ياڭجۇ شەھىرىنىڭ سىرتىدا تۇراتتى، مەزكۇر

ئايماقتىكى بەگ ـ سىپاھلار سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ ئالدىغا چىقىپ شەھەرگە ئەكىرىپ، ئۇلارنى مېھمانخانىغا جايلاشتۇردى، سەركەردە ـ سەردارلارغا ئۇدا بىرنەچچە كۈن مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

چەي جىن بىلەن جاڭ شۈن مەرىكە ئەھلى تارقىغۇچە مېھمانخانىدا كۈتۈپ تۇرۇپ، تارقىغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلار ئاتا ـ بالا چېن گۆەننىڭ فاڭ لا بىلەن بىرلەشكەنلىكىنى، بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى قاراقچىلارنى باشلاپ دەريا ئارقىلىق كېلىپ، ياڭجۇغا تېگىدىغانلىقىنى مۇپەسسەل سۆزلەپ بەردى. ئۇلار تەلىيىمىزگە باش سەردارىمىزنىڭ نۇسرەت قازىنىشى ئۈچۈن تەڭرىم بىزنى دەريادا ئۇلارغا يولۇقتۇردى، دېدى. سۇڭ جياڭ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن شادلاندى ۋە شۇ ھامان مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭنى چاقىرتىپ قانداق چارە ـ تەدبىر قوللىنىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ۋۇ يۇڭ:

— مۇشۇنداق پۇرسەت كەلگەنىكەن، دېمەك، رۇنجۇ ئالىقانىغا چۈشتى دېگەن گەپ! ئالدى بىلەن چېن گۆەننى قولغا چۈشۈرەيلى، ئاندىن ئىشىمىز پۈتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ـ مۇنداق قىلىش كېرەك، — دېدى ۋە شۇ تاپتىلا ئالىقانات يەن چىڭنى چاقىرتىپ، پايلاقچى يې گۈي سىياقىدا ياساندۇردى، شيې جېن، شيې باۋنى فاڭ لا لەشكەرلىرى قىياپىتىدە ياساندۇردى. شيې جېن بىلەن شيې باۋ دىڭپۇ كەنتىگە بارىدىغان يولنى سورىۋېلىپ ئەيكەش كۆتۈرۈپ ماڭدى. يەن چىڭ تاپشۇرۇقنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن ياڭجۇ شەھىرىدىن چىقىپ دىڭپۇ كەنتىگە يول ئالدى. ئۇلار شەھەردىن چىقىپ قىرىق نەچچە چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ چېن سەركەردىنىڭ جاڭزىسىغا يېتىپ كەلدى. دەرۋازا ئالدىدا يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئوتاقچى تۇرۇپتۇ، ئۇلار رەتلىك، ئوخشاش كىيىنگەنىدى.

## نەزم

باشلىرىدا چىغ قالپىقى توقۇلغان،
ئۇڭا قارا دۇردۇن پۆپۈك تۇتۇلغان.
مەشۇت رەختتىن پەشمەت كىيگەن تېنىگە،
ئۈزۈن قىزىل بەلباغ چىگكەن بېلىگە.
كىيىشىپتۇ كۆندە كەشە پۇتىغا،
تاغقا چىقسا ئوخشار ئوقيا ئوقىغا.
كىيىشىپتۇ بۆكەن تېرە پايپاقنى،
يۇمشاقلىقى ئەسلىتىدۇ ماموقنى.
يانلىرىدا غاز پېيىدەك قىلىچى،
ئۆردەك ئېغىز نەيزە ئاسقان ھەممىسى.

شۇ ئەسنادا يەن چىلىڭ جېجىياڭلىقلارنىڭ تەلەپپۇزىدا ئوتاقچىلارغا سالام بېرىپ:

— سەركەردە ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مېھمان، نەدىن كەلدىلە؟ — دېدى ئوتاقچى جاۋابەن.

— رۇنجۇدىن كەلدۇق، دەريادىن ئۆتۈپ يولدىن ئېزىپ كېتىپتۇق، باياتىن ئىزدەپ ـ سوراپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق، — دېدى يەن چىلىڭ.

ئوتاقچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى ۋە قالغانلارنى دەم ئېلىشىسىلا دەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ـ دە، يەن چىڭنى ئىچكىرىكى خانىغا باشلاپ كىرىپ چېن سەركەردە بىلەن كۆرۈشتۈردى. يەن چىلىڭ تەزىم قىلىپ:

— پېقىر يې گۇي ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم ! — دېدى ۋە سالام بەجا قىلىپ بولغاندىن كېيىن چېن سەركەردە ئۇنىڭدىن:

— ئۆزلىرى قەيەردىن كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— يانلىرىدىكى ئادەملىرىنى چىقىرىۋەتسىلە، ئاندىن ئېيتاي، — دېدى يەن چىلىڭ جېجياڭ تەلەپپۇزىدا.

www.uyghurkitap.com

— بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم، ئېيتىۋەرسىلە، — دېدى چېن سەركەردە.

— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتى يې گۈي بولىدۇ، لۇ ۋازىر بېگىمنىڭ ھۇزۇرىدىكى پايلاقچى بولىمەن. بىرىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى ۋازىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ۋۇ چېڭدىن ئەۋەتكەن مەخپىي ئالاقىلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى، ئۇ مېنى ۋۇ چېڭنى سۇجۇغا باشلاپ بېرىپ، خاننىڭ ئىنىسى ئۈچىنچى بەدەۋى شاھ بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ كەل دەپ ئەۋەتكەنىدى. بېرىپ غوجامنىڭ مۇددىئاسىنى تولۇق يەتكۈزدۇق. بەدەۋى شاھ خانغا مەلۇم قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. خان پەرمان چۈشۈرۈپ، غوجامنى ياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى قىلىپ تەيىنلىدى. ئىككى ئوغۇلنى لۇ ۋازىر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن مەرتىۋىگە قويىدىغان بولدى. بۈگۈن ۋۇ چېڭنى قايتۇرماقچىدى، بىراق ئۇ شامالداپ زۇكام بىلەن يېتىپ قالدى. ۋازىر بېگىم چوڭ ئىشقا دەخلى يەتمىسۇن دەپ، پېقىر يې گۈيدىن ئۆزلىرىگە ئەمەل دەستىكىنى ۋە ۋازىرنىڭ ئالاقىسىنى، مۆھۈر، نىشان تاختا، ئۈچ يۈز بەلگە تۇغى، مىڭ قۇر بەلگە كىيىمىنى ئەۋەتتى، ئۆزلىرىگە ئاشلىق قاچىلانغان كېمىلەرنى بەلگىلەنگەن قەرەلدە رۇنجۇغا ئاپىرىپ تاپشۇرسۇن دېدى، — دەپ بايان قىلدى ھەمدە ئەمەل دەستىكى ۋە ئالاقىنى چېن سەركەردىگە تاپشۇردى. ئۇ بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئىسرىق شىرەسى قويدى، تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن ئىلتىپاتقا تەشەككۈر ئوقۇدى، ئاندىن چېن يى بىلەن چېن تەيىنى چاقىرىپ يەن چىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. يەن چىڭ شىيې جېن بىلەن شىيې باۋغا بەلگە تۇغى ۋە بەلگە كىيىمىنى ئىچكىرىكى ھۇجرىغا ئەكىرىپ تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى. چېن سەركەردە يەن چىڭنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. يەن چىڭ:

— پېقىر بىر ئەرزىمەس خىزمەتكارمەن، غوجامنىڭ ھۇزۇرىدا ئەيمەنمەي قانداق ئولتۇراي؟ — دېدى.

— سلى شاپائەتلىك ۋازىر بىگىم ئەۋەتكەن ئادەم، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە كەمىنىلىرىگە خانىنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ كەلگەن تۇرسىلا، قانداقمۇ بىھۆرمەتلىك قىلىغىلى بولسۇن، ئولتۇرىۋەرسىلە بولىدۇ، — دېدى چىن سەركەردە.

يەن چىڭ قايتا ـ قايتا تەكەللۇپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن يىراقراق جايدا ئولتۇردى. چىن سەركەردە شاراب ئەكەلدۇرۇپ، يەن چىڭگە قەدەھ تۇتتى. يەن چىڭ ئۇنىڭ قولىنى ياندۇرۇپ:

— پېقىر ئەزەلدىن مەي ـ شاراب ئىچمەيمەن، — دېدى.

چىن سەركەردە ئىككى ـ ئۈچ قەدەھ مەي ئىچكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى كېلىپ ئاتىسىنى قۇتلۇقلاپ مەي تۇتتى. يەن چىڭ شيې جېن بىلەن شيې باۋغا ئىشنى باشلاڭلار دەپ كۆز ئىشارىسى قىلدى. شيې باۋ يېنىدىن خان پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغان ئەمەلدارلارغا ئىچۈرۈۋېتىدىغان دورىنى چىقىرىپ ساھىبخانىغا بىلدۈرمەي خۇمرىغا سېلىۋەتتى. يەن چىڭ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پېقىر شاراب ئەكەلمىگەن بولسامۇ، ھازىرچە غوجامنىڭ شارابى بىلەن ئۇزلىرىنى قۇتلۇقلاي، — دەپ يوغان بىر جامغا تولدۇرۇپ مەي قۇيدى ـ دە، چىن سەركەردىگە تۇتۇپ، ئۇنى ئىچىۋېتىشكە دەۋەت قىلدى. چىن يى بىلەن چىن تەيگىمۇ بىر قەدەھتىن مەي ئىچۈردى. شۇ سورۇندىكى چىن سەركەردىنىڭ يېقىن ئوتاقچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە بىر قەدەھتىن مەي ئىچۈردى. ئاندىن يەن چىڭ شيې جېنغا ئاغزىنى بىر قىيسايتىپ قويۇۋىدى، ئۇ تالاغا چىقىپ تۇتۇرۇقلۇق تېپىپ، جاڭزىنىڭ ئالدىدا يېنىدىن بەلگە تۇغى، بەلگە توپ ئوقى چىقاردى ـ دە، ئۇنىڭغا تۇتاشتۇرۇپ ئاتتى. ئىككى ياقتا ئاتامانلار ساقلاپ تۇرغانىدى، ئۇلار بەلگە توپىنىڭ ئېتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىشتى. يەن چىڭ ھۇجرىدا تۇرۇپ ئۈيدىكى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپلا، يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ شيې باۋ بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى. جاڭزا

قورۇسىنىڭ سىرتىدىن ئون باتۇر ئوپۇر ـ توپۇر قىلىپ جاڭزىغا كىرىپ كەلدى. بۇ ئون باتۇر: گۇلدار شەيخ لۇ جىشېن، دەرۋىش ۋۇ سۇڭ، ئەجدىھا يىگىت شى جىن، قەھرىلىك گۇەنسۇ ياڭ شيۇڭ، قارا قۇيۇن لى كۇي، سەككىز قوللۇق نالاكۇۋارا شياڭ چۇڭ، ئۇچار ئەۋلىيا لى گۇن، ئەجەل مۇئەككىلى باۋ شۇ، گۇللۇك قاپلان ياڭ لىن، قەھرىلىك يولۋاس شۈ يۇڭلار ئىدى. دەرۋازا ئالدىدىكى ئوتاقچىلار ئۇلارغا تەڭ تۇرالايتتىمۇ؟ ھۇجرىدىكى يەن چىڭ، شىي جىن، شىي باۋلار چېن سەركەردە ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كۆتۈرۈپ چىقتى. دەرۋازا سىرتىغا ئالتە سەركەردە باشچىلىقىدا يەنە بىر تۈركۈم خان لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى. بۇلار: كۆركە ساقال جۇ تۇڭ، تۇرشاۋۇل سو چاۋ، پەيسىز ئوق جاڭ چىڭ، مالمانچى دىۋە فەن رۈي، يولۋاس سوقار لى جۇڭ، كىچىك دۆكەر جۇ تۇڭلار ئىدى. شۇ ئەسنادا بۇ ئالتە سەركەردە مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ جاڭزىنى قورشىۋېلىپ، چېن سەركەردىنىڭ ئۆيىدىكى ياش ـ قېرى، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. ئۇلار قولغا چۈشۈرگەن ئوتاقچىلارغا يول باشلىتىپ، ئەتراپتىكى شاخاپچىلارغا بېرىپ قارىسا، جاڭزىغا يانداش شاخاپچىلاردا ئوزۇق ـ تۈلۈك قاچىلانغان ئۈچ ـ تۆت يۈز كېمە تۇرۇپتۇ. سەردارلار ئۇلارنى ساناپ چىقىپ، دەرھال ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ باش سەركەردە سۇڭ جياڭغا مەلۇم قىلدى.

سۇڭ جياڭ چېن سەركەردىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ۋۇ يوڭ بىلەن لەشكەر تارتىپ بېرىش ئۈستىدە كېڭەشتى. ئۇ يوك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، جاڭ باسقاقبەگ بىلەن خەيرلىشىپ، چوڭ قوشۇن بىلەن چېن سەركەردىنىڭ جاڭزىسىغا يېتىپ كەلدى. تۇرشاۋۇل قىسىمغا سەركەردە ـ سەرۋازلارنى ئاجرىتىپ، ئۇلارنى پەنت بويىچە كېمىدە مېڭىشقا بۇيرۇدى، يەنە بىر ياقتىن ئادەم ئەۋەتىپ، جەڭ كېمىلىرىنىڭ مېڭىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ۋۇ يوڭ:

— تېز ماڭىدىغان ئۈچ يۈز كېمە تاللىنىپ، كېمىگە فاڭ لا بەرگەن بەلگە تۇغلار قادالسۇن. مىڭ لەشكەر بەلگە كىيىمى كىيسۇن، قالغان ئۈچ - تۆت مىڭ ئادەم ھەر خىل كىيىملەر كىيسۇن، — دېدى.

ئۈچ يۈز كېمىگە ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق كىشى مۆكۈندى، مۇ خۇڭ چېن يى قىياپىتىدە، لى جۇن چېن تەي قىياپىتىدە ياسىنىپ، بىردىن چوڭ كېمىگە ئولتۇردى. قالغان كېمىلەرگە ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەر چۈشتى.

بىرىنچى تۈركۈم كېمىگە مۇ خۇڭ، لى جۇنلەر باش بولدى. مۇ خۇڭغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن ئون سول قول سەركەردە ئاجرىتىلدى. بۇلار مۇنۇلار:

شياڭ چۇڭ، لى گۇن، باۋ شۇ، شۆ يۇڭ، ياڭ لىن، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، زۇ يۈەن، زۇ رۇن، شى يۇڭ.

لى جۇنگىمۇ ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن ئون سول قول سەركەردە ئاجرىتىلدى. بۇلار مۇنۇلار:

تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ، كۇڭ مىڭ، كۇڭ لياڭ، جېڭ تيەنشۇ، لى لى، لى يۇن، شى ئېن، بەي شېڭ، تاۋ زۇڭۋاڭ.

ئىككىنچى تۈركۈم كېمىگە جاڭ خېڭ، جاڭ شۇنلەر باش بولدى. جاڭ خېڭنىڭ كېمىسىگە تۆت سول قول سەركەردە ئاجرىتىلدى. بۇلار مۇنۇلار:

ساۋ جېڭ، دۇ شىڭ، گۇڭ ۋاڭ، دىڭ دېسۇن.

جاڭ شۇننىڭ كېمىسىگە تۆت سول قول سەركەردە ئاجرىتىلدى. ئۇلار مۇنۇلار:

مېڭ كاڭ، خۇ جيەن، تاڭ لۇڭ، جياۋ تىڭ.

ئۈچىنچى تۈركۈم كېمىگە ئون ئوڭ قول سەركەردە باش بولۇپ، ئىككى كېمىگە چۈشۈپ ماڭدى. بۇلار مۇنۇلار:

شى جىن، لېي خېڭ، ياڭ شيۇڭ، ليۇ تاڭ، سەي چىڭ، جاڭ چىڭ، لى كۈي، شيې جېن، شيې باۋ، چەي جىن.

بۇ ئۈچ يۈز كېمىگە چوڭ - كىچىك، ئوڭ قول، سول قول

www.uyghurkitap.com

سەركەردىدىن جەمئىي قىرىق ئىككى كىشى ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن سۇڭ جياڭلار جەڭ كېمىلىرىگە ئات ـ ئۇلاغلارنى چىقاردى، مىڭ دانە ئۇچقۇر كېمىگە ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەرنىڭ ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلىرى ئولتۇرۇپ «سۇڭ خانلىقىنىڭ تۇرشاۋۇل بېگى سۇڭ جياڭ» دەپ يېزىلغان تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن هالدا دەريادىن ئۆتتى. سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانلىرىدىن رۇەن شياۋئېر بىلەن رۇەن شياۋۋۇلار سەپەرگە باش نازارەتچى بولدى.

سۇڭ جياڭنىڭ بارگاھ قوشۇنىنىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى. رۇنجۇ ئايمىقىدىكى بېيگۇشەن تېغىدا تۇرغان پايلاقچىلار دەريانىڭ نېرىقى قېتىدا ئۈچ يۈزگە يېقىن جەڭ كېمىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى، كېمىدە ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەكلەرنى قوغداپ ماڭغۇچى تۇرشاۋۇلنىڭ قىزىل تۇغى بارلىقىنى كۆرۈپ، شۇ هامان مەمۇرىي مەھكىمىگە بېرىپ مەلۇم قىلدى. لۇ ۋازىر ئون ئىككى قولباشنى يىغىپ تولۇق جابدۇندى، ئوقيا ـ كامانلىرىنى ئېسىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، خىللانغان لەشكەرلىرىنى باشلىغان هالدا دەريا بويىغا كۆزىتىشكە كەلدى. ئالدىدا ماڭغان يۈزدەك كېمە قىرغاققا ئاۋۋال يېتىپ كەلدى. كېمىدە ئىككى باشچى تۇرۇپتۇ، ئۇلارنى قوغداپ تۇرغانلارنىڭ هەممىسى زەر قوڭغۇراقلىق كىيىملىرىنى كىيگەن قامەتلىك باتۇرلار ئىكەن. لۇ ۋازىر ئاتتىن چۈشۈپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئون ئىككى قولباش ئىككى قاتار بولۇپ دەريا قىرغىقىنى توسۇپ تۇردى. مۇ خۇڭ بىلەن لى جۈن لۇ ۋازىرنىڭ دەريا بويىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئىككى ياقتا تۇرغان پايلاقچىلار ئۇلارغا كېمىڭلارنى توختىتىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىر يۈز كېمە قاتارلىشىپ لەڭگەر تاشلاپ توختىدى. كەينىدە كېلىۋاتقان ئىككى يۈز كېمە شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە مېڭىپ هەممىسى يېتىپ كەلدى. كېمىلەر ئوڭ ۋە سول ياقتا

يۈزدىن بۆلۈنۈپ توختىدى، ئۈچ تۈركۈم كىيمە تەكشى ئۈچ جايغا بۆلۈنۈپ تىزىلدى، پەشتامچى بەگ چىقىپ ئۇلاردىن:

— قەيەردىن كەلگەن ئادەملەر سىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— پىقىرنىڭ ئىسمىزاتى چىن يى، — دىدى مۇ خۇلۇڭ، — ئىنىمنىڭ ئىپتى چىن تەي، ئاتام چىن گۈەن شاپائەتچى ۋازىر بىگىمنىڭ بىزگە قىلغان ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىز ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننى بەش تۈمەن دادەن گۈرۈچ، ئۈچ يۈز كىيمە، بەش مىڭ نەپەر خىل لەشكەرنى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى، — دىدى جاۋابەن.

— ئالدىنقى كۈنى ۋازىر بىگىم پايلاقچى يې گۈينى ئەۋەتكەنىدى، هازىر ئۇ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى پەشتامچى بەگ.

— پايلاقچى بىلەن ۋۇ چىڭ كىزىك كىسىلگە مۇپتىلا بولۇپ كەنتىمىزدە داۋالىنىپ قالدى، شۇڭا كىلەلمىدى. بىز مۇنۇ مۆھۆر بىلەن ئالاقىنى ئىلىپ كەلدۇق، — دىدى مۇ خۇلۇڭ.

پەشتامچى بەگ ئالاقىنى تاپشۇرۇۋىلىش بىلەن قىرغاققا چىقىپ لۇ ۋازىرغا تاپشۇرۇپ:

— ياڭجۇ ئايمىقىنىڭ دىڭپۇ كەنتىدىكى چىن ئايماق ئامبىلىنىڭ ئوغۇللىرى چىن يى بىلەن چىي تەي ئوزۇق - تۈلۈك ۋە لەشكەر تەقدىم قىلىپ كەپتۇ، بۇياقتىن ئەۋەتكەن ئەسلىي مۆھۆر بىلەن ئالاقىنىمۇ ئىلىپ كەپتۇ، — دىدى.

لۇ ۋازىر ئۇنى ئىلىپ قارىسا، دەرۋەقە ئەسلىدە ئىلىپ بارغان خانلىق ئالاقە ۋە خان چۈشۈرگەن يارلىق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىيلەننى قىرغاققا چاقىرىپ كىلىشنى بۇيرۇدى. پەشتامچى بەگ چىن يى بىلەن چىن تەينى چاقىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككىسى قىرغاققا چىقتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يىگىرمە سول قول سەركەردىمۇ ئەگىشىپ ماڭدى. پايلاقچى چىرىك:

— ۋازىر بىگىمنىڭ يىنىغا ئىشى يوق ئادەم بىرىشقا بولمايدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

www.uyghurkitap.com

يىگىرمە سول قول سەركەردە دەرھال توختىدى. مۇ خۇڭ، لى جۇن يىراقتا قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە تۇردى. بىر ھازادىن كېيىنلا پەشتامچى بەگ ئۇلارنىڭ بىرىگە كېلىپ كۆرۈشۈشكە ئىجازەت بەردى. ئۇ لۇ ۋازىر ئالدىغا كېلىپ تىز پۈكۈپ تەزىم قىلدى. لۇ ۋازىر:

— ئاتىڭىز چېن گۇەن نېمىشقا ئۆزى كەلمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتام لياڭشەن كۆلىدىكى سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قاراقچىلارنى كەنتىمىزگە كېلىپ پاراكەندە قىلمىسۇن دەپ، ئۆيگە قاراپ قالدى، — دېدى مۇ خۇڭ.

— ئىككىڭلاردىن قايسىڭلار چوڭ؟ — دەپ سورىدى لۇ ۋازىر.

— پېقىر چېن يى چوڭ.

— ئاكا ـ ئۇكا ئىككىڭلار جەڭ ماھارىتىنى ئۆگەنگەنمۇ؟

— شاپائەتلىك بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ سايىلىرىدە خېلى ئۆگەنگەندۇق.

— ئەكەلگەن گۈرۈچلەرنى قانداق قاچىلىدىڭلار؟

— چوڭ كېمىگە ئۈچ يۈز دادەندىن، كىچىك كېمىگە ئىككى يۈز دادەندىن قاچىلىدۇق.

— ئىككىڭلارنىڭ كېلىشىدە باشقا غەرىزىڭلار بارغۇ دەيمەن؟

— ئاتام بىلەن بىزدە ۋاپادارلىق ۋە ئىتائەتمەنلىكتىن باشقا يەنە قانداق غەرەز بولسۇن دەيدىلا؟

— سىزنىڭ نىيىتىڭىز ياخشى بولسىمۇ، كېمىدىكى لەشكەرلەرنىڭ ئەلپازى بۇزۇقتەك كۆرۈنىدۇ، شۇڭا گۇمانلانماي تۇرالمىدىم. ئىككىڭلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن تۆت قولباش بىلەن يۈز چېرىك چىقىرىپ، كېمىنى تەكشۈرتۈپ باقاي، باشقا نەرسە چىقىپ قالسا، ھەرگىز رەھىم قىلمايمەن.

— پېقىرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ھەممەتلىك ۋازىر بېگىمنىڭ ئېتىبارىغا سازاۋەر بولۇش ئىدى، نېمىشقا بىزگە گۇمان بىلەن قارايدىلا؟

لۇ ۋازىر تۆت قولباشنى چاقىرىپ، كېمىنى تەكشۈرمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئاتلىق پايلاقچى كېلىپ:

— خان يارلىقى تۆۋەن قوۋۇقتا كېلىپ قالدى، ۋازىر بېگىم مەرھەمەت قىلىپ ئالدىغا چىقسىلا، — دېدى.

— ھازىرچە دەريا ياقىسىنى چىڭ ساقلاڭلار، مۇنۇ چېن يى بىلەن چېن تەي ئىككىسى مېنىڭ كەينىمدىن بارسۇن، — دەپ جېكىلىدى لۇ ۋازىر ئالمان - تالمان ئاتقا مىنىپ.

مۇ خۇڭ لى جۇنگە شۇنداق بىر قاراپ قويدى. لۇ ۋازىر كەتكەندىن كېيىن مۇ خۇڭ بىلەن لى جۇن كەينىدىكى يىگىرمە سول قول سەركەردىنى قىچقىرىپ قوۋۇقتا كەلدى. قوۋۇقچى سەركەردە ئۇلارغا:

— ۋازىر بېگىم پەقەت بۇ ئىككى كاتتىبېشىڭلارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەرگەن، قالغىنىڭلارغا كىرىشكە رۇخسەت يوق، — دېدى.

مۇ خۇڭ بىلەن لى جۇن كىرىپ كەتتى، يىگىرمە سول قول سەركەردە شەھەر سىرتىدا توسۇلۇپ قالدى.

ئەمدى لۇ ۋازىرغا كەلسەك، ئۇ تۆۋەن قوۋۇقتا خان ئەلچىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا بۇنچىۋالا ئالدىراش كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

بۇ خان ئەلچىسى فاڭ لا ھۇزۇرىدىكى ھۆدەيچىبەگ فېڭ شى ئىدى، ئۇ لۇ شىناڭنىڭ قۇلىقىغا:

— يېقىندا رەسەتخانىنىڭ مۇنەججىم ئاغۋاتى پۇ ۋېنيىڭ خانغا: «كېچىسى كۆككە باقسام سان - ساناقسىز ئەختەرلەر بىزنىڭ ۋۇ بەگلىكى تەۋەيمىزگە كېلىپ قاپتۇ، ئۇلارنىڭ يېرىمى نۇرسىز يۇلتۇزلار. دېمەك، كېلىدىغان بالا - قازا كىچىك ئەمەس» دەپتۇ. شۇڭا، خان ئالاھىدە يارلىق چۈشۈرۈپ، سىلىگە دەريا ياقىسىنى چىڭ قوغداشقا پەرمان قىلدى. يۇقىرى تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەرنى قاتتىق سوراق قىلىپ، ئەھۋالنى ئېنىق

سۇرۇشتۇرسۇن، ئەلپازى ئۆزگىچىلەرنىڭ دەرھال كاللىسىنى ئېلىپ، بىرنىمۇ قالدۇرمىسۇن دېدى، — دەپ شۇبىرلىدى.

— بايا بىر توپ ئادەم كەلگەندى، مەن ئۇلاردىن ناھايىتى گۇمانلانغانىدىم، ئەمدى بۇ گەپنى ئاڭلاۋاتىمەن، ئالدى بىلەن شەھەرگە كىرىپ پەرماننى ئوقۇيلى، — دېدى لۇ ۋازىر بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چۆچۈپ.

فېڭ شى لۇ ۋازىر بىلەن بىللە مەمۇرىي مەھكىمىگە كېلىپ خان يارلىقىنى ئېچىپ ئوقۇدى، ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا ئاتلىق خەۋەرچى ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ:

— سۇجۇدىكى خاننىڭ ئىنىسى ئۇچىنچى بەدەۋى شاھتىن ئەمىر كەپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

بۇيرۇقتا: «سەن ئاۋۇ كۈنى بەرگەن ياڭجۇدىكى چېن سەركەردىنىڭ ئەل بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئىشەنچلىك ئەمەس، يالغان بولۇشى ئېھتىمال. يېقىندا خاننىڭ ئالىي پەرمانىنى ئالدىم، رەسەتخانىنىڭ مۇنەججىم ئاغۋاتى ئەختەرلەرنىڭ ۋۇ بەگلىكىمىز تەۋەسىگە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، دەريا بويىنى مۇستەھكەم ساقلاڭلار. مەن ئەتە - ئۆگۈن نازارەت قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىمەن» دېيىلگەن. لۇ ۋازىر:

— بەدەۋى شاھمۇ بۇ ئىشنىڭ كويىدا بولۇۋېتىپتۇ، كەمىنىلىرى بايا خاننىڭ يارلىقىنى ئالدىم، — دېدى ۋە قول ئاستىدىكى بەگلەرگە قاراپ، — دەريا ياقىسىنى مۇستەھكەم ساقلاڭلار، كېمىدە كەلگەن كىشىلەرنىڭ بىرنىمۇ قىرغاققا چىقارماڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى، يەنە بىر ياقتىن، كەلگەن ئىككى ئەلچىنى مېھمان قىلىپ كۈتۈۋالدى.

ئەمدى ھېلىقى ئۈچ يۈز كېمىدىكى ئادەمگە كەلسەك، ئۇلار شۇنچە ۋاقىتقىچە ساقلاپ، ھېچ شەپە - شىما ئالالمىدى، سول تەرەپتىكى يۈز كېمىگە باش بولۇپ تۇرغان جاڭ خېڭ بىلەن جاڭ شۇن سەككىز سول قول سەركەردىنى ئەگەشتۈرۈپ، قورال - ياراغلىرى بىلەن قىرغاققا چىقتى؛ ئوڭ تەرەپتىكى يۈز كېمىدىكى



www.uyghurkitap.com

ئون نەپەر ئوڭ قول سەركەردە نەيزە - قىلىچلىرىنى كۆتۈرگىنىچە قىرغاققا چىقتى؛ دەريا ياقىسىنى قوغداپ تۇرغان فاڭ لا لەشكەرلىرى ئۇلارنى توسالمىدى. قارا قۇيۇن لى كۇي، شىيې جېن، شىيې باۋلار شەھەرگە كىرمەكچى بولۇۋىدى، قوۋۇقباقارلار ئۇلارنىڭ يولىنى توستى، لى كۇي قوش ئايپالتىسىنى ئوينىتىپ، بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا چېپىپ، ئىككى قوۋۇقچى چېرىكنى ئۆلتۈردى. قوۋۇق يېنىدا چۇقان كۆتۈرۈلدى، شىيې جېن بىلەن شىيې باۋلار چاڭگاكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قوۋۇقتىن كىرىپ كەتتى، ھەممىسى بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كەلگەچكە، قوۋۇقچىلار قوۋۇقنى قانداقمۇ ئېتەلىسۇن؟ لى كۇي قوۋۇقتا توغرىسىغا تۇرۇۋېلىپ ئۇچرىغان ئادەمنى چېپىۋەردى. سېپىل يېنىغا بالدۇر كەلگەن يىگىرمە سول قول سەركەردىنىڭ ھەممىسى قورال - ياراغلىرىنى ئېلىۋېلىپ چاپقىلى تۇردى. لۇ ۋازىر دەريا ياقىسىنى چىڭ ساقلاڭلار دەپ خەۋەر ئەۋەتكەن ئادەم يېتىپ كەلگۈچە قوۋۇقتا قىرغىن باشلىنىپ، سۇڭ جياڭ قوشۇنىنىڭ بىر قىسىم سەركەردە - لەشكەرلىرى شەھەرگە ئاللىقاچان كىرىپ بولغانىدى، ئون ئىككى قولباش سېپىل يېنىدىكى قىيقاس - چۇقانلارنى ئاڭلاپ قورال ئېلىپ ئاتلانغان چاغدا، شى جىن، چەي جىنلار ئۈچ يۈز كېمىدىكى لەشكەرنى باشلاپ، فاڭ لا لەشكەرلىرى كېيىدىغان بەلگە كىيىملىرىنى يېشىپ تاشلاپ، ئالدى بىلەن دەريا قىرغىقىغا چىقىۋالدى، كېمىگە مۆكۈۋالغان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ قىرغاققا چىقتى. باشبۇغ بولۇپ كەلگەن شېن گاڭ بىلەن پەن ۋېندېنىڭ ئىككى قوشۇنى شەھەر قوۋۇقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كەلگەندە، شى جىن شېن گاڭنى بىر قىلىچ بىلەن ئاتتىن يىقىتتى. جاڭ خېڭ پەن ۋېندېنى يان تەرەپتىن بىر نەيزە ئۇرۇپ يىقىتتى. لەشكەرلەر قوچاقلىما جەڭ قىلىشقا باشلىدى، ھېلىقى ئون ئىككى قولباش چېكىنىپ، بالچاقلىرىنى قوغداشقا شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مۇ خۇڭ

بىلەن لى جۇن شەھەر ئىچىدە ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ، مەيخانىدىن تۇتۇرۇق تېپىپ ئوت قويدى. لۇ ۋازىر ئالمان ـ تالمان ئاتلاندى، بۇ چاغدا ئۈچ قولباش كېلىپ ھەمدەمدە بولدى. شەھەردە ئاسماندىن چۈشكەندەك ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. گۇاجۇدا تۇرۇپ بۇنى كۆرگەن سۇڭ جياڭ بىر توپ لەشكەرنى ھەمدەمگە ئەۋەتتى. شەھەرنىڭ تۆت قوۋۇقىدا ئۇزۇن قوچاقلىما جەڭ بولدى. شەھەردە سۇڭ تۇرشاۋۇلىنىڭ تۇغى تىكلەندى. تۇشمۇتۇشتىن كەلگەن لەشكەرلەر قىر ـ چاپقا چۈشۈپ كەتتى، بۇنى تەرىپلەشكە تىل قىسقىلىق قىلىدۇ.

ئەمدى دەريانىڭ يۇقىرى قىرغىقىغا كەلسەك، ئۇ يەردىكى بىر يۈز ئەللىك جەڭ كېمىسى قىرغاققا يېقىنلاشتى، ئۇلارغا باش بولۇپ كەلگەن ئون سەركەردە تولۇق جابدۇنغانىدى. بۇلار جەڭ ئارغىماقلىرىنى يېتىلەپ قىرغاققا چىقتى. بۇ ئون ئالىي سەركەردە گۇەن شېڭ، خۇ يەنجو، خۇا روڭ، چىن مىڭ، خاۋ سىۋېن، شۇەن زەن، شەن تىڭگۇي، خەن تاۋ، پېڭ چى، ۋېي دىڭگولار ئىدى. بۇ ئون نەپەر سەركەردە ئىككى مىڭ لەشكەرنى باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. بۇ چاغدا لۇ ۋازىر يىغىلغان لەشكەرلىرىنى باشلاپ دەنتۇ ناھىيەسىگە قاچتى. چوڭ قوشۇن رۇنجۇ شەھىرىنى ئالدى، دەسلەپ ئوت ئۆچۈرۈلۈپ، تۆت قوۋۇقنى ساقلاشقا ئادەم تەيىنلەندى، چوڭ قوشۇن سۇڭ تۇرشاۋۇلىنىڭ كېمىسىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن دەريا بويىغا كەلدى، دەريادا لەھەڭدەك ئۇچقۇر كېمىلەر شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە تۆۋەن قىرغاققا يېتىپ كەلدى. چوڭ ـ كىچىك سەركەردە ـ سەردارلار سۇڭ تۇرشاۋۇلنى شەھەرگە باشلاپ كىردى. سۇڭ جياڭ ئەل ئەمىن ئېلانى چىقاردى، سەركەردە ـ سەردارلارنى ئېدىتلاپ كۆردى، كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىلىرىنى بارگاھقا كېلىپ مەلۇم قىلىشنى جاكارلىدى. شى جىڭ شېن گاڭنىڭ كاللىسىنى، جاڭ خېڭ پەن ۋېندېنىڭ كاللىسىنى، لىيۇ تاڭ شېن زېنىڭ

كاللىسىنى تەقدىم قىلدى، كۆك مىڭ بىلەن كۆك لياڭ جۇ ۋەنلىنى، شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇن خې تۇڭنى تىرىك تۇتۇپ كەلدى. خاۋ سىۋېن ئوقيا بىلەن شۇ تۇڭنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. رۇنجۇ شەھىرى قولغا ئېلىنىپ توت قولباش ئۆلتۈرۈلدى، ئىككى قولباش تىرىك تۇتۇلدى. ئۆلتۈرۈلگەن سەركەردە - سەرۋازلارنىڭ سان - سانىقى يوق ئىدى.

سۇڭ جياڭ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى سەردارلارنى ئېدىتلاپ كۆردى، ئۈچ سول قول سەركەردە ئوقيا تېگىپ ئۆلۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى پەلەك پالۋىنى سۇڭ ۋەن، بىرى يۈزسىز جياۋ تىڭ، يەنە بىرى توققۇز قۇيرۇقلۇق تاشپاقا تاۋ زۇڭۋاڭ ئىدى. سۇڭ جياڭ ئۈچ سەركەردىدىن جۇدا بولغىنىغا قايغۇرۇپ، غەم - غۇسسىدە قالدى. ۋۇ يۇڭ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئىنسانىڭ تىرىلىش - ئۆلۈشى تەقدىر قىسمەتتە پۈتۈلگەن. گەرچە ئۈچ يارەنىمىزدىن جۇدا بولغان بولساقمۇ، چاڭجياڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بىرىنچى مۇھىم ئايماقنى نۇسرەت بىلەن قولغا ئالدۇق، نېمىشقا غەم قىلىپ ئالتۇن بويلىرىڭىزنىڭ ئېسەنلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدىلا؟ ئەل ئۈچۈن ئەجىر - خىزمەتلەر كۆرسىتىپ، زور ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرغايلا، — دېدى.

— بىز بىر يۈز سەككىز كىشى تەڭرى ۋەھيىسىگە پۈتۈلگەنمىز، ھەممىمىز ئەپتەر - ئەختەرلەرگە مەنسۇپ، ئەينى ۋاقىتتا لياڭشەن كۆلىدە ئەھدە تۈزۈپ، ۋۇتەي تېغىدا ئانت ئىچىپ، ئۆلۈم - كۆرۈمدە بىللە بولىمىز دېگەنىدۇق. ئاستانىگە قايتقاندىن كېيىن ئالدى بىلەن گۇڭسۇن شىڭ كېتىپ قالدى، تەڭرىقۇت جىن داجيەن بىلەن خۇاڭ فۇدۇەننى ئېلىپ قالدى. سەي جىڭ ۋەزىر ئەزەم شياۋ راڭنى، ۋاڭ ئەمىر لې خېنى ئېلىپ كەتتى. بۇگۈن دەريادىن ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئۈچ يارەنىمىزدىن جۇدا بولدۇق. سۇڭ ۋەننى ئويلىسام، بۇ ئادەم گەرچە ئاجايىپ

www.uyghurkitap.com

تۆھپىلەرنى كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، لىياڭشەن كۆلىنى بىنا قىلىشتا كۆپ كۈچ چىقارغانىدى. بۈگۈن ئۇ تەھتىسارانىڭ مېھمىنى بولۇپ قالدى! — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە لەشكەرلەرگە سۇڭ ۋەن قازا قىلغان جايدا نەزىر - چىراغ سورۇنى تەييارلىتىپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تىزدۇردى، چوشقا، قويلارنى سويدۇرۇپ، ئۆزى مەي چېچىپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزدى. تىرىك تۇتۇلغان قورچاق قولباش جۇ ۋەنلى، خې تۇڭلارنى شۇ جايغا ئاپىرىپ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى ۋە قانلىرى بىلەن ئۈچ شېھىتنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزدى. سۇڭ جياڭ ئىشلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن مەھكىمىگە قايتتى، ئەجىر - تۆھپىلەر كۆرسەتكەنلەرگە ئىنئام بەردى، يەنە بىر ياقتىن مەلۇمات يېزىپ، جاڭ باسقاقبەگكە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن. كوچىلاردا قىرىلغانلارنىڭ جەسەتلىرى يىغىشتۇرۇلۇپ شەھەردىن ئاچىقىپ كۆيدۈرۈلدى. ئۈچ سول قول سەركەردىنىڭ جەسىتى رۇنجۇ شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش قوۋۇقىنىڭ سىرتىغا دەپنە قىلىندى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. لۇ ۋازىر تەڭدىن تولا لەشكىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئالتە قولباشنى باشلىغىنىچە دەنتۇ ناھىيەسىگە چېكىنىپ، لەشكەر تارتىپ بىرىشقا جۈرئەت قىلالماي ياتتى. ئۇ جىددىي قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىپ، سۇجۇدىكى ئۈچىنچى بەدەۋى شاھ فاڭ ماۋغا مەلۇمات ئەۋەتتى. بۇ چاغدا خەۋەرچى كېلىپ: «سۇجۇدىن ئەۋەتكەن باش سەردار شىڭ جىڭ باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر يېتىپ كەلدى» دەپ خەۋەر قىلدى.

لۇ ۋازىر شىڭ باش سەردارنى قوبۇل قىلدى، ھال - ئەھۋال سورىشاقاندىن كېيىن يامۇلغا كېلىپ، چىن سەركەردىنىڭ يالغان ئەل بولغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەريادىن ئۆتۈۋالغانلىقىنى سۆزلەپ:

— مانا ئەمدى باش سەردار، ئۆزلىرى يېتىپ كەلدىلە، بىز بىرلىكتە رۇنجۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاتلىنىمىز، — دېدى.
— ئۇچىنچى بەدەۋى شاھ ئەختەرلەرنىڭ ۋۇ بەگلىكى تەۋەسىگە كېلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالايىتەن كەمىنىلىرىنى لەشكەرلەرگە باش قىلىپ، دەريانى قوغداشقا بۇ يەرگە ئەۋەتتى. ۋازىر بېگىم، ئويلىمىغان يەردىن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپتىلا، كەمىنىلىرى ئۆزلىرى ئۇچۇن قىساس ئېلىپ بېرىمەن. ئۆزلىرى جەڭدە ھەمدەم بولۇپ بەرسىلە، — دېدى شىڭ جېڭ.
ئەتىسى شىڭ جېڭ رۇنجۇ شەھىرىنى قولغا ئېلىش ئۇچۇن لەشكەر تارتىپ باردى.
ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ رۇنجۇ ئايماق يامۇلىدا ۋۇ يۇڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تۇڭ ۋېي بىلەن تۇڭ مىڭنى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم باشلاپ جياۋشەنگە بېرىپ، شى شيۇ بىلەن رۇەن شياۋچىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. يەنە بىر ياقتىن لەشكەرلەرنى شەھەردىن دەنتۇ ناھىيەسىنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭغا ئون نەپەر ئوڭ قول سەركەردىنى باشچى قىلىپ بەش مىڭ لەشكەر ئاجراتتى. بۇ ئون سەركەردە گۇەن شېڭ، لىن چۇڭ، چىن مىڭ، خۇ يەنجو، دۇڭ پىڭ، خۇا رۇڭ، شۇ نىڭ، جو تۇڭ، سو چاۋ، ياڭ جىلار ئىدى. شۇ ئەسنادا بۇ ئون ئوڭ قول سەركەردە خىللانغان بەش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ رۇنجۇ شەھىرىدىن دەنتۇ ناھىيەسىگە ئاتلاندى. گۇەن شېڭلار سەپەر ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، شىڭ جېڭنىڭ لەشكەرلىرىگە يولۇقۇپ قالدى. ئىككى قوشۇن روبىرو تۇرۇپ، بىر - بىرىگە ئوقيا ئېتىشتى، ھەر ئىككى تەرەپ سەپراس بولۇپ تۇرۇشقاندى. فاڭ لا قوشۇنىدىن شىڭ جېڭ نەيزىسىنى ئوينىتىپ، ئېتىنى دېۋىتكىنىچە سەپ ئالدىغا چىقتى. ئالتە قولباش ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ تۇردى. سۇڭ جياڭ سېپىدىن گۇەن شېڭ ئۇلارنى كۆرۈپ

ئېتىنى چاپتۇرۇپ، بەندەر قىلىچىنى ئويناتقىنىچە شىلىڭ جىبىلىڭ بىلەن ئېلىشىشقا چىقتى. ئىككى سەركەردە ئون تۆت ـ ئون بەش قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرى ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى. دەرھەقىقەت: كوزا چېقىلار قۇدۇق بېشىدا، سەركەردە ئۆلەر جەڭ سېپىدە، دېگەندەك بولدى. زادى ئىككى سەردارنىڭ ئېلىشىپ قايسىسىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز ئون ئىككىنچى باب

## لۇ جۇنيىنىڭ شۈەنجۇ ئايمىقىغا تەرەپ - تەرەپتىن تەگكەنلىكى سۈڭ دانىشىنىڭ پىلىنىڭ ناھىيەسىدە قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، باش سەركەردە شىڭ جىيڭ بىلەن گۇەن شىڭ ئات ئۈستىدە ئېلىشتى، ئون تۆت - ئون بەش مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن گۇەن شېڭ شىڭ جىيڭنى بىر قىلىچ بىلەن ئاتتىن چۈشۈردى. خۇ يەنجو شىڭ جىيڭنىڭ چېپىپ تاشلانغانلىقىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرى بىلەن ئېتىلىپ كەلدى، ئالتە باشبۇغ تۆۋەنگە قاراپ تىكىۋەتتى. لۇ ۋازىر ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەنتۇ ناھىيەسىنى تاشلاپ، تىرىپىرەن بولغان لەشكەرلىرىنى ئالدى - دە، چاڭجۇ دىيارىغا قاراپ قاچتى. خان لەشكەرلىرىنىڭ ئون سەركەردىسى دەنتۇ ناھىيەسىنى بېسىۋېلىپ، سۈڭ تۇرشاۋۇلغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى، سۈڭ تۇرشاۋۇل چوڭ قوشۇننى باشلاپ دەنتۇ ناھىيەسىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى ۋە ئۈچ قوشۇننى تارتۇقلاپ، جاڭ باسقاقبېگىمگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ ۋە لەشكەر يۆتكەپ يۇنجۇ ئايمىقىنى قوغداشنى ئىلتىجا قىلىپ كىشى ئەۋەتتى. ئەتىسى بارگاھ قوشۇنىدىن سۈڭ ۋە گېڭ دېگەن ئىككى مەسلىھەتچى دەنتۇ ناھىيەسىگە تارتۇق ئېلىپ كەلدى، سۈڭ جياڭ ئۇنى ئېلىپ سەركەردىلەرگە تارقىتىپ بەردى. سۈڭ جياڭ لۇ جۇنيىنى لەشكەر يۆتكەپ يۇرۇش قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىشقا تەكلىپ قىلىپ:

— شۈەنجۇ، خۇجۇ ئايماقلىرىنى تېخىچە قاراقچى فاڭ لا

بېسىپ ياتىدۇ. بۇگۇن بىز سەركەردە ـ سەرۋازلارنى ئىككىگە ئايرىپ يۇرۇش قىلايلى، ئىككى پارچە چەك يېزىپ، چەك قەيەرگە چىقسا شۇ يەرگە لەشكەر تارتىپ بارايلى، ـــ دېدى.

سۇڭ جياڭغا چاڭجۇ، سۇجۇ ئايماقلىرىغا بېرىش، لۇ جۇنيىگە شۇەنجۇ، خۇجۇ ئايماقلىرىغا بېرىش چېكى چىقتى. سۇڭ جياڭ ئادىل پەتىۋاچى پېي شۇەننى چاقىرىپ سەركەردە ـ سەرۋازلارنى تەڭمۇتەڭ بۆلدۈردى. ئاغرىق ياڭ جىنى يۇرۇشكە بۆلمەي، دەنتۇ ناھىيەسىدە قالدۇرۇپ قويغاندىن باشقا، قالغان سەركەردە ـ سەرۋازلارنى ئىككىگە بۆلدى. تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ چاڭجۇ، سۇجۇ ئايماقلىرىغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەردىن قىرىق ئىككىنى ئالدى. بۇلار ئىچىدە ئوڭ قول سەركەردە ئون ئۈچ، سول قول سەركەردە يىگىرمە توققۇز ئىدى.

ئوڭ قول سەركەردىلەر مۇنۇلار:

تۇرشاۋۇل ئۇندەكچى سۇڭ جياڭ
مۇشاۋىر موللا تاپقاق ۋۇ يۇڭ
ئاسمان بۇركۈتى لى يىڭ
ئۇزۇن قىلىچ گۇەن شېڭ
كىچىك لى گۇاڭ خۇا رۇڭ
تېرىككەك چىن مىڭ
زەر نەيزىۋاز شۇ نىڭ
كۆركە ساقال جۇ تۇڭ
گۇلدار شەيخ لۇ جىشېن
دەرۋىش ۋۇ سۇڭ
ئەجدىھا يىگىت شى جىن
قارا قۇيۇن لى كۇي
يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭ

سول قول سەركەردىلەر مۇنۇلار:

ئۈچ تاغ غوجىسى خۇاڭ شىن
قەھرلىك يۈچى سۇن لى



www.uyghurkitap.com

ئىلاھىي ھاپىز خاۋ سىۋىن
سەت كۆرەگان شۇەن زەن
يىگىلمەس سەردار خەن تاۋ
تەڭرى كۆز سەردار پىلى چى
مالىمانچى دىۋە فەن رۋي
تۆمۇر نەيچى ما لىن
زەر يولۋاس يەن شۇن
سەككىز قوللۇق نالاكوۋارا شياڭ چۇڭ
ئۇچار ئەۋلىيا لى گۇن
ئەجەل مۇئەككىلى باۋ شۇ
يەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ
غۇنچە بوي خۇ سەننياڭ
گۇللۇك قاپلان ياڭ لىن
پالكۆز ئارسلان شى ئىن
جىن چىراي دۇ شىڭ
تۇكباش يۇلتۇز كۇڭ مىڭ
تەنھا ئۇچقۇن كۇڭ لياڭ
كۆك تەۋرىتەر گۇلدۇرماما لىڭ جىن
تۆمۇر بىلەك سەي فۇ
گۇل قىسقاق سەي چىڭ
سىرىق تايغان دۇەن جىڭجۇ
ئەۋرىشىم بىلەك مايمۇن خۇ جيەن
ھىسابچى موللا جياڭ جىڭ
دانا ئەمچى ئەن داۋچۇەن
خەتەر مۇئەككىلى يۇ باۋسى
تۆمۇر يەلپۇگۇچ سۇڭ چىڭ
ئادىل يەتىۋاچى پىي شۇەن

ئوڭ قول ۋە سول قول قىرىق ئىككى سەركەردە خىللانغان ئۇچ تۇمەن لەشكەرنى ئېلىپ يۈرۈش قىلدى، ئۇلارغا سۇڭ

www.uyghurkitap.com

تۆرشاۋۆل باش سەركەردە بولدى.

ئورۆنباسار تۆرشاۋۆل لۆ جۆنيىنىڭ شۆەنجۆ، خۆجۆ ئايماقلىرىغا تېگىش قىلىشقا قىرىق يەتتە ئوڭ قول، سول قول سەركەردە ئاجرىتىلدى، بۆلار ئىچىدە ئوڭ قول سەركەردە ئون تۆت، سول قول سەركەردە ئوتتۆز ئۈچ ئىدى. سول قول سەركەردىلەرنىڭ باشلىقى جۆ ۋۆ قوشۆمچە مۆشاۋىر بولدى.

ئوڭ قول سەركەردىلەر مۆنۆلار:

ئورۆنباسار تۆرشاۋۆل بوز تۆلپار لۆ جۆنيى<br>
چېچەن مۆشاۋىر جۆ ۋۆ.<br>
كىچىك قۆيۆن چەي جىن<br>
قاپلانباش لىن چۆڭ<br>
قوش نەيزە پالۋان دۆڭ پىڭ<br>
قوش يارما دەستىلىك خۆ يەنجو<br>
چاپاۋۆل سو چاۋ<br>
توسقۆنسىز مۆ خۆڭ<br>
قەھرلىك گۆەن سو ياڭ شيۆڭ<br>
قاناتلىق يولۋاس لىي خېڭ<br>
ئىككى باشلىق يىلان شيې جېن<br>
ئاچا قۆيرۆق چايان شيې باۋ<br>
پەيسىز ئوق جاڭ چىڭ<br>
قىزىل چاچ شەيتان ليۆ تاڭ<br>
ئالىقانات يەن چىڭ

سول قول سەركەردىلەر مۆنۆلار:

سۆ پىرى شەن تىڭگۆي<br>
ئوت پىرى ۋېي دىڭگو<br>
رىنگۆي ئاشار گو شىڭ<br>
ئوت كۆز ئارسلان دېڭ فېي<br>
مۆلايىم بەگچە لۆ فاڭ<br>
كىچىك دۆكەر جۆ تۆڭ

ئۇچقۇر زەر قانات ئوۋ پىلڭ
چار يىلان ياڭ چۇن
يولۋاس سوقار لى جۇڭ
قەھرلىك يولۋاس شۆ يۇڭ
غار سەكرىگەك يولۋاس چىن دا
كىچىك توسقۇن مۇ چۇن
خادا بوي دۇ چيەن
يەككە مۇڭگۇز ئەجدىھا زۇ رۇن
ئورمان ئەجدىھاسى جۇ يۇەن
جان ئالغۇچى ئەزرائىل لى لى
قارا كۆز يولۋاس لى يۇن
قۇرۇتقاق تىمساھ جۇ گۇي
تاش زەردار شى يۇڭ
كىچىك يۇچى سۇن شىن
كۇلگۇنچەك يولۋاس جۇ فۇ
كۆكتاتچى جاڭ چىڭ
چىشى يولۋاس گۇ يەڭگە
ئاقپىشماق يىگىت جىڭ تيەنشۇ
چىشى يەكشا سۇن چوكان
چىپار قاپلان تاڭ لۇڭ
پوكانچى شەيتان ساۋ جىڭ
كۇندۇز چاشقىنى بەي شىڭ
ئالا بويناق يولۋاس گۇڭ ۋاڭ
مەجرۇھ يولۋاس دىڭ دىسۇن
چاقماق ۋاڭ دىڭلىۇ
ناغرا بۇرگىسى شى چيەن

ئوڭ قول، سول قول قىرىق يەتتە سەركەردە خىللانغان ئۈچ تۇمەن لەشكەرنى باشلاپ يۇرۇش قىلدى، ئۇلارغا لۇ جۇنيى باش سەركەردە بولدى.

www.uyghurkitap.com

ئەي ئوقۇرمەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، تۇرشاۋۇل لۇ جۈنيى شۈەنجۇ، خۇجۇ ئايماقلىرىغا قىرىق يەتتە سەركەردە بىلەن، سۇڭ دانىش چاڭجۇ ۋە سۇجۇ ئايماقلىرىغا قىرىق ئىككى سەركەردە بىلەن تېگىش قىلماقچى بولدى. سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانى ئۆز ئالدىغا ماڭدى، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ جياۋشەنگە ئەۋەتىلگەنلىكتىن، شى شيۇ بىلەن رۇەن شياۋچىنى ئىزدەپ تاپتى، ئۇلار قايتىپ كېلىپ: «شى شيۇ ۋە رۇەن شياۋچىلار دەريا بويىغا كېلىپ بىر ئادەمنىڭ ئۆي ئىچىدىكىلىرىنى چوڭ ـ كىچىك دېمەي قىرىۋېتىپتۇ ـ دە، تېز يۈرىدىغان بىر قېيىقنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئالدى بىلەن جياۋشەن بۇتخانىسىغا كەپتۇ، بۇتخانا شەيخى ئۇلارنىڭ لياڭشەن كۆلىنىڭ باتۇرلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، بۇتخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. كېيىنچە ئۇلار جاڭ شۈننىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. جياۋشەندىن قېيىققا چۈشۈپ، ماۋ گاڭنى قولغا چۈشۈرسە، جاڭيىڭ، تەيساڭ ۋە دېڭىز بويىدىكى ناھىيە ـ ئايماقلارغا تېگىشكە ئاسان بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ، شۇڭا سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانلىرىنى تەكلىپ قىلىش ۋە كېمە ھەم ئۇرۇش قوراللىرىنى تەييارلاش توغرىسىدا بىر ئالاقە ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتسە ئىكەن» دەپ مەلۇم قىلدى.

سۇڭ جياڭ دەرھال لى جۈن باشلىق سەككىز كىشىنى بەش مىڭ سۇ لەشكىرى بىلەن شى شيۇ، رۇەن شياۋچىلارنىڭ باشچىلىقىدا سۇ يولىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلاردىن يەتتىسى ئوڭ قول سەركەردىلىككە، ئۇچى سول قول سەركەردىلىككە تەيىنلەندى. بۇ ئون سەركەردە مۇنۇلار:

پىداكار يىگىت شى شيۇ
دەريا بۇلغار لەھەڭ لى جۈن
قېيىقچى يىگىت جاڭ خېڭ
دولقۇن يارار ئاق بېلىق جاڭ شۈن
زەبەردەس پالۋان رۇەن شياۋئېر
ئۆمرى كوتابەگ رۇەن شياۋۋۇ

ئەزرائىل روھەن شىياۋچى
غار تېشەر ئەجدىھا تۇلۇق ۋېي
دەريا بۇلغار قۇلۇلە تۇلۇق مېلۇ
سەدەھ خادا مېلۇ كالۇ

بۇ ئون ئۇلۇق قول، سول قول سەركەردە خىللانغان بەش مىلۇ سۇ لەشكىرىنى ۋە يۈز جەلۇ قېيىقىنى ئېلىپ ماڭدى.

ئەي ئوقۇرمەن، شۇنى ئىشىتكەيسىزكى، سۇلۇ جياڭلارغا دەنتۇ ناھىيەسىدە جەمئىي توقسان توققۇز سەركەردە بولۇنگەنىدى. چولۇ قولۋاقلارنىلۇ ھەممىسى سۇ لەشكەرلىرى ئاتامانلىرىنىلۇ جاڭيىلۇ بىلەن تەيساڭغا تېگىش قىلىشقا بولۇپ بېرىلدى، كىچىك كېمىلەر دەنتۇدا قېلىپ قېلىپ لەشكەرلەر بىلەن بىللە چاڭجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلىشقا ماڭماقچى بولدى.

ئەمدى گەپنى لۇ شىناڭدىن ئاڭلالۇ. ئۇ ئالتە قولباشنى باشلاپ، چاڭجۇ ئايمىقىدىكى پىلىلۇ دىيارىنى ساقلاشقا قايتىپ كەلدى. بۇ ئايماقتا ئەسلىدە شەھەرنى قوغدايدىغان چيەن جىنپىلۇ دېگەن قولباش بار ئىدى، ئۇنىلۇ قول ئاستىدا ئىككى ھەمدەمچى سەركەردە بار بولۇپ، ئۇلارنىلۇ بىرسى جىنىنىن ناھىيەسىدىكى شاڭخاۋلىق جىن جيې، يەنە بىرسى چيەن جىنپىڭنىلۇ ئىشەنچلىك كىشىسى شۇ دىلۇ ئىدى. چيەن جىنپىلۇ ئەسلىدە چىڭشى ناھىيەسىنىلۇ يۈزبېشى بولۇپ، فالۇ لاغا ھەمدەملىشىپ شەھەرلەرنى تارتىۋالغاچقا، ئۇنى چاڭجۇ ئايمىقىغا باسقاقبەگ قىلىپ ئۆستۈرگەنىدى. ئۇلار لۇ ۋازىرنىلۇ يېڭىلىپ، رۇنجۇ ئايمىقىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشى بىلەن چاڭجۇ ئايمىقىغا چېكىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، جىن جيې، شۇ دىڭلار بىلەن قوۋۇقنى ئېچىپ ئۇلارنىلۇ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى ئايماق مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلدى ۋە مېھمان قىلىپ، ئورۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. چيەن جىنپىلۇ سۆز ئېلىپ:

— خاتىرجەم بولسىلا، ۋازىر، پېقىر پاراسەتلىك بولمىساممۇ، بارلىق كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، سۇلۇ جياڭلارنى سۈر - توقاي

www.uyghurkitap.com

قىلىپ، دىيارنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، رۇنجۇ ئايىمقىنى قايتۇرۇۋالىسام ھېساب ئەمەس! — دېدى.

— ئەگەر ھەممە كىشى سىزدەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولسا، ئەلنىڭ ئامانلىقىدىن نېمە غەم قىلاتتۇق؟ ئىشىمىز بىر باشقا چىققاندىن كېيىن سىزگە يۇقىرى مەرتىۋە بېرىش ھەققىدە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن خان ئالىيلىرىغا ئىلتىجا قىلىمەن، — دېدى.

شۇ كۈنى بەزمە قىلىشتى، بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭدىن ئاڭلاڭ. سۇڭ جياڭ لەشكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن چاڭجۇ، سۇجۇ ئايماقلىرىغا تېگىش قىلىشقا ماڭدى ۋە ئاتلىق لەشكەرلەرنى ئالدىن ئۇدۇل پىڭلىڭ ناھىيەسىگە بېرىشقا بۇيرۇدى. ئەڭ باشتا ئوڭ قول سەركەردە گۈەن شېڭ ئون سەكەردىنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار چىن مىڭ، شۇ نىڭ، خۇاڭ شىن، سۇن لى، خاۋ سىۋېن، شۈەن زەن، خەن تاۋ، پېڭ چى، ما لىن، يەن شۇنلەر ئىدى. ئۇلار ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەردىن بولۇپ ئون بىر كىشى ئىدى. ئۇلار ئۈچ مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن چاڭجۇ شەھىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ توغ - ئەلەملەرنى لەپىلدەتتى، جەڭ دۇمباقلىرىنى چېلىپ جەڭگە ئۈندىدى. لەشكىرىي ۋازىر بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— كىم ياۋ قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇشكە چىقىدۇ؟ — دەپ سورىدى. چيەن جېنپېڭ ئېتىنى ئېگەرلەپ:

— پېقىر بارلىق كۈچۈم بىلەن جەڭگە ھازىرمەن، — دېدى.

لەشكىرىي ۋازىر دەرھال ئالتە قولباشىنى ئاجرىتىپ ھەمدەملىشىشكە بەردى. بۇلار يىڭ مىن، جاڭ جىنرېن، جاۋ يى، شېن بيەن، گاۋ كېلى، فەن چۈلار ئىدى. بۇ يەتتە سەركەردە بەش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ، ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈردى. چيەن جېنپېڭ ئۆتكۈر قىلىچىنى ئېلىپ، چۇرقۇچ تۇكلۇك چىلان تورۇق ئېتىغا مىنىپ، ئالدى بىلەن شەھەردىن چىقتى. گۈەن شېڭ ئۇنى كۆرۈپلا قوشۇنلىرىنى سەل چېكىندۈرۈپ، چيەن جېنپېڭنىڭ سەپ تۈزۈشىگە يول قويدى.

ئالتە قولباش ئىككى ياققا بۆلۈندى، ئۇدۇل سەپتىكى گۇەن شىڭ قىلىچىنى توغرىسىغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ھەيۋە بىلەن:

— ھەي ئىسيانچى ئوغرىلار، ئاڭلاپ قويۇشكى، سەنلەر يۇرت بۇزىدىغانلارغا ياردەملىشىپ، كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتىسىلەر، بۇنىڭغا ھەم ئادەمزات، ھەم تەڭرى غەزەپلىنىۋاتىدۇ، بۈگۈن تەڭرى قوشۇنلىرى يېتىپ كەلدى، سىلەر تېخى ئۆلۈشۈڭلارنى ئۇقماي، بىز بىلەن ئېلىشماقچىمۇسىلەر؟ سەن قاراقچىلارنى قىرىپ تۈگەتمىگۈچە لەشكەرلىرىمىزنى يىغمايمىز! — دەپ ۋارقىرىدى. چېن جېنپىڭ ئاڭلاپ قەھرى - غەزىپى بىلەن:

— ھالىڭلارنى كۆرىمەن ئەبلەخلەر، سەنلەر لياڭشەن كۆلىدىكى بۇلاڭچىلار، ۋەزىيەتنى تېخى بايقىماپسىلەر، سەنلەر ئۆز ئالدىڭلارغا بەگ بولۇشنى ئويلىماي، ئەكسىچە يولدىن ئازغان زالىم خانغا تەسلىم بولۇپ، بىزدەك چوڭ بەگلىك بىلەن ئېلىشىشقا كەپسىلەر، بۈگۈن سىلەرنىڭ ئۆلۈكۈڭلاردىن تاغ قىلايمەن! — دەپ تىللىدى.

گۇەن شىڭ غەزەپكە كەلدى ۋە بەندەر قىلىچىنى ئوينىتىپ ئېتىلىپ ئالدىغا چىقتى. چېن جېنپىڭمۇ ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىككى سەركەردە ئوتتۇز نەچچە قەپەس ئېلىشتى. چېن جېنپىڭ بارا - بارا ھالسىراپ قالدى. فاڭ لا قوشۇنىنىڭ نىشان تۇغى ئاستىدىكى ئىككى قولباش چېن جېنپىڭنىڭ ھالسىراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، نەيزىلىرىنى تەڭلىگىنىچە تەڭلا كېلىپ گۇەن شىڭنى ئوتتۇرىغا ئالدى. سولدىن كەلگىنى جاۋ يى، ئوڭدىن كەلگىنى فەن چاۋ ئىدى. سۇڭ خانلىقى قوشۇنىنىڭ نىشان تۇغى ئاستىدا تۇرغان ئىككى سول قول سەركەردىنىڭ جۇدۇنى تۇتتى، ئۇلارنىڭ بىرى ئەجەل شەمشىرىنى ئوينىتىپ، يەنە بىرى يولۋاس كۆزلۈك يارما دەستىسىنى پىرقىرىتىپ، ئات سېلىپ چىقتى. بۇلار ئۇچ تاغ غوجىسى خۇاڭ شىن بىلەن قەھرلىك يۇچى سۇن لى ئىدى. ئالتە

قىلىپ، دىيارنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، رۇنجۇ ئايىمقىنى قايتۇرۇۋالمىسام ھېساب ئەمەس! — دېدى.

— ئەگەر ھەممە كىشى سىزدەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولسا، ئەلنىڭ ئامانلىقىدىن نېمە غەم قىلاتتۇق؟ ئىشىمىز بىر باشقا چىققاندىن كېيىن سىزگە يۇقىرى مەرتىۋە بېرىش ھەققىدە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن خان ئالىيلىرىغا ئىلتىجا قىلىمەن، — دېدى.

شۇ كۈنى بەزمە قىلىشتى، بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭدىن ئاڭلاڭ. سۇڭ جياڭ لەشكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن چاڭجۇ، سۇجۇ ئايماقلىرىغا تېگىش قىلىشقا ماڭدى ۋە ئاتلىق لەشكەرلەرنى ئالدىن ئۇدۇل يىلىڭ ناھىيەسىگە بېرىشقا بۇيرۇدى. ئەڭ باشتا ئوڭ قول سەركەردە گۇەن شىڭ ئون سەركەردىنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار چىن مىڭ، شۇ نىڭ، خۇاڭ شىن، سۇن لى، خاۋ سىۋېن، شۈەن زەن، خەن تاۋ، پېڭ چى، ما لىن، يەن شۇنلەر ئىدى. ئۇلار ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەردىن بولۇپ ئون بىر كىشى ئىدى. ئۇلار ئۈچ مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن چاڭجۇ شەھىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇغ - ئەلەملەرنى لەپىلدەتتى، جەڭ دۇمباقلىرىنى چېلىپ جەڭگە ئۈندىدى. لەشكىرىي ۋازىر بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— كىم ياۋ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈشكە چىقىدۇ؟ — دەپ سورىدى. چيەن جىنپىڭ ئېتىنى ئېگەرلەپ:

— پېقىر بارلىق كۈچۈم بىلەن جەڭگە ھازىرمەن، — دېدى.

لەشكىرىي ۋازىر دەرھال ئالتە قولباشىنى ئاجرىتىپ ھەمدەملىشىشكە بەردى. بۇلار يىڭ مىن، جاڭ جىنرېن، جاۋ يى، شېن بيەن، گاۋ كېلى، فەن چۇلار ئىدى. بۇ يەتتە سەركەردە بەش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ، ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈردى. چيەن جىنپىڭ ئۆتكۈر قىلىچىنى ئېلىپ، چۇرقۇچ توكلۇك چىلان تورۇق ئېتىغا مىنىپ، ئالدى بىلەن شەھەردىن چىقتى. گۇەن شىڭ ئۇنى كۆرۈپلا قوشۇنلىرىنى سەل چېكىندۈرۈپ، چيەن جىنپىڭنىڭ سەپ تۈزۈشىگە يول قويدى.

ئالته قولباش ئىككى ياققا بۆلۈندى، ئۇدۇل سەپتىكى گۇەن شىپاڭ قىلىچنى توغرىسىغا كۆتۇرۇپ تۇرۇپ، ھەيۋە بىلەن:

— ھەي ئىسيانچى ئوغرىلار، ئاڭلاپ قويۇشكى، سەنلەر يۇرت بۇزىدىغانلارغا ياردەملىشىپ، كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتىسىلەر، بۇنىڭغا ھەم ئادەمزات، ھەم تەڭرى غەزەپلىنىۋاتىدۇ، بۈگۈن تەڭرى قوشۇنلىرى يېتىپ كەلدى، سىلەر تېخى ئۆلۈشۈڭلارنى ئۇقماي، بىز بىلەن ئېلىشماقچىمۇسىلەر؟ سەن قاراقچىلارنى قىرىپ تۈگەتمىگۈچە لەشكەرلىرىمىزنى يىغمايمىز ! — دەپ ۋارقىرىدى. چيەن جېنپىڭ ئاڭلاپ قەھرى - غەزىپى بىلەن:

— ھالىڭلارنى كۆرمەمەن ئەبلەخلەر، سەنلەر لياڭشەن كۆلىدىكى بۆلاڭچىلار، ۋەزىيەتنى تېخى بايقىماپسىلەر، سەنلەر ئۆز ئالدىڭلارغا بەگ بولۇشنى ئويلىماي، ئەكسىچە يولدىن ئازغان زالىم خانغا تەسلىم بولۇپ، بىزدەك چوڭ بەگلىك بىلەن ئېلىشىشقا كەپسىلەر، بۈگۈن سىلەرنىڭ ئۆلۈكۈڭلاردىن تاغ قىلايمەن ! — دەپ تىللىدى.

گۇەن شىپاڭ غەزەپكە كەلدى ۋە بەندەر قىلىچىنى ئوينىتىپ ئېتىلىپ ئالدىغا چىقتى. چيەن جېنپىڭمۇ ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىككى سەركەردە ئوتتۇز نەچچە قەپەس ئېلىشتى. چيەن جېنپىڭ بارا - بارا ھالسىراپ قالدى. فاڭ لا قوشۇنىنىڭ نىشان تۇغى ئاستىدىكى ئىككى قولباش چيەن جېنپىڭنىڭ ھالسىراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، نەيزىلىرىنى تەڭلىگىنىچە تەڭلا كېلىپ گۇەن شىڭنى ئوتتۇرىغا ئالدى. سولدىن كەلگىنى جاۋ يى، ئوڭدىن كەلگىنى فەن چاۋ ئىدى. سۇڭ خانلىقى قوشۇنىنىڭ نىشان تۇغى ئاستىدا تۇرغان ئىككى سول قول سەركەردىنىڭ جۇدۇنى تۇتتى، ئۇلارنىڭ بىرى ئەجەل شەمشىرىنى ئوينىتىپ، يەنە بىرى يولۋاس كۆزلۈك يارما دەستىسىنى پىرقىرىتىپ، ئات سېلىپ چىقتى. بۇلار ئۈچ تاغ غوجىسى خۇاڭ شىن بىلەن قەھرلىك يۇچى سۇن لى ئىدى. ئالته

سەركەردە ئۇچكە بۆلۈنۈپ ئىلىشتى. لۈۋازىر شۇ دىڭ بىلەن جىن جيىنى شەھەردىن ھەمدەملىشىشكە چىقاردى. ئىككى سەركەردە بۇيرۇقنى ئاڭلاپ قورالىنىپ، ئاتلىرىغا مىنىشىپ سەپ ئالدىغا كەلدى. قارىسا، جاۋ يى بىلەن خۇاڭ شىن، فەن چاۋ بىلەن سۈن لى بىر - بىرلىرىگە تەڭ كېلەلمىگەن باتۇرلار ئىكەن. ئۇلار ئېلىشىپ تازا قىزىغاندا، جاۋ يى بىلەن فەن چاۋ ھالسىراپ قالدى، شۇ دىڭ بىلەن جىن يي بىردىن قىلىچ كۆتۈرۈپ سەپ ئالدىغا چىقتى. سۇڭ جياڭ سېپىدىكى خەن تاۋ بىلەن پىڭ چى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى. جىن جيي بىلەن خەن تاۋ، شۇ دىڭ بىلەن پىڭ چى تۇتۇشتى. شۇنداق قىلىپ، بەش جۈپ سەركەردە سەپ ئالدىدا تازا ئېلىشتى. ئەسلىدە جىن جيىنىڭ سۇڭ خانلىقىغا ئەل بولۇش نىيىتى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ئەتەي ئۆز سېپىنى پاتىپاراقچىلىققا سېلىش ئۈچۈن، بىرنەچچە قەپەس ئېلىشىپلا ئېتىنى بۇراپ ئۆز سېپىگە قاچتى. خەن تاۋ ئارقىدىن قوغلاپ ماڭدى. فاڭ لا قوشۇنىدىكى گاۋ كېلى خەن تاۋنىڭ جىن جيىنى راسا قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئوقياسىنى ئېلىپ، كىرىچنى تارتىپ تازا قويۇپ بېرىۋىدى، ئوق كېلىپ خەن تاۋنىڭ يۈزىگە قادالدى، خەن تاۋ ئاتتىن يىقىلدى. بۇياقتىن چىن مىڭ ئېتىنى دەرھال قامچىلاپ، بۆرە چىشلىق ئوموتىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولۇپ كېلىشىگە، ئۇ ياقتىن جاڭ جىنرېن چىقىپ كېلىپ خەن تاۋنىڭ كانىيىغا بىر نەيزە ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن خەن تاۋنىڭ جېنى تېنىدىن جۇدا بولدى. پىڭ چى بىلەن خەن تاۋ ئوڭ قول، سول قول قېرىنداش ئىدى، ئۇ خەن تاۋنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆچ ئالماقچى بولدى ۋە شۇ دىڭنى تاشلاپ، ياۋ سېپىگە ئېتىلىپ كىرىپ، گاۋ كېلىنى ئىزدىدى. شۇ دىڭ ئۇنى قوغلاپ كەلدى، ئەمما چىن مىڭ توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى. گاۋ كېلى پىڭ چىنىڭ قوغلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا چىقتى. كۈتۈلمىگەندە جاڭ جىنرېن يان تەرەپتىن چىقىپ، پىڭ

چىنى بىر نەيزە بىلەنلا ئاتتىن يىقىتتى. گۇەن شىڭ ئىككى سەركەردىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپكە كەلدى ۋە قىر - چاپ بىلەن چاڭجۇ ئايمىقىغا كىرىپ، ئۆز ھەيۋىتىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى، ئاندىن چيەن جىنپىڭغا كەلتۈرۈپ بىر قىلىچ ئۇرۇۋىدى، ئۇ ئاتتىن تىك مولالاق چۈشتى. گۇەن شىڭ ئۇنىڭ چۇرقۇچ توكلۇك چىلان تورۇق ئېتىنى تارتىۋالماقچى بولۇپ ئات ئالدى پۇتى مۇدۇرۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. فاڭ لا سېپىدىكى گاۋ كېلى بىلەن جاڭ جىنرېن ئات بىلەن كېلىپ تۇتۇۋالماقچى بولدى، لېكىن شۇ نىڭ شۇەن زەن بىلەن خاۋ سىۋېننى باشلاپ كېلىپ، گۇەن شىڭنى قۇتقۇزدى - دە، ئۆز سېپىگە ئېلىپ كەتتى. لۇ ۋازىر لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەردىن قىر - چاپ بىلەن چىقتى، گۇەن شىڭلار يېڭىلىپ، يۇقىرىغا قاراپ چېكىندى، فاڭ لا لەشكەرلىرى يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ باردى. شۇ كۈنى گۇەن شىڭ بىر بۆلۈك لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، قالغان لەشكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كېلىپ سۇڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە خەن تاۋ بىلەن پېڭ چىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. سۇڭ جياڭ ھۆڭگۈرەپ يىغلاپ:

— دەريادىن ئۆتكەندىن بېرى بەش قېرىنداشىمدىن ئايرىلارىمنى كىممۇ ئويلاپتۇ. تەڭرىم غەزەپكە كېلىپ، پېقىر سۇڭ جياڭنىڭ فاڭ لانى تۇتۇۋېلىشىمغا يول قويماي، سەركەردە - سەرۋازلىرىمنى ھالاك بولۇشقا بۇيرۇغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— ئەي سەردارىم، — دېدى ۋۇ يۇڭ تەسەللى بېرىپ، — يېڭىلىشىۋاتىدىلا! يېڭىش - يېڭىلىش جەڭلەردە بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. بۇ ئىككى سەركەردىنىڭ بۇ دۇنيادىكى رىزقى ئەنە شۇنچىلىك بولغان. تۇرشاۋۇل بېگىم غەمدىن خالىي بولۇپ، چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلغايلا.

لى كۇي بارگاھ ئالدىغا ئۆتۈپ:

— قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەنلەرنى تونۇيدىغانلار مېنى باشلاپ بېرىپ كۆرسەتسە، ئىككى ئاغامنىڭ ئىنتىقامىنى چوقۇم ئالىمەن! — دېدى.

سۈڭ جياڭ ئەتىلىككە بىر ئاق بايراق چىقىرىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:

— مەن ئۆزۈم سەركەردىلەرنى باشلاپ ئۇدۇل شەھەرنىڭ تۆۋىگە بېرىپ ئوغرىلار بىلەن ئېلىشىمەن، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، — دېدى.

ئەتىسى سۈڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ سۇ ۋە قۇرۇقلۇق بىلەن تەڭ يۈرۈش قىلدى، قېيىقلىقلار ۋە ئاتلىقلار تۇرادىن تەڭ قوزغىلىشتى. قارا قۇيۇن لى كۇي، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار بىلەن بىرلىكتە بەش يۈز باتۇر پىيادە لەشكەرنى باشلاپ ئالدىدا ماڭدى. بۇلار ماڭار – ماڭماس ئۇدۇل چاڭجۇ ئايمىقىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى.

لۇ ۋازىر چيەن جىنپىڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، باغرى كاۋاپ بولدى، ئارقا – ئارقىدىن ئۈچ قېتىم جىددىي خەت ئەۋەتىپ، سۇجۇ ئايمىقىدىكى ئۈچىنچى بەدەۋى شاھ فاڭ ماۋنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوردىغا نامە يازدى. شۇ ئەسنادا بىر مەلۇمچى كىرىپ: «شەھەر تۆۋىگە بەش يۈز پىيادە لەشكەر كېلىپ شەھەرگە تەگمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇلار نىشان تۇغىغا ‹لەشكەر باشلىقى قارا قۇيۇن لى كۇي› دەپ يېزىپتۇ» دەپ مەلۇم قىلدى. لۇ ۋازىر:

— بۇ بەتبەخت لياڭشەن كۆلىدىكى بىرىنچى قاتىل، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئەزىمەت، ئۇنى ئالدى بىلەن كىم تۇتۇپ ئەكېلىپ بېرىدۇ؟ — دېدى.

بارگاھقا يىغىپ چىققان ئىككى قولباش — گاۋ كېلى بىلەن جاڭ جىنرېن چىقىپ كەلدى. لۇ ۋازىر:

— سىلەر ئىككىڭلار ناۋادا بۇ ئوغرىلارنى تۇتۇۋالساڭلار خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئەمەلىڭلارنى ئۆستۈرىمەن، ئالىي



www.uyghurkitap.com

تارتۇق بېرىمەن، — دېدى.

گاۋ كېلى، جاڭ جىنرېن دېگەن بۇ ئىككى قولباش نەيزىلىرىنى ئېلىپ ئاتقا مىندى ۋە مىڭ نەپەر ئاتلىق - پىيادە لەشكەر باشلاپ، شەھەردىن چىقىپ ياۋ ئالدىغا باردى. قارا قۇيۇن لى كۇي ئۇلارنى كۆرۈپ، بەش يۈز پىيادە لەشكەرنى بىر قاتار قىلىپ سەپ تۈزدى. ئۆزى ئىككى ئايپالتىنى كۆتۈرۈپ، سەپ ئالدىدا تۇردى؛ ئەجەل مۇئەككىلى باۋ شۈ ھەيۋەتلىك قىلىچىنى چىڭ تۇتۇپ، يان تەرەپكە ھازىر بولدى. شياڭ چۇڭ، لى گۇنلارنىڭ ھەر ئىككىسى سول قولىغا قالقان، ئوڭ قولىغا نەيزە ئالدى، تۆتى ئۈچىسىغا يۈرەك دالدىغۇچ، ئالدى - كەينىلىرىگە تۆمۈر قۇياغ يېپىنىپ سەپ ئالدىغا سەپراس بولدى، گاۋ كېلى بىلەن جاڭ جىنرېن گويا مۇشۇك يولۋاسنى، قاغا بىلەن سېغىزخان بۈركۈتنى بوزەك قىلماقچى بولغاندەك، لەشكەر باشلاپ شەھەر ئالدىدا سەپ تارتتى.

سۇڭ جياڭ قوشۇنىدىكى بىر قانچە چارلىغۇچى گاۋ كېلى بىلەن جاڭ جىنرېننىڭ خەن تاۋ بىلەن پېڭ چىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇلار قارا قۇيۇنغا:

— مانا بۇ ئىككىسى خەن تاۋ بىلەن پېڭ چىنى ئۆلتۈرگەن! — دېدى.

لى كۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇن چىقارماي قوش پالتىسىنى كۆتۈرگىنىچە قارشى سەپنىڭ ئالدىغا يۈرۈپ كەتتى. باۋ شۈ لى كۇينىڭ قارشى سەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇننى چاقىردى، ئۇلار قالقان كۆتۈرۈپ بىرىپ ھەمدەملەشتى، تۆتەيلەن بىردەك ئاۋاز بىلەن نەرە تارتىپ قارشى سەپكە ئېتىلدى. گاۋ كېلى بىلەن جاڭ جىنرېن چۆچۈپ ئالاقزەدە بولۇپ ئاتلىرىنى قايرىشىغا، ھېلىقى قالقان تۇتقان ئىككى سەركەردە ئات ئالدىغا يېتىپ كەلدى. گاۋ كېلى بىلەن جاڭ جىنرېن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ نەيزىلىرىنى تۆۋەنگە ئۇردى، شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۈن قالقان بىلەن توسۇۋالدى. لى كۇي

پالتىسى بىلەن گاۋ كېلىنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىنى چېپىپ تاشلىدى، گاۋ كېلى ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى. شياڭ جۇڭ:
— تىرىك قالدۇرۇڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.
ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن لى كۇي قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالىسۇن؟ ئۇ ئالدىراپ قاچان ئۇنىڭ كاللىسىنى پالتا بىلەن چېپىۋەتكەنىدى. باۋ شۇ جاڭ جىنرېننى ئاتتىن يۇلۇۋېلىپ، قىلىچ بىلەن كاللىسىنى چېپىپ تاشلىدى. تۆتەيلەن سەپتە قالايمىقان چېپىۋەردى. قارا قۇيۇن لى كۇي گاۋ كېلىنىڭ بېشىنى بېلىگە قىستۇرۇۋېلىپ، قوش پالتىسى بىلەن كىم بولسۇن جېنىنىڭ بارىچە قىرىپ - چېپىپ ماڭدى، ئۈچ - تۆت يۈز ئادەم قىرىلىپ تۈگىدى، قالغان مىڭدەك ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەر شەھەر ئىچىگە چېكىنىپ كىرىپ كەتتى، ئۇلارنى لى كۇيلار ئاسما كۆۋرۈككىچە قوغلاپ باردى. لى كۇي بىلەن باۋ شۇ ئىككىسى بىراقلا چېپىپ شەھەرگە كىرمەكچى بولغىنىدا، شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇن ئۇلارنى توسۇۋېلىپ قايتۇرۇپ كەلدى. سېپىلدىكىلەر ئوتقاش ۋە ئوت كۆتەكلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى. تۆتەيلەن سەپ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ، ئاۋۋالقىدەك بىر قاتار بولۇپ تۇردى، ئۇلار بۇ يەردە قاراملىق قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئەسلىدە قوچاقلاشما جەڭ قىلماقچىدى، قارا قۇيۇننىڭ ئاق - قارىنى ئايرىماي، ئالدىغا كەلگىنىنى چېپىۋېرىشىدىن قورقۇپ ئاتلىنالمىدى.
چاڭ - توزانلار كۆتۈرۈلگەن بۇ ئورۇنغا تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىمۇ يېتىپ كەلدى، لى كۇي بىلەن باۋ شۇ ئىككى كاللىنى تەقدىم قىلدى. سەركەردىلەر قارىسا، بۇ گاۋ كېلى بىلەن جاڭ جىنرېننىڭ كاللىسى ئىكەن، ھەممىسى ھەيران قېلىپ:
— بۇ ئىككى ياۋنىڭ كاللىسىنى قانداق ئالدىڭلار؟ — دېيىشتى.
— قانچىلىغان ياۋنى قىرىپ تاشلىدۇق دېمەمسىلەر؟! ئەسلىدە تىرىك تۇتۇپ كەلمەكچىدۇق، بىراق قولىمىز

قىچىشىپ، تاقەت قىلالماي چىپىپ تاشلىدۇق، ــ دېيىشتى ئىككىسى.

ــ بۇ ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى ئاق بايراق ئاستىغا ئېسىپ قويۇڭلار، خەن تاۋ بىلەن پېڭ چىلارنىڭ روھى خۇش بولسۇن، ــ دېدى سۇڭ جياڭ.

سۇڭ جياڭ يەنىلا كۆز يېشى قىلىپ، ئاق بايراقنى يىغىشتۇردى ۋە لى كۈي، باۋ شۈ، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلارغا تارتۇق بېرىپ، شۇئان چاڭجۇ شەھىرىگە يۈرۈش قىلدى ۋە يۈرۈپ ـ يۈرۈپ چاڭجۇ شەھىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

ئەمدى لۈ ۋازىرغا كەلسەك، ئۇ شەھەر ئىچىدە ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، جىن جيې، شۈ دىڭ ۋە باشقا تۆت قولباش بىلەن سۇڭ جياڭنى چېكىندۈرۈش ئامالى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. بۇ سەركەردىلەر لى كۈيلارنىڭ جەڭدە نۇرغۇن كىشىلەرنى قىرىپ تاشلىغانلىقىنى كۆرگەنلىكتىن يۈرەكلىرى پوكۇلداپ، شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. كىم جەڭگە چىقىدۇ دەپ نەچچە قېتىم سورالغان بولسىمۇ، گويا كى گاس ـ گاچىلاردەك زۇۋانلىرى تۇتۇلۇپ، ھېچكىم لام ـ جىم دېمەي شۈك بولۇۋالدى. لۈ ۋازىرنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، سېپىلغا ئادەم چىقاردى. قارىسا، سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى ئۈچ تەرەپتىن چاڭجۇ شەھىرىنى قورشاۋغا ئېلىپ، شەھەر يېنىدا بايراقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، داقا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ جەڭگە چاقىرىۋاتقانىكەن. لۈ ۋازىر سەركەردىلىرىنى سېپىلغا چىقىرىپ قوغداشقا بۇيرۇدى، سەركەردىلەر بارگاھتىن چىقتى. لۈ ۋازىر ئۆزى ئارقا ئايۋاندا قېلىپ ئويغا پاتتى، ئۇ ئامالسىزلىقتىن، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى يېقىنلىرىنى يىغىپ، شەھەرنى تاشلاپ قېچىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشتى، بۇ گەپ شۇ يەرە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى قوغدىغۇچى سەركەردە جىن جيېگە كېلەيلى. ئۇ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ خوتۇنى چىن يۈلەنگە:

— بۈگۈن تۇرشاۋۇل سۈڭ جياڭ شەھەرنى قورشىۋېلىپ، ئۈچ تەرەپتىن تېگىش قىلىۋاتىدۇ. شەھىرىمىزدە ئاشلىق ئاز، ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز، ئەگەر شەھەر قولدىن كېتىپ قالسا، ئۇ چاغدا بىز پۈتۈنلەي قىلىچ ئاستىدا قالىمىز، — دېدى.

— سىز ئەزەلدىن سادىق - ۋاپادار ئادەم، — دېدى چىن يۈلەن، — ئەل بولۇشنى خالايسىز، ئۈنىڭ ئۈستىگە بۇرۇن سۈڭ خاندانلىقىغا سىپاھىبەگ بولغان، ئۇوردا سىزگە يامانلىق قىلغىنى يوق. ئەگەر توغرا يولغا قايتىپ، لۇ شىناڭنى تۇتۇپ، سۈڭ تۇرشاۋۇلغا تەقدىم قىلسىڭىز، ئەلۋەتتە مەرتىۋە - مەنسەپكە ئېرىشىسىز.

— ئۇنىڭ قول ئاستىدا ھازىر تۆت قولباش بار. ھەممىسىنىڭ لەشكىرى بار، شۇ دىڭ دېگەن بەتبەخت مەن بىلەن چىقىشالمايدۇ، ئۇ لۇ شىناڭنىڭ ئىشەنچلىك كىشىسى. مەن ئىشىم ئوڭدىن چىقماي، بالا - قازاغا قالمىغىنىمكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن، — دېدى جىن جيې.

— سىز كېچىلەپ بىر خەت يېزىپ، ئۇنى ئوقيا ئۇچىغا باغلاپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېتىپ چىقىرىڭ، خەتتە ئىچى - سىرتىدىن ماسلىشىپ، شەھەرنى ئېلىش توغرىسىدا سۈڭ تۇرشاۋۇلنى خەۋەردار قىلىڭ. سىز ئەتە جەڭگە چىققاندا يېڭىلگەن بولۇۋېلىپ، سۈڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى شەھەرگە ئەگەشتۈرۈپ كىرىڭ، مۇشۇلا سىزنىڭ ئەجىر - تۆھپىلىرىڭىز بولىدۇ، — دېدى خوتۇنى يەنە.

— ئەي ئەقىللىق خوتۇنۇم، بۇ گېپىڭ ناھايىتى جايىدا بولدى، سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك ئىش قىلاي، — دېدى جىن جيې.

## نەزم

زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا ئۇ قويۇپ قەدەم،<br>
بالايىئاپەتتىن خالاس بولغان ھەم.

پىلىڭدا كۆردى ئۇ چۇنچيۇ① دەۋرىدەك —
مەزلۇملار ئاسارەت چەككەننى بۇ دەم.
ۋاپادار قەلبىدىن پەم ئېيتسا خوتۇن،
نېمىشقا ئېرى قايمۇقتى شۇ دەم؟

ئەتىسى سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرگە جىددىي تېگىش قىلدى، لۇ ۋازىر ئادەملىرىنى يىغىپ مەسلىھەت قىلىشتى. جىن جىي:

— چاڭجۇ شەھىرى ئېگىزگە جايلاشقان، ئەتراپى تۈزلەڭ، قوغداشقا ئەپلىك، سىرتقا چىقىپ جەڭ قىلىشقا لايىق ئەمەس. سەركەردىلەر شەھەرنى مەھكەم ساقلىسا، سۇجۇ ئايمىقىنىڭ قۇتقۇزغۇچى لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەندە، ئاندىن چىقىپ جەڭ قىلساق بولىدۇ، — دېدى.

— بۇ گەپ ناھايىتى توغرا، — دېدى لۇ ۋازىر.

سەركەردىلەردىن يىڭ مىڭ بىلەن جاۋ يى كۈنچىقىش قوۋۇقنى، شىيېن بيەن بىلەن فەن چۇ يۇقىرى قوۋۇقنى، جىن جىي كۈنپېتىش قوۋۇقنى، شۇ دىڭ تۆۋەن قوۋۇقنى قوغداشقا بۆلۈندى. ئورۇنلاشتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ھەرقايسى سەركەردىلەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۆز ئورۇنلىرىغا ماڭدى. دەل شۇ كۈنى كەچتە جىن جىي ئۆز نامىدىن مەكتۇپ يېزىپ، ئوقنىڭ ئۇچىغا باغلاپ تۈن جىمجىتلىقىنى كۈتتى ۋە سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ، كۈنپېتىشتىكى قوۋۇقنىڭ سىرتىدا يول چارلاۋاتقان لەشكەرلەرگە قارىتىپ ئاتتى. ئۇنى خەۋەرچىلەر تېپىۋېلىپ، ئالدىراپ - تېنەپ قوشقا مەلۇم قىلغىلى كېلىشتى. كۈنپېتىشتىكى قوشنىڭ قوغدىغۇچىسى ئوڭ قول سەركەردە گۈلدار شەيخ لۇ جىشېن دەرۋىش ۋۇ سۇڭ بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، دەرھال سول قول سەركەردە دۇ شىڭنى ئەۋەتىپ، كۈنچىقىش يۇقىرىدىكى چوڭ قوشقا تېزدىن خەۋەر قىلىشتى. بۇ چاغدا سۇڭ

① چۇنچيۇ — يەنى ئەمىنىيە.

جىياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ شام يورۇقىدا بارگاھتا ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. دۇ شىڭ جىن جىيىنىڭ يازغان خېتىنى بەردى. سۈڭ جىياڭ كۆرۈپ خۇش بولۇپ، ئۈچ قوشنى خەۋەردار قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى.

ئەتىسى ئۈچ قوشتىكى ئاتامانلار ئۈچ تەرەپتىن شەھەرگە تېگىش قىلدى. لۇ ۋازىر سىپىل راۋىقىدا تۇرۇپ، سۈڭ جىياڭ سېپىدىكى كۆك تەۋرىتەر گۈلدۈرماما لىڭ جېننىڭ توپلارنى ئورنىتىلدى، كۆيدۈرگەچ توپ ئوقىدىن بىرنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى، ئوقنىڭ ئۇدۇل بېرىپ راۋاقنىڭ بۇرجىكىگە تېگىپ، گۈلدۈرلەپ راۋاقنىڭ يېرىمىنى پاچاقلاپ تاشلىغانلىقىنى كۆردى. لەشكىرىي ۋازىر دەرھال قېچىپ، سېپىلدىن چۈشۈپ جېنىنى ساقلاپ قالدى ۋە تۆت قوۋۇقنى قوغدىغۇچى سەركەردىلەرنى شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلىشقا ئالدىراتتى. جەڭ دۇمبىقى ئۈچ قېتىم چېلىنىپ، شەھەر قوۋۇقى كەڭ ئېچىلدى، ئاسما كۆۋرۈك چۈشۈرۈلدى. يۇقىرى قوۋۇقتىن شې يېەن بىلەن فەن چۈ لەشكەر باشلاپ جەڭگە چىقتى. سۈڭ جىياڭ قوشۇنىدىكى ئۇزۇن قىلىچ گۇەن شىڭ چىيەن جېنىپىڭنىڭ چۇرقۇچ تۇكلۇك چىلان تورۇق ئېتىغا مىنىپ، سەپ ئالدىغا چىقىپ فەن چۈ بىلەن تۇتۇشتى. ئىككىسى تازا ئېلىشىۋاتقاندا، كۇنپېتىش قوۋۇقتىن جىن جىيي يەنە بىر بۆلەك لەشكەرنى باشلاپ جەڭگە چىقىپ كەلدى. سۈڭ جىياڭ سېپىدىكى قەھرلىك يۇچى سۈن لىمۇ دەرھال ئات سېلىپ كەلدى. ئۇلار تۇتۇشۇپ، ئۈچ قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن جىن جىيي يېڭىلگەن بولۇپ ئېتىنى بۇراپ قاچتى. ئالدىدىن سۈن لى، ئارقىدىن يەن شۈن، ما لىنلار، ئاندىن كېيىن لۇ جېشىن، ۋۇ سۇڭ، كۇڭ مىڭ، كۇڭ لياڭ، شى ئېن، دۇ شىڭلار تەڭلا قوزغالدى. جىن جىيي شەھەرگە كىرىپ بولغۇچە سۈن لى قوۋۇقنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، كۇنپېتىش قوۋۇقنى تارتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، سۈڭ خاندانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ كۇنپېتىش قوۋۇقتىن

كىرگەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ چاغدا فاڭ لانىڭ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراپ، غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تۇرغان پۇقرالار خان لەشكەرلىرىنىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھەممىسى چىقىپ ھەمدەمدە بولدى. سېپىل ئۈستىدە تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭنىڭ بايرىقى قادالدى. فەن چۇ بىلەن شىن بىيەن شەھەردە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ، شەھەرگە ئۇچقاندەك كىرىپ، ئۆز بالىچاقىلىرىنى قوغدىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، سولدىن پەتەك يولۋاس ۋە غۇنچە بويلار بۆسۈپ چىقىپ، فەن چۇنى تۇتۇۋالدى. ئوڭدىن شۈەن زەن بىلەن خاۋ سىۋېن ئىككىسى تەڭلا چىقىپ، شىن بىيەننى بىر نەيزە بىلەن ئاتتىن چۈشۈردى. لەشكەرلەر كېلىپ ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالدى. سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭنىڭ قوشۇنلىرى شەھەرگە كىرىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن فاڭ لانىڭ لەشكەرلىرىنى ئاختۇردى، تېپىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. لەشكىرىي ۋازىر لۇشىناڭ شۇ دىڭنى باشلاپ، تۆۋەن قوۋۇقتىن چىقىپ، جېنىنىڭ بارىچە قاچتى، لەشكەرلەر قوغلاپ يېتەلمەي، چاڭجۇغا قايتىشىپ بۇيرۇق كۈتتى ۋە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە لايىق تارتۇق ئېلىشتى. جاۋ يى پۇقرالاردىن بىرىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنماقچى بولغاندا، پۇقرالار ئۇنى تۇتۇپ بەردى. يىڭ مىڭ پاتىپاراق بولغان لەشكەرلەر ئىچىدە چېپىپ تاشلاندى، سۇڭ جياڭ ئايماق مەھكىمىسىگە كېلىپ ئەل ئەمىن ئېلانى چىقاردى، پۇقرالار قېرىلىرىنى يۆلەپ، كىچىكلىرىنى كۆتۈرۈپ، مەھكىمىگە كىرىپ سۇڭ جياڭغا تەشەككۈر ئېيتىشتى. سۇڭ جياڭ پۇقرالاردىن ھال سوراپ ئۇلارنى تەرىپلىدى. سەركەردىلەر كىرىپ ئۆز تۆھپىلىرىنى مەلۇم قىلىشتى.

جىن جيي مەھكىمىگە كېلىپ سۇڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشتى. سۇڭ جياڭ ئۆزى پەسكە چۈشۈپ جىن جيينى كۈتۈۋالدى ۋە تۆرگە تەكلىپ قىلدى. جىن جيي چەكسىز ھاياجان بىلەن تەشەككۈر ئوقۇدى، جىن جيينىڭ قايتىدىن سۇڭ خاندانلىقىغا

ياخشى سىپاھبەگ بولۇپ قىلىشى خوتۇنىنىڭ مەسلىھەتىدىن بولدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. سۇڭ جياڭ فەن چۈ، شىن بىيەن، جاۋ يىلارنى كۇشۇككە سولاتقۇزدى، ئاندىن خەت يېزىپ، جىن جيېنى ئۇلارنى يۇنجۇ ئايمىقىدىكى جاڭ ئەمىر باسقاقبەگنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇدى. جىن جيې ئالاقىنى ئېلىپ، ئۈچ سەركەردىنى ئالدىغا سېلىپ يۇنجۇ ئايمىقىغا قاراپ ماڭدى، كېتەر چاغدا سۇڭ جياڭ ئۆزى ئالدى بىلەن يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭنى چاقىرىپ، تېزدىن خەۋەر ئەۋەتىپ، جىن جيېنى بارگاھ قوشۇنىغا تونۇشتۇردى. ئەمىر باسقاق جاڭ بېگىم سۇڭ جياڭنىڭ جىن جيېنى ئەنە شۇنداق سادىق، مەرد كىشى دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئەمدى جىن جيېنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولدى. جىن جيېگە ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن، ئات - ئېگەر، مەي - شارابلار تارتۇق قىلدى. ئورۇنباسار تۇتۇقبەگ لىۇ گۇاڭشى جىن جيېنى ئەپقېلىپ، لەشكىري ۋالىيلىققا كۆتۈرۈپ، ئۆز قول ئاستىدا ئىشلەتتى. كېيىنچە جىن جيې لىۇ گۇاڭشى بىلەن بىرلىكتە جىن ۋۇسۇنىڭ تۆتىنچى ئوغلىنى يوقىتىشتا كۆپ تۆھپە قوشۇپ، تۇتۇقبەگنىڭ ئۆز قوشۇنىغا پەنسادبەگ بولدى، كېيىن جۇڭشەن جىڭدە ئۆلدى. دېمەك، جىن جيېنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

ئازازۇل بەگلىكنى ئەگەشسەڭ چېكەرسەن پۇشمان،
گەرچە مەردلىكتە شېھىت بولساڭ تاپارسەن نام - نىشان.
چۈشتى جۇڭشەن جىڭگە ئۇ بولدى سادىق رەھمىتى،
ئاشۇ فاڭ لا سېپىدە ئۆلگەندىن ئەلا ھەرقاچان.

شۇ كۈنى ئەمىر باسقاقبەگ بىلەن تۇتۇقبەگ جىن جيېنى تارتۇقلىدى، ئۈچ ئوغرىنى پارە - پارە قىلىپ ئەلگە سازايى قىلدى. ئاندىن چاڭجۇ ئايمىقىغا ئادەم ئەۋەتىپ، تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ قوشۇنىنى تارتۇقلىدى.

سوڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ چاڭجو ئايمىقىدا تۇرۇپ، دەي زوڭدىن شۇەنجو ئايمىقى بىلەن خوجو ئايمىقىدىكى ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لو جۇنيىگە لەشكەر يۆتكەش خەۋىرىنى ئەۋەتتى. شۇ ئارىدا بىر خەۋەرچى كېلىپ، لو ۋازىرنىڭ ۋۇشى ناھىيەسىگە قېچىپ بېرىپ، سوجو ئايمىقىدىكى قوتقۇزغۇچى لەشكەرلەرگە قوشۇلۇپ، قايتىدىن ئېلىشىشقا كەلمەكچى بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. سوڭ جياڭ بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلارنى يۆتكەپ، ئوڭ ــ سول قول سەركەردىلەردىن ئون كىشىنى تەيىنلەپ، ئۇلارنى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ياۋغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇلار گۇەن شېڭ، چىن مىڭ، جو تۇڭ، لى يىڭ، لو جىشېن، ۋۇ سوڭ، لى كۈي، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار ئىدى. گۇەن شېڭلار ئالدىن يۈرەر قوشۇننى باشلاپ، باشقا سەركەردىلەر بىلەن بىرلىكتە سوڭ تۇرشاۋۇل بىلەن خوشلىشىپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى.

دەي زوڭغا كەلسەك، ئۇ شۇەنجو، خوجو ئايماقلىرىغا لەشكەر كىرگۈزگەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ، چەي جىن بىلەن سوڭ جياڭنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

ـــ ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لو جۇنيى بېگىم شۇەنجو ئايمىقىنى ئالغانلىق ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن چەي جىن بېگىمنى ئالاھىدە ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى، ـــ دېدى.

سوڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولدى. چەي جىن ئايماق مەھكىمىسىگە كېلىپ سوڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، سوڭ جياڭ ھاردۇق شارابى تۇتۇپ، ئارقا ھويلىغا باشلىدى. تۇرشاۋۇل لو جۇنيىنىڭ شۇەنجو ئايمىقىنى ئالغانلىقىنى ئىنچىكىلەپ سورىدى. چەي جىن مەكتۇپنى چىقىرىپ سوڭ جياڭغا سۇندى. شۇەنجو ئايمىقىنى قانداق ئالغانلىقىنى ئۇجۇر ــ بۇجۇرى بىلەن سۆزلەپ بەردى.

فاڭ لانىڭ قول ئاستىدىكى شۇەنجو ئايمىقىنى ساقلاپ تۇرغان باسقاقبەگ جيا يۈچىڭنىڭ قول ئاستىدا ئالتە قولباش بار ئىدى،

www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ ھەممىسى شىجۇ، لۇجۇ ئايماقلىرىدىن ئىدى. ئۇلار لى شاۋ، خەن مىڭ، دۇ جىڭچېن، لۇ ئەن، پەن رۇن، چېڭ شىڭزۇلار ئىدى. شۇ كۈنى جيا يۇچىڭ ئالتە قولباشنى ئۈچ تارامغا بۆلۈپ شەھەردىن چىقاردى. تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيىمۇ لەشكەرلىرىنى ئۈچ تارامغا بۆلۈپ، لەشكەرلىرى بىلەن جەڭگە ماڭدى. ئوتتۇرىدا خۇ يەنجو بىلەن لى شاۋ ئېلىشتى، دۇڭ پىڭ بىلەن خەن مىڭ تۇتۇشتى. ئۇلار ئون قەپەستىن ئېلىشقاندىن كېيىن دۇڭ پىڭ خەن مىڭنى ئىككى نەيزە ئۇرۇپ يىقىتتى. لى شاۋ قاچتى، ئوتتۇرا تارام قوشۇن يېڭىلدى، سول تارام قوشۇندىكى لىن چۇڭ دۇ جىڭچېن بىلەن ئېلىشتى. سو چاۋ بىلەن لۇ ئەن تۇتۇشتى. لىن چۇڭ يىلانباش نەيزىسى بىلەن دۇ جىڭچېننى ئۆلتۈردى، سو چاۋ لۇ ئەننى چانىۋەتتى. ئوڭ تارام قوشۇندىكى جاڭ چىڭ پەن رۇن بىلەن، مۇ خۇڭ چېڭ شىڭزۇ بىلەن تۇتۇشتى. جاڭ چىڭ تاش بىلەن پەن رۇننى ئۇرۇپ يىقىتتى ۋە يولۋاس سوقار لى جۇڭ يۈگۈرۈپ چىقىپ پەن رۇننى چېپىۋەتتى. چېڭ شىڭزۇ ئېتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى، شۇ كۈنى ئارقا ــ ئارقىدىن تۆت سەركەردە ئۆلتۈرۈلدى. قاراقچى لەشكەرلەر شەھەرگە چېكىنىپ كىرىپ كەتتى. تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيى سەركەردىلەرنى شەھەرنى ئېلىشقا ئالدىرىتىپ، قوۋۇققا يېتىپ كەلدى، ئەمما سېپىل ئۈستىدىكى قاراقچى لەشكەرلەردىن پەخەس بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر پارچە تاش ئۈچۈپ كېلىپ بىر سول قول سەركەردىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. سېپىلدىن ئوق ياغدى. ئوقلارنىڭ ھەممىسى زەھەرلەنگەن بولۇپ، ئىككى سول قول سەركەردىگە تېگىۋىدى، ئۇلار تۇراغا يېتىپ بارمايلا جان بەردى. تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيى ئۈچ سەركەردىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كېچىلەپ شەھەرگە تېگىش قىلدى. كۈنچىقىش قوۋۇقنى ساقلاۋاتقان قاراقچى سەركەردە ــ سەرۋازلار قوۋۇقنى چىڭ ساقلىمىغانلىقتىن، لۇ جۇنيىلەر شۇ يەردىن كىرىپ شۇەنجو شەھىرىنى ئالدى، لى شاۋ پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە چېپىپ تاشلاندى. جيا يۇچىڭ قالدى ــ قاتتى لەشكەرلىرىنى

باشلاپ خۇجۇ ئايمىقىغا قېچىپ كەتتى. لۇ جىشېن قورشىلىپ
قېلىپ نەگە كېتەرىنى بىلمەي قالدى. ئاقپىشماق يىگىت جېڭ
تيەنشۇ تاش تېگىپ ئۆلگەندى، پوكانچى شەيتان ساۋ جېڭ بىلەن
چاقماق ۋاڭ دىڭلىيۇ زەھەرلىك ئوق تېگىپ ئۆلگەندى. سۇڭ
جياڭ يەنە ئۈچ يارەنىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھۆڭگۈرەك
ئېتىپ يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. يۈرەك - باغرىنىڭ نېمە بولغاذ-
لىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، پۇت - قوللىرى ھەرىكەتتىن
قالدى. بۇ خۇددى گۈل ئېچىلسا شامال توزۇتار، ئاي چىقسا
بۇلۇتلار توسار، دېگەندەك بولدى. سۇڭ جياڭ ئايلىنىپ، ئەس -
ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ جېنىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىن-
كى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تاربىسى

# بىر يۈز ئون ئۈچىنچى باب

## دەريا بولغار لەھەڭنىڭ تەيخو كۆلدە ئاكا ـ ئۇكا تۇتۇشقانلىقى سۈڭ دانىشنىڭ سۇجو ئايمىقىدا قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ ئارىدا سەركەردىلەر سۇڭ جياڭنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، سۇڭ جياڭ بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ۋۇ يوڭلارغا:

— بۇ سەپەر فاڭ لانى چوقۇم تۇتالمايدىغان بولدۇق! دەريادىن ئۆتكەندىن بۇيان شۇنداق كېلىشمەسلىك بولدىكى، ئارقا ـ ئارقىدىن سەككىز قېرىنداشىمىزدىن ئايرىلدۇق، — دېدى.

— ئەي سەردارىم، — دېدى ۋۇ يوڭ تەسەللىي بېرىپ، — بۇ گەپنى قىلىپ لەشكەرلىرىمىزنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتمىسىلە، قىتانلارنى تىرىپىرەن قىلغان چاغلىرىمىزدا ھەممىمىز ساق ـ سالامەت ئاستانىگە قايتقاندۇق. ئۇمۇ تەقدىرنىڭ ھۆكمى. بۇ سەپەر قېرىنداشلىرىمىز قازا تاپتى، ئۇلارنىڭ رىزقى شۇنچىلىك ئىكەن. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، دەريادىن ئۆتكەندىن بېرى ئارقا ـ ئارقىدىن رۇنجو، چاڭجو، شۈەنجو دېگەن چوڭ ئايماقلارنى ئالدۇق. بۇ بولسىمۇ تەڭرىقۇتنىڭ تەقدىر ـ تەلىيى، سەردار ئالىيلىرىنىڭ ھەيۋىتى. قانداقمۇ كېلىشمەسلىك دېگىلى بولسۇن! تۇرشاۋۇل بېگىم، نېمىشقا ئىرادىلىرىنى بوشاشتۇرىدىلا؟

— ئۇلارنىڭ تەقدىرى شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ، — بىز بىر يۈز سەككىز كىشى ئەختەر ـ ئەپتەرلەردۇرمىز، بىز خۇددى ئاكا ـ ئۇكىدەك ئىناق ـ يېقىن قېرىنداشلارمىز. بۈگۈن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم

بۇزۇلۇۋاتىدۇ.

— ئەي سەردارىم، بىئارام بولۇپ، ئالتۇن بويلىرىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈۋالمىسىلا. ئەمدى ھەمدەمىلىككە لەشكەر يۆتكەپ، ۋۇشى ناھىيەسىگە تېگىش قىلىشقا ئىجازەت بەرسىلە، — دېدى ۋۇ يۇڭ يەنە تەسەللى بېرىپ.

— چەي جىن بېگىم قېشىمدا قېلىپ ماڭا ھەمراھ بولغاي، يەنە جەڭ مەك[illegible]، دەي تۆرەمدىن لۇ تۇرشاۋۇلغا يەتكۈزۈپ بېرىلسۇن [illegible]ا تېگىش قىلىش[illegible]ىلەن بالدۇرراق خاڭجۇغا يې[illegible]ىغىلىقتا بۇيرۇق چۈشۈرۈلسۇن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

ۋۇ يۇڭ پىبي شۇەنگە جەڭ مەكتۇپى يازدۇرۇپ، دەي زۇڭدىن شۇەنجۇ ئايمىقىغا ئەۋەتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى لۇ شىناڭدىن ئاڭلاڭ. ئۇ شۇ دېگىنى باشلاپ ۋۇشى ناھىيەسىگە قېچىپ كېلىشىگە، دەل سۇجۇ ئايمىقىنىڭ ئۇچىنچى بەدەۋى شاھىنىڭ ھەمدەمىلىككە ئەۋەتكەن لەشكەرلىرىگە يولۇقۇپ قالدى. بۇلارنىڭ باشلىقى ئالتە قوشۇننىڭ پەنسادى ۋېي جۇڭ ئىدى. ئۇ ئون نەچچە ھەمدەمچى سەركەردە بىلەن بىر تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ چاڭجۇ ئايمىقىغا كېتىۋاتقانىدى. بۇلار ئۇچرىشىپ قېلىپ، ۋۇشى ناھىيەسىنى ساقلاپ قېلىشنى نىيەت قىلدى. لەشكىرىي ۋازىر لۇ شىناڭ جىن جيېنىڭ شەھەرنى تەقدىم قىلغانلىقىنى بايان قىلغانىدى، ۋېي جۇڭ:

— خاتىرجەم بولسىلا ۋازىر بېگىم، پېقىر چوقۇم چاڭجۇ ئايمىقىنى يەنە قايتۇرۇۋالىمەن، — دەپ تۇرۇشىغا، چارلىغۇچى كىرىپ: «سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى يېقىنلىشىپ قالدى، تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشسىلا» دەپ مەلۇم قىلدى. ۋېي جۇڭ دەرھال ئاتلاندى - دە، لەشكەرلىرىنى باشلاپ، يۇقىرى قوۋۇقتىن ياۋ ئالدىغا چىقتى، قارىغۇدەك بولسا، سۇڭ جياڭ قوشۇنىنىڭ لەشكەرلىرى ئاجايىپ كۈچلۈك ۋە ھەيۋەتلىك ئىكەن، بۇلارنى باشلاپ كەلگەن

www.uyghurkitap.com

سەركەردە قارا قويۇن لى كۇي ئىكەن. سەپ ئالدىدا كېلىۋاتقان باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار شىددەت بىلەن چاپقۇنغا ئۆتتى. ۋېي جۇڭ ھودۇقۇپ كېتىپ، لەشكەرلىرىنى ئىنچىكە تۈزۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، يېڭىلىپ قاچتى. ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ ۋۇشى ناھىيەسىگە چېكىنىپ كىرگىنىدە، ھېلىقى تۆتى ئارقىدىن سۈرگىنىچە قوغلاپ كىردى. لەشكىرىي ۋازىر لۇ شىناڭ تۆۋەن قوۋۇقتىن قايتتى. گۇەن شېڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ [illegible] سىۋالدى. ۋېي جۇڭ، شۇي دىڭلارمۇ تۆۋەن [illegible] قاچتى. بۇلار ھەممىسى سۈجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كەتتى. گۇەن شېڭلار ناھىيەنى ئېلىپ، دەرھال سۇڭ تۇرشاۋۇلغا خەۋەر قىلىشقا ئادەم چاپتۇردى. سۇڭ جياڭ ئاتامانلىرى بىلەن ۋۇشى ناھىيەسىگە كېلىپ ئەل ئەمىن ئېلانى چىقىرىپ، بۇ جايدىكى پۇقرالارنى مۆمىن پۇقرالار دەپ جاكارلاپ خاتىرجەم قىلدى ـ دە، چوڭ قوشۇننى مۇشۇ ناھىيەدە تۇرغۇزدى، جاڭ ئەمىر باسقاقبەگ بىلەن ليۇ ئامان بەگكە چاڭجۇ ئايمىقىنى ساقلاپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى.

ئەمدى گەپنى لۇ ۋازىردىن ئاڭلاڭ. ئۇ ۋېي جۇڭ، شۇي دىڭ ئۈچى قالدى ـ قاتتى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ سۈجۇ شەھىرىگە قېچىپ كېلىپ، ئۈچىنچى بەدەۋى شاھتىن ياردەم سورىدى. ئۇلار سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى زور كۈچ بىلەن سۈرۈپ كەلگەنلىكتىن، تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولماي، شەھەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئۈچىنچى بەدەۋى شاھ قاتتىق غەزەپكە كەلدى ۋە ياساۋۇلغا لۇ ۋازىرنى ئاچىقىپ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى.

ـــ سۇڭ جياڭنىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرى جەڭ قىلىشقا ئۇستا، جەسۇر پالۋانلىرى كۆپ، ھەتتا پىيادە لەشكەرلىرىمۇ لياڭشەندىكى ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىدىن بولۇپ، جەڭ قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇلارغا تەڭ كېلىش قىيىن بولدى، ـــ دەپ كەچۈرۈم سورىدى ۋېي جۇڭلار.

— ئۇنداق بولسا ھازىرچە ئۇرار قىلىچىم گەدىنىدە قەرز قالسۇن، — دېدى فاڭ ماۋ، — بەش مىڭ لەشكەر بېرىمەن، ئالدىن سەپ تارتىپ مېڭىڭلار، ئۆزۈم سەركەردىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، كەينىڭلاردىن ھەمدەملىككە بارىمەن.

لۇ شىناڭ تەزىم بىلەن خوشلاشتى ۋە دۇبۇلغا ـ قۇياغلىرىنى كىيدى، يىلان باشلىق ئۆزۈن نەيزىسىنى ئالدى، ئاندىن ئاتلىنىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ ھەممىنىڭ ئالدىدا شەھەردىن چىقتى.

ئەمدى ئۇچىنچى بەدەۋى شاھقا كېلەيلى. ئۇ قول ئاستىدىكى سەككىز باتۇر سەركەردىنى يىغدى. ئۇلار ھەممىسى جەڭلەردە چىنىققان سەركەردىلەردىن ئىدى. ئۇلار مۇنۇلار:

ئۇچار ئەجدىھا سەركەردە لىۇ يۈن
ئۇچار يولۋاس سەركەردە جاڭ ۋېي
ئۇچار ئېيىق سەركەردە شۇ فاڭ
ئۇچار قاپلان سەركەردە گو شىگۇاڭ
ئۇچار ئاسمان سەركەردە ۋۇ فۇ
ئۇچار بۇلۇت سەركەردە گۇ جېڭ
ئۇچار تاغ سەركەردە جېن چېڭ
ئۇچار دەريا سەركەردە چاڭ شېڭ

ئۇچىنچى بەدەۋى شاھ فاڭ ماۋ ئۆزىمۇ دۇبۇلغا ـ قۇياغلىرىنى كىيىپ، گۈل چېكىلگەن يالمانلىق نەيزىسىنى ئالدى ـ دە، بارگاھ قوشۇنىنى باشلاپ جەڭگە ماڭدى. قوشۇن ئالدىغا ھېلىقى سەككىز سەركەردە ئۆتتى. ئۇلارنىڭ كەينىگە رەت ـ رېتى بىلەن يىگىرمە ـ ئوتتۇز ياندىاش سەركەردە تىزىلدى. بەش تۈمەن لەشكەر ئەرش قوۋۇقىدىن چىقىپ، سۇڭ جياڭ قوشۇنىغا قارشى ئاتلاندى. ئالدىدا كەتكەن لۇ شىناڭ ۋېي جۇڭ بىلەن شۇ دىڭلارنى باشلاپ خەنشەن ئىبادەتخانىسىدىن ئۆتۈپ، ۋۇشى ناھىيەسىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. سۇڭ جياڭمۇ ئالدىن چارلىغۇچىلارنى

ماڭدۇرۇپ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن نۇرغۇن ئۆلۈك قول ۋە سول قول سەركەردىلىرىنى باشلاپ، قوشۇنىنى ۋۇشى ناھىيەسىدىن يۆتكەپ چىقىپ، ئون نەچچە چاقىرىم ئالدىغا ماڭغانىدى. ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىپ، تۇغ - ئەلەملىرى كۆرۈنۈپ، بۇرغا - دۇمباقلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغۇدەك يەردە سەپ تارتتى. لۇشىناڭ غەزەپ بىلەن ئات سالدى، ئۇ نەيزىسىنى توغرا تۇتقان پېتى ئۆزى سەپ ئالدىغا ئۆتۈپ سۇڭ جياڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، نىشان تۇغى يېنىدا تۇرغان سۇڭ جياڭ ئۇنى كۆرۈپ، كەينىگە قاراپ:

— كىم بۇ ئوغرىنى قولغا چۈشۈرەلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

گەپ ئۈزۈلمەيلا، زەر نەيزىۋاز شۇ نىڭ قولىدىكى زەر نەيزىسىنى ھەملە قىلىپ، بىردىنلا ئات سېلىپ ئالدىغا چىقتى - دە، لۇ ۋازىر بىلەن تۇتۇشماقچى بولدى. ئىككى سەركەردە يەكمۇيەك مەيدانغا چۈشتى، ئەتراپتىكىلەر ھە - ھۇ دەپ مەدەت بېرىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. يىگىرمە نەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن لۇ شىناڭ بولالمىدى، بۇنى بايقىغان شۇ نىڭ كېلىپ ئۇنىڭ بىقىنىغا بىر نەيزە ئۇرۇپ، ئۇنى ئاتتىن يىقىتتى. ئىككىلا قوشۇن بىراقلا چۇقان كۆتۈردى. شۇ ھامان قارا قويۇن قوش پالتىسىنى ئويناتقان، ئەجەل مۇئەككىلى باۋ شۇ ئۇچار خەنجىرىنى پۇلاڭلاتقان، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار نەيزىلىرىنى شىلتىگەن ھالدا دۈشمەن سېپى ئىچىگە چېپىپ كىرىپ كەلدى، فاڭ لانىڭ قوشۇنى پاتىپاراقچىلىققا چۈشتى.

سۇڭ جياڭ قوشۇنى سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، دەل فاڭ ماۋنىڭ چوڭ قوشۇنى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئىككىلا تەرەپ ئوقيالىرىنى ئېتىپ، قوشۇن ئالدىنى توسۇپ شۇ يەردىلا سەپ تۈزۈشتى، فاڭ ماۋ سەككىز سەركەردىنى سەپ ئالدىغا قاتار تۇرغۇزدى، فاڭ ماۋ بارگاھ قوشۇندا لەشكىرىي ۋازىر لۇ شىناڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى - دە، ئات سېلىپ ئۇر - چاپ قىلىپ كەلدى ۋە:

— سەنلەر، — دېدى سۈڭ جياڭنى تىللاپ، — پەقەت لياڭشەندىكى بۈلاڭ - تالاڭ قىلىپ يۈرگەن بىر توپ قاراقچىلار، خالاس، سۈڭ خانلىقى يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن سىېنى تۈرشاۋۇللۇقىقا تەيىنلىدى. سەن بىزنىڭ يېرىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردىڭ. مەن بۈگۈن سەنلەرنى قىرىپ تۈگەتمىگۈچە جەڭنى پەقەت توختاتمايمەن!

— سەن نېمىلەر، — دېدى سۈڭ جياڭ ئات ئۈستىدە قول شىلتىپ تۇرۇپ، — خۇجۇدىكى بىر توپ سەھرالىقسىلەر، خاقان بولۇشقا نېمە لاياقىتىڭلار بار. ئۇنىڭدىن كۆرە بالدۇرراق ئەل بولۇپ، بىر قوشۇق قېنىڭلارنى تىلەش! تەڭرى لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى مانا، ئۆزۈڭلارنى چاغلىماي بىزگە قارشى چىقماقچىمۇ! سەنلەرنى قىرىپ تۈگەتمەي قوشۇننى يىغمايمەن!

— سەن بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمايمەن، — دەپ ۋارقىرىدى فاڭ ماۋ، — قېشىمدا سەككىز قارام سەركەردەم بار. سەنمۇ قېنى شۇنداق سەككىز سەركەردىنى چىقىرالامسەن؟

— مېنىڭ بىر ئادىمىم سېنىڭ بىر ئادىمىڭگە تەڭ كېلەلمىسە، پالۋان ھېسابلانماما، — دېدى سۈڭ جياڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — قېنى سەنمۇ سەككىزنى چىقار، مەنمۇ سەككىز باش سەركەردەمنى چىقىرىپ، سەنلەر بىلەن ماھارەت سىنىشىمەن. يەڭگەن - يېڭىلگەننى شۇنىڭدا ئايرىيمىز. لېكىن، ئاتتىن يىقىلغاننى ھەرقايسىمىز ئۆز سېپىمىزگە كۆتۈرۈپ كېتىمىز. يوشۇرۇن ئوق ئېتىپ يىقىتىشقا، جەسەتلەرنى بۇلاپ كېتىشكە بولمايدۇ. يەڭگەن - يېڭىلگەنلىكىمىز ئايرىلمىسا، قوچاقلاشما جەڭ قىلىشمايمىز، ۋاقىت - سائەتنى كېلىشىپ، ئەتە يەنە ئېلىشىمىز.

فاڭ ماۋ ئاڭلاپ سەككىز سەركەردىنى چىقاردى. ئۇلار ھەممىسى ياراغلىرىنى ئېلىشىپ، ئاتلىرىنى مىنگەن ھالدا دېۋەيلەپ ئالدىغا چىقتى.

— ھەي سەركەردىلىرىم! قېنى ئەمىسە ئاتلىنىڭلار! — دېدى

سۇڭ جياڭ.

گەپ ئۈزۈلمەيلا سەككىز سەركەردە تەڭلا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار گوەن شىڭ، خۋا رۇڭ، شۇ نىڭ، چىن مىڭ، جۇ تۇڭ، خۇاڭ شىن، سۇن لى، خاۋ سىۋېنلار ئىدى.

سۇڭ جياڭ قوشۇنىنىڭ نىشان تۇغىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىن سەككىز نەپەر باش سەركەردە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار تەڭلا ئاتلىنىپ سەپ ئالدىدا تەييار بولدى. ئىككىلا قوشۇن بۇرغا ـ دۇمباقلار چېلىپ، رەڭگارەڭ تۇغلارنى پۇلاڭلىتىپ، بىردىن بەلگە تويى ئاتتى ۋە چۇقان سېلىپ مەدەت بەردى، ئۇن ئالتە چەۋەنداز تەڭلا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزلىرىگە جور تېپىشىپ، جۈپ ـ جۈپ بولۇپ چېپىشتى. بۇ ئون ئالتە سەركەردە قانداق قىلىپ جۈپ بولۇپ، يەكمۇيەك چوشتى دېمەمسىز؟ گوەن شىڭ لىۋ يۈن بىلەن، چىن مىڭ جاڭ ۋېي بىلەن، خۋا رۇڭ شۇ فاڭ بىلەن، شۇ نىڭ ۋۇ فۇ بىلەن، جۇ تۇڭ گۇ جېڭ بىلەن، خۇاڭ شىن گو شىگۇاڭ بىلەن، سۇن لى جېن چېڭ بىلەن، خاۋ سىۋېن چاڭ شىڭ بىلەن ئېلىشتى. بۇ ئېلىشىشنى تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن.

## نەزم

تۇمانلار چىقتى ھەر ياقتىن پۇرقۇپ،
باتۇرلار كەتتى قىر ـ چاپقا چۇشۇپ.
نالاكۇۋارا بولماقچى ھەر كىم،
تالاشتى جەڭدې بولۇشنى كۈتۈپ.
ئوتتۇز ئىككى بىلەك ـ مۇسكۇللار،
موكىدەك قىزىپ چوشتى چاپ ـ چاپقا.
شامالدەك چېپىپ چىقىرار تۇمان،
ئاتمىش توت تۇۋاق شىددەتلىك تازا.
ئەلەملەر ـ تۇغلار چىرمىشىپ كەتكەچ،

نە ئاق ـ نە قىزىل ئىلغاپ بولمايتتى.
تىغلار جاراقلاپ ھەملە قىلىشقاچ،
نە نەيزە ـ شەمشەر بايقاپ بولمايتتى.
تىكىلىپ ئوبدان نەزەر تاشلىساڭ ـــ
پۇرقۇپ توزۇغان تۇمان ئىچىگە.
ئۇنىڭدىن راستلا كۆرۈۋالىسەن،
گۈللۈك پانۇسنى ئاسقان ئىشىككە.

بۇ ئون ئالتە قارام سەركەردە بىر ـ بىرىدىن باتۇر ئىدى، ھەممىسى قاتتىق تىركەشتى. ئوتتۇز نەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن ئىچىدىن بىرى ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى. يەڭگۈچى كىم؟ كۆركە ساقال جۇ تۇڭ بىر نەيزە ئۇرۇپ گۇ جېڭنى ئاتتىن يىقىتتى. ئىككىلا تەرەپ بۇرغا چېلىپ، لەشكەرلىرىنى يىغدى. يەتتە جۈپ سەركەردە ئايرىلىپ ھەرقايسىسى ئۆز سېپىگە قايتتى.

ئۈچىنچى بەدەۋى شاھ فاڭ ماۋ بىر سەركەردىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى كۆرۈپ، جەڭ ئوڭۇشسىز بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى ـ دە، لەشكەرلىرىنى باشلاپ سۇجۇ شەھىرىگە چېكىنىپ كىرىپ كەتتى. سۇڭ جياڭ شۇ كۈنى قوشۇننى تېز ماڭدۇرۇپ، خەنشەن ئىبادەتخانىسىغا كېلىپ قوش تىكتى. جۇ تۇڭغا ئىنئام بەردى. يېڭى شۇەن لەشكىرىي ئالاقە يېزىپ، ئەھۋالنى جاڭ ئەمىر باسقاقبەگكە مەلۇم قىلدى، بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى ئۈچىنچى بەدەۋى شاھ فاڭ ماۋدىن ئاڭلاڭ. ئۇ چېكىنىپ شەھەرگە كىرىۋالغاندىن كېيىن شەھەرنى پۇختا ساقلاپ، سىرتقا چىقمىدى. ھەربىر قوۋۇقتا سەركەردىلەرنى بېكىتتى، توسۇقلارنى پۇختا ئورنىتىپ، سېپىل ئۈستىگە تەپكىلىك يا، ئوقتاش ۋە ياغاچ كۆتەكلەرنى تەييارلىدى، كەپىلەردە مەدەن ئېرىتتى، سېپىل كۈنگۈرىلىرى ئالدىغا پارتلاتقۇچ لوڭقىلارنى دۆۋىلىدى.

ئىككىنچى كۈنى فاڭ لا قوشۇنلىرى شەھەردىن

چېقمىغانلىقتىن، سۇڭ جياڭ خۇا رۇڭ، شۇ نىڭ، خۇاڭ شىن، سۇن لىلارنى ئەگەشتۇرۇپ، ئۇچ مىڭدىن ئوشۇق ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ شەھەرنى كۆزىتىشكە كەلدى. قارىغۇدەك بولسا، سۇجۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپى سۇ خەندەكى بىلەن قورشالغان، سېپىللىرى مەزمۇت تۇراتتى. ئۇ: «ئالدىراپ شەھەرنى ئالغىلى بولمىغۇدەك» دەپ ئويلىدى ـ دە، قوشقا قايتىپ كېلىپ، ۋۇ يوڭ بىلەن شەھەرنى ئېلىش چارىلىرىنى مەسلىھەتلەشتى. شۇ ئارىدا بىرى كېلىپ:

— سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانى ئوڭ قول سەركەردە لى جۈن باش سەركەردە بىلەن كۆرۈشۈشكە جياڭيىندىن كەپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. سۇڭ جياڭ ئۇنى بارگاھقا تەكلىپ قىلدى. سۇڭ جياڭ لى جۈننى كۆرۈپلا دېڭىز ياقىلىرىدىكى ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلدى.

— سۇ لەشكەرلىرىنى ئايرىۋالغاندىن بۇيان، — دېدى جاۋابەن لى جۈن، — شى شيۇلار بىلەن بىللە دېڭىز ياقىسىدىكى جياڭيىن، تەيساڭ دېگەن جايلارغىچە بېسىپ باردۇق، قورۇقچى سەركەردە يەن يوڭ، يانداش سەركەردە لى يۈلەر سۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ بىز بىلەن ئېلىشتى. يەن يوڭنى كېمە ئۈستىدە رۈەن شياۋئېر بىر نەيزە بىلەن سۇغا موللاق ئاتقۇزدى، لى يۈ ئوق ئېچىدە ئۆلدى، شۇنداق قىلىپ، جياڭيىن بىلەن تەيساڭنى ئالدۇق. شۇئان شى شيۇ، جاڭ خېڭ، جاڭ شۇنلەر جيادىڭنى ئېلىشقا كەتتى. پېقىر بۇ يەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە كەلدىم.

سۇڭ جياڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى، لى جۈننى تارتۇقلىدى ۋە ئۇنى چاڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ جاڭ ئەمىر باسقاقبەگ ۋە لىيۇ بېگىملەر بىلەن كۆرۈشۈپ، جياڭيىن، تەيساڭلارنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىپ، قاراقچى سەركەردىلەردىن يەن يوڭ، لى يۈلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. جاڭ بېگىم خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن لى جۈنگە تارتۇق بەردى ۋە سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ يېنىغا قايتىپ ئىش كۆتۈپ

تۇرۇشنى بۇيرۇدى. لى جۇن خەنشەن ئىبادەتخانىسىدىكى قوشقا قايتىپ كېلىپ سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۇشتى. سۇجۇ شەھىرى ئەتراپىدىكى سۇ خەندىكىنىڭ كەڭلىكىدىن سۇ لەشكەرلىرىنىڭ كېمىسىنى ئىشقا سېلىپ ئېلىششقا توغرا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، سۇڭ جياڭ لى جۇننى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، كېمىلەرنى تەييارلاپ، ئىش باشلاشقا ھازىرلىق كۆرۈشنى تاپشۇردى. لى جۇن:

— پېقىرغا ئىجازەت بەرسىلە، سۇ خەندىكىنىڭ كەڭ - تارلىقىنى كۆرۈپ كېلەي، لەشكەرلەرنى ئىشقا سېلىشقا ئاساس بولار، — دېدى.

— خوپ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

لى جۇن كېتىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى ۋە:

— تەيخۇ كۆلى بۇ شەھەرنىڭ دەل ئاياغ تەرىپىگە يېقىن ئىكەن، پېقىر بىر قېيىق تېپىپ، يىشىڭ شاخابچىسى بىلەن تەيخۇ كۆلىگە چاندۇرماي كىرىپ، ۋۇجياڭ دەرياسىدىن چىقىپ، ئاياغ تەرەپنىڭ خەۋەرلىرىنى تىڭتىڭلاپ كەلسەم، ئاندىن قوشۇننى قوزغاپ، تۆت تەرەپتىن قورشاپ تېگىش قىلساق شەھەرنى ئالالايمىز، — دېدى.

— ئەزىز ئىنىم، بۇ سۆزىڭىز ناھايىتى جايىدا، شۇغىنىسى سىز بىلەن بىللە بارىدىغان ھەمدەمچى يوق - دە ! — دېدى سۇڭ جياڭ.

سۇڭ جياڭ لىيۇ بېگىمنى كۇڭ مىڭ، كۇڭ لىياڭ، شى ئېن، دۇ شىڭلارنى باشلاپ، جياڭيىڭ، تەيساڭ، كۇنشەن، چاڭشۇ، جيادىڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، سۇ لەشكەرلىرىگە ھەمدەملىشىپ، دېڭىز ياقىسىدىكى ناھىيەلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇدى؛ تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلارنى لى جۇننىڭ ئىشىغا ھەمدەمدە بولۇشقا چاقىرتىپ كەلمەكچى بولدى. لىيۇ بېگىم يارلىقنى ئېلىپ سۇڭ جياڭ بىلەن خوشلاشتى - دە، تۆت سول قول سەركەردىنى باشلاپ جياڭيىڭغا قاراپ ماڭدى. ئىككى كۈن ئۆتمەيلا تۇڭ ۋېي،

توڭ مېڭلار قايتىپ كېلىپ سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ ئالدىغا كىردى. سۇڭ جياڭ ئۇلاردىن هال ـ ئەھۋال سورىدى، ئاندىن ئۇلارنى لى جۇنگە ھەمراھ بولۇپ، قېيىققا چۈشۈپ ئاياغ تەرەپنىڭ خەۋىرىنى تىڭتىڭلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ئەمدى لى جۇنگە كەلسەك، ئۇ توڭ ۋېي، توڭ مېڭلارنى ئېلىپ بىر قولۋاققا چۈشتى، ئىككى قولۋاقچى قولۋاقنى ھەيدىدى، شۇنداق قىلىپ، بەشەيلەن يىشىڭ شاخابچىسى ئارقىلىق تەيخۇ كۆلىگە كىرىپ كەتتى. تەيخۇ كۆلى دەرۋەقە سۇ بىلەن ئاسمان تۇتىشىپ كەتكەندەك، كۆپكۆك يېيىلىپ تۇراتتى.

## نەزم

ئېگىز ئاسمان گويا سۇغا چىلاشقان،
سۇمۇ خۇددى پەلەك ـ كۆككە ئۇلاشقان.
ئېگىز ـ پەستە سۇ شولىسى تۇمانسىز،
كۆك بىلەن سۇ رەڭگى ئوخشاش ھېچ پەرقسىز.
جۈپ ـ جۈپ قوتان ئۇچۇپ كېلىپ قونغانتى —
زۇمرەتتەك سۇنىڭ ئۈستى بولغاندى.
جۈپ ـ جۈپ يىنىك سۇ لاچىنى چوچ ئېشىپ،
كۆكنى ياردى پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشۇپ.
باھار گۈلى داۋالغۇدى ھەر تەرەپ،
سۇ دولقۇنى قىلتىرىقتەك يالتىراپ.
شار ـ شار قىلىپ ياز يامغۇرى قۇيۇلدى،
قەۋەت ـ قەۋەت ئاق دولقۇنغا ئۆرۈلدى.
شۇنچە سۈزۈك چىقتى كۈزنىڭ ئايدىڭى،
گويا ئالتۇن يىلان بولدى شولىسى؛
قىشلار كەلدى، قارلار چۈشتى لەپىلدەپ،
مەرۋايىتتەك كېپىنەكلەر تولدى زېمىنغا ھەدەپ.
ئەلمىساقتىن بۇرۇنقى پىل ئاچتى كۈچ مەنبەسىنى،

قىلىڭ يى يالغۇز ـ يەككە كېلىپ سۇ ئوردىنى ئىگىلىدى.
بىپايان دولقۇن ئارا ئاپپاق بېلىقچى قۇش ئۇچار،
ياپپېشىللىق ھەممە جايغا نەۋباھار رەڭ تۇس قوشار.
قاتراپ يۇرگەن كىشى ھەر جايغا پالتا يوشۇرار،
ئۆچسە قۇياش نۇرى كۆكتىن كېمىلەر قوشقا يانار.

لى جۇن، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ ۋە ئىككى قولۋاقچى تەيخۇ كۆلىدىن ئۆتۈپ ۋۇجياڭ دەرياسىغا يېقىنلىشىپ قالدى، يىراقتىن قىرىق ـ ئەللىكتەك بىر توپ بېلىقچى كېمىلىرى كۆرۈندى. لى جۇن:
— بىز بېلىق سېتىۋالغۇچىلار تۇرقىغا كىرىۋېلىپ، شۇ يەرگە بېرىپ تىڭتىڭلاپ كۆرەيلى، — دېدى.
بەشەيلەن قولۋاقنى ھەيدەپ، بېلىقچى كېمىلىرى قېشىغا باردى ۋە:
— ھەي بېلىقچىلار، چوڭ زاغرا بېلىق بارمۇ؟ — دەپ سورىدى لى جۇن.
— سىلەرگە چوڭ زاغرا بېلىق لازىم بولسا، ئۆيۈمگە بېرىڭلار، شۇ يەردە بار، — دېدى بېلىقچى.
لى جۇن قولۋىقىنى ھەيدەپ، بېلىقچىلارنىڭ كېمىلىرىگە ئەگىشىپ ماڭدى. كۆپ ئۆتمەي شۇنداق بىر جايغا كېلىپ قالدىكى، قارىسا، ئۇ يەرنىڭ ئەتراپى قاتمۇقات دۇپ سۆگەتلەر بىلەن قاپلانغان، ئۇ يەردە يىگىرمە نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىكەن. ھېلىقى بېلىقچى ئالدى بىلەن كېمىسىنى باغلاپ قويۇپ، ئاندىن لى جۇن، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ ئۈچىنى قىرغاققا باشلاپ چىقىپ بىر ھويلىغا ئەكىردى. بۇلار ھويلىغا ئەمدىلا كىرىشىگە ھېلىقى ئادەم بىر يۆتىلىپ قويۇۋىدى، ئىككى تەرەپتىن يەتتە ـ سەككىز دارازا چىقىپ كەلدى، ھەممىسىنىڭ قولىدا تۆمۈر ئىلمەك ئوقۇرۇق بار ئىدى، ئۇلار لى جۇن باشلىق ئۈچەيلەننى تۇتۇۋېلىپ ئىچكىرىگە ئەكىردى ـ دە، گەپ ـ سۆز سورىماي،

ئۇچىنى تۇۋرۇككە باغلىۋەتتى. لى جۇن كۆز تىكىپ قارىغۇدەك بولسا، ئايۋاندا تۆت پالۋان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلاردىن باشتا ئولتۇرغىنى قىزىل ساقال، سېرىق چاچ بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ قارا تاۋاردىن شىرىق پەشمەت كىيىۋالغانىدى. ئىككىنچىسى ئورۇق، ئۇزۇن بوي، قىسقا ساقال ئادەم ئىدى، ئۇ توق يېشىل يۆگىمە ياقا چۇچۇنچە كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇچىنچىسى ئۆڭى قارا، ئۇزۇن ساقال ئادەم ئىدى. تۆتىنچىسى تومپاق يۈز، ياپىلاق قوۋۇز، يەلپۈگۈچ ساقال ئادەم ئىدى. بۇ ئىككىلىسى ئوخشاشلا قارا شىرىق پەشمەت كىيىپ، بېشىغا قارا كىگىز قالپاق كىيىۋالغان، يانلىرىدا قورال ـ ياراغلار يۆلەكلىك ئىدى.

— سەنلەر نەلىك نېمىلەر؟ كۆلىمىزگە كېلىپ نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى باشتا ئولتۇرغىنى.

— مەن ياڭجۇلۇق، بۇ يەرگە ئاتايىتەن بېلىق سېتىۋالغىلى كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى لى جۇن.

— ئاكا، ئۇنىڭدىن سوراپ نېمە قىلىسىز، بۇلارنىڭ ئىككىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ، ماڭا قويۇپ بېرىڭ، بۇلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، مەيگە تېتىق قىلىپ يەيمىز، — دېدى تومپاق يۈز كەلگەن تۆتىنچىسى.

لى جۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «مەن شۇنياڭجياڭ دەرياسى بويىدا كۆپ يىللار سودىگەرچىلىك قىلدىم، لياڭشەن كۆلىدە بىرنەچچە يىل پالۋان بولۇپ يۈردۈم، ئەمدى كېلىپ بۇ يەردە جېنىمدىن ئايرىلىدىغانلىقىمنى ئويلىماپتىكەنمەن! بوپتۇ خەيرىيەت، خەيرىيەت!» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئېغىر ئۇھ تارتىپ، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلارغا:

— ئىككىڭلار مېنىڭ كاساپىتىمگە كېتىدىغان بولدۇڭلار، ئۆلسەكمۇ بىر يەردە ئۆلەيلى! — دېدى.

— ئاكا، بۇ گەپنى قىلمىسىلا، — دېيىشتى تۇڭ ۋېي بىلەن تۇڭ مېڭ، — ئۆلسەكمۇ مەيلى، شۇغىنىسى بىز بۇ يەردە ئۆلسەك، ئاكىمىزنىڭ نام ـ شۆھرىتى كۆمۈلۈپ قالىدۇ ـ دە.

ئۆچى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، كۆكرەكلىرىنى كېرىپ ئۆلۈشكە تەييار بولدى. ھېلىقى تۆت پالۋان بۇ ئۆچەيلەننىڭ سۆزلەشكىنىنى بىردەم ئاڭلاپ تۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىۋېلىپ: «بۇ باشلامچىسى بوش ئادەم ئەمەستەك تۇرىدۇ» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ باشلامچىسى:

— ئۆچىڭلار زادى قانداق ئادەملەر؟ ئىسمىڭلارنى بىزگە ئۇقتۇرۇڭلار، — دېدى.

— ئۆلتۈرمەكچى بولساڭلار ئۆلتۈرۈڭلار، ئۆلسەك ئۆلىمىزكى، ھەرگىز ئىسمىمىزنى دەپ بېرىپ، باتۇرلارنىڭ كۆلكىسىگە قالمايمىز، — دەپ جاۋاب بەردى لى جۈن.

پالۋانلارنىڭ باشتىكىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سەكرەپ قوپۇپ قولىغا خەنجىرىنى ئالدى ـ دە، ئارغامچىلارنى كېسىپ تاشلاپ، بۇ ئۆچەيلەننى قويىۋەتتى. تۆت بىلىقچى بۇلارنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

پالۋانلارنىڭ باشتىكىسى باش ئېگىپ تەزىم قىلىپ:

— بىزنىڭ ئۆمرىمىز قاراقچىلىق بىلەن ئۆتتى، سىلەردەك مەرد ئادەملەرنى كۆرمىگەن ! ھەي پالۋانلار، سىلەر زادى قەيەرلىك ئادەملەر؟ ئىسمىڭلارنى ئاڭلىغۇمىز كېلىدۇ، — دېدى.

— قارىغاندا، سىلەرمۇ پالۋانلاردەك كۆرۈنىسىلەر.

ئۆچىمىزنى نەگە ئاپارساڭلار مەيلى، شۇنى ئېيتايكى، ئۆچىمىز لياڭشەن كۆلىدىكى سۇڭ دانىشنىڭ قول ئاستىدىكى ياردەمچى سەركەردىلەرمىز. مەن دەريا بۇلغار لەقەملىك لى جۈن بولىمەن، بۇ ئىككى قېرىنداشىمىزنىڭ بىرى غار تېشەر ئەجدىھا تۇڭ ۋېي، بىرى دەريا بۇلغار قۇلۇلە تۇڭ مېڭ. شۇ كۈنلەردە بىز خان ئوردىسىغا ئەل بولۇشقا ماقۇل بولۇپ، يېقىندا قىتانلار ئېلىنى مۇنقەرز قىلىپ، نۇسرەت قۇچۇپ ئاستانىگە قايتتۇق. يەنە پەرمانغا بىنائەن فاڭ لانى تۇتماقچىمىز. سىلەر ئەگەر فاڭ لانىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەر بولساڭلار، ئۆچىمىزنى تۇتۇپ ئاپىرىپ ئىنئام ئېلىڭلار. بىزنى قېچىپ كېتەمدىكىن دەپ

www.uyghurkitap.com

ئويلىماڭلار، — دېدى لى جۈن.

تۆتى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تەزىم قىلىپ سالام بەردى ۋە ھەممىسى يۈكۈنۈپ تۇرۇپ:

— كۆزىمىز كور ئىكەن، تونۇماپتۇق. ھېلى بەكمۇ تەنتەكلىك قىلىپ ھۆرمەتسىزلىك قىپتۇق. ئەيىبكە بۇيرۇشمىسىلا! بىز تۆتىمىز فاڭ لانىڭ ئادەملىرى ئەمەسمىز، بۇرۇن ئەل-يۇرتلارنى كېزىپ تىرىكچىلىك قىلاتتۇق، ئەمدى بۇ جاينى تاپتۇق. بۇ جاي سۆگەتلىك جاڭزا دەپ ئاتىلىدۇ. ئەتراپى شاخابچىلار بىلەن قورشالغان، قېيىق بولمىسا كىرگىلى بولمايدۇ. تۆتىمىز بېلىقچى دېگەن نام بىلەن تەيخۇ كۆلىدە جاھاندارچىلىق قىلىۋاتىمىز، قىش كىرگەندىن بۇيان ئازدۇر-كۆپتۇر سۇنىڭ تىلىنى ئۆگىنىۋالدۇق، شۇڭا بىزگە بىرەركىم چېقىلالمايدۇ، لياڭشەن كۆلىدە سۇڭ دانشىنىڭ جاھاندىكى پالۋانلارنى يىغىۋاتقانلىقىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاپ كەلگەن. ئاغىلىرىمىزنىڭ داڭقىنىمۇ ئاڭلىغان ھەم دولقۇن يارار ئاق بېلىق جاڭ شۈن دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن دەپ ئاڭلىغان. ئويلىمىغان يەردە بۈگۈن ئاغىلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق، — دېدى.

— جاڭ شۈن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، — دېدى لى جۈن، — ئۇمۇ سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانى، ھازىر جياڭجۇدا قاراقچىلارنى تۇتۇش بىلەن بەند. كېيىن يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىپ ھەرقايسىڭلار بىلەن كۆرۈشەرمىز. سىلەرنىڭ نامشەرىپىڭلار نېمىكىن، بىر بىلىپ قالساق.

— بىز ئەل-يۇرت كېزىپ يۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ ئۆز لەقىمىمىز بار، زاڭلىق قىلىشمىسىلا، پېقىر قىزىل ساقال ئەجدىھا فېي باۋ بولىمەن، بىرەيلەن چۇرقۇچ تۈك يولۋاس نى يۈن، بىرەيلەن تەيخۇ لەھىڭى بۇ چىڭ، يەنە بىرەيلەن ئورۇق ئېيىق دى چېڭ دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى باشلامچىسى.

لى جۇن بۇ تۆتىنىڭ ئىسمىزاتىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كېتىپ:

— ھەرقايسىڭلار ئەمدى گۇمان قىلماڭلار، ھەممىمىز بىر يولدىكى كىشىلەر ئىكەنمىز، خۇش بولدۇق، ئاغىمىز سۇڭ دانىش ھازىر فاڭ لانى تۇتقۇچى لەشكەرلەرنىڭ باش تۇرشاۋۇلى، يېقىندا سۇجۇ ئايمىقىنى ئالماقچىدۇق، ئىش ئەپلىشىپ بەرمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇچەيلەننى ئالاھىدە يول چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. بۇگۇن سىلەر تۆت پالۋانغا ئۇچراشتۇق. بىز بىلەن بىرىپ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشسەڭلار جەزمەن ئەمەل بېرىدۇ. فاڭ لانى تۇتقاندىن كېيىن خان ئوردىسىمۇ ئۆستۈرۈپ ئىشقا سالىدۇ، — دېدى.

— جاۋاب بېرىشكە رۇخسەت قىلىشسىلا، — دېدى فېي باۋ، — ئەگەر بىز ئەمەلدار بولماقچى بولساق، فاڭ لانىڭ قول ئاستىدىمۇ قولباش بولغىنىمىزغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان بولاتتى. ئەمەلدار بولۇشنى ئارزۇ قىلمايمىز. خۇشال - خۇرام ياشىساقلا بولدى. مۇبادا ئاغىلىرىمىزغا تۆتىمىزنىڭ ياردىمى لازىم بولسا، ئوت بولسا ئوتتىن، سۇ بولسا سۇدىن يانمايمىز. بىزنى ئەمەلدارلىققا كۆرسىتىمىز دەپ ئاۋارە بولۇشمىسىلا.

— ئۇنداق بولسا بىز مۇشۇ جايدا ئانت ئىچىپ بىر - بىرىمىز بىلەن ئاغا - ئىنى بولۇشساق قانداق؟ — دېدى لى جۇن.

تۆت پالۋان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدى، دەرھال بىر چوشقا، بىر قوي سويدۇرۇپ، داستىخان سېلىپ، لى جۇننى ئاغا تۇتتى. لى جۇن تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلارغىمۇ ئانت ئىچۈرۈپ، ئۇلار بىلەن ئاغا - ئىنى بولۇشقا قول بەرگۈزدى.

بۇ يەتتىسى سۆگەتلىك جاڭزىدا سۇڭ دانىشنىڭ سۇجۇ ئايمىقىنى ئېلىشى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.

— فاڭ ماۋ شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلىشقا ئۇنىمىسا،

سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدە كىرىدىغان يول يوق، ئەتراپىنىڭ ھەممىسى سۇ، شاخابچىلار تار، ياۋغا دەل تېگىش قىيىن تۇرسا، شەھەرنى قانداق ئالغۇلۇق؟ — دېدى لى جۇن.

— ئاغا، خاتىرجەم بولۇپ ئىككى كۈن سەۋر قىلىپ تۇرسىلا. فاڭ لانىڭ ئادەملىرى پات - پات خاڭجۇدىن سۇجۇغا ئىشقا كېلىدۇ، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەرنى پەم بىلەن ئېلىشقا بولىدۇ. پېقىر بىرنەچچە بېلىقچىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتەي، مۇبادا ئادەم كېلىپ قالسا، دەرھال ئامال قىلىمىز، — دېدى فېي باۋ.

— بۇ بەكمۇ ئوبدان گەپ بولدى، — دېدى لى جۈن.

فېي باۋ بىرنەچچە بېلىقچىنى ئەۋەتتۇۋېتىپ، ئۆزى لى جۈن بىلەن جاڭزىدا كۈندە مەي - شارابلارنى ئىچىپ يۈرۈۋەردى. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بېلىقچىلار قايتىپ كېلىپ:

— پىڭۋاڭجېن بازىرىدا ئون نەچچە مال يۆتكەيدىغان كېمە تۇرىدۇ، ھەممىسىنىڭ قۇيرۇقىغا سېرىق تۇغ قاداپ قويۇپتۇ. تۇغلارغا «شاھ ھەرىمىگە ئىشلەنگەن كىيىم - قوياغلار» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. خاڭجۇدىن ئەكەلگەنلىكىگە كۆزىمىز يېتىدۇ. ھەر كېمىدە ئالتە - يەتتىدىنلا ئادەم بار، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

— بۇ ئوبدان پۇرسەت ئىكەن، يارەنلەر، ياردەمدە بولۇشۇڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆمىد قىلىمەن، — دېدى لى جۈن.

— ھازىرلا ماڭايلى، — دېدى فېي باۋ.

— مۇبادا ئۇ كېمىلەردىن بىرەرى كېتىپ قالسا، ئىشىمىز باشقا چىقمايدۇ، — دېدى لى جۈن.

— ئاغا، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى فېي باۋ، — ھەممە ئىشنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن.

فېي باۋ دەرھال ئاتمىش - يەتمىش قېيىقنى يىغدى. يەتتە

پالۋان بىردىن قېيىققا چۈشتى، قالغانلىرىغا بېلىقچىلار چۈشۈپ قوراللىرىنى تىقتى ۋە شاخابچىدىن چىقىپ دەرياغا ئۆتتى - دە، تارىلىپ كەتتى. شۇ كېچىسى ئاسماننى يۇلتۇز قاپلىغان ئايدىڭ كېچە بولدى، بەگلىكنىڭ ھېلىقى ئون كېمىسى دەريانىڭ كۈنچىقىش يېقىدىكى سۇ پىرى بۇتخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. فېي باۋنىڭ قېيىقى ئالدىن يېتىپ كەلدى، تۇيۇقسىز بىر بۇرغا ئاۋازى بىلەنلا، ئاتمىش - يەتمىش قېيىق بىراقلا قورشاپ كېلىپ چوڭ كېمىلەرنى قاپسىۋالدى. بەگلىك كېمىلىرىدىكى كىشىلەر ئالدىراپ - تېنەپ كېمىلىرىدىن چىقىشىغا، تۆمۈر ئىلمەك ئوقۇرۇقلار بىلەن قامىۋېلىپ، تۆت - بەشىنى بىر تىزماق قىلىپ باغلاپ تاشلىدى، سۇغا سەكرىگەنلىرىنىمۇ ئىلمەك ئوقۇرۇق بىلەن قاماپ، كېمىگە سۆرەپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قېيىقلار بەگلىك كېمىلىرىنى تەيخۇ كۆلىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار سۆگەتلىك جاڭزىغا كەلگەندە تۈن تەڭ كېچىدىن ئاشقانىدى. كېمىلەردىكى پارچە - پۇرات خادىملارنى بىر تىزماق قىلىپ باغلاپ، تاش چېتىپ تەيخۇ كۆلىگە چۆكتۈرۈۋەتتى. ئىككى كاتتىسىنى سوراق قىلدى. بۇلار خاڭجۇ ئايمىقىنى قوغداپ تۇرغان فاڭ لانىڭ چوڭ شاھزادىسى فاڭ تيەندىڭنىڭ قول ئاستىدىكى خەزىنە بەگلىرى ئىكەن. بۇيرۇققا بىنائەن يېڭى پۈتكەن ئۈچ كىشىلىك قۇياغنى سۇجۇ ئايمىقىنىڭ ئۈچىنچى بەدەۋى شاھى فاڭ ماۋغا تاپشۇرۇشقا ئەكېتىپ بارغانىكەن. لى جۈن ئۇلارنىڭ ئېتىنى سورىۋېلىپ، تامغا بېسىلغان ئالاقىلىرىنى ئېلىۋالدى، ھېلىقى ئىككى خەزىنە بېگىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

— بۇ ئىشنى ئۆزۈم بېرىپ ئاغىمىز بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىنلا ئىشلىگىلى بولىدۇ، — دېدى لى جۈن.

— مەن ئادەم تاپاي، ئاغىمىزنى قېيىققا چۈشۈرۈپ، شاخابچە

ئارقىلىق يېقىن يول بىلەن قوشۇن ھۇزۇرىغا ئاپىرىپ قويسۇن، — دېدى فېي باۋ ۋە ئىككى بېلىقچىنى چاقىرىپ كېلىپ، بىر تېز قېيىقتا سېلىپ قويدى. لى جۇن تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ ۋە فېي باۋلارغا:

— قۇياغ بېسىلغان كېمىلەرنى جاڭزا كەينىدىكى شاخاپچىغا ئاستاغىنا يوشۇرۇپ قويۇڭلار، باشقىلار سېزىپ قالمىسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

— چاتاق يوق، — دېدى فېي باۋ ۋە ئۆزى كېلىپ كېمىلەرنى تەخلىدى.

ئەمدى لى جۇنگە كەلسەك، ئۇ ئىككى بېلىقچى بىلەن بىر تېز قېيىققا چۈشۈپ شاخاپچىدىن ئۆتۈپ، قوشۇن جايلاشقان خەنشەن ئىبادەتخانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ قىرغاقتا چىقتى. قوشقا كېلىپ سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلدى.

— ئەگەر مۇشۇنداقلا بولسا، — دېدى ۋۇ يۇڭ تازا خۇش بولۇپ، — سۇجۇ ئايمىقى ئاسانلا قولىمىزغا كېلىدۇ! ئەي سەردارىم، بۇيرۇق چۈشۈرسىلە، لى كۈي، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار سەپ بۇزار قالقانچىلاردىن ئىككى يۈزنى ئېلىپ، لى جۇننىڭ ئارقىسىدىن تەيخۇ كۆلىدىكى جاڭزىغا بارسۇن ۋە فېي باۋ باشلىق تۆت پالۋان بىلەن بىللە مۇشۇ چارە بويىچە ئىش كۆرسۇن، ئىككىنچى كۈنى تېگىش قىلسا بولىدۇ.

لى جۇن جەڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ ھەمراھلىرى بىلەن تەيخۇ كۆلى بويىغا كەلدى، ئۇچى ئالدى بىلەن كۆلدىن ئۆتۈپ، كېمە ئەكېلىپ لى كۈيلارنى سۆگەتلىك جاڭزىغا ئاپىرىۋالدى. لى جۇن لى كۈي، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن تۆتىنى باشلاپ بېرىپ فېي باۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتۈردى. فېي باۋ لى كۈينىڭ چىراي - تۇرقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. جاڭزىدا مەي - شاراب، يېمەك - ئىچمەكلەر تەييارلاپ بۇ ئىككى يۈزدىن ئوشۇق

ئادەمنى كۇتۇۋالدى. بۇلار كېلىپ ئۇچىنچى كۇنى كۆپچىلىك مەسلىھەتىنى پىشۇردى. فېي باۋ كېيىم ـ قۇياغلارنى ئېلىپ ماڭغان باش خەزىنە بېگى، نى يۇڭ بولسا ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ ياسىنىپ، ھەممىسى فاڭ لانىڭ بەگ ـ سىپاھلىرىنىڭ بەلگىسى سېلىنغان كىيىملەرنى كىيىشىپ، چاقسا ئالاقىلىرىنى ئالدى، بېلىقچىلار بۇ بەگلىك كېمىلىرىنىڭ كېمىچىلىرى بولۇپ ياساندى. قارا قۇيۇن باشلىق ئىككى يۇزدىن ئوشۇق ئادەم كېمە قازناقلىرىغا يوشۇرۇندى. بو چىڭ، دى چېڭلار كېيىنكى كېمىلەرنى ئېلىپ ماڭدى، ھەممىسى ئوت قويىدىغان ياراغلارنى ئېلىۋېلىشتى، ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا بېلىقچىلار كېلىپ: «كۆلدە يەنە بىر قېيىق ئايلىنىپ يۇرىدۇ» دەپ خەۋەر قىلدى.

— يەنە كېلىپ شۇملۇق قىلماقچى، — دېدى لى جۇن ۋە ئۆزى ئىتتىك بېرىپ قارىدى. قارىغۇدەك بولسا قېيىقنىڭ بېشىدا ئىككى ئادەم ئۆرە تۇرۇپتۇ. قارىسا، يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭ بىلەن كۆك تەۋرىتەر گۇلدۇرماما لىڭ جېن ئىكەن. لى جۇن بىر بۇرغا چالغاندى، ھېلىقى قېيىق ئۇچقاندەك جاڭزىغا كېلىپ قىرغاققا چىقتى ۋە ھەممىسى بىلەن كۆرۈشتى.

— ئىككىڭلار نېمىگە كەلدىڭلار؟ خەۋەر قىلىدىغان نېمە ئىش چىقىپ قالدى؟ — دەپ سورىدى لى جۇن.

— ئاغمىز ئالدىراپ لى كۇينى ئەۋەتىپتۇ ـ يۇ، لېكىن بىر چوڭ ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، — دېدى دەي زۇڭ، — شۇڭا ئالاھىدە لىڭ جېن ئىككىمىزدىن يۇز دانە بەلگە توپى ئەۋەتتى، بۇ توپلار بىلەن قېيىقتا، كۆلدە سىلەرگە يېتىشەلمىدۇق، بۇ يەرگە كەلگەندىمۇ قىرغاققا يېقىنلىشىشقا پېتىنالماي يۇردۇق، سىلەرنى ئەتە ئەتىگەن بامدات ۋاقتىدا شەھەرگە كىرسۇن ـ دە، شۇئان مۇشۇ يۇز توپنى ئېتىپ بەلگە بەرسۇن، دېدى.

— ئوبدان ! — دېدى لى جۇن ۋە توپ ساندۇقى بىلەن توپ جازىلىرىنى قېيىقتىن يۆتكەپ، قۇياغ قاچىلانغان كېمىلەرگە

يوشۇرۇپ قويدى. قېپى باۋلار دەي زۇڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، مەي - شاراب بىلەن زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. لىڭ جېين ئېلىپ كەلگەن ئون توپچىنى ئۈچىنچى كېمىگە يوشۇرۇپ قويۇشتى، شۇ كۈنى تەڭ كېچىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار جاڭزىدىن چىقىپ سۇجوغا قاراپ يول ئالدى، تاڭ ئاتارغا يېقىن سېپىل تۈۋىگە يېتىپ باردى. قوۋۇقچى لەشكەرلەر سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ كېمىلەردىكى فاڭ لانىڭ تۇغىنى كۆردى - دە، ئالدىراپ - تېنەپ قوۋۇقبېگى ئۇچار قاپلان سەركەردە گو شىڭۋاڭغا خەۋەر قىلدى، ئۇ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ لەشكەرلەردىن ھەممىنى ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتە قىلدى، ئېلىپ كەلگەن تامغا بېسىلغان ئالاقىنامىنى سېپىلغا تارتىپ چىقىپ كۆزدىن كەچۈردى، ئۇنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، گو شىڭۋاڭ بۇ ئالاقىنى ئۈچىنچى بەدەۋى شاھ مەرىمىگە ئەۋەتىپ كۆردى، ئۇ يەردىن كۆزىتىشكە ئادەم كەلدى، ئاندىن شەھەر قوۋۇقىنى ئاچتى، گو شىڭۋاڭ سۇ قوۋۇقى يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، كېمىگە ئادەم چىقارتىپ قارىدى، قارىسا، پەۋەس قوياغ ۋە بەلگىلىك كېيىملەر بېسىلغانىكەن، شۇڭا ئۇلارنى بىردىن - بىردىن شەھەرگە كىرگۈزۈۋەتتى. ئون كېمە كىرىپ بولغاندىن كېيىن سۇ قوۋۇقىنى تاقىدى. ئۈچىنچى بەدەۋى شاھ ئەۋەتكەن نازارەتچى بەش يۈز لەشكەرنى باشلاپ قىرغاق بويلاپ مېڭىپ، بىر قولتۇققا كەلگەندە كېمىلەرنى توختاتتى. لى كۈي، باۋ شۈ، شياڭ چۇڭ، لى گۈنلار كېمە قازناقلىرىدىن چىقىپ كەلگەندە، نازارەتچى تۇرقى - قىياپىتى قوپال، تومپاي كەلگەن بۇ تۆت ئادەمنى كۆرۈپ ئەمدىلا كىملىكىنى سوراي دەپ تۇرۇشىغا، شياڭ چۇڭ، لى گۈنلار يۇمىلاق قالقانلىرىنى ئوينىتىپ - دە، بىر خەنجەر ئۇرۇپ نازارەتچىنى ئاتتىن يىقىتتى، ھېلىقى بەش يۈز لەشكەر ئەمدىلا كېمىگە چىقاي دېيىشىدى، لى كۈي قوش پالتىسىنى قولىغا ئېلىپ، شاققىدە سەكرەپ قىرغاققا چىقتى - دە، ئارقا - ئارقىدىن ئون

نەچچىسىنى چېپىپ تاشلىدى. قالغانلىرى تىكىۋەتتى. كېيىندىكى پالۋانلار ۋە ئىككى يۈزدىن ئوشۇق قالقانچىلارنىڭ ھەممىسى قىرغاققا چىقىپ ئوت، قويۇۋەتتى. لىڭ جېن قىرغاقتىلا توپ جازىلىرىنى قۇرۇپ، بەلگە توپلىرىنى ئەكىرىپ، ئون نەچچە پاي ئاتتى، توپلار سېپىل راۋىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. ئۈچىنچى بەدەۋى شاھ فاڭ ماۋ ھەرىمىدە مەسلىھەتتە ئىدى، ئۇ كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان توپ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن جان - پېنى چىقىپ كەتتى. ھەرقايسى قوۋۇقلارنى ساقلاۋاتقان سەركەردىلەر شەھەر ئىچىدىن ئۈزۈلمەي ئېتىلىۋاتقان توپ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەر ئوتتۇرىسىغا چاپتى. ئۇلار ھەرقايسى قوۋۇقلاردىن كېلىپ، ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئوق تېگىپ ئۆلۈۋاتقانلىقىنى، سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ سېپىلغا چىقىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىشقا باشلىدى. سۇجۇ شەھىرىنىڭ ئىچى قايناپ - تاشتى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىدىن زادى قانچىلىك ئادەم شەھەرگە كىرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قارا قۇيۇن لى كۈي بىلەن باۋ شۈ ئىككى قالقانچىنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەر ئىچىدە ئۇدۇل كەلگەنلىكى يەرگە ئۇسۇپ كىرىپ، فاڭ لا لەشكەرلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ قىردى، لى جۈن، دەي زۇڭلار فېي باۋ باشلىق تۆت ئادەمنى باشلاپ، لىڭ جېننى قوغداپ تۇرۇپ توپ ئېتىۋەردى. سۇڭ جياڭ ئۈچ تەرەپتىن قوشۇن يۆتكەپ شەھەرگە تېگىش قىلدى. سۇڭ خانلىقى قوشۇنلىرى شەھەرگە كىرىپ كەلگەندە، فاڭ لا لەشكەرلىرى چېچىلىپ - تارقاپ جانلىرىنى ئېلىپ قېچىشتى.

ئۈچىنچى بەدەۋى شاھ فاڭ ماۋ ئالدىراپ - تېنەپ قۇياغلىرىنى كىيىپ ئاتلىنىپ، ئالتە - يەتتە يۈز قۇياغلىق لەشكەرلەر بىلەن تۆۋەن قوۋۇقتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئويلىمىغان يەردىن قارا قۇيۇن لى كۈي باشلىغان بىر توپ

لەشكەرلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، بۇ قويۇقلۇق قوشۇنمۇ تىرىپىرەن بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بىر كوچىدىن لۇ جىشىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، گۈرزىسىنى ئويىنىتىپ راسا ئۇرغىلى تۇردى. فاڭ ماۋ بەرداشلىق بېرەلمەي تەنها ئۆزى ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ھەرىمگە قاراپ قاچتى، سىغىزخان كۆۋرۈكى يېنىدىن ۋۇ سۇڭ چىقىپ بىر قىلىچ سىلىۋىدى، ئېتىنىڭ پۇتى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ، فاڭ ماۋ يەرگە تىك موللاق ئاتتى. ۋۇ سۇڭ يەنە بىر قىلىچ چېپىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى ۋە توپتوغرا بارگاھقا كېلىپ، سۇڭ تۇرشاۋۇلغا مەلۇم قىلدى. بۇ چاغدا سۇڭ جياڭ شەھەرگە كىرىپ شاھ ھەرىمگە ئورۇنلاشقان ۋە سەركەردىلىرىگە فاڭ لا لەشكەرلىرىنى ئاختۇرۇپ بىرىنى قويماي تۇتۇشنى بۇيرۇغانىدى. يالغۇز لىيۇ يۈنلا قالدى ـ قاتتى چېرىكلەرنى باشلاپ شيۇجۇ ئايمىقىغا قاراپ قېچىپ كەتتى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

خان ئەزەلدىن ئۆزگە ئانچە ئاسان تەخت بەرمىگەن،
كۆڭلى قانداق تىنغۇسىدۇر ئۆزىنى ئۇ خان دېگەن؟
قەستى تىغدا بېشىنى ۋۇ سۇڭ چېپىپ فاڭ ماۋنىڭكى،
ئاشۇ ۋەھشىي ئەسكىلەر بىكىسىمنى بىر كۆرسۇن دېدى.

سۇڭ جياڭ پادىشاھ ھەرىمگە ئورۇنلىشىش بىلەنلا، دەرھال مۆمىن پۇقرالارنى ئۆلتۈرمەسلىككە بۇيرۇق چۈشۈردى. تەرەپ ـ تەرەپتە كۆيۈۋاتقان ئوتلارنى ئۆچۈرگۈزدى، ئەل ئەمىن ئېلانى چىقىرىپ، لەشكەر ۋە پۇقرالارنى خەۋەردار قىلدى. ئاندىن سەركەردىلەرنى يىغىپ، ھەرەمدە ئۆلارنىڭ ئەجىر ـ تۆھپىلىرىنى مەلۇم قىلدۇردى. مەلۇم بولدىكى، ۋۇ سۇڭ فاڭ ماۋنى ئۆلتۈرۈپتۇ، جۇ تۇڭ شۇ فاڭنى تىرىك تۇتۇپتۇ، شى جىن جىن چېڭنى تىرىك تۇتۇپتۇ، سۇن لى جاڭ ۋېينى يارما دەستە بىلەن

ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، لى جۇڭ جاڭ شىڭنى نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، فەن رۇي ۋۇ فۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ، شۇەن زەن گو شىگۇاڭ بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئىككىلىسى يارىدار بولۇپ، ئاخىر ئىككىلىسى يىنماچياۋ كۆۋرۈكى ئاستىدا ئۆلۈپتۇ، قالغانلىرىمۇ ياۋنىڭ ياندىش سەركەردىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ، ئەجىر - تۆھپىسىنى مەلۇم قىلىشتى، سۇڭ جياڭ سەت كۆرەگان شۇەن زەننىڭ قازا تاپقانلىقىنى ئۇقۇپ قاتتىق ھەسرەت چەكتى ۋە گۇل چېكىلگەن جەسەت ساندۇقىغا سېلىپ، يولۋاس ئىدىرىنىڭ ئىتىكىگە دەپنە قىلدۇردى. فاڭ ماۋنىڭ بېشىنى ۋە شۇ فاڭ، جىن چېڭلارنى چاڭجۇ ئايمىقىدىكى ئەمىر باسقاق جاڭ بىگىمنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. جاڭ بىگىم شۇ فاڭ بىلەن جىن چېڭنى بازاردا چانىۋەتتى، فاڭ ماۋنىڭ بېشىنى ئاستانىگە ئەۋەتتى. ئۇ يەرگە بارغان سەركەردىلەر نۇرغۇن تارتۇق ئېلىپ كېلىپ، سۇجۇدىكى سەركەردىلەرگە تارقاتتى. جاڭ ئەمىر باسقاقبېگىم ليۇ گۇاڭشىنى سۇجۇنى قوغداشقا تەكلىپ قىلىش، سۇڭ تۇرشاۋۇلنى داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، قاراقچىلارنى يوقىتىشقا بۇيرۇش ھەققىدە خانىدانلىققا مۇراجىئەتنامە يازدى. شۇ ئارىدا داغداغچى كىرىپ: «تۇتۇقبەگ ليۇ گۇاڭشى بىلەن مەسلىھەتچى گېڭ بېگىم سۇجۇنى قوغداشقا يېتىپ كەلدى» دەپ خەۋەر قىلدى.

شۇ كۇنى سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى سۇڭ تۇرشاۋۇلغا ئەگىشىپ، ليۇ گۇاڭشى باشلىق بىرمۇنچە سىپاھلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى شاھ ھەرىمىگە باشلاپ كىردى. سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ سەركەردىلەر بىلەن ئايماق مەھكىمىسىگە كېلىپ مەسلىھەت تۈزدى، دېڭىز ياقىسىدىكى سۇ لەشكەرلىرى ئاتامانلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى، ئۇ يەرلەردىن: «دېڭىز ياقىسىدىكى ناھىيەلەرگە سۇجۇنىڭ ئېلىنغانلىقى ئاڭلانغاندىن كېيىن قاراقچىلار قېچىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىپ، دېڭىز ياقىسىدىكى ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسى تىنچلاندى» دېگەن خەۋەر كەلدى. سۈڭ جياڭ تازا خۇشال بولدى. ئۇ ئالاقە يېزىپ بارگاھقا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى، ئاندىن ئەمىر باسقاقبېگىمگە كونا بەگلەرنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قويۇش، ھەرقايسى جايلارغا پۇقرالارنى ئەمىن قىلىش ئۈچۈن بارگاھتىن قولباش ئەۋەتىش، سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانلىرىنى بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈن سۇجۇغا قايتۇرۇش توغرىسىدا خەت يازدى.

بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا قولباشلار ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىشتى. سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانلىرى سۇجۇغا قايتىپ كېلىپ، رەن ئاتلىق ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا چاڭجۇغا تېگىش قىلغاندا، شى ئېنىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى بايان قىلدى. شى شيۇ، لى يىڭلار قايتىپ كەلدى، شى ئېن، كۇڭ لياڭ ئىككىسى سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەنلىكتىن، سۇغا چۆكۈپ ئۆلگەن. سۈڭ جياڭ يەنە ئىككى سەركەردىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق قايغۇرۇپ ئاھ ئۇردى. ۋۇ سۇڭمۇ شى ئېنىنىڭ بۇرۇنقى قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ ھۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى.

ئەمدى فېي باۋ باشلىق تۆت كىشىگە كەلسەك، ئۇلار سۈڭ تۇرشاۋۇل بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، سۈڭ جياڭ بۇ يەردە قالسىڭىزلار بولاتتى، دەپ تۇتتى، لېكىن ئۇلار ئۇنىماي تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تۆتىگە چوڭ ئىنئاملارنى بېرىپ، ئۇلارنى سۆگەتلىك جاڭزىغىچە ئۇزىتىپ قويۇشقا لى جۈننى بۇيرۇدى. لى جۈن يەنە تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ بىلەن بىللە فېي باۋ باشلىق تۆت ئادەمنى سۆگەتلىك جاڭزىغا ئاپىرىپ قويدى، فېي باۋلار يەنە مەي ـ شارابلار بىلەن زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. مەي ـ شارابلارنى ئىچىپ ئولتۇرغاندا، فېي باۋ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، لى جۈنگە مەي تۇتۇپ، بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى.

ئەيىۋھەنناس، ئىشىتىگلار ئاموخاس ! لى جۇن ئۇتتۇرا ئىقلىمدىن ئايرىلىپ كېتىپ، ياقا يۇرتلاردا باشقىدىن ئاساس تىكلىگۈسى. دەرھەقىقەت: بولسا جان تەندىن جۇدا قۇلۇلىمۇ قاپتىن چىقار، ئاقسا ئىشى، چىقسا نامى بىلىقمۇ لەھەك بولار، دېگەندەك بولدى. زادى فېي باۋنىڭ لى جۇنگە نېمە دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئون تۆتىنچى باب

## سۇڭ جياڭنىڭ نىڭخەي قەلئەسىدە ماتەم تۇتقانلىقى
## جاڭ شۈنىنىڭ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ چاغدا فېي باۋ لى جۈنگە:

— پېقىر بىر نادان ئادەم بولسامىمۇ، دانىشمەنلەرنىڭ: «يەڭمەكنىڭ يېڭىلمىكى بار، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بار» دېگىنىنى ئاڭلىغانمەن. ئاغا، لياڭشەن تېغىغا چىققانلىرىدىن تارتىپ تا هازىرغىچە بولغان ئون نەچچە يىل ئىچىدە، جەڭلەردە يېڭىپ كېلىشتىلە. قىتان بەگلىكىگە تېگىش قىلىشقانلىرىدا، بىرمۇ يارەنلىرىدىن ئايرىلمىغانىدىلە؛ ئەمدى كېلىپ فاڭ لاغا تېگىش قىلغاندىن بېرى كېلىشمەسلىكلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ، تەقدىر - قىسمەتلىرى ئۈزاققا بارمايدۇ. كەمىنىلىرى نېمىشقا ئەمەلدار بولۇشنى خالىمايمەن؟ چۈنكى، جاھان شەپقەتسىز. كۆنلەرنىڭ بىرىدە جاھان تىنچلانسا، كىشىلەر بىر - بىرلەپ كېلىپ سىلىگە قەست قىلىشىدۇ. كونىلاردا: «تىنچلىقنى سەركەردە يارىتار، بىراق ئۇنى كۆرەلمەي كېتەر» دېگەن سۆز بار، بۇ ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان گەپ! ئاغا، بۈگۈن بىز تۆتىمىز ئاغا - ئىنى بولدۇق، بىز مۇشۇ ياخشى پەيتنى قولدىن بەرمەي بىرەر پاناھ جاي تاپايلى، ئۇ يەردە ئاز - پاز مال - دۇنيالارنى توپلاپ، بىر چوڭ كېمە تەييارلايلى، ئۇنى ھەيدەشكە بىرنەچچە كېمىچى تاپايلى - دە، دېڭىز - دەريالار ئىچىدىن بىرەر خالىي جاينى ماكان تۇتۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىمىزنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزەيلى ! — دېدى.

— ئەزىز قېرىندىشىم، پەندى ـ نەسىھەتلىرىڭىز كۆزۈمنى ئاچتى، — دېدى لى جۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىزلىنىپ تۇرۇپ، — بۇ قالتىس ئورۇنلۇق گەپ بولدى. لېكىن، فالڭ لا تېخى يوقىتىلغىنى يوق، سۈڭ دانىشنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى يەردە قويۇش ياخشى بولماس. ھازىرچە سىز دېگەندەك قىلغىلى بولمايدۇ. ھازىر ھەرقايىسىڭلار بىلەن كېتىپ قالسام، ئۆمۈر بويى كۆرسەتكەن مەردلىك ـ مەردانىلىقىم بىراقلا يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ھەرقايىسىڭلار مېنى كۈتۈپ تۇرۇشنى مالال كۆرمىسەڭلار، فالڭ لانى يوقاتقاندىن كېيىن مەن ئىككى قېرىندىشىمنى بىللە ئېلىپ كېلىپ ھەرقايىسىڭلارغا قوشۇلاي، شۇ چاغدا نەگە باشلىسىڭىز، شۇ يەرگە مېڭىشقا تەييارمەن. ھازىرچە ھەرقايىسىڭلار بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى قىلغاچ تۇرساڭلار. ئەگەر بۇ ۋەدەمگە ۋاپاسىزلىق قىلسام، تەڭرى جاجامنى بەرگەي، يىگىت بولماي كېتەي!

— ئۇنداق بولسا، — دېدى تۆتى، — بىز كېمە تەييارلاپ، ئاغىمىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرايلى، ۋەدىمىز ۋەدە بولسۇن!

لى جۇن بىلەن فېي باۋ ئاغا ـ ئىنى بولۇشقانلىق شەرىپىگە مەي ئىچىشىپ، ۋەدىلىرىدىن يانماسلىققا قەسەم قىلىشتى.

ئەتىسى لى جۇن فېي باۋ قاتارلىق تۆتەيلەن بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن تۇڭ ۋېي بىلەن تۇڭ مېڭنى باشلاپ كېلىپ سۈڭ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا فېي باۋ باشلىق تۆت كىشى ئەمەل تۇتۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، بىلىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. سۈڭ جياڭ ناھايىتى ئەپسۇسلاندى ۋە سۇ ـ قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرىگە يولغا چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ۋۇجياڭ ناھىيەسىدە ئوغرى ـ قاراقچىلار قالمىغاچقا، ئۇلار پىڭۋاڭجېن بازىرى ئارقىلىق داۋاملىق ئىلگىرىلەپ شيۇجۇ ئايمىقىغا يول ئالدى. بۇ چاغدا بۇ ئايماقنى ساقلاۋاتقان سەركەردە دۇەن كەي سۇجۇ ئايمىقىدىكى ئۇچىنچى بەدەۋى شاھ فالڭ ماۋنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، نەرسە ـ

كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قېچىش كويىغا چۈشكەنىدى. ئۇ پايلاقچى ئەۋەتىپ، سۇك جياڭ قوشۇنلىرىنىڭ شەھەرگە يېقىنلاپ كېلىپ قالغانلىقى، تۇغلارنىڭ كۆننى توسۇپ، ئات ـ كېمىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قورقۇپ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى. ئالدىدا كېلىۋاتقان سەركەردىلەردىن گۆەن شىڭ بىلەن چىن مىڭ سىپىلنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى ۋە سۇ لەشكەرلىرىگە كۆنپېتىش تەرەپتىكى قوۋۇقنى قورشاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. دۇەن كەي سېپىل تۆپىسىدە تۇرۇپ:

— تېگىش قىلماڭلار، تەسلىم بولىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ، كۆجە ـ ئىسرىق، شام ـ چىراغلارنى يېقىپ، قوي ۋە مەيلەرنى ئېلىپ سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ ئالدىغا چىقتى ھەمدە سۇڭ جياڭنى ئايماق يامۇل مەھكىمىسىگە ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. دۇەن كەي باشچىلىقىدا ھەممەيلەن سۇڭ جياڭغا سالام بەردى. سۇڭ جياڭ دۇەن كەيگە تەسەللى بېرىپ، ئۇنى مۇھىم ئەمەلدار ھېسابلايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئەل ئەمىن ئېلانى چىقاردى.

— مەن ئەسلىدە مۇجۇلۇق مۇمىن پۇقرا ئىدىم، — دېدى دۇەن كەي ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — فاڭ لانىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئىلاجسىز ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشتا بولۇپ قالدىم. بۈگۈن خان لەشكەرلىرى بۇ يەرگە كەلگەن تۇرسا، مېنىڭ ئەل بولماسلىقىقا نېمە ھەددىم؟

— خاڭجۇ ئايمىقىنىڭ نىڭخەي قەلئەسىنى كىم ساقلاۋاتىدۇ؟ قانچىلىك لەشكەر ۋە سەركەردە بار؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— خاڭجۇ ئايمىقىنىڭ شەھىرى چوڭ، ئادىمى كۆپ، كۆنچىقىش ئۈستۈن تەرىپى قورۇقلۇق، تۆۋەن تەرىپىدە چوڭ دەريا، كۆنپېتىش تەرىپىدە بىر كۆل بار. ئۇ يەرنى فاڭ لانىڭ چوڭ ئوغلى، تۆۋەن ئېقىننىڭ ئامانلىق بېگى فاڭ تيەنديڭ

ساقلاۋاتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا يەتتە تۈمەندىن كۆپ لەشكەر، يىگىرمە تۆت سەركەردە، تۆت نەپەر باش سەركەردە بار. ئۇلاردىن ئىككىسى ئەڭ ياراملىق سەركەردە بولۇپ، بىرى شىجۇ ئايمىقلىق راھىب، ئۇ «نۇرانە تاتاگاتا» دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭ ئەسلىي نامى دېڭ يۈەنجۆ بولۇپ، گۈرزە تۇتىدۇ، گۈرزىسى قۇيۇچتىن سوقۇلغان، ئېغىرلىقى ئەللىك نەچچە جىڭ كېلىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ئەل ئۇستازى دەپمۇ ئاتىشىدۇ. يەنە بىرسى فۇجۇ ئايمىقلىق شى باۋ، ئۇ زەنجىرلىك ئومۇت تۇتىدۇ، ئومۇتنى كۆزلىگەن يېرىگە تەگكۈزىدۇ، شەمشەرمۇ تۇتالايدۇ، ئۇ شامال كېسەر قىلىچ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قىلىچى ئۈچ قەۋەتلىك قوياغ بىر ياقتا تۇرسۇن، مىس - تۆمۈرلەرنىمۇ خۇددى شامالنى كەسكەندەك كېسىپ تاشلايدۇ. قالغان يىگىرمە ئالتە سەركەردىنىڭ ھەممىسى تاللانغان سەركەردىلەر، بىر - بىرىدىن باتۇر. تۇرشاۋۇل ياۋغا ھەرگىز سەل قارىمىغايلا، — دەپ جاۋاب بەردى دۇەن كەي.

سۇڭ جياڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دۇەن كەيگە ئىنئام بەردى ھەمدە ئۇنى ئەھۋالنى جاڭ باسقابەگكە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن بەگنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. دۇەن كەي جاڭ باسقابەگ بىلەن يۈرۈش قىلىپ سۇجۇغا كەلگەندە، سۇجۇنى قوغداشقا تەيىنلەندى. ئۇرۇنباسار تۇتۇقبەگ ليۇ گۇاڭشى شيۇجۇ ئايمىقىنى قوغداشقا تەيىنلەندى. سۇڭ تۇرشاۋۇل ئەينۇلا شىپاڭىنىڭ يېنىغا قوش تىكتى. سۇڭ جياڭ سەركەردىلەرگە مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، لەشكەرلەرنى تارتۇقلىدى، خاڭجۇ ئايمىقىنى قانداق قىلىپ ئېلىشنى مەسلىھەتلەشتى. كىچىك قۇيۇن چەي جىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاغىمىز گاۋتاڭ ئايمىقىدا پېقىرنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن شەپقەتلىك ئاغىمىزنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشتىم، راھەت - پاراغەتتىن بەھرىمەن بولدۇم، لېكىن ماڭا قىلغان شەپقەتلىرىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرالمىدىم. ھازىر

www.uyghurkitap.com

شۇنى ئىلتىجا قىلىمەنكى، مەن فالاڭ لا قاراقچىلىرىنىڭ ئۇۋىسىغا پايلاقچى بولۇپ بېرىپ، بىرەر ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتىش بىلەن خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتىنى ياندۇراي، بۇنىڭ بىلەن ئاغىمىزنىڭ يۈزىنىمۇ يورۇق قىلاي، بۇنىڭغا نېمە دەيدىلىكىن؟ ــ دېدى.

ــ ئەگەر، ــ دېدى سۈڭ جياڭ خۇشال بولۇپ، ــ سىز قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالنى تولۇق بىلىپ كەلسىڭىز، بىز لەشكەر تارتىپ بېرىپ، قاراقچىلارنىڭ باشلىقى فالاڭ لانى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئاستانىگە تۆھپىمىز قىلىپ ئېلىپ بارساق، راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشەتتۇق. بىراق، سەپەردە جاپا چېكىپ قالارسىزمىكىن دەيمەن، شۇڭا بارمىغىنىڭىز ياخشى.

ــ ئۆلۈپ كەتسەممۇ بىر بېرىپ كېلەي، ماڭا پەقەت يەن چىڭ ھەمراھ بولسىلا بولىدۇ. ئۇ يولدىكى يۇرت ـ ئىقلىملارنى، تىل ـ شېۋىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتىدۇ، ــ دېدى چەي جىن.

ــ ئەزىز ئىنى، مۇنداق دېسىڭىز ياق دېيەلمەيمەن. يەن چىڭ لۇ تۇرشاۋۇلنىڭ ـقول ئاستىدا ئىشلەيدۇ، دەرھال خەت يېزىپ ئالدۇرۇپ كەلسەك بولىدۇ، ــ دېدى سۇڭ جياڭ. بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، خەۋەرچى كېلىپ: «لۇ تۇرشاۋۇل خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى يەن چىڭنى ئەۋەتىپتۇ» دەپ خەۋەر قىلدى.

سۇڭ جياڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ:

ــ ئەزىز ئىنى، سىزنىڭ بۇ سەپىرىڭىز چوقۇم نۇسرەتلىك سەپەر بولىدىغان بولدى! يەن چىڭنىڭ دەل مۇشۇ پەيتتە كېلىشىمۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، ــ دېدى چەي جىنگە قاراپ. چەي جىنمۇ خۇشال بولدى.

يەن چىڭ قوشقا كەلدى، ئۇ بارگاھقا كىرىپ سۇڭ جياڭغا سالام بەردى، ئاندىن غىزا ـ تائاملارنى يەپ، مەي ـ شارابلارنى ئىچتى. سۇڭ جياڭ ئۇنىڭدىن:

— ئەزىز ئىنىم، ئاتلىق كەلدىڭىزمۇ يا كېمە بىلەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتلىق كەلدىم، — دېدى يەن چىلىڭ.

— دەي زۇڭ قايتىپ كەلگەندە خوجو ئايمىقىغا تېگىش قىلىنىدى، دەپ كەلگەنىدى، بۇ ئىش قانداق بولۇپ كەتتى؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— شوەنجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ، — دېدى يەن چىلىڭ، — لۇ تۇرشاۋۇل لەشكەرلەرنى ئىككىگە بۆلدى: تۇرشاۋۇل ئۆزى لەشكەرلەرنىڭ يېرىمىنى باشلاپ خوجو ئايمىقىغا تېگىش قىلدى، ئۇ يەرنى قوغداپ تۇرغان گۇڭ ۋېنىنى ھەم ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەش ھەمدەمچى سەركەردىنى ئۆلتۈرۈپ، خوجو ئايمىقىنى ئالدى، قاراقچى لەشكەرلەرنى قىرىپ تىرىپىرەن قىلىپ، پۇقرالارنى ئەمىن قىلدى، ئاندىن شەھەرنى قوغداشقا ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ، جاڭ باسقاقبەگكە مەكتۇپ ئەۋەتتى، مېنى بولسا خوش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەۋەتتى. باش سەركەردە لەشكەرلەرنىڭ يېرىمىنى لىن چوڭغا بەردى، لىن چوڭ ئۇ لەشكەرلەر بىلەن يېتىم قارىغاي چاقىسىغا تېگىش قىلىشقا كەتتى، ئۇلار خاڭجۇ ئايمىقىدا ئۇچرىشىدىغان بولدى. كەمىنىلىرى بۇياققا ماڭار چېغىمدا يېتىم قارىغاي چاقىسىدا ھەر كۈنى جەڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۇ يەرنىڭ تېخى ئېلىنمىغانلىقىنى، تۇرشاۋۇلنىڭ ئۆزى جۇ ۋۇ بىلەن شۇ ياققا كەتكەنلىكىنى، سەركەردە خۇ يەنجونىڭ قالغان لەشكەرلەر بىلەن خوجو ئايمىقىنى قوغداشقا قالدۇرۇلغانلىقىنى، جاڭ باسقاقبەگ خوجو ئايمىقىنى قوغداشقا ئادەم ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن يۈرۈش قىلىپ، دېچىڭ ناھىيەسىنى ئېلىپ، خاڭجۇ ئايمىقىدا ئۇچرىشىدىغان بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— خوجو ئايمىقىنى ساقلاش ۋە دېچىڭ ناھىيەسىگە تېگىش قىلىش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان، يېتىم قارىغاي چاقىسىدىكى جەڭگە ئاجرىتىلغان سەركەردىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ماڭا ئېيتىپ

بەرسىڭىز، ھەممىسى قانچە ئادەم، خۇ يەنجو بىلەن قانچىلىك ئادەم قالدى؟ ــ دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

ــ مانا مەندە رويخىتى بار، ــ دېدى يەن چىڭ رويخەتنى كۆرسىتىپ.

يېتىم قارىغاي چاقسىسىدىكى جەڭگە يىگىرمە ئۈچ ئوڭ قول، سول قول سەركەردە ئاجرىتىلغان، ئۇلار مۇنۇلار:

تۇرشاۋۋل لۇ جۇنيى، جو ۋۇ، لىن چۇڭ، دۇڭ پىڭ، جاڭ چىڭ، شيې جېن، شيې باۋ، لۇ فاڭ، گو شېڭ، دېڭ فېي، لى جۇڭ، جو تۇڭ، ئوۋ پېڭ، زۇ يۈەن، زۇ رۇن، سۇن شىن، گۇ يەڭگە، لى لى، بەي شېڭ، تاڭ لۇڭ، جۇ گۇي، جۇ فۇ، شى چيەن.

خۇجۇ ئايمىقىنى قوغداش ۋە دېچىڭ ناھىيەسىنى ئېلىشقا جەمئىي ئون توققۇز ئوڭ قول، سول قول سەركەردە قالدۇرۇلدى، ئۇلار مۇنۇلار:

خۇ يەنجو، سو چاۋ، مۇ خۇڭ، لېي خېڭ، ياڭ شيۇڭ، ليۇ تاڭ، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگو، چېن دا، ياڭ چۈن، شۆ يۇڭ، دۇ چيەن، مۇ چۈن، لى يۈن، شى يۇڭ، گۇڭ ۋاڭ، دىڭ دېسۈن، جاڭ چىڭ، سۇن چوكان.

ــ بۇ ئىككى بۆلەك سەركەردە جەمئىي قىرىق ئىككى كىشى، كەمىنىلىرى بۇياققا ماڭار چېغىمدا كېڭىشىپ پۈتۈشكەن، دەرھال يولغا چىقماق بولۇپ قېلىشقانىدى، ــ دېدى يەن چىڭ.

ــ ئۇنداقتا ئىككى تەرەپتىن تېگىش قىلماق بوپتۇ ـ دە، بۇ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بايا چەي جىن غوجا سىز بىلەن بىللە فاڭ لانىڭ قاراقچىلار ئۇۋىسىغا پايلاقچىلىققا بارماق بولغانلىقىنى ئېيىتتى، سىز بارالامسىز؟ ــ دېدى سۇڭ جياڭ.

ــ باش سەردارىم مېنى ئەۋەتمەكچى بولغانىكەن، مېنىڭ بارماسلىقىمغا ھەددىم بارمۇ؟ كەمىنىلىرى چەي جىن غوجام بىلەن بىرىشقا رازىمەن، ــ دېدى يەن چىڭ.

ــ مەن ئاق يەكتەك موللامچە ياسىناي، ــ دېدى چەي جىن خۇشال بولۇپ، ــ سىز خىزمەتكار تۇرقىدا ياسىنىڭ. بىر

غوجايىن، بىر خىزمەتچى بولۇپ، بەرۋاپ، خەنجەر ۋە كىتاب ساندۇقىنى ئېلىپ يولغا چىقساق، بىزدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. بىز ئۇدۇل دېڭىز ياقىسىغا بېرىپ كېمە تېپىپ، يۆجۈ ئايمىقى ئارقىلىق چىغىر يول بىلەن جۇجى ناھىيەسىگە بارىمىز ـ دە، ئۇ يەر ئارقىلىق تاغدىن ئۆتىمىز، شۇنىڭ بىلەن مۇجۇ ئايمىقىغا يېقىنلاپ قالىمىز.

بۇلار شۇنداق پۈتۈشكەندىن كېيىن مېڭىش كۈننى بەلگىلىدى ۋە سۇڭ تۇرشاۋۇل ھۇزۇرىدىن خوشلىشىپ چىقىپ، بەرۋاپ، خەنجەر ۋە كىتاب ساندۇقىنى يىغىشتۇردى ـ دە، كېمە تېپىش ئۈچۈن دېڭىز ياقىسىغا كەتتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

شۇ ئەسنادا مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ سۇڭ جياڭغا:

— خاڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە چيەنتاڭ دەرياسى بار، بۇ يەر ئارقىلىق بىر ئارالغا بارغىلى بولىدۇ. ئەگەر بىرنەچچە كىشى قېيىق بىلەن دېڭىز ياقىسى ئارقىلىق جىشەنمېن ئېغىزىدىن كىرىپ، تۆۋەن قوۋۇق سىرتىدىكى دەريا بويىدا بەلگە توپ ئېتىپ، بەلگە تۇغى تىكلىسە، شەھەردىكىلەر چوقۇم ئالاقىزادە بولۇپ كېتىدۇ. سىلىنىڭچە، سۇ لەشكەرلىرى ئاتامانلىرىدىن قايسىسى بارسا بولار؟ — دېدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا جاڭ خېڭ بىلەن رۇەن جەمەتىدىن بولغان ئاكا ـ ئۇكىلار:

— بىز بارايلى، — دېيىشتى.

— خاڭجۇنىڭ كۈنپېتىش تەرىپى كۆلگە ياندىش، ئۇ يەردىمۇ سۇ لەشكەرلىرى كېرەك بولىدۇ، شۇڭا ھەممىڭلار كەتسەڭلار بولمايدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— جاڭ خېڭ بىلەن رۇەن شياۋچى كېمە بىلەن خۇ جيەن ۋە دۇەن جىڭجۇنى ئېلىپ بارسۇن، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

بۇ تۆت كىشى ئوتتۇز نەچچە ئادەمنى باشلاپ، ئون نەچچە بەلگە توپ ۋە بەلگە تۇغلىرىنى كۆتۈرگىنىچە چيەنتاڭ دەرياسىغا

بىرىش ئۈچۈن دىڭىز ياقىسىدىن كېمە تېپىشقا يۈرۈپ كەتتى.

ئوقۇرمەنلەر ئىشتىكەيسىزلەركى، يۇقىرىقىلار گويا چېچىلغان قومدەك ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئېلىپ ئېيتىلغان سۆزلەر. ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ھېكايىنىڭ ھەممىسىنى بىر يولىلا سۆزلەپ تۈگىتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، بىر - بىرلەپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە ئاستا - ئاستا سۆزلەپ ئۆتىمىز، ھەممىسىنى ئاڭلاش نېسىپ بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ھېكايىنىڭ سەرلەۋھىسىنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاساسىي قەھرىمانلارنى ئېسىدە چىڭ تۇتسىلا، سۆزلىنىدىغان ھېكايىنىڭ سىرى ئايان بولىدۇ.

سۇڭ جياڭ لەشكەرلەرنى تەقسىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن خاڭجۇ ئايمىقىغا تېگىش چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە كېڭەشىش ئۈچۈن شيۇجۇ ئايمىقىغا كەلدى، شۇ ئەسنادا ئاستانىدىن خان ئىنئام قىلغان شاھانە مەي شيۇجۇ ئايمىقىغا كەلتۈرۈلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. سۇڭ جياڭ سەركەردە - سەرۋازلارنى باشلاپ شەھەردىن ئالدىغا چىقتى، رەھمەت - تەشەككۈرلەر ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەلچى ئۇلارنى شاھانە مەي بىلەن مېھمان قىلدى. مەي ئىچىلىۋاتقاندا، ئەلچى خاننىڭ ئۇشتۇمتۇت كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ۋە قېشىدا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، خانلىق شىپاخانىنىڭ دانا ئەمچى ئەن داۋچۈەننى ئاستانىگە يۆتكەپ كېلىشنى ئىلتىجا قىلغانلىقىنى، خان دەرھال قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا يارلىق چىقارغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سۇڭ جياڭ بۇ گەپنى يېرالمىدى. ئەتىسى ئەلچىنى مېھمان قىلغاندىن كېيىن ئەن داۋچۈەننى ئاستانىگە يولغا سېلىپ قويدى. سۇڭ جياڭ ۋە باشقىلار ئۇزۇن يول يىراقلىقتىكى چازەنگاھقىچە بېرىپ، ئەن داۋچۈەن بىلەن ئەلچىنى ئۇزىتىپ قويدى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزم پۈتۈلگەن:

تېۋىپ بولۇپ يەتكەندى كامالەتكە ئەن داۋچۈەن،
شەندۇڭ دېگەن ئىقلىمدا نامى - داڭقى پۇر كەتكەن.



www.uyghurkitap.com

تومۇر تۇتسا ساڭگۇڭ دەپ خەقلەر ئۇنى تەرىپلەپ،
ياساپ دورا ئۆزىنى جىن زىچپىنغا ئوخشاتقان.
يېرىپ بىلەك گۆشىنى ئالسا سۆڭەكتىن زەھەر،
تىغ ـ پىچاق ئىز ـ تاتۇقتىن ھېچبىر ئەسەر قالمىغان.
لياڭشەندە ئۇيۇلتاشتەك ئۇلار بولدى قېرىنداش،
ۋىدالاشتى ـ ئايرىلدى، لېكىن رىشتى چىرماشقان.

ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، سۇڭ جياڭ خان ئالىيلىرى ئىنئام قىلغان تارتۇقلارنى سەركەردە ـ سەرۋازلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى، ئۇلار بىر كۈننى تاللاپ، ليۇ تۇتۇقبەگ، گېلىڭ مەسلىھەتچى بىلەن خوشلىشىپ، خاسىيەتلىك بىر كۈنى قان تۇغ قىلىش بىلەن سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن تەڭلا قوزغىلىپ يولغا چىقتى. چۇڭدې ناھىيەسىگە كەلگەندە، ئۇ يەرنى قوغداپ تۇرغان سەركەردە بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ خاڭجۇغا قېچىپ كەتتى.
شۇ ۋەقەلەر بولۇۋاتقاندا، خان فاڭ لانىڭ شاھزادىسى فاڭ تيەندىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرىنى يىغىپ قارارگاھتا كېڭىشىۋاتاتتى. بۇ يەر بۇرۇنىسىدا قارارگاھ بولۇپ، شاھانە قەسىر قىلىنغانىدى. فاڭ تيەندىڭنىڭ قول ئاستىدا تۆت ئالىي سەركەردە بار ئىدى. ئۇلار مۇنۇلار:
نۇرانە تاتاگاتا ئەل ئۇستازى دېڭ يۈەنجۆ
تۆۋەن تەرەپ ئالىي سەركەردىسى شى باۋ
ئەل خوجىسى ئالىي سەركەردە لى تيەنرۇن
ئەل پاسىبانى ئالىي سەركەردە سى شىڭفاڭ
بۇ تۆتەيلەنگە «ئالىي سەركەردە» دېگەن نامنى فاڭ لا ئۆزى بەرگەنىدى. يەنە يىگىرمە تۆت نەپەر سول قول سەركەردە بار بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار:
لى تيەنيۇ، ۋۇ جى، جاۋ يى، خۇاڭ ئەي، چاۋ جۇڭ، تاڭ فېڭشى، ۋاڭ جى، شۆ دۇنەن، لىڭ گۇڭ، جاڭ جيەن، يۈن شىڭ، ياۋ يى، ۋېن كېراڭ، ماۋ دى، ۋاڭ رېن، سۈي يۇ، ليەن مىڭ، شۇ

بەي، جاڭ داۋيۇەن، فېڭ يى، جاڭ تاۋ، سۇ جيېڭ، مى چۇەن، بېي يىڭكۇي.

بۇ يىگىرمە تۆت كىشىگە سەركەردە دەپ نام بېرىلگەنىدى. يۇقىرىقى يىگىرمە سەككىز كىشىنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ فاڭ تيەندىڭنىڭ قارارگاھىدا كېڭەشىۋاتاتتى. فاڭ تيەندىڭ:

— ھازىر سۇڭ جياڭ سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن تەڭلا يۈرۈش قىلىش بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، بىزنىڭ ئۈچ چوڭ ئايمىقىمىزنى بېسىۋالدى. پەقەت خاڭجۇلا ئېلىمىزگە دەرپەردە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەرنى قولدىن بېرىپ قويساق، مۇجۇ ئايمىقىنى قانداقمۇ ساقلاپ قالالايمىز؟ مۇنەججىم ئاغۋات بۇ ۋېنيىڭ ئىلگىرى «ساماۋى ئەختەر ۋۇ بەگلىكى تەۋەسىگە كىرىپ قالدى، ئۇ يەردە چوقۇم چوڭ بالايىئاپەت يۈز بېرىدۇ» دېگەنىدى. بۇ دەل مۇشۇ ئادەملەر ئوخشايدۇ. ئۇلار ھازىر بىزنىڭ زېمىنىمىزغا تېگىش قىلدى، ھەرقايسىڭلار مۇھىم مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتىڭلار، بويۇنتاۋلۇق قىلماي، ساداقەتمەنلىك بىلەن ئەل ئۈچۈن ئەجىر كۆرسىتىڭلار، — دېدى.

— شاھزادىمىز بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا، — دېدى سەركەردىلەر تەڭلا، — بۇ يەردىكى نۇرغۇن خىللانغان لەشكەر ۋە سەركەردىلەر تېخى سۇڭ جياڭ بىلەن رەسمىي تۇتۇشمىدۇق. ھازىر بىرنەچچە ئايمىقىمىز قولدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ شۇ يەرلەرنى قوغداشقا تازا مۇۋاپىق ئادەمنىڭ قويۇلمىغانلىقىدىن بولدى. ئەمدى ئاڭلىساق، سۇڭ جياڭ، لۇ جۈنيىلەر لەشكەرلىرىنى ئۈچكە بۆلۈپ، خاڭجۇ ئايمىقىمىزغا تېگىش قىلىشقا كېلىۋاتقۇدەك، ھەزرەتلىرى ئەل ئۇستازى بىلەن نىڭخەي قەلئەسىنى قوغداپ، تۈمەن يىللىق ئىگىلىك ئۈچۈن ئاساس سالغايلا. بىز قالغان سەركەردىلەر ھەممىمىز بۆلۈنۈپ، ياۋغا قارشى ئاتلىنايلى.

شاھزادە فاڭ تيەندىڭ خۇشاللىقىدا لەشكەرلەرنى ئۈچكە بۆلۈپ ياۋغا قارشى ئاتلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. پەقەت ئەل

ئۇستازى دىڭ يۈەنجۈ شەھەرنى قوغداشقا قالدۇرۇلدى. ياۋغا قارشى ئاتلانماقچى بولغان ئۈچ ئالىي سەركەردىنىڭ ئىش تەقسىماتى مۇنداق بولدى:

ئەل پاسىبانى ئالىي سەركەردە سى شىڭفاڭ شۈ دۈنەن، خۇاڭ ئەي، شۇ بەي، مى چۈەن قاتارلىق تۆت سەركەردىنى باشلاپ دىچىڭ ناھىيەسىگە ھەمدەمگە بارىدىغان بولدى.

ئەل خوجىسى ئالىي سەركەردە لى تيەنرۇن لى تيەنيۇ، جاڭ جيەن، جاڭ تاۋ، ياۋ يى قاتارلىق تۆت سەركەردىنى باشلاپ، يىتىم قارىغاي چاقسىسىغا ھەمدەمگە بارىدىغان بولدى.

تۆۋەن تەرەپ ئالىي سەركەردىسى شى باۋ ۋېن كېراڭ، جاۋ يى، لىڭ گۇڭ، ۋاڭ رېن، جاڭ داۋيۈەن، ۋۇ جى، ليەن مىڭ، فېڭ يى قاتارلىق سەككىز سەركەردىنى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ، ياۋ بىلەن ئېلىشىدىغان بولدى.

بۇ ئۈچ ئالىي سەركەردىنىڭ ھەربىرى ئۈچ تۈمەندىن لەشكەرنى باشلاپ يولغا چىقىدىغان بولدى. لەشكەرلەر تەقسىم قىلىندى، ئۇلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇنلار تارتۇق قىلىنىپ يولغا چىقىش تاپشۇرۇلدى. ئالىي سەركەردە سى شىڭفاڭ بىر تارام لەشكەرنى باشلاپ، خاڭجۇدىن دىچىڭ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى.

فاڭ لانىڭ ئىككى تەرەپكە قاراپ يولغا چىققان ئىككى تارام لەشكەرلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى سۇڭ تۇرشاۋۇلىنىڭ لەشكەرلىرىدىن باشلايلى، ئۇلار شۇ پېتى ئىلگىرىلەپ لىنپىڭشەن تېغىغا كەلدى ۋە تاغنىڭ چوققىسىدا بىر قىزىل تۇغنىڭ پۇلاڭلىتىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سۇڭ جياڭ ئىككى ئوڭ قول سەركەردە خۇا رۇڭ بىلەن چىن مىڭنى ئالدىدا چارلىغۇچى بولۇپ مېڭىشقا ئەۋەتىپ، ئارقىدىن كېمە ـ ھارۋىلارنى چاڭئەنبادىن ئۆتكۈزدى. خۇا رۇڭ بىلەن چىن مىڭ مىڭدەك لەشكەرنى باشلاپ تاغ تۈمشۇقىدىن چىقىشىغا، فاڭ لانىڭ ئالىي سەركەردىسى شى باۋنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. شى باۋنىڭ قول

ئاستىدىكى ئىككى سەركەردە خۋا رۇڭ بىلەن چىن مىڭنى كۆرۈپ ئات چاپتۇرۇپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى ۋاڭ رېن، يەنە بىرى فېڭ يى ئىدى. ئىككىسى قوللىرىغا نەيزە تۇتقىنىچە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بۇ تەرەپتىن خۋا رۇڭ بىلەن چىن مىڭ ئادەملىرىنى سەپراس، ئاتلىرىنى چەپراس قىلىپ جەڭگە راسلاندى. چىن مىڭ بۆرە چىشلىق كالتىكىنى ئوينىتىپ فېڭ يىغا ئېتىلدى، خۋا رۇڭ نەيزىسىنى توغرىلاپ ۋاڭ رېن بىلەن ئېلىشتى. تۆت ئاتلىق گىرەلىشىپ، ئون قەپەسچە ئېلىشتى ـ يۇ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. چىن مىڭ بىلەن خۋا رۇڭ فاڭ لا قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدا ھەممەمچى لەشكەرلەر بارلىقىنى كۆرۈپ: «ئاززاق ئارام ئېلىۋالايلى!» دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئۆز سەپلىرىگە قايتىشتى. خۋا رۇڭ:

— قارىسىغا جەڭ قىلمايلى، دەرھال ئاغىمىزغا خەۋەر قىلىپ، بار مەسلىھەت بىر ئىش قىلايلى، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھىماتچى قوشۇنلار بارگاھ قوشۇنلىرىغا خەۋەر قىلدى. سۇڭ جياڭ جۇ تۇڭ، شۇ نىڭ، خۇاڭ شىن ۋە سۇن لىلارنى باشلاپ سەپنىڭ ئالدىغا كەلدى. فاڭ لا تەرەپتىن ۋاڭ رېن بىلەن فېڭ يى يەنە ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ:

— ئەي، يېڭىلگەن سەركەردىلەر، نوچى بولۇشساڭ جەڭگە چىقىشمامسەن! — دەپ تىل قويدى.

چىن مىڭ غەزەپلىنىپ، بۆرە چىشلىق كالتىكىنى ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ فېڭ يى بىلەن يەنە تۇتۇشتى. ۋاڭ رېن خۋا رۇڭنى جەڭگە ئۈندەپ تۇراتتى، بىردىنلا شۇ نىڭ ئېتىنى دېۋىتىپ، نەيزىسىنى توغرىلاپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. خۋا رۇڭ بىلەن شۇ نىڭنىڭ بىرى سول قول، بىرى ئوڭ قول سەركەردە، بىرى زەر نەيزىۋاز، بىرى كۈمۈش نەيزىۋاز سەركەردە ئىدى. خۋا رۇڭمۇ دەرھال ئات چاپتۇرۇپ چىقتى ۋە شۇ نىڭنىڭ كەينىدە تۇرۇپ يا بىلەن ئوقنى ئالدى ـ دە، شۇ نىڭ بىلەن ۋاڭ رېننىڭ ئېلىشىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا تازا چەنلەپ بىر

ئېتىپ ۋاڭ رېننى ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈردى. بۇنى كۆرگەن فاڭ لانىڭ قوشۇنلىرى ھودۇقۇپ كېتىشتى. فېڭ يى ۋاڭ رېننىڭ ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، چۆچۈپ كېتىپ گاڭگىراپ قالدى، چېن مىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كالتەكى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى قويۇپ، ئۇنىمۇ ئاتتىن چۈشۈردى، فاڭ لانىڭ قوشۇنلىرى تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى. سۇڭ خانىدانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى قىر ـ چاپقا ئۆتتى، شى باۋ تاقابىل تۇرالماي گاۋتىڭشەن تېغىغا چېكىنىپ، كۇنچىقىش يېڭى كۆۋرۈككە يېقىن بىر جايغا ماكانلاشتى. ئۇ كۈنى كەچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، فاڭ لا لەشكەرلىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، شەھەرگە قايتىپ كەتتى.

ئەتىسى سۇڭ تۇرشاۋۇلىنىڭ لەشكەرلىرى گاۋتىڭشەن تېغىدىن ئۆتۈپ، كۇنچىقىش يېڭى كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا ماكانلاشتى، لەشكەرلەرنى ئۈچ تارامغا بۆلۈپ خاڭجۇ ئايمىقىغا قىستاپ كېلىپ بېگىش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئۈچ تارامغا بۆلۈنگەن سەركەردىلەر كىم دېمەمسىز؟

بىر تارامغا پىيادە لەشكەرلەرنىڭ ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلىرى باش بولۇپ، تاڭجىن بىلەن كۇنچىقىش قوۋۇققا قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار مۇنۇلار:

جۇ تۇڭ، شى جىن، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، ۋاڭ يىڭ، خۇ سەننياڭ.

بىر تارامغا سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئوڭ قول ۋە سول قول سەركەردىلىرى باش بولدى، ئۇلار يۇقىرى يېڭى كۆۋرۈك ئارقىلىق گۇتاڭ كۆلىنى ئېلىش بىلەن كۇنپېتىش تەرەپتىكى يولنى توسۇپ، شەھەرنىڭ كۆل تەرەپتىكى قوۋۇقىغا تېگىش قىلىدىغان بولدى. ئۇلار مۇنۇلار:

لى جۇن، جاڭ شۇن، رۈەن شياۋئېر، رۈەن شياۋۋۇ، مېڭ كاڭ.

ئۈچىنچى تارام بولغان بارگاھ قوشۇنىنىڭ پىيادە، ئاتلىق ۋە

www.uyghurkitap.com

سۇ لەشكەرلىرى ئۈچكە بۆلۈنۈپ، يۇقىرى قوۋۇق بىلەن گېڭشەن قوۋۇقىغا تېگىش قىلىدىغان بولدى. تۇرشاۋۇل قىسمىنىڭ ئوڭ قول ۋە سول قول سەركەردىلىرى مۇنۇلار:

گۇەن شېڭ، خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، شۇ نىڭ، خاۋ سىۋېن، لىڭ جېن.

ئىككىنچى بۆلەك لەشكەرلەرگە سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ باش سەركەردە بولۇپ باشلاپ ماڭىدىغان بولدى. بۇ بۆلەكلەرنىڭ ئوڭ قول ۋە سول قول سەركەردىلىرى مۇنۇلار:

دەي زۇڭ، لى كۈي، شى شيۇ، خۇاڭ شىن، سۈن لى، فەن رۈي، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، ما لىن، پېي شۇەن، جياڭ جىڭ، يەن شۈن، سۇڭ چىڭ، يۇ باۋسى، سەي فۇ، سەي چىڭ.

ئۈچىنچى بۆلەك لەشكەرلەر سۇ ـ قورۇقلۇقتىن ھەمدەملىشىدىغان بولدى. بۇ بۆلەكنىڭ ئوڭ قول ۋە سول قول سەركەردىلىرى مۇنۇلار:

لى يىڭ، كۇڭ مىڭ، دۇ شىڭ، ياڭ لىن، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ.

شۇ كۈنى سۇڭ جياڭ چوڭ ـ كىچىك ئۈچ خىل قوشۇننى تەيىن قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ قوشۇنلار يولغا چىقىشتى.

ئۆزۈن گەپنىڭ قىسقىسى، بارگاھ قوشۇنىنىڭ ئىككى بۆلەك لەشكەرلىرىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى بولغان گۇەن شېڭ لەشكەرلىرى ئۇدۇل كۈنچىقىش يېڭى كۆۋرۈككە بېرىپ چارلىدى. لېكىن، ئۇ يەردە فاڭ لانىڭ بىرمۇ لەشكىرى كۆرۈنمىدى. گۇەن شېڭنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشتى، ئۇ كۆۋرۈكنىڭ سىرتىغا چېكىنىپ ئەھۋالنى سۇڭ تۇرشاۋۇلغا مەلۇم قىلىشقا ئادەم چاپتۇردى. سۇڭ جياڭ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، دەي زۇڭدىن: «يەڭگىللىك بىلەن تەگمەسلىك كېرەك، ھەر كۈنى ئىككى ئاتامان نۆۋەت بىلەن چىقىپ چارلىسۇن» دەپ بۇيرۇق ئەۋەتتى. بىر كۈنى خۇا رۇڭ بىلەن چىن مىڭ، يەنە بىر كۈنى شۇ نىڭ بىلەن خاۋ سىۋېن چارلاشقا چىقىپ ئۇدا بىرنەچچە كۈن چارلىدى، لېكىن فاڭ لانىڭ قوشۇنلىرى يەنىلا جەڭگە چىقمىدى.

بىر كۈنى نۆۋەت يەنە شۇ نىڭ بىلەن خاۋ سىۋىنغا كەلدى، بۇلار ئىككىسى بىرنەچچە ئون ئاتلىق لەشكەر بىلەن يۇقىرى قوۋۇقچە چارلاپ كەلدى، قارىغۇدەك بولسا، شەھەر قوۋۇقى كەڭ ئوچۇق تۇرۇپتۇ، ئىككىسى ئاسما كۆۋرۈكنىڭ يېنىغىچە بېرىپ قارىدى، دەل بۇ چاغدا سېپىل ئۈستىدىن داقا ـ دۇمباق چېلىنىپ، شەھەردىن بىر قوشۇن چىقىپ كەلدى. شۇ نىڭ بىلەن خاۋ سىۋىن دەرھال چېكىنىمەك بولدى، بۇ چاغدا شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكەر بۇلارنىڭ ئالدىغا چاپتۇرۇپ كەلدى. شۇ نىڭ جىنى ـ قەھرى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاتلىقلار ئارىسىدىن بۆسۈپ چىقتى، قارىسا خاۋ سىۋىن كۆرۈنمىدى. ئوبدان سىنچىلاپ قارىسا، بىرنەچچە سەركەردە ـ سەرۋازلار خاۋ سىۋىننى تۇتۇۋېلىپ، شەھەرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ نىڭ ئەمدىلا كەينىگە يېنىشقا تەمشىلىۋىدى، بىر ئوق كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا قادالدى، ئۇ بويىنىدىكى ئوق بىلەن بەدەر قاچتى، فاڭ لا تەرەپتىن ئالتە سەركەردە ئۇنى قوغلاپ كەلدى، شۇ ئەسنادا گۇەن شېڭلار ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، شۇ نىڭ ھوشىدىن كەتتى. فاڭ لانىڭ ئالتە سەركەردىسىنى گۇەن شېڭ سۇر ـ توقاي قىلىپ شەھەرگە قاچۇرۇۋەتتى. بۇ ئەھۋال دەرھال سۇڭ تۇرشاۋۇلغا مەلۇم قىلىندى. سۇڭ جياڭ شۇ ھامان شۇ نىڭنى كۆرگىلى كەلدى، كېلىپ قارىسا ئۇنىڭ بەش ئەزايىدىن قان كېتىپتۇ. سۇڭ جياڭ كۆز يېشى قىلىپ، لەشكەر تېۋىپىنى چاقىرتتى. ئۇلار ئوقنى چىقىرىپ تىغ ـ يارا دورىسى سۈرتۈپ، يارىنى تېڭىپ قويدى. سۇڭ جياڭ شۇ نىڭنى كېمىگە ئەكەلدۈرۈپ ياتقۇزدى ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالدى. شۇ كۈنى كېچىسى شۇ نىڭ ئۈچ ـ تۆت قېتىم ھوشىدىن كەتتى، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا زەھەر ئوق تەگكەنلىكى مەلۇم بولدى. سۇڭ جياڭ: «دانا ئەمچى ئەن داۋچۈەن ئاستانىگە ئەكېتىلدى. بۇ ئەتراپتا بۇنى قۇتقۇزۇۋالغۇدەك ئۇستا

تېۋىپ يوق، ھەي ئىست، بىر قانىتىمدىن ئايرىلىپ قالدىم دەپ ئويلىغان بولدۇم !» دەپ تەڭرىگە نالە قىلىپ، ھەسرەت ـ نادامەت چەكتى. ۋۇ يۈك يارەنلەر مېھرىنى دەپ، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزمەيلى دېگەن مەقسەتتە سۈڭ جياڭنى بارگاھقا قايتىپ، يېغىلىق ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭىشىشكە تەكلىپ قىلدى. سۈڭ جياڭ ئادەم قوشۇپ، شۇ نىڭنى شيۇجۇ ئايمىقىغا داۋالاشقا ئەۋەتتى. ئوقيا ئوقى زەھەرلىك ئوق بولغاچقا، ئۇ ساقىيالمىدى. سۈڭ جياڭ خاۋ سىۋېننىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى، ئەتىسى خەۋەرچى كېلىپ: «خاڭجۇ ئايمىقىنىڭ يۇقىرى قوۋۇقىنىڭ سېپىلى ئۈستىدە خاۋ سىۋېننىڭ بېشىنى بامبۇك خادىغا ئېسىپ سازايى قىپتۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. ئەنە شۇ چاغدىلا خاۋ سىۋېننىڭ فاڭ تيەندىڭ تەرىپىدىن پارە ـ پارە قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولدى، سۈڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولدى. يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىن شۇ نىڭنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات كەلدى. سۈڭ جياڭ ئىككى سەركەردىسىدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن، لەشكەرلىرىنى قىمىرلاتماستىن چوڭ يولنى ساقلاپ ياتتى.

ئەمدى گەپنى لى جۈندىن ئاڭلاڭ. لى جۈن قاتارلىقلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ، يۇقىرى يېڭى كۆۋرۈككە يېقىن بېرىپ ماكانلاشتى، ئۇ بىر قىسىم ئادەملىرىنى گۈتاڭ كۆلى يېنىدىكى تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە چارلاشقا ئەۋەتتى، خەۋەرچى كېلىپ: «خاۋ سىۋېن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، شۇ نىڭ ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. لى جۈن جاڭ شۈنگە:

— مېنىڭچە، بىزنىڭ تۇرۇۋاتقان بۇ يېرىمىز يېتىم قارىغاي چاقىسى بىلەن خۇجۇ، دېچىڭ ئايماقلىرىغا بارىدىغان مۇھىم يول ئېغىزى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراقچى لەشكەرلەر بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ مۇھىم يولىنى توسۇۋالساق، ئۇلار ئىككى تەرەپتىن تېگىش قىلىدۇ، بىزنىڭ ئادىمىمىز ئاز، ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە شەھەن تېغىنىڭ

ئىچكىرىسىگە بىراقلا باستۇرۇپ كىرەيلى، ئۇ يەر بىزگە ئوبدان ماكان بولىدۇ، شىخۇ كۆلى بىزگە ئوبدان جەڭ مەيدانى بولىدۇ؛ تاغنىڭ كۈنپېتىش تەرىپى كۈنچىقىش جىلغىغا تۇتىشىدۇ، ئۇ يەر چېكىنىشكە ئەپلىك، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

بۇلار ئەھۋالنى دەرھال سۇڭ تۇرشاۋۇلغا مەلۇم قىلىپ، جەڭ بۇيرۇقىنى بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى. ئاندىن لەشكەرلەرنى باشلىغىنىچە شاپتۇللۇق چوققا ئارقىلىق شىشەن تېغىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھازىرقى لىڭيەن بۇتخانىسىغا كىرىپ ماكانلاشتى؛ تاغنىڭ كۈنپېتىش ئۈستۈن تەرىپىدىكى جىلغىغا قوش تىكتى، بۇ يەر ھازىرقى گۇتاڭ كۆلىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقانىدى؛ تۇرشاۋۇل قوشۇن تاڭجياۋا جەمەتلەر مەھەللىسىگە چارلاشقا كەلدى. شۇ كۈنى جاڭ شۈن لى جۇنگە:

— فاڭ لانىڭ قوشۇنلىرى خاڭجۇ شەھىرىگە كىرىپ كەتتى. بىز بۇ يەردە تۇرغىلى يېرىم ئايدىن كۆپرەك بولدى، ئۇلار جەڭگە چىقمىسا، بىز بۇ تاغنىڭ ئىچىدە تۇرىۋەرسەك ئىشىمىز قاچان باشقا چىقىدۇ؟ بۈگۈن مەن سۇدىن ئۈتۈپ، سۇ قوۋۇقتىن يوشۇرۇنچە شەھەرگە كىرەي ـ دە، ئوت قويۇپ بەلگە بېرەي. ئاغا، ئۆزلىرى دەرھال لەشكەرلەر بىلەن تېگىش قىلىپ سۇ قوۋۇقنى ئالسىلا، باش سەركەردە تۇرشاۋۇلغا خەۋەر قىلسىلا، ئۇلار ئۈچكە بۆلۈنۈپ شەھەرگە تېگىش قىلسۇن، — دېدى.

— بۇ پەنتلىرىڭىز ياخشى پەنت ئىكەن، ئىنى، ئۆزلىرى يالغۇز بارسىلا بولماي قالارمىكىن، — دېدى لى جۇن.

— سۇڭ تۇرشاۋۇلنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان قىلغان مېھرى ـ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازىمەن، — دېدى جاڭ شۈن.

— ئالدى بىلەن ئاغىمىزغا مەلۇم قىلىپ، لەشكەرلەرنى تەييارلاپ سىلىگە ھەمدەم بولاي، سىلى ئاندىن يولغا چىقسىلا، — دېدى لى جۇن.

— مەن ماڭغاچ تۇراي، — دېدى جاڭ شۈن، — سىلى ئادەم

ئەۋەتىپ مەلۇم قىلسىلا، مەن شەھەرگە يېتىپ بارغۇچە، تۇرشاۋۇل ئاغىمىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە جاڭ شۈن بىر قىياقسىمان قىلىچنى يېنىغا تىقىپ، قورسىقىنى تاماق ـ شارابلار بىلەن راسا تويدۇرۇپ شىخۇ كۆلىنىڭ بويىغا كەلدى، ئۇ يەردە ئۈچ تەرىپى ياپيېشىل تاغ بىلەن قاپلانغان سۈپسۈزۈك كۆلنى كۆردى. يىراقتا شەھەر سېپىلى ۋە تۆت ھەرەم قوۋۇقى كۆلگە ياندىشىپ تۇراتتى. بۇ تۆت قوۋۇق چيەنتاڭ قوۋۇقى، ئالتۇن قوۋۇق، چىڭبو قوۋۇقى، چيەنخۇ قوۋۇقى ئىدى. ئوقۇرمەن! ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز، سۇڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى خاڭجۇ ئايمىقى چىگىچى بازىرى دەپ ئاتىلاتتى. چيەن خانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن نىڭخەي قەلئەسىگە ئۆزگىرىپ، ئون قوۋۇق بېكىتىلدى: كۈنچىقىش تەرەپتە كۆكتات بازىرى قوۋۇقى، چيەنچياۋ قوۋۇقى بار؛ تۆۋەن تەرەپتە خۇچاۋ قوۋۇقى، جياخۇي قوۋۇقى؛ كۈنپېتىش تەرەپتە چيەنخۇ قوۋۇقى، چىڭبو قوۋۇقى، ئالتۇن قوۋۇق، چيەنتاڭ قوۋۇقى بار؛ يۇقىرى تەرەپتە يۇقىرى قوۋۇق، گېنشەن قوۋۇقى بار. گاۋزۇڭ جەنۇبقا كۆچكەندىن كېيىن بۇ يەرنى ئاستانە قىلىپ، «ھەشەمەتلىك لىن ئەنفۇ دىيارى» دەپ نام بېرىش بىلەن يەنە ئۈچ قوۋۇق بېكىتىلدى. ھازىر فاڭ لانىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى يەنىلا بۇرۇن چيەن خانلىقى تۇرغان ئورۇن ئىدى، شەھەرنىڭ تۆت ياسىلى سەكسەن يول كېلەتتى، بۇ يەر گاۋزۇڭنىڭ تۆۋەن تەرەپكە كۆچكەن ۋاقتىدىكىدەك ئېسىل ۋە سەلتەنەتلىك بولمىسىمۇ، ئەزەلدىن بۇ يەرنىڭ تاغ ـ دەريالىرى گۈزەل، ئادەملىرى سېخىي، يۈزلۈك بولغاچقا، «ئاسماندا بار ئەدنان، زېمىندا بار سۇ ـ خاڭ» ① دېگەن سۆز تارقالغانىدى. بۇ يەرنى قانداق دېمەمسىز:

بۇ ئىككىسى جېجياڭ ـ جياڭسۇ شەھىرىگە ئاستانە ئىدى،
چيەنتاڭ دەريا تا قەدىمدىن شۇ قەدەر ئاۋات ئىدى.

---

① سۇ ـ خاڭ ـــ سۇجۇ، خاڭجۇنى كۆرسىتىدۇ.

سۆزلىمەيلى جىم تۇرۇپ تۇرسۇن شەھەر مەنزىرىسى،
سۆزلىسەك كۆپايە شىخۇ كۆلىنىڭلا تەرىپى؛
بار ئىدى مىليونچە گېكتار زۇمرەت ئەينەك بۇ كۆل،
سايىۋەن ئۈچ مىڭ قاتار سۆگەت ئۇنى قاپلاپ تۇگۇل.
نەۋباھار كەلسە چېچەك ئاتقاي بويىدا مېۋە تال،
ياز كۈنى كۆلگە قىزىل لەيلى گۈلى قوشقاي جامال؛
كۈز كۈنى سالساڭ نەزەر بۇ كۆلگە ئوبدان سىنچىلاپ،
ئېچىلار لەرزان تۆۋەن① جۇخۇا گۈلىمۇ غۇنچىلاپ.
كەلسە قىش قارلار لەپىلدەپ چۈشىدۇ ئاپپاق ھامان،
كۆرسەن مېيخۇانى ئۇندا بولسا سوقمۇ بىگۇمان.
كۆتۈرۈلەر جيۇلىدىكى قارىغاي تۇۋىدىن ھور ـ تۈتەك،
ئالتە كۆۋرۈك ئاستىدىن سۇلار ئاقار گۈركىرگىدەك.
تاڭ شەپىقى چۈشسە ئۈچ تاغ ئۈستىگە ئەكسى ئېتىپ،
قونۇشار كەچلىك بۇلۇت قوش چوققىغا قاپلاپ كېلىپ.
يەنخۇدۇڭ غار ئاغزىدىن چىقسا مەگەر سوغۇق بوران،
ئاشۇ لۇڭجىڭ تېغىدىن يامغۇر ئۇچۇپ كەلگەي شۇئان.
ئۈچ نەپەر دانىش سارايى ــ ھۇجرىسىنىڭ قېشىدا،
كۆتۈرۈپتۇ تاشپاقا ئاسماننى ئۆز ئۆشنىسىدە؛
تۆت ماشايىخ ــ ئەۋلىيا گۈزەرنىڭ قاق ئالدىدا،
بەخت ـ سائادەت بۇلۇتى ئەگىپ ئۇچار ئاسمانىدا.
سۇگۇڭتى قەدىمىدە سۇ دۇڭپۇغا بولغان گۈزەر،
يەككە تاغ ئاغزىدا خېجىڭغا ماكان ياساپ ئۆتەر.
سەيلىۋازلار كەلسە بۇڭا بارىدۇ لىڭيىڭسىغا،
جىغا قىسقانلار بارار ئۇندا ئىبادەتخانىغا.
بارىمىش دەپ ئاڭلىغانتۇق ئۈچ ئارالنى بىر زامان،

① تۆۋەن ــ تۆۋەن ئىقلىم دېمەكچى.

ئويلىماپتۇق بۇنى پىگلەيدىن ئۆتەر دەپ ھېچقاچان.
سۇ دۇگىپۇ تەرىپلەپ مۇنداق نەزم پۈتكەن:

كۆل نۇرىدا كۆلنىڭ سۈيى جىلۋىلىنار،
يىغىپ يامغۇر تاغ ھۆسنىگە ھۆسن قوشار.
شىخۇنى سەن سېلىشتۇرساڭ شىزى كۆلگە،
شۇنچە ساھىبجامالدۇر ئۇ پەرداز سىڭار.

قەدىمقى بىر شېئىردا يەنە مۇنداق دەپمۇ تەرىپلەنگەن:

ھارۋىلار چاپتى قىزىل كۆۋرۈكنىڭكى قاق ئۈستىدە،
چىلىشىپ باھار بولۇتى نەۋباھارنىڭ سۈيىگە،
سۇ ئاقار ھېچبىر تۇمانسىز ياپيېشىللىق مۇلكىدە.
كۆل ئۆزى مەيتۇن قىلار يولۇچىنى ئۆز ھۆسنىگە،
سايرىشىپ بۇلبۇل گويا كارۋاننى چىللار سەيلىگە.
كۈن قىيىلغاندا كېتەر ئۇ نائىلاجلا ئۆيىگە.

بۇ شىخۇ كۆلى قەدىمكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دەرۋەقە شۇنداق گۈزەل كۆل ئىدىكى، ئۇنىڭ تەرىپىگە تىل قىسقىلىق قىلىدۇ. جاڭ شۇن شىلىڭچياۋ كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر ھازاغىچە قاراپ تۇردى. بۇ ئىللىق باھار پەسلى بولغاچقا، شىخۇ كۆلىنىڭ سۈيى كۆپكۆك تۇس ئېلىپ، ئەتراپىدىكى تاغلار ياپيېشىللىققا پۈركەنگەنىدى. جاڭ شۇن كۆرۈپ:
— مەن شۇنياڭجياڭ دەرياسى بويىدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، تالاي - تالاي بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەنىدىم، لېكىن بۇ كۆلنىڭ سۈيىدەك بەلەن سۇنى كۆرمەپتىكەنمەن، مۇشۇ يەردە ئۆلسەم پۇشايمىنىم قالمايتتىم، — دېدى - دە، كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا قويدى، چېچىنى ئوتتۇرىسىدىن قىزىل يۆپۈك بىلەن بوغۇپ تۈرمىلەكلىدى،



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلىگە لىغىلداپ تۇرىدىغان يىپەك پەشتاما تارتىپ، پوتا باغلىدى، يېنىغا بىر خەنجەر ئېسىپ، يالىڭاچ بولۇپ سۇغا سەكرىدى ۋە سۇنىڭ ئاستى بىلەن ئۈزۈپ كۆلدىن ئۆتتى. بۇ دەل ئەسىر ۋاقتى بولۇپ، ئاي ئەمدى يورۇغانىدى، جاڭ شۈن ئالتۇن قوۋۇق يېنىغىچە ئۈزۈپ كېلىپ، سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ تىڭشىۋىدى، شەھەردە ئەسىر ۋاقتىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىغا چېلىنغان تاكتاك ئاۋازى ئاڭلاندى. شەھەرنىڭ سىرتى جىمجىت بولۇپ، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى؛ سېپىل كۇنگۇرىسىدە تۆت ـ بەش ئادەم بېشىنى چىقىرىپ كۆزەت قىلىپ تۇراتتى. جاڭ شۈن يەنە سۇنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ، بىر پەس كۈتكەندىن كېيىن بېشىنى چىقىرىپ قارىدى، بۇ چاغدا كۇنگۇرىنىڭ يېنىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى. جاڭ شۈن سۇ ئېغىزىنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ بېرىپ قارىدى، ئۇ يەر تۆمۈر سالاسۇن بىلەن توسۇۋېتىلىپتۇ، تورغا شوينىلار چىگىلىپ، شوينىغا مىس قوڭغۇراقلار ئېسىلىپتۇ، جاڭ شۈن تۆمۈر سالاسۇننىڭ پۇختىلىقىنى كۆرۈپ، شەھەرگە كىرىشكە كۆزى يەتمىدى، ئۇ قولىنى سوزۇپ تورنى تۇتۇۋىدى، قوڭغۇراقنىڭ شوينىسى تارتىلىپ كېتىپ، قوڭغۇراق جىرىڭلىشىپ كەتتى، سېپىل تۆپىسىدىكىلەر چۇقان كۆتۈردى. جاڭ شۈن سۇنىڭ ئاستى بىلەن يەنە كۆلگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. سېپىل تۆپىسىدىكىلەر سېپىلدىن چۈشۈپ تورغا قاراپ ئادەم يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن: «قوڭغۇراقنىڭ چېلىنىشىدا بىر گەپ بار. بەلكىم چوڭراق بېلىقتىن بىرى ئۈزۈپ كېلىپ تېگىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دېيىشتى. لەشكەرلەر بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ھېچ نەرسە كۆرۈنمىگەندىن كېيىن قايتىپ بېرىپ ئۇخلىدى. جاڭ شۈن يەنە بېشىنى چىقىرىپ تىڭشىۋىدى، شەھەر ئىچىدە خېلى ئۇزاق چېلىنغان ئېغىر ياتقۇ تاكتىكىنى ئاڭلىدى، ئۇ: «لەشكەرلەر چوقۇم قىڭغىيىپ ئۇخلاپ قالدى» دەپ ئويلىدى ـ دە، يەنە سېپىل تۈۋىگە ئۈزۈپ باردى ـ يۇ، سۇدىن

www.uyghurkitap.com

شەھەرگە كىرگىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قىرغاققا چىقىپ قارىسا سېپىل تۆپىسىدە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى، ئۇ دەرھال سېپىل تۆپىسىگە يامىشىپ چىقىشقا تەمشەلدى ـ يۇ، يەنە «سېپىل تۆپىسىدە ئادەم بولۇپ قالسا، بىكاردىن ـ بىكارغا جېنىمدىن ئايرىلىپ قالماي، ئاۋۋال بىر سىناپ باقاي» دەپ ئويلىدى ۋە چالما تېپىپ سېپىل تۆپىسىگە ئاتتى. سېپىل تۆپىسىدىكى تېخى ئۇخلىمىغان لەشكەرلەر چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەسكە چۈشۈپ سۇ قوۋۇققا قارىشىدى، ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، يەنە سېپىل تۆپىسىگە چىقىپ كۆلگە قارىشىدى، كۆلدە بىرمۇ كېمە ياكى قېيىق كۆرۈنمىدى. ئەسلىدە شىخۇ كۆلىدىكى كېمىلەرنىڭ ھەممىسى فاڭ تيەندىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چىڭبو قوۋۇقىنىڭ چىڭسى ساھىلىغا قاماپ قويۇلغانىدى، باشقا قوۋۇقلاردا كېمە تۇرۇش مەنئى قىلىنغانىدى. لەشكەرلەر: «ھەي، بۇ ئەجەب ئىشقۇ؟» دېيىشتى. ئۇلار ئاغزىدا: «چوقۇم بۇنىڭدا بىر شەيتانلىق بار، بىرىپ ئۇيقۇمىزنى ئۇخلايلى، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن !» دېيىشتى ـ يۇ، لېكىن ئۇخلىماي، كۇنگۇرىنىڭ يېنىدا مۆكۈپ ياتتى. جاڭ شۈن يەنە بىر قېتىم تاكتاك چېلىنغۇچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ھېچبىر شەپە ـ شىما ئاڭلانمىغاندىن كېيىن سېپىلنىڭ تۈۋىگە ئۈزۈپ كېلىپ تىڭشىدى. يۇقىرىدا تاكتاك ئاڭلانمىدى. جاڭ شۈن سېپىل تۆپىسىگە چىقىشقا پېتىنالماي يەنە بىرنەچچە چالما ئاتتى، يەنە ھېچقانداق شەپە چىقمىدى. ئۇ: «ھازىر باش توخۇ ۋاقتى بولۇپ قالدى، بىرئازدىن كېيىن تاڭ ئاتىدۇ، سېپىل تۆپىسىگە ئەمدى چىقماي قاچان چىقىمەن؟» دەپ، ئەمدىلا سېپىلنىڭ يېرىمىغا يامىشىپ چىقىشىدى، يۇقىرىدىن تاكتاك ئاۋازى ئاڭلىنىپ، لەشكەرلەر گۈررىدە قوزغىلىپ كەتتى. جاڭ شۈن سېپىلنىڭ قاپ بېلىدىن پەسكە سەكرەپ، ئەمدىلا سۇغا چۈشۈشكە تەمشىلىشىدى، سېپىل تۆپىسىدىكىلەر تەپكەك يا، قاتتىق كىرىچلىك يا ۋە بەردىكلىك يالارنى ئېتىپ، يۇمىلاق تاشلارنى ياغدۇرۇۋەتتى، بىچارە جاڭ شۈن باتۇر ئالتۇن قوۋۇقتىكى كۆلدە ئۆلدى.

نەزم

ئاڭلىغان بىز ئۆلگۈدەك دەپ كاتتا پالۋان جەڭ ئارا،
سۇ ئۈزۈشكە ئۇستىلارنى سۇدا ئۆلگەي دەپ يانا.
ئاقىۋەت سۇنار ساپال كوزا قۇدۇقنىڭ بىشىدا،
ئەي يىگىت يانغىن قاراملىقتىن ئۇ نە ھاجەت ساڭا.

ئەمدى گەپنى سۇڭ جياڭدىن ئىشىتىڭ. بىر كۈنى سۇڭ جياڭ لى جۇندىن: «جاڭ شۈن ئوت قويۇپ بەلگە بېرىش ئۈچۈن، سۇدا ئۈزۈپ شەھەرگە كەتتى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. سۇڭ جياڭ دەرھال بۇ ئىشتىن كۈنچىقىش قوۋۇقتىكى لەشكەرلەرنى خەۋەردار قىلدى. شۇ كېچىسى سۇڭ جياڭ بارگاھتا ۋۇ يوڭ بىلەن باش توخۇغىچە جەڭ توغرىسىدا كېڭەشتى. ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ مۇگدەك باسقاندەك قىلدى، ئۇ چارىيارلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، بارگاھتا شىرەگە يۆلىنىپ بىرئاز قىڭغايدى. بىردەمدىن كېيىن تۇيۇقسىز بىر سوغۇق شامال چىقىپ سۇڭ جياڭنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، چىراغ خىرە يورۇپ تۇراتتى، سوغۇق شامال كىشىنى شۈركۈندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ سىنچىلاپ قارىسا، سوغۇق شامالنىڭ ئوتتۇرىسىدا يا ئادەمگە، يا جىنغا ئوخشىمايدىغان بىر مەخلۇق تۇرۇپتۇ. سوغۇق شامال ئوتتۇرىسىدا بۇ مەخلۇقنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا مىلەنگەن، ئۇ مەخلۇق پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئاغا، پېقىر كۆپ يىللاردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ كەينىلىرىدە يۈردۈم، نۇرغۇن دۆلەتلىرىنى كۆردۈم. بۈگۈن ئاشۇ قىلغان ئىلتىپاتلىرىنى ياندۇرىمەن دەپ ئالتۇن قوۋۇقتا ئوق تېگىپ ئۆلدۈم، ئەمدى ئۆزلىرى بىلەن ئالاھىدە خوشلاشقىلى كەلدىم، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ ئىنىمىز جاڭ شۇن ئەمەسمۇ! — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە بۇياقتا ئۆرۈلۈپ قارىدى، بۇياقتىمۇ قانغا مىلەنگەن ئۈچ – تۆتەيلەن تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇلارنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. سۇڭ جياڭ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى ۋە ئويغىنىپ كەتتى. ئويغانسا، بۇ چۈش ئىكەن. بارگاھ سىرتىدىكى يارەنلىرى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كىرىپ قارىدى، سۇڭ جياڭ:

— ئەجەب غەلىتە ئىش - ھە! — دېدى ۋە چۈشىگە تەبىر بېرىش ئۈچۈن ۋۇ يۇڭغا كىشى ئەۋەتتى. ۋۇ يۇڭ كېلىپ:

— ئاغا، بىردەملىك مۈگدەك ئىچىدە قانداق غەلىتە چۈش كۆردىلە؟ — دەپ سورىدى.

— بايا سوغۇق شامال چىقىپ تارقىغاندىن كېيىن قارىسام، جاڭ شۇن پۈتۈن ئەزايى قانغا مىلەنگەن ھالدا بۇ يەردە پەيدا بولدى، ئۇ: «ئاغا، پېقىر كۆپ يىللاردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ كەينىلىرىدە يۈردۈم، نۇرغۇن دۆلەتلىرىنى كۆردۈم، بۈگۈن ئاشۇ قىلغان ئىلتىپاتلىرىنى ياندۇرىمەن دەپ، ئالتۇن قوۋۇقتا ئوق تېگىپ ئۆلدۈم، ئەمدى ئۆزلىرى بىلەن ئالاھىدە خوشلاشقىلى كەلدىم» دېدى. بۇرۇلۇپ بۇ يېنىمغا قارىسام، قانغا مىلەنگەن ئۈچ - تۆت ئادەم تۇرۇپتۇ، كىملەر ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدىم، شۇنىڭ بىلەن يىغلاپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئەتىگەندە، — دېدى ۋۇ يۇڭ، — لى جۈندىن جاڭ شۇن ئوت قويۇپ بەلگە بېرىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كەتتى، دەپ خەۋەر كەلگەنىدىغۇ، ئاغا، ئۆزلىرى شۇنى ئويلاپ يېتىپ، بۇ يامان چۈشنى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدىلا.

— جاڭ شۇن چىۋەر ئادەم، ئۇ بىگۇناھ ئۆلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— شىخۇ كۆلىدىن ئۆتۈپ سېپىل تۈۋىگە بېرىش دەرۋەقە خەتەرلىك، مېنىڭچە، ئۇ ئۆلگەن ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ روھى

كېلىپ، چۈشلىرىدە ئايان بوپتۇ، — دېدى ۋۇ يۈڭ.
— ئەمىسە شۇ ۋاقىتىدا كەلگەن ھېلىقى ئۈچ - تۆت كىشى كىم بولغاي؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.
ۋۇ يۈڭ بىلەن ئىككىسى ئويلاپ بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەي خاۋاتىرلىنىپ ئولتۇردى، شەھەردىن شەپە - شىما بولمىغاندىن كېيىن بۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان تېخىمۇ كۈچەيدى. چۈش قىيىلغاندا لى جۈن بىر ئادەم ئەۋەتىپ: «جاڭ شۈن ئالتۇن قوۋۇقتىن شەھەرگە كىرمەك بولۇپ سېپىلغا ياماشقاندا، ئوق تېگىپ سۇ ئىچىدە ئۆلۈپتۇ، بۇگۈن شىخۇ سېپىلى ئۈستىدە بامبۇك خادىغا ئۇنىڭ بېشى ئېسىلىپ سازايى قىلىنىپتۇ» دەپ جىددىي خەۋەر قىلدى. سۇڭ جياڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى؛ ۋۇ يۈڭ ۋە باشقىلارمۇ قاتتىق ئېچىندى؛ جاڭ شۈن ئەزەلدىن خەققە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغاچقا، يارەنلىرىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغانىدى. سۇڭ جياڭ:
— ئاتا - ئانام ئۆلگەندىمۇ مەن سۇڭ جياڭ بۇنداق ئازابلانمىغان، ھازىر مېنىڭ يۈرەك - باغرىم سىيرىلىپ كەتتى، — دېدى.
— ئاغا، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئەسلىرىدە تۇتقايلا، قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببەتنى دەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن بويلىرىنى ئۇپراتمىغايلا، — دېدى ۋۇ يۈڭ تەسەللى بېرىپ.
— كۆل بويىغا بېرىپ ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈشۈم كېرەك، — دېدى سۇڭ جياڭ.
— ئاغا، خەتەرلىك جايغا ئۆزلىرى بارمىسىلا، ئەگەر قاراقچىلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالسا، چوقۇم تېگىش قىلىدۇ، — دېدى ۋۇ يۈڭ.
— ئۆزۈمنىڭ باشقىچە بىر چارەم بار، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە لى كۈي، باۋ شۇ، شياڭ چۈڭ، لى گۈن قاتارلىق سەركەردىلەرنى بەش يۈز پىيادە لەشكەر بىلەن يول چارلاشقا

ئەۋەتتى، ئاندىن ئۆزى شى شيۇ، دەي زۇڭ، فەن رۇي، ما لىن ۋە بەش يۈز لەشكەرنى ئەگەشتۇرۇپ، چىغىر يول بىلەن يوشۇرۇنچە لى جۇن تۇرغان قوشقا كەلدى، لى جۇن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، لىڭيىن بۇتخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. سۇڭ جياڭ يەنە بىر پەس كۆز يېشى قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ بۇتخانىنىڭ راھىبىنى چاقىرتىپ، جاڭ شۇننىڭ روھىغا نوم ـ دەستۇرلارنى ئوقۇتتى. ئەتىسى كەچقۇرۇن سۇڭ جياڭ چاپارمەنلەرنى «ۋاپات بولغان ئىنىم، ئوڭ قول سەركەردە جاڭ شۇننىڭ روھى» دېگەن خەتلەر پۈتۈلگەن ئاق تۇغنى كۆلنىڭ بويىغا قاداپ قويۇشقا بۇيرۇدى. شىلىڭ كۆۋرۈكىگە نۇرغۇنلىغان سوۋغا ـ سالاملىق نەرسىلەرنى تىزىپ، لى كۈيغا: «مۇنداق ـ مۇنداق قىلىڭلار» دەپ جېكىلىدى ۋە ئۇلارنى يۇقىرى تاغقا بارىدىغان يولنىڭ ئېغىزىغا مۆكۈشكە، فەن رۇي، ما لىن، شى شيۇلارنى ئەتراپقا مۆكۈشكە، دەي زۇڭنى ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشقا بۇيرۇدى. كۈن ئەسىرگە ئاز قالغاندا سۇڭ جياڭ ئاق پەشمەت كىيىپ، زەر دۇبۇلغىسىنىڭ تۆپىسىگە قارىلىق تارتىپ، دەي زۇڭ ۋە ئالتە ـ يەتتە راھىبنى ئەگەشتۇرۇپ چىغىر يول بىلەن شىلىڭ كۆۋرۈكىگە كەلدى. لەشكەرلەر ئۇ يەردە ئاللىقاچان قارا چوشقا، ئاق قويلارنى سويۇپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، نازۇنېمەتلەرنى تىزىپ، كۆجە ـ ئىسرىق، شام ـ چىراغلارنى يېقىپ تەييارلىنىپ تۇرغانىدى. سۇڭ جياڭ ئوتتۇرىدا تۇرغىنىچە تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئالتۇن قوۋۇققا قاراپ كۆز يېشى قىلدى. راھىب ئايەت ئوقۇپ، جاڭ شۇننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ: «ئۇنىڭ جايى جەننەتتە بولسۇن» دېدى ۋە ئەرۋاھ تۇغىنى چۈشۈردى، ئاندىن دەي زۇڭ تەزىيە سۆزىنى ئوقۇدى. سۇڭ جياڭ ئۆز قولى بىلەن مەي چېچىپ، كۈنچىقىشقا قاراپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئۇ تازا يىغلاۋاتقاندا، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا ئىككى تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرۈپ، تۆۋەن ۋە يۇقىرى تاغدىن داقا ـ

دۇمباق ساداسى ياڭراپ، ئىككى بۆلەك لەشكەر سۇڭ جياڭنى
تۇتقىلى كەلدى. دەرھەقىقەت: قېرىنداشلىق مېھرى ئەلا
بولغاچقا، بىر مەيدان قاتتىق جەڭ بولدى. سۇڭ جياڭ بىلەن دەي
زۇڭنىڭ ياۋغا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن
ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئون بەشىنچى باب

## جاڭ شۈنىڭ ئەرۋاھى فاڭ تيەندىڭنى ئۈرغانلىقى
## سۈڭ جياڭنىڭ نىڭخەي قەلئەسىنى پەم بىلەن ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، سۈڭ جياڭ بىلەن دەي زۇڭ شىلىڭ كۆۋرۈكى ئۈستىدە جاڭ شۈنگە تەزىيە بىلدۈرۈۋاتاتتى، بۈنى بىرى كېلىپ فاڭ تيەندىڭگە خەۋەر قىلدى. فاڭ تيەندىڭ سۈڭ جياڭنى تۈتۈپ كېلىش ئۈچۈن ئون سەركەردىنى ئەۋەتتى، ئۈلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، قەلئەدىن چېپىشىپ چىقىپ كەلدى. ۋۇ جى، جاۋ يى، چاۋ جۇڭ، يۈەن شىڭ، سۇ جىڭ قاتارلىق بەش سەركەردە نەنشەن تېغى بىلەن؛ ۋېن كېراڭ، سۈي يۈ، ليەن مىڭ، ماۋ دى، تاڭ فېڭشى قاتارلىق بەش سەركەردە بېيشەن تېغى بىلەن چىقىپ كەلدى. بۇ ئون سەركەردە ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، ئۈچ مىڭدىن لەشكەرنى باشلاپ يېرىم كېچە بىلەن تەڭلا قوۋۇقتىن چىقتى. سۈڭ جياڭ بىلەن دەي زۇڭ كۆۋرۈك ئۈستىدە قەغەز كۆيدۈرۈپ، هاراق چېچىۋاتاتتى، بىردىنلا كۆۋرۈك ئاستىدىن قاتتىق چۇقان كۆتۈرۈلدى. كۆۋرۈكنىڭ سول تەرىپىدە فەن رۈي، ما لىن، كۆۋرۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە شى شيۈلار بەش مىڭدەك لەشكەر بىلەن يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى، ئالدىنقى يولدىن ئوتقاشلار كۆرۈندى، بۇلارمۇ تەڭلا ئوتقاشلارنى كۆتۈرۈپ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ھېلىقى ئىككى تاغدىن كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ چىقتى. فاڭ لانىڭ لەشكەرلىرى قارشى تەرەپنىڭ تەييارلىق كۆرۈپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ كەينىگە ياندى. سۈڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى بولسا ئىككى تەرەپتىن قوغلاپ كەلدى. ۋېن كېراڭ

تۆت سەركەردىنى باشلاپ ئالدىراپ ـ تېنەپ دەريادىن ئۆتۈشكە، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، مىڭ كاڭ بەش مىڭ لەشكەر بىلەن باۋشۇتا تېغىنىڭ كەينىدىن چىقىپ ئۇلارنى توسۇۋالدى ۋە ماۋ دىنى تىرىك تۇتۇۋالدى، تاڭ فېڭشىنى نەيزە تىقىپ ئۆلتۈردى. نەنشەندىن كېلىۋاتقان ۋۇ جىمۇ تۆت سەركەردىنى باشلاپ سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى، ۋۇ جى بۇنى كۆرۈپ ئالمان ـ تالمان ئارقىغا يانماي دەپ تۇرۇشىغا، دىڭشياڭ كۆۋرۈكى ياقتىن لى كۈي، باۋ شۈ، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار بەش يۈز پىيادە لەشكەر بىلەن چېپىپ كەلدى. ھېلىقى ئىككى سۈپەرچى ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، قالقانلىرىنى ئۇينىتىپ، يۇەن شىڭنى قىلىچ بىلەن بىرنى چېپىپ يىقىتىۋەتتى، باۋ شۈ سۇ جىڭنى چېپىپ ئۆلتۈردى. لى كۈي جاۋ يىنى پالتا بىلەن چېپىۋەتتى. فاڭ تيەندىڭنىڭ لەشكەرلىرى تەڭدىن تولىسى كۆلگە غەرق بولۇپ ئۆلدى. قەلئەدىن ياردەمگە چىققان قوشۇنلار يېتىپ كەلگۈچە، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ئاللىقاچان تاغقا كىرىپ بولغان ۋە لىڭيىن بۇتخانىسىغا يىغىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تارتۇقلاۋاتاتتى. بەش يۈزدىن ئارتۇق ئات غەنىيمەت ئېلىنغانىدى. سۇڭ جياڭ شى شيۇ، فەن رۇي، ما لىنلارنى لى جۇنگە ھەمدەملىشىپ قەلئەنى ئېلىش ئۈچۈن شىخۇ كۆل تۇراسىدا قالدۇردى. ئۆزى دەي زۇڭ، لى كۈيلارنى ئېلىپ گاۋتىڭ تاغ تۇراسىغا قايتىپ كەتتى. ۋۇ يۇڭلار سۇڭ جياڭنى بارگاھقا ئېلىپ كىردى.

— پېقىر شۇنداق پەم ئىشلەتتىمكى، — دېدى سۇڭ جياڭ مۇشاۋىرغا، — تۆت پالۋاننىڭ كاللىسىنى ئالدىم. ماۋ دىنى تىرىك تۇتتۇم، ئۇنى جاڭ باسقاقبېگىمگە ئەۋەتىپ بېرىمەن.

قوشتا قالغان سۇڭ جياڭ يېتىم قارىغاي چاقسىسىدىكى ۋە دېڭچىڭدىكى ئەھۋالنى بىلمەيتتى. ئۇ دەي زۇڭنى تېز بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. دەي زۇڭ بېرىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قوشقا قايتىپ كېلىپ، سۇڭ تۇرشاۋۇلغا:

www.uyghurkitap.com

— لۇ تۇرشاۋۇل يېتىم قارىغاي چاقسىسىدىن ئۆتتى. پات يېقىندا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— سۇڭ جياڭلار ئاڭلاپ، ھەم ئەنسىرىگەن، ھەم خۇشال بولغان ھالدا سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى سورىدى. دەي زۇڭ:

— ئۇ يەردىكى ئەھۋالنى ئېنىق بىلىپ كەلدىم، بۇ ھەقتە لۇ تۇرشاۋۇل خەت يېزىپ بەردى، بىئارام بولمىسىلا، — دېدى.

— يارەنلەردىن بىرەرى چىقىم بولدىمۇ يا؟ مەندىن يوشۇرماي، راستىنى ئېيتىڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— خوش، — دېدى دەي زۇڭ، — لۇ تۇرشاۋۇلنىڭ ئالماقچى بولغان يېتىم قارىغاي چاقسىسىنىڭ ئىككى يېقى ئېگىز تاغ، ئارىسىدا بىرلا يول بار ئىكەن، ئۆتكەلنىڭ ئۈستىگە بىر راۋاق سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئېگىزلىكى ئوتتۇز ـ قىرىق غۇلاچ كېلىدىغان بىر چوڭ قارىغاي بار ئىكەن، قارىغاينىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالسا، ھەممە جاينى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئۆتكەلنىڭ ئاستىنى قويۇق ئۆسكەن قارىغايزارلىق قاپلاپ كەتكەنىكەن، چاقسا ئۈستىدە قاراقچى پالۋانلاردىن قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان ۋۇ شىڭ باشلىق جياڭ يىن، ۋېي خېڭ دېگەن ئۈچ پالۋان ھەر كۈنى چاقسىدىن چۈشۈپ، لىن چۇڭ بىلەن ئېلىشىدىكەن. لىن چۇڭ يىلانباشلىق نەيزە بىلەن جياڭ يىننى ياربدار قىپتۇ، ۋۇ شىڭ قورقۇنچلۇق ئىچىدە چاقسىنى ساقلاپ يېتىپتىكەن. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن لى تيەنرۇن ۋۇ شىڭنى قوغلىشىپ ئۈچۈن، لى تيەنيۇ، جاڭ جيەن، جاڭ تاۋ، ياۋ يى دېگەن تۆت سەركەردە بىلەن بىللە چاقسىغا كەپتىكەن، ئەتىسى ئۇ چاقسىدىن چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لى تيەنيۇ لۇ فاڭ بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئالاھازەل ئەللىك ـ ئاتمىش قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن لۇ فاڭ يالمان بىلەن لى تيەنيۇنى بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. لۇ تۇرشاۋۇل ئۇلارنى چۈشەمدىكىن دەپ بىرنەچچە كۈن ساقلاپ يېتىپتۇ. ئالدىدىكى چوققىلار ئېگىز،

داۋانلار خەتەرلىك بولغاچقا، ئوۋ پېڭ، دېڭ فېي، لى جۇڭ، جۇ تۇڭلارنى يولنى چارلاپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ، لى تيەنرۇن ئۆز ئىنىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن، چاقىسىدىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ، ئاۋۋال جۇ تۇڭنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ. لى جۇڭ يارىلانغانلىقتىن كېتىپ قاپتۇ، ئۇنى ۋاقتىدا قۇتقۇزمىغان بولسا، ئۇمۇ تۈگىشىپ كېتەتتىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ سەركەردە بىرلىكتە قوشقا قايتىپتۇ. ئەتىسى قوش نەيزە پالۋان دۇڭ پىڭ ئۆچ ئالىمەن دەپ چاقسا ئاستىغا كېلىپ ئېتىنى توختىتىپ، قاراقچى سەركەردىلەرنى تىللاۋاتقاندا، بىر ئوتلۇق توپنىڭ ئوقى كېلىپ تېگىپ سول بىلىكىنى يارىدار قىپتۇ. ئۇ نەيزىسىنى كۆتۈرەلمىگەچكە، قوشقا قايتىپ كېلىپ بىلىكىنى تاڭدۇرۇپتۇ. ئەتىسى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ماڭغاندا، ئۇنى لۈ تۇرشاۋۇل توسۇۋاپتۇ. ئارىدىن بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن دۇڭ پىڭنىڭ بىلىكى سەل ياخشى بوپتۇ، دۇڭ پىڭ لۈ تۇرشاۋۇلغا تۇيدۇرماستىن جاڭ چىڭ بىلەن كېلىشىپ، پىيادە مېڭىپ چاقىسىغا كەپتۇ. لى تيەنرۇن، جاڭ تاۋلار چاقىسىدىن چۈشكەنىكەن، دۇڭ پىڭ لى تيەنرۇننى تۇتىمەن دەپ پىيادە نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. لى تيەنرۇنمۇ نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ دۇڭ پىڭ بىلەن ئون قەپەس ئېلىشىپتۇ. دۇڭ پىڭ داۋاملىق ئېلىشماقچى بولغانىكەن، بىراق سول بىلىكىنىڭ ئەپلىشىپ بەرمەيۋاتقانلىقىدىن ئىلاجسىز چېكىنىپتۇ. لى تيەنرۇن قوغلاپ كەپتۇ، بۇنى كۆرگەن جاڭ چىڭ نەيزىسىنى تەڭلەپ كېلىپ لى تيەنرۇنغا ئۇرۇپتۇ. لى تيەنرۇن غىپپىدىلا بىر قارىغاينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋاپتىكەن، جاڭ چىڭنىڭ قولىدىكى نەيزىسى دەل بېرىپ قارىغايغا سانجىلىپ قاپتۇ، جاڭ چىڭ نەيزىسىنى تارتىپ چىقىرالماي تۇرۇۋاتقاندا، لى تيەنرۇن ئۇنىڭ قورسىقىغا نەيزە بىلەن بىرنى سانجىپتىكەن، ئۇ شۇ يەردىلا دۈم چۈشۈپتۇ، دۇڭ پىڭ جاڭ چىڭنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال قوش نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ

جەڭگە چۈشۈشگە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن جاڭ تاۋ بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. لۇ تۇرشاۋۇل بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىش بىلەن دەرھال قۇتقۇزغىلى بارسا، قاراقچى لەشكەرلەر چاقسىغا قېچىپ چىقىۋاپتۇ، چاقسا ئاستىدىكىلەر ئامالسىز تۇرۇپلا قاپتۇ. سۇن شىن، گۇ يەڭگە ئەر-خوتۇن ئىككىسى مۇساپىرچە ياسىنىپ، لى لى، تاڭ لۇڭ، شى چيەن، بەي شېڭ قاتارلىق تۆت كىشىنى تاغ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، بىر چىغىر يول بىلەن چاقسىغا چىقىپتۇ ــ دە، تۈن يېرىم بولغاندا چاقسىغا ئوت قويۇۋېتىپتۇ. قاراقچى سەركەردىلەر چاقسا ئۈستىدىكى ئوتنى كۆرۈپ، سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى دەپ بىلىپ، چاقسىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. لۇ تۇرشاۋۇل چاقسىغا چىقىپ سەركەردە ــ سەرۋازلارنى ئىبدىتلاپ كۆرگەندە، سۇن شىن بىلەن گۇ يەڭگە ئىككىسى چاقسىنى ساقلاپ ياتقان سەركەردىلەردىن ۋۇ شېڭنى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ. لى لى، تاڭ لۇڭلار چاقسىنى ساقلاپ ياتقان جياڭ يىنىنى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ. شى چيەن، بەي شېڭلار چاقسىنى ساقلاپ ياتقان ۋېي خېڭنى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ. بۇ ئۈچەيلەننى جاڭ باسقاقبەگكە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. دۇڭ پىڭ، جاڭ چىڭ، جۇ تۇڭ قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ جەسىتىنى چاقسا ئۈستىدە دەپنە قىپتۇ. لۇ تۇرشاۋۇل چاقسىدىن قىرىق بەش چاقىرىم نېرىغىچە قوغلاپ بېرىپ، قاراقچى لەشكەرلەرگە يېتىشىۋېلىپ لى تيەنرۇن بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئاللاھازەل ئوتتۇز نەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن لۇ تۇرشاۋۇل لى تيەنرۇننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. جاڭ جيەن، جاڭ تاۋ، ياۋيىلار يېغىلغەن قالدى ــ قاتتىق چېرىكلەرنى باشلاپ ئاران قېچىپ كېتىۋاپتۇ. سەردارىم، ئىشەنمىسىلە مانا بۇ خەت تۇرۇپتۇ.

سۇڭ جياڭ خەتنى كۆرۈپ ئىچى تىت ــ تىت بولدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى.

— لۇ تۇرشاۋۇل يېغىپ چىقىپتۇ. ئۇلارنى يەنە ئىككى تەرەپتىن ئوتتۇرىغا قىسىپ تېگىش قىلساق، فاڭ لانىڭ

لەشكەرلىرىنى جەزمەن يەڭگىلى بولىدۇ. ئاندىن خوجۇ ئايمىقىغا بېرىپ، خۇ يەنجوغا بولۇشساق، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— بۇ گەپ ناھايىتى جايىدا بولدى! — دېدى سۇڭ جياڭ.

ئۇ لى كۇي، باۋ شۇ، شياڭ چۇڭ ۋە لى گۇنلارغا ئۈچ مىڭ پىيادە لەشكەرنى باشلاپ تاغ يولى بىلەن بېرىپ، خۇ يەنجونىڭ ئالدىغا چىقىشنى بۇيرۇدى. قارا قۇيۇن لى كۇي خۇشال - خۇراملىق بىلەن يولغا چىقتى. ئەمدى گەپنى سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىدىن ئاڭلاڭ. ئۇلار قول سەركەردە جۇ تۇڭ بەش مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرنى ئېلىپ، تاڭجېن بازىرى ئارقىلىق كۆكتال مەھەللىسىدىكى سېپىل تۈۋىگە كېلىپ، كۇنچىقىش قوۋۇقىغا تېگىش قىلماقچى بولدى. كۇنچىقىش تەرەپتىكى دەريا ياقىسىدىكى جايلارغا ئاھالىنىڭ ئۆيلىرى، دۇكانلىرى جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايلار شەھەردىنمۇ ئاۋات جايلار ئىدى. دالالىرى ساپلا زىرائەتلەر قويۇق ئۆسكەن ئېكىنزارلىقلار ئىدى. ئۇلار شەھەر يېنىغا كېلىپ سەپ تارتتى. لۇ جىشېن ئالدى بىلەن پىيادە سەپتىن چىقىپ ياۋنى جەڭگە چاقىردى. ئۇ گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ سېپىل ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي مەلئۇنلار، سەنلەر بىلەن ئېلىشقىلى كەلدىم، چىقمامسىلەر! — دەپ تىللىدى.

سېپىل ئۈستىدە تۇرغانلار بىر شەيخنىڭ كېلىپ جەڭگە چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ، پايپاسلاپ بېرىپ شاھزادە قەسرىگە خەۋەر قىلدى. نۇرانە ئەل ئۇستازى دېڭ يۈەنجۆ ھەزرىتىم بىر شەيخنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەس ئورنىدىن تۇردى - دە، شاھزادىگە:

— كەمىنە راھىبلىرى لياڭشەن كۆلىدە لۇ جىشېن ئاتلىق بىر شەيخ بارئىمىش، ئۇنىڭ قولىدىن گۇرزىسى چۈشمەيمىش دەپ ئىشىتكەنىدىم. جانابلىرىنىڭ كۇنچىقىش قوۋۇقتىكى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، پېقىرنىڭ بۇ شەيخ بىلەن بىرنەچچە قەپەس ئېلىشقىنىنى كۆزدىن كەچۈرۈشلىرىنى سورايمەن، — دېدى.

فاڭ تيەندىلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى. سەككىز پالۋان ۋە باش سەركەردە شى باۋغا ئەل ئۇستازىنىڭ ياۋ بىلەن ئېلىشقىنىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆكتات بازىرىدىكى سىپىل ئۈستىگە چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. شۇ چاغدا سىپىل ئۈستىدىكى راۋاقتا فاڭ تيەندىلىك بىلەن شى باۋ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەككىز پالۋان ئولىشىپ تۇراتتى. ئۇلار ھېلىقى ئەل ئۇستازىنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا قارىدى، قارىسا، ئۇ شۇنداق جابدۇنغانىدى.

## نەزم

قىپقىزىل چوغ رەڭدە بىر يەكتەك كىيىپتۇ ئۈستىگە،
ئارسلان پىيىدە بىر پوتا چىگىپتۇ بېلىگە.
قولىدا تۇتقان ئېسىل تاش كەھرىۋادىن تەسۋىسى،
پۇتىدا توققۇز بوغقۇچلۇق تېرىدىن كەش ـ مەسىسى.
خۇش پۇراق يېپتا تىكىلگەن دالدىغۇچ بار ئالدىدا،
پارقىرار، ۋال ـ ۋۇل قىلار گۈرزىسى بار جۇپ قولىدا.

سىپىلنىڭ قوۋۇقى ئېچىلدى، ئاسما كۆۋرۈك چۈشۈرۈلدى، ھېلىقى ئەل ئۇستازى دېڭ يۈەنجۆ بەش يۈز قىلىچۋازنى باشلاپ ئېتىلىپ چىقتى. لۇ جىشېن ئۇنى كۆرۈپ ئىچىدە: «ئەسلىدە فاڭ لانىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق پاخشەكلەر بار ئىكەن ـ دە، سەن ئوغرىغا گۈرزىمنى بىر تېتىتىپ قويااي قېنى!» دەپ ئويلاپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ ئېتىلىپ كەلدى. ئەمدى ئەل ئۇستازىمۇ گۈرزىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا كېلىپ ئېلىشتى.

## نەزم

قەھرى تاشتى لۇ جىشېننىڭ شۇنچە بەك،
قەلبىدىن شەپقەت يۇتۇنلەي بولدى تەرك.

تۆتتى دېڭ يۈەنجۈنىمۇ ئاچچىق بۇ دەم،
مېھىر ـ شەپقەت نەدە بولسۇن ئۇندا ھەم.
بىرى دىنىي يولنى تۇتماي كېچىلەردە جان قىيار،
بىرى ئەردى ئۆمرىدە، نومنى كۆرمەس ئوت قويار.
ئولتۇرۇپ بىرى تىلاۋەتخانىدا ــــ
ئوينىتىپ گۇرزە چىقارسا مالىمان.
بىرى ئۆمرىدە پەقەت ئۆگەنمىدى لياڭ ۋۇكسىما ــــ
ئوينىتىپ ئۆتتى بىرىنىڭ گۇرزىسىنىلا ھامان.

لۇ جىشېن ئەل ئۇستازى بىلەن ئەللىك نەچچە قەپەس ئېلىشتى، بىراق ئىككىسى بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. فاڭ تيەندىڭ سېپىل ئۈستىدىكى راۋاقتا تۇرۇپ، شى باۋغا:
ــــ لياڭشەن كۆلىدە گۈلدار شەيخ لۇ جىشېن دېگەن بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، لېكىن بۇنداق يامان ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدىم. ئۇنىڭ نامى بىكارغا تارقالماپتىكەن! ئەل ئۇستازىمىز ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە ئېلىشقان بولسىمۇ، قىلچە بىرنەرسە قىلالمىدى، ــــ دېدى.
ــــ پېقىرمۇ ھەيران قالدىم، بۇنداق تەڭتۇشلەرنى كۆرمەپتىكەنمەن، ــــ دېدى جاۋابەن شى باۋ.
شۇ ئارىدا بىرى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:
ــــ يۈقىرى قوۋۇق ئەتراپىغا يەنە لەشكەر كېلىپ قالدى، ــــ دەپ مەلۇم قىلدى.
شى باۋ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئەمدى گەپنى سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىدىن ئاڭلاڭ. ۋۇ سۇڭ دەرۋىش لۇ جىشېننىڭ يېڭىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىككى قىلىچىنى ئوينىتىپ ئەل ئۇستازىغا ئېتىلدى. ئەل ئۇستازى ئۇنى كۆرۈپ گۇرزىسىنى كۆتۈرگىنىچە سېپىل تەرەپكە قاراپ قاچتى. ۋۇ سۇڭ ئىز بېسىپ قوغلاپ كېتىۋاتاتتى، شەھەر ئىچىدىن فاڭ تيەندىڭنىڭ قول ئاستىدىكى بېي يىڭكۇي دېگەن

بىر شىرمەت سەركەردە نەيزىسى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ۋۇ سوڭنى توسۇۋالدى. بۇ ئىككىسى ئاسما كۆۋرۈك ئۈستىدە ئۇسۇشۇپ قالغىلى تاس قالدى، ۋۇ سوڭ غىپپىدە ئۆزىنى چەتكە ئالدى ـ دە، قولىدىكى قىلىچنى تاشلاپ، ئۇنىڭ نەيزىسىنى سىپىدىن تۇتۇۋېلىپ، بىر تارتىپلا ئاتتىن چۈشۈرۈۋالدى. ئاندىن قىلىچ بىلەن بىرنى ئۇرۇپ كاللىسىنى كېسىپ تاشلىدى. لۇ جىشېن ۋۇ سوڭنىڭ ئارقىسىدىن بولۇشۇشقا كەلدى، فاڭ تيەندىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ لەشكەرلىرىنى يىغىپ، ئاسما كۆۋرۈكنى يىغدۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا جۇ تۇڭمۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، ئون چاقىرىم يىراقلىقتا چېكىنىپ قوش تىكتى، ئاندىن سوڭ تۇرشاۋۇلغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى.

شۇ كۈنى سوڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يۇقىرى قوۋۇققا كەلدى. شى باۋ زەنجىرلىك ئومۇتىنى ئېلىپ، ئۆتكۈر قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، سېپىل قوۋۇقىدىن چىقىپ كەلدى. سوڭ جياڭ سېپىدىن ئۇزۇن قىلىچ گۇەن شېڭ ئات سېلىپ چىقىپ، شى باۋ بىلەن ئېلىشتى. ئىككىسى يىگىرمە نەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن شى باۋ ئېتىنى بۇراپ كەينىگە ياندى، گۇەن شېڭمۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئۆز سېپىگە قايتتى.

ــــ نېمە ئۈچۈن ئارقىسىدىن قوغلىمايسىز؟ ــــ دەپ سورىدى سوڭ جياڭ.

ــــ شى باۋنىڭ جەڭ ماھارىتى مەندىن قېلىشمايدۇ، ئۇ ھىيلە ئىشلەتمەكچى، ــــ دېدى گۇەن شېڭ.

ــــ مەن، ــــ دېدى ۋۇ يۇڭ، ــــ دۇەن كەيدىن ئاڭلىشىمچە، شى باۋ دائىم زەنجىرلىك ئومۇت ئىشلىتەرمىش، ئۇ سىزنى ئالداپ يېقىن كەلتۈرۈۋېلىپ، ئاندىن ئومۇت بىلەن سالماقچى.

ــــ ئەگەر قوغلىشىپ بارسا، جەزمەن ئالدام خالتىغا چۈشىدۇ، لەشكەرلىرىمىزنى يىغىپ قوشقا قايتايلى. ئاندىن ۋۇ سوڭنى تارتۇقلاش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتەيلى، ــــ دېدى سوڭ جياڭ.

ئەمدى گەپنى لى كۈيدىن ئاڭلاڭ. لى كۈي پىيادە

لەشكەرلىرىنى باشلاپ، لۇ تۇرشاۋۇلغا بولۇشۇش ئۈچۈن تاغ يولى بىلەن كېتىۋاتقاندا، يېڭىلگەن جاڭ جيەنلەرگە دوقۇرۇشۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ، قىر ـ چاپ ئىچىدە ياۋ يىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. جاڭ جيەن بىلەن جاڭ تاۋ ئىككىسى چاقسا تەرەپتىكى يولغا قايتىپ كېلىۋىدى، لۇ تۇرشاۋۇلغا دۈچ كېلىپ قېلىپ قاتتىق بىر قەپەس ئېلىشتى ۋە بەرداشلىق بېرەلمەي، تاغ ئىچىدىكى چىغىر يول بىلەن قېچىپ كەتتى. ئارقىدىكىلەر قاتتىق قوغلاپ كەلگەنلىكتىن، قورقۇنچلۇقتا ئاتلىرىنى تاشلاپ، تاغدىن پەسكە قاراپ تىكىۋەتتى. توساتتىن بامبۇكزارلىق ئىچىدىن چاڭگاك كۆتۈرگەن ئىككى كىشى چىقىپ كەلدى، بۇنى كۆرگەن جاڭ چيەن بىلەن جاڭ تاۋ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي تەمتىرەپ قېلىۋىدى، ھېلىقى چاڭگاك كۆتۈرگەن ئىككى ئادەم چاڭگاك بىلەن ئىلىپلا يەرگە يىقىتتى ۋە تىرىك تۇتۇپ تاغدىن ئەپچۈشتى. بايا جاڭ جيەن بىلەن جاڭ تاۋنى يىقىتقانلار شىي جىن بىلەن شىي باۋ ئىكەن.

لۇ تۇرشاۋۇل بۇ ئىككى كىشىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە لى كۈينىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىرلىكتە گاۋتىڭ تېغىدىكى چوڭ قوشقا قايتىپ كېلىپ سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشتى ـ دە، دۇڭ پىڭ، جاڭ چىڭ، جۇ تۇڭلارنىڭ قازا تاپقانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئىچىنى ئاغرىتىپ، سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆڭۈل سورىدى، ئاندىن لەشكەرلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ قوش تىكتى. ئەتىسى جاڭ جيەننى كاللىسىنى ئېلىپ سازايى قىلىش ئۈچۈن، سۇجۇ ئايمىقىدىكى جاڭ باسقاقبەگنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى ۋە جاڭ تاۋنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنى دۇڭ پىڭ، جاڭ چىڭ، جۇ تۇڭلارنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ نەزىر قىلدى.

سۇڭ تۇرشاۋۇل ۋۇ يۇڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

— لۇ تۇرشاۋۇل ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ دىچىڭ ناھىيەسىدىكى يول بىلەن كېلىۋاتقان خۇ يەنجونىڭ قوشۇنىنىڭ

ئالدىغا بارسۇن. ئاندىن بۇ يەرگە كەلسۇن، شەھەرنى ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى.

لۇ جۈنيى بۇيرۇقنى ئېلىپ، ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ فېڭكۇ بازىرىغا قاراپ يول ئالدى، ئۈچ قوشۇن فېڭكۇ بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە يېڭىلگەن سى شىڭفاڭنىڭ قالدى ـ قاتتى لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ـ دە، لۇ جۈنيى ئۇلارنى توسۇپ قاتتىق ئېلىشتى. سى شىڭفاڭ سۇغا سەكرەپ ئۆلدى، قالغانلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. خۇ يەنجو لۇ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە لەشكەرلىرىنى باشلاپ، گاۋتاڭ تېغىدىكى چوڭ قوشقا قايتىپ كەلدى، ئاندىن سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن كۆرۈشۈپ بىرلىكتە مەسلىھەتكە چۈشتى. شۈەنجۇ، خۇجۇ ئايماقلىرىنى ۋە يېتىم قارىغاي چاقسىسىدىكى جايلارنى قوغداش، پۇقرالارنى ئەمىن قىلىش ئۈچۈن، جاڭ باسقاقبەگ بىلەن سۇڭ مەسلىھەتچى شۇ جايلارغا باشبۇغلارنى ئەۋەتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

سۇڭ جياڭ خۇ يەنجونىڭ قوشۇنىدىكى لىبي خېڭ بىلەن گوڭ ۋاڭ ئىككىسىنى كۆرمىدى. خۇ يەنجو ئېيتتىكى:

— لىبي خېڭ دىڭچىڭ ناھىيەسىنىڭ تۆۋەن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا سى شىڭفاڭ بىلەن ئوتتۇز قېپەس ئېلىشقاندىن كېيىن سى شىڭفاڭ ئۇنى چاناپ ئاتتىن يىقىتتى. گوڭ ۋاڭ خۇاڭ ئەي بىلەن ئېلىشىپ سازلىقتا كەلگەندە، لەشكەرلىرى ۋە ئاتلىرى پاتقاقتا پېتىپ قالغانلىقتىن، خۇاڭ ئەينىڭ لەشكەرلىرى ئۇنى قىر ـ چاپ ئىچىدە نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، مى چۈەنى بولسا سو چاۋ پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، خۇاڭ ئەي، شۇ بەيلەر تىرىك تۇتۇلدى، سى شىڭفاڭ سۇغا غەرق قىلىندى، شۇ دۆنەنىڭ پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە نەگە قاچقانلىقى مەلۇم ئەمەس.

— كېچە چۈشۈمدە جاڭ شۈننى كۆرۈپتىمەن. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېيىملىرى قانغا بۇلغانغان ئۈچ ـ تۆت كىشى تۇرغۇدەكمىش. ماڭا ئۇلار دۇڭ پىڭ، جاڭ چىڭ، جۇ تۇڭ، لىبي



www.uyghurkitap.com

خېلى ۋە گـۈل ۋاڭلارنىڭ روھىـدەك كۆرۈنـدى. ئـەگەر خاڭـجۇ
ئايمىقىدىكى نىڭخەي قەلئەسىگە بېسىپ كىرسـەم، راھىبلارنـى
پەرھىز تائاملارغا چىللاپ، خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ، قازا بولغان
بۇرادەرلىرىمگە چوڭ ماتەم تۇتـىمەن، ـــ دېدى سۇڭ جياڭ لىپـي
خېلى، گۈل ۋاڭلارنىڭ قازا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆزىگە لىق ياش
ئېلىپ تۇرۇپ.

خۇاڭ ئەي بىلەن شۇ بـەيىنىڭ كـاللىسىنى ئېلىش ئۈچـۈن،
ئۇلارنى جاڭ باسقاقبەگنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بەردى. بۇ گەپ بـۇ
يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

شـۇ كۈنى سۇڭ جـياڭ ئات، كالا سـويدۇرۇپ پالـۋانلىرىـنى
چىللاپ، ھال سوراش مەرىكىسى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ۋۇ يوڭ بىلەن
مەسلىھەتلىشىپ، ئوڭ قول، سول قـول سەركەردىلـەرنى خاڭـجۇ
ئايمىقىغا تېگىش قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۈنيى ئون ئىككى ئوڭ قول، سـول
قول سەركەردىنـى ئېلىپ خۇچاۋ قوۋۇقـىغا تېگىش قىلماقچـى
بولدى. ئۇلار مۇنۇلار:

لىن چۇڭ، خۇ يەنجو، لىيۇ تـاڭ، شيې جېن، شيې باۋ، شـەن
تىڭگۈي، ۋېي دىڭگو، چېن دا، ياڭ چۈن، دۇ چيەن، لى يۈن، شـى
يوڭ.

خـۇا رۇڭ باشلىـق ئون تۆت ئوڭ قـول، سول قول سەركـەردە
گېنشەن قوۋۇقىغا تېگىش قىلماقچى بولدى. ئۇلار مۇنۇلار:

خۇا رۇڭ، چىـن مىـڭ، جۇ ۋۇ، خـۇاڭ شـىن، سۈن لـى، لـى
جۇڭ، زۇ يۈەن، زۇ رۈن، لى لى، بەي شېڭ، تاڭ لۇڭ، مۇ چۈن،
جۇ گۈي، جۇ فۇ.

مۇ خۇڭ بـاشلىق ئـون بىر ئوڭ قـول، سول قول سـەركـەردە
شىشەن قوۋۇقىغا بېرىپ، لى جۈنلەرگە ھەمدەمدە بولۇپ، كاۋخـۇ
قوۋۇقىغا تېگىش قىلماقچى بولدى. ئۇلار مۇنۇلار:

لى جۈن، رۈەن شياۋئېر، رۈەن شياۋۋۇ، مېڭ كاڭ، شى شيۇ،
فەن رۈي، ما لىن، مۇ خۇڭ، ياڭ شيۇڭ، شۆ يوڭ، دىڭ دېسۈن.

www.uyghurkitap.com

سۇن شىن باشلىق سەككىز ئۇلۇك قول، سول قول سەركەردە كۇنچىقىش قوۋۇقتىكى قوشقا بىرىپ، جۇ تۇگغا ھەمدەمدە بولۇپ، كۆكتات بازىرىدىكى قوۋۇق ۋە جيەنچاۋ قوۋۇقىغا تىگىش قىلماقچى بولدى. ئۇلار مۇنۇلار:

جۇ تۇڭ، شى جىن، لۇ جىشىن، ۋۇ سۇڭ، سۇن شىن، گۇ يەڭگە، جاڭ چىڭ، سۇن چوكان.

كۇنچىقىش قوۋۇقتىكى قوشتىن سەككىز سول قول سەركەردە يۆتكىلىپ چىقىپ، لى يىڭلار بىلەن بىرلىكتە ھەرقايسى قوشلاردىكى چارلامچىلىق ئىشلىرىنى تۇتۇپ، جايلارغا ھەمدەمدە بولماقچى بولدى. ئۇلار مۇنۇلار:

لى يىڭ، كۇڭ مىڭ، ياڭ لىن، دۇ شىڭ، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ، ۋاڭ يىڭ، خۇ سەنىياڭ.

باش تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ يىگىرمە بىر ئۇلۇك قول، سول قول سەركەردىنى ئېلىپ، يۇقىرى قوۋۇقنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولغا تىگىش قىلماقچى بولدى. ئۇلار مۇنۇلار:

ۋۇ يوڭ، گۇەن شىڭ، سو چاۋ، دەي زوڭ، لى كۇي، لۇ فاڭ، گو شىڭ، ئوۋ پىڭ، دىڭ فىي، يەن شۇن، لىڭ جىن، باۋ شۇ، شياڭ چوڭ، لى گۇن، سۇڭ چىڭ، پېي شۇەن، جياڭ جىڭ، سەي فۇ، سەي چىڭ، شى چيەن، يۇ باۋسى.

سۇڭ جياڭ چوڭ قوشۇنىنى باشلاپ يۇقىرى قوۋۇق تۇۋىگە كېلىپ، شەھەردىكىلەرنى جەڭگە چاقىردى. سېپىل ئۈستىدىن دۇمباق ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى، قوۋۇق ئېچىلدى، ئاسما كۆۋرۈك چۈشۈرۈلدى. ئالدى بىلەن شى باۋ ئات سېلىپ چىقتى. سۇڭ جياڭنىڭ سېپىدىكى تۇرشاۋۇل سو چاۋ ئۇن — تىنىسىز ھالدا پالتىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئېتىلىپ چىقىپ، شى باۋ بىلەن ئېلىشتى. ئىككى شىرمەت پالۋان ئالاھازەل ئون قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن شى باۋ ئەتەي يېڭىلگەندەك بولۇپ ئارقىغا چېكىندى. سو چاۋ ئارقىسىدىن قوغلىدى. گۇەن شىڭ «قوغلىماڭ!» دەپ توۋلىشىغا، ئۇنىڭ ئېگىگە زەنجىرلىك

ئۇمۇت كېلىپ تەگدى ـ دە، شۇ ئان ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. دېڭىز قېپى دەرھال سۇ چاۋنى قۇتقۇزۇشقا كېلىۋىدى، شى باۋمۇ تەڭلا كەلدى. دېڭىز قېپى قول ياندۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى، شى باۋ ئۇنى بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. شەھەر ئىچىدىن ئەل ئۇستازى بىرنەچچە شىرمەت پالۋاننى باشلاپ باستۇرۇپ چىقتى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ يۇقىرى تەرەپكە قاراپ چېكىندى. خۇا رۇڭ، چىن مىڭلار يان تەرەپتىن ئالدىغا چىقىپ، شى باۋنىڭ لەشكەرلىرىنى سۈرۈپ تاشلىدى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى قۇتۇلۇپ قوشقا قايتتى. شى باۋلار يېڭىپ چىققانلىقتىن، خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى. سۇڭ جياڭ گاۋتىڭ تېغىدىكى چوڭ قوشقا چىقتى ۋە بارگاھقا كىرىپ دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ، پالۋانلىرىدىن سۇ چاۋ، دېڭىز قېپى دېگەن ئىككى پالۋاندىن ئايرىلغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق بىئارام بولدى. ۋۇ يوڭ ئىلتىجا قىلىپ:

— ئاشۇنداق شىرمەتلەر تۇرغان شەھەرگە بېسىپ كىرىشتە ئۇدۇلمۇئۇدۇل كىرمەي، پەم بىلەن كىرسەك دەيمەن، — دېدى.

— بىز شۇنچە چىقىم تارتىپمۇ كىرەلمىدۇق، ئەمدى قانداق پەم بىلەن كىرسەك بولار، — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— تۇرشاۋۇل، — دېدى ۋۇ يوڭ، — ھەرقايسى قوۋۇقلاردىن بېسىپ كىرىشنىڭ تەييارلىقى تەل بولغاندىن كېيىن ئاندىن يۇقىرى قوۋۇققا تېگىش قىلساق، ياۋ لەشكەرلىرى چوقۇم شەھەردىن چىقىدۇ، بىز يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ، ياۋ لەشكەرلىرىنى شەھەردىن يىراقلاشتۇرۇپ بارغاندىن كېيىن توپ بىلەن بەلگە بېرىپ، ھەممىمىز قوۋۇقلارغا بىراقلا تېگىش قىلىشىمىز كېرەك، شۇنداقتىمۇ لەشكەرلىرىمىز بىر قوۋۇقتىن كىرەلىسە، دەرھال ئوت بەلگىسى بېرىش كېرەك، بۇ چاغدا ياۋ لەشكەرلىرى ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، ھەممىسى ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يېڭىپ چىقىشىمىز مۇمكىن.

سۇڭ جياڭ دەي زۇڭنى چاقىرىپ، يارلىق يەتكۈزۈشكە

www.uyghurkitap.com

ئەۋەتتى. ئەتىسى گۆھەن شىبەك بۇيرۇققا بىنائەن ئازراق لەشكەرلىرىنى باشلاپ يۇقىرى قوۋۇققا كېلىپ، ياۋنى جەڭگە ئۈندىدى. سىپىل ئۈستىدە دۇمباق ئاۋازى ياڭرىدى. شەھەر ئىچىدىن شى باۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ گۆھەن شىبەك بىلەن ئېلىشتى، ئون قەپەس ئېلىشمايلا، گۆھەن شىبەك ئارقىغا چېكىندى، شى باۋنىڭ لەشكەرلىرى ئىز بېسىپ قوغلىدى. بۇ چاغدا لىڭ جېن توپ بەلگىسىنى بەردى. قوۋۇقلارنى قورشاپ تۇرۇۋاتقانلار چۇقان سېلىپ، تەڭلا شەھەرگە تېگىش قىلدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلىغايسىز. ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيى لىڭ جېن بىلەن بىللە لەشكەرلىرىنى باشلاپ خۇچاۋ قوۋۇقىغا كەلگەندە، قوۋۇق ئوچۇق، ئاسما كۆۋرۈك چۇشۇرۇلگەن پېتىچە تۇراتتى. ليۇ تاڭ بىرىنچى بولۇپ خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، قىلىچىنى ئېلىپ شەھەرگە ئېتىلدى. سىپىلدىكىلەر ليۇ تاڭنىڭ ئات بىلەن ئۇچقاندەك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چۇشۇرگە تاختىسىنىڭ ئارغامچىسىنى چېپىپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىچارە ليۇ تاڭ ئېتى بىلەن تاختاي ئاستىدا قالدى. چيەن پادىشاھ خاڭجۇ ئايمىقىنى ئاستانە قىلغاندا، سىپىلنىڭ قوۋۇقىنى ئۈچ قات قىلىپ ياساتقانىدى. بىرىنچى قېتى چۇشۇرگە، ئىككىنچى قېتى قوش قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازا، ئۈچىنچى قېتى تۆمۈر سالاسۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى تەرەپتە ياۋ چېرىكلىرى مۆكۈنۈپ ياتاتتى. ليۇ تاڭ قانداقمۇ ئۆلمەي ساق قالسۇن !؟ لىن چۇڭ بىلەن خۇ يەنجو ليۇ تاڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، لەشكەرلەرنى باشلاپ لۇ جۇنيىگە خەۋەر قىلىشقا قايتتى. قوۋۇقلارنى قورشاپ تۇرغان قالغان لەشكەرلەرمۇ شەھەرنى ئالالماي ئارقىغا چېكىندى ۋە سۇڭ تۇرشاۋۇل تۇرغان چوڭ قوشقا خەۋەر قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. سۇڭ جياڭ ليۇ تاڭنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ ئاھ ئىنىم، ئىسسىت ئىنىم، يۇنچېڭ ناھىيەسىدە قول

بېرىشىپ، چاۋ گەي ھەزرەت بىلەن لياڭشەن كۆلىگە چىققاندىن كېيىن كۆپ جاپالارنى تارتتىڭىز، بىر كۈنمۇ راھەت كۆرمىدىڭىز، چوڭ ـ كىچىك، ھەددى ـ ھېسابسىز جەڭلەرگە كىردىڭىز، مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ، ھېچ نەرسە بولمىغاندىڭىز. بۈگۈن بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى كىم ئويلىسۇن! ـــ دېدى.

ـــ بىز قاملاشمىغان بىر پەمنى ئىشلىتىپ شەھەرنىمۇ ئالالمىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قېرىنداشىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئەمدى لەشكەرلىرىمىزنى ھەرقايسى قوۋۇقلاردىن چېكىندۇرۇپ، باشقا ئامال قىلايلى، ـــ دېدى مۇشاۋىر ۋۇ يوڭ.

سۇڭ جياڭنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، دەرھال ئىنتىقام ئېلىشقا ئالدىراپ، ئاھ ئۇردى.

ـــ ئاغا، خاتىرجەم بولۇڭ، ـــ دېدى قارا قۇيۇن لى كۈي، ـــ مەن ئەتە باۋ شۇ، شياڭ چوڭ، لى گۈن تۆتىمىز بىللە بېرىپ، شى باۋ دېگەن مۇناپىقنى تۇتۇپ كېلىمىز!

ـــ ئۇ باتۇر بىرنەرسە ئىمىش، ئۇنىڭغا قانداقمۇ يېقىن بارالايسىلەر، ـــ دېدى سۇڭ جياڭ.

ـــ مەن ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ئىشەنمەيمەن، ئەتە ئۇنى تۇتۇپ كەلمىگۈچە ئالدىڭىزغا كەلمەيمەن، ـــ دېدى لى كۈي.

ـــ پەخەس بولغىن! بىپەرۋالىق قىلما، ـــ دېدى سۇڭ جياڭ.

قارا قۇيۇن لى كۈي باۋ شۇ، شياڭ چوڭ، لى گۈنلارنى چېدىرغا باشلاپ كىرىپ، بىر جام مەي بىلەن بىر تەخسە گۆشنى قويدى ۋە:

ـــ بىز تۆتىمىز جەڭلەردە ئەزەلدىن بىللە بولۇپ كەلدۇق. بۈگۈن ئاغىمىز تۇرشاۋۇل ئالدىدا، شى باۋنى تۇتۇپ كېلىمىز دەپ چوڭ گەپ قىلىپ قويدۇم، ھەممىمىز غەيرەت قىلساق بولىدۇ، ـــ دېدى لى كۈي.

ـــ ئاغىمىز سۇڭ جياڭ بۈگۈنمۇ ئاتلىق لەشكەرلەر ئالدىدا چىقسۇن، ئەتىمۇ ئاتلىق لەشكەرلەر ئالدىدا چىقسۇن، دەيدىكەن.

بۈگۈن كەچتە بىز كېلىشۋېلىپ، ئەتە بىرلىكتە ھەممىسىنىڭ ئالدىدا بېرىپ، شى باۋ دېگەن مۇناپىقنى چوقۇم تۇتۇپ كېلەيلى. تۆتىمىز شان ـ شەرەپكە ئېرىشەيلى ! ـــ دېدى باۋ شۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە لى كۇي باشلىق تۆتەيلەن ناشتا قىلىپ، مەي ـ شارابلارنى تازا ئىچىپ تەڭشىلىپ، قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىپ تۇرشاۋۇلنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئېلىشىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. سۇڭ جياڭ تۆتىنىڭ چالا مەست ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

ـــ ھەي ئىنىلىرىم، جىنىڭلار بىلەن ئويناشماڭلار ! ـــ دېدى.

ـــ بىزنى كەمسىتمەڭ، ئاغا ! ـــ دېدى لى كۇي.

ـــ ۋەدەڭلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇڭلارنى تىلەيمەن ! ـــ دېدى سۇڭ جياڭ ۋە ئېتىغا مىنىپ، ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ سەركەردىلىرى گۇەن شېڭ، ئوۋ پېڭ، لۇ فاڭ، گو شېڭلارنى ئېلىپ يۇقىرى قوۋۇق ئالدىغا كەلدى. دۇمباق چالدۇرۇپ، تۇغ ـ ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ، ياۋنى جەڭگە ئۈندىدى. لى كۇي غەزەپلىك ئەلپازى بىلەن قوش پالتىسىنى كۆتۈرۈپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى. باۋ شۇ قىلىچىنى تۇتۇپ ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى. شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار قالقانلىرىنى قولىغا ئېلىپ، دۇمبە ـ مۇرىلىرىگە يىگىرمە تۆتتىن ئاتقۇچ خەنجەر قىستۇرۇپ، نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىككى ياندا تۇرۇشاتتى. سېپىل ئۈستىدە دۇمباق بىلەن جاڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. شى باۋ بىر قولا ئاتقا مىنىپ، ئۆتكۈر قىلىچىنى ئويناتقان پېتى ۋۇ جى بىلەن لىيەن مىڭ دېگەن ئىككى پالۋاننى كەينىگە سېلىپ، شەھەردىن چىقتى. ئۇلار ئەمدى چىقىشىغا، ھېچنېمىدىن قورقماس لى كۇي بىر ھۆركىرىدى ـ دە، تۆتى تەڭلا شى باۋنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى. شى باۋ قىلىچىنى شۇنداق كۆتۈرۈشىگە، لى كۇي ئۇنىڭ ئېتىنىڭ پاچىقىغا بىر پالتا ئۇرۇپ ئۆرۈۋەتتى. شى باۋ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، بىر توپ ئاتلىق لەشكەرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. باۋ شۇ لىيەن مىڭنى چېپىپ ئاتتىن چۈشۈرۈۋەتتى. ئىككى سېپەرچىنىڭ

ئاتقان خەنجەرلىرى خۇددى سۇدا شۇڭغۇپ كېتىۋاتقان بېلىقلاردەك ۋال - ۋۇل قىلىپ، كەينى - كەينىدىن ئۇچماقتا ئىدى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى سېپىلنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، سېپىل ئۈستىدىن ياغاچ كۆتەك ۋە ئوقتاش ياغدۇرۇلدى. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ زەخىملىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، دەرھال چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. بۇ چاغدا ۋاڭ شۇ شەھەرگە كىرىپ كەتكەنىدى. سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرۈپ پەرياد قىلدى. شى ۋاڭ قوۋۇق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدى. ۋاڭ شۇنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، يان تەرەپتىن بىر قىلىچ ئۇرۇپ، ۋاڭ شۇنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىدى. شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇن لى كۇينى قوغداپ قايتىپ كەتتى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ئۆز قوشىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ ۋاڭ شۇدىن ئايرىلغانلىقىغا قاتتىق ھەسرەت چەكتى. لى كۇيمۇ چىداپ تۇرالماي يىغلىۋەتتى.

— بۇ پەمىمىزمۇ توغرا پەم بولماي چىقتى، بىزدىن بىرلا سەركەردە چىقىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ لى كۇينىڭ ئوڭ قول ياردەمچىسى ئىدى، — دېدى ۋۇ يوڭ.

ھەممەيلەن ناھايىتى بىئارام بولۇپ تۇراتتى. شىي جېن، شىي ۋاڭلار كېلىپ بىر ئىشنى خەۋەر قىلدى، سۇڭ جياڭ تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىشنى سورىدى.

— پېقىر شىي ۋاڭ بىلەن بىللە تۆۋەن قوۋۇقتىن يىگىرمە نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان فەنسۇن كەنتىگە باردىم، دەريا بويىدا قاتىرىغا يىگىرمە - ئوتتۇز قېيىق تۇرۇپتۇ. يېنىغا بېرىپ قارىساق، بۇ قېيىقلار فۇياڭ ناھىيەسىدىكى يۈەن دادخاھنىڭ ئاشلىق توشۇيدىغان قېيىقلىرى ئىكەن، پېقىر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دېگەنىدىم، بىراق ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ: «خانىدانلىقنىڭ مۆمىن پۇقراسىمەن، فاڭ لا دائىم بىزگە ئالۋان - ياساق سېلىپ كەلدى. كىمكى ئۇنىڭغا بويسۇنمىسا، ئۇنىڭ بالىچاقىسىنى تۇتۇپ، قويماي قىرىۋەتتى. تەڭرى لەشكەرلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەمنىلىك ئاتا قىلىشى بىلەن ئالۋان ـ ياساقتىن قۇتۇلۇپ، تىنچ ـ ئامان كۈن كەچۈرۈشنى كۈتۈپ تۇراتتىم، كىم بىلىپتۇ، ئويلىمىغاندا بۇنداق كۈلپەتكە قالدىم» دېدى. پېقىر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كۆڭلۈم قىيماي: «نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭ؟» دەپ سورىدىم، ئۇ: «فاڭ تيەندىك ھەرقايسى ناھىيەلەرگە ئەللىك مىڭ دادەن ئاشلىق سېلىق تاپشۇرۇشنى بۇيرۇق قىلدى، ئەگەر تاپشۇرمىسا يۇرتنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولدى. مەن قېرى باشقىلاردىن بۇرۇن تاپشۇرۇش ئۈچۈن بەش مىڭ دادەن ئاشلىق ئېلىپ يولغا چىققاندىم. بۈگۈن بۇ يەردە قەلئەنى قورشاپ جەڭ قىلىۋاتقان چوڭ قوشۇنغا دۈچ كېلىپ، شەھەرگە بېرىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالدىم» دېدى. بۇ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇققاندىن كېيىن ئالاھىدە باش سەردارىمغا مەلۇم قىلغىلى كەلدىم، — دېدى شىي جىن.

— بۇ ئۇلۇغ تەڭرىم ئاتا قىلغان ئاسانلىق، — دېدى ۋۇ يۇڭ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، — بۇ ئاشلىق قېيىقلىرىدىن پايدىلانساق، چوقۇم ئەجىر ـ خىزمەت كۆرسەتكىلى بولىدۇ. تۇرشاۋۇلىمىز ئەمر چۈشۈرسىلە، بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن تويچى لىڭ جېن، دۇ چيەن، لى يۈن، شى يۇڭ، زۇ يۈەن، زۇ رۈن، لى لى، بەي شېڭ، مۇ چۈن، تاڭ لۇڭلارنى باشلاپ ماڭسۇن؛ ۋاڭ يىڭ بىلەن خۇ سەنىياڭ، سۈن شىن بىلەن گۇ يەڭگە، جاڭ چىڭ بىلەن سۈن چوكان قاتارلىق ئەر ـ خوتۇن ئالتەيلەن قېيىقچى ۋە قېيىقچى ئايال تۇرقىدا ياسىنىپ، زۇۋان سۈرمەي قېيىقلارنىڭ ئارقىسىغا چىقىۋالسۇن، شەھەرگە يېتىپ كىرگەندە ئۇلانما توپ ئېتىپ بەلگە بەرسۇن، بىز بۇنى كۆرگەن ھامان بۇ يەردىن لەشكەر باشلاپ بىرىپ بولۇشايلى. شىي جىن، شىي باۋلار يۈەن دادخاھنى قاشقا چىقىرىپ تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭنىڭ: «سىلەر سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاق كۆڭۈل مۆمىن پۇقراسى بولغاندىكىن، بۇ جورۇقنى بەجا كەلتۈرۈشۈڭلار كېرەك، بۇ ئىشنى باشقا چىقارساڭلار، كاتتا ئىنئامغا ئېرىشىسىلەر» دېگەن

سۆزىنى يەتكۈزسۇن.

بۇ چاغدا يۈەن دادخاھنىڭ بۇ جورۇقنى بەجا كەلتۈرمەسكە هەددى ئەمەس ئىدى، نۇرغۇن سەردار ـ سەرۋازلار قىيىقتا چىقتى. ئەسلىدىكى قىيىقچىلارنى قىيىقتا باشقا پارچە ـ پۇرات ئىشلارغا سېلىپ قويدى، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ۋاڭ يىڭ، سۇن شىن، جاڭ چىڭلارغا كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى قىيىقچى سىياقىدا ياساپ قويدى. خۇ سەننىياڭ، گۇ يەڭگە، سۇن چوكان قاتارلىق ئۈچ ئايال سەركەردە قىيىقچى ئايال سىياقىدا ياساندى. قالغان سەرۋازلار پالاق تۇتتى. قورال ـ ياراغلارنى بولسا قىيىقنىڭ قازنىقىغا تىقىپ، قىيىقنى قىرغاققا ئېلىپ كېلىپ توختاتتى. ھەرقايسى قوۋۇقلارنى قورشاپ تۇرغان سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىمۇ بۇ يەرگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. شىي جىن، شىي باۋ ۋە قىيىقچى سىياقىدا ياسىنىۋالغانلار يۈەن دادخاھقا ئەگىشىپ، قىرغاققا چىقىش بىلەن ئۇدۇل سېپىل تۈۋىگە بېرىپ قوۋۇقنى قاقتى. سېپىل ئۈستىدە تۇرغانلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى نېمىشقا كەلگەنلىكىنى تەپسىلىي سوراپ بىلگەندىن كېيىن قەسىرگە مەلۇم قىلدى. فاڭ تيەندىڭ ۋۇ جىنى قوۋۇقنى ئېچىپ، قىرغاقتىكى قىيىقلارنى ئېدىتلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى، ئۇ ئېدىتلاپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ فاڭ تيەندىڭغا مەلۇم قىلدى. فاڭ تيەندىڭ ئالتە سەركەردىنى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن كۆنچىقىش يۈقىرى بۇرجەكنى توسۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى. يۈەن دادخاھنى ئاشلىقنى شەھەرگە ئەكىرىپ ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇدى. بۇ چاغدا سۇڭ جياڭنىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرى قىيىقچىلارغا ئارىلىشىپ ئاشلىق يۆتكىگەنلەر قىياپىتىدە شەھەرگە كىرىپ كەتتى، ئۈچ ئايال سەركەردىمۇ شەھەرگە كىرىۋالدى. بەش مىڭ دادەن ئاشلىق بىردەمدىلا يۆتكەپ بولۇندى. ئالتە سەركەردە لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى، سۇڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن سەپ تارتىپ كېلىپ، شەھەرنى ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم كېلىدىغان

جايغىچە سەپ تارتىپ قورشىۋالدى. شۇ كۈنى ئەلياتقۇ مەھەللىدە لىك جېن توقۇز ساندۇق چاچما توپ ئوقنى ۋۇشەن تېغىغا ئېلىپ چىقتى؛ ھەرقايسى سەركەردىلەر توپقا ئوت تۇتاشتۇردى. بىردەمدىن كېيىن شەھەرنىڭ ئىچى پاراقلاپ قايناپ كەتتى، شەھەر ئىچىدە سۈڭ خانلىقىنىڭ زادى قانچىلىك لەشكىرى بارلىقىنى ھېچكىم ئاڭقىرالمايتتى. قەسىردە بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان فاڭ تيەندىڭ قاتتىق چۆچۈپ، ئالمان - تالمان جابدۇنۇپ، ئاتلىنىپ قەسىردىن چىقتى، ئۇ چىققۇچە قوۋۇقلارنى ساقلاپ تۇرغان لەشكەرلەر ئاللىقاچان جېنىنى پاناھلاپ قېچىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا سۈڭ خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى ناھايىتى روھلىنىپ، ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىش ئۈچۈن شەھەرگە بېسىپ كىرىشتى.

ئەمدى گەپنى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تاغدا تۇرۇۋاتقان لى جۈنلەردىن ئاڭلاڭ. ئۇلار بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ، قىر - چاپ بىلەن مېھىر - شەپقەت شاخابچىسىغا كەلدى. بۇ يەردە قېيىقلارنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن كۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئالتۇن قوۋۇققا كېلىپ قاشقا چىقتى. سەركەردىلەر سۇ قوۋۇقلىرىنى تارتىۋېلىشقا كىرىشتى، لى يۈن، شى شيۇلار ھەممىدىن بۇرۇن سېپىلغا چىقتى. كېچىسى شەھەر ئىچىدە قۇچاقلاشما جەڭ بولۇپ كەتتى. يېڭىلگەن لەشكەرلەر قورشاۋغا ئېلىنمىغان تۆۋەن قوۋۇقتىن جېنىنى ئېلىپ قاچتى. ئەمدى فاڭ تيەندىڭغا كەلسەك، ئۇ ئاتلىق قەسىردىن چىقىپ تۆت تەرەپتىن بىرمۇ سەردار - سەرۋازنى تاپالمىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا پەقەت بىرنەچچە پىيادە لەشكەرلا قالغانىدى. ئۇ تۆۋەن قوۋۇقتىن چىقىپ، خۇددى ئىگىسىز لالما ئىتتەك ۋە توردىن چۈشۈپ قالغان بېلىقتەك قاچتى، قېچىپ بەش بۇلۇڭلۇق تاغقا كەلگەندە، ئالدىدا بىر ئادەم كۆرۈندى. بۇ ئادەم قىلىچ چېپىشلەپ، دەريادىن قىپيالىڭاچ سەكرەپ قاشقا چىقتى. فاڭ تيەندىڭ ئۇنىڭ

دەھشەتلىك ئەپتىنى كۆرگەندىن كېيىن قېچىشقا تەمشىلىپ ئىپتىنى ئارقىغا بۇرىدى، لېكىن ئىپتىنىڭ تىزگىنىنى بىركىم تۇتۇۋالغانىدەك، قانچە قامچىلىسىمۇ ئىپتى زادىلا ماڭمىدى. ھېلىقى يىگىت ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، فاڭ تيەندىڭنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلىدى، ئاندىن ئۇ فاڭ تيەندىڭنىڭ ئىپتىغا مىنىپ، بىر قولىدا فاڭ تيەندىڭنىڭ بېشىنى كۆتۈرگەن، يەنە بىر قولىغا قىلىچ ئالغان ھالدا خاڭجۇ ئايمىقى قەلئەسىگە كىردى. لىن چۇڭ، خۇ يەنجولار لەشكەرلىرىنى باشلاپ ليۇخې مۇنارىغا كەلگەندە ھېلىقى يىگىتكە ئۇچراپ قالدى. ئۇلار بۇنىڭ قېيىقچى يىگىت جاڭ خېڭ ئىكەنلىكىنى تونۇپ، چۆچۈپ كەتتى. خۇ يەنجو:

— ئەزىز ئىنىم، قەيەردىن كېلىۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

جاڭ خېڭ ئۈن چىقارماي، ئىپتىنى چاپتۇرغىنىچە شەھەرگە كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ چوڭ قوشۇننى باشلاپ شەھەرگە كىرىپ فاڭ تيەندىڭنىڭ قەسرىسىنى سەركەردە مەھكىمىسى قىلدى. سەردار ـ سەرۋازلار بارگاھ ئەتراپىنى قوغداپ تۇردى. بۇلار ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان جاڭ خېڭنى كۆرۈپ ھەممىسى چۆچۈپ كەتتى. جاڭ خېڭ ئۇدۇل سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، فاڭ تيەندىڭنىڭ بېشىنى ۋە قىلىچىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى قېتىم باش ئۇرۇپ، يىغلاشقا باشلىدى. سۇڭ جياڭ ئالمان ـ تالمان ئۇنى يۆلەپ تۇرۇپ:

— ئەي ئىنىم، قەيەردىن كېلىشىڭىز؟ رۇەن شياۋچى نەدە قالدى؟ — دەپ سورىدى.

— مەن جاڭ خېڭ ئەمەس، — دېدى جاڭ خېڭ.

— جاڭ خېڭ بولمىسىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— پېقىر جاڭ شۇن بولىمەن، — دېدى جاڭ خېڭ، — ئالتۇن قوۋۇق سىرتىدا نەيزە ـ ئوقيا تېگىپ ئۆلگەنىدىم، ئەرۋاھىم

بولسا سۇدىن ئايرىلماي لەيلەپ ئېقىپ شىخۇ كۆلىگە كەلگەندە، كۆللەرنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان سۇ ئىلاھى تەسىرلىنىپ كېتىپ، مېنى جىنخۇا شەيخى قىلىپ سۇ ئىلاھى ئوردىسىنىڭ ئىلاھلىقىغا قويدى. ئاغا، سىلى بۈگۈن شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن ئىنىلىرىنىڭ ئەرۋاھى فاڭ تيەندىڭغا يېپىشۋېلىپ يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ بىلەن شەھەردىن چىقتى، بۇ چاغدا ئاكام جاڭ خېڭنىڭ دەريادا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ـ دە، ئۇنىڭ جىسمىغا كىرىۋېلىپ ئۇچقاندەك قاشقا چىقتىم، ئاندىن مۇناپىق ئوغرى فاڭ تيەندىڭنى بەش بۇلۇڭلۇق تاغ ئېتىكىگىچە قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇدۇل سىلى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم.

جاڭ خېڭ سۆزىنى تۈگىتىپلا يەرگە يىقىلدى. سۇڭ جياڭ جاڭ خېڭنى ئۆز قولى بىلەن يۆلەپ تۇرغۇزدى، جاڭ خېڭ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، سۇڭ جياڭ باشلىق ھەممە سەردارلار، قورال ـ ياراغ كۆتۈرگەن لەشكەرلەر تۇرۇپتۇ، ئۇ:

— ئاغا، مەن سىلى بىلەن ئۇ دۇنيادا ئۇچرىشىۋاتىمەنمۇ نېمە؟ — دېدى.

— ئىنىم، — دېدى سۇڭ جياڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ، — بايا ئىنىڭىز جاڭ شۈننىڭ ئەرۋاھى سىزنىڭ جىسمىڭىزغا كىرىۋېلىپ، مۇناپىق فاڭ تيەندىڭنى ئۆلتۈرۈپتۇ، سىز ئۆلمىدىڭىز، ھەممىمىز پانىي دۇنيانىڭ بەندىسى، ھوشىڭىزغا كېلىڭ.

— سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئىنىم ئۆلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى جاڭ خېڭ.

— جاڭ شۈن شەھەرگە كىرىپ ئوت قويىمەن دەپ، شىخۇ كۆلىنىڭ تېگىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ سۇ قوۋۇقىنى ئېچىشقا باردى، ئۇ ئالتۇن قوۋۇقتىن ئارتىلىپ شەھەرگە چۈشمەكچى بولغاندا، كۆتۈلمىگەندە تۇيۇلۇپ قېلىپ، نەيزە، ئوقيا تېگىپ شۇ جايدىلا قازا تاپتى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئاھ، ئىنىم! — دەپ ھۆڭگۈرەپ يىغلىدى جاڭ خېيك يەرگە يىقىلىپ.

جامائەت جاڭ خېيڭغا قارىسا، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى قېتىپ، كۆزلىرى خىرەلىشىپ، ئەرۋاھى تېنىدىن، جېنى جىسمىدىن چىقىشقا ئازلا قاپتۇ. دەرھەقىقەت: ئەزرائىل كېلىپ قالغاندەك بولدى. جاڭ خېيك يەرگە يىقىلغاندىن كېيىن ھاياتىنىڭ زادى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئون ئالتىنچى باب

## لۇ جۈنيىنىڭ شىجۇ ئايمىقىغا لەشكەر ئەۋەتكەنلىكى سۇڭ دانىشىنىڭ قارا ئەجدىھا چوققىسىدا جەڭ قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا جاڭ خېڭ ئىنىسى جاڭ شۈننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىئارام بولۇپ ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ قۇتقۇزۇش ئارقىلىق هوشىغا كەلتۈرۈلدى.

— جاڭ خېڭنى بارگاھقا ئەكىرىپ داۋالاپ ساقايتقاندىن كېيىن، ئاندىن دېڭىز ئۈستىدىكى ۋەقەلەرنى سۈرۈشتۈرەيلى، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە پېي شۈەن، جياڭ جەڭلەرگە ھەربىر سەركەردىنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىسىنى يېزىپ قويۇشقا بۇيرۇدى، چاشگاھ ۋاقتىدا سەركەردىلەر بارگاھ ئالدىغا يىغىلدى. لى جۈن، شى شيۇلار ۋۇ جىنى تىرىك تۇتقان، ئۈچ ئايال سەركەردە جاڭ داۋيۈەنى تىرىك تۇتقان، لىن چوڭ لىڭ گۇڭنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرگەن، شيې جېن، شيې باۋلار سۈي يۈنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، پەقەت شى باۋ، دېڭ يۈەنجو، ۋاڭ جى، چاۋ جۇڭ ۋە ۋېن كېراڭلارلا قېچىپ كەتكەنىدى. سۇڭ جياڭ يۇقىرىلارنى ئەمىن قىلىش يۈزىسىدىن ئېلان چىقاردى، ئۈچ قوشۇننى تارتۇقلىدى. جاڭ داۋيۈەن، ۋۇ جىلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جاڭ باسقاقبەگ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. ئاشلىق تەقدىم قىلغان يۈەن دادخاھنى فۇياڭ ناھىيەسىنىڭ ئامباللىقىغا ئۆستۈرسەك، دەپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. جاڭ باسقاقبەگ ھۇزۇرىدىن تامغا بېسىلغان ئاق ئېلان قەغىزى ئېلىپ كېلىندى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. سەركەردىلەر شەھەرگە كىرىپ دەم ئالدى.

بۇ چاغدا خەۋەرچىلەر: «رۇەن شياۋچى دەريادىن قاشقا چىقىپ، شەھەرگە كىردى» دېگەن خەۋەرنى ئەكەلدى. سۇڭ جياڭ رۇەن شياۋچىنى بارگاھقا چاقىرىپ ئەھۋال سورىغاندا، ئۇ:

— كەمىنىلىرى جاڭ خېڭ، خۇ جيەن، دۇەن جىڭجۇلار بىلەن بىللە سۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ دېڭىز بويىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن بىر قېيىق تېپىپ، شۇ قېيىق بىلەن خەييەن قاتارلىق جايلار ئارقىلىق ئۇدۇل چيەنتاڭ دەرياسىغا كىردۇق. كۇتۇلمىگەندە تەتۇر بوران چىقىپ بىزنى دەريادىن دېڭىزغا چىقىرىپ قويدى. بىز قېيىق بىلەن تېزرەك قايتىپ كېتەيلى دەپ تۇرساق، قېيىقنى بوران سوقۇپ پاچاقلىۋەتتى. ھەممىمىز سۇغا چۈشۈپ كەتتۇق. خۇ جيەن، دۇەن جىڭجۇلار سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەچكە، سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى، سۇ لەشكەرلىرىمىزنىڭ تولىسى جېنىنى پاناھلاپ تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كەتتى. مەن خەيكۇغا ئۈزۈپ بېرىپ جېشەن قوۋۇقىدىن ئۆتكەندە، سۇ كۆتۈرۈلۈپ مېنى ئېقىتىپ بەنفەنشەن تېغىغا ئاپىرىۋەتتى. مەن شۇ يەردىن ئۈزۈپ قايتىپ كەلدىم. جاڭ ئاغامنىڭ بەش بۆلۈتلۈق تاغنىڭ يېنىدىكى دەريادا ئۈزۈپ قاشقا چىقماقچى بولغانلىقى كۆزۈمگە چېلىقتى - دە، يەنە غايىب بولۇپ كەتتى. ئاخشام شەھەردە ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋە ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان توپ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاغامنىڭ خاڭجۇ ئايمىقى شەھىرىدە ئېلىشىۋاتقانلىقىنى پەملىدىم - دە، شۇ يەردىلا قاشقا چىقتىم. جاڭ خېڭنىڭ قاشقا چىققان - چىقمىغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق، — دېدى.

سۇڭ جياڭ جاڭ خېڭنىڭ ئەھۋالىنى رۇەن شياۋچىغا سۆزلەپ بەردى، ئاندىن رۇەن شياۋچىنى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىككى ئاكىسى بىلەن كۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن بۇرۇنقىدەكلا سۇ لەشكەرلىرى بېشى قىلىپ، قېيىقلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغا قېيىقلارنى ئوڭلاپ، مۇجۇ ئايمىقىغا تېگىشكە تەخلىنىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. سۇڭ جياڭ جاڭ شۇننىڭ ھېلىقى كۆرسەتكەن

كارامەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالتۇن قوۋۇق سىرتىدا شىخۇ كۆلى بويىغا بىر بۇتخانا سالدۇردى، بۇ بۇتخانىغا «جىنخۇا شەيخى» دەپ نام بېرىپ، ئۆزى ئۇنىڭغا ئاتاپ تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. كېيىنكى كۈنلەردە سۇڭ جياڭ فاڭ لانى جىمىقتۇرۇشتا ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەن، دەپ جاڭ شۇنىي پادىشاھى ئالەمگە ئالاھىدە مەلۇم قىلدى، پادىشاھى ئالەم ئۇنىڭغا «جىنخۇا سەردارى» دېگەن نام بەردى ۋە ئۇ خاڭجۇ بۇتخانىسىدا ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ قارارگاھىدا ئولتۇرۇپ، دەريادىن ئۆتۈشتە ھالاك بولغان سەركەردە ـ سەرۋازلارنى ئويلاپ ناھايىتى قايغۇردى. شەپقەت ئىبادەتخانىسىدا تىلاۋەت ئورۇنلىرىنى سېلىپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز تىلاۋەت قىلىپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش بىلەن سەردارلارنى يات ئەتتى. ئۆلارنىڭ روھىناتىغا ئاتاپ تاۋاپ نازۇنېمەتلىرى شىرەسى تەييارلىدى. نەزىر ـ نوزۇرەت ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن فاڭ تيەندىڭ قەسرىدىكى بەيئەتكە ئاتاپ تىزىپ قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چېقىپ تاشلاندى. ئالتۇن ـ كۈمۈش، لەئەل ـ جاۋاھىر، تاۋار ـ دۇردۇنىلار سەركەردە ـ سەرۋازلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلدى. خاڭجۇ شەھىرىدىكى پۇقرالار ئەمىن تاپتى، قۇتلاش مەرىكىلىرى ئۆتكۈزۈلدى، سۇڭ جياڭ مۇشاۋىر بىلەن مۇجۇ ئايمىقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن لەشكەر يۆتكەش ھەققىدە ئۇزۇن مەسلىھەتلەشتى. بۇ تۆتىنچى ئاي ئاخىرلىرى ئىدى. شۇ ئەسنادا توساتتىن بىرى كېلىپ: «ئورۇنباسار تۇتۇقبەگ ليۇ گۇاڭشى ۋە ئاستانە ئەلچىسى خاڭجۇغا يېتىپ كەلدى» دەپ خەۋەر قىلدى. سۇڭ جياڭ دەرھال سەردارلىرى بىلەن يۇقىرى قوۋۇقتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ شەھەرگە باشلاپ كىردى، قارارگاھتا شاھ ئەلچىسى مۇقەددەس يارلىقنى ئوقۇدى: «سۇڭ تۇرشاۋۇل فاڭ لانى يوقىتىشتا زور ئەجىر ـ تۆھپىلەر كۆرسىتىپ كەلدى، شۇ سەۋەبلىك خانلىقتىن ئوتتۇز بەش كوزا

شاھانە مەي، ئوتتۇز بەش قۇر تاۋار ئىگىن ئىنئام قىلىندى، ئوڭ قول سەركەردىلەرگە ئۇلەشتۇرۇپ بېرىلسۇن. قالغان سول قول سەركەردىلەرگە رويخەت بويىچە تاۋار ـ دۇردۇنلار ئىنئام قىلىندى». خانىدانلىقتا پەقەت گۆكسۇن شىگىنىڭ كەلمىگەنلىكىلا مەلۇم ئىدى، فاڭ لانى يوقىتىشتا نۇرغۇن ئاتامانلارنىڭ چىقىم بولغانلىقىنى بولسا خانىدانلىق بىلمەيتتى. سۇڭ جياڭ پادىشاھى ئالەمنىڭ ئوتتۇز بەش ئاتامانغا تاۋار ئىگىن ۋە شاھانە مەيلەر ئىنئام قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ يۇم ـ يۇم يىغلىدى. ئەلچى ئۇنىڭ نېمە ۋەجىدىن يىغلىغانلىقىنى سورۇشتۇردى. سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغا نۇرغۇن سەردارلىرىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئەلچى:

— بۇنچىۋالا سەردارنىڭ چىقىم بولغانلىقىنى خانىدانلىق نەدىن بىلسۇن، مەن ئاستانىگە قايتىپ بۇ ئەھۋالنى چوقۇم پادىشاھى ئالەمگە مەلۇم قىلىمەن، — دېدى.

ئەلچىنى كۇتۇۋېلىش يۈزىسىدىن مەرىكە ئۆتكۈزۈلدى. لىيۇ گۇاڭشى تۆردە، قالغان چوڭ ـ كىچىك سەركەردىلەر ئۆز قۇرامى بويىچە ئولتۇردى. ئۇلار شاھانە مەينى ئىچىشىپ، شاھنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ھېس قىلىشتى. شاھانە مەي ۋە ئىنئام قىلىنغان ئىگىنلەردىن قۇربان بولغان سەركەردىلەرگە قالدۇرۇپ قويۇشتى، ئەتىسى قۇربان بولغانلارغا ئاتاپ، نەزىر ـ نۇزۇرەت ئۆتكۈزدى، سۇڭ جياڭ بىر كوزا شاھانە مەي ۋە بىر قۇر ئىگىننى ئېلىپ جاڭ شۇن بۇتخانىسىغا باردى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ تەزىيە بىلدۈردى. تاۋار ئىگىننى لاي بۇت ئۇستىگە كىيگۈزۈپ قويدى. قالغان ئىگىنلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئەلچى بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئۇلار ئەلچىنى ئاستانىگە ئۇزىتىپ قويۇشتى. ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇلا ـ تۇيۇلمايلا بۇ ئارىدا ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى. جاڭ باسقاقبەگ ئالاقە بىلەن تۇرشاۋۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ، فاڭ لاغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى،

سۇك جياڭ بىلەن ۋۇ يۇك لۇ جۇنىينى چاقىرىپ كېلىپ:

— بۇ قېتىم مۇجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىرىشتە، قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا دەرياني ياقىلاپ بىرىشقا توغرا كېلىدۇ. شىجۇغا باستۇرۇپ كىرىشتە بولسا يۇلىنگەندىكى چىغىر يول بىلەن بىرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇگۇن بۇ يەردە لەشكەرلىرىمىزنى ئىككى تارامغا بۆلەيلى. ئەزىز ئىنى، سىلى قايسى يولنى تاللايدىلا؟ — دېدى.

— باش سەردار، سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا پەرمانبەردارمەن، بۇنى قانداقمۇ ئۆزۈم تاللىيالايمەن؟

— شۇنداق بولسىمۇ تەلەي سىناپ كۆرەيلى.

ئاندىن بۇلار ئىككى چەك يېزىپ، كۇجە ـ ئىسىرىقلار يېقىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن چەك ئېلىشتى. سۇڭ جياڭغا مۇجۇ ئايمىقىغا بارىدىغان چەك، لۇ جۇنىيگە شىجۇ ئايمىقىغا بارىدىغان چەك چىقتى.

— چىڭشى ناھىيەسىدىكى باڭيۈەن غارى — قاراقچى فاڭ لانىڭ ئۇۋىسى، ئەزىز ئىنىم، سىلى شىجۇنى بېسىۋالغاندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى شۇ جايدا توختىتىپ تۇرۇپ، دەرھال ماڭا ئالاقە ئەۋەتسىلە، چىڭشى ناھىيەسىدىكى قاراقچى فاڭ لانىڭ ئۇۋىسىغا بىرلىكتە بېسىپ كىرىش ۋاقتىنى كېلىشىۋالايلى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

لۇ جۇنيى سۇڭ دانىشقا ئەھۋالغا قاراپ سەركەردە ـ سەرۋازلارنى ئىككى تارامغا ئايرىشنى تەكلىپ قىلدى.

سۇڭ تۇرشاۋۇل ئوتتۇز ئالتە ئوڭ قول، سول قول سەركەردىنى ئېلىپ مۇجۇ ئايمىقى ۋە قارا ئەجدىھا چوققىسىغا تېگىش قىلىدىغان بولدى. ئۇلار مۇنۇلار:

مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ، گۇەن شېڭ، خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، لى يىڭ، دەي زۇڭ، جۇ تۇڭ، لى كۈي، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، شيې جېن، شيې باۋ، لۇ فاڭ، گو شېڭ، فەن رۇي، ما لىن، يەن شۇن، سۇڭ چىڭ، شياڭ چۇڭ، ۋاڭ يىڭ، خۇ سەننياڭ، لىڭ

جېن، دۇ شىڭ، سەي فۇ، سەي چىڭ، پېي شۈەن، جياڭ جىڭ، يۈ باۋسى.

سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانى بولغان يەتتە ئوڭ قول، سول قول سەركەردە ئۆز قوشۇنى بىللە قېيىقلارنى ھەيدەپ مۇجۇ ئايمىقىغا يۈرۈش قىلىدىغان بولدى. ئۇلار مۇنۇلار:

لى جۈن، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچى، تۇڭ مېڭ، تۇڭ ۋېي، مېڭ كاڭ.

ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيى يېگىرمە سەككىز ئوڭ قول، سول قول سەركەردە بىلەن شېجۇ ئايمىقىغا ۋە يۈلىڭ چاقسىسىغا تېگىش قىلىدىغان بولدى. ئۇلار مۇنۇلار:

مۇشاۋىر جۇ ۋۇ، لىن چۇڭ، خۇ يەنجۇ، شى جىن، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگو، سۇن لى، خۇاڭ شىن، ئوۋ پېڭ، دۇ چيەن، چېن دا، ياڭ چۇن، لى جۇڭ، شۆ يۇڭ، زۇ يۇەن، لى لى، لى يۈن، زۇ رۇن، تاڭ لۇڭ، شى يۇڭ، شى چيەن، دىڭ دېسۇن، سۇن شىن، گۇ يەڭگە، جاڭ چىڭ، سۇن چوكان.

ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيى ئۆزى بىلەن يىگىرمە سەككىز ئوڭ قول، سول قول سەركەردىنى ئېلىپ، ئۈچ تۇمەن لەشكەرنى باشلاپ، خاسىيەتلىك بىر كۈنى لېۇ تۇتۇقبەگ ۋە سۇڭ جياڭلار بىلەن خوشلاشتى ـ دە، خاڭجۇ ئايمىقىدىن تاغ يولىنى بويلاپ لىنئەن ناھىيەسى ئارقىلىق يولغا چىقتى. سۇڭ جياڭ بولسا سۇ لەشكەرلىرىنى تەخلىدى. ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلىرىنى خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ، كۈجە ـ ئىسرىق يېقىپ، تۇغقا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن سۇ ۋە قۇرۇقلۇق بىلەن يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى. شۇ كۈنلەردە خاڭجۇ شەھىرىدە ۋابا ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى، جاڭ خېڭ، مۇ خۇڭ، كۇڭ مىڭ، جۇ گۇي، ياڭ لىن، بەي شېڭلار كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ساقىيالماي يېتىپ قالدى، سۇڭ جياڭ مۇ چۇن، جۇ فۇلارنى كېسەلگە قاراش ئۈچۈن خاڭجۇدا قالدۇرۇپ قويدى. قالغان ئوتتۇز ئالتە سەركەردىنى باشلاپ، مۇجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلىش

ئۇچۇن، دەريا بويلاپ نۇياڭ ناھىيەسىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ئىككى تارام لەشكەرنىڭ يولغا چىققانلىقى ھەققىدىكى گەپمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى بۇياقتىن باشلايلى. چەي جىن بىلەن يەن چىڭ شىۋجۇ ئايمىقىدىكى ئەينۇلا شىپاڭىدا سۇڭ جياڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن خەييەن ناھىيەسىنىڭ دېڭىز بويىغا كېلىپ، قېيىق بىلەن يۆجۇ ئايمىقى ئارقىلىق جۇچى ناھىيەسىگە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردىن يۇپۇ ئارقىلىق مۇجۇ ئايمىقىنىڭ تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. چاقىسىنى ساقلاۋاتقان سەركەردە ئۇلارنى توسۇۋالدى.

— پېقىر ئوتتۇرا ئىقلىملىق بىر خەلپەت بولىمەن، رەسەتچىلىكتىن، قۇرئەندازلىقتىن خەۋىرىم بار، ۋاقتى - سائەتنىڭ ۋە ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى، تۈرلۈك ئىلىم - بىلىمنى بىلىمەن، دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە باقسام، تەڭرىقۇتتىن بېشارەت كۆرۈندى، نېمە ۋەجىدىن مۇبارەك يول توسۇلۇپ قالدىكىن؟ — دېدى چەي جىن.

چاقىسا ساقلىغۇچى سەركەردە چەي جىننىڭ گەپ - سۆزلىرىنىڭ قالتىسلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىسمىزاتىنى سورىدى. چەي جىن:

— ئىسمىزاتىم كي يىڭ، تەنھا بىر خىزمەتكار بىلەن بۇيۈك ئەللىرىگە پاناھ تارتىپ كەلدىم، باشقا نىيىتىم يوق، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغۇچى چاقىسا ساقلىغۇچى سەركەردە چەي جىننى بۇ يەردە توختىتىپ قويۇپ، مۇجۇ ئايمىقىدا تۇرۇۋاتقان سول قول ۋەزىر زۇ شيۇەن، باش ۋەزىر ياردەمچىسى شېن شۇ، باش مىرزا خۇەن يى، باش سەركەردە تەن گاۋ ھوزۇرىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئاندىن ئۇلار چەي جىننى مۇجۇ ئايمىقىغا كىرگۈزۈشكە ئادەم چىقاردى، چەي جىن كېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ سالام - سەھەت قىلىشتى، چەي جىننىڭ سۆزى بۇ تۆتەيلەننى ھەيران قالدۇردى، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىگىمۇ ئوخشىمايتتى، شۇڭا بۇلار

ئۇنىڭدىن ھېچقانداق شەكلەنمىدى، سول قول ۋەزىر زۇ شىيۇەن ناھايىتى خۇش بولۇپ، چەي جىننى چىڭشىدىكى ئوردىغا تاۋاپ - تەزىمگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، باش مىرزا خۇەن يىنى باشلاپ بېرىشقا ئەۋەتتى. ئەسلىدە فالىڭ لانىڭ قارارگاھلىرى مۇجۇ، شىڭجۇ ئايماقلىرىدىمۇ بار ئىدى، بۇلاردىن باش مەھكىمە چىڭشى ناھىيەسىدىكى باكيۇەن غارىغا جايلاشقانىدى.

ئەمدى چەي جىن، يەن چىڭلارغا كەلسەك، بۇلار خۇەن يىگە ئەگىشىپ چىڭشىدىكى خان ئوردىسىغا كېلىپ، ئالدى بىلەن ئوڭ قول ۋەزىر لۇ مىنجۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. چەي جىننىڭ گەپدانلىق بىلەن قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇنى ۋەزىر مەھكىمىسىگە ئەكېلىپ كۈتۈۋالدى ۋە چەي جىن بىلەن يەن چىڭنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئادەتتىكى ئىلىم - مەرىپەت، قائىدە - يوسۇندىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ خېلى ياقتۇرۇپ قالدى. لۇ مىنجۇڭ ئەسلىدە چىڭشى ناھىيەسىدىكى مەدرىسەنىڭ مۇئەللىمى بولۇپ، خەت ساۋاتى بولسىمۇ، بىلىمى ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئۇ چەي جىننىڭ قالتىس سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. چەي جىن بۇ يەردە بىر كېچە قوندى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاۋاپ - تەزىم ۋاقتىدا فالىڭ لا قەسرىدە دىۋانغا چىقتى، ئۇنىڭ مۇلازىملىرى، خانىشلىرى، دېدەكلىرى ئالدىنقى رەتكە تىزىلدى. ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئەلەمدار - قەلەمدار سىپاھلار ئىككىنچى رەتكە تىزىلدى. ئوردا نۆكەرلىرى، غۇلاملار قولىغا قورال - ياراغ، ئومۇت تۇتقان ھالدا تۇرۇشتى، ئاندىن ئوڭ قول ۋەزىر لۇ مىنجۇڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ئوتتۇرا ئىقلىم بولسا كۆڭغۇزىنىڭ يۇرتى. بۇ يەردە بىر كىي يىلىڭ ئىسىملىك دانىشمەن بار ئىكەن، ئۇ ئەلەم - قەلەمدىنمۇ خەۋىرى بار، ئەقىل - پاراسەت ۋە باتۇر - قەيسەرلىكتە كامالەتكە يەتكەن، رەسەتچىلىكتىن، قىرئەندازلىقتىن خەۋىرى بار، ۋاقتى - سائەتنىڭ ۋە ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى، تۈرلۈك ئىلىم -

www.uyghurkitap.com

بىلىمنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ تەڭرىقۇتنىڭ بېشارىتىنى كۆرۈپ بۇ يەرگە كەپتۇ، ھازىر ئوردا قوۋۇقى سىرتىدا قالدى، ئالىيلىرىدىن ئەمر كۈتىدۇ، — دېدى ئىلتىجا بىلەن.

— دانىشمەن بولغاندىكىن كىرسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى فاڭ لا.

ھەرقايسى قوۋۇقلاردا تۇرغان خەۋەرچىلەر فاڭ لانىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدى، چەي جىن كىرىپ فاڭ لاغا ئېگىلىپ سالام بېرىپ، ئۈزۈن ئۆمۈر تىلىدى، ئاندىن پەردە ئالدىغا چاقىرىلدى. فاڭ لا ئۇنىڭ شاھ ئەۋلادىدەك قەددى ـ قامەتلىك بىر دانىشمەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇرسەن بولغان ھالدا:

— ئەي دانىشمەن، تەڭرىقۇتنىڭ بېشارىتىنى كۆرۈپ بۇ يەرگە كەلدىم دەپسىز، ئۇ يەر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر كي يىلىك ئوتتۇرا ئىقلىملىقمەن، ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتتى، مەن ئىلىم ـ بىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بولۇپ كەلدىم، دانىشمەن ئەجدادلارنىڭ بىلىم ھېكمىتىنى ئۆگەندىم، پىر ـ ئۇستازلارنىڭ ئىلىم سېھرىنى بىلىپ چىقتىم، يېقىندا بىر كېچىسى كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا باقسام، شاھىنشاھ يۇلتۇز پالىلداپ چاقناپ دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە چۈشتى، شۇ ۋەجىدىن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، نۇرنى قوغلىشىپ بۇ يەرگە كەلدىم. دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە باقسام، مۆجۇ ئايمىقى تەرىپىدىن تەڭرىقۇتنىڭ رەڭگارەڭ نۇر بېشارىتى كۆرۈندى. بۈگۈن مەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ جامالىلىرى ۋە لۇتپى كەرەملىك قەددى ـ قامەتلىرى شۇ بېشارەت ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختىيار سانايمەن! — دېدى چەي جىن يەنە تەزىم قىلىپ.

— سۇڭ جياڭ مېنىڭ كۈنچىقىشتىكى ۋە تۆۋەن تەرەپتىكى زېمىن ـ قەلئەلىرىمنى بېسىۋالدى ۋە بۇ يەرگىمۇ يېقىن كېلىپ قالدى، بۇنىڭغا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى فاڭ لا.

— قەدىمكىلەردە: «ئاسان تاپقان دۇنيانىڭ ئاسان كېتەر

قولۇغدىن، تەستە تاپقان دۇنيايىڭ ئاسان چىقماس قولۇغدىن»
دەيدىغان گەپ بار. پادىشاھ ئالىيلىرى كۆنچىقىش ۋە تۆۋەن
تەرەپتە ئەل بىنا قىلغاندىن بۇيان ناھايىتى ئوخشۇشلۇق بىلەن
نۇرغۇن ئايماق ـ دىيارلارنى ئىلكىلىرىگە ئالغانىدىلە. بۈگۈنكى
كۈندە شۇ ئايماق ـ دىيارلاردىن بىرنەچچىسىنى سۆك جىياڭ
بىسىۋالغان بولسىمۇ، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ تەلىيى يەنە ئوڭغا
تارتىدىغان كۈن پات ئارىدا يېتىپ كەلگۈسى، دەريانىڭ تۆۋەن
تەرىپىدىكى زېمىنلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىلىرىگە ئۆتۈپلا قالماي،
ئوتتۇرا ئىقلىم زېمىنىمۇ ئالىيلىرىغا تەئەللۇق بولىدۇ، — دېدى
چەي جىن ئىلتىجا بىلەن.

فاڭ لا چەي جىننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال
بولدى ۋە چەي جىننى كىمخاب كۆرپە سېلىنغان ئورۇنغا
ئولتۇرغۇزۇپ، شاھانە مەرىكە ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭغا
مىرزىبەگلىك مەنسەپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چەي جىن
ئۆز ئىشىنى ئاقتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر كۈنى فاڭ لاغا يېقىنلىشىپ
شىرىن ـ شېكەر سۆزلەر بىلەن خۇشامەتچىلىك قىلدى. يېرىم
ئاي ئۆتمەيلا فاڭ لا ۋە ئوردا ئىچى ـ سىرتىدىكى بەگ ـ
سىپاھلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. چەي جىن
خىزمەتنى ئادىل ئىشلىگەچكە، فاڭ لا ئۇنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ
قالدى، ئوڭ قول ۋەزىر لۇ مىنجوڭنى چەي جىنگە ئەلچى قويۇپ،
مەلىكە جىن جىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئو
ئوغۇل قىلىۋالدى. يەن چىڭمۇ ئىسمىنى يۈن بىگە ئۆزگەرتتى،
كىشىلەر ئۇنى كاھبەگ يۈن دەپ ئاتايدىغان بولدى. چەي جىن
مەلىكىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئوردا ئىچىگە كىرىپ ـ چىقىپ
يۈرۈپ، ئىچكى ـ تاشقى ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەردار بولدى.
مۇھىم لەشكەر ئىشلىرى بولسا، فاڭ لا ئۇنى ھوجرىسىغا
چاقىرتىپ مەسلىھەتلىشىدىغان بولدى. چەي جىن ھەر دائىم فاڭ
لاغا:

— ھەزرەتلىرىنىڭ رەڭگىروپى ئوبدان تۇرۇپتۇ، پەقەت

ساماۋى ئەختەر چېقىلغانلىقىدىن يېرىم يىلغىچە ئارام تاپالمايدىلا، قاچانكى سۈك جياڭنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەر پۈتۈنلەي قىرىلىپ بىرىمۇ قالمىغاندا، ئاندىن ساماۋى ئەختەر ئۆز پەيلىدىن يانىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا ھەزرەتلىرىنىڭ ئىشلىرى روناق تېپىپ، ئوتتۇرا ئىقلىم ئىلكلىرىگە ئۆتىدۇ، — دەيتتى.

— مېنىڭ بىرقانچە ئەزىز سەركەردىلىرىم سۈك جياڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى فاڭ لا.

— مەن، — دېدى چەي جىن، — كېچىدە يۇلتۇزلارغا نەزەر سالدىم، ھەزرەتلىرىگە قاراشلىق نەچچە ئونلاپ سەركەردىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن بىتەلەيلىك كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار ئۇزاققا قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن، ھەزرەتلىرىنىڭ ئەل بىنا قىلىش ئىشلىرىغا يىگىرمە سەككىز مالائىك كېلىپ ھەمدەملىشىدۇ. سۈك جياڭ توپىدىنمۇ ئون نەچچىسى كېلىپ ئەل بولىدۇ، بۇ ھەزرەتلىرىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرىگە پۈتۈلگەن، بۇ ئادەملەر ھەزرەتلىرىنىڭ ئەل ـ يۇرتلىرىنىڭ كېڭىيىش يولىدا خىزمەت قىلغۇچىلار بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان فاڭ لا ناھايىتى خۇرسەن بولدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

ۋەزىر ئەزەمگە جازا زىنداندا بەرگەن بىر زامان،
لىللىڭنىڭ ئەل بولغىنىنى كىم ئەيىب كۆرمەس شۇئان.
كىم بىلىپتۇ ئەتىۋا كاھىنىنى قىلغاي رەھمە دەپ،
ئەجىر ئەيلەر دەپ ئۇنىكىم تىك تۇرۇپ سۈك جياڭ سايان.

چەي جىنىنىڭ پادىشاھ كۈيۈ ئوغلى بولغانلىقى ھەققىدىكى سۆزمۇ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى سۈك جياڭدىن ئاڭلاڭ. سۈك جياڭ چوڭ قوشۇننى باشلاپ خاڭجۇدىن چىقىپ،

فۇياڭ ناھىيەسىگە يول ئالدى، بۇ چاغدا نۇرانە ئەل ئۇستازى دىڭ يۈەنجۆ، باش سەركەردە شى باۋ، ۋاڭ جى، چاۋ جۇڭ، ۋېن كېراڭلار يىغىلغەن ئاقساق ـ چولاق لەشكەرلىرىنى باشلاپ فۇياڭ ناھىيەسىدىكى چاقىسىغا كېلىپ، بۇ چاقىسىنى ساقلاپ ياتاتتى ۋە مۇجۇ ئايمىقىدىن ھەمدەملىك تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. سول قول ۋەزىر زۇ شىيۈەن دەرھال ئون مىڭ يىگىتمۇ تەڭ كېلەلمەيدىغان باش پەنسادبەگ بەي چىن بىلەن ئورۇنباسار پەنسادبەگ جىڭ دېنى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن بولۇشۇشقا ئەۋەتتى، بۇلار فۇياڭ ناھىيەسىگە كېلىپ، نۇرانە ئەل ئۇستازلىرىغا قوشۇلۇپ، تاغ چوققىسىنى ئىلكىگە ئالدى. سۇڭ جياڭنىڭ چوڭ قوشۇنى چىلىۋەنگە يېتىپ كەلدى. سۇ لەشكەرلىرىمۇ ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ماڭدى. شى باۋ بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن زەنجىرلىك ئومۇتنى ۋە ئۆتكۈر قىلىچىنى ئېلىپ، فۇياڭ ناھىيەسىنىڭ تاغ چوققىسىدىن چۈشتى ـ دە، سۇڭ جياڭغا دېۋەيلەپ كەلدى. گۇەن شېڭ ئات سېلىپ چىقماقچى بولۇۋىدى. لۇ فاڭ:

— ئاغا، سەل تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، بۇ ئەبلەخ بىلەن مەن بىرنەچچە قەپەس ئېلىشىپ كۆرەي، — دېدى.

سۇڭ جياڭ نىشان تۇغ ئاستىدىن قارىسا، لۇ فاڭ ئاتلىنىپ قولىغا يالمان تۇتقىنىچە ئۇدۇل شى باۋغا قاراپ كېتىۋېتىپتۇ. شى باۋ ئۆتكۈر قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە سەپتىن چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ ئىككىسى ئەللىك قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن گو شېڭ لۇ فاڭنىڭ تەڭ كېلەلمەي قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يالمىنىنى كۆتۈرگىنىچە ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ، شى باۋنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. شى باۋ بىر قىلىچ بىلەنلا ئىككى يالمانغا تەڭ كەلدى. ئۇلار تازا قاتتىق ئېلىشىۋاتقاندا، نۇرانە ئەل ئۇستازى جاڭ چالدۇرۇپ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. ئەسلىدە دىڭ يۈەنجۆ دەريادىكى جەڭ كېمىلىرىنىڭ بوران كۈچى بىلەن دەريانىڭ قىرغىقىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ

كېلىپ ئىككى تەرەپتىن تېگىش قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، جاڭ چېلىپ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالغاندى. لۇ فاڭ بىلەن گو شېڭ قويۇپ بەرمەي ئېلىشتى. شى باۋ يەنە تۆت ـ بەش قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن سۇڭ جياڭنىڭ سېپىدىن جۇتۇڭ نەيزىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئاتلىق كېلىپ، شى باۋ بىلەن ئېلىشتى. شى باۋ بۇ ئۈچ سەركەردىگە تەڭ كېلەلمەي، نەيزە بىلەن يالمانلىرىنى قېقىۋېتىپ قېچىپ كەتتى. سۇڭ جياڭ قامچىسىنى بىر شىلتىۋىدى، لەشكەرلىرى ئۇر ـ چاپ بىلەن فۇياڭ ناھىيەسىدىكى تاغ چوققىسىغا چىقتى. شى باۋنىڭ لەشكەرلىرى يول ئۈستىدە توختىماي، ئۇدۇل تۇڭلۇ ناھىيەسىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى كېچىلەپ قوغلاپ، ئاق ھەرە چوققىسىدىن ئۆتۈپ، قوش تىكىپ ئورۇنلاشتى. سۇڭ جياڭ شۇ كېچىسى شېي جېن، شېي باۋ، يەن شۇن، ۋاڭ پەتەك يولۋاس، غۇنچە بويلارنى بىر مىڭ پىيادە لەشكەر بىلەن كۈنچىقىش تەرەپتىن؛ لى كۈي، شياڭ چوڭ، لى گۇن، فەن رۈي، ما لىنلارنى بىر مىڭ پىيادە لەشكەر بىلەن كۈنپېتىش تەرەپتىن تۇڭلۇ ناھىيەسىگە بېرىپ قاراقچىلار قوشىغا تېگىشكە ئەۋەتتى. لى جۇن، رۇەن جەمەتىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداش، تۇڭ جەمەتىدىن بولغان ئىككى قېرىنداش ۋە مېڭ كاڭلارنى سۇ يولى بىلەن بېرىپ تېگىشكە ئەۋەتتى. شېي جېنلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ، قاق يېرىم كېچىدە تۇڭلۇ ناھىيەسىگە يېتىپ باردى. نۇرانە ئەل ئۇستازى دېڭ يۈەنجۆ بىلەن شى باۋ لەشكەرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، توساتتىن توپ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، ھەممەيلەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قېچىشتى. قارىسا، ئۈچ جايدا ئوت يېنىۋېتىپتۇ، سەركەردىلەر ئېلىشىشقىمۇ پېتىنالماي شى باۋنى ئەگىشىپ جېنىنى پاناھلاپ قاچتى. ئۈچ تارام بولۇپ كەلگەن سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى قىر ـ چاپ بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. ۋېن كېراڭ كېيىنرەك ئاتلىنىپ چىغىر يول بىلەن قاچتى، ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ۋاڭ پەتەك

يولۋاس بىلەن غۇنچە بويىغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى تەڭلا بېرىپ، ۋېن كېراڭنى ئاتتىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ تىرىك تۇتۇۋالدى. لى كۇي، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، فەن رۇي، مالىنلار تۇڭلۇ ناھىيەسىدە ئادەم قىرىش، ئوت قويۇش بىلەن بولۇپ كەتتى. سۇڭ جياڭ ناھىيەنىڭ ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال قوزغىلىپ تۇڭلۇ ناھىيەسىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. ۋاڭ پەتەك يولۋاس بىلەن غۇنچە بوي ۋېن كېراڭنى سۇڭ جياڭغا تاپشۇرۇپ ئەجىر ـ تۆھپىسىنى ئىزھار قىلدى. سۇڭ جياڭ ۋېن كېراڭنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى خاڭجۇدىكى جاڭ باسقاقبەگ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەتىسى سۇڭ جياڭنىڭ سۇ ۋە قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرى يولغا چىقىپ، قارا ئەجدىھا چوققىسىنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەلدى. شۇ چوققىدىن ئۆتسىلا مۇجۇ ئايمىقىغا باراتتى. بۇ چاغدا نۇرانە ئەل ئۇستازى ئۆز سەركەردىلىرى بىلەن چوققىغا چىقىپ، چوققىنى ساقلىدى. قارا ئەجدىھا چوققىسى چاڭجياڭ دەرياسى بىلەن تۇتاش بولۇپ، تىك چوققىلار ئاستىدا شارقىراپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى، تاغ ئۈستىدە قوغدىغۇچىلار، تاغ ئاستىدا جەڭ كېمىلىرى قاتار ـ قاتار تۇراتتى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى قارا ئەجدىھا چوققىسى ئېتىكىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. سۇڭ جياڭنىڭ پىيادە لەشكەرلىرىدىن لى كۇي، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار يولنى چارلاپ كېلىش ئۈچۈن بەش يۈز سۇپەرچى بىلەن يولغا چىقتى. بۇلار قارا ئەجدىھا چوققىسىنىڭ باغرىغا كەلگەندە، تاغ ئۈستىدىن كۆتەك، تاش ئوقلار يېغىپ كەتتى. ئۇلار ئىلگىرىلىيەلمەي، ئىلاجسىز قايتىپ ئەھۋالنى سۇڭ تۇرشاۋۇلغا مەلۇم قىلدى. سۇڭ جياڭ رۇەن شياۋچى، مېڭ كاڭ، تۇڭ مېڭ، تۇڭ ۋېيلارنى جەڭ كېمىلىرىنىڭ يىگىرمىسىنى ئېلىپ، دەريا ساھىلىغا چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا رۇەن شياۋئېر ئىككى ياردەمچى سەركەردە ئېلىپ، بىر مىڭ سۇ لەشكىرى بىلەن يۈز كېمىگە

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈپ يولغا چىقتى. بۆلار تۇغ ـ ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ، ناغرا ـ دۇمباقلار چېلىپ، ناخشىلارنى ياڭراتقىنىچە قارا ئەجدىھا چوققىسىغا قاراپ بارماقتا ئىدى. فاڭ لانىڭ سۇ تۇراسى دەريانىڭ تاغقا تۇتاشقان تەرىپىگە جايلاشقانىدى. بۇ تۇرادا بەش يۈز جەڭ كېمىسى، بەش مىڭ سۇ لەشكىرى بار ئىدى. ئۆلارنىڭ تۆت باشلىقىنى خەقلەر جىجياڭنىڭ تۆت ئەجدىھاسى دەپ ئاتىشاتتى. ئۆلار مۇنۇلار:

ئاق تىرناق ئەجدىھا باشبۇغ چېڭ گۇي

چىپار قاسراق ئەجدىھا باشبۇغ ئورۇنباسارى جەي يۈەن

دولقۇن يارار ئەجدىھا ئوڭ قول باشبۇغ ئورۇنباسارى چياۋ جىڭ

شار ئوينىتقۇچى ئەجدىھا سول قول باشبۇغ ئورۇنباسارى شيې فۇ

بۇ تۆت باشبۇغ ئەسلىدە چيەنتاڭ دەرياسىدىكى قېيىقچىلار ئىدى، ئۆلار فاڭ لاغا قوشۇلغاندىن كېيىن ئۈچىنچى دەرىجىلىك مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە ئىگە بولغانىدى. شۇ كۈنى رۇەن شياۋئېرلار قېيىقتا چۇشۇپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇدا ئۈزۈپ دەريا ساھىلىغا چىقماقچى بولدى. فاڭ لانىڭ سۇ تۇراسىدىكى بۇ تۆت باشبۇغى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئەللىك چاتما ئوت سال تەييارلىدى. بۇ ئوت ساللار چوڭ قارىغايلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىشتۇرۇش يولى بىلەن ياسالغانىدى، ئۆلارنىڭ ئۈستىگە ئوت ـ چۆپلەر دۆۋىلىنىپ، چۆپلەر ئىچىگە تۇتۇرۇقلۇق گۈڭگۈرت تىقىپ قويۇلغان، بۇ ساللار قوموش بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ، دەريا ساھىلىنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇلغانىدى. رۇەن شياۋئېر، مېڭ كاڭ، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلار ھېچنېمىگە قارىماي، دەريادىن ساھىل تەرەپكە ماڭدى. ھېلىقى تۆت باشبۇغ بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن بىردىن قىزىل ئەلەم كۆتۈرۈپ تۆت قېيىقنى ھەيدەپ كەلدى. رۇەن شياۋئېر بۇلارنى كۆرۈپ سۇ لەشكەرلىرىگە ئوقيا ئېتىڭلار دەپ بۇيرۇق بەردى، ھېلىقى تۆت قېيىق دەرھال ئارقىغا قايتىپ كەتتى. رۇەن شياۋئېر ئۆز لەشكەرلىرىنى ساھىلغا چىقىشقا بۇيرۇدى، ھېلىقى تۆت قېيىق ساھىلغا يېقىن

بىرىپ تـوختـىدى ـ دە، تـوّت باشبوّغ دەريـادىن قاشـقـا چىقـتـى، ئۆلارنـىڭ سۇ لەشـكەرلىرىمۇ قاشـقـا چىقـتـى. روّەن شياۋئـىـر ساھىلىنىڭ كۆل تۇراسىدىكى قىيىقلارنىڭ كۆپلـوّكىنى كـوّروّپ، ساھىلغا چىقىشقا پېتىنالمىدى، ئۇ ئارىسالدىلىقتا تۇرغاندا، قارا ئەجدىھا چوققىسىدىن ئەلەملەر لەپىلدەپ، جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى، چاتـما ئوت سالـلارغا ئوت تۇتـاشتۇرۇلـدى، بـۇ سالـلار سۇدا شامالنىڭ كۈچى بىلەن ئېقىپ كەلدى، ئـارقىدىكى چوڭ قـيىقلارغا چوشكەنلەر چۇقان ـ سۈرەنلەر سېلىشىپ، ئۇزۇن نەيزە ـ ئوقىرۇقلارنى كۆتۈرگىنىچە ئوت سالغا ئـەگىشىپ يېتىپ كېلىشتى. توك ۋېي، توك مىڭلار ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرگـەندىن كـېـيىن قـيىقلىرىنى قـاشقا تاشلىۋېتىپ تاغـقـا ياماشتى، ئاندىن يول تېپىپ ئۆز قوشىغا قايتتى. روّەن شياۋئـىـر بـىـلەن مېڭ كـاڭ قـيىـق ئۇستىـدە ياۋغا تاقـابىل تـۇردى، ئـوت ساللىـرىدىكى ئـوت بارغانسېرى يېقىنلاشـتـى، روّەن شياۋئـىـر دەرھال ئۆزىنـى سۇغا ئاتـتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىـر قـيىـق يېتىپ كېلىپ ئـوقـرۇق بىلـەن ئـىلىـۋالـدى. روّەن شياۋئـىـر سارامىگە چۇشۇپ، باشقىلارنىڭ قولىدا خارلىنىپ يۈرىمەنمۇ دەپ، يان قىلىچىنى ئېلىپ ئۆزىنى ئۆلتـۈرۈۋالدى. مېڭ كـاڭ بۇنى كۆرۈپ دەرھال سۇغا سەكرەپ چۇشمەكچى بولۇۋىدى، ئـوت ساللىرىدىن توپ ئـېتىلىـپ، بىر تـوپ ئوقى كېلىپ دەل مېڭ كاڭنىڭ بېشىغا تېگىپ، بېشىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. سۇ لەشكەرلىرىنىڭ توّت باشبوّغى ئـوت كېمىسىگە چىقىپ ئـۇر ـ چاپ بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. روّەن شياۋۋۇ، روّەن شياۋچىلار ئارقىدىكى قىيىقتا تۇرۇپ، ئالدىدا كەتكەن قىيىقلارنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى، قاراقچىلارنىڭ دەريا قىيىنى بويلاپ ئۇر ـ چاپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى ـ دە، دەرھال قىيىقلىرىنى ئارقىغا بۇراپ سۇنىڭ ئېقىشى بويىچە توّخلوّغا قاراپ قاچتى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكى نۇرانە ئەل ئۇستازى دىڭ يوّەنجوّ بىلەن باش سەركەردە شى باۋ سۇ

لەشكەرلىرى باشبۇغىنىڭ يىگىش قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، تاغ چوققىسىدىن باستۇرۇپ چۈشتى. سۇ چوڭقۇر، يول ئۇزۇن بولغاچقا، قوغلاشقا بولمىدى، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى تۇڭلۇ ناھىيەسىگە چېكىنىپ بېرىپ ئورۇنلاشتى، فاڭ لانىڭ لەشكەرلىرىمۇ قارا ئەجدىھا چوققىسىغا قايتىپ كەتتى.

سۇڭ جياڭ تۇڭلۇ ناھىيەسىدە قوش تىكىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن رۇەن شياۋئېر بىلەن مېڭ كاڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بارگاھتا گېلىدىن تاماق ئۆتمەي، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، بىئارام بولدى. ۋۇ يۇڭ ۋە باشقا سەركەردىلەر تەسەللى بەرسىمۇ، ئۆزىنى باسالمىدى. رۇەن شياۋچى بىلەن رۇەن شياۋۋۇ قارىلىق تاقىدى ۋە سۇڭ جياڭغا ئىلتىجا قىلىپ:

— بۈگۈنكى كۈندە ئاكىمىز ئەلنىڭ ئىشىنى دەپ ئۆزىنى قۇربان قىلغانلىقى لياڭشەن كۆلىدە ئۆلۈپ نام - نىشانسىز يوقالغانلىقىدىن تۈزۈك بولدى. تۇرشاۋۇل، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلماي، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىنىڭ غېمىنى قىلسىلا، بىز ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بېرىپ ئىنتىقام ئالىمىز، — دېدى.

سۇڭ جياڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى بىرئاز توختىتىۋالدى، ئەتىسى لەشكەرلىرىنى ئېدىتلاپ جەڭگە چىقماقچى بولدى. ۋۇ يۇڭ:

— ئاغا، ئالدىرىمىسىلا، يەنە بىرەر قۇر مەسلىھەتلىشىپ، پەم بىلەن بارساقمۇ كېچىككەن بولمايمىز، — دېدى.

— بىز ئاكا - ئۇكا ئىككىمىزنىڭ تېگىمىز ئۇۋچى، تاغقا چىقىش، داۋان ئېشىشقا كۆنۈكۈپ كەتكەنمىز، ئىككىمىز يەرلىك ئۇۋچى سىياقىدا ياسىنىپ، تاغقا چىقىش بىلەن ئوت قويۇپ قاراقچى لەشكەرلەرنى چۆچۈتسەك، ئۇ چاغدا ئۇلار چوقۇم چاقسىنى تاشلاپ قاچىدۇ، — دېدى شيې جېن بىلەن شيې باۋ.

— بۇ ئوبدان پەنت بولدى، بىراق تاغ تىك بولغاچقا، چىقىش تەس، مۇبادا پۇت سەللا تېيىلىپ كەتسە جاندىن جۇدا بولدۇق دېگەن گەپ، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— بىز، — دېدى شىپى جېن بىلەن شىي باۋ، — ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز دېڭجۇ ئايمىقىنىڭ زىندانىدىن لياڭشەن كۆلىگە قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئاغىمىزنىڭ دۆلىتىدە نۇرغۇن يىللارغىچە باتۇر ئەزىمەت بولۇپ كەلدۇق، ئەمدى بولسا پادىشاھلىقىنىڭ ئەمرى بىلەن كىمخاب لىباس كىيىشكە سازاۋەر بولدۇق، بۇگۈنكى كۈندە ئوردا ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلىپ، ئاغىمىزنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرساق ئارتۇق كەتمەيدۇ.

— ئەزىز ئىنىلىرىم، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ئۇنداق شۇم سۆزلەرنى قىلماڭلار، ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىپ بالدۇرراق ئاستانىگە قايتساق، ئوردا ھەرگىزمۇ بۇ ئەجىر - تۆھپىمىزنى يەردە قويمايدۇ، جان - دىل بىلەن ئىشلەپ، بارلىق كۈچۈڭلارنى ئەل يولىدا سەرپ قىلىپ ئەجىر كۆرسىتىڭلار.

شىي جېن بىلەن شىي باۋ مېڭىشقا تەييارلىنىپ، يولۋاس تېرىسىدىن تىكىلگەن جىلىتكىسىنى كىيدى، بېلىگە قىلىچ ئېسىپ، قولىغا چاڭگاك ئالدى، ئاندىن سۇڭ جياڭ بىلەن خوشلىشىپ، چىغىر يول بىلەن قارا ئەجدىھا چوققىسىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ چاغدا تېخى ئەمدىلا ئەسىر ۋاقتى بولغانىدى، يول ئۈستىدە مۆكۈۋالغان ئىككى قاراقچى لەشكەرگە يولۇقتى. ئۇلار بۇ ئىككى لەشكەرنى ئۆلتۈرۈپ، قارا ئەجدىھا چوققىسى ئېتىكىگە كەلگەندە ئەلياتقۇ مەھەل بولۇپ قالدى. تىڭتىڭلاپ باقسا، چوققىدىكى تۇرادىن تاكتاك ئاۋازى ئاڭلىنىۋېتىپتۇ، چوڭ يول بىلەن چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي، پەلەك غوللىرىغا ئېسىلىپ چوققىغا ياماشتى. ئاي تۈننى كۈندۇزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. شىپى جېن بىلەن شىي باۋ چوققىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يېتىپ چىققاندا، چوققا ئۈستىدىن ۋال - ۋۇل قىلىپ تۇرغان پانۇس يورۇقى كۆرۈندى. ئىككىسى قوۋۇق يېنىغا كېلىپ تىڭتىڭلاپ، يۇقىرىدىن تۆت قېتىم ئۇرۇلغان تاكتاك ئاۋازىنى ئاڭلىدى. شىي جېن ئىنىسىغا قاراپ:

— تۆن قىسقا، تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، ئىككىمىز چىقايلى، —

دېدى.

ئىككىسى تاغ چوققىسىغا قاراپ داۋاملىق ياماشتى، ئەگرى ـ بۈگرى داۋان ۋە تىك قىيالاردىن ھېچنېمىگە قارىماي يامىشىپ چىقىۋەردى، شۇ ئەسنادا ئۆشنىسىدىكى چاڭگاك پېلەككە ئىلىنىپ قالدى ـ دە، شاپۇر ـ شۇپۇر ئاۋاز چىقىپ كەتتى، بۇ ئاۋاز تاغ ئۈستىدىكىلەرگە ئاڭلاندى. شىي جېن يامىشىپ بىر ئويمان يەرگە يېتىپ چىققاندا، ئۈستىدىن «تەگ» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، بىر ئوقرۇق چىقىپ شىي جېننىڭ چېچىدىن ئىلىنۋالدى. شىي جېن دەرھال بېلىدىكى قىلىچنى ئالغۇچە، پۈتى كۆتۈرۈلۈپ ساڭگىلاپ قالدى. ئۇ ئالاقزەدە بولۇپ قىلىچى بىلەن ئالمان ـ تالمان بىرنى چاپتى ـ دە، قىلىچ ئوقرۇقنى سۇندۇرۇۋەتتى، بىراق ئۆزى موللاق ئېتىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ئۆمرىنىڭ يېرىمىغىچە باتۇر بولۇپ كەلگەن بۇ بىچارە شىي جېن يۈز نەچچە غۇلاچ كېلىدىغان قىيادىن ئوڭدىسىغا چۈشۈپ جېنىدىن ئايرىلدى. پەستە بۆرە چىشىدەك ئۈچلۈق تاشلار شىي جېننىڭ تېنىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. ئاكىسىنىڭ تاغ ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن شىي باۋ دەرھال ئارقىسىغا ياناماقچى بولدى، بۇ چاغدا تاغ ئۈستىدىن چوڭ ـ كىچىك تاشلار ۋە ئوقيا ئوقلىرى ياغدى. ئۆمۈر بويى ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتكەن بىچارە شىي باۋ قارا ئەجدىھا چوققىسىنىڭ تېگىدە جان بەردى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ ئۆلۈكى ئىرماش ـ چىرماش پېلەكلەر ئارىسىدا قالدى. تاڭ ئاتتى. تاغدىن ئادەم چۈشۈپ، شىي جېن بىلەن شىي باۋنىڭ ئۆلۈكىنى تاغ چوققىسىغا ئاچىقىپ تالاغا تاشلاپ قويدى. پايلاقچى بۇ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇققاندىن كېيىن سۇڭ تۇرشاۋۇلغا شىي جېن بىلەن شىي باۋ قارا ئەجدىھا چوققىسىنىڭ ئېتىكىدە ئۆلدى، دەپ مەلۇم قىلدى. سۇڭ جياڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن يىغلاپ بىرنەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن گۈەن شېڭ، خۇا رۇڭلارنى قارا ئەجدىھا چوققىسىغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ تۇت

قىرىندىشى ئۇچۇن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشنى تاپشۇردى. ۋۇ يۇڭ:

— ئەزىز ئاغا، سەۋر قىلسىلا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈشى ئۆز تەقدىرلىرىدىن بولدى. چوققىنى ئالىمىز دېسەك، ئەپلىك پەم بىلەن ئىش كۆرمىكىمىز لازىم، ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئوبدان پەم - پاراسەت تاپقاندىن كېيىن ئاندىن سەركەردە - سەرۋازلارنى يۆتكىسەك بولارمىكىن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

— پۇت - قولۇم بولۇپ كەلگەن قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمى چىقىم بولار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. قاراقچىلارنىڭ ئىنىلىرىمنى تالادا تاشلاپ بوران - چاپقۇنلارغا سېلىپ قويغىنىغا قانداقمۇ چىدايمەن، بۈگۈن كېچە لەشكەرلەرگە جەسەتنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، جەسەت ساندۇقىغا سېلىپ دەپنە قىلدۇرماي قويمايمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ غەزەپ بىلەن.

— قاراقچىلارنىڭ جەسەتنى تالاغا تاشلاپ قويغانلىقىدا بىر گەپ بار، ئاغا، ھەرگىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلمىسىلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ نەسىھەت قىلىپ.

سۇڭ جياڭ مۇشاۋىرنىڭ نەسىھەتىنى زادى ئاڭلىمىدى. ئۇ دەرھال ئۈچ مىڭ خىل لەشكەر تاللاپ گۇەن شېڭ، خۇا رۇڭ، لۈ فاڭ، گو شېڭلار بىلەن كېچىلەپ قارا ئەجدىھا چوققىسىغا قاراپ يول ئالدى، بۇ چاغدا ئەلياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. بىر سەرۋاز كېلىپ:

— ئالدىمىزدا ئىككى جەسەت تالادا يېتىپتۇ، ئۇ شيې جېن بىلەن شيې باۋنىڭ جەسىتىدەك تۇرىدۇ، — دېدى.

سۇڭ جياڭ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ قارىسا، ئىككى دەرەخكە ئىككى جەسەت ئېسىپ قويۇلۇپتۇ ۋە دەرەخنىڭ بىر پارچە قوۋزىقى سويۇۋېتىلىپ، ئۇنىڭغا ئىككى قۇر چوڭ خەت يېزىپ قويۇلۇپتۇ، سۇڭ جياڭ قاراڭغۇدا ئۇنى ئېنىق كۆرەلمەي، توپقا تۇتۇرۇق قىلىدىغان چوغ بىلەن چىراغنىياندۇرۇپ قارىسا،

ئۇنڭغا «سۇڭ جياڭمۇ ئاقمۇەت مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرۈلۈپ، سازايى قىلىنىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. بۇنىڭغا سۇڭ جياڭ تازا غەزەپلىنىپ، جەسەتنى دەرەخ ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى، بۇ چاغدا ئەتراپتا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقاشلار پەيدا بولدى، داقا ـ دۇمباق، جاڭ سادالىرىمۇ كۆتۈرۈلدى، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى قاتمۇقات قورشاۋ ئىچىدە قالدى. ئالدى تەرەپتىكى تاغ چوققىسىدىن ئوقيالار ئېتىلدى، دەريادىكى كېمىگە چۈشكەن سۇ لەشكەرلىرىمۇ دەريادىن قاشقا چىقىشتى. سۇڭ جياڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، داد ـ پەرياد سېلىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئۇ لەشكەرلىرىنى چېكىنىدۇرەي دەپ تۇرۇشىغا، شى باۋ يولىنى توسۇۋالدى. ئۇ يان تەرەپتىن چىقىپ كەتمەك بولۇۋىدى، دېڭ يۈەنجۆ باستۇرۇپ كەلدى.

مالىڭداۋ جېڭگە ئوخشايتتى بۇ جەڭ،
سۇمۇرغ كۆكتىن يەرگە يىقىلىپ هالى بولدى تەڭ.

ئەمدى سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قانداق قۇتۇلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز ئون يەتتىنچى باب

## مۇجۇ ئايمىقىدا دىڭ يۈەنجۈنىڭ ئوقيا بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى قارا ئەجدىھا چوققىسىدا ئىلاھىنىڭ سۇڭ دانىشقا مەدەت بەرگەنلىكى

ئەلقىسسە، سۇڭ جياڭ شيې جېن بىلەن شيې باۋنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، قارا ئەجدىھا تېغى ئېتىكىگە بارغىنىدا شى باۋنىڭ قاپقىنىغا چۈشتى. تۆت تەرەپتە مۆكۈپ ياتقان لەشكەرلەر تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇشتى، ئالدى تەرەپتىن شى باۋ لەشكەرلىرى بىلەن چىقىپ كەلدى، كەينى تەرەپتىن دىڭ يۈەنجۆ چىقىپ توسۇپ:

— ھەي سۇڭ جياڭ، ئەمدى ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بولماي قاچانغىچە قاراپ تۇرىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپ خىتاب قىلدى.

گۇەن شېڭ بۇنى ئاڭلاپ قەھرى تاشتى - دە، ئېتىنى قامچىلاپ، قىلىچىنى ئويناتقان پېتى شى باۋغا ئېتىلدى. ئىككى سەركەردە كېلىپ بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ بولغۇچە، كەينى تەرەپتىن يەنە ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى، ئارقىسىدىن سۇ لەشكەرلىرىنىڭ تۆت باشبۇغى بىراقلا قىرغاقتا چىقىپ، ۋاڭ جى، چاۋ جۇڭلار بىلەن بىللە تاغدىن ئېتىلىپ چۈشتى. خۇا رۇڭ دەرھال ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىپ، كەينىدىن كەلگەنلەرنى توسۇپ، ۋاڭ جى بىلەن ئېلىشتى. ئۇلار بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن خۇا رۇڭ قاچتى. ۋاڭ جى بىلەن چاۋ جۇڭ ئۇنى قوغلاپ كەلدى، خۇا رۇڭ ئوقياسىدىن ئارقا - ئارقىدىن ئىككى ئوق ئۈزدى. ئىككى سەركەردە شۇ ھامان ئاتتىن تىك

موللاق ئېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن لەشكەرلەر قىيا ـ چىيا قىلىشىپ، ئارقىغا قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى. ھېلىقى تۆت باشبۇغ خۇا رۇڭنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاڭ جى بىلەن چاۋ جۇڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېقىن يولالمىدى، شۇ سەۋەبتىن خۇا رۇڭ ئۇلارغا يالغۇز ئۆزى تاقابىل تۇردى. شۇ ئەسنادا يان تەرەپتىن ئىككى تارام لەشكەر چىقىپ كەلدى: بىرىنچى تارامنىڭ پەنسادى بەي چىن، ئىككىنچى تارامنىڭ پەنسادى جىڭ دې ئىدى. سۇڭ جياڭنىڭ سېپىدىن ئىككى سەركەردە چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ بىرى لۈ فاڭ بولۇپ، ئۇ بەي چىن بىلەن، يەنە بىرى گو شىڭ بولۇپ، ئۇ جىڭ دې بىلەن ئېلىشتى، تۆت تەرەپتە سەركەردە ـ سەرۋازلار جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ قىر ـ چاپقا چۈشتى. سۇڭ جياڭ تىتىلداپ تۇرغاندا، فاڭ لا لەشكەرلىرى ئارقىسىدا «قىرىڭلار» دېگەن سادا پەلەككە ياڭراش بىلەن تەڭلا، قاراقچى لەشكەرلەر قېچىشقا باشلىدى. سۇڭ جياڭ قارىسا، لى كۈي بىر مىڭ پىيادە لەشكەر بىلەن شياڭ چۇڭ ۋە لى گۇن دېگەن ئىككى سۈپەرچىنى باشلاپ، شى باۋنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن باستۇرۇپ كەپتۇ، شۇ ئەسنادا دېڭ يۈەنجۆ لەشكەر ئەگەشتۈرۈپ شى باۋغا بولۇشۇشقا كەلدى، ئۇ ئەمدىلا كېلىشىگە، لۈ جىشىن بىلەن ۋۇ سۇڭ مىڭدەك پىيادە لەشكەرنى باشلاپ، دېڭ يۈەنجۆنىڭ كەينىدىن غەزەپ بىلەن بىر جۈپ راھىبلىق قىلىچى ۋە تۆمۈر گۈرزىسىنى ئويناتقىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. بۇلارنىڭ كەينىدىن چىن مىڭ، لى يىڭ، جۇ تۇڭ، يەن شۇن، ما لىن، فەن رۇي، غۇنچە بوي، ۋاڭ پەتەك يولۋاسلار ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي ئېتىلىپ كەلدى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ، شى باۋ بىلەن دېڭ يۈەنجۆنىڭ لەشكەرلىرىنى قىرىپ ـ چېپىپ، تىرىپىرەن قىلىۋەتتى ۋە سۇڭ جياڭنى قۇتقۇزۇپ، تۇڭلۇ ناھىيەسىگە قايتۇرۇپ كەلدى، شى باۋمۇ لەشكەرلىرىنى يىغىپ تاغقا چىقىپ

كەتتى. سۇڭ جياڭ قوشقا قايتىپ كېلىپ، ئۆز سەركەردىلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— ئەگەر سىلەر بېرىپ قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولساڭلار، روھىم ئاللىقاچان شىيې جېن، شىيې باۋلار بىلەن بىللە تەھتىسارادا يۈرەتتى، — دېدى.

— ئاغا، سىلىنىڭ بۇ قېتىم ئۇ يەرگە بېرىشلىرىنى لايىق كۆرمىگەنىدىم، شۇڭا ئۆزلىرىگە بىرەر زىيان - زەخمەت يېتىپ قالمىغاي دەپ بۇلارنى ھەمدەمگە ئەۋەتكەنىدىم، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

بۇنىڭغا سۇڭ جياڭ كۆپتىن - كۆپ تەشەككۇر ئىزھار قىلدى.

ئەمدى شى باۋ، دېڭ يۈەنجۆلەرگە كەلسەك، ئۇلار قارا ئەجدىھا چوققىسىغا قايتقاندىن كېيىن ئۆز تۇراسىدا مەسلىھەتكە چۈشتى. شى باۋ:

— ھازىر سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى تۆڭلۇ ناھىيەسىگە جايلىشىۋالدى، ناۋادا ئۇلار چىغىر يوللار بىلەن بۇ چوققىدىن ھالقىپ ئۆتىدىغان بولسا، مۇجۇ ئايمىقىنىڭ خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلمىقى تەس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئۆزلىرى چىڭشى ناھىيەسىدىكى چوڭ تۇراغا بېرىپ، تەڭرىقۇت بىلەن مۇلاقات بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇ چاقسىنى ساقلاش ئۈچۈن لەشكەر يۆتكەپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلغانلىرى تۈزۈك، شۇنداق بولغاندا، بۇ يەرنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالالايمىز، — دېدى.

— دېگەنلىرى تازا جايىدا بولدى، ئۇنداق بولسا مەن دەرھال يولغا چىقاي، — دېدى دېڭ يۈەنجۆ ۋە دەرمەھەل ئېتىغا مىندى - دە، ئاۋۋال مۇجۇغا كېلىپ، سول قول ۋەزىر زۇ شىيۈەن بىلەن كۆرۈشۈپ:

— سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ئاجايىپ قاۋۇل شىرمەت لەشكەرلەر ئىكەن، ئۇلارغا بەس كەلمەك ناھايىتى قىيىندەك كۆرۈنىدۇ، ناۋادا سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى سۈرۈپ كېلىپ قالسا يېڭىلىپ قالارمىزمىكىن دەپ، چوققىنى ساقلاشقا لەشكەر

يۆتكەپ بېرىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىپ، ئالاھىدە ھۇزۇرلىرىغا كېلىپ قالدىم، — دېدى.

زۇ شىيۇەن بۇنى ئاڭلاپ شۇ ھامان ئېتىغا مىندى ـ دە، دېڭ يۈەنجۇ بىلەن بىللە مۇجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ، چېگىشى ناھىيەسىدىكى باڭيۈەن غارىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئالدى بىلەن ئوڭ قول ۋەزىر لۇ مىنجۇڭ بىلەن مۇلاقات بولۇپ، ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ، لەشكەر يۆتكەپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە فاڭ لا دىۋاندا ئولتۇردى، ئوڭ قول ۋە سول قول ۋەزىرگە ھەمراھ بولۇپ دېڭ يۈەنجۇمۇ تاۋاپ ـ تەزىمنى بەجا كەلتۈردى، ئاندىن ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ، تەكرىنقۇتقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ:

— پېقىر جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مۇقەددەس يارلىقىنى ئېلىپ، شاھزادە بىلەن بىللە خاڭجۇ ئايمىقىنى ساقلاپ تۇرغاندىم. كۇتۇلمىگەندە سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى دەھشەت بىلەن سۈرۈپ ـ بېسىپ كەلدى، ئۇلار غايەت كۈچلۈك ۋە باتۇر ئىكەن، تاقابىل تۇرۇشقا قۇربىمىز يەتمىدى، ئۇلار يۈەن دادخاھنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەھەرگە كىرىۋېلىشتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن خاڭجۇ ئايمىقى قولدىن كەتتى، شاھزادە جەڭگە بېرىلىپ كېتىپ، جەڭدە قازا تاپتى. ئەمدىلىكتە پېقىر باش سەركەردە شى باۋ بىلەن بىللە قارا ئەجدىھا چوققىسىغا چېكىنىپ بېرىپ، چوققىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمىز، يېقىندا سۇڭ جياڭنىڭ سەركەردىلىرىدىن تۆتنى ئۆلتۈرۈپ، ھەيۋىتىمىزنى كۆرسەتتۇق. ھازىر سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى تۇڭلۇ ناھىيەسىگە كىرىپ جايلىشىۋالدى. بۇ قاراقچىلار قاچانلا بولسۇن چىغىر يول بىلەن چوققىدىن ھالقىپ ئۆتۈپلىشىۋالسا، بۇ چوققىنى ساقلىماق مۇشكۇل بولۇپ قالارمىكىن، دېگەن ئەندىشىدە تۇرۇۋاتىمىز، شۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكى چاقسىنى مۇداپىئە قىلىشنى كۈچەيتىش، قاراقچىلارنى سۈرۈپ چىقىرىپ، شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بالدۇرراق كۈچلۈك سەركەردە ۋە

لەشكەرلەرنى يۆتكەپ بېرىشلىرىنى سورايمىز، — دېدى ئىلتىجا قىلىپ.

— لەشكەرلەر جاي - جايلارغا يۆتكەپ بولۇندى، — دېدى فالڭ لا، — يېقىندا شىجۇ ئايمىقىنىڭ يۇلىڭ چوققىسىدىكى چاقسا جىددىي خەتەر ئىچىدە قالغاچقا، ئۇ يەرگە بىرنەچچە تۈمەن لەشكەر يۆتكەپ بېرىلدى. ئەمدى مېنىڭ خاس لەشكەرلىرىملا قالدى، ئوردىنى ساقلاشقا بۇلار بولمىسا بولامدۇ، ئۇلارنى قانداقمۇ ھەر تەرەپكە چېچىۋەتكىلى بولسۇن؟

— جانابىي ئالىيلىرى ئەگەر ھەمدەمچى لەشكەر يۆتكەپ بەرمەيمىز دېسىلىرى پېقىرنىڭ ئىلاجى يوق. ئەگەر سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى چوققىدىن ئۆتۈپلىۋالىدىغان بولسا، مۇجۇ ئايمىقىنى قانداقمۇ ساقلىغىلى بولاركىن؟ — دېدى دېڭ يۈەنجۆ يەنە ئىلتىجا قىلىپ.

— قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكى چاقسا مۇھىم بىر جاي. پېقىرنىڭ بىلىشىچە، بۇ يەردە ھازىر يەنە خانغا خاس ئۈچ تۈمەن لەشكەر بار، ئۇلاردىن بىر تۈمەننى ئاجرىتىپ، بۇياق بىلەن بىللە چاقسىنى ساقلاشقا ئەۋەتسەك، شاھ ئالىيلىرى قانداق دەيدىلىكىن، — دېدى ئوڭ قول ۋەزىر لۇ مىنجۇڭ ئىلتىجا قىلىپ.

فالڭ لا لۇ مىنجۇڭنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، لەشكەر ئاجرىتىپ بېرىشكە زادى ئۇنىمىدى. ئوردىدا تاۋاپ - تەزىم تۈگىگەندىن كېيىن ھەممىسى تارقىلىشتى. لۇ ۋەزىر بەگ - سىپاھلار بىلەن كېڭىشىپ، زۇ ۋەزىرگە مۇجۇ ئايمىقىدىن بىر سەركەردە بىلەن بەش مىڭ لەشكەر ئاجرىتىپ، قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكى چاقسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىشنى تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ، دېڭ يۈەنجۆ بىلەن زۇ شىيۈەن مۇجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كەلدى. دېڭ يۈەنجۆ بەش مىڭ لەشكەرنى، ئوڭ قول سەركەردە شىيا خۇچېڭنى ئېلىپ، قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكى چاقسىغا قايتىپ شى باۋغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. شى باۋ:

— ئوردا خانغا خاس لەشكەرلەردىن ئاجرىتىپ بەرمىگەن بولسا، بىز جەڭ قىلمىمىز دەپ، سىرتقا چىقماي چاقسىنى ساقلاپ تۇرايلى. دەريا ساھىلى بىلەن قاشنى قوغداش ئۈچۈن سۇ لەشكەرلىرىنىڭ تۆت باشبۇغىنى ئەۋەتەيلى، ياۋ كېمىلىرى كېلىپ قالسا چېكىندۈرۈۋەتسەكلا كۇپايە، قوغلاپ تېگىش قىلماسلىق كېرەك، — دېدى.

نۇرانە ئەل ئۇستازى دېڭ يۈەنجۇ بىلەن شى باۋ، بەي چىن، جىڭ دې ۋە شىيا خۇچېڭلارنىڭ قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكى چاقسىنى ساقلاپ ياتقانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، سۇڭ جياڭغا كېلەيلى. سۇڭ جياڭ بىرنەچچە سەركەردىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۇڭلۇ ناھىيەسىگە بېكىنىۋالغىنىچە لەشكەرلىرىنى قىمىرلاتماي تۇردى. ئارىدىن يىگىرمە نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، سىرتقا جەڭ قىلىشقا چىقمىدى، بىر كۈنى بىر پايلاقچى كېلىپ:

— ئوردا يەنە ئىنئام بىلەن تۇڭ ۋازىرنى بىزگە ئەۋەتىپتۇ، ھازىر ئۇ خاڭجۇغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئىككى تارامغا بۆلۈنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالىي سەردار ۋاڭ بىڭنى بىر بۆلەك ئىنئام بىلەن يۇلىڭ چاقسىدىكى ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۈنيىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىپتۇ. تۇڭ ۋازىر مانا شۇ تاپتا ئىنئامنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سۇڭ جياڭ دەرھال ۋۇ يوڭ باشلىق سەركەردىلەر بىلەن ناھىيەدىن يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتا ئالدىغا چىقتى. تۇڭ ۋازىر ئامبال مەھكىمىسىگە كىرىپ، تەڭرىقۇت يارلىقىنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن ئېلىپ كەلگەن ئىنئامنى سەركەردىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. سۇڭ جياڭ ۋە باشقا سەركەردىلەر تۇڭ ۋازىرغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى مەربكە سورۇنى تەييارلاپ كۇتۇۋالدى.

— جەڭ قىلىشتا سەركەردىلەرنىڭ چىقىم بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم، — دەپ ھال سورىدى تۇڭ ۋازىر.

— ئىلگىرىلەتىن، — دەپ كۆز يېشى بىلەن ھال ئوقۇدى

سۇڭ جياڭ، — جاۋ ۋازىرنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، يۇقىرىدىكى قىتان بەگلىكىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋاقىتلىرىمىزدىمۇ سەردارلىرىمىز تامام غالىب كەلگەن، بىرىمۇ چىقىم بولمىغانىدى. بۇ قېتىم خاننىڭ پەرمانى بىلەن فاڭ لاغا جازا يۈرۈشى قىلغىنىمىزدىن بۇيان، ئاستانىدىن چىقماي تۇرۇپلا گۇڭسۇن شېڭ كېتىپ قالدى، ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا بىرنەچچە ئادىمىمىزنى قالدۇردۇق، لەشكەرلىرىمىزنى دەريادىن ئۆتكۈزگەندىن بېرى، بارغانلا يەردە بىرنەچچىدىن ئادەمنى چىقىم تارتىپ كېلىۋاتىمىز. يېقىندا يەنە سەردارلىرىمىزدىن سەككىز – توققۇزى خاڭجۇ ئايمىقىدا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ يېتىپ قالدى. ساقىيامدۇ، ساقايمامدۇ، بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. ئالدىمىزدىكى قارا ئەجدىھا چوققىسىدا ئىككى قېتىملىق ئېلىشىشتا يەنە بىرنەچچە سەردار چىقىم بولدى. بۇ يەرنىڭ تاغلىرى تىك، سۈيى تېز ئاققاچقا، جەڭ قىلىش ناھايىتى مۈشكۈل بولۇۋاتىدۇ، دەماللىققا چوققىدىن بۆسۈپ ئۆتەلمەيدىغان ئوخشايمىز دەپ قايغۇرۇپ تۇراتتۇق، شاپائەتچى ۋازىر ئوبدان كەلدىلە.

— تېگىرقۇت ئۆزلىرىنىڭ كۆپلىگەن ئەجىر – تۆھپە كۆرسەتكەنلىكلىرىدىن خەۋەر تاپقانىدى، كېيىن يەنە سەركەردىلەردىن ئايرىلىپ قالغانلىقلىرىنى ئىشىتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە پېقىرنى ئالىي سەردارلاردىن ۋاڭ بىڭ بىلەن جاۋ تەنلەرنى ئېلىپ ئۆزلىرىگە مەدەت بېرىشكە ئەۋەتتى. ۋاڭ بىڭنى ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۈنيىنىڭ يېنىغا بېرىپ سەركەردىلەرگە ئىنئام تارقىتىپ بېرىشكە ئەۋەتتىم، — دېدى تۇڭ ۋازىر ۋە جاۋ تەننى سۇڭ جياڭلار بىلەن كۆرۈشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى تۇڭلۇ ناھىيەسىگە ئورۇنلاشتى، مەرىكە سورۇنىمۇ يىغىشتۇرۇلدى.

— ئەتىسى تۇڭ ۋازىر لەشكەرلەرنى تەخلەپ قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكى چاقسىغا تېگىش قىلماقچى بولدى.

— شاپائەتچى بېگىم، مۇنداق يېنىكلىك بىلەن ئىش قىلساق بولماسمىكىن، — دېدى ۋۇ يۇڭ يېلىنىپ تۇرۇپ، — ئاۋۋال يەن شۈن بىلەن ما لىنىنى چىغىر يول بىلەن بېرىپ، شۇ يەردىكى يەرلىكلەردىن ئاياغ يولنى سورىۋېلىشقا ئەۋەتسەك، ئاندىن شۇ يول بىلەن چاقسىنى ھالقىپ ئۆتسە، شۇنداق قىلىپ، ئىككى تەرەپتىن تېگىش قىلساق، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىيالماي قالىدۇ ـ دە، چاقسىنى ئاسانلا ئالالايمىز.

— ئەجەب بەلەن گەپ بولدى، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە شۇ زامانلا ما لىن، يەن شۈنلەرنى نەچچە ئونلىغان مەرد يىگىتلەر بىلەن سەھرالارغا بېرىپ، يۇقرالاردىن يول سوراپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار چىقىپ كېتىپ ئاخشىمى بىر بوۋاينى سۇڭ جياڭنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كەلدى. سۇڭ جياڭ:

— بۇ بوۋاي نېمە قىلىدىغان بوۋاي ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— مۇشۇ ئەتراپتىكى يەرلىك ئادەم ئىكەن، بۇ يەردىكى تاغ يوللىرىنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى بىلىدىكەن، — دېدى ما لىن.

— بىزنى قارا ئەجدىھا چوققىسىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇڭ، سىزگە كۆپ ئىنئام بېرەي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئۆزۈم ئەسلى ـ ۋەسلىمدىن مۇشۇ يەرلىك يۇقرامەن، كۆپ زامانلاردىن بېرى فاڭ لانىڭ جەبرى ـ زۇلمى دەستىدىن ئۆزۈمگە پاناھ تاپالماي يۈرگەنىدىم، خەيرىيەت، مانا تەڭرى لەشكەرلىرى يېنىپ كەپتۇ، خەلق ـ ئىقلىم بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىپ، تىنچ ئۆتىدىغان بولدى. ئۆزلىرىگە بىر چىغىر يولنى كۆرسىتىپ قوياي: قارا ئەجدىھا چوققىسىنىڭ نېرىسىدا دۈڭگۈەن دېگەن يەر بار، مۇجۇ ئايمىقىدىن سەل ئۆتكەندە يۇقىرى قوۋۇققا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردىن بۇرۇلۇپ كۇنيىتىش قوۋۇقتىن ئۆتسىلا، قارا ئەجدىھا چوققىسىغا يېتىپ بارىدۇ، — دېدى بوۋاي.

سۇڭ جياڭ بۇنىڭدىن كۆپ خۇشال بولدى ۋە دەررۇ كۈمۈش ئاچىقتۇرۇپ، يول باشلىغۇچى بوۋايغا ئىنئام قىلدى ۋە ئۇنى

قوشتا ئېلىپ قېلىپ، يېمەك ـ ئىچمەكتىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا ئادەم تەيىنلىدى.

ئەتىسى سۇڭ جياڭ تۇڭ ۋازىردىن تۇڭلۇ ناھىيەسىنى ساقلاپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ، ئۆزى ئون ئىككى ئوڭ قول ۋە سول قول سەركەردە بىلەن چىغىر يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ ئون ئىككىيلەن خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭ، دەي زۇڭ، لى كۈي، فەن رۈي، ۋاڭ يىڭ، خۇ سەننياڭ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، لىڭ جېنلار ئىدى. بۇلار بىر تۈمەن ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر بىلەن يول باشلىغۇچى بوۋايغا ئەگىشىپ يولغا چىقتى. ئاتلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى ئېلىۋېتىلدى، لەشكەرلەر يىكچە چىشلىشىپ تېز يۈرۈپ كېتىشتى. موزايتاغقا يېتىپ بارغاندا، بىر توپ لەشكەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقىپ يولنى توستى. سۇڭ جياڭ لى كۈي، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلارغا يول ساقلاپ ياتقان بۇ تۆت ـ بەش يۈز قاراقچى لەشكەرنى يوقىتىۋېتىشكە بۇيرۇق بەردى، قاراقچى لەشكەرلەر تامامەن لى كۈيلار تەرىپىدىن قىرىپ تاشلاندى، ئۇلار باش توخۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دۈڭگۈەنگە يېتىپ كەلدى. بۇ جاينى ساقلاپ ياتقان سەركەردە ۋۇ يىڭشىڭ سۇڭ جياڭ قوشۇنلىرىنىڭ دۈڭگۈەنگە كېلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى، ئۇ ئۆزۈمنىڭ ئاران ئىككى مىڭدەك ئادىمىم بىلەن بۇلارغا قانداقمۇ تەڭ كېلەرمەن، دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، ئادەملىرىنى ئېلىپ گۇرردە قاچتى. ئۇ مۇجۇ ئايمىقىغا يېتىپ بېرىپ، زۇ ۋەزىرگە: «سۇڭ جياڭ قوشۇنلىرى بۈگۈن ئاياغ يولدىن قارا ئەجدىھا چوققىسىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، دۈڭگۈەنگە يېتىپ كەلدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. زۇ شيۈەن بۇ خەۋەردىن قاتتىق چۆچۈپ، دەرھال سەركەردىلىرىنى كېڭەشكە چاقىردى. سۇڭ جياڭ توپچى لىڭ جېنغا ئۇلانما ئوق ئۈزۈشكە پەرمان چۈشۈردى. قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكى تۇرادا تۇرۇۋاتقان شى باۋلار توپ ئاۋازىدىن قاتتىق چۆچۈپ، دەرھال پەنساد بەي چىننى لەشكەرلىرى بىلەن چارلاپ

كېلىشكە ئەۋەتتى، بۇلار قارىغۇدەك بولسا، سۇڭ جياڭ قوشۇنلىرىنىڭ توغ ـ ئەلەملىرى تاغ ـ ئورمانلارنى، پۈتۈن ئەتراپنى قاپلاپ كېتىپتۇ. ئۇلار دەرھال چوققا تۇراسىغا قايتىپ شى باۋغا خەۋەر قىلدى. بۇ چاغدا شى باۋ:

— ئۇردا ھەمدەمچى قوشۇن ئەۋەتمىگەندىكىن، بىز مۇشۇ چاقسىنى مەھكەم ساقلىساقلا بولار، ھەمدەملىككە چىقمايلى، — دېدى.

— يېڭىلىشىۋاتىدىلا، باش سەركەردە، — دېدى دېڭ يۈەنجۆ، — ئوردىنىڭ مۇجۇ ئايمىقىغا ھەمدەملىشىشكە لەشكەر ئەۋەتمىگىنىگە كىچىك گەپ، ھەرەمباغ قولدىن كېتىدىغان بولسا، بىزمۇ پاناھسىز قالىمىز، ئەگەر سىلى بارمىسىلا مۇجۇ ئايمىقىغا مەن ئۆزۈم ھەمدەملىشىشكە بارىمەن.

شى باۋ ھەرقانچە نەسىھەت قىلىپمۇ ئۇنى رايىدىن قايتۇرالمىدى. ئۇ بەش مىڭ لەشكەر بىلەن گۇرزە كۆتۈرگىنىچە شيا خۇچېڭنى ئەگەشتۈرۈپ، چوققىدىن چۈشۈپ كەتتى.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن دۆڭگۈەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلماي تۇرۇپ، ئاۋۋال قارا ئەجدىھا چوققىسىغا تېگىشكە ماڭدى. يولدا كېتىۋاتقاندا دېڭ يۈەنجۆگە يولۇقۇپ قالدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى يېقىن كېلىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشتى، ئاۋۋال دېڭ يۈەنجۆ ئات سېلىپ چىقىپ جەڭگە ئۈندىدى. خۇا رۇڭ ئۇنى كۆردى ـ دە، سۇڭ جياڭنىڭ قۇلىقىغا: «بۇ ئادەمنى مۇنداق ـ مۇنداق قىلىپ تۇتايلى» دەپ پىچىرلىدى.

سۇڭ جياڭ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى ۋە بۇنى بېجىرىشنى چىن مىڭغا تاپشۇردى. ئىككى سەردار سۇڭ جياڭنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. شۇنداق قىلىپ، چىن مىڭ ئاۋۋال ئوتتۇرىغا چىقىپ دېڭ يۈەنجۆ بىلەن ئېلىشتى. ئىككىسى بەش ـ ئالتە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن چىن مىڭ ئېتىنى قايتۇرۇپ قاچتى. لەشكەرلىرىمۇ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. دېڭ

يوەنجۈ چىن مىڭنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى تاشلىۋېتىپ سۇڭ جياڭنى تۇتۇشقا كەلدى. لېكىن، خۇا رۇڭ سۇڭ جياڭنى قوغداپ تەخمۇتەخ تۇراتتى، ئۇ دېڭ يوەنجۈنىڭ ئۆزىگە يېقىنراق كېلىشىنى پايلاپ تۇرۇپ يانىڭ كىرىچىنى تارتتى ـ دە، ئوبدان چەنلەپ دېڭ يوەنجۈنىڭ پېشانىسىگە بىر ئوق ئۈزدى. يادىن ئۈزۈلگەن ئوق ئاقار يۇلتۇزدەك ۋىژىلداپ بارغىنىچە «تارس» قىلىپ دېڭ يوەنجۈنىڭ پېشانىسىگە تەگدى ـ دە، ئۇ ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى، ئاڭغىچە سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى ۋە ئۇر ـ چاپ بىلەن سۈرۈپ كەلدى، فاڭ لا لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى، شىيا خۇچېڭ بولارغا تەڭ كېلەلمەي، مۇجۇ ئايمىقىغا قاراپ تىكىۋەتتى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى توپتوغرا قارا ئەجدىھا چوققىسىغا باستۇرۇپ كەلدى، لېكىن چوققىدىن كۆتەك، تاش ئوقلار ياغدۇرۇلغانلىقتىن، چوققىغا چىقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ئارقىغا قايتىپ مۇجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلدى.

ئوڭ قول سەركەردە شىيا خۇچېڭ قېچىپ كەلگىنىچە زۇ ۋەزىرنىڭ يېنىغا كېلىپ: «سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى دۇڭگۇەندىن ئۆتۈپ، ئەل ئۇستازى دېڭ يوەنجۈنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى، بۈگۈن بۇ يەرگە تېگىش قىلماقچى» دەپ خەۋەر قىلدى. زۇ شىيوەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شىيا خۇچېڭ بىلەن بىر ئادەمنى چىڭشى ناھىيەسىدىكى ئوردىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى لۇ مىنجۇڭغا بۇ ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىلىشنى ئىلتىجا قىلىپ ئەۋەتتى، لۇ مىنجۇڭ شاھقا:

— سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ھازىر چىغىر يولدىن كېلىپ، دۇڭگۇەن ئارقىلىق مۇجۇ ئايمىقىمىزغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن جىددىي كېلىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ ھەمدەملىككە تېزرەك لەشكەر بېرىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمىز، ئەگەر كېچىكىپ قالسا، مۇجۇ ئايمىقى قولدىن

كېتىپ قالدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

فاڭ لا بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى — دە، دەرمەھەل ئوردا ئەمىرى جېك بياۋنى چاقىرتىپ، بىر تۈمەن بەش مىڭ خاس لەشكەر ئاجرىتىپ، كېچىلەپ مۇجۇ ئايمىقىغا ھەمدەملىككە بېرىشنى تاپشۇردى، ئوردا ئەمىرى:

— شاھانە پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، پىر – ئۇستازىمىزنىڭ بىللە چىقىپ مەدەت بېرىشىنى تىلەيمەن، ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا سۇڭ جياڭغا تاقابىل تۇرالايمىز، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

فاڭ لا قوبۇل كۆردى ۋە شۇئان ھېكمەت كۆرسەتكۈچى پىر – ئۇستاز باۋ داۋيىنى چاقىرتتى، باۋ داۋيى شاھ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، فاڭ لا:

— سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى مېنىڭ تەۋەلىكىمگە چاڭگال سالماقچى بولۇپ كەلدى. ھەر قېتىمقى جەڭدە قانچىلاپ شەھەر – قەلئەلەردىن ۋە سەركەردە – سەرۋازلىرىمدىن ئايرىلغاندىم. ئەمدى لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ مۇجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلماقچى بوپتۇ، ئەي پىر – ئۇستازىم، مانا ئەمدى ئۆزىڭىز كارامەت كۆرسىتىپ، ئەل – يۇرت، پۇقرالىرىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈللى بالايىئاپەتنى دەپنە قىلغايسىز، — دېدى.

— ئەي ساھىب كەرەم ئىگەم، — دېدى پىر – ئۇستاز باۋ داۋيى تۆۋەنچىلىك بىلەن، — پېقىر ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ دۆلەتلىرىدە قورسىقىمدىكى ئىلىم – بىلىمىم بىلەن سۇڭ جياڭنىڭ قوشۇنلىرىنى تامام قىرىپ تۈگىتىمەن.

فاڭ لا بۇ جاۋابتىن چەكسىز خۇشال بولۇپ، ئۇنى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالدى. زىياپەتتىن كېيىن باۋ داۋيى شاھ بىلەن خەيرلىشىپ قەسىردىن چىقتى ۋە يۈرۈش قىلىش ئۈستىدە جېك بياۋ، شيا خۇچېڭ بىلەن كېڭەشتى.

باۋ داۋيى ئەسلىدە جىنخۇا تاغلىقلىرىنىڭ پۇشتى بولۇپ، ياشلىقىدىن تارتىپلا خۇداگويلۇق يولىغا مېڭىپ، جادۇگەرلىكنى

ئۆگەنگەندى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا فالڭ لانىڭ كەينىگە كىرىپ، توپىلاڭ چىقىرىپ، ئىسيان كۆتۈرۈپ يۈردى، جەڭ مەيدانلىرىغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، جادۇ - سېھىر ئىشلىتىپ كىشىلەرگە شىكەستە يەتكۈزەتتى، ئۇنىڭ شۇئەنيۇەن ناملىق بىر مالىمان تېرەر زۇلپىقارى بار ئىدى، بۇ زۇلپىقار يۈز قەدەم نېرىدىكى ئادەمگىمۇ هالاكەت ئېلىپ كېلەلەيتتى. ئۇ مۇشۇ زۇلپىقارى بىلەن فالڭ لاغا هەمدەم بولۇپ، ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى ئەزىزلەپ، هېكمەت كۆرسەتكۈچى پىر - ئۇستاز دەپ ئاتىۋېلىشقانىدى. جېڭ بياۋ ئەسلىدە ۋۇجۇ ئايمىقىنىڭ لەنشى ناهىيەسىنىڭ يۈزبېشى ئىدى، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا نەيزىۋازلىقنى پۇختا بىلەتتى، فالڭ لا بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئوردا ئەمىرى بولدى. ئۇ سېھىر - كارامەتكە ئاجايىپ هەۋەسكار بولغاچقا، باۋ داۋيىنى ئۇستاز تۇتۇپ كۆپلىگەن سېھىر - كارامەتنى ئۆگىنىۋالغانىدى، بىرەر جەڭ مەيدانىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، سۆزسىز بۇلۇت پەيدا قىلالايتتى. شۇ ۋەجىدىن ئەل ئىچىدە جېڭ بياۋ جادۇگەر دەپ نام ئالغانىدى. شيا خۇچېڭ ئۆزى ۋۇجۇ ئايمىقى تاغلىقلىرىدىن بولۇپ، تەكتى ئوۋچى ئىدى، چاڭگاك ئىشلىتىشكە ماهىر ئىدى، ئۇ بۇرۇندىن تارتىپلا زۇ ۋەزىرنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، مۇجۇ ئايمىقىنى سوراپ كەلدى. بۇ ئۈچەيلەن شۇ كۈنى ئوردا ياساۋۇللىرى مەهكىمىسىدە لەشكەر تارتىش توغرۇلۇق مەسلىھەت قىلىۋاتاتتى، بۇ چاغدا بىر قوۋۇقچى كىرىپ:

— مۇنەججىم ئاغۋات پۇ ۋېنبىڭ كەپتۇ، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن، — دەپ خەۋەر قىلدى.

پىر - ئۇستاز ئۇنى چاقىرتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. پۇ ۋېنبىڭ:

— جانابلىرىنىڭ ئەمىر ۋە سەركەردىمىز بىلەن بىللە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، سۇڭ جياڭ بىلەن جەڭ قىلىشماقچى بولغانلىقلىرىدىن خەۋەر تاپقانىدىم. كېچىدە رەسەتكە باقسام،

تۆۋەن تەرەپتىكى سەركەردە يۇلتۇزلار تامام تۇتۇق كۆرۈندى، سۈك جىياڭلارنىڭ سەركەردە يۇلتۇزلىرىنىڭ يېرىمى يوپيورۇق تۇرۇپتۇ. جانابلىرىنىڭ بۇ قېتىم سەپەرگە چىقىش نىيەتلىرى ئوبدان بولسىمۇ، لېكىن زىيان تارتىپ قالارلىمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. بۇنىڭدىن كۆرە تەڭرىتائالانىڭ مەدەت قىلىشىنى مۇراجىئەت قىلىپ، ئەل ـ يۇرتلىرىمىزغا چۈشكەن بالا ـ قازانى دەپئى ئەتكەنلىرى تۈزۈكمىكىن، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان پىر ـ ئۇستازنىڭ قەھرى ـ غەزىپى ئېشىپ، مالىمان تېرەر زۇلپىقارىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ پۇ ۋېنيىڭنى بىر چاناش بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىدى ۋە دەرھال مەكتۇپ يازدۇرۇپ، بۇ ۋەقەدىن فاڭ لانى خەۋەردار قىلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

## نەزم

كۆن چىقىش تۆۋەندە ئاستا كەتتى بەگلىك ھەيۋىتى،
ئەمدى كار قىلغاي نېچۈك ئىشلەتسە شەيتان ئارۋىقى.
پۇ ۋېنيىڭ تەقدىرى ـ قىسمەتنى تاماشا بىلدۇ،
نە ئۈچۈن خانلىقنى دەپ جېنىنى قۇربان قىلدۇ؟

شۇنداق قىلىپ، كېچەشىمدە جېڭ بياۋ تۇرشاۋۇللۇقتا تەيىنلەندى ۋە تۇرشاۋۇل قوشۇن بىلەن شەھەردىن يۈرۈپ كەتتى. پىر ـ ئۇستاز باۋ داۋيى بارگاھ قوشۇنى بىلەن، شىيا خۇچېڭ بولسا ھىماتچى قوشۇن بىلەن مۇجۇ ئايمىقىنى قۇتقۇزۇشقا يولغا چىقتى.

ئەمدى سۈڭ جىياڭغا كەلسەك، بۇلار مۇجۇغا تېگىش قىلىپ تېخى ئېلىپ بولالمىغانىدى، دەل بۇ چاغدا توساتتىن بىر پايلاقچى كېلىپ، چىڭشى ناھىيەسىدىن ھەمدەملىككە لەشكەر

كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. سوڭ جياڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال ۋاڭ پەتەك يولۋاس بىلەن غۇنچە بوينى ياۋ ئالدىغا ئەۋەتتى. بۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۈچ مىڭ ئاتلىق لەشكەر ئېلىپ، چىڭشىغا ماڭىدىغان يولغا كەلگىنىدە، ئالدىدىن جېڭ بياۋ چىقىپ قالدى ۋە ئۇ بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا سەكرەپ چۈشتى - دە، ۋاڭ پەتەك يولۋاس بىلەن ئېلىشماق بولدى، بۇ ئىككىسى گەپ - سۆز قىلىشمايلا بىر - بىرىگە ھەملە قىلىشىپ تۇتۇشۇپ كەتتى. سەككىز - توققۇز مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن جېڭ بياۋ ئەپسۇن ئوقۇپ: «چىق !» دېگەنىدى، شۇ ھامان دۇبۇلغىسى ئۈستىدىن قاپقارا بىر تۇتۇن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى - دە، تۇتۇن ئارىسىدىن قولىدا ئالۋاستى - دىۋىلەرنى باش ئەگدۈرىدىغان، ئومۇت تۇتقان زەر قۇياغلىق تەڭرى مۇئەككىلى پەيدا بولدى - دە، بوشلۇقتىن ھەملە قىلىپ چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ۋاڭ پەتەك يولۋاس قاتتىق چۆچۈپ، تەمتىرەپ قول - پۇتى كالۋالاشتى، نەيزىسىنى قانداق ئىشلىتىشنىمۇ بىلەلمەي قالدى. شۇ ئەسنادا جادۇگەر جېڭ بياۋ كېلىپ بىر نەيزە ئۇرۇپ ۋاڭ پەتەك يولۋاسنى ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى. ئۆز ئېرىنىڭ ئاتتىن يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن غۇنچە بوي دەرھال جوپ قىلىچىنى ئويناتقىنىچە كېلىپ، ئېرىنى قۇتقۇزماق بولۇپ، جېڭ بياۋ بىلەن ئېلىشتى. ئەمدى بىر مەرتەم ئېلىشار - ئېلىشمايلا جېڭ بياۋ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قاچتى. غۇنچە بوي ئېرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش نىيىتىدە ئۇنى كەينىدىن قوغلىدى. جادۇگەر جېڭ بياۋ تۆمۈر نەيزىسىنى قويۇپ، يېنىغا ئېسىۋالغان كەشتىلىك خالتا ئىچىدىن ھەل بېرىلگەن بىر كېسەك مىسنى ئالدى - دە، ئۆرۈلۈپ تۇرۇپ غۇنچە بوينىڭ پېشانىسىگە چەنلەپ ئاتتى، غۇنچە بوي ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى، ۋاي ئىسىت ! جەڭگە ماھىر بىر نازىنىننىڭ چۈشتەك ھاياتى ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ھېلىقى جادۇگەر جېڭ بياۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ

www.uyghurkitap.com

سۇلۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى قوغلاپ كەتتى. سۇلۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. ئۇلار سۇلۇڭ جياڭنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ۋاڭ پەتەك يولۋاس بىلەن غۇنچە بوي جادۇگەر جېك بىياۋنىڭ قولىدا نابۇت بولغانلىقىنى، جەڭگە بارغان لەشكەرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى چىقىم بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. سۇلۇڭ جياڭ ۋاڭ پەتەك يولۋاس بىلەن غۇنچە بوينىڭ نابۇت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، غەزەپ ـ نەپرىتى ئۇرغۇپ تاشتى، ئۇ دەرھال لەشكەر سەپلەپ، لى كوي، شياڭ چۇڭ ۋە لى گۇنلارنى ئېلىپ، بەش مىڭ لەشكەر بىلەن ياۋغا قارشى ئاتلاندى. ئاڭغىچە جېك بىياۋ لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ قالدى. سۇلۇڭ جياڭنىڭ قەھرى ـ زەھرى تېشىپ ئالدىغا چىقتى ـ دە، جېك بىياۋغا تىل قويۇپ:

ـــ ھۇ لەنىتى دۆيۈز، ئىككى سەردارىمنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق پېتىندىڭ؟ ـــ دەپ ۋارقىرىدى.

جېك بىياۋ نەيزىسىنى تۇتقان پېتى سۇلۇڭ جياڭغا قاراپ ئات قويدى. بۇنى كۆرگەن لى كوينىڭ غەزىپى تاشتى ـ دە، ئىككى قولىدا ئىككى ئايپالتىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقتى، شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇنمۇ قولىدا سوپەر تۇتقىنىچە جېك بىياۋغا ئېتىلىپ كەلدى. جادۇگەر جېك بىياۋ ئارقىغا قاراپ قاچتى، ئۇچەيلەن قوغلىغان پېتى ياۋ قوشۇنلىرى ئارىسىغا سۈرۈپ كىردى. لى كويغا شىكەستە يېتىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلغان سۇلۇڭ جياڭ شۇ ئان مىڭ لەشكەرنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. بۇلار بىردىنلا تېگىش قىلىپ ياۋ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. سۇلۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن جاڭ چالدۇردى، ئىككى سوپەرچى لى كوينى ئېلىپ قايتىپ كەلدى، شۇ ئەسنادا ئەتراپنى قاپقارا بۇلۇت قاپلاپ، زېمىننى قارا ئىس ـ تۇتەك باستى، ھېچ تەرەپنى، نە كۈندۈز، نە كېچە بولغانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. سۇلۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى.

## نەزم

تۆت تەرەپتىن جەم بولۇپ كەلدى بۇلۇت،
قاپقارا باستى تۇمان ئاسماننى جۇت.
چىقتى بوران، چۈشتى يامغۇر شارقىراپ،
چاقتى چاقماق كۆك غەزەپلىك غارقىراپ.
تاغۇدەشت سىلكىندى قاتتىق تەۋرىنىپ،
خۇددى ئاسمان بولدى گۇمران يېرىلىپ.
جىلغىلاردىن تاشتى سۇ دەريا كەبى،
ھەممە ياقنى قاپلىدى ئۇلپاڭ تېخى.
زار - زار ھەسرەتتە شەيتان تۆكتى ياش،
ھۆڭگۈرەپ مەبۇدمۇ بولدى ھەمقىياش.
پەرق ئېتىپ بولمايتتى ھېچبىر نەرسىنى،
كىرمىدى قۇلاققا تال شىلدىرلىغىنى.

جادۇگەر جېڭ بياۋنىڭ قىلغان جادۇگەرلىكى بىلەن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى يولدىن ئادىشىپ بىر يەرگە كېلىپ قالدى. قاراڭغۇلۇقتا ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، لەشكەرلەر پاراكەندىچىلىككە چۈشتى. سۇڭ جياڭ: «مېنىڭ ئەجىلىم توشۇپ مۇشۇ يەردە قالىدىغان ئوخشايمەن !» دەپ كۆككە قاراپ ئاھ ئۇردى. چاشگاھ ۋاقتىدا باشلانغان بۇ قاراڭغۇلۇق تاكى پېشىن ۋاقتىغىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن ئەتراپ ئازراق يورۇدى، قارىغۇدەك بولسا زەر قۇياغلىق دارازىلار ئەتراپنى قورشاپ تۇرۇپتۇ. بۇلارنى كۆرگەن سۇڭ جياڭ قاتتىق چۆچۈپ يەرگە يىقىلىپ، بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ: «جېنىمنى تېز رەك ئېلىڭلار !» دەۋەردى، ئۇنىڭ قولىقىغا بوران - چاپقۇنلار شەپىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەردار ۋە سەرۋازلىرىنىڭ ھەممىسى يۈزىنى يەرگە يېقىپ ئۆلۈمنى كۈتەتتى.

بىر دەمدىن كېيىن بوران ـ چاپقۇن ئۆتۈپ كەتتى، قىلچىمۇ چېپىلمىدى، بىر كىشى ئۈنى «قوپۇڭ ئورنىڭىزدىن!» دەپ قولىدىن تارتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، قارىسا، يېنىدا بىر موللا ـ ئالىم كىشى تۇرۇپتۇ. بۇ كىشىنىڭ تەقى ـ تۇرقى شۇنداق ئىدىكى:

بېشىغا چىگكەن قارا شايىدا بۇرجەك بوغمىچا،
ئاق تاۋار تۈۋرۈك ياقا كۆڭلەك كىيىپتۇ بويىغا.
بېلىنى توم قارا بىر بەلباغ بىلەن چىگكەن يىگىت،
قاپقارا ئاسمان باقار ئۆتۈك كىيىپتۇ پۇتىغا.
ئۇپا سۈرگەندەك ئىدى ئۇنىڭ يۈزى،
ئەڭلىك ئەتكەندەك ئىدى كالپۇكلىرى.
ئورتا ياشلىق كۆرۈنەتتى تۇرقىدىن،
شۇنچە ھەيۋەتلىك ئىدى قەددى ـ بويى.
ئۇ ۋە يا ئەرشىنىڭ ساھابە بېگىدۇر،
يا چوقۇم ئاسمانۇ ئەرش ئۆلىماسىدۇر.

سۆڭ جياڭ بۇ كىشىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىزاتىنى سورىدى. ئۇ كىشى:

— ئىسمىزاتىم شاۋ جۇن بولىدۇ، مۇشۇ يەرلىكمەن. بۈگۈن ئۆزلىرىگە ئالاھىدە بېشارەت بەرگىلى كەلدىم، پاك لانىڭ رىزقى پۈتۈشكە ئاز قاپتۇ، ئۇن كۈندە ئۇ تىرىپىرەن بولىدۇ. پېقىر ئۆزلىرىنى دەپ كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىم، بۈگۈن رىيازەت چەككەن بولسىلىمۇ، ھەمدەمچى قوشۇن كېلىپ بولدى، خەۋەرلىرى بارمىكىن؟ — دېدى.

— ھەي موللام، ئۇنىڭ رىزقى پۈتۈپ قاچان قولىمىزغا چۈشەر؟ — دەپ قايتىلاپ سورىدى سۆڭ جياڭ.

شاۋ موللام قولى بىلەن بىر نوقۇۋىدى، سۆڭ جياڭ چۆچۈپ

ئويغىنىپ كەتتى، ئويلىسا ھېلىقىلار چۈشى ئىكەن، ئەتراپىدا ئۆزىنى قورشاپ تۇرغاندەك كۆرۈنگەن دارازىلار قارىغاي ئىكەن، سۈڭ جياڭ سەركەردىلەرنى تۇرغۇزۇپ يول ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا بۇلۇت - تۇمانلار تارقاپ، ئاسمان سۈزۈلگەنىدى. دەل شۇ چاغدا قارىغايلىقنىڭ سىرتىدىن ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى، سۈڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قارىغايلىقتىن چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، لۇ جىشېن بىلەن ۋۇ سۇڭ چېپىپ كېلىپ، جېڭ بياۋ بىلەن تۇتۇشۇپ قاپتۇ. پىر - ئۇستاز باۋ داۋيى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ۋۇ سۇڭنىڭ بىر جۈپ راھىبلىق قىلىچىنى شىلتىپ پىيادە كەلگەن پېتى جېڭ بياۋغا ئېتىلغانلىقىنى كۆرۈپ، مالىمان تېرەر زۇلپىقارىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ بىر ئېتىۋىدى، ۋۇ سۇڭنىڭ سول بىلىكىگە تەگدى، ۋۇ سۇڭ ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا لۇ جىشېن گۈرزىسىنى غەزەپ بىلەن ئايلاندۇرۇپ كېلىپ ۋۇ سۇڭنى قۇتقۇزدى، قارىسا، ئۇنىڭ سول بىلىكى قىلىچ تېگىپ ساڭگىلاپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا لۇ جىشېن دەرھال ھېلىقى مالىمان تېرەر زۇلپىقارنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. ۋۇ سۇڭ ھوشىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، سول بىلىكى ساڭگىلاپ قاپتۇ، ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ راھىبلىق قىلىچى بىلەن ئۇنى ئۈزۈپ تاشلىدى. سۈڭ جياڭ بىر لەشكەرگە ۋۇ سۇڭنى يۆلەپ قوشقا قايتۇرۇپ كېتىشكە پەرمان بەردى. لۇ جىشېن بولسا ياۋنىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ، شيا خۇچېڭ بىلەن تۇتۇشتى. ئىككىسى بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن شيا خۇچېڭ يېڭىلىپ قاچتى. لۇ جىشېن گۈرزىسىنى پىرقىراتقىنىچە كەينىدىن قوغلىدى، ياۋ لەشكەرلىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. شيا خۇچېڭ ئورمانلىققا قاراپ قاچتى. لۇ جىشېنمۇ ئۇنى قويۇۋەتمەي كەينىدىن قوغلىغىنىچە ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.

ئەمدى جادۇگەر جېڭ بياۋغا كەلسەك، ئۇ يەنە لەشكەر تارتىپ قايتىپ كەلدى. سۈڭ جياڭنىڭ سېپىدىن لى كۈي، شياڭ چۇڭ

ۋە لى گۇنلار سۇپەر، ئاتقۇچ خەنجەر، ئاتقۇچ نەيزە ۋە پالتىلىرىنى ئالغىنىچە بىراقلا قىر ـ چاپقا ئۆتتى. جادۇگەر جېڭ بياۋ بۇلارغا تەڭ كېلەلمەي چوققىدىن ھالقىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن كېچىپ ئۆتۈپ قاچتى. ئۇچەيلەن يولنى بىلمىسىمۇ ئەجىر كۆرسىتىش ئارزۇسىدا جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن كېچىپ ئۆتۈپ، جېڭ بياۋنى ئىزمۇئىز قوغلاپ ماڭدى. دەل شۇ پەيتتە بىر ئۆستەڭنىڭ كۆنپېتىش تەرىپىدىن ئۇچ مىڭ لەشكەر ئېتىلىپ چىقىپ، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلەرىنى بۆلۈۋەتتى. شياڭ چۇڭ ئالدىراپ كەينىگە قايتماقچى بولۇۋىدى، قاشتا تۇرغان ئىككى سەركەردە ئۇنىڭ ئالدىنى توستى، بۇ چاغدا شياڭ چۇڭ لى كۈي بىلەن لى گۇننى چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ جېڭ بياۋنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتەۋەردى. كېتىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چوڭقۇر بىر ئۆستەڭ ئۇچرىدى ـ دە، لى گۇن ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆستەڭگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ياۋ لەشكەرلىرى ھەر تەرەپتىن ئوق ئۈزۈپ، ئۇنى ھالاك قىلدى. شياڭ چۇڭ شۇ ھامان قاشتىن ئۆستەڭ ئىچىگە چۈشمەكچى بولۇۋىدى، ئارغامچىغا چىرمىشىپ قېلىپ موللاق ئېتىپ چۈشتى، ئۇ بوشىنىش ئۈچۈن ھەپىلىشىۋاتقاندا، ياۋ لەشكەرلىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى چاناپ ـ توغراپ قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى. ئىسىت، لى گۇن بىلەن شياڭ چۇڭدەك باتۇرلارمۇ شۇنىڭ بىلەن نابۇت بولدى! ئەمدى لى كۈينىڭ بىر ئۆزىلا ياۋنى قوغلاپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۆستەڭ بويىدىكى لەشكەرلەر ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى، ئۇلار ئەمدى يېرىم چاقىرىم يول بېسىپ تۇرۇشىغا كەينى تەرەپتىن نەرە كۆتۈرۈلدى. خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، فەن رۇيلار لەشكەر باشلاپ ھەمدەمگە كەلدى ـ دە، ياۋ قوشۇنلىرىنى قىرىپ ـ چاپقىنىچە تاغ ئارىسىغا قوغلاپ كىرىپ لى كۈينى قۇتۇلدۇرۇپ كەلدى، لېكىن ئۇ يەردە لۇ جىشېن كۆرۈنمىدى، سەركەردىلەر سۇڭ جياڭنىڭ بارگاھىغا قايتىپ بېرىپ، جادۇگەر جېڭ بياۋنىڭ

www.uyghurkitap.com

كەينىدىن قوغلاپ بارغانلىقىنى، كۆلنىڭ ئۇ يېقىدىكى بىر ئۆستەڭدە شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇننىڭ نابۇت بولغانلىقىنى، پەقەت لى كۇينىلا قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سۇڭ جياڭ زار - زار يىغلاپ كەتتى. ئۇ لەشكەرلىرىنى ئېدىتلاپ كۆرگۈدەك بولسا، ئۇندىن بىر قىسمى چىقىم بوپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇ جىشېنمۇ يوقىلىپ كېتىپتۇ، ۋۇ سۇڭ سول بىلىكىدىن ئايرىلىپتۇ.

سۇڭ جياڭ يىغلاپ تۇرغاندا بىر پايلاقچى كېلىپ: «ۋۇ يۇڭ مۇشاۋىر گۇەن شېڭ، لى يىڭ، جۇ تۇڭ، يەن شۇن، ما لىنلار بىلەن بىر تۈمەن لەشكەر باشلاپ سۇ يولى بىلەن كەلدى» دەپ خەۋەر قىلدى. سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى سۇرۇشتۇردى.

— تۇڭ ۋازىر بىرمۇنچە لەشكەر ۋە ئالىي سەركەردە ۋاڭ بىڭ، جاۋ تەنلەر، شۇنداقلا تۇتۇقبەگ ليۇ گۇاڭشى بىلەن بىرلىكتە قارا ئەجدىھا چوققىسىنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەلدى. لۇ فاڭ، گو شېڭ، پېي شۇەن، جياڭ جىڭ، سەي فۇ، سەي چىڭ، دۇ شىڭ، يۇ باۋسى ۋە سۇ لەشكەرلىرى ئاتامانى لى جۇن، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچى، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلار بولۇپ جەمئىي ئون ئۈچ سەركەردە ئۇ يەردە قالدى. قالغانلار مېنىڭ بىلەن بۇ يەرگە ھەمدەمگە كەلدى، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— سەردارلىرىم نابۇت بولدى، — دېدى سۇڭ جياڭ ھال ئوقۇپ، — ۋۇ سۇڭ كېرەكتىن چىقتى، لۇ جىشېنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، بۇنىڭغا ئىختىيارسىز كۆڭلۈم پەرىشان بولماقتا.

— ئاغا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ تەسەللى بېرىپ، — فاڭ لانى قولغا چۈشۈرۈش پەيتى يېتىپ كەلگەن مۇشۇ چاغدا، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھىم بىلگەيلا، قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئەزىز تەنلىرىگە شىكەستە يەتكۈزۈپ قويمىغايلا.

سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ مۇشاۋىرغا ئەتراپىدىكى قارىغاينى

كۆرسىتىپ، چۈشىدە كۆرگەن ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى. ۋۇ يۇڭ:

— ھېكمەتلىك چۈش كۆرۈپسىلا، بۇ يەردە بىرەر بۇلۇڭ - پۇچقاقتا جايلاشقان بۇتخانا بار ئوخشايدۇ، قارىغاندا ئىلاھىي كەرەم ئايان بولۇپ ئۆزلىرىگە مەدەت بېرىپتۇ، — دېدى.

— دېگەنلىرى تامامەن ئورۇنلۇق، ئېھ مۇشاۋىر، قېنى بىر بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

ۋۇ يۇڭ سۇڭ جياڭ بىلەن بىللە ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. بۇلار بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن قارىغايلىق ئارىسىدا بىر بۇتخانا كۆرۈندى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تاختىغا ھەل بىلەن: «قارا ئەجدىھا ئىلاھىي بۇتخانىسى» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. ئىككىسى بۇتخانا ئىچىگە كىردى، سۇڭ جياڭ تۆردىكى تاۋاپخانىغا شۇنداق بىر قارىدى - دە، چۆچۈپ كەتتى، تۆردىكى تاۋاپخانىدا ياساپ تۇرغۇزۇپ قويۇلغان ئەجدىھا ئىلاھىنىڭ بۇتى ئۆزىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى موللام بىلەن ئوپئوخشاش ئىكەن. سۇڭ جياڭ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ھەزرەتلىرىدەك ئەجدىھا ئىلاھىنىڭ ھىممەت - شەپقەتلىرىگە كۆپتىن - كۆپ مۇيەسسەر بولدۇم، ئەمما لايىقىدا جاۋاب قايتۇرالمىدىم، روھلىرى يار بولغاي. فاڭ لانى يېڭەلىسەم مەزكۇر بۇتخانىنى قايتىدىن ياساپ ئۆزلىرىگە شەرەپ، ئۇنۋان بېرىشنى ئوردىغا ئىلتىجا قىلىش يولىدا ئەجىر كۆرسىتىمەن، — دېدى.

سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ بىلەن تاۋاپ - زىيارەتتىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ بىر تاش پۇتۇكنى كۆردى. ئۇنىڭدا پۈتۈلۈشچە، مەزكۇر ئەۋلىيا - ئەنبىيا تاڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن تەشرىپدار① بولۇپ، ئىسمىزاتى شاۋ جۇن ئىكەن، ئۇ تەۋسىپدارلىقتا ئىبرىشەلمەي، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغانىكەن، پەرۋەردىگار

---

① تەشرىپدار — خانلىق ئىمتىھان تۈزۈمىدە ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن ئادەم.

ئۇنىڭ سادىقلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئەجدىھا ئىلاھىلىق ئاتا قىلغانىكەن، يەرلىك پۇقرالار ئۇنىڭدىن شامال تىلىسە شامال چىقىرىپ، يامغۇر تىلىسە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىكەن، شۇ ۋەجىدىن مۇشۇ يەردە بۇتخانا سېلىنغانىكەن، بۇ يەرگە خەقلەر ئۈزۈلمەي يوقلاپ كېلىپ تاۋاپ قىلىدىكەن، بۇنى كۆرگەن سۈڭ جياڭ دەرھال ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر قارا چوشقا ۋە بىر ئاق قوي سويدۇردى، تاۋاپتىن كېيىن بۇتخانىدىن چىقىپ، ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، ئەتراپتىكى قارىغايلار كارامەت كۆرستىشۋاتقاندەك غەلىتە ئىشلار كۆرۈندى. يەنجۇ ئايمىقىنىڭ يۇقىرى قوۋۇقى سىرتىدا قارا ئەجدىھا ھەزرەت بۇتخانىسى بار ئىدى. ئۇ قارىغايزارلىق دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ يادىكارلىق ھازىرمۇ بار، بۇ ھەقتە مۇنداق نەزم پۈتۈلگەن:

ۋاپادار دىلىمنى بىلسۇن مالائىك،
دىلىمدا بار مېنىڭ ئېتىقاد كۈچلۈك.
ئەجدىھا ئىلاھ نامىن بىلمەكچى بولساڭ،
يېتىم قارىغايلىقتا ئوقۇ تاش پۈتۈك.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ ئەجدىھا ئىلاھىنىڭ باشپاناھ بولغانلىقىغا بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىپ سىرتقا چىقتى ـ دە، ئېتىغا مىنىپ بارگاھقا كەلدى ۋە دەرھال ۋۇ يۇڭ بىلەن مۇجۇ ئايمىقىغا تېگىش ئۇستىدە كېڭەش قىلدى. تۇن نىسپى بولغاندا سۇڭ جياڭ ھارغىنلىق يېتىپ، مۈگدەپ شىرەگە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالدى، شۇ ئەسنادا بىرى: «موللا سىلىنى يوقلاپ كەپتۇ» دەپ خەۋەر قىلدى، سۇڭ جياڭ دەرھال بارگاھتىن چىقىپ كۈتۈۋالدى، شۇ چاغدا شاۋ ئەجدىھا ئىلاھ سۇڭ جياڭغا ئىككى قولىنى جۈپلەپ تەزىم قىلىپ:

ـــ تۇنۇگۈن ئەگەر كەمىنىلىرىنىڭ ھىماتى بولمىغىنىدا، باۋ داۋيىنىڭ سېھرى بىلەن قارىغايلار ئادەمگە ئايلىنىپ ئۆزلىرىنى

www.uyghurkitap.com

ئاللىقاچان تۈتۈپ كەتكەن بولاتتى. ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ خەير - ساخاۋەت قىلىپ ماڭا تاۋاپقا بارغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھىمدە تەشەككۇر ئىزھار قىلغاچ، شۇنداق بىشارەت بېرىمەنكى، مۇجۇ ئايمىقى يېقىندا ئېلىنىپ بولدى، فاڭ لا ئون كۈن ئىچىدە تۇتۇلىدۇ، ــــ دېدى.

سۇڭ جياڭ ئىلاھنى بارگاھقا تەكلىپ قىلىپ، يېنىشلاپ سورىۋالاي دەپ تۇرۇۋىدى، شۇنداق ئۇشقىرتقان شامال ئاۋازى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. قارىسا، يەنە چۈشى بولۇپ چىقتى.

سۇڭ جياڭ شۇئان مۇشاۋىرىدىن چۈشكە تەبىر بېرىشنى سوراپ، كۆرگەن ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى. ۋۇ يوڭ:

ــــ ئەجدىھا ئىلاھ شۇنداق كارامەت كۆرسەتكەن بولسا، ئەتە مۇجۇ ئايمىقىغا لەشكەر تارتىپ تېگىش قىلىشقا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ــــ دېدى.

ــــ ئېيتقانلىرى تازا جايىدا بولدى، ــــ دېدى سۇڭ جياڭ.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا پەرمان چۈشۈردى، چوڭ قوشۇن تەخلىنىپ، مۇجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلماق بولدى، يەن شۈن، ما لىنلار قارا ئەجدىھا چوققىسىغا بارىدىغان چوڭ يولنى ساقلاشقا ئەۋەتىلدى، ئوڭ قول سەركەردىلەردىن گۇەن شېڭ، خۇا روڭ، چىن مىڭ ۋە جۇ تۇڭلار مۇجۇ ئايمىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىدا مېڭىپ يۇقىرى قوۋۇقتا تېگىش قىلىشقا بۇيرۇلدى. لىڭ جېنغا شەھەرگە قايتىپ توققۇز ساندۇق چاچما ئوق ئېتىشقا پەرمان بېرىلدى. كۆيدۈرگۈچ ئوقلار ئۇچۇپ چۈشكەنلا يېرىدە ئاسمان - زېمىننى ۋە تاغ - داۋانلارنى لەرزىگە كەلتۈردى. شەھەردىكى ياۋ لەشكەرلىرى يۈرىكى قېپىدىن چىققۇدەك قورقۇشۇپ ئۆز - ئۆزىدىن پاراكەندىچىلىككە چۈشتى، پىر - ئۇستاز باۋ داۋيى بىلەن جادۇگەر جېڭ بياۋلارنىڭ ھىماتچى قوشۇنى لۇ جىشېن تەرىپىدىن تىرىپىرەن قىلىندى، لۇ جىشېننىڭ شيا خوچيېگنى قوغلاپ نەگە كەتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس ئىدى، پىر - ئۇستاز

لەشكەرلىرىنى شەھەرگە چېكىندۈرۈپ جايلاشتۇردى ۋە سول قول ۋەزىر زۇ شىيۈەن، باش ۋەزىر ياردەمچىسى شېن شۇ، باش مىرزا خۇەن يى، ئالىي سەركەردە تەن گاۋ، قورۇقچى سەركەردە ۋۇ يىڭشىڭلار بىلەن كېڭەش قىلدى. باۋ داۋيى:

— سۇڭ جياڭنىڭ قوشۇنلىرى كېلىپ قالدى، قانداق قۇتۇلغۇلۇق؟ — دېدى.

— قەدىمدىن تارتىپ لەشكەرلەر شەھەرگە، سەركەردىلەر خەندەك تۈۋىگە يېتىپ كەلگەندە، جان تىكىپ ئۆزىنى قۇتقۇزماقتىن باشقا ئىلاج بولمىغان! قەلئە قولدىن كەتسە قولغا چۈشكىنىمىز شۇ، ئەھۋال ناھايىتى جىددىي، كۆكرەك كېرىپ ئىلگىرىلىمەك كېرەك! — دېدى زۇ شىيۈەن.

شۇنىڭ بىلەن جادۇگەر جېڭ بياۋ تەن گاۋ، ۋۇ يىڭشىڭنى ۋە ئون نەچچە ياردەمچى سەركەردىنى ئېلىپ، خىل بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن شەھەر قوۋۇقىنى ئاچتى ـ دە، سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىگە قارشى ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى تامامەن شەھەردىن چىقىرىپ سەپ تۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن، سۇڭ جياڭ ئۆز لەشكەرلىرىگە بىرئاز كەينىگە چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. پىر ـ ئۇستاز باۋ داۋيى سېپىل ئۈستىدە بىر كۇرسى قويۇپ ئولتۇردى، زۇ شىيۈەن، باش ۋەزىر ياردەمچىسى شېن شۇ ۋە باش مىرزا خۇەن يىلەر سېپىل راۋىقىدا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. جادۇگەر جېڭ بياۋ نەيزە كۆتۈرۈپ سەپتىن ئات سېلىپ چىقتى. سۇڭ جياڭ سېپىدىن ئۇزۇن قىلىچ گۇەن شېڭ بەندەر قىلىچىنى ئويناتقان پېتى جېڭ بياۋغا ئېتىلدى. ئىككى سەركەردە بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن جېڭ بياۋ گۇەن شېڭغا تەڭ كېلەلمەي، ئۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا قاچۇردى. سېپىل ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان باۋ داۋيى سېھىر ئىشلىتىپ «سۇف!» دەپ ئەپسۇن ئوقۇپ پۈۋلىۋىدى، جادۇگەر جېڭ بياۋنىڭ چوققىسىدىن پۇرقىراپ قاپقارا تۈتۈن چىقتى ـ دە،

تۇتۇن ئارىسىدىن زەر قۇياغلىق مۇئەككەل زاھىر بولدى، ئۇ جىن ـ ئالۋاستىلارنى باش ئەگدۈرۈش كالتىكى بىلەن كۆكتىن دېۋەيلەپ چۈشتى. شۇ تاپتا ياۋ لەشكەرلىرى ئىچىدىن زۇلمەتلىك قاپقارا بۇلۇت كۆتۈرۈلدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان سۇڭ جياڭ دەرھال مالىمانچى دىۋە فەن رۇيغا جادۇ قىلىشقا ئەمىر قىلدى ۋە ئۆزى تىلسىمنامىدىكى بوران قايتۇرۇش، زۇلمەتنى دەپئى قىلىش ھەققىدە يېزىلغان سىرلىق ئەپسۇننى ئوقۇدى. شۇ ئەسنادا گۇەن شېڭنىڭ دۇبۇلغىسى ئۈستىدىن ئاق بۇلۇت پۇرقۇپ چىقتى، بۇ ئاق بۇلۇت ئارىسىدىن قىزىل چاچ، كۆك يۈزلۈك، يېشىل كۆزلۈك، ھىڭگاڭ چىشلىق مۇئەككەل سەركەردە ئايان بولدى. ئۇ بىر قارا ئەجدىھا مىنىۋالغان، قولىدا تۆمۈر ئومۇت تۇتقان ھالدا جىياڭ بياۋنىڭ چوققىسىدىن چىققان ھېلىقى زەر قۇياغلىق مۇئەككەل بىلەن تۇتۇشتى، زېمىندا ئىككى تەرەپتىكى لەشكەرلەر ئارىسىدىن قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى. ھېلىقى ئىككى مۇئەككەل بىرنەچچە قەپەس تۇتۇشقاندىن كېيىن كۆكتە قارا ئەجدىھا مىنگەن ھېلىقى مۇئەككەل سەركەردە زەر قۇياغلىق مۇئەككەلنى يەڭدى. زېمىندا بولسا گۇەن شېڭ قىلىچىنى بىر ئۇرۇش بىلەن جادۇگەر جىياڭ بياۋنى ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى. شۇئاندا ياۋ داۋيى سۇڭ جياڭ قوشۇنلىرى ئىچىدىن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ مالىمان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاچاي دەپ تۇرۇۋىشىغا، لىڭ جېن كۆكنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ تۈپتىن ئوق ئۈزدى، ئوق ئۇچۇپ بارغان پېتى دەل پىر ـ ئۇستاز ياۋ داۋيىغا تەگدى ـ دە، ئۇنى كۆمپەيكۈم قىلىۋەتتى. ياۋ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى، سۇڭ جياڭ قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ مۇجۇغا باستۇرۇپ باردى. جو تۇڭ ئالىي سەركەردە تەن گاۋنى بىر نەيزە بىلەن ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى، لى يىڭ قورۇقچى سەركەردە ۋۇ يىڭشىڭنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. ياۋ لەشكەرلىرى مۇجۇ سېپىلىدا پىر ـ ئۇستاز ياۋ داۋيىنىڭ توپ ئوقى تېگىپ

ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، سىپىلدىن دومىلاپ ــ ئۆمىلەپ دېگەندەك چۈشۈپ قېچىشتى. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى كەينىدىن شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. شۇ چاغدا سەركەردىلەر بىردىنلا ئالدىغا چىقىپ، ۋەزىر زۇ شىيۇەن، باش ۋەزىر ياردەمچىسى شېن شۇ، باش مىرزا خۇەن يىلەرنى تىرىك تۇتتى، باشقا ياردەمچى سەركەردىلەرنى نامشەرىپىنى سوراپ ئۆلتۈرمايلا تامام قىرىۋەتتى.

سۇڭ جياڭلار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئەڭ ئاۋۋال فاڭ لانىڭ قارارگاھىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، غەنىيمەت ئالغان مالدۇنيانى ئۈچ قوشۇن سەركەردىلىرىگە ئىنئام قىلىپ تارقىتىپ بەردى، ئەل ئەمىن ئېلانى چىقىرىپ، پۇقرانى خاتىرجەم قىلدى. ئاندىن لەشكەرلىرىنى ئېدىتلاشقا كىرىشتى. دەل بۇ چاغدا بىر پايلاقچى ئات چاپتۇرۇپ ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ: «كۇنپېتىش قوۋۇق تەرەپتىكى قارا ئەجدىھا چوققىسىدا بەي چىن ما لىننى بىر ئاتقۇچ نەيزە بىلەن ئاتتىن يىقىتتى، شى باۋ يېتىپ كېلىپ، قىلىچ بىلەن ما لىننى ئىككى پارە قىلىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ قالغان يەن شۇن دەرھال يېتىپ كېلىپ شى باۋ بىلەن تۇتۇشقاندى، شى باۋ دېگەن بەتبەخت ئۇنىمۇ ئوموت بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن شى باۋ ئۇستۇن كېلىپ، ئەمدى لەشكەرلىرىنى باشلاپ بۇياققا سۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. سۇڭ جياڭ يەن شۇن، ما لىنلارنىڭمۇ نابۇت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ زار ــ زار يىغلاپ كەتتى ۋە شۇئان ئوڭ قول سەركەردە گۇەن شېڭ، خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، جۇ تۇڭلارنى شى باۋ، بەي چىنلەر بىلەن ئېلىشىپ، قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكى چاقسىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى.

ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! بۇ تۆت سەركەردە قارا ئەجدىھا چوققىسىدا قاتتىق ئېلىشقانلىقتىن، چىڭشى ناھىيەسىگە توپلانغان قاراقچىلار يەكسان بولدى. باڭچيۇەن غارىدا

قاراقچىلار شاھى تىرىك تۇتۇلدى. دەرھەقىقەت: سۇڭ جياڭلارنىڭ نامۇنىشانى تارىختا مىڭ يىللاپ باقىي بولۇپ قالغۇسى، ئەجىر - تۆھپىلىرى تۈمەن يىللار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تارالغۇسى. سۇڭ جياڭلارنىڭ ياۋ بىلەن قانداق ئېلىشقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز ئون سەككىزىنچى باب

## لۇ جۈنيىنىڭ يۈلىڭ چاقىسىغا قاتتىق تەگكەنلىكى سۇڭ دانشىنىڭ چىڭشىدىكى غارنى پەم بىلەن ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا گۇەن شىڭ باشلىق تۆت سەركەردە لەشكەر تارتىپ ئۇچقاندەك قارا ئەجدىھا چوققىسىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، لەشكەر تارتىپ ماڭغان شى باۋ بىلەن ئۇچراشتى. گۇەن شىڭ ئات ئۈستىدە:

— ھەي قاراقچى، بۇرادەرلىرىمىزنى نابۇت قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟ — دەپ خىتاب قىلدى.

گۇەن شىڭنى تونۇغان شى باۋ ئېلىشىشقا رايى بارماي، چوققىغا قايتىپ كەتتى. پەنساد بەي چىن تاغدىن چۈشۈپ گۇەن شىڭ بىلەن ئېلىشتى. ئىككىسى گىرەلىشىپ، قوللىرى ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ كەتتى. ئالاھازەل ئون مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكىلەر جاڭ چېلىپ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. گۇەن شىڭ ئۇنى قوغلىمىدى، لېكىن تاغ چوققىسىدا تۇرغان ياۋ لەشكەرلىرى بولسا ئۆزىچە پاراكەندىچىلىككە چۈشتى. ئەسلىدە شى باۋ تاغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى جەڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، تاغنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن تۇڭ ۋازىرنىڭ تاغقا چوڭ قوشۇن تارتىپ كېلىشىگە پەخەس بولمىدى، سۇڭ خانلىقى قوشۇنلىرىدىن باش سەركەردە ۋاڭ بىڭ ياۋ قوشۇنلىرىدىن پەنساد جاڭ دې بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئىككىسى ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن ۋاڭ بىڭ جاڭ دېنى ئاتتىن يىقىتىپ جېنىنى تېنىدىن جۇدا

www.uyghurkitap.com

قىلىپ تاشلىدى، لۇ فاڭ بىلەن گو شىڭلار ھەممىدىن ئاۋۋال چوققىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن تاغقا يۈگۈردى، ئۇلار چوققىغا يېتىپ چىققۇچە ئۈستىدىن ئېتىلغان بىر چوڭ تاش چۈشۈپ گو شىڭنى ئېتى بىلەن قوشۇپ بېسىپ نابۇت قىلدى. چوققىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە تۇرغان گۇەن شىڭ چوققىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى كۆردى، ئۇ چوققىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال سەركەردىلەرنى ئېلىپ بىراقلا چوققىغا ياماشتى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كەلدى، چوققىدا قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. شۇ ئارىدا لۇ فاڭ بەي چىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، بۇلار گىرەلىشىپ تۇتۇشتى. ئۇلار ئۈچ مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن بەي چىن لۇ فاڭغا نەيزە سالدى، لۇ فاڭ شارتتىدە ئۆزىنى بىر يانغا ئېلىۋىدى، نەيزە تەگمەي ئۇنىڭ قولتۇقىدىن ئۆتۈپ كەتتى، لۇ فاڭنىڭ يالمىنىنى بەي چىن بىر ياققا قايرىپ تاشلىدى. بۇ ئىككىسى ئات ئۈستىدە قورال ئىشلەتمەي، قوراللىرىنى تاشلىۋېتىپ، بىر ـ بىرى بىلەن ياقىلىشىپ كەتتى. بۇلار تۇتۇشۇۋېرىپ، تىك يارغا كېلىپ قالدى ـ دە، ئاتلار بۇ تىك ياردا تۇرالماي، ئىككى سەركەردە شىددەت بىلەن ئېلىشۇۋېرىپ، بىر ـ بىرىگە ئېسىلغان پېتى ئاتلىرى بىلەن بىللە چوققىدىن ھاڭغا دومىلاپ چۈشۈپ بىللە تۈگەشتى. چوققىنىڭ بۇ تەرىپىدىن گۇەن شىڭ چوققىغا يامىشىپ چىقتى، سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى چوققىنىڭ ئىككىلا تەرىپىدىن چىقىپ قىر ـ چاپقا ئۆتتى. شى باۋ ھەر ئىككى تەرەپتىن قېچىشقا يول يوقلۇقىنى كۆردى ـ دە، تۇتۇلۇپ خورلۇقتا قالماي دەپ، شەمشىرى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. سۇڭ خانلىقىنىڭ سەركەردىلىرى قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكى چاقىسىنى تارتىۋالدى، گۇەن شىڭ بۇ ئىشتىن دەرھال سۇڭ تۇرشاۋۇلىنى خەۋەردار قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. فاڭ لانىڭ سۇ تۇراسىدىكى تۆت باشبۇغ قارا ئەجدىھا چوققىسى ۋە مۇجۇ ئايمىقىنىڭ تامامەن قولدىن

كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان هامان، قولۋاقلىرىنى تاشلىۋېتىپ، دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى قىرغاققا قاراپ قاچتى، ئۇ تەرەپتىكى پۇقرالار چېڭ گوي، شىي فۇلارنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ مۇجۇ ئايمىقى مەھكىمىسىگە يالاپ ئەكەلدى. تۇتۇلماي قالغان جەي يۈەن، چياۋ جېڭلارنىڭ قاياققا قاچقانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى. سۇڭ خانلىقى چوڭ قوشۇنىنىڭ مۇجۇ ئايمىقىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سۇڭ جياڭ شەھەردىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. تۇڭ ۋازىر، لىيۇ تۇتۇقبەگ شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ ئەل ئەمىن ئېلانى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر ۋە پۇقرالار ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولدى، فاڭ لانىڭ لەشكەرلىرىدىن ئەل بولغانلار سان - ساناقسىز ئىدى، سۇڭ جياڭ خەزىنىدىكى ئاشلىقنى پۇقرالارغا تارقىتىپ بەردى ۋە سۇ لەشكەرلىرى باشبۇغى چېڭ گوي بىلەن شىي فۇنىڭ كۆكسىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، رۇەن شياۋئېر، مېڭ كاڭلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىپ بەردى ھەمدە قارا ئەجدىھا چوققىسىدا قازا تاپقان سەركەردىلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزدى. ئاندىن لى جۈنلەرگە ئولجىغا چۈشكەن نۇرغۇن قېيىقلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە تۇتۇۋېلىنغان قاراقچىلار باشلىقلىرى بىلەن قورچاق ئەمەلدارلارنى جاڭ ئەمىر باسقاق ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. سۇڭ جياڭ لۇ فاڭ، گو شېڭلارنىڭمۇ نابۇت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ چەكسىز قايغۇردى ۋە لەشكەرلىرىنى ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۈنىينىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەندە ئاندىن چىڭشى ناھىيەسىگە بىرلىكتە تېگىش قىلىمىز دەپ بىر ياققا قىمىرلاتمىدى.

سۇڭ جياڭنىڭ مۇجۇ ئايمىقىغا كېلىپ جايلاشقانلىقى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۈنىيدىن ئاڭلاڭ. لۇ جۈنىي خاڭجۇ ئايمىقىدىكى چاغدا ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ئوڭ قول ۋە سول

www.uyghurkitap.com

قول سەركەردىلەر بىلەن تاغ يوللىرى ئارقىلىق چىيەن شاھنىڭ قەدىمىي ئاستانىسى لىڭئەن دېگەن جايدىن ئۆتۈپ، يۇلىنىڭ چاقىسىغا يېقىن بىر جايغا يېتىپ كەلدى. چاقىسىنى ساقلاپ تۇرغىنى فاڭ لانىڭ قول ئاستىدىكى باش سەركەردە بولۇپ، ئۇنىڭ لەقىمى كىچىك ياڭ يۇجى①، ئىسمىزاتى پاڭ ۋەنچۇن ئىدى، ئۆزى تۆۋەن ئىقلىمدىكى فاڭ لا ئىبلىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر مەرگىنى ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى سول قول سەركەردىسى بار ئىدى، بىرىنىڭ ئىسمى لىبي جيۇڭ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى جى جى ئىدى. بۇ ئىككى سول قول سەركەردىنىڭ ھەرقايسىسى يەتتە ـ سەككىز يۈز جىڭ ئېغىرلىقتىكى مىلتىق يا ئىشلىتەتتى، بىردىن تىكەنلىك توقماق ئېلىپ يۈرەتتى ۋە ھەربىرىنىڭ بەش مىڭدىن لەشكىرى بار ئىدى. يۇلىڭ چاقىسىنى ساقلاپ تۇرغان ئۈچەيلەن سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ بىر تارمىقىغا باشچى بولغان ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۈنيى لەشكەر تارتىپ كېلىۋېتىپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ، قورال ـ ئەسلىھەلىرىنى تەخمۇتەخ قىلىپ، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۈنيىنىڭ لەشكەرلىرى يۇلىڭ چاقىسىغا يېقىنلاشقاندا، ئالدى بىلەن شى جىن، شى شيۇ، چېن دا، ياڭ چۈن، لى جۇڭ، شۆ يۈڭلارنى ئۈچ مىڭ پىيادە لەشكەر بىلەن چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

شى جىن باشلىق ئالتە سەركەردە ئاتلىق، قالغانلار پىيادە ئىدى، ئۇلار ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ چاقسا ئەتراپىغا بېرىپ چارلىدى، لېكىن بىرمۇ ئادەم ئۇچرىمىدى. شى جىن دەرگۇمان بولۇپ باشقا سەركەردىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. مەسلىھەتلىشىپ ماڭغاچ گەپنىڭ ئاخىرى چىققۇچە چاقسا يېنىغا كېلىپ قالدى. چاقسا ئۈستىگە قارىسا، بىر ئاق كەشتە تۇغ قاداقلىق تۇرۇپتۇ. تۇغ ئاستىدا ھېلىقى

① ياڭ يۇجى ــ ئەمىنىيە دەۋرىدىكى ئۇستا مەرگەن.

كىچىك ياڭ يۇجى — پاڭ ۋەنچۈن تۇرۇپتۇ، ئۇ شى جىنلارنى كۆرۈپ بىر كۈلۈۋېتىپ:

— ھەي قاراقچىلار، سەنلەرگە لياڭشەن كۆلىلا لايىق، سۈڭ خانلىقىنىڭ ئەل قىلىش پەرمانىنى قوبۇل قىلىپ شۈك ياتماي، يەنە نېمىدەپ بىزنىڭ ئېلىمىزگە كېلىپ نوچىلىق قىلىشىسەن! غوجا ئاكاڭنىڭ كىچىك ياڭ يۇجى دېگەن نامىنى ئاڭلاشمىغانمىدىڭ؟ ئاراڭلاردا كىچىك لىگۇاڭ خۇا رۇڭ دېگەن بىرنېمە بار دەپ ئاڭلىدىم، قېنى ئۇ چىقىپ مېنىڭ بىلەن ئوقيادا بەسلىشىپ باقسۇن، ئۇنىڭغا ئوقۇمنىڭ تەمىنى بىر تېتىتىپ قوياي، — دەپ ئاغزىنى بۇزدى ۋە گېپى تۈگەر - تۈگىمەيلا ۋاقىدە بىر ئوق ئۇزگەندى، ئوق ئۇدۇل بېرىپ شى جىنغا تەگدى - دە، ئۇنى ئاتتىن غۇلاتتى، بەش سەركەردە شۇئان گۈررىدە كېلىپ شى جىننى قۇتقۇزۇۋېلىپ ئاتقا ئارتىپ ئەپكەتتى. شۇ ئارىدا تاغ بېشىدىن جاڭ ساداسى كۆتۈرۈلدى.

ئوڭ - سول ئىككى قاسناقتىكى قارىغايلىقتىن يا ئوقلىرى ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى، بەش سەركەردە شى جىننى تاشلاپ جېنىنى ئېلىپ قاچتى. قېچىپ كېتىۋېتىپ بىر دوقمۇشتىن بۇرۇلۇشىغا، قارشى تەرەپتىكى ئىككى تىك ياردىن لېپ جيۇڭ بىلەن جى جىلارنىڭ ئاتقان يا ئوقلىرى يامغۇردەك ئۇچۇپ كەلدى، بۇنداق قويۇق ئېتىلغان ئوقتىن ھەرقانداق داڭدار پالۋانمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئىسىت، سۇ بويىدىكى ئالتە سەركەردىنىڭ چۈشتەك ئۆمرى ئاياغلاشتى. شى جىن، شى شيۇ قاتارلىق بۇ ئالتەيلەندىن بىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالماي، تامامەن چاقسا ئالدىدا نابۇت بولدى.

ئۈچ مىڭ پىيادە لەشكەردىن ئاران يۈزنەچچىسى جېنىنى پاناھلاپ كېلىۋالدى. ئۇلار ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۈنيىگە ۋەقەنى بايان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان لۇ تۇرشاۋۇل قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشۈپ، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا بىر ھازاغىچە گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. مۇشاۋىر جۇ ۋۇ بۇ چاغدا چېن دا بىلەن

ياڭ چۇنلارنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ھازا تۇتۇپ كۆز يېشى قىلدى ۋە لۇ تۇرشاۋۇلغا:

— قايغۇرمىسىلا تۇرشاۋۇل، چوڭ ئىشلارغا كاشىلا يېتىپ قالمىسۇن يەنە، بىز باشقىچە ئامال تېپىپ چاقسىنى قولغا چۇشۇرۇپ، ياۋ سەردارلىرىنى قىرىش بىلەن بۇ قىساسنى ئالىمىز، — دېدى.

— ئاغىمىز سۇڭ دانىش ماڭا نۇرغۇن سەركەردىلەرنى ئايرىپ بەرگەنىدى، بىرەر مەيدان جەڭدە ئۇتۇپ چىقماستىن تۇرۇپلا ئالتە سەركەردە نابۇت بولدى، تېخى بۇنى ئاز دەپ ئۇچ مىڭ پىيادە لەشكەردىن ئاران يۈزنەچچىسى قايتىپ كەلدى، مانا بۇنداق ئەھۋالدا شىجۇ ئايمىقىغا قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن؟ — دېدى لۇ جۇنيى.

— كونىلاردا: «پەيتتىن شارائىت ئەلا، شارائىتتىن كىشىلەرنىڭ ئىناقلىقى»، دېگەن سۆز بار، — دېدى جۇ ۋۇ جاۋابەن، — بىز ھەممىمىز ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى شەندۇڭ، خېبېيلىقلارمىز، سۇ جېڭىگە ماھىر بولمىغىنىمىزدىن ئۇبدان يەر شارائىتىنى قولدىن بېرىپ قويدۇق. شۇڭلاشقا، يەرلىك ئاھالىنى قولغا كەلتۈرسەك، ئۇلار بىزگە يول باشلاپ ماڭسا، ئاندىن بۇ تاغ يوللىرىنىڭ ئەگرى - توقىيىنى بىلەلەيمىز.

— بەللى مۇشاۋىرىم، ئېيتقانلىرى جايىدا، — دېدى تۇرشاۋۇل، — يول چارلاپ كېلىشكە كىمنى ئەۋەتسەك بولار؟

— كەمىنىلىرىچە بولسا ناغرا بۇرگىسى شى چيەننى ئەۋەتسەك بولارمىكىن، ئۇ تام - ئۆگزىلەردىمۇ توسالغۇسىز ئۇچىدىغان چاقىرىمىسى ماڭىدىغان ئادەم، تاغ ئارىلاپ يول تېپىشقا لايىق، — دېدى جۇ ۋۇ.

لۇ جۇنيى شۇئان شى چيەننى چاقىرتقۇزۇپ پەرمان چۈشۈردى. شى چيەن پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئوزۇق ئېلىۋېلىپ يان قىلىچىنى ئاستى - دە، قوشتىن يولغا راۋان بولدى.

شى چيەن تاغ ئېچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ يول ئىزدەپ يېرىم كۈن يۈردى، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر مەنزىلگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، يىراق بىر يەردە بىر چىراغنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. ئۇ: «چىراغ يورۇقى بار يەردە جەزمەن ئادەم بار» دەپ ئويلاپ، قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ چىراغ بار يەرگە باردى، بېرىپ قارىسا، بىر كىچىككىنە ئىبادەتخانا تۇرۇپتۇ. ھېلىقى چىراغ شۇ ئىبادەتخانىدا پىلىلداۋاتقانىكەن. شى چيەن ئىبادەتخانا ئىچىگە كىرىپ قارىسا، بىر قېرى شەيخ ئىچكىرىكى ھۇجرىدا نوم ـ دەستۇر ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ، شى چيەن بېرىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. قېرى شەيخ بىر دەرۋىش بالىنى چاقىرىپ ئىشىك ئېچىشقا بۇيرۇدى. شى چيەن ئىچكىرىگە كىرىپ، شەيخكە تاۋاپ ـ تەزىم قىلدى.

— بولدى، ئۇنداق قىلمىسىلا مېھمان، — دېدى قېرى راھىب، — بۇ يەردە قاتتىق جەڭ بولۇۋاتسا قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟

— ئاتا، ئۆزلىرىدىن يوشۇرالمايمەن، پېقىر لياڭشەن كۆلىدىكى سۇڭ جياڭنىڭ قول ئاستىدىكى ياردەمچى سەركەردە شى چيەن بولىمەن، — دېدى شى چيەن جاۋابەن، — خاننىڭ مۇقەددەس پەرمانى بويىچە فاڭ لانى يوقىتىشقا كەلگەنىدۇق. لېكىن، يۇلىڭ چاقىسىنى ساقلاپ تۇرغان قاراقچىلار ئالتە ئوڭ قول سەركەردىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى، چاقىسىدىن ئۆتەلمىدۇق، تۇرشاۋۇل پېقىرنى يول تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، مانا بۈگۈن تاغ ئارىلاپ داۋان ئېشىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. ئەي ئاتا، چاقىسىدىن ئۆتكۈدەك بىرەر ئاياغ يول كۆرسىتىپ بەرگەيلا، بۇ ساۋابلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇراي.

— بۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ ھەممىسى فاڭ لانىڭ جەبىر ـ زۇلمىغا ئۇچرىغان، ئۇنى ئۆچ كۆرىدۇ، — دېدى قېرى شەيخ، — پېقىرمۇ مۇشۇ ئوتتۇرىدىكى پۇقرالارنىڭ خەير ـ ساخاۋەت

ئاشلىقىغا سۆيۈنۈپ جان بېقىۋاتىمەن، ئەمدى بۇ كەنتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى چېچىلىپ كەتتى، مېنىڭ بارار ــ تۇرار يېرىم بولمىغانلىقتىن، مۇشۇ يەردە ئۆلۈمۈمنى كۈتۈپ ياتاتتىم. ھالا بۇگۈن تەڭرىنىڭ رەھمىتى يېغىپ، خان لەشكەرلىرى يېتىپ كەپتۇ، خەلقىئالەمگە سائادەت يار بولۇپتۇ. سەركەردىمىزنىڭ بۇ يەردىكى قاراقچىلارنى يوقىتىپ، خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتنى ساقىت قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن قاراقچىلار بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئەندىشە قىلاتتىم، مانا ئەمدى خان لەشكەرلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆزلىرىدەك ئاتامانىنىڭ قەدىمى بۇ يەرگە يەتكەندىكىن ئېيتماي نېمىنى ئايايمەن، بىزنىڭ بۇ يەردىن چاقسىغا ئۆتىدىغان يول يوق، كۈنپېتىش چوققا يېنىدا بىر ئاياغ يول بار، چاقسىدىن شۇ يول بىلەن ئۆتكىلى بولىدۇ. ناۋادا مۇشۇ يېقىندا قاراقچىلار ئۇ يولنىمۇ كېسىپ تاشلىغان بولسا، ئۇ يەردىنمۇ ئۆتكىلى بولمايدۇ.

ــ ئاتا، چاقسىغا ئۆتىدىغان ئاشۇنداق بىر ئاياغ يول بولغىنى ياخشى بوپتۇ، بۇ يولدىن قاراقچىلار تۇراسىغا بارغىلى بولارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى شى چيەن.

ــ بۇ يول بىلەن تويتوغرا پاك ۋەنچۈنلار تۇراسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە چىققىلى بولىدۇ. ئۇ يەرگە بېرىپ تاغدىن چۈشسىلا، چاقسىغا ئۆتىدىغان يولغا چىقىدۇ، لېكىن قاراقچىلار بۇ يولنى چوڭ قورام تاشلار بىلەن ئېتىۋەتكەن بولسا، يەنە ئۆتمەك مۈشكۈل، ــ دېدى شەيخ.

ــ ھېچقىسى يوق ! ــ دېدى شى چيەن، ــ يوللا بولىدىكەن، ئۇنى ئۇزۇپ تاشلىغان بولسىمۇ مەيلى، ئۆزىمىز بىر ئىلاج قىلىمىز، ئۇنداق بولسا قايتىپ بېرىپ باش سەركەردىمىزگە مەلۇم قىلاي، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرىمىز.

ــ باياتىن بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى باشقىلارغا مېنى دېدى، دەپ قويمىسىلا يەنە.

— پىقىر ئېھتىياتچان ئادەممەن، ئاغزىمدىن سىلىنىڭ ئاتلىرىنى چىقارمايمەن.

شى چيەن شۇ كۈنى قىرى شەيخ بىلەن خوشلىشىپ قوشقا قايتىپ كېلىپ، لۇ تۇرشاۋۇلغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. لۇ جۈنيى بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ـ دە، چاقىسنى ئېلىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى ھەققىدە مۇشاۋىرنى مەسلىھەتكە چاقىرتتى.

— ئەگەر شۇنداق بىر يول چىقىپ قالغان بولسا، بىزنىڭ يۈلىڭ چاقىسىنى ئېلىشىمىز ناھايىتىمۇ ئاسانغا توختايدۇ، بۇ چوڭ ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن شى چيەنگە يەنە بىر ئادەم قوشايلى، — دېدى جۇ ۋۇ.

— ئورۇنلىماقچى بولغىنىمىز قايسى چوڭ ئىش، مۇشاۋىر؟ — دەپ سورىدى شى چيەن.

— ئەڭ مۇھىم ئىش ئوت قويۇش، توپ ئېتىش، سىلەر كۆيدۈرگۈچ توپ، ئوت تىغ، چاقماق تېشى ئېلىپ ئۈدۈل ئاشۇ تۇرانىڭ كەينى تەرىپىگە بېرىڭلار ـ دە، بەلگە ئوق ئۈزۈڭلار، شۇنداق قىلساڭلار چوڭ ئىش قىلغان بولىسىلەر، — دېدى جۇ ۋۇ.

— ئىشىمىز ئوت قويۇش، توپ ئېتىشلا بولىدىغان بولسا، باشقا كىشىمۇ ھاجەت ئەمەس، ئۆزۈم بارسام كۇپايە، باشقا بىرى ماڭا ياندىپ ئەۋەتىلگەن بىلەن، ماڭا ئوخشاش چاققانلىق قىلالماي يۈك بولىدۇ ـ دە، كاشىلا سېلىپ قويىدۇ، مەن ئۇ تەرەپكە كېتىپ قالسام، سىلەر چاقسا يېنىغا قانداق بارالايسىلەر؟ — دېدى شى چيەن.

— بۇ ئاسان، قاراقچىلارنىڭ مۆكۈنۈپ يېتىشى پەقەت بىرلا قېتىم ئەسقاتىدۇ. ھازىرچە ئۇلار خاھ مۆكۈنسۇن، خاھ مۆكۈنمىسۇن، كارىمىز بولمىسۇن، يولدا قېلىن ئورمانلىق ئۇچرىسا، ئوت قويۇپ كۆيدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ مۆكۈشى بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، — دېدى جۇ ۋۇ.

www.uyghurkitap.com

— پاھ، ئەجەبمۇ ئاقىل ئىكەنلا، مۇشاۋىر، — دېدى شى چيەن.

شۇنداق قىلىپ، شى چيەن چاقماق، چاقماق تېشى ۋە تۇتۇرۇقلۇق ئالدى، توپنى ئۆشنىسىگە يۈدۈدى - دە، لۇ تۇرشاۋۇل بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. لۇ جۇنيى شى چيەنگە يىگىرمە سەر كۈمۈش بىلەن بىر دادەن ئاشلىق ئالغاچ بېرىپ، قىبرى شەيخكە ئىنئام قىلىشنى تاپشۇردى. بۇلارنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن بىر نۆكەرنى تەيىنلەپ بەردى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن شى چيەن ھېلىقى نۆكەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئىلگىرىكى يول بىلەن بۇتخانىغا كېلىپ، قىبرى شەيخ بىلەن ئۇچراشتى، شى چيەن ئۇنىڭغا:

— تۇرشاۋۇلىمىز كۆپتىن - كۆپ دۇئايىسالام دېدى. ئۇشبۇ ئەرزىمەس سوۋغىنى ئۆزلىرىگە ئەۋەتتى، — دەپ كۈمۈش بىلەن ئاشلىقنى شەيخكە تاپشۇردى. قىبرى شەيخ بۇلارنى ئالغاندىن كېيىن شى چيەن ھېلىقى نۆكەرنى قوشقا قايتۇرۇۋېتىپ، قىبرى شەيخكە:

— ئۆزلىرىگە ئىلتىجايىم شۇكى، دەرۋىشلىرىگە ئىجازەت قىلسىلا، مېنى باشلاپ ئاپىرىپ قويسا، — دېدى.

— سەل تەخىر قىلىپ كەچرەك بارسىلا، كۈندۈزى بارسىلا چاقسىدىكىلەر تۇيۇپ قالىدۇ، — دېدى قىبرى شەيخ.

شۇنىڭ بىلەن شەيخ كەچلىك غىزا تەييارلاپ شى چيەننى مېھمان قىلدى، تۈن كېچە بولغاندىن كېيىن شەيخ ئۆزىنىڭ دەرۋىشىگە:

— بۇ سەردارنى ئاۋۇ تەرەپكە ئاپىرىپ قوي، — دەپ بۇيرۇدى ۋە تۇيدۇرۇپ قويماستىن دەرھال قايتىپ كېلىشنى جېكىلىدى. شۇنداق قىلىپ، دەرۋىش شى چيەننى باشلاپ بۇتخانىدىن تاغ ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى، بۇلار ئورمانلارنى كېزىپ، تاغلاردىن، چاتقاللىق جاڭگاللىقلاردىن ھالقىپ ئۆتتى، تاغ - داۋانلاردا، دالالاردا نەچچە چاقىرىملاپ يول يۈردى، ئاي خىرە

يورۇپ تۇراتتى، بۇلار بىر خەتەرلىك چوققىغا كېلىپ قالدى، بۇ چوققا ناھايىتى تىك چوققا ئىدى، يىراقتىن كىچىككىنە بىر ئېغىز كۆرۈندى، يار ئۈستىگە يوغان - يوغان تاشلار تىزىلىپ ئېگىز تام قوپۇرۇلغاندى، دەرۋىش شى چيەنگە:

— ئەي سەردار، ئەنە چاقسا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، تاش تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتسىلە چوڭ يولغا چىقىدىلا، — دېدى.

— خوپ، سىز قايتىپ كېتىڭ، يولنى بىلىۋالدىم، — دېدى شى چيەن.

دەرۋىش قايتىپ كەتتى. شى چيەن بولسا تام - قاشالاردىن ئاتلاپ ئۆتۈش ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ تاش تاملاردىن سەكرەپ ئۆتتى. ئۇ كۈنچىقىش تەرەپكە قايرىلىپ بىر ئورمانزارلىقتىن چىقىشىغا ئاسماننى قىزىللىق قاپلىدى. ئەسلىدە لۇ تۇرشاۋۇل بىلەن جۇ ۋۇلار قوشتىن چىققىنىچە يول بويى ئوت قويۇپ چاقسا تەرەپكە كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۈچ - تۆت يۈز لەشكەر يولدا ئۇچرىغانلىكى چېرىكلەرنى سۈر - توقاي قىلىپ ئۆلتۈرگىنىچە ئوت قويۇپ، يول ئېچىپ ماڭدى، ياۋ لەشكەرلىرى مۆكۈنۈشكە جاي تاپالماي قېلىشتى. يولنىڭ چاقسىسىنى ساقلاپ ياتقان كىچىك ياڭ يۈجى — پاڭ ۋەنچۈن سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ جاڭگاللارغا ئوت قويۇپ يول ئېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ لېي جيوڭ ۋە جى جىلارغا:

— بۇ ئۇلارنىڭ تېگىش قىلىش قائىدە - يوللىرى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنىڭ مۆكۈنۈپ ياتقان لەشكەرلىرىمىزنى ئىلاجسىز ھالەتكە چۈشۈرمەكچى. بىز مۇشۇ چاقسىنى مەزمۇت ساقلاپ تۇرايلى، قېنى بۇ يەردىن قانداق ئۆتەلەيدىكىن، — دېدى ۋە سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، لېي جيوڭ بىلەن جى جىلارنى ئېلىپ چاقسا ئالدىغا كېلىپ تۇرۇشتى.

ئەمدى شى چيەنگە كەلسەك، بۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ چاقسا ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى، ئاندىن بىر ئېگىز دەرەخنىڭ

ئۇچىغا چىقىپ، قىلىن يوپۇرماق دالدىسىغا كىرىۋېلىپ پاك ۋەنچۈن، لىبي جيۇك ۋە جى جىلارغا قارىدى، ئۇلار ئوقيالىرىنى بەتلىگىنىچە چاقسا ئالدىدا مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ، سۇك خانلىقى لەشكەرلىرىگە قارىسا، ئەتراپقا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ. لىن چۇك بىلەن خۇ يەنجو ئاتلىق چاقسا تۇۋىگە يېتىپ كەپتۇ، ئۇلار پاك ۋەنچۈنلارغا قاراپ:

— ھەي خۇمسىلار، سەنلەر قايسى يۇرىكىڭ بىلەن تەڭرى لەشكەرلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىشىسەن؟ — دەپ تىل قويۇپ ۋارقىرىدى.

پاك ۋەنچۈنلار يالىرىنى چەنلەپ ئوق ئۈزمەكچى بولدى، لېكىن ئۇلار شى چيەنىنىڭ ئاللىبۇرۇن چاقسا ئۈستىگە چىقىپ ماراپ تۇرغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. شى چيەن شۇ تاپتا دەرەختىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ چاقسىنىڭ كەينىگە ئۆتتى، قارىسا ئىككى دۆۋە سامان تۇرۇپتۇ، ئۇ دەرھال سامان دۆۋىسى ئىچىگە كىرىۋېلىپ، يېنىدىن چاقماق، چاقماق تېشى چىقىرىپ، ئوتنى تۇتۇرۇقلۇققا تۇتاشتۇرۇش بىلەن كۆيدۈرگۈچ توپنى سامان دۆۋىسى ئۈستىگە قويدى، ئاۋۋال بىر ئاز گۈڭگۈرت - پارتلىغۇچ ئېلىپ ئۇياقتىكى سامان دۆۋىسىگە ئوت قويدى، بۇياقتىكىسىگە ئوت تۇتاشتۇردى. ئاندىن ئوتنى كۆيدۈرگۈچ توپقا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، ھېلىقى تۇتۇرۇقلۇقنى ئېلىپ چاقسىنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئوت قويدى. ئىككى دۆۋە سامان ئىچىدىنمۇ گۈپ قىلىپ تەڭلا ئوت ياندى - دە، توپلار گۈلدۈرلەپ ئېتىلىشقا باشلىدى. چاقسىنى ساقلاپ ياتقان لەشكەرلەر پاتىپاراقچىلىققا چۈشۈپ، قىيا - چىيا سېلىشتى، ئۇلارنىڭ سۇك خانلىقى لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرغۇدەك مادارى قالماي جېنىنى ئېلىپ قېچىشتى. پاك ۋەنچۈن ئىككى ياردەمچى سەردارى بىلەن ئالدىراپ - سالدىراپ چاقسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولدى، بۇ چاغدا چاقسا ئۈستىدىكى شى چيەن يەنە كۆيدۈرگۈچ توپ ئاتتى، كۆيدۈرگۈچ توپنىڭ گۈلدۈرلىگەن ساداسىدىن پۈتكۈل

چاقسا تەۋرىنىپ ـ سىلكىنىپ كەتتى. فالڭ لا لەشكەرلىرى قورققىنىدىن قىلىچ ـ نەيزە، ئوقيا ـ كامالەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە دۇبۇلغا ـ قۇياغلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، چاقسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بەدەر قېچىشتى. شى چيەن چاقسا ئۈستىدە تۇرۇپ:

— بىر تۈمەن سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى چاقسىدىن ئۆتتى، دەرھال ئەل بولۇڭلار، بولمىسا ھەممىڭلار ھالاك بولىسىلەر ! — دەپ توۋلىدى.

بۇنى ئاڭلىغان پالڭ ۋەنچۈن قورققىنىدىن پۇت ـ قولىدا جان قالماي مۇدۇرۇلۇپ ـ سىدىرىلىپ يۈردى. لىبي جيۇڭ بىلەن جى جىلار قورققىنىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، قىمىر قىلالماي تۇرۇپ قېلىشتى. لىن چۇڭ بىلەن خۇ يەنجو ھەممىنىڭ ئالدىدا تاغقا يامىشىپ چاقسا ئۈستىگە چىقىۋالدى. قالغانلارمۇ بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي يۈگۈرۈشكەن پېتى چاقسىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، فالڭ لا لەشكەرلىرىنى سۈر ـ توقاي قىلىشقا باشلىدى. سۇن لى لىبي جيۇڭنى، ۋېي دىڭگو جى جىنى تىرىك تۇتۇۋالدى، بىرلا پالڭ ۋەنچۈن قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى قولغا چۈشۈرۈلدى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى چاقسىغا قوش تىكىپ ئورۇنلاشتى.

لۇ تۇرشاۋۇل يۇلىڭ چاقسىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن شى چيەنگە نۇرغۇن ئىنئام بەردى، چاقسىدىلا لىبي جيۇڭ بىلەن جى جىلارنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرەك ـ باغرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، شى جىن، شى شيۇ قاتارلىق ئالتىسىنىڭ روھىغا نەزىر ـ چىراغ قىلىپ بەردى ۋە جەسەتلىرىنى تېپىپ چاقسىدا دەپنە قىلدى، قالغان ئۆلۈكلەرنى تامام كۆيدۈرۈۋەتتى. ئەتىسى باشقا سەركەردىلەر بىلەن بىللە يولغا چىقتى، يۇلىڭ چاقسىسىنىڭ ئېلىنغانلىقى ھەققىدە يۇقىرىغا مەلۇمات يېزىپ، تېزدىن جالڭ ئەمىر باسقاقبەگكە يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئادەم ئەۋەتتى، ئاندىن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن شېجۇ شەھىرى يېنىغا كېلىپ قوش تىكىپ جايلاشتى.

ئەسلىدە شىجۇ ئايمىقىدا تۇرغۇچى خاننىڭ تاغىسى فاڭ خۇ ئىدى، بۇ فاڭ لانىڭ ئۆز تاغىسى بولۇپ، ئۇ ئىككى ئالىي سەركەردىگە قەلىمى مەنسەپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شىجۇ ئايمىقىنى ساقلاپ ياتاتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى مىرزىبەگ ۋاڭ يىن، يەنە بىرى ياندىش ئامبال گاۋ يۇ بولۇپ، ئۇ ئىككىسى ئون نەچچە سەركەردە، ئىككى تۈمەن لەشكىرى بىلەن شىجۇ شەھىرىنى قوغداپ تۇراتتى. ۋاڭ مىرزىبەگ تېگىدىن مۇشۇ ئايماقلىق تاشتاراش ئىدى، ئۇ قۇيۇچ نەيزە ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ، بىر ئىبسىل ئارغىماق مىنىپ يۈرەتتى، ئۇنى كىشىلەر تاغ ئاشار دەپ قوياتتى، ئۇنىڭ مىنىپ يۈرگەن جەڭ ئارغىمىقى تاغۇدەريالاردىن گويا تۈزلەڭلىكتە ماڭغاندەك ئۆتۈپ كېتەتتى. ياندىش ئامبال گاۋ يۈمۇ مەزكۇر ئايماقنىڭ يەرلىك ئادىمى بولۇپ، جەددى - جەمەتىدىن يالمان - نەيزىلەر ئىشلىتىشكە ماھىر ئىدى، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ساھىب قەلەم بولغاچقا، فاڭ لا ئۇلارغا قەلىمى مەنسەپ بېرىپ، لەشكەر جوڭقۇرۇش ھوقۇقىنى تۇتقۇزغانىدى. كىچىك ياڭ يۈجى — پاڭ ۋەنچۈن جەڭدە يېڭىلىپ قېلىپ شىجۇ ئايمىقىغا قېچىپ كەلگىنىچە ئۇدۇل قارارگاھقا كىرىپ، شاھ تاغىسىغا:

— يەرلىك خەلق سوڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنى چىغىر يول ئارقىلىق چاقسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدى. شۇ سەۋەبتىن لەشكەرلىرىمىز چېچىلىپ كېتىپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماي قالدۇق، — دېدى.

شاھ تاغىسى فاڭ خۇ بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، پاڭ ۋەنچۈننى:

— يۇلىڭ چاقسىسى شىجۇ ئايمىقىمىز ئۈچۈن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم توسۇق ھېسابلىنىدۇ، سەنلەر سوڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشىپسەن، ئەمدى قاچانلا بولسۇن ئۇلار شىجۇ ئايمىقىمىزغا تېگىش قىلماي قالمايدۇ، قانداق تاقابىل تۇرغۇلۇق؟ — دەپ تىللىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئەي ھەزرىتى شاھىم، ئاچچىقلىرىدىن يانسىلا، — دېدى ۋاڭ مىرزىبەگ ئىلتىجا قىلىپ، — كونىلار: «يېڭىش - يېڭىلىش ئادەتتە بار ئىش، بۇ جەڭ قىلىش - قىلماسلىققا باغلىق ئەمەس» دەپتىكەن. ھەزرەتلىرى بۈگۈنچە پاڭ سەردارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىلە، ئۇنىڭدىن چوقۇم غەلىبە قىلىش توغرىسىدا ۋەدە ئالايلى، ئۇنى سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشكە ئالدىن ئەۋەتەيلى، ناۋادا يېڭىپ كېلەلمىسە، ئۇ چاغدا كونا - يېڭى ھېسابىنى بىللە ئالسىلا.

فاڭ خۇ مىرزىبەگنىڭ بۇ مەسلىھەتى بويىچە پاڭ ۋەنچۈنغا بەش مىڭ لەشكەر قوشۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا شەھەر سىرتىدىكى ياۋ بىلەن ئېلىشىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىشنى تاپشۇردى.

ئەمدى لۇ جۈنيىگە كەلسەك، ئۇ يولنىڭ چاقىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن دەرھال شىجۇ ئايمىقىغا لەشكەر تارتىپ كەلدى ۋە شۇ كۈنىلا شىجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلدى. شەھەر قوۋۇقى ئېچىلىش بىلەن پاڭ ۋەنچۈن ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا چىقتى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قاتار سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. پاڭ ۋەنچۈن سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ نازارەت قىلىپ تۇردى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى ئىچىدىن ئوۋ پېڭ قولىغا نەيزە تۇتقىنىچە ئات سېلىپ چىقىپ پاڭ ۋەنچۈن بىلەن ئېلىشتى. بۇ ئىككىسى بەش مەرتەم ئېلىشا - ئېلىشمايلا پاڭ ۋەنچۈن قاچتى. ئوۋ پېڭ ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنى تۇتۇپ ئەجىر - تۆھپىلەر كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئات بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى، قېچىپ كېتىۋاتقان پاڭ ۋەنچۈن كەينىگە قايرىلىپ تۇرۇپ ئوقيادىن ئوق ئۈزدى. ئوۋ پېڭ جەڭ ماھارىتى ئۈستۈن بولغاچقا، ئوقنى تۇتۇۋالدى. ئەمما، ئۇ پاڭ ۋەنچۈننىڭ ئۇلانما ئوق ئۈزەلەيدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ دەسلەپكى بىر تال ئوقنى تۇتۇۋالغانلىقى ئۈچۈن بىمالال قوغلاۋەردى. لېكىن، شۇ ئارىلىقتا ۋاقىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، پاڭ ۋەنچۈن ئۈزگەن ئىككىنچى ئوق ئوۋ پېڭغا تەگدى - دە، ئۇ

ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى. سېپىل ئۈستىگە چىقىۋالغان ۋاڭ مىرزىبەگ بىلەن ياندىش ئامبال گاۋ يۇ ئوۋ پېڭنىڭ ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلغانلىقىنى، پاڭ ۋەنچۈننىڭ يەڭگەنلىكىنى كۆرۈپ، شەھەردىكى بارلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ بىراقلا باستۇرۇپ كەلدى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ، ئوتتۇز چاقىرىم نېرىغا چېكىنىپ قوش تىكىپ جايلاشتى. ئۇلار لەشكەرلىرىنى ئېدىتلاپ كۆرسە، ھېلىقى پاتپاراقچىلىق ئىچىدە كۆكتاتچى جاڭ چىڭمۇ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. سۇن چوكان ئۆز ئېرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرىنى جەسەتنى تېپىپ كېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى. ئۆزى ئۈن سېلىپ يىغلىدى. لۇ تۇرشاۋۇل بۇنىڭغا ئىچى پۇشۇپ، ئىشلەتكەن چارە - تەدبىرلىرىمىز ياخشى بولماپتۇ، دېگەن ئوي بىلەن جۇ ۋۇغا:

— بۈگۈنكى جەڭدە يەنە ئىككى سەردارىمىزدىن ئايرىلىپ قاپتىمىز، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — دەپ مەسلىھەت سالدى.

— يېڭىش - يېڭىلىش ئادەتتە بار ئىش. بۈگۈن ئۇ قاراقچىلار بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنى چېكىندۇرۇپ كەتكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىگە تەمەننا قويۇشىدۇ، ئۇلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ كەچتە قوشۇنىمىزغا تېگىش قىلىش مەسلىھەتىگە كېلىشى چوقۇم. شۇڭلاشقا، بىز سەردار - سەرۋازلىرىمىزنى ئەتراپقا تارقىتىپ مۆكۈندۈرەيلى. بارگاھ قوشۇنغا بىرنەچچە ئۆچكە تېپىپ باغلاپ قويۇپ، مۇنداق - مۇنداق قىلايلى. خۇ يەنجو بىر قىسىم لەشكەرنى ئېلىپ سول تەرەپكە مۆكۈنسۇن، لىن چۇڭ بىر قىسىم لەشكەرنى ئېلىپ ئوڭ تەرەپكە مۆكۈنسۇن، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگولار بىر قىسىم لەشكەرنى ئېلىپ كەينى تەرەپكە مۆكۈنسۇن. قالغان سول قول سەردارلار ھەر تەرەپكە تارقىلىپ ئاياغ يولغا مۆكۈنسۇن. كېچىدە قاراقچىلار كەلسە بارگاھ قوشۇن ئوت بىلەن بەلگە بەرسۇن - دە، تەرەپ -

تەرەپتىن كېلىپ ئۇلارنى تۇتسۇن، — دېدى جۇ ۋۇ.

لۇ جونىيى ھەممىسىگە پەرمان چۈشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. ھەرقايسى سەركەردىلەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۆز جايلىرىغا بېرىپ ساقلاپ تۇرۇشتى.

ۋاڭ مىرزىبەگ بىلەن يانداش ئامبال گاۋ يولەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىمۇ پەم - پاراسەتلىك ئىدى، بۇلار پاڭ ۋەنچۇن بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن شاھ تاغىسى فاڭ خۇ ھوزۇرىغا كىرىپ ئىلتىجا بىلەن:

— بۇگۈنكى جەڭدە سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى يېڭىلىپ ئوتتۇز نەچچە چاقىرىم نېرىغا بېرىپ ماكانلاشتى، ئۇلارنىڭ قوشلىرىدا ھېچ ئادەم قالمىدى، لەشكەرلىرى ھېرىپ - چارچىدى، بىز بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇلارنىڭ قوشغا تېگىش قىلساق، ئۇلارنى چوقۇم يېڭىمىز، — دېدى.

— سىلەر ئوبدان ئويلىشىپ كۆرۈپ، قىلغۇدەك بولسا، شۇنداق قىلىڭلار، — دېدى فاڭ خۇ.

— پېقىر پاڭ ۋەنچۇن سەردار بىلەن بىللە بېرىپ قوشقا تېگىش قىلاي، ئۆزلىرى مىرزىبەگ بىلەن شەھەرنى قوغدىسىلا، — دېدى ياندىاش ئامبال گاۋ يۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى شۇ ئاخشىمىلا جابدۇنۇپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ قوشقا تېگىشكە ماڭدى. ئۇلار ئاتلىرىنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى ئېلىپ تاشلىدى، لەشكەرلىرىگە يىگچە چىشلىتىپ تېز يۈرۈش قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى قوشىغا يېتىپ باردى. قوش قوۋۇقىنىڭ تاقاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن فاڭ لا لەشكەرلىرى يېقىنلىشىشقا پېتىنالمىدى. دەسلەپ ۋاقىت دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ئايرىم - ئېچىم ئۇرۇلدى، كېيىنچە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ياندىاش ئامبال گاۋ يۇ:

— كىرمەي تۇرايلى، — دېدى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.

— نېمىدەپ كىرمەيمىز، بېگىم، — دېدى پاڭ ۋەنچۇن.

www.uyghurkitap.com

— بۇلارنىڭ قوشىدا ۋاقىت دۇمبىقىنىڭ چېلىنىشى ئېنىق بولمايۋاتىدۇ، بۇنىڭدا چوقۇم ھىيلە بار.

— يېڭىلىشىۋاتىدىلا، بېگىم، بۈگۈن ئۇلار جەڭدە يېڭىلگەنلىكىدىن ھالسىزلىنىشى تۇرغان گەپ. ئۈگدەپ ئولتۇرغان دۇمباق قانداق ئېنىق بولسۇن، نېمانچە گۇمان قىلىدىلا، باستۇرۇپ كىرىۋېرەيلى !

— بۇ دېگەنلىرىمۇ دۇرۇس.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لەشكەرلىرىنى تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى، لەشكەرلەر شەمشەر ـ تەبەرلىرىنى ئوينىتىپ باستۇرۇپ كىردى. ئىككى سەردار قوۋۇقتىن كىرىپ ئۇدۇل بارگاھقا ئېتىلدى، لېكىن ئۇ يەردە بىرمۇ سەردار ـ سەرۋاز كۆرۈنمەيتتى، پەقەت بىرنەچچە ئۆچكە سۆگەتكە باغلاپ قويۇلغان بولۇپ، پۇتىغا چېتىپ قويۇلغان چوكا بىلەن ۋاقىت دۇمبىقىنى چېلىۋېتىپتۇ. شۇڭا، ۋاقىت دۇمبىقىنىڭ چېلىنىشى ئېنىق بولمىغانىكەن. ئىككى سەردار بوش قالغان قوشقا كىرىپ قالغانلىقىغا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ:

— ۋاي قاپقانغا چۈشۈپتىمىز! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە كەينىگە قاراپ قاچتى، بۇ چاغدا بارگاھ قوشۇنىدا ئاللىقاچان ئوت بەلگە بېرىلگەنىدى، شۇ ئەسنادا تاغ چوققىسىدىن توپ گۈلدۈرلىدى، ئارقىدىن يانغىن كۆتۈرۈلدى. ئەتراپتا مۆكۈنۈپ ياتقان لەشكەرلەر گۈرردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇر ـ چاپقا ئۆتتى. ئىككى سەردار قوش قوۋۇقىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىدىن خۇ يەنجو چىقىپ:

— ھەي قاراقچى سەردارلار، تېزدىن ئاتتىن چۈشۈپ باش ئېگىش، بولمىسا ھالاك بولىسەن! — دەپ خىتاب قىلدى.

يانداش ئامبال گاۋ يۈ ھودۇقۇپ قالدى، ئۇ جەڭ قىلىشقا رايى بارماي قۇتۇلۇش كويىدا تۇرغاندا، خۇ يەنجو يېتىپ كېلىپ قوش يارما دەستە بىلەن شۇنداق سالدىكى، كاللىسىنىڭ يېرىمى تىلىنىپ چۈشتى. پاڭ ۋەنچۈن بولسا جان ـ جەھلى بىلەن

تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، ئارىدىن ئۆتۈپ قاچتى. ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقىنىدا، توساتتىن يول ياقىسىدا مۆكۈنۈپ ياتقان تالڭ لۇڭ ئىلمەك ئوقرۇق بىلەن ئۇنىڭ ئېتىنى ئىلىپ مولالاق ئاتقۇزدى ـ دە، ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالدى. سەركەردىلەر تاغ يوللىرىدا ياۋ لەشكەرلىرىنى قوغلاپ سۈر ـ توقاي قىلىپ، تالڭ ئاتقاندا قوشقا قايتىپ كېلىشتى. لۇ تۇرشاۋۇل ئالدىدىراق بارگاھقا بېرىپ، سەركەردە ـ سەرۋازلارنى ئېدىنتلاپ كۆرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى، ئېدىتلاپ كۆرسە، دىڭ دېسۈن تاغدىكى ئوتلاق ئىچىدە كېتىۋاتقىنىدا پاچىقىنى زەھەرلىك يىلان چېقىۋېلىپ، بەدىنىگە زەھەر تارقاپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. لۇ تۇرشاۋۇل پالڭ ۋەنچۇننىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ، يۈرەك ـ باغرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئوۋ پېڭ بىلەن شى جېنلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ بەردى، ئۇنىڭ بېشىنى جالڭ باسقابەگ ھۇزۇرىغا يوللىدى.

ئەتىسى لۇ تۇرشاۋۇل قالغان سەركەردىلەر بىلەن بىللە شېجۇ شەھىرىگە لەشكەر تارتىپ باردى، قارىسا شەھەر قوۋۇقى ئوچۇق تۇرۇپتۇ. نە سېپىل ئۇستىدە تۇغ، نە راۋاق ئۇستىدە لەشكەر كۆرۈنمەيتتى، شۇ ئارىدا شەن تىڭگۈي بىلەن ۋېي دىڭگو تۇنجى بولۇپ ئەجىر ـ تۆھپىلەر كۆرسىتىش ئۈچۈن شەھەرگە لەشكەر باشلاپ باستۇرۇپ كىردى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن لۇ تۇرشاۋۇل بارگاھ قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن پەرياد ئۇردى. ئىككى سەركەردە ئاللىقاچان شەھەرگە كىرىپ كەتكەندى. ئەسلىدە ۋالڭ مىرزىبەگ ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن شەھەرنى تاشلاپ قاچقان بولۇۋېلىپ، قوۋۇقنىڭ ئىچىگە ئورەك كولىتىپ قويغانىدى. ئىككى سەركەردە باتۇر ئارسلانلاردىن بولسىمۇ، بۇنىڭغا كەلگەندە ئېھتىياتسىزلىق قىلدى، ئۇلار ئالدىن بۆسۈپ كىرگەچكە، ئاتلىرى بىللە ئورەككە چۈشۈپ كەتتى. ئورەكنىڭ ئىككى قاسنىقىغا مۆكۈنۈۋالغان نەيزىۋازلار، ئوقياچىلار گۈررىدە ئېتىلىپ چىقىپ، ئىككى سەركەردىنى ئورەك ئىچىدىلا

www.uyghurkitap.com

ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. ئىسىت! سۇ پىرى بىلەن ئوت پىرى بۈگۈن ئورەك ئىچىدە جان بەردى. ئىككى سەركەردىسىدىن ئايرىلغان لۇ تۇرشاۋۇل يۈرىكى غەزەپ ـ نەپرەت ئىچىدە ئۆرتەندى ۋە شۇئان تۇرشاۋۇل قوشۇندىكى لەشكەرلەرگە شەھەرگە خىش ـ كېسەك توشۇپ ئورەكنى تىندۇرۇش، ياۋنى شىددەت بىلەن قىرىپ، ئۆلۈكلىرىنى ئورەككە تاشلاشقا پەرمان چۈشۈردى. ئاندىن ئۇ ئارغىماقنى قامچىلاپ، ئەڭ ئالدىدا شەھەرگە سۈرۈپ كىردى، بۇ چاغدا ئۇ شاھىنىڭ تاغىسى فاڭ خۇغا ئۇچرىشىپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى. لۇ جۈنيى قەلبىگە تولغان غەزەپ ـ نەپرەت ئوتى ئىچىدە يېنىپ، پۈتۈن غەيرەت ـ جاسارىتىنى توپلاپ ئۇنى قىلىچ بىلەن شۇنداق چاپتىكى، ئاتتىن غۇلىتىپ چۈشۈردى. شەھەرگە قامىلىپ قالغان لەشكەرلەر شەھەرنىڭ كۆنپېتىش قوۋۇقىنى ئېچىپ قاچتى. سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى بار جاسارىتى بىلەن ئالغا ئېتىلىپ بېرىپ ياۋ لەشكەرلىرىنى تۇتۇشقا باشلىدى.

ۋاڭ مىرزىبەگ قېچىپ كېتىۋېتىپ لى يۈن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ۋاڭ مىرزىبەگ نەيزە تۇتقان پېتى ئاتلىق ئالغا ئېتىلىپ كەلدى، لى يۈن بولسا پىيادە يۈرۈپ ئېلىشتى. ۋاڭ مىرزىبەگ لى يۈننى ئاتقا باستۇرۇۋەتتى. بۇ چاغدا شى يۇڭ لى يۈننىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئالغا ئېتىلىپ كېلىپ لى يۈننى قۇتقۇزماقچى بولدى، ۋاڭ مىرزىبەگ ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن نەيزە ئوينىتىپ شى يۇڭغا ئېتىلدى، شى يۇڭ ئۇنىڭغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟ بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن ۋاڭ مىرزىبەگ ئېپىنى تېپىپ تۇرۇپ بىرلا نەيزە ئۇرۇش بىلەن شى يۇڭنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. شۇ ئارىدا شەھەردىن سۇن لى، خۇاڭ شىن، زۇ يۈەن، زۇ رۇن قاتارلىق تۆت سەركەردە سۈرۈپ چىقىپ، ۋاڭ مىرزىبەگ بىلەن تۇتۇشتى، ۋاڭ مىرزىبەگ ھېچ قورقماستىن بۇ تۆت سەركەردە بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. بىراق، تۇساتتىن يەنە لىن چۇڭ يېتىپ كەلدى. لىن چۇڭمۇ

جەڭگە ماھىر ئىدى. ۋاڭ مىرزىبەگ ئۈچ باشلىق، ئالتە قوللۇق بولغان ھالەتتىمۇ بۇ بەش سەركەردىگە تەڭ كېلەلمەيتتى. باتۇرلار تەڭ تېگىش قىلىپ، مىرزىبەگ ۋاڭ يېنىغا ئۈست - ئۈستىلەپ نەيزە ئۇردى. ۋادەرىخ، تۆۋەن بەگلىكنىڭ مىرزىبېگى ئارزۇ - ئارمىنىغا يېتەلمەي ئۆلدى. بەش سەركەردە ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، ئۇچقاندەك تېزلىكتە لۇ تۇرشاۋۇلنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى. لۇ جۇنيى شىجۇ قارارگاھىغا كېلىپ چۈشتى ۋە ئەل ئەمىن ئېلانى چىقىرىپ، پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلدى، لەشكەرلىرىنى شەھەرگە جايلاشتۇردى ھەمدە شىجۇ شەھىرىنى ئالغانلىقى توغرۇلۇق جاڭ باسقاقبەگكە ۋە سۇڭ تۇرشاۋۇلغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ سەركەردە - سەرۋازلىرى بىلەن مۇجۇ ئايمىقىغا جايلىشىپ، قاراقچىلار ئوردىسىغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن لەشكەرلەرنىڭ تولۇق جەم بولۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. سۇڭ جياڭ لۇ جۇنيى ئەۋەتكەن مەكتۈپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن شىجۇغا: «باش سەركەردە شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى، قاراقچىلار ئۇۋىسىغا بىرلىكتە تېگىشنى كۈتۈپ ياتىمىز» دەپ جاۋاب يازدى. سۇڭ جياڭ يەنە شى جىن، شى شيۇ، چېن دا، ياڭ چۇن، لى جۇڭ، شۆ يۇڭ، ئوۋ پېڭ، جاڭ چىڭ، دىڭ دېسۇن، شەن تىڭگۇي، ۋېي دىڭگو، لى يۈن، شى يۇڭ قاتارلىق ئون ئۈچ سەركەردە ۋە نۇرغۇن سەرۋازلارنىڭ قازا تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ، قايغۇ ئىچىدە زار - زار يىغلىدى. مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ:

— ئەي سەردارىم، ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىمۇ، ئۆلۈشىمۇ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن. ئۆزلىرىنى بىئارام قىلماي، ئەلنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى بىلەن بولغايلا، — دېدى.

— شۇنداق بولسىمۇ قايغۇدىن خالىي بولغىلى بولمايدىكەن! دەسلەپتە تاش پۈتۈكتە پۈتۈلگەن بىر يۈز سەككىز ئادەم بارا - بارا تۈگەپ، مېنىڭ قانات - قۇيرۇقۇم سۇنغاندەك بولۇۋاتىدۇ، —

دېدى سۈڭ جياڭ.

ۋۇ يۈڭ سۈڭ جياڭغا قايغۇدىن نېرى بولۇش توغرىسىدا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن لۇ تۇرشاۋۇلغا مەكتۇپ يېزىپ، چېڭشى ناھىيەسىگە تېگىش قىلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىدىغان كۈننى ئۇقتۇردى.

سۈڭ جياڭ لۇ جۈنىگە مەكتۇپ يېزىپ، تېگىش قىلىدىغان كۈننى ئۇقتۇرغانلىقى تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى فاڭ لادىن ئاڭلايلى. فاڭ لا چېڭشىغا جايلاشقان باڭيۈەن غارىدىكى سارايدا بەيئەت ئۆتكۈزدى. ئۇ قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگ - سىپاھلارنى چاقىرتىپ، سۈڭ جياڭنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق كېڭەشتى، شۇ ئەسنادا كۈنپېتىش ئايماقتا يېڭىلىپ قالغان لەشكەرلەر كېلىپ، شېجۇ ئايمىقىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى، شاھ تاغىسى، مىرزىبەگ، ياندىش ئامباللارنىڭ تامامەن جەڭدە قازا تاپقانلىقىنى، سۈڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ چېڭشىغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان فاڭ لا قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشتى، ئۇ شۇئان قەلەمدار - ئەلەمدار ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى چاقىرىپ كېڭەشتى.

— ئەي جانابلار، — دەپ سۆز باشلىدى فاڭ لا، — ھەرقايسىڭلار قول ئاستىمدا مەنسەپ - مەرتىۋە تۇتۇپ، ئايماق، دىيار شەھەرلىرىدە ماڭا ئوخشاش دۆلەت كۆرۈۋاتىسىلەر، ئويلىمىغاندا، سۈڭ جياڭ لەشكەر تارتىپ كېلىپ چېڭشىدىن باشقا ھەممە ئايماق - شەھەرلىرىمىزنى بېسىۋالدى. ئەمدى بۇ يەرگە ئىككى تارام لەشكىرى بىلەن كېلىۋېتىپتىمىش، قانداق تاقابىل تۇرساق بولار؟

بۇ چاغدا ئوڭ قول ۋەزىر لۇ مىنجۇڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— مۇشۇ چاغدا سۈڭ خانلىقى ئەزىز يۇرتىمىزغا لەشكەر تارتىپ قىستاپ كېلىۋاتقان بولسا، ھەرەمباغ ۋە ئوردا - سارايلىرىمىزنى قوغداپ قېلىشىمىز تەس. سەركەردە -

سەرۋازلىرىمىز بەك ئازلىق قىلىدۇ، ناۋادا شاھ ئالىيلىرى
شەخسەن قوشۇن باشلاپ چىقمايدىغان بولسا، سەركەردە ـ
سەرۋازلىرىمىز جەڭگە چىقىشتىن باش تارتارمىكىن، — دېدى.

— ئەي ۋەزىر، دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق، — دېدى فاڭ لا ۋە
شۇئان مۇقەددەس پەرمان چۈشۈرۈپ، مەمۇرىي مەھكىمە، ئوردا ـ
راۋاقلار، لەشكىرىي ۋازارەت ۋە تۇتۇق مەھكىمىلىرىدىكى باش
بەگ ـ سىپاھلارغا، ئىككى كۆرە نۆكەر بېگى ۋە
ساھىبقىرانلارغا، چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارغا «تامامەن
كەمىنىگە ھىماتچى بولۇپ، بۇ شىددەتلىك جەڭگە ئاتلانسۇن» دەپ
ئەمر قىلدى.

شۇ ئارىدا لۇ ۋەزىر يەنە شاھ ئالدىغا كېلىپ:

— تۇرشاۋۇل قوشۇنغا قايسى سەركەردىنى تەيىنلىسەك
بولاركىن؟ — دېدى.

— قەسىر ھۇزۇرىدىكى نۆكەر بېگى، ئالىي سەردار،
قوشۇنلارنىڭ ئەمىر باسقاقبېگى، خاننىڭ بىر نەۋرە جەمەتى فاڭ
جيې باش تۇرشاۋۇللۇقنى زىممىسىگە ئالسۇن، ئاتلىق ۋە پىيادە
قوشۇنلار ئەمىرى، ئاتلىقلار ئالىي سەردارى دۇ ۋېي ئورۇنباسار
تۇرشاۋۇللۇقنى زىممىسىگە ئالسۇن ۋە بۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە
شاھنىڭ باگيوەن غارىدىكى بىر تۈمەن ئۈچ مىڭ خاس لەشكىرى،
ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق جەڭ سەركەردىسى ئاجرىتىلىپ جەڭگە
ئاتلاندۇرۇلسۇن، — دېدى فاڭ لا.

فاڭ لانىڭ بىر نەۋرە جەمەتى بولغان فاڭ جيې ئەسلىدە شېجۇ
ئايمىقىدىكى شاھ تاغىسى فاڭ خونىڭ تۇنجى نەۋرىسى ئىدى، ئۇ
ئۆز بوۋىسىنى سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ تۇرشاۋۇلى لۇ
جۇنيىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قىساس ئالماقچى
بولۇپ تۇرغاچقا، تۇرشاۋۇللۇقنى رازىمەنلىك بىلەن زىممىسىگە
ئالدى. فاڭ جيې پۈتۈن ھاياتىنى تەھسىل ۋە مەشىق بىلەن
ئۆتكۈزگەچكە، تەبەر ئىشلىتىشكە ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ
باتۇرلۇقىغا تۈمەنلىگەن ئەزىمەتمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى. دۇ ۋېي

www.uyghurkitap.com

بولسا شىجۇ شەھىرى ئىچىدىكى بىر تۆمۈرچى بولۇپ، قورال - ياراغ ياساشقا ئۇستا ئىدى ھەم فاڭ لانىڭ يېقىن كىشىسى ئىدى، پىيادە يۈرۈپ ئالتە ئاتقۇچ خەنجەرنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتەلەيتتى، فاڭ لا يەنە بىر مۇقەددەس پەرمان چۈشۈرۈپ، پادىشاھقا خاس ياساۋۇللار مەشقاۋۇلى خې چۈڭلۇڭغا بىر تۈمەن خاس لەشكەر بېرىپ، ئۇنى لەشكەرلەر باش پەرمانچىسى سۈپىتىدە، شىجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كەلگەن لۇ جۈنيىنىڭ لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

فاڭ لانىڭ ياۋغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن لەشكەر يۆتكىگەنلىكى بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى سۇڭ جياڭدىن ئاڭلايلى. سۇڭ جياڭنىڭ قوشۇنى سەپەرگە ئاتلانغانچە قۇرۇقلۇق ۋە سۇ يولى بىلەن مۇجۇ ئايمىقىدىن ئايرىلىپ، چىڭشى ناھىيەسىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. سۇ لەشكەرلىرى ئاتامانى لى جۈنلەر سۇ لەشكەرلىرى قېيىقلىرىنى باشلاپ، سايازلىقتىن ئالغا يۈرۈپ كەتتى. ۋۇ يۇڭ سۇڭ جياڭ بىلەن ئاتلىق يانمۇيان كېتىۋېتىپ:

— بۇ قېتىم چىڭشى ناھىيەسىدىكى باڭيۈەن غارىغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز، قاراقچىلار كاتتىبېشى فاڭ لا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قېلىپ قېچىپ كېتىدىغان بولسا، بۇ قاتمۇقات تاغ ۋە بىپايان دالادا ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش تەس بولۇپ قالارمىكىن، دەيمەن. ئەگەرچەندە فاڭ لانى ئاستانىگە تىرىك تۇتۇپ بېرىپ تەڭرىقۇتقا كۆرسەتمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، ئۇنى تونۇيدىغان ئادەمنى تېپىشىمىز كېرەك، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنى قولغا چۈشۈرەلەيمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە فاڭ لانىڭ نەگە كەتكەنلىكىنىڭ ئۇچۇرىنىمۇ ئېلىشىمىز كېرەك، بولمىسا ئىزىنى يوقىتىپ قويىمىز، — دەپ مەسلىھەت بەردى ۋۇ يۇڭ.

— ئۇنداق بولسا ئۇنى باش ئەگكەن سىياقتا كىرىۋېلىپ قولغا چۈشۈرۈش كېرەك، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلغاندىلا، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن

ماسلىشالايمىز. ئۆتكەندە چەي جىن بىلەن يەن چىڭنى پايلاقچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدۇق، شۇ كەمگىچە بىرەر ئۇچۇر ئالالمىدۇق، ئەمدى كىمنى ئەۋەتسەك بولار؟ باش ئەگكەن سىياقتا كىرىۋېلىشنى ئوخشىتالايدىغان ئادەمنى ئەۋەتىش كېرەك، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئاجىزانە نەزىرىمچە بويىچە بولغاندا، — دېدى ۋۇ يۇڭ، — سۇ لەشكەرلىرى ئاتامانى لى جۈنلەرنى ئاشلىق قاچىلانغان قېيىق بىلەن ئەۋەتەيلى، ئۇلار يالغاندىن ئۇنىڭغا باش ئەگسۇن، ئۇ چاغدا ئۇ شەكلەنمەيدۇ، فاڭ لا دېگەن خۇمسى سەھرالىق ئاچ كۆز بىرنېمە، ئاشلىق بىلەن لىق تولدۇرۇلغان مۇنچىۋالا جىق قېيىقنى كۆرسە قوبۇل قىلماي قالمايدۇ.

— ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن، مۇشاۋىر، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە شۇئان دەي زۇڭنى چاقىرىپ، ئۇنى قېيىق بىلەن تۇيتوغرا لى جۈننىڭ قېشىغا بېرىپ، مۇنداق ـ مۇنداق پەم ئىشلىتىشنى بۇيرۇدى دەپ ئۇقتۇرۇپ قويۇشقا ئەۋەتتى. لى جۈنلەر بۇ پەنتتىن خەۋەردار بولدى. دەي زۇڭ بارگاھ قوشۇنىغا قايتىپ كەتتى.

لى جۈن رۇەن شياۋۋۇ بىلەن رۇەن شياۋچىنى قېيىقچى قىياپەتتە، تۇڭ ۋېي بىلەن تۇڭ مېڭنى پالاقچى قىياپەتتە ياساندۇرۇپ، ئاشلىق ھەدىيە قىلىش بەلگىسى قادالغان ئاتمىش ئاشلىق قېيىقنى ھەيدەپ يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى. بۇلار چىڭشى ناھىيەسىگە يېقىن بارغاندا، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تۇۋەن بەگلىك ئەۋەتكەن جەڭ كېمىلىرى بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، بۇلارغا قارىتىپ ئوق ئۇزدى.

لى جۈن قېيىقتا تۇرۇپ:

— ھەي، ئوق ئۇزمەڭلار، سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بار. بىز سىلەرگە باش ئەگكىلى كەلدۇق، ئېلىڭلارغا مۇشۇ ئاشلىقنى تەقدىم قىلىمىز، بۇنى رەت قىلماي لەشكەرلەرگە ئوزۇق قىلغايسىلەر، — دەپ توۋلىدى.

قارشى كېمىدىكى ئاتامانلار لى جۈنلەرنىڭ قېيىقىدا بىرەر ـ

يېرىم تالمۇ قورال ـ ياراغلار يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئۇق ئۈزۈشنى توختاتتى ـ دە، بىر ئادەمنى كېيمە بىلەن ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى، ئۇ ئادەم ئەھۋالنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى سوراپ، قېيىقتىكى ئاشلىقنى كۆرگەندىن كېيىن قايتىپ بېرىپ لۇ ۋەزىرگە خەۋەر قىلدى ۋە لى جۇنلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر ھەدىيە قىلغاچ باش ئېگىشكە كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى. لۇ مىنجۇڭ بۇنى ئاڭلاپ، باش ئېگىشكە كەلگەنلەرنى قىرغاقتا چىقىشقا بۇيرۇدى. لى جۈن قىرغاققا چىققاندىن كېيىن لۇ ۋەزىرنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈردى. لۇ مىنجۇڭ:

— سىز سۇڭ جياڭنىڭ قول ئاستىدا نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ مەنسىپىڭىز نېمە؟ ئەمدى نېمە ۋەجىدىن ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىپ باش ئېگىشكە كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتى لى جۈن بولىدۇ، ئەسلىدە شۇنياڭ دەرياسى بويىدىكى بىر پالۋان ئىدىم. جياڭجۇ ئايمىقىدا جازا مەيدانىغا بېسىپ كىرىپ، سۇڭ جياڭنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغانىدىم. ئەمدى بولسا ئۇ ئوردىغا ئەل بولۇپ، تۇرشاۋۇللۇق مەنسىپىگە مۇيەسسەر بولۇۋېلىپلا، مەن قىلغان ۋاپاغا بىۋاپالىق قىلىپ، پېقىرنى كۆپ قېتىم خارلىدى. ھالا بۈگۈن سۇڭ جياڭ ئېلىنغانلارنىڭ ئايماق، دىيارلىرىنى ئېلىۋالدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يارەنلىرى بىر ـ بىرلەپ ھالاكەتكە گىرىپتار بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزى جىم يېتىۋېلىپ، بۇ قېتىم بىزنى جەڭ قىلىشقا زورلىدى. بۇ خورلۇققا زادى تاقەت قىلالماي تۇرالماي، ئۇنىڭ ئاشلىق باسقان كېمىلىرىنى ئۆز خاھىشىمىزچە باشلاپ، ئېلىنغانلارغا ھەدىيە قىلغاچ باش ئېگىشكە كەلدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى لى جۈن.

لۇ ۋەزىر لى جۈننىڭ بۇ سۆزىگە راستىلا ئىشەندى ـ دە، ئۇنى فاڭ لا ھۇزۇرىغا باشلاپ كەلدى، لۇ ۋەزىر ئاشلىق ھەدىيە قىلىپ، باش ئېگىش مەقسىتىنى بايان قىلدى. لى جۈن فاڭ لانى كۆرگەندىن كېيىن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ سەرگۈزەشتىلىرىنى

ئىزھار قىلدى. فاڭ لا ھېچقانداق شەكلەنمەي، لى جۇن، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچى، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلارنى چىڭشى ناھىيەسىگە بېرىپ تۆۋەن كۆل تۇرادا قېيىقلارنى ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ:

— مەن سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى يېڭىپ، ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىلەرگە ئالاھىدە ئىنئام بېرىمەن، — دېدى.

لى جۇن رەھمەت – تەشەككۇر بىلدۇرۇپ سارايدىن چىقتى – دە، ئاشلىقنى قىرغاققا چىقارغاندىن كېيىن ئامبارغا تاپشۇردى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كېلەيلى. سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ بىلەن بىللە قوشۇنلارنى ئورۇنلاشتۇردى. گۇەن شېڭ، خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، جۇ تۇڭلارنى تۇرشاۋۇل قوشۇننىڭ باش سەركەردىلىكىگە بەلگىلىدى. بۇلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ توپتوغرا چىڭشى ناھىيەسى تەۋەسىگە بېرىپ تۇرۇشىغا، قارشى تەرەپتىن تۆۋەن بەگلىك شاھنىڭ بىر نەۋرە جەمەتى فاڭ جيې چىقىپ كەلدى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى سەپ تۈزۈشتى. تۆۋەن بەگلىك لەشكەرلىرى سېپىدە تۇرغان فاڭ جيې تەبەرنى ئوڭدىسىغا تۇتقىنىچە ئات ئۈستىدە تۇراتتى، دۇ ۋېي ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەردە تۇراتتى. دۇ ۋېي ئۈستىگە قۇياغ كىيگەن، بېلىگە بەش دانە ئاتقۇچ خەنجەر قىستۇرغان، قولىدا يەتتە يۇلتۇز سۈرەتلىك شەمشەر كۆتۈرگەنىدى. ئىككى سەركەردە جەڭ مەيدانىغا ئۆتۈشتى. سۇڭ جياڭ سېپىدىن چىن مىڭ بىرىنچى بولۇپ ئات چېپىپ چىقتى. ئۇ بۆرە چىشلىق كالتىكىنى كۆتۈرگەن پېتى فاڭ جيېگە تاشلاندى. فاڭ جيې ئۆزى ياش، قىران، تەبەرگە ئۇستا بولغاچقا، چىن مىڭ ئۇدا ئوتتۇز نەچچە مەرتەم ئېلىشىپمۇ ئۇنى يېڭەلمىدى. فاڭ جيې چىن مىڭنىڭ ماھارەتكە كامىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، چىن مىڭنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىدى. ھەر ئىككىلىسى قىزىق ئېلىشىۋاتقاندا، چىن مىڭمۇ بوش كەلمەي، ئۆزىنىڭ كارامىتىنى

كۆرسەتتى. دەل بۇ چاغدا ئاتنىڭ كەينىدە تۇرغان دۇ ۋيي فاڭ جيبىنىڭ چىن مىڭنى يىڭەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، چىن مىڭنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئالغا ئېتىلىپ كەلدى ــ دە، ئاتقۇچ خەنجىرىنى چىقىرىپ، چىن مىڭنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى. چىن مىڭ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان خەنجەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇشىغا، فاڭ جيي تەبەر بىلەن بىرنى ئۇرۇۋىدى، ئۇ ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈپ ئۆلدى.

ۋاي ئىسىت ! تېرىككەك چىن مىڭ ئون ـ تۆۋىشىسىز جىمىقىپ كەتتى.

فاڭ جيي چىن مىڭنى جىبىدىن جۇدا قىلغاندىن كېيىن قارشى قوشۇنلار سېپىگە بېرىشتىن ئۆزىنى تارتتى. سۇڭ جياڭ سېپىدىن نۆكەرلەر چىقىپ ئىلمەك ئوقرۇق بىلەن جەسەتنى تارتىۋېلىپ كېتىشتى. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى چىن مىڭنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى كۆرگەندە رەڭگىرويى ئۆچۈپ كەتتى، سۇڭ جياڭ جەسەت ساندۇقى تەييارلاپ، مۇردىنى تەنتەنە بىلەن دەپنە قىلىۋېتىشنى بۇيرۇپ، جەڭگە يەنە سەركەردە يۆتكىدى.

ئەمدى فاڭ جيي بولسا يەڭگەنلىكىدىن كۆرەڭلەپ سەپ ئالدىدا تۇرۇپ:

ــ ھەي سۇڭ جياڭ، قېنى يەنە ئەزىمەتلىرىڭ بولسا تېزدىن چىقارمامسەن، تۇتۇشۇپ كۆرەيلى ! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

سۇڭ جياڭ بارگاھ قوشۇندا خەۋەرنى ئاڭلاپ، شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا ئېتىنى چاپتۇرۇپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى، ياۋ سېپىدە فاڭ جيي ئالدىدا، ئۇنىڭ كەينىدە فاڭ لا تۇراتتى، ئۇ لەشكەرلەر ئالدىغا چىقىپ سەپراس بولۇپ تۇردى.

## نەزم

ئالتۇن گۈرزىلەر سانجاق جايلاشقان،  
تۆمۈر پالتىلار رەت ـ رەت تىزىلغان.

تەبەر تېشىلەر سەپ ـ سەپ تۈزۈلۈپ،
شاھانە تۇغلار توپ ـ توپ تۈتۈلغان.
تۇغلار ـ ئەلەملەر، بەلگە نىشانلار،
رەڭگارەڭ شولا چېچىشىپ تۇرغان؛
مەرمەر ئۈزەڭگە، نەقىشلىك ئېگەر،
ھەر خىل نۇر چېچىپ، ۋالىلداپ تۇرغان.
ئەجدەر سۈرەت كۈنلۈكلەر بۇلۇتلارغا رەڭ قوشسا،
يولۋاس نىگار تۇغلار زىبا ھىدلار تاراتقان.
سول قول مۇلازىم بەگلەر، ئەھلى ساراي سىپاھلار،
بولۇپ ئوڭ قول مۇلازىم تۇرغان ئەجدەر پالىۋان.
ئاتىۋالغان بولسىمۇ تەخرىقۇت دەپ ئۆزىنى،
قاتار تىزغان بەگلەرنى، چاندۇرۇپمۇ قويىمىغان.

تۆۋەن بەگلىكتىن كەلگەنلەرنىڭ سېپىدە سېرىق شەلپەردىن ئىشلەنگەن يىغما كۈنلۈك ئاستىدا، جىلۋىلىنىپ تۇرغان مەرمەر يوگەنلىك ئات ئۈستىدە يالتىراق شاھ قاڭ لا ئولتۇراتتى، ئۇ شۇنداق ياسانغانكى:

كىيىپتۇ بېشىغا قىرلىق سېرىق رەڭدارۇ سىم بۆكنى،
كىيىپتۇ تون، تىكىپ ئاي ـ كۈن بىلەنۇ توققۇز ئەجدەرنى.
چىگىپتۇ بېلىگە ياقۇت ـ لەھەلدىن كۆز قويۇپ بەلباغ،
پۇتىغا كىيگىنى بىر جۇپ قېلىن چەملىك ئۆتۈك شۇل چاغ.

قاڭ لا ئاق ئارغىماققا مىنگىنىچە جەڭگە ئۆزى نازارەت قىلىش ئۈچۈن سەپ ئالدىغا چىقتى. ئۇ سۈڭ جىياڭنىڭ ئاتلىق يورگەنلىكنى كۆرۈپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قاڭ جىينى جەڭگە چۈشۈشكە بۇيرۇدى. بۇ تەرەپتە تۇرغان سۈڭ جياڭ سەركەردىلىرىمۇ قاڭ لانى تۇتۇش ئۈچۈن جەڭگە تەخلەنگەندى. تۆۋەن بەگلىك لەشكەرلىرى ئارىسىدىكى قاڭ جىي جەڭگە

www.uyghurkitap.com

ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا، بىر خەۋەرچى ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ:

— شاھقا خاس لەشكەر مەشقاۋۇلى خې چۇڭلۇڭ لەشكەرلەرنىڭ بېشى بولۇپ، شىجۇ ئايمىقىغا ھەمدەملىككە بارغىنىدا سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىدىن لۇ تۇرشاۋۇل ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆز سېپىگە ئەكېتىپتۇ، لەشكەرلەر تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپتۇ، سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى شۇ سۈرگىنىچە تاغ ئارقىسىغا يېتىپ كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

بۇنى ئاڭلىغان فاڭ لا قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشتى، ئۇ شۇ تاپتىلا لەشكەرلىرىنى يىغىپ، قايتىپ بېرىپ ئوردىنى قوغداشقا پەرمان چۈشۈردى. بۇ چاغدا فاڭ جيې دۇ ۋېيغا سەپنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى تاپىلىدى، فاڭ لا كېتىپ بولغاندىن كېيىنلا فاڭ جيې بىلەن دۇ ۋېي چېكىندى. فاڭ لا چىڭشى ئايمىقى تەۋەسىگە يېقىنلاشقاندا، ئوردا ئىچىدىن كۆتۈرۈلگەن چۇقاننى ئاڭلىدى. ئوت پۈتۈن شەھەرنى قاپلىغان، لەشكەرلەر پاتىپاراقچىلىققا چۈشكەندى. ئەسلىدە لى جۇن، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچى، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلار چىڭشى شەھىرى ئىچىدە ئوت قويغانىكەن. فاڭ لا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، شاھقا خاس لەشكەرلەرنى باشلاپ، شىددەت بىلەن شەھەر ئىچىگە يېتىپ كىردى - دە، قۇچاقلىما جەڭگە چۈشتى. بۇ چاغدا سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرى فاڭ لا لەشكەرلىرىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرمەھەل ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. ئۇلار چىڭشىغا يېقىنلاشقاندا شەھەر ئىچىدە كۆتۈرۈلگەن يانغىننى كۆردى - دە، بۇلارنى لى جۇنلەر قىلغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدى، شۇئان سەركەردىلەرگە لەشكەرلىرىنى تەخلەپ، بۆلۈنۈپ تېگىش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، بۇچاغدا لۇ تۇرشاۋۇلنىڭ لەشكەرلىرىمۇ تاغدىن ئۆتۈپ كەتكەندى، بۇ ئىككى قوشۇن ئۇچراشقاندىن كېيىن بىر - بىرىگە تازا ماسلىشىپ جەڭ قىلىشتى. بۇلار تۆت تەرەپتىن چىڭشى ئوردىسىغا قىستاپ كېلىشتى. سۇڭ جياڭ باشلىق سەركەردىلەر

تەرەپ ـ تەرەپتە قىر ـ چاپ بىلەن شەھەرگە كىردى ـ دە، فاڭ لا لەشكەرلىرىنى ئاختۇرۇپ تۇتۇشقا كىرىشتى، شۇنداق قىلىپ چىڭشى شەھىرىنى ئالدى. فاڭ لا بولسا فاڭ جيې لەشكەرلىرىنىڭ قوغدىشى بىلەن باڭيۈەن غارىغا كىرىپ كەتتى.

سۇڭ جياڭنىڭ چوڭ قوشۇنى يېتىپ كېلىپ چىڭشى شەھىرىگە بۆسۈپ كىردى، سەركەردىلەر فاڭ لانىڭ ئوردىسىغا كىرىپ قورال ـ ياراغلارنى، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى يىغىشتۇردى، ئىچكى خەزىنىنى ئاختۇرۇپ بولۇپ، قەسىرگە ئوت ياقتى ـ دە، فاڭ لانىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئوردا ـ سارايلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. خەزىنىدىكى پۇل ـ مال، ئوزۇق ـ تۈلۈكنى تامامەن يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. سۇڭ جياڭ لۇ جۈنيىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ جەم بولۇشۇپ، چىڭشى شەھىرى ئىچىگە جايلاشتى، سەركەردىلىرىنى يىغىپ، كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىسىگە قاراپ ئىنئام بەردى. ئىككى قوشۇننىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرىنى ئېدىتلاپ كۆرسە، يىگىتلەردىن يۇ باۋسى، ئايال سەركەردىلەردىن سۈن چوكان دۇ ۋېينىڭ ئاتقۇچ خەنجىرى تېگىپ نابۇت بوپتۇ؛ زۇ يۈەن، دۇ چيەنلەر ئات ئاستىدا چەيلىنىپ ئۆلۈپتۇ؛ لى لى، تاڭ لۇڭ، سەي فۇلار ئېغىر زەخىملىنىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي تۈگەشىپتۇ؛ رۇەن شياۋۋۇ دەسلەپ چىڭشى شەھىرىگە كىرگەندە، لۇ ۋەزىر تەرىپىدىن قەتل قىلىنىپتۇ؛ سەركەردىلەر تۆۋەن بەگلىك قورچاق ئەمەلدارلىرىدىن توقسان ئىككىسىنى تۇتۇپ كېلىپ ئىنئام ئېلىشتى، ئەمما لۇ ۋەزىر بىلەن دۇ ۋېينىڭ نەگە يوقالغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئەمىن ئېلانى چىقىرىلدى. ئاندىن تىرىك تۇتۇپ كېلىنگەن قورچاق ئەمەلدارلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، سازايى قىلىنىش ئۈچۈن جاڭ باسقاقبەگ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلدى. كېيىن بىر پۇقرا كېلىپ، لۇ ۋەزىر رۇەن شياۋۋۇنى قەتل قىلغاندىن كېيىن چوڭ قوشۇننىڭ چىڭشى شەھىرىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئورمانلىقتا ئۆلۈۋالدى، دەپ خەۋەر

يەتكۈزدى. دۇ ۋېي دېگەن بەتبەخت ئۆزى بېقىۋالغان ۋاڭ جياۋجياۋ دېگەن جالاپنىڭ ئۆيىگە مۆكۈنۈۋالغانىكەن، مەھەللە ئاقساقىلى ئۇنى تۇتۇپ تاپشۇرۇپ بەردى. سۇڭ جياڭ مەھەللە ئاقساقىلىنى تارتۇقلىدى، ئاندىن لۇ ۋەزىرنىڭ كالللىسىنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. سەي چىڭنى دۇ ۋېينىڭ ئىچ - قارنىنى يېرىپ، يۈرەك - باغرىلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، شۇ يۈرەك قېنى بىلەن چىن مىڭ، رۇەن شياۋۋۇ، يۇ باۋسى، سۇن چوكانلارنىڭ ۋە چىڭشى شەھىرىگە تېگىش قىلىشتا قازا قىلغان سەركەردىلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلىشقا بۇيرۇدى. سۇڭ جياڭ ئۆزى كۈجە يېقىپ نەزىر - چىراغ رەسىم - يوسۇنىنى ئادا قىلدى، ئەتىسى لۇ جۈنيىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىللە باڭيۈەن غارىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. فاڭ لا فاڭ جيېنىڭ ھىمايىسى بىلەن باڭيۈەن غارىدىكى ئوردىغا باردى، ئۇ قوشۇنلىرىنى جايلاشتۇرۇپ جەڭگە چىقماي غارنى مەھكەم ساقلاپ ياتتى. سۇڭ جياڭ بىلەن لۇ جۈنيى قوشۇنلىرىنى باشلاپ بارغىنىچە باڭيۈەن غارىنى قورشىۋالدى - يۇ، ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە ھېچ ئىلاج قىلالمىدى. فاڭ لا بولسا باڭيۈەن غارىدا گويا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئىزىدا تۇرالماي قالدى، سىرتتا ئىككى قوشۇننىڭ قورشاپ تۇرغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى. فاڭ لا دىلى غەش بولۇپ تۇرغىنىدا، قەسىر تاپىسىدا بىردىنلا كىمخاب تون كىيگەن بىر ۋەزىر پەيدا بولۇپ، ئالتۇن قەسىردە تەۋازۇ بىلەن تەزىم قىلىپ:

— ئەي شاھىم، مۇلازىملىرى ناتىۋان بولسامۇ، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھىممەت - ساخاۋەتلىرىگە كۆپتىن - كۆپ مۇيەسسەر بولۇپ كەلدىم. ھەرقانچە خىزمەت قىلسامۇ بۇ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇپ بولالمايمەن. پېقىر زامانى ئەۋۋەلدە جەڭ قىلىشنىڭ قائىدە - يوللىرىنى ئۆگىنىپ قويغانىدىم، ئادەتتىكى چاغلاردا جەڭ ماھارىتىنى مەشىق قىلىپ يۈرەتتىم، ئېلىشىشنىڭ تۈرلۈك پەنت - يوللىرىدىن خەۋىرىم بار.

تاجۇتەختىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە چىقىپ، سۇڭ خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى يېڭىش ئارزۇسىدىمەن. بۇنىڭغا پاسىبانىمىز قانداق قارايدىكىن؟ — دېدى.

فاڭ لا بۇنىڭدىن تولىمۇ شادلاندى، دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ، غاردىكى بارلىق لەشكەرلەرنى تەخلەپ، سۇڭ جياڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن غاردىن يولغا سالدى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ يېڭىشى ياكى يېڭىلىشى كېيىنكى ئىش، ئەمما ئۇنىڭ ھەيۋىتى ناھايىتى زور ئىدى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس ! فاڭ لا ئېلىدىن مۇنداق بىر كىشى لەشكەر باشلاپ چىققانلىقىدىن، ئالتۇن قەسىردە ئادەملەرنىڭ كاللىسى دومىلاپ، مەرمەر ـ ياقۇتلاردىن ياسالغان ئوردا قوۋۇقلىرىدىن ئىسسىق قانلار چاچراپ چىققۇسى. گېزەندىلەر ئۈۋىسى تازىلىنىپ فاڭ لا تۇتۇلغۇسى، سۇڭ جياڭ ئەجىر ـ تۆھپىلەر يارىتىپ ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى. فاڭ لا ئېلىدىن لەشكەر باشلاپ چىققان كىشىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە تارقىتىش تورى

# بىر يۈز ئون توققۇزىنچى باب

## لۇ جىشىننىڭ جىيجياڭدا ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانلىقى
## سۇڭ دانىشنىڭ ئەمەلدارلىق كىيىمى كىيىپ قايتقانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا فاڭ لانىڭ ئوردىسى ئالدىدا ئۆزىنىڭ لەشكەر باشلاپ، غاردىن چىقىپ، جەڭگە بىر تۇتاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلغان كىشى پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى باش كاھبەگ كې يىن ئىدى. فاڭ لا بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇنىڭ كۈيئوغلى كې يىن شۇ زامانلا فاڭ لا لەشكەرلىرىنى باشلاپ، يۈن بى كاھبەگ بىلەن جەڭگە جابدۇندى. فاڭ لا ئۆزىنىڭ قۇياغ كىمخاب تونىنى كۈيئوغلىغا ئىنئام قىلدى، ئاندىن ئوبدان ئاتتىن بىرنى تاللاپ، ئۇنى جەڭگە ئاتلاندۇردى. كې يىن شاھنىڭ بىر نەۋرە جەمەتى فاڭ جيۇ بىلەن بىللە غاردىكى خانغا خاس لەشكەرلەردىن بىر تۈمەننى باشلاپ، شاھ ھۇزۇرىدىكى يىگىرمە نەچچە ئالىي سەركەردە بىلەن باغيۈەن غارىنىڭ ئالدىغا چىقىپ سەپ تارتىپ تۇردى.

سۇڭ جياڭنىڭ سەركەردىلىرى غارنىڭ ئاغزىنى قامال قىلىۋېلىپ، ئۇنى نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ قورشاپ تۇرغانىدى. سۇڭ جياڭ سەپتە تۇرۇپ، قول ئاستىدىكى يارەنلىرىنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنىڭ چىقىم بولغانلىقىنى، فاڭ لانىڭ تېخىچە قولغا چۈشمىگەنلىكىنى، فاڭ لا لەشكەرلىرىنىڭ بولسا جەڭگە چىقماي جىم تۇرۇۋالغانلىقىنى ئويلاپ، غەمگە چۈشۈپ بىئارام بولدى. بۇ چاغدا تۇرشاۋۇل قوشۇندىن لەشكەرلەر كېلىپ:

— غاردىن ئېلىشىش ئۈچۈن لەشكەرلەر چىقىۋاتىدۇ، — دەپ

خەۋەر قىلدى.
سۇڭ جياڭ بىلەن لۇ جۇنيىلەر بۇنى ئاڭلاپ، لەشكەرلەرگە ئاتلىنىش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق بېرىپ، قوشۇننى باشلاپ جەڭگە چىقتى ۋە سەپ تارتىپ فاڭ لا لەشكەرلىرىنىڭ سېپىگە قارىسا، پادىشاھنىڭ كۈيۇ ئوغلى كې يىن باشلامچى بولۇپ جەڭگە چىقىپتۇ. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە چەي جىننى كىم تونۇمايدۇ؟ سۇڭ جياڭ خۇا رۇڭنى جەڭگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى. خۇا رۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن نەيزىسىنى ئۆينىتىپ ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ:
— ھوي، قاراقچىلارغا يانتاياق بولۇپ، بىزنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇنىمىز بىلەن قارشىلىشىشقا پېتىنغان قانداق نېمىسەن؟ ئەگەر قولۇمغا چۈشۈپ قالساڭ، پارچە - پارچە قىلىپ، مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتىمەن! جېنىڭنىڭ بارىدا ئاتتىن چۈشۈپ ياخشىلىقچە ئەل بول، بىكار جېنىڭغا زامىن بولۇپ قالماي يەنە، — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.
— پېقىر، — دېدى كې يىن، — شەندۇڭلۇق كې يىن بولىمەن، پېقىرنىڭ مەشھۇر نامىنى ئىشىتمىگەن كىم بار؟ سەنلەر لياڭشەن كۆلىنىڭ سازلىق قاراقچىلىرى قانچىلىك نېمىلەر ئىدىڭ !؟ سىلەر تېخى مېنى ئۆزۈڭلەرگە تاقابىل تۇرالمايدۇ دەمسىلەر؟ سەنلەرنى قىرىپ تۈگىتىپ، شەھەر قەلئەلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئاكاڭ قارىغاينىڭ ئارزۇ - ئارمىنى!
سۇڭ جياڭ، لۇ جۇنيىلەر ئات ئۈستىدە تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تېگىدە زادى نېمە بارلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىزاتى بولغان «چەي جىن»نى «كې»غا، «چەي»نى «يىن»غا ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىلدى.
— خۇا رۇڭنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقىنىنى كۆرەيلى، — دېدى ۋۇ يۇڭ. شۇ ئەسنادا خۇا رۇڭ نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئېتىنى قامچىلىغىنىچە كې يىنگە قاراپ تاشلاندى. ئىككى ئات گىرەلىشىپ، ئىككى خىل قورال تەڭلا ھەملە قىلىندى. ئىككى

سەركەردە تازا ئېلىشىپ، بارا ـ بارا ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ كېتىشتى، بۇ چاغدا چەي جىن ئاستاغىنا:

ــــ يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ كېتىۋېلىڭ، ئەتە بىر ئىش قىلارمىز، ــــ دېدى.

خۋا رۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ئىككى ـ ئۈچ مەرتەم ئېلىشقان بولدى ـ دە، ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ قاچتى.

ــــ ھەي يېڭىلگەن قاچقۇن سەركەردە، مەن سېنى قوغلىمايمەن، قېنى باشقا نوچاڭ بولسا چىقار، پىقىر بىلەن ئېلىشسۇن، ــــ دەپ ۋارقىرىدى كې يىن.

خۋا رۇڭ ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆز سېپىگە قايتىپ كېلىپ سۇڭ جياڭ، لۇ جۈنيىلەرگە بۇ گەپنى ئۆز ئەينى بويىچە يەتكۈزدى.

ــــ ئۇنداق بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن گۇەن شېڭ ئېلىشسۇن، ــــ دېدى ۋۇ يوڭ.

شۇئانلا گۇەن شېڭ بەندەر قىلىچىنى پىرقىراتقىنىچە ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە:

ــــ ھەي شەندۇڭلۇق چۈپرەندە! ئاكاڭ قارىغايغا مۈشت ئېتىشقا پېتىندىڭما؟ ــــ دەپ ۋارقىرىدى.

كې يىن نەيزىسىنى ئوينىتىپ دېۋەيلەپ كەلدى. بۇ ئىككىيلەنمۇ بىر ـ بىرىدىن قىلچە قورقۇپ قالماي ئېلىشتى. ئىككىيلەن تۆت ـ بەش مەرتەم ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا گۇەن شېڭمۇ يالغاندىن يېڭىلىپ قاچقان بولۇپ، ئۆز سېپىگە قايتتى. كې يىن ئۇنى قوغلىماي، ئۆز سېپى ئالدىدا تۇرۇپ:

ــــ سۇڭ خانلىقى سەركەردىلىرى ئىچىدە پىقىر بىلەن ئېلىشالىغۇدەك كۈچلۈك سەركەردە بولسا چىقە قېنى! ــــ دەپ ۋارقىرىدى.

سۇڭ جياڭ ئەمدى جۇ تۇڭنى چەي جىن (كې يىن) بىلەن ئېلىشىشقا ئەۋەتتى، ئۇلارمۇ ئويان ـ بۇيان ئېلىشىپ لەشكەرلىرىنىڭ كۆزىنى بويىدى. ئىككىيلەن ئالتە ـ يەتتە

قېتىم ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا جۇ تۆخمۇ يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ قاچتى. چەي جىن (كې يىن) قوغلاپ كېلىپ نەيزىسىنى يالغاندىن بىر سانجىۋىدى، جۇ تۇڭ ئېتىنى تاشلاپ، ئۆز سېپىگە قېچىپ بېرىۋالدى. فاڭ لا لەشكەرلىرى ئالدى بىلەن ئاتنى غەنىيمەت ئالدى. كې يىن فاڭ لا لەشكەرلىرىنى باشلاپ قىر ـ چاپ قىلىپ باستۇرۇپ كەلدى. سۇڭ جياڭ دەرھال سەركەردىلىرىگە لەشكەرلەرنى ئون چاقىرىم نېرىغا چېكىندۇرۇپ قوش تىكىپ ئورۇنلىششقا جىددىي بۇيرۇق بەردى. كې يىن ئۇلارنى بىر ھازا قوغلىغاندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى يىغىپ غارغا قايتتى.

بۇ چاغدا بىرەيلەن ئالدى بىلەن قايتىپ بېرىپ، فاڭ لاغا:

— كې يىن قالتىس باتۇر ئىكەن، سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ سەركەردىنى يەڭدى. سۇڭ جياڭ يېڭىلىپ ئون چاقىرىم نېرىغا چېكىندى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

فاڭ لا ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، شاھانە داستىخان ھازىرلاشنى بۇيرۇدى، كۈيۈ ئوغلى جەڭ لىباسلىرىنى يېشىپ يېنىكلەنگەندىن كېيىن فاڭ لا ئۇنى ئارقىدىكى سارايغا باشلاپ كىردى ھەمدە ئۆز قولى بىلەن ئالتۇن قەدەھتە مەي تۇتۇپ تۇرۇپ كۈيۈ ئوغلىغا:

— كۈيۈ ئوغلىمىزنىڭ قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىكەنمەن! پېقىر ئەزىز كۈيۈ ئوغلىمىزنى پەقەت قەلەمدار موللا دەپلا كەپتىمەن. ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق باتۇرلۇقلىرىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولساق، نۇرغۇن ئايماق ـ شەھەرلەرنى قولدىن بېرىپ قويماس ئىكەنمىز. ئەگەر كۈيۈ ئوغلىمىزغا مالاللىق كەلمىسە، ئاجايىپ ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قاراقچى سەركەردىلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىش بىلەن، خانلىقىمىزنى قايتىدىن روناق تاپتۇرۇپ، پېقىر بىلەن بىرلىكتە راھەت ـ پاراغەتتە ياشاپ، پۈتمەس ـ تۈگىمەس بەختتىن بەھرىمەن بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، —

www.uyghurkitap.com

دېدى.

— ئالىيلىرى، خاتىرجەم بولغايلا، — دېدى كې يىن جاۋابەن، — كەمىنە ئوغۇللىرى ئۆزلىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سادىق خىزمەت قىلىپ، ئەلنى گۈللەندۈرۈشتە ھەمدەم بولغۇسى. ئەتە ئۆزلىرى غارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پېقىر كې يىنىنىڭ سۈڭ جياڭ قاتارلىق ئۆلۈمتۈكلەرنى قىرغىنىنى تاماشا قىلسىلا.

فاڭ لا بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ئۇ كۈنى شاھانە زىياپەت يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆز ھۇجرىلىرىغا قايتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە فاڭ لا ئوردىغا چىقىپ، غاردا ئات، كالا سويدۇرۇپ، ئۈچ قوشۇننى ئوبدان تويدۇردى، ئاندىن جابدۇنۇشۇپ باڭيۈەن غارى ئاغزىغا چىقتى، تۇغلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، نەرە تارتقىنىچە داقا ـ دۇمباق ياڭرىتىپ سۈڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى جەڭگە ئۈندىدى. فاڭ لا ئۆزىنىڭ ھەرەم خادىملىرى ۋە يېقىن ۋەزىرلىرى بىلەن كويۇ ئوغلى كې يىنىنىڭ ئېلىشىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن باڭيۈەن غارىنىڭ ئۈستىگە چىقتى.

شۇ ئەسنادا سۈڭ جياڭ سەركەردىلىرىگە:

— بۈگۈنكى جەڭ باشقا چاغلاردىكى جەڭگە ئوخشىمايدىغان ناھايىتى مۇھىم جەڭ. شۇڭا، ناھايىتى پەخەس بولۇڭلار، قاراقچىلار بېشى فاڭ لانى ئۆلتۈرۈپ قويماي تىرىك قولغا چۈشۈرۈڭلار. فاڭ لا لەشكەرلىرى سېپىدىكى چەي جىن (كې يىن) ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ يول باشلىغان ھامان غارغا باستۇرۇپ كىرىپ، فاڭ لانى قانداقلا بولسۇن قولغا چۈشۈرۈڭلار، بۇيرۇققا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ! — دەپ يارلىق چۈشۈردى.

ئۈچ قوشۇن سەركەردىلىرى يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قامچىلىرىغا تۈكۈرۈپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، قورال ـ ياراغلىرىنى تەخلەشكەن ھالدا، غاردىكى مال ـ دۇنيالارنى تالان ـ تاراج قىلىشقا، فاڭ لانى تىرىك تۇتۇپ ئەجىر ـ خىزمەت

كۆرسىتىپ، كاتتا ئىنئام ئېلىشقا تەييارلىنىشتى. شۇ ئەسنادا سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى غار ئالدىغا يېتىپ كېلىپ سەپ تارتتى. بۇ چاغدا فاڭ لا سېپىدە كۆك يىپەك نىشان تۇغ ئاستىدا جەڭگە چىقىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى، شاھنىڭ بىر نەۋرە جەمەتى فاڭ جيې يالمان كۆتۈرگىنىچە ئات ئۈستىدە تۇرۇپ:

— باش كاھىبېگىم، ئاتلىرىنى سەل توختىتىپ، كەمىنىلىرىنىڭ سۇڭ خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ بىرەر سەركەردىسىنى يەر چىشلەتكىنىنى كۆرۈپ باقسىلا، ئاندىن ئۆزلىرى جەڭگە چىقىپ، ياۋ قوشۇنىغا تاقابىل تۇرارلا، — دېدى.

سۇڭ خانلىقى سەركەردىلىرى يەن چىڭنىڭ چەي جىنگە ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «پەنتىمىز بۇگۈن ئەمەلگە ئاشقۇدەك» دەپ خۇشال بولۇشۇپ تەخمۇتەخ بولدى. شاھنىڭ بىر نەۋرە جەمەتى فاڭ جيې ھەممىدىن بۇرۇنراق ئات چاپتۇرۇپ جەڭگە چىقتى. سۇڭ جياڭنىڭ قوشۇنىدىن گۇەن شېڭ ئات سېلىپ چىقىپ، بەندەر قىلىچىنى ئوينىتقىنىچە فاڭ جيېگە قارشى تاشلاندى. بۇ ئىككى سەركەردە بىر - بىرى بىلەن گىرەلەشتى، گاھ ئۇياندىن، گاھ بۇياندىن ھەملە قىلىشىپ ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، بۇ چاغدا سۇڭ جياڭ فاڭ جيېنى يېڭىشكە ھەمدەم بولسۇن دەپ خۇا رۇڭنى جەڭگە چىقاردى. فاڭ جيې ئىككى سەركەردىنىڭ ئۆزىنى قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن قىلىچە قورقۇپ قالماي، ئىككىيلەنگە تاقابىل تۇردى. بۇلار يەنە بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشتى. يېڭىش - يېڭىلىش ئايان بولمىسىمۇ، فاڭ جيې ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئېلىشتى. سۇڭ جياڭ يەنە لى يىڭ، جۇ تۇڭلارنى جەڭگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى. فاڭ جيې تۆت سەركەردىنىڭ ئۆزىنى قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئۆز سېپى تەرەپكە قاراپ قاچتى. كېيىن بولسا ئۇنى نىشان تۇغى ئاستىدا توسۇپ تۇرۇپ قولىنى بىرلا شىلتىۋىدى، سۇڭ خانلىقى سەركەردىلىرىدىن گۇەن شېڭ، خۇا رۇڭ، جۇ تۇڭ، لى يىڭلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ

كەلدى. بۇ چاغدا كې يىن قولىدىكى پولات نەيزىسىنى تەڭلىگەن پېتى ئۇدۇل فاڭ جيېگە قاراپ ئات سالدى. فاڭ جيې ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ جېنىنى يانغا ئېلىشقا تەمشىلىۋىدى، ئۈلگۈرەلمەي قېلىپ چەي جىنىنىڭ نەيزىسىنى يېدى، ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن كاھبەگ يەن چىڭ بىر قىلىچ ئۇرۇپلا فاڭ جيېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. فاڭ لا سەركەردىلىرى بۇنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى ۋە ھەممىسى جېنىنى پاناھلاش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە پېتىراپ كەتتى. بۇ چاغدا كې يىن:

— پېقىر كې يىن ئەمەس، سەركەردە سۇڭ جياڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئوڭ قول سەردارلىرىدىن كىچىك قوۋيۈن چەي جىن بولىمەن، ئارقامدا يۈرگەن كاھبەگ يۈن جى ئالىقانات يەن چىڭ بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز غارنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەھۋاللارنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە بىلىۋالدۇق. كىمكى فاڭ لانى تىرىك تۇتۇپ بەرسە، ئۇنىڭغا يۇقىرى مەنسەپ بېرىلىپ، كاتتا دۆلەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۈچ قوشۇندىكى ئەل بولغانلار تىغدىن خالاس قىلىنىدۇ، ئەل بولماي، قارشىلىق قىلغانلارنىڭ پۈتۈن جەددى - جەمەتى بىلەن قوشۇپ كاللىسى ئېلىنىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئارقىغا قايرىلىپ، تۆت سەركەردىنى ئەگەشتۈرگىنىچە چوڭ قوشۇننى باشلاپ غار ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. فاڭ لا ھەرەم خادىملىرى ۋە يېقىن ۋەزىرلىرىنى باشلاپ باڭيۈەن غارى ئۈستىدە تۇرۇپ، فاڭ جيېنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۈچ قوشۇننىڭ يېڭىلىپ پېتىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلدى - دە، شاھانە كۈرسىنى تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ، تاغ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. سۇڭ جياڭ چوڭ قوشۇننى باشلاپ بەش تارامغا بۆلۈنگەن ھالدا غارغا باستۇرۇپ كىرىپ، بەس - بەس بىلەن فاڭ لانى تۇتماقچى بولدى، بىراق فاڭ لا ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار پەقەت ئۇنىڭ مۇلازىم - خىزمەتچىلىرىنىلا

تۇتالىدى. يەن چىڭمۇ غارغا باستۇرۇپ كىردى، ئۇ بىرنەچچە جانجىگەر يارەنلىرى بىلەن خەزىنىگە كىرىپ ئىككى ئەپكەش ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجان قاتارلىق ئېرىغ ماللارنى يىغىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئوردىغا ئوت قويۇۋەتتى. چەي جىن كۈنپېتىش ئوردىغا باستۇرۇپ كىرسە، مەلىكە جىن جى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. چەي جىن بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى ئوردا بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، ئۇ يەردىكى باشقا خىزمەتكار - مالايلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بەردى. سەركەردىلەر چوڭ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ، شاھنىڭ خانىش - كېنىزەكلىرىنى ۋە ناخشىچى رەققاس قىزلارنى، شاھنىڭ نۆكەر - مۇلازىملىرىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى تامامەن قىرىپ تاشلاپ، فاڭ لانىڭ ئىچكىرىكى ئوردىسىدىكى مال - دۇنيالىرىنى بۇلاپ - تالىدى. سۇڭ جياڭ سەركەردىلىرىنى ئوردىغا كىرىپ فاڭ لانى تۇتۇشقا قويۇپ بەردى.

بۇ چاغدا رۇەن شياۋچى ھەرەمنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ھۇجرىلارنىڭ بىرىدىن فاڭ لانىڭ ياساتقان شاھلىق تاج، شاھانە تون، زۇمرەت كەمەر، ئاق قاشتېشى جابدۇقلار ۋە شاھانە كەش قاچىلانغان بىر ساندۇقنى تېپىپ چىقتى. ئۇ بۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئېسىل گۆھەر، شاھانە گۈل - نەقىشلەرنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «فاڭ لانىڭ كىيىدىغان نەرسىلىرى ئىكەن، كىيىپ باقسام ھېچنېمە بولماس» دەپ ئويلاپ شاھانە توننى كىيىپ، زۇمرەت كەمەرنى باغلىدى، شاھانە كەشنى پۇتىغا ساپتى، گۆھەر قادالغان شاھانە تاجنى كىيدى، قاشتېشى جابدۇقلارنى قوينىغا تىقىپ ئاتقا مىندى - دە، قولىغا قامچا تۇتقىنىچە ئوردا ئالدىغا چىقتى. ئۈچ قوشۇن سەركەردىلىرى بۇ فاڭ لا ئىكەن دەپ قىيقاس - سۈرەنلەر بىلەن پالاقلىشىپ كېلىپ قارىسا، بۇ رۇەن شياۋچى ئىكەن، بۇنى كۆرگەن ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. رۇەن شياۋچىمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ ئات بىلەن ئۇيان - بۇيان مېڭىپ بۇلاڭ - تالاڭغا چۈشۈپ كەتكەن

سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئارىسىدا كۆرەڭلەپ يۈردى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە قىيقاس ـ سۈرەن بىلەن گۈرۈلدىشىپ يۈرگەندە، تۇلۇك ۋازىر باشلاپ كەلگەن ئالىي سەركەردە ۋاڭ بىڭ بىلەن جاۋ تەن ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن غارغا كىردى. ئۇ ئۈچ قوشۇننىڭ قىيقاس ـ سۈرەن، ئۇيۇر ـ تۇپۇرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن فاڭ لا قولغا چۈشكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئەجىر ـ خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ بارسا، رۇەن شياۋچى شاھانە كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە شاھانە تاجنى كىيىپ، كۆلگىنىچە ئويۇن قىلىپ يۈرۈپتۇ. ۋاڭ بىڭ بىلەن جاۋ تەن:

— سەن ھارامزادە، فاڭ لانىڭ كىيىمىنى كىيىۋېلىپ نېمىگە شۇنچىۋالا كۆرەڭلەپ يۈرىسەن؟ — دەپ تىللىدى.

رۇەن شياۋچىمۇ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، قولىنى ۋاڭ بىڭ بىلەن جاۋ تەنگە شىلتىپ تۇرۇپ:

— سەن ئىككىڭ پالان نېمەمنى بىلىشەمتىڭ؟ ئەگەر ئاغىمىز سۇڭ دانىش بولمىغان بولسا، سەنلەردەك ئېشەكباشلارنىڭ بېشىنى ئاللىقاچان فاڭ لا چېپىپ تاشلىغان بولاتتى. بۈگۈن بىز كېلىپ زەپەر قۇچساق، ھەرقايسىڭ كېلىپ تېخى يوغان گەپ قىلىشىۋاتىسەنغۇ؟ ئوردا بۇنىڭ ئۈجۈر ـ بۇجۇرىدىن خەۋەرسىز، ئىككى ئالىي سەركەردە ھەمدەم بولغاندىن كېيىنلا غەلىبە قىپتۇ دېمەمدۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ بىڭ بىلەن جاۋ تەنمۇ غەزەپكە كېلىپ رۇەن شياۋچى بىلەن ئېلىشماقچى بولدى. بۇ چاغدا رۇەن شياۋچى بىر سەرۋازنىڭ قولىدىكى نەيزىنى تارتىۋېلىپ، ئېتىلىپ كەلگىنىچە ۋاڭ بىڭغا سانجىشقا تەمشەلگەندە، خۇ يەنجو كۆرۈپ قېلىپ، ئۈچچاندەك يېتىپ كېلىپ ئاجرىتىۋەتتى، سەرۋازلار بۇنى سۇڭ جياڭغا خەۋەر قىلدى. سۇڭ جياڭلار دەرھال كېلىپ قارىسا، رۇەن شياۋچى شاھانە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيگىنىچە تۇرۇپتۇ. سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭلار دەرھال بۇيرۇق بىلەن ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، كىيىشكە بولمايدىغان بۇ كىيىملەرنى سالدۇرۇپ، بىر چەتكە

تاشلىۋەتتى ۋە ئۇ ئىككىسىگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئۇلارنى كېلىشتۇرۇپ قويدى. ۋاڭ بىڭ بىلەن جاۋ تەن گەرچە سۇڭ جياڭ ۋە باشقا سەركەردىلەرنىڭ گېپى بىلەن بېسىقىپ قالغان بولسىمۇ، بۇ ئۆچمەنلىكنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ قويۇشتى.

شۇ كۈنى باغيۇەن غارىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەسىتى ھەممە يەرنى قاپلىدى، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى، سۇڭ خانلىقى يىلنامىسىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، فاڭ لانىڭ ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق ياۋۇز لەشكەرلىرىنىڭ بېشى كېسىلگەن. بۇ چاغدا سۇڭ جياڭ ھەممە جايغا ئوت قويۇپ، ئوردىنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. شاھانە راۋاق ـ قەسىرلەر، باغۇ ئېرەم ـ ھەرەملەرنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈلۈپ كۈل قىلىپ تاشلاندى.

## نەزم

ئالتۇن كاھىش، قىزىل تۈۋرۈك ئايۋان ـ سارايلار،
شىكايەتتۇر دەريا ـ دەريا تۆكۈلگەن ياشتىن.
كۆيمەس ئىدى ئېسىل ساراي، ئافاڭ ئوردىسى،
ھېرىس قىلغان بولسا تەڭرىم ئەگەر زىننەتتىن.

سۇڭ جياڭ ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرى ئوت كۆيۈپ بولغۇچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ غار ئالدىغا كېلىپ، قوش تىكىپ ئورۇنلاشتى. تىرىك قولغا چۈشكەنلەرنى ئېدىتلاپ قارىسا، پەقەت قاراقچىلارنىڭ كاتىپبېشى فاڭ لالا يوق ئىدى. ئۇ لەشكەرلەرگە تاغنى بويلاپ ئاختۇرۇپ تۇتۇش توغرىسىدا پەرمان بەردى ھەمدە يۇرتقا: «فاڭ لانى تۇتۇپ كەلگەنلەر تەڭرىقۇتقا مەلۇم قىلىنىپ، يۇقىرى مەنسەپكە سازاۋەر قىلىنىدۇ، دېرىكىنى بەرگۈچىلەرگە ئىنئام بېرىلىدۇ» دەپ ئېلان چىقىرىلدى.

ئەمدى فاڭ لاغا كەلسەك، ئۇ باڭيۇەن غارى ئۈستىدىن قىچىپ، تاغ ـ دالا، ئورمان ـ ئېدىرلارنى بېسىپ، شاھانە تونى، زەر گۈللۈك بوغمىچىسى ۋە ئۆتۈكىنى تاشلىۋېتىپ، چىگە چورۇق كىيىۋالدى، تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، جېنىنى پاناھلاپ قاچتى. ئۇ كېچىلەپ يول يۈرۈپ، بەش تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ بىر تاغ جىلغىسىغا كەلدى، جىلغا ئىچىدە بىر بۇتخانا تۇراتتى. فاڭ لانىڭ قورسىقى ئاچ بولغانلىقتىن، بۇتخانىغا بېرىپ يېگۈدەك بىرنەرسە تاپاي دەپ تۇرۇشىغا، قارىغايلىقنىڭ ئارقىسىدىن توپاقتەك بىر شەيخ يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى گۈرزە بىلەن بىر ئۇرۇپ يىقىتتى ـ دە، ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس باغلىۋالدى. بۇ شەيخ باشقا ئادەم ئەمەس، دەل گۈلدار شەيخ لۇ جىشېن ئىدى. ئۇ فاڭ لانى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن بۇتخانىغا ئېلىپ باردى. ئازراق تاماق يېگەندىن كېيىن تاغدىن چۈشۈپ فاڭ لانى ئېلىپ ماڭدى. دەل بۇ چاغدا تاغنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن لەشكەرلەرگە ئۇچراپ، ئۇلار بىلەن بىللە سۇڭ تۇرشاۋۇل ھۇزۇرىغا كەلدى. سۇڭ جياڭ فاڭ لانىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇرسەن بولۇپ:

— ئەي ئۇستازىم، سىلى بۇ ئوغرىلار كاتتىۋېشىغا قانداقسىغا يولۇقۇپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر، — دېدى لۇ جىشېن جاۋابەن، — قارا ئەجدىھا چوققىسىدىكى قارىغايزارلىقتا ئېلىشىپ يۈرۈپ، شيا خۇچېڭنى قوغلاپ يۈرۈپ تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ قاپتىمەن، مەن ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن قاراقچى لەشكەرلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا قىزىقىپ، قاتمۇقات تاغ ئارىسىغا كىرىپ قاپتىمەن. نەتىجىدە يولدىن ئادىشىپ، ئەگرى ـ بۈگرى يوللاردا ماڭا ـ ماڭا ئەتراپى ساپلا تاغ بىلەن قاپلانغان بىر جايغا كېلىپ قالدىم، بۇ يەردە تۇيۇقسىز بىر قېرى راھىبقا ئۇچرىدىم، ئۇ پېقىرنى شۇ يەردىكى بىر بۇتخانىغا باشلاپ بېرىپ، «بۇ يەردە ئۇن، گۈرۈچ، كۆكتات، ئوتۇن ـ پوتۇننىڭ ھەممىسى تەل، مۇشۇ يەردە ساقلاپ

تۇرۇپ، قارىغايزارلىقنىڭ ئىچىدىن بىر دارازا چىققان ھامان ئۇنى تۇتۇۋالغىن» دەپ تاپىلىدى. شۇ كىچە تاغنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇ يەردە بىر كىچە كۈتتۇم، بۇ يەردىكى تاغنىڭ چىغىر يوللىرىنى بىلمىگىنىم ئۈچۈن سىرتقا چىقمىدىم. بۈگۈن ئەتىگەن قارىسام، بۇ ئوغرى تاغدا ئۆمىلەپ يۈرىدۇ، گۇرزەم بىلەن بىر ئۇرۇپ يىقىتىپ، باغلاپ ئېلىپ كەلدىم. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ فاڭ لا چىقىپ قالدى.

— ئۇ قىرى راھىب ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ ئۇنىڭدىن يەنە.

— قىرى راھىب، — دېدى لۇ جىشېن، — پېقىرنى بۇتخانىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇن - گۇرۇچىنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم.

— ئۇ قىرى راھىب خىزىر بولسا كېرەك، شۇڭا شۇنچە كارامەت كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى شۇنچە ئۇلۇغ خىزمەت كۆرسىتىشكە سايە قىپتۇ. ئاستانىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇنى تەڭرىقۇتقا مەلۇم قىلىپ، سىلىنى شەيخلىقتىن بوشىتىپ مەنسەپكە قويدۇرىمەن، ئۆزلىرى بالىچاقىلىرىغا مەرتىۋە قالدۇرۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىش بىلەن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قىلغان ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرسىلا، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— پېقىرنىڭ كۆڭلۈم ئاللىقاچان سۇنۇپ كەتكەن، مەنسەپ تۇتماستىن خالىي - پىنھان بىر ئورۇندا جېنىمنى باقسام لا، شۇنىڭ ئۆزى ماڭا كۇپايە، — دەپ جاۋاب بەردى لۇ جىشېن.

— ئەي ئۇستاز، — دېدى سۇڭ جياڭ، — راھىبلىقنى تاشلاشقا ئۇنىمىسىلا، ئاستانىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىرەر مەشھۇر تاغدىكى بۇتخانىغا راھىبلار كاتتىبېشى بولسىلىمۇ بولىدۇ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ باققان ئەجرىگىمۇ جاۋاب بەرگەن بولىدىلا.

— ھەممىسىنىڭ لازىمى يوق، — دېدى لۇ جىشېن بۇنى

ئاڭلاپ بېشىنى چايقىغان هالدا، — مەن ئۈچۈن ئۆلۈكۈم پارچىلانمىسىلا كۇپايە.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جىم بولۇپ قالدى. ھەر ئىككىسى كۆڭۈلسىزلىككە چۈشتى. سۇڭ جياڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە - سەرۋازلارنى ئېدىتلاپ كۆردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن فاڭ لانى كۈشۈك ھارۋىغا سېلىپ، تەڭرىقۇتقا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاستانىگە ئېلىپ مېڭىشقا تەخلەندى، ئۈچ قوشۇنغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، سەردارلارنى باشلاپ باڭيۈەن غارى جايلاشقان چىڭشى ناھىيەسىدىن مۇجۇ ئايمىقىغا قاراپ يولغا چىقتى.

جاڭ باسقاقبەگ، تۇڭ ۋازىر، ليۇ تۇتۇقبەگ، سۇڭ، گېڭ مەسلىھەتچىلەر لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇجۇ ئايمىقىغا توپلاپ ئورۇنلىشىپ تۇرغانىكەن. سۇڭ جياڭنىڭ چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، فاڭ لانى قولغا چۈشۈرۈش بىلەن مۇجۇ ئايمىقىغا ئەكېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ھەممە مەنسەپدارلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قۇتلۇقلاشتى. سۇڭ جياڭلار ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن جاڭ باسقاقبەگ:

— سەردارىم، ئۆزلىرىنىڭ ئەل پاسىلىدا جاپا چەككەنلىرىدىن، يارەنلىرىنىڭ چىقىم بولغانلىقىدىن خەۋەردار بولدۇق. لېكىن، ئاخىرىدا چوڭ ئەجىر - خىزمەتلەر كۆرسەتتىڭلە، مانا بۇ كاتتا بەخت، — دېدى.

سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىپ، تەزىم بىلەن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ:

— دەسلەپتە بىز بىر يۈز سەككىز ئادەم ئىدۇق، قىتان بەگلىكىنى يېڭىپ ئاستانىگە قايتقۇچە بىرمۇ ئادەمدىن ئايرىلمىغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋال گوڭسۇن شىڭ كېتىپ قالدى، ئاستانىدە بىرنەچچەيلەن قالدى، ياڭجۇنى ئىشغال قىلىپ دەريادىن ئۆتكۈچە ئادەملەرنىڭ ئوندىن يەتتىسى تۈگەپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە مەن سۇڭ جياڭلا ساق قالدىم، ئەمدى قايسى

يۈزۈم بىلەن شەندۈگىلۈق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يۇرتداشلارنىڭ ئالدىغا بارىمەن؟ — دېدى.
— تۇرشاۋۇل، — دېدى جاڭ باسقاقبەگ، — ئۇنداق دېمىسىلە، قەدىمدىن: «باي ـ گادايلىق، ئىسىل ـ پەسلىك پېشانىگە پۈتۈلگەن، ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىمۇ تەقدىر ـ قىسمەتتۇر» دېگەن گەپ بارغۇ! ئەل ئىچىدە: «بەختلىكلەر بەختسىزلەرنى ئۇزىتىدۇ» دېگەن گەپمۇ بارغۇ! شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ چىقىم بولغانلىقىنى نومۇس دەپ بىلىدىلا؟ بۈگۈن ئەجىر ـ خىزمەتلەر كۆرسىتىپ نام چىقاردىلا، ئوردا بۈنىڭدىن خەۋەر تاپسا سىلىنى چوقۇم ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. يۇقىرى ئەمەل ـ مەرتىۋىگە سازاۋەر بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىلا، ئەمەل لىباسلىرى كىيىپ يۇرتقا قايتسىلا ئۆزلىرىگە كىممۇ زوقلانمايدۇ؟ ئەرزىمەس ئىشلارنى كۆڭۈللىرىگە ئالماي، لەشكەرلەرنى يىغىپ قايتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلسىلا.
سۇڭ جياڭ باشبۇغ قاتارلىق مەنسەپدارلارغا تەشەككۈر ئېيتىپ، باشقا سەركەردىلەرگە ئاستانىگە قايتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. جاڭ باسقاقبەگ قولىغا تىرىك چۈشكەن قاراقچى ۋە قورچاق مەنسەپدارلاردىن فاڭ لانى ئاستانىگە ئايرىم يالاپ ئېلىپ بېرىشتىن باشقا، قالغانلارنى مۇجۇ ئايمىقى رەستىسىدە ئۆلتۈرۈشكە پەرمان بەردى، تېخى قولغا چۈشمىگەن چۈشيەن، ۋۇ شيەن ناھىيەلىرىدىكى قاراقچى خىزمەتكارلار پاسىق ئەمەلدار فاڭ لانىڭ تىرىك قولغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىرىمى قېچىپ كەتتى، بىرىمى ئۆز گۇناھىنى بويىنغا ئېلىپ ئەل بولدى. جاڭ باسقاقبەگ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ مۆمىن پۇقرا بولۇشىغا رۇخسەت قىلدى ۋە جايلارغا ئەل ئەمىن ئېلانى چىقاردى. قالغان ئەگەشكۈچى قاراقچىلاردىن ئادەم ئۆلتۈرمىگەنلىرىنىڭ ئەل بولۇپ، پۇقرا بولۇشىغا رۇخسەت

www.uyghurkitap.com

قىلدى ۋە ئۇلارغا ئۆي، يەر، باغۋاران بۆلۈپ بەردى. ئايماق ۋە ناھىيە ـ شەھەرلەر تامامەن قولغا ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا شۇ جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن بەگ ـ سىپاھ ۋە لەشكەرلەر ئەۋەتىلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. جاڭ باسقاقبەگ باشلىق بەگ ـ سىپاھلار مۇجۇ ئايمىقىدا ئامان ـ ئېسەنلىك شەرىپىگە مەرىكە سورۇنى تۈزۈپ، سەركەردە، بەگ ـ سىپاھلارنى قۇتلۇقلىدى، ئۈچ قوشۇننىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرىنى تارتۇقلىدى ۋە تۇرشاۋۇل قاتارلىق باشلىقلارغا ئاستانىگە قايتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. لەشكەر يارلىقى چۈشكەن ھامان، ھەممەيلەن تەخلىنىپ ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا چىقتى.

خوش، تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ قازا قىلغان سەركەردىلەرنى ياد ئېتىپ، تارام ـ تارام ياش تۆكتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ خېلىڭ، مۇ خۇڭ قاتارلىق ئالتەيلەن خاڭجۇدا بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالغانلىقتىن، جۇ فۇ بىلەن مۇ چۇنلار ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ شۇ يەردە قالدى. كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېسەل بىلەن ئۆلدى. پەقەت ياڭ لىن بىلەن مۇ چۇنلا قوشۇنغا يېتىشىپ كېلىپ قوشۇلدى، سۇڭ جياڭ سەركەردىلەرنىڭ كۆرمىگەن جاپالارنى چېكىپ بوگۇنكىدەك ئەمىنلىككە ئېرىشكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، قازا تاپقانلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، مۇجۇ ئايمىقىدىكى قەسىردىن پىنھان بىر جاينى تېپىپ، ئۆزۈن ئەلەملەر قاداپ، ئۈچ يۈز ئاتمىش مەررە كاتتا دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزدى، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان ھەرقايسى ئۇلۇغ قول ۋە سول قول سەركەردىلەرنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتالغان نەزىر ـ چىراغلار ئاياغلاشتى، ئەتىسى سۇڭ جياڭ ئات، كالىلار سويدۇرۇپ قۇربانلىق تائاملىرى تەييارلىغاندىن كېيىن مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ قاتارلىق سەركەردىلەر بىلەن قارا ئەجدىھا بۇتخانىسىغا بېرىپ سېرىق قەغەز كۆيدۈردى، قارا ئەجدىھا ھەزرەتكە ئاتاپ ئىسرىق سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى بالا ـ قازادىن

ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى.
بۇلار قونشقا قايتقاندىن كېيىن قازا قىلىپ كەتكەن ئوڭ قول ۋە سول قول سەركەردىلەرنىڭ تېپىلغان جەسەتلىرىنى يىغىپ، يەرلىككە قويۇشتى. سۇڭ جياڭ بىلەن لۇ جۈنيى بارلىق سەركەردە ـ سەرۋازلىرىنى ئېدىتلاپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەن ۋە ساق قالغانلارنى ئېنىقلاپ چىقتى. بارلىق سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر ـ خىزمەتلىرى ھەققىدە مۇپەسسەل رويخەت تۈزۈپ، تەڭرىقۇتقا سۇنۇش ئۈچۈن تەييارلاپ قويدى. ئۈچ قوشۇن راسلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا چىقماقچى بولدى. سۇڭ جياڭ قول ئاستىدىكى ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرسە، ئۇلاردىن ئارانلا تۆۋەندىكى ئوتتۇز ئالتىسى قاپتۇ:

ئۈندەكچى سۇڭ جياڭ
بوز تۇلپار لۇ جۈنيى
موللا تاپقاق ۋۇ يوڭ
ئۈزۈن قىلىچ گۈەن شېڭ
قاپلانباش لىن چوڭ
قوش يارما دەستىلىك خۇ يەنجو
كىچىك لى گۇاڭ خۇا روڭ
كىچىك قويۇن چەي جىن
ئاسمان بۇركۈتى لى يىڭ
كۆركە ساقال جۇ تۇڭ
گۈلدار شەيخ لۇ جىشېن
دەرۋىش ۋۇ سۇڭ
يەل تاپان شەيخ دەي زوڭ
قارا قويۇن لى كۈي
قەھرلىك گۈەن سو ياڭ شيوڭ
ئەزرائىل روەن شياۋچى
دەريا بۆلغار لەھەڭ لى جۈن

ئۈچ تاغ غوجىسى خۇاڭ شىن
ئالىقانات يەن چىڭ
مالىمانچى دىۋە فەن رۇي
چېچەن مۇشاۋىر جۇ ۋۇ
ئادىل پەتىۋاچى پېي شۈەن
قەھرلىك يۈچى سۈن لى
جىن چىراي دۇ شىڭ
كۆك تەۋرىتەر گۇلدۇرماما لىڭ جېن
يەككە مۈڭگۈز ئەجدىھا زۇ رۇن
ھېسابچى موللا جياڭ جىڭ
گۈللۈك قاپلان ياڭ لىن
تۆمۈر يەلپۈگۈچ سۇڭ چىڭ
غار تېشەر ئەجدىھا تۇڭ ۋېي
گۈل قىسقاق سەي چىڭ
ناغرا بۇرگىسى شى چيەن
كىچىك توسقۇن مۇ چۈن
چىشى يولۋاس گۇ يەڭگە
دەريا بۆلغار قۇلۇلە تۇڭ مېڭ
كىچىك يۈچى سۈن شىن
سۇڭ جياڭ ۋە باشقا سەركەردىلەر قوشۇننى باشلاپ مۇجۇ ئايمىقىدىن ئايرىلىپ خاڭجۇغا قاراپ يول ئالدى.

## نەزم

زىلزىلىگە كەلدى تاغلار جەڭ تۈگەپ چالغاندا ساز،
قىيقىزىل زەپەر تۇغى كۆكتە ئەيلىدى پەرۋاز.

يولدا ھېچ ۋەقە ئۆتولمىدى، ئۇلار خاڭجۇغا يېتىپ كېلىشتى. جاڭ باسقاقبەگنىڭ لەشكەرلىرى شەھەردە بولغانلىقتىن، سۇڭ

تۇرشاۋۇل لەشكەرلىرى ليۇخې مۇنارىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ ئارام ئالدى. سۇڭ تۇرشاۋۇل، لۇ جۇنيىلەر ئەتە - ئاخشامدا شەھەرگە كىرىپ پەرمان كۈتتى.

لۇ جىشېن بىلەن ۋۇ سۇڭ بىر بۇتخانىدا ئارام ئېلىپ بۇيرۇق كۈتتى. ئۇلار شەھەر سىرتىدىكى تاغ - دەريا مەنزىرىلىرىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، كۆركەملىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولۇشتى. شۇ ئاخشىمى ئايدىڭ كېچە بولۇپ، مەيىن شامال چىقىپ تۇراتتى، گويا ئاسمان بىلەن سۇ تۇتىشىپ كەتكەندەك، ھەممە جاي كۆكۈچ رەڭ تۇس ئالغانىدى. بۇ ئىككىيلەن راھىبلارخانىسىدا ئۇخلاۋېتىپ، تۈن كېچە بولغاندا تۇيۇقسىزلا دەريا سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن چىققان شاۋقۇن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىشتى. لۇ جىشېن گۇەنشىلىق ئادەم بولغاچقا، جېجياڭدىكى دەريا سۈيىنىڭ قەرەللىك كۆتۈرۈلۈشىدىن خەۋىرى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇنى جەڭ دۇمبىقى چېلىنىۋاتىدۇ، قاراقچىلار غەلىيان قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى - دە، ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، گۈرزىسىنى ئىزدەپ تېپىپ ۋارقىرىغان پېتى ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى. راھىبلار بۇنىڭغا ھەيران بولۇشۇپ، ئۇنىڭدىن:

— ئۇستازىم، نېمە بولدىلا؟ نەگە بارىدىلا؟ — دەپ سوراشتى.

— پېقىر جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم، چىقىپ ئېلىشماقچىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى لۇ جىشېن.

— پىر - ئۇستاز، خاتا ئاڭلاپ قاپتىلا! ئۇ جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ئەمەس، بەلكى چيەنتاڭ دەرياسى سۈيىنىڭ قەرەللىك كۆتۈرۈلۈشىدىن چىققان شاۋقۇن، — دەپ كۈلۈشتى راھىبلار.

— ئەي ئۇستازلىرىم، سۇنىڭ قەرەللىك كۆتۈرۈلۈشى دېگەن نېمە؟ — دېدى بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان لۇ جىشېن.

بۇتخانىدىكى راھىبلار روجەكنى ئېچىپ دەرھال دولقۇننى لۇ جىشېنغا كۆرسەتتى ۋە:

— بۇنداق كۆتۈرۈلۈش كېچىسى، كۈندۈزى ئىككى قېتىم

بولىدۇ، كېلىدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەي كېلىدۇ، بۈگۈن سەككىزىنچى ئايغا ئون بەش، ئېغىر ياتقۇ مەھەللىنىڭ بېشىدا سۇ كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇ دەل ۋاقتىدا كەلگەچكە، ئۇ سۇنىڭ قەرەللىك كۆتۈرۈلۈشى دەپ ئاتىلىدۇ، — دېيىشتى.

لۇ جىشېن بۇنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە تۇيۇقسىزلا بىرنېمىنى چۈشەنگەندەك بولدى ـ دە، چاۋاك چېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم بولغان دەرۋىش كالان پېقىرغا تۆت جۈملە ھېكمەتلىك گەپ ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇ: «شياغا ئۇچرىساڭ تۇت» دېگەن، مەن قارىغايزارلىقتا شيا خۇچېڭنى تىرىك تۇتۇۋالدىم. «لا ئىسىملىكنى كۆرسەڭ تۇتقۇن قىل» دېگەن، مەن فاڭ لانى تىرىك تۇتۇۋالدىم، «سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى ئاڭلىساڭ دۇگدىيىسەن. قەرەللىكنى كۆرسەڭ جىمىقىسەن» دېگىنىنىمۇ بۈگۈن كۆرۈۋاتىمەن، بۈگۈن سۇنىڭ قەرەللىك كۆتۈرۈلۈشىنى كۆرگەندىكىن دۇگدىيىپ جىمىقىشىم كېرەك ئىدى. ئېيتىشىسىلەرچۇ؟ نېمىنى دۇگدىيىپ جىمىقىش دەيدۇ؟ — دېدى.

— سىلى راھىب تۇرۇقلۇق، بۇتپەرەسلىك ئىلمىدىكى دۇگدىيىپ جىمىقىشنىڭ ئۆلۈش ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىلا؟ — دېيىشتى بۇتخانىدىكى راھىبلار.

— ئۆلۈشنى دۇگدىيىپ جىمىقىش دەيدىغان بولسا، — دېدى لۇ جىشېن كۈلۈپ كېتىپ، — پېقىر بۈگۈن دۇگدىيىپ جىمىقاي، ھەرقايسىلىرىغا مالال كەلمىسە، بويۇمنى سۇغا سالغىلى بىر سوغا سۇ ئىسسىتىپ بېرىشسىلە ئىكەن.

بۇتخانىدىكى راھىبلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ رايىغا باقماسلىقتا پېتىنالماي، دەرۋىشلەرگە لۇ جىشېننىڭ يۇيۇنۇشى ئۈچۈن سۇ ئىسسىتىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ يۇيۇنۇپ بولۇپ ئىنئام قىلىنغان بىر قۇر

راھىبلىق كىيىمىنى كىيگەندىن كېيىن قول ئاستىدىكى سەرۋازلاردىن بىرىگە:

— بىرىپ ئاغمىز سۇلۇك دانىشقا خەۋەر قىل، كېلىپ پىقىر بىلەن بىر كۆرۈشسۇن، — دەپ تاپشۇردى. راھىبلاردىن قەغەز - قەلەم سوراپ ئېلىپ، بىر پارچە نەزم پۈتتى، تىلاۋەتخانىغا كىرىپ، ئورۇندۇقتىن بىرنى تارتىپ كېلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئولتۇردى، ئوبدان كۈجەدىن بىرنى يېقىپ، ھېلىقى قەغەزنى ئېتىكاپ كۈرسىغا قويغاندىن كېيىن باداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، سول پۇتىنى ئوڭ پۇتى ئۈستىگە قويدى - دە، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى. سۇلۇك دانىش سەرۋازدىن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتامانلارنى باشلاپ ئۇنى كۆرگىلى كەلگۈچە، لۇ جىشېن مەرۇزىدا قىمىر قىلماي قېتىپ قاپتۇ.

نەزم

قىلمىغان ئۆمرىدە ھېچبىر ياخشىلىق،
ئوت قويۇش، جانلار قىيىش سىڭگەن قىلىق.
بوشىتىلدى شاققىدە ئارغامچىسى،
چېقىۋېتىلدى ئۇنىڭ تاش قۇلپىسى.
چيەنتاڭجياڭدا قەرەللىك سۇ كۆتۈرۈلۈپ،
كىملىكىنى ئالدى ئۆزىنىڭ بىلىپ.

سۇلۇك جياڭ بىلەن لۇ جۈنيى بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئوقۇپ ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇردى. ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى لۇ جىشېننى كۆرۈشكە كېلىپ، كۈجە يېقىپ تاۋاپ قىلىشتى. شەھەردە تۇرۇشلۇق جاڭ باسقاقبەگ ۋە تۇڭ ۋازىر باشلىق بەگ - سىپاھلارمۇ كۈجە كۆيدۈرۈپ تاۋاپ قىلىشتى. سۇلۇك جياڭ ئالتۇن - كۈمۈش ۋە دۇردۇن - تاۋارلار ئاچىقتۇرۇپ، راھىبلارغا سەدىقە

www.uyghurkitap.com

بىرىــپ ئۈچ كېچــە ـ كۈندۈز نــەزىــر ـ چىراغ ئۆتــكۈزگــەنــدىــن كېيىــن مېيىتنى قىزىل ساندۇققا سالدى ۋە جىنشەن تېغىدىكى دەرۋىش كالاننى لۇ جىشېننىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى؛ تەرەپ ـ تەرەپلەردىكى بۇتخانىلارنىڭ دەرۋىش كالانلىرى كېلىپ نوم ـ دەستۇر ئوقۇشتى؛ ساندۇقنى ليۇخې مۇنارىنىڭ ئارقىسىغا كۆيدۈرۈشكە ئاپاردى، جىنشەندىكى دەرۋىش كالان قولىغا ئوتقاش ئالغىنىچە ئۇدۇل ساندۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ، لۇ جىشېنغا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق ئايەت ئوقۇدى:

ئەي لۇ جىشېن، ئەي لۇ جىشېن،
باش كۆتۈردۈڭ سەن ئەلكېزەرلىكتىن.
كۆزلىرىڭ دەھشەت، چاقنايتتى ئوتلار،
يانمىدىڭ ھەرگىز قانلار تۆكۈشتىن.
سۇ كۆتۈرۈلۈپ تۇيۇقسىز كەتتىڭ،
ئىزمۇ قالدۇرماي يوقالدىڭ بۇندىن.
ئەي تەڭرىم! تەۋرىمەس سەندىن بىئىز بىر تال قىل،
ئايلىنار ئالتۇنغىمۇ بۇيرۇساڭ زېمىن بىردىن.

دەرۋىش كالان ئوت ياندۇرغاندىن كېيىن راھىبلار نوم ئوقۇپ تۇۋا ـ ئىستىغپار قىلىشتى ـ دە، ساندۇقنى كۆيدۈردى، سۆڭەك پارچىلىرىنى يىغىپ ليۇخې مۇنارىنىڭ ئارقا سەيناسىغا دەپنە قىلدى. لۇ جىشېندىن قالغان بارلىق كىيىم ـ كېچەك ھەمدە خانلىق ئىنئام قىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، بەگ ـ سىپاھلار سەدىقە قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ليۇخې ئىبادەتخانىسىغا ۋەخپە قىلىپ بېرىلدى. قويۇچتىن سوقۇلغان گۈرزە ھەم قارا يەكتەكمۇ ئىبادەتخانىنىڭ تاۋاب بۇيۇملىرى قىلىپ قالدۇرۇلدى.

شۇ ئەسنادا سۇڭ جياڭ بېرىپ ۋۇ سۇڭنى يوقلىدى، ئۇ تىرىك ئۆلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئالىلىقاچان بىر كېرەكسىز ئادەمگە

ئايلىنىپ قالغانىدى. ۋۇ سۇڭ سۇڭ جياڭغا:

— كەمىنە ئىنىلىرى ھازىر بىر مېيىپ ئادەم بولۇپ قالدىم، ئاستانىگە بېرىپ بەيئەت قىلىشنى خالىمايمەن. يېنىمدىكى ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن ئالتۇن - كۈمۈش بىساتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ليۇخې ئىبادەتخانىسىغا ۋەخپە قىلىپ بېرىپ زاھىت بولۇپ ئۆتسەملا مۇرادىمغا يېتىمەن. ئاغا، رويخەت تۈزگەندە ھەرگىزمۇ كەمىنە ئىنىلىرىنى ئاستانىگە بارغۇچىلار قاتارىغا يېزىپ قويمىسىلا، — دېدى.

— مەيلى ئىختىيارلىرى ئۆزلىرىدە، — دېدى سۇڭ جياڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ۋۇ سۇڭ ليۇخې ئىبادەتخانىسىدا تەقۋادار بولۇپ، سەكسەن يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئاخىرقى بايانغا تېگىشلىك سۆز.

ئەمدى تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭغا كېلەيلى. ئۇ ھەر كۈنى شەھەرگە كىرىپ يارلىق كۈتتى. جاڭ باسقاقبەگنىڭ بارگاھ قوشۇنى يۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سۇڭ جياڭ ئۆز لەشكەرلىرىنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. يېرىم ئايچە ئۆتكەندە ئوردىدىن بىر ئەلچى كېلىپ، تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭلارنىڭ قوشۇنىنى ئاستانىگە ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا مۇقەددەس پەرمان تاپشۇردى. جاڭ باسقاقبەگ، ۋازىر تۇڭ گۇەن، تۇتۇقبەگ ليۇ گۇاڭشى، سۇڭ، گېڭ ناملىق ئىككى مەسلىھەتچى، ئالىي سەركەردە ۋاڭ بىڭ، جاۋ تەنلەر بارگاھ قوشۇن بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئاستانىگە قايتتى. سۇڭ جياڭلارمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوشۇنىنى ئاستانىگە قايتىشقا تەخلىدى. ئۇلار يولغا ئاتلانغۇچە كۈتۈلمىگەندە لىن چۇڭغا ئۇچۇق تېگىپ پالەچ بولۇپ قالدى، ياڭ شيۇڭنىڭ دۈمبىسىگە چىقان چىقىپ ئۆلدى. شى چيەن يۇقۇملۇق تولغاق كېسىلى بىلەن ئۆلدى، سۇڭ جياڭ

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن بەكمۇ ئازابلاندى. دەنتۇ ناھىيەسىدىن ياڭ جىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ۋە شۇ ناھىيەدىكى تاغ باغرىغا دەپنە قىلىنغانلىقى يېزىلغان مەكتۇپ كەلدى، لىن چۇڭغا ئۇچۇق تېگىپ پالەچ بولۇپ، تولۇق ساقىيىپ كېتەلمىگەنلىكىدىن، ليۇخې ئىبادەتخانىسىدا قالدۇرۇلۇپ، ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، ئۇ شۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋاپات بولدى.

سۇڭ جياڭ ۋە باشقا سەركەردىلەر خاڭجۇدىن ئاستانىگە سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئالىقانات يەن چىڭ خۇپىيانە ھالدا ئۆز غوجايىنى لۇ جۇنيىگە:

— كەمىنە قۇللىرى كىچىكىمدىن تارتىپلا بوسۇغىلىرىدا خىزمەت قىلىپ مېھىر - شەپقەتلىرىدىن كۆپ بەھرىمەن بولدۇم، قىلغان ياخشىلىقلىرىنى تەرىپلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قىلماقچى بولغان بۈيۈك ئىشلىرىمىزمۇ ۋۇجۇدقا چىقتى، شۇڭا سىلى بىلەن بۇرۇنقى مەنسەپتىن كېچىپ، بىرەر خالىي - خىلۋەت جايغا بېرىپ، نام چىقارماي ئاخىرقى ئۆمرىمىزنى بىللە ئۆتكۈزسەك دەيمەن. سىلى بۇنىڭغا قانداق قارايدىلىكىن؟ — دەپ مەسلىھەت سالدى.

— لياڭشەن كۆلىدىكىلەر سۇڭ خاندانلىقىغا ئىتائەت قىلغان كۈندىن بۇيان، — دېدى لۇ جۇنيى ئۇنىڭغا، — بىزنىڭ يارەنلىرىمىز تۇرلۇك - تۈمەن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆپ جاپا چەكتى، ئەلنىڭ چەت - ياقا پاسىللىرىدا تازا قىيىنچىلىق تارتتى. يارەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھالاك بولۇپ، ئائىلىمىزدىن پەقەت ئىككىمىزلا قالدۇق. بىز مەنسەپ بىلەن يۇرتىمىزغا قايتىپ، بالىچاقىلىرىمىزغا مەرتىۋە قالدۇرىمىز دەپ تۇرغان بۇ پەيتتە، سىز قانداقسىغا مۇنداق ئايىغى چىقماس خىيالغا كېلىپ قالدىڭىز؟

— غوجام، يېڭىلىشىۋاتىدىلا، — دېدى يەن چىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — كەمىنىلىرىنىڭ بۇ خىيالىنىڭ ئايىغى چىقىدۇ، سىلىنىڭ بۇ سەپەرلىرىنىڭ ئايىغى چىقماسمىكىن!

يەن چىلى ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىش، ھاياتلىق ياكى ماماتلىقنىڭ پەيتىنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

يۇرت كېزىپ، شەھەر ئېلىپ چىقتۇق پۇخادىن بىز شۇ دەم،
كونا دوستلاردىن كېچىپ قارىغاينى قىلدۇق سەيلە ھەم.
نامۇشۆھرەتتىن ئۆزەلمەي يۇرگۇچىلەر رىشتىنى،
تاپىسمۇ شۆھرەتۇ نام ئاخىر تاپالماس پايدىنى.

— يەن چىلى، مەن قىلچىمۇ ئالا كۆڭۈللۇك قىلمىغان تۇرسام، ئۇردا قانداقمۇ ماڭا بىۋاپالىق قىلار؟ — دېدى لۇ جۇنيى.

— سىلى، — دېدى يەن چىلى ئۇنىڭغا، — ئەجەبا خەن شىننىڭ ئون چوڭ تۆھپە ياراتقاندىن كېيىن ئاخىرىغا كېلىپ ۋېيياڭ ئوردىسىدا بېشى كېسىلگەنلىكىنى؛ پېڭ يۆنىڭ چانىلىپ قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىلگەنلىكىنى؛ يىڭ بۇنىڭ دورىغا چىلانغان ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ غوجام، بالايىئاپەت باشقا كېلىپ قالغاندا قۇتۇلماق تەس كېلەرمىكىن؟ ئوبدانراق ئويلاپ باقسىلا.

— مەن، — دېدى لۇ جۇنيى، — خەن شىننىڭ ئۆزىنى ئۆچ قېتىم شاھ دەپ جاكارلاپ، چېن شىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقانلىقى؛ پېڭ يۆنىڭ گاۋ زۇغا بويسۇنمىغانلىقىدىن جەددى ـ جەمەتى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى؛ يىڭ بۇنىڭ جيۇجياڭدا مەنسەپ تۇتۇپ، خەن دى خاننى ئاغدۇرۇپ تاشلىماق بولغانلىقىنى؛ خەن گاۋزۇ يالغاندىن ساياھەتكە چىقىپ چۇش كۆرگەن بولۇپ، خانىش لۇ خۇغا ئۇنى قەتل قىلىش بۇيرۇقى بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن. مەن بۇنداق ئالىي مەرتىۋىدىمۇ بولغان ئەمەس، بۇنداق گۇناھ ـ سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزگەن ئەمەس!

www.uyghurkitap.com

— غوجام، پېقىرنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىلا، كېيىن پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالارلىمىكىن! مەن بىرىپ سۇڭ تۇرشاۋۇل بىلەن خەيرلىشىپ كەلمەكچىمەن، ئۇ مەردلىكنى ئەلا بىلىدىغان ئادەم، مېنى جەزمەن قويۇپ بەرمەيدۇ، شۇڭا سىلى بىلەن مۇشۇ يەردىلا خوشلىشاي، — دېدى يەن چىڭ.

— سىز مەن بىلەن خوشلىشىپ نەگە بارماقچى، — دېدى لۇ جۈنيى.

— يەنىلا سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردا يۈرىمەن، — دېدى يەن چىڭ.

— شۇنداق دەڭە، قېنى نەگە بارارسىزكىن؟ — دەپ قويىدى لۇ جۈنيى كۈلۈپ.

يەن چىڭ ئېگىلىپ سەككىز تەزىم بىلەن خوشلاشتى ـ دە، شۇ كېچىسىلا بىر ئەپكەش ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مارجاننى ئېلىپ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنىمۇ ھېچكىم بىلمەي قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە لەشكەرلەر بىر پارچە خەت يېزىلغان قەغەزنى تېپىۋالدى ۋە بۇنى سۇڭ تۇرشاۋۇلغا سۇندى. سۇڭ جياڭ ئوقۇپ كۆرسە ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يېزىلىپتۇ:

دىتسىز ئىنىلىرى يەن چىڭ تۇرشاۋۇلۇم ئۆزلىرىگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى، قوشۇنلىرىغا قوبۇل قىلىنغاندىن تارتىپ مېھىر ـ شەپقەتلىرىدىن كۆپ بەھرىمەن بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىگە بېشىم بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىپ ئۆلسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ. بىراق، ئۆزۈم بىتەلەي كەمىنە بىر ئادەم بولغانلىقىمدىن، خانلىقنىڭ خىزمىتىگە ئەرزىمەيمەن، شۇڭا تاغ ئىچىگە بىرىپ زاھىت بولۇشنى خاھىش ئەتتىم. مېڭىشتىن بۇرۇن سىلى بىلەن خوشلاشماقچى بولغانىدىم، بىراق ئۆزلىرىنى مەردلىكنى ئەلا بىلىپ، ئاسانلىقچە قويۇپ بەرمەسمىكىن دەپ كېچىلەپ جىملا كېتىپ قالدىم. ئۆزلىرىگە ۋىدالىشىش يۈزىسىدىن تۆۋەندىكى تۆت مىسرا ۋىدالىق نەزمىسىنى قالدۇردۇم، باش سەردارىم، گۇناھىمنى ئەپۇ قىلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

## نەزم

ئايرىلارمەن مۇشۇ تويتىن قالمىغىن ھەيران ماڭا،
نامۇشۇھرەت، مەنسىپىڭنىڭ لازىمى يوقتۇر ماڭا.
بار يېنىمدا ھەزرىتى شاھنىڭ چۇشۇرگەن يارلىقى،
ئۇشبۇ ئالەمدە پاشايمەن يوق غېمىم — ئەركىن مانا.

سۇڭ جياڭ يەن چىڭنىڭ مەكتۇپىنى ۋە قالدۇرغان تۆت مىسرا نەزمىسىنى كۆرۈپ كۆڭلى تولىمۇ غەش بولدى ۋە چىقىم بولغان سەركەردە ـ سەرۋازلىرىنىڭ مەنسەپ ـ نىشان دەستەكلىرىنى ئاستانىگە ئېلىپ بېرىپ ئوردىغا تاپشۇردى.
سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن سۇجۇ شەھىرىگە يېتىپ باراي دەپ قالغاندا، دەريا بولغار لەھەڭ لى جۈن يالغاندىن ئۇچۇق تەگكەن بولۇپ يېتىۋالدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەرۋازلار سۇڭ تۇرشاۋۇلغا خەۋەر قىلىۋىدى، ئۇ شەخسەن ئۆزى تېۋىپ باشلاپ بېرىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆردى. بۇ چاغدا لى جۈن سۇڭ جياڭغا:
— ئاغا، سەپەرنى تەخىرگە قويمىسىلا، جاڭ باسقاقبەگ قايتىپ كەتكىنىگە خېلى بولدى، ئوردا ئۆزلىرىنى ئەيىبكە تارتمىسۇن. ئەگەر ئۆزلىرى پېقىر لى جۈنگە راستىلا ئىچلىرى ئاغرىيدىغان بولسا، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلارنى مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشقا قالدۇرسىلا، كېسىلىم ياخشى بولغاندا ئارقىلىرىدىن ئوردىغا تاۋاپقا باراي، ئاغا، لەشكەرلەرنى باشلاپ ئاستانىگە قاراپ مېڭىۋەرسىلە، — دېدى.
بۇ گەپ سۇڭ جياڭنىڭ كۆڭلىگە ياقمىسىمۇ، باشقىچە گۇماندا بولماستىن، لەشكەرلەرنى باشلاپ ماڭماق بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ باسقاقبەگ ئالاقە ئەۋەتىپ مېڭىشقا ھەيدەكچىلىك

قىلغانلىقىدىن، لى جۇن، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مىڭلارنى قالدۇرۇپ، باشقا سەركەردىلەر بىلەن بىللە ئاستانىگە يۇرۇپ كەتتى.

لى جۇن قاتارلىق ئۇچەيلەن دەرھال قېي باۋ قاتارلىق تۆتەيلەننى ئىزدەپ تاپتى، كونا ۋەدىگە مۇۋاپىق بۇ يەتتەيلەن سۆگەتلىك جاڭزىدا بىر مەسلىھەتكە كېلىپ، بارلىق مال-مۈلۈكلىرىنى كېمە ياساشقا سەرپ قىلدى، ئاندىن تەيساڭ شاخابچىسىدىن كېمە بىلەن دېڭىزغا چىقىپ، ئارقىدا قالغان ئەللەرگە پاناھلىق ئىزدەپ كەتتى، كېيىنچە سىيام دۆلىتىنىڭ تاجىدارى بولۇپ قالدى. تۇڭ ۋېي، قېي باۋلار ئارقىدا قالغان جايلاردا ئەمەل تۇتۇپ، راھەت - پاراغەتتە ئۆتۈپ، باشقا بىر دېڭىز ساھىلىنى ئىگىلىۋالدى، بۇ لى جۇن ھەققىدىكى ئاخىرقى ئىشلار.

## نەزم

خەۋەر تېپىپ خاقانلارنىڭ قىلمىشىدىن،
پەشنى قېقىپ كەتكەن كىشى ئاقىل بولۇر.
دوست ئىچىدىن دوست تاللىساڭ يېڭىباشتىن،
كۆچلىنەرسەن، دوستۇڭمۇ ھەم قابىل بولۇر.
باغلاپ بولماس دەريا ئارا ئۈزسە قېيىق،
سۆگەتزارلىق جاڭزا ئارا ئۆستى تاللار.
كىممۇ بىلسۇن كائىناتنىڭ پايانىنى،
ئۇندا ئۆزگە باشقىچە بىر ئەللەرمۇ بار.

سۇڭ جياڭ باشلىق سەركەردىلەرنىڭ سەپىرىدە ھېچ ۋەقە ئۆتۈلمىدى، ئۇلار چاڭجۇ، رۇنجۇ قاتارلىق بۇرۇن جەڭ قىلغان جايلاردىن ئۆتكەندە، سۇڭ جياڭنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. چۈنكى، دەريادىن ئۆتكۈچە ئۇ يەردە ئادەملىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى

www.uyghurkitap.com

ھالاك بولغانىدى. ياڭجۇ ئارقىلىق خۇەيئەنگە كىرىپ ئاستانىگە يېقىنلاشقاندا، سۇڭ جياڭ بارلىق سەركەردىلىرىگە ئوردىغا كىرىپ بەيئەت قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئۈچ قوشۇن لەشكەرلىرى توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمىسىدىن كېيىن ئاستانىگە قايتىپ كەلدى. جاڭ باسقاقبەگ بارگاھ قوشۇننى باشلاپ ئالدى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى شەھەر سىرتىغا ئورۇنلىشىپ يەنە بۇرۇنقى كونا كۆۋرۈك ئۆتىڭىدە قوش تىكىپ ماكانلىشىپ، شاھنىڭ يارلىقىنى كۈتتى. بۇ چاغدا لى جۈنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قالدۇرۇلغان سەرۋازلار سۇجۇدىن يېتىپ كېلىپ: «لى جۈن ئەسلىدە ئاغرىق ئەمەس ئىكەن، ئاستانىگە بېرىپ ئەمەل تۇتۇشنى خالىمىغانلىقتىن، يالغان ئاغرىق بولۇپ يېتىۋاپتىكەن، ھازىر تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلار بىلەن يوقىلىپ كەتتى، نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم» دەپ خەۋەر قىلىشتى. سۇڭ جياڭ يەنە ئاھ ئۇردى ۋە پېي شۇەنگە ھازىر ئاستانىگە يېتىپ كەلگەن يىگىرمە يەتتە نەپەر چوڭ ـ كىچىك ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەرنىڭ رويخېتىنى تۈزۈشنى، پادىشاھلىق ئىشى يولىدا قازا تاپقانلارنىمۇ رويخەتكە كىرگۈزۈپ، خان ئالىيلىرىغا تەشەككۇرنامە يېزىشنى تاپشۇردى، شۇنداقلا ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەرگە سىم بۆك ۋە مۇراسىم كىيىمى كىيىپ تەڭرىقۇتقا بەيئەت قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن پادىشاھ ئوردىغا چىقتى، پادىشاھنىڭ يېقىن ۋەزىرلىرى تەڭرىقۇتقا سۇڭ جياڭلارنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى، تەڭرىقۇت سۇڭ جياڭلارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى.

شۇ كۈنى تاڭ ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلدى. سۇڭ جياڭ، لۇ جۈنيى قاتارلىق يىگىرمە يەتتە سەركەردە مۇقەددەس پەرمانغا بىنائەن دەرھال ئاتلىنىپ شەھەرگە كىرىشتى. ئاستانە پۇقرالىرى بۇلارنىڭ ئۈچىنچى قېتىم خانغا بەيئەتكە كەلگەنلىكىنى كۆردى.

سۇڭ جياڭلار ئەل بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە مۇقەددەس پەرمانغا بىنائەن خان تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان قىزىل، يىشىل كىمخاب يەكتەكلەرنى كىيىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن قىلىنغان نىشان ـ دەستەكلەرنى ئېسىشقىنىچە شەھەرگە كىرىپ خانغا بەيئەت قىلغانىدى، ئۇلار قىتان لەشكەرلىرىنى يەڭگەندىن كېيىن ئاستانىگە قايتىپ كەلگەندە، تەڭرىقۇت ئۇلارغا جەڭ لىباسلىرىنى، قۇياغ ـ دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ جابدۇنغان هالدا كىرىپ كۆرۈشۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەنىدى. بۇ قېتىم جاھان تىنچىغانلىقىدىن تەڭرىقۇت ئاتايىتەن قەلىمىي سىپاھلار تۇرقىدا ياسىنىپ، سىم بۆك ۋە مۇراسىم كىيىمى كىيگەن هالدا كېلىپ بەيئەت قىلىشنى بۇيرۇدى. ئاستانىدىكى پۇقرالار بۇ قېتىم ئۇلاردىن ئارانلا بىرقانچە كىشىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇرۇشتى. سۇڭ جياڭ قاتارلىق يىگىرمە يەتتەيلەن تۆۋەن تەرەپتىكى ئالدى قوۋۇقتا كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ ئوردىغا كىرىشكە هازىرلاندى. خان نۆكەرلىرى ئۇلارنى قاشتېشىدىن قىلىنغان مۇبارەك تاپىسقا باشلاپ كەلدى، سۇڭ جياڭ، لۇ جۈنيىلەرنىڭ باشچىلىقىدا ھەممەيلەن ئالدىغا بىرىپ سەككىز مەرتەم، ئارقىغا يېنىپ سەككىز مەرتەم، ئوتتۇرىغا بىرىپ سەككىز مەرتەم، جەمئىي يىگىرمە تۆت مەرتەم تەزىم قىلىپ، شاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى. سالام ـ سەھەت تامام بولغاندىن كېيىن تەڭرىقۇت خۇيزۇڭ (پادىشاھ داۋ جۈن) سۇڭ جياڭلاردىن ئاران شۇنچىلىكلا ئادەم قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولدى. خان ئۇلارنىڭ دىۋانغا چىقىشىغا ئىجازەت بەردى. سۇڭ جياڭ بىلەن لۇ جۈنيى سەركەردىلەرنى باشلاپ كاتتا پەلەمپەيدىن چىقىپ، خاننىڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىت پەردىسى ئالدىغا كېلىپ تىز چۆكتى. خان ئۇلارغا ئۆرە تۇرۇشقا ئىجازەت بەردى، خاننىڭ يېنىدىكى ۋەزىرلەر ئۈنچە پەردىنى ئاچتى.

ــــ مەن، ــــ دېدى تەڭرىقۇت، ــــ ھەرقايسىڭلارنىڭ دەريانىڭ



www.uyghurkitap.com

تۆۋەن تەرىپىدىكى قاراقچىلارنى تازىلاشتا نۇرغۇن رىيازەت چەككەنلىكىڭلارنى ئۇقتۇم، يارەنلىرىڭلارنىڭ تەڭدىن تولىسى چىقىم بوپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئازابلاندىم.

سۇڭ جياڭ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، خانغا قايتا تەزىم قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— پېقىر بىر كالانپاي، كەم ئەقىل كىشىمەن. ئۆلۈپ كەتكۈچە جان پىدالىق بىلەن ئىشلىسەممۇ خانلىقىمىزنىڭ بىزگە قىلغان پۈتمەس - تۈگىمەس ئىلتىپاتىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولالمايمەن. ئەينى يىللىرى مەردلىك يولىدا بىر يۈز سەككىز ئادەم جەم بولغان بولۇپ، ۋۇتەيشەن تېغىغا چىقىپ ئانت ئىچىشكەندۇق، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ئوندىن سەككىزىمىزنىڭ چىقىم بولىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ قول ئاستىمدىكى ئادەملەرنىڭ رويخېتىنى ئالىيلىرىغا ئالدىراپ - سالدىراپلا سۇنۇشقا پېتىنالمىدىم، ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپات قىلىپ بىزگە شاھانە ئىزنە بېرىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلىمەن، — دېدى.

— قول ئاستىڭىزدىكىلەردىن خانلىق ئىشى يولىدا قازا تاپقانلارنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىلىرىنىڭ كۆمۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا مازار سېلىپ، نام - مەرتىۋە بېرىشكە ئىزنە بېرىمەن، — دېدى تەڭرىقۇت.

سۇڭ جياڭ يەنە تەزىم قىلىپ تەڭرىقۇت ئالدىغا بېرىپ مەلۇمات سۇندى. ئۇنىڭدا شۇنداق دېيىلگەنىدى:

تۆۋەن ئىقلىمنى تىنچلاندۇرغۇچى باشبۇغ، باش تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ ۋە باشقا سەركەردىلەر جانابىي ئالىيلىرىغا شۇنداق ئۇچۇر بېرىمىزكى، نادان - ناتىۋان بولغان بىز ئەرزىمەس بەگ - سىپاھلىرى ئۇست - ئۇستىلەپ ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۇق. لېكىن، ئالىيلىرىنىڭ سايىسىدا غايەت ئۇلۇغ ئىلتىپاتقا ئېرىشتۇق،

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ ئۈچۈن ئاياغلىرىدا تىنىمسىز تالقان بولغۇچە ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ! شۇڭا، كۆلدىن ئايرىلىپ قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە نەسلەرنى يوقىتىشقا كىرىشتۇق، يارەنلەر بىر جان ـ بىر تەن بولۇپ ۋۇتەيشەن تېغىغا چىقىپ ئانت ئىچتۇق. پۇتۇنلەي ساداقەتمەنلىككە سۆيۈنۈپ، ۋەتەنگە پاسىبان، خەلققە باشپاناھ بولدۇق. قىتان لەشكەرلىرى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، چىڭشى غارىدا فاڭ لانى تىرىك تۇتتۇق. كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىمىز ئالىيلىرى ھۇزۇرىدا ئايان بولسىمۇ، ئىستىكى، ياخشى سەركەردىلەر نابۇت بولدى. شۇ ۋەجىدىن پېقىر قۇللىرى كېچە ـ كۈندۈز قايغۇدا كۆيۈپ، ھەسرەت ئوتىدا ئۆرتەنمەكتىمەن. ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپات قىلىپ، قازا تاپقانلارغا شەپقەت قوللىرىنى سۇنۇپ، مېھىر ـ شەپقەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىشلىرىنى، ھاياتلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلىمەن. سۇڭ جياڭغا ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا ئىجازەت قىلسىلا، بۇمۇ ئالىيلىرىنىڭ پېقىر قۇللىرىغا قىلغان بىر شەپقىتى بولغاي. پېقىر قۇللىرى سۇڭ جياڭلار ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن ھازىر ھايات بار ۋە قازا تاپقانلار رويخېتىنى مۇشۇ مەلۇماتقا قوشۇپ مۇبارەك ھۇزۇرلىرىغا سۇندۇق.

جەڭدە قازا تاپقان ئوڭ قول ۋە سول قول سەركەردە جەمئىي ئەللىك توققۇز نەپەر، ئوڭ قول سەركەردە ئون تۆت نەپەر. ئۇلار مۇنۇلار:

چىن مىڭ، شۇ نىڭ، دۇڭ پىڭ، جاڭ چىڭ، ليۇ تاڭ، شى جىن، سو چاۋ، جاڭ شۇن، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، لېي خېڭ، شى شيۇ، شيې جېن، شيې باۋ.

سول قول سەركەردە قىرىق بەش نەپەر. ئۇلار مۇنۇلار:

سۇڭ ۋەن، جياۋ تىڭ، تاۋ زوڭۋاڭ، خەن تاۋ، پېڭ چى، جېڭ تيەنشۇ، ساۋ جىڭ، ۋاڭ دىڭليۇ، شۈەن زەن، كۇڭ لياڭ، شى ئېن، خاۋ سىۋېن، دېڭ فېي، جۇ تۇڭ، گۇڭ ۋاڭ، باۋ شۇ، دۇەن جىڭجۇ، خۇ جيەن، مېڭ كاڭ، ۋاڭ يىڭ، خۇ سەننياڭ، شياڭ چۇڭ، لى گۇن، يەن شۇن، ما لىن، شەن تىڭگۈي، ۋېي دىڭگو، لۇ فاڭ، گو شېڭ، ئوۋ پېڭ، چېن دا، ياڭ چۇن، يۇ باۋسى، لى جۇڭ، شۆ يۇڭ،

لى يۈن، شى يۇڭ، دۇ چيەن، دىڭ دېسۈن، زۇ يۈەن، لى لى، تاڭ لۇڭ، سەي فۇ، جاڭ چىڭ، سۈن چوكان.

سەپەر ئۈستىدە كېسەل بولۇپ قازا تاپقان ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەر ئون نەپەر. ئۇلار مۇنۇلار:

ئوڭ قول سەركەردىلەر:

لىن چۇڭ، ياڭ جى، جاڭ خېڭ، مۇ خۇڭ، ياڭ شيۇڭ.

سول قول سەركەردىلەر:

كۇڭ مىڭ، جۇ گۇي، جۇ فۇ، بەي شېڭ، شى چيەن.

خاڭجۇ ليۇخې ئىبادەتخانىسىدا ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان ئوڭ قول سەركەردە بىر نەپەر:

لۇ جىشېن

ئوڭ قولدىن ئايرىلىپ، ئىلتىپات ئېلىشنى خالىماي، ليۇخې ئىبادەتخانىسىدا خۇداگۇي بولۇۋالغان ئوڭ قول سەركەردە بىر نەپەر:

ۋۇ سۇڭ

بۇرۇنىسىدا ئاستانىدىن جىجۇغا بېرىپ خۇداگۇي بولۇۋالغان ئوڭ قول سەركەردە بىر نەپەر:

گۇڭسۇن شېڭ

ئىلتىپات ئېلىشنى خالىماي، سەپەر ئۈستىدە قالغان ئوڭ قول، سول قول سەركەردە تۆت نەپەر. ئۇلار مۇنۇلار:

ئوڭ قول سەركەردە ئىككى نەپەر. ئۇلار مۇنۇلار:

يەن چىڭ، لى جۈن

سول قول سەركەردە ئىككى نەپەر. ئۇلار مۇنۇلار:

تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ

بۇرۇن ئاستانىدە قېلىپ قالغان، كېيىن قايتۇرۇۋېلىنغان ئەمچى، هازىر ئاستانىدە بار سول قول سەركەردە بەش نەپەر. ئۇلار مۇنۇلار:

ئەن داۋچۈەن، خۇاڭ فۇدۇەن، جىن داجيەن، شياۋ راڭ، لې خې

هازىر ئاستانىگە بەيئەتكە كەلگەن ئوڭ قول، سول قول سەركەردە يىگىرمە يەتتە نەپەر. ئۇلار مۇنۇلار:

ئوڭ قول سەركەردە ئون ئىككى نەپەر. ئۇلار مۇنۇلار:

www.uyghurkitap.com

سۈڭ جياڭ، لۈ جۈنيى، ۋۇ يۇڭ، گۇەن شېڭ، خۇ يەنجو، خۇا رۇڭ، چەي جىن، لى يىڭ، جۇ توڭ، دەي زۇڭ، لى كۇي، رۇەن شياۋچى.

سول قول سەركەردە ئون بەش نەپەر. ئۇلار مۇنۇلار:

جۇ ۋۇ، خۇاڭ شىن، سۇن لى، فەن رۈي، لىڭ جېن، پېي شۇەن، جياڭ جىڭ، دۇ شىڭ، سۇڭ چىڭ، زۇ رۇن، سەي چىڭ، ياڭ لىن، مۇ چۇن، سۇن شىن، گۇ يەڭگە.

هۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن

تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ

ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيلەر

شۇەنخېنىڭ بەشىنچى يىلى توققۇزىنچى ئاينىڭ ـ كۈنى

پادىشاھ بۇ رويخەتنى كۆرۈپ ئاھ ئۇرۇپ:

— سىلەر بىر يۈز سەككىز ئادەم ساماۋى ئەختەر ـ زېمىننى ئەپتەرلەردىن ئىدىڭلار، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە ئاران يىگىرمە يەتتىڭلار قاپسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە تۆتەيلەن سەپەر ئۈستىدە باش ئېلىپ قېلىپ قاپتۇ، راستىنلا ئوندىن ئىككى قىسمىڭلار قاپسىلەر، — دېدى.

ئارقىدىنلا يەنە خان يولىدا قازا تاپقان ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسىگە نام ـ مەرتىۋە بېرىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. ئوڭ قول سەركەردىلەرگە سادىق ئەمەلدار دېگەن نام بېرىلدى. سول قول سەركەردىلەرگە مەرد ئەقىدىمەنلەر دېگەن نام بېرىلدى. ئۇلارنىڭ بالىچاقا، نەۋرىلىرى بولسا ئاستانىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋىلىرىگە مىراسخور قىلىندى؛ بالىچاقا، نەۋرىلىرى بولمىسا، ئۇلارغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سېلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جاڭ شۇن كارامەت بىلەن ئەجىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا جىنخۇا سەردارى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. راھىب لۇ

جىشىن قاراقچىلارنىڭ كاتتىبېشىنى تىرىك تۇتۇش بىلەن ئەجىر كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ ئىبادەتخانىدا ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەردلىك يولىدا شېھىت بولغان دەرۋىش كالان دېگەن نام قوشۇپ بېرىلدى. ۋۇ سۇڭ ياۋغا قارشى جەڭدە ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىش يولىدا قولىدىن ئايرىلىپ مېيىپ بولغاندىن كېيىن ليۇخې ئىبادەتخانىسىدا خۇداگۇي بولغانلىقى ئۈچۈن، ساداقەتمەن پىر - ئۇستاز دېگەن نام بېرىلدى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى باياشات ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ئون تۈمەن تىزىق يارماق ئىنئام قىلىندى. قازا تاپقان ئىككى ئايال سەركەردىدىن خۇ سەننياڭغا خۇاياڭ دىيارى خانىمى، سۇن چوكانغا جېڭدې دىيارى ئاغىچىسى دېگەن ناملار قوشۇپ بېرىلدى. ھازىر ئوردىغا بەيئەتكە كەلگەنلەردىن تۇرشاۋۇللارغا ئايرىم مەنسەپ بېرىلگەندىن تاشقىرى، ئون نەپەر ئوڭ قول سەركەردىگە ئەلەمدار ئەقىدىمەن سەركەردە دېگەن نام بېرىلىپ، ئۇلار ئايماقلارنىڭ قولباشلىقىغا تەيىنلەندى؛ ئون بەش نەپەر سول قول سەركەردىگە روھلۇق ئەلەمدار دېگەن نام بېرىلىپ، ئۇلار ھەرقايسى قوشۇنلارنىڭ باش زەڭگىلىكىگە تەيىنلەندى؛ ھەم لەشكەر ئىشى، ھەم پۇقرا ئىشىنى باشقۇرىدىغانلار مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەيىنلىشىگە قالدۇرۇلدى. ئايال سەركەردە گۇ يەڭگىگە دۇڭيۈەن ناھىيەسىنىڭ ئاغىچىسى دېگەن نام بېرىلدى.

تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭغا ۋۇدې ئىشكاۋۇل دېگەن نام بېرىلىپ، ئۇ چۇجۇ ئايمىقىغا باسقاقبەگ، قوشۇمچە لەشكەرلەرنىڭ ئالىي باشبۇغلۇقىغا تەيىنلەندى.

ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل لۇ جۇنيىگە ۋۇگوڭ ئىشكاۋۇل دېگەن نام بېرىلىپ، ئۇ لۇجۇ ئايمىقىغا باسقاقبەگ، قوشۇمچە لەشكەرلەرنىڭ ئورۇنباسار ئالىي باشبۇغى قىلىپ تەيىنلەندى.

مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ ۋۇشىڭ قەلئەسىنىڭ نامزات مىراقىپلىقىغا تەيىنلەندى.

گۆەن شىڭ دامىڭ دىيارىدىكى لەشكەرلەرنىڭ بىرىنچى باشبۇغلۇقىغا تەيىنلەندى.

خۇ يەنجو شاھ قارارگاھىدىكى لەشكەرلەرنىڭ بۇيۇرغابەگلىكىگە تەيىنلەندى.

خۋا رۇڭ يىڭتيەن دىيارىدىكى لەشكەرلەرنىڭ باش قولباشلىقىغا تەيىنلەندى.

چەي جىن خېڭخەي قەلئەسىدىكى ساڭجۇ ئايمىقىنىڭ باش قولباشلىقىغا تەيىنلەندى.

لى يىڭ جۇڭشەن دىيارىدىكى يۇنجۇ ئايمىقىنىڭ باش قولباشلىقىغا تەيىنلەندى.

جۇ تۇڭ باۋدىڭ دىيارىنىڭ باش قولباشلىقىغا تەيىنلەندى.

دەي زۇڭ يەنجۇ دىيارىنىڭ باش قولباشلىقىغا تەيىنلەندى.

لى كۇي جىنجياڭدىكى رۇنجۇ ئايمىقىنىڭ باش قولباشلىقىغا تەيىنلەندى.

رۇەن شياۋچى سەيتيەن قەلئەسىنىڭ باش قولباشلىقىغا تەيىنلەندى.

خان يارلىق چۈشۈرۈپ ھەممە ئوڭ قول، سول قول سەركەردىلەرگە نام – مەرتىۋە بەرگەندىن كېيىن ئۇلار رەھمەت – تەشەككۈرلەر ئېيتىشىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشتى، ئۇلارغا ئىنئاملار بېرىلدى. ئون بەش نەپەر سول قول سەركەردىنىڭ ھەربىرىگە ئۈچ يۈز سەردىن ئالتۇن – كۈمۈش، بەش تويتىن گۈللۈك دۇردۇن ئىنئام قىلىندى. ئون نەپەر ئوڭ قول سەركەردىنىڭ ھەربىرىگە بەش يۈز سەردىن ئالتۇن – كۈمۈش، سەككىز تويتىن گۈللۈك دۇردۇن ئىنئام قىلىندى. تۇرشاۋۇل سۇڭ جياڭ، لۇ جۇنيىنىڭ ھەربىرىگە مىڭ سەردىن ئالتۇن – كۈمۈش، ئون تويتىن زەرباب، بىر قۇردىن شاھانە گۈللۈك تون، بىردىن ئېسىل ئارغىماق ئىنئام قىلىندى. سۇڭ جياڭلار بۇنىڭغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن يەنە مۇجو

ئايمىقىدىكى قارا ئەجدىھا ھەزرەت ئىككى قېتىم كارامەت كۆرسىتىپ، ۋەتەنگە پاسىبان، خەلققە باشپاناھ بولۇپ، لەشكەرلەرنى قۇتۇلدۇرغانلىقى سەۋەبلىك تولۇق زەپەر قۇچۇشقا مۇمكىن بولدى، دەپ ئىلتىجا قىلدى. خان ئىلتىجانى قوبۇل كۆرۈپ، قارا ئەجدىھا ھەزرەتكە ساداقەتمەن، كارامەتلىك، پاسىبان، شەپقەتچان سۇ ئىلاھى دېگەن نامنى بەردى. خان شاھانە قەلىمى بىلەن مۇجۇ ئايمىقىنى يەنجۇ ئايمىقىغا، شىجۇ ئايمىقىنى خۇيجۇ ئايمىقىغا ئۆزگەرتتى، چۈنكى بۇ جايلار فاڭ لا ئىسيان كۆتۈرگەن جايلار بولۇپ، شۇ جاينىڭ ناملىرى ئىپادە قىلىنغان خەتلەردە ئىسيان مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر بار ئىدى. چىڭشى ناھىيەسى چۈنئەن ناھىيەسىگە ئۆزگەرتىلدى، باڭيۈەن غارى تېشىپ تاشلىنىپ، تاغ ئارىلىغا ئايلاندۇرۇلدى. شۇنداقلا شۇ ئايماقنىڭ خەزىنىسىدىن پۇل چىقىرىلىپ، قارا ئەجدىھا ھەزرەت بۇتخانىسى سېلىش ھاۋالە قىلىندى، خان بۇنىڭغا نام - مەرتىۋە تاختىسى ئىنئام قىلدى، ئۇنىڭ خارابىلىرى تا ھازىرغىچە بار. دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدە فاڭ لانىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىدىن پۈتۈنلەي ئۈچ يىللىق باج - سېلىق، ئالۋان - ھاشارلار ئېلىنمايدىغان بولدى.

سۇڭ جياڭلار خاننىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر ئىزھار قىلىپ بولغاندىن كېيىن تەڭرىقۇت ئاسايىشلىق شەرىپىگە مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئەجىر - خىزمەتلەر كۆرسەتكەنلەرنى قۇتلۇقلاش پەرمانى چۈشۈردى. قەلەمدار، ئەلەمدار ۋەزىر - ۋۇزرالار بۇ سەلتەنەتلىك شاھانە مەرىكە سورۇنىغا داخىل بولدى. مەرىكە ئاياغلاشقاندىن كېيىن بارلىق سەركەردىلەر خاننىڭ ئىلتىپاتىغا يەنە بىر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى. بۇ چاغدا سۇڭ جياڭ پادىشاھقا:

— كەمىنە قۇللىرى لياڭشەن كۆلىدىن ئەل بولۇپ كەلگەندىن

بۇيان، لەشكەرلىرىمنىڭ تەڭدىن تولىسى چىقىم بولدى، ناۋادا قالغانلاردىن ئۆيگە قايتىشنى خالىغۇچىلار بولسا، ئالىيلىرى ئۇلارنىمۇ ئۆز مېھىر ـ شەپقەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىپ، نەپەقە بېرىشكە ئىجازەت بېرىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن، ـــ دېدى.

پادىشاھ ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ماقۇل كۆرۈپ: «قوشۇندا قېلىشنى خالىغۇچىلارغا يۈز تىزىقتىن يارماق، ئون توپتىن تاۋار ئىنئام قىلىپ، ئەجدىھا، يولۋاس نامىلىق ئىككى كۈرەگە قوبۇل قىلىنسۇن ۋە ئايلىق ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە مائاش ـ تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىنسۇن؛ بۇنى خالىمىغۇچىلارغا ئىككى يۈز تىزىق يارماق، ئون توپ تاۋار ئىنئام بېرىلسۇن ۋە يۇرتىغا قايتىپ تىرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا قايتۇرۇلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. سۇڭ جياڭ يەنە:

ـــ پېقىر يۈنچېڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلغانمەن. گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن بۇيان، يۇرتۇمغا قايتىشقا پېتىنالماي يۈردۈم. ئالىيلىرىنىڭ ئاتىدارچىلىق قىلىپ يۇرتۇمغا قايتىپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگەندىن كېيىن چۇجۇ ئايمىقىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشىمغا رۇخسەت بېرىشلىرىنى سورايمەن. ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كېتىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئالىيلىرىدىن ئىجازەت سورىدىم، ـــ دېدى.

پادىشاھ بۇلارنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە ئۇنىڭ يۇرتىغا قايتىش خىراجىتى ئۈچۈن يەنە ئون تۈمەن تىزىق يارماق ئىنئام قىلدى، سۇڭ جياڭ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن ئوردىدىن قايتىپ چىقتى. ئەتىسى مىرزىبەگ مەھكىمىسى ئامان ـ ئېسەنلىك شەرىپىگە مەرىكە ـ سورۇنى ھازىرلاپ سەركەردىلەرنى مېھمان قىلدى. ئۈچىنچى كۈنى لەشكىرىي ۋازارەت تىنچلىق ئورنىتىلغانلىقنى قۇتلۇقلاپ مەرىكە سورۇنى تۈزدى. جاڭ باسقاقبەگ، ليۇ تۇتۇقبەگ، تۇڭ

ۋازىر، سوڭ، گېڭ ناملىق ئىككى مەسلىھەتچى، ۋاڭ بىڭ بىلەن جاۋ تەنلەرنىڭ خانلىق تەرىپىدىن ئالىي نام ـ مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلىكىدە گەپ يوق. خاننىڭ ۋە قابىس مەھكىمىسىنىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق فاڭ لاغا ئاستانىسىنىڭ جازا مەيدانىدا پارە ـ پارە قىلىپ چېپىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلدى ۋە ئۆلۈكى ئۈچ كۈن سازايى قىلىندى.

## نەزم

سوڭ جياڭ چىقسا مەنسەپكە تارتۇقلار ئېلىپ،
فاڭ لا بولدى قىيما ـ چىيما بېشى كېسىلىپ.
ياخشىلىق ھەم يامانلىقنىڭ باردۇر ھېسابى،
ئېلىنىدۇ ياكى بالدۇر ياكى كېچىكىپ.

سوڭ جياڭغا خاننىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق يۇرتىغا قايتىپ تۇغقان يوقلاشقا ئىجازەت بېرىلدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەردىن قوشۇندا قېلىشنى خالىغۇچىلار ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ئەجدىھا، يولۋاس ناملىق ئىككى كورەگە قوبۇل قىلىنىپ، ئىنئام بېرىلگەندىن كېيىن ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشقا ئەۋەتىلدى، ئاددىي پۇقرا بولۇشنى خالىغۇچىلار ئىنئام قىلىنغان پۇللارنى ئالغاندىن كېيىن يۇرتلىرىغا قايتىپ، ئۆز ئىش ـ ئوقىتى بىلەن بولدى. ھەم لەشكەر ئىشى، ھەم پۇقرا ئىشىنى باشقۇرىدىغانلاردىن باشقا، قول ئاستىدىكى سول قول سەركەردىلىرى خاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئۆز خىزمەتلىرىگە مېڭىشتى.

سوڭ جياڭ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرغاندىن كېيىن كۆپچىلىك بىلەن خەيرلىشىپ، ئىنىسى سوڭ چىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى يۈز لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ، يۈك ـ تاق، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئىنئام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئەپكەشتە

كۆتۈرگۈزگىنىچە، مەنسەپ لىباسلىرىنى كىيىپ ئاستانىدىن شەندۈڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. سەپەر ئامان ـ ئېسەن ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئۇلار شەندۈڭنىڭ يۈنچېڭ ناھىيەسىگە قاراشلىق سۇڭ جەمەتى كەنتىگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ يۇرتىدىكى قەدىناس جەددى ـ جەمەت، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئالدىغا چىقىپ جاڭزىغا ئېلىپ كەلدى. سۇڭ غوجا ئاللىقاچان قازا قىلغان بولۇپ، مېيىت تېخى ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. سۇڭ جياڭ، سۇڭ چىڭلار بۇ دەردكە چىدالماي يىغلاپ ـ قاقشاپ تولىمۇ بىئارام بولدى. ئۆيدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق جەمەتلەر ۋە ئوتاقچىلىرى سۇڭ جياڭغا سالام بېرىپ كۆرۈشتى. جاڭزىدىكى يەر ـ زېمىن، ئۆي ـ مۈلۈك تەئەللۇقاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۇڭ غوجا ھايات ۋاقتىدا ناھايىتى جايى ـ جايىدا سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويغانىكەن، ئۇ نەرسىلەر بۇرۇنقى پېتى تۇرۇپتۇ. سۇڭ جياڭ جاڭزىدا ياغ يورىتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ راھىبلارغا مەۋلۇت ئوقۇتتى، ئايماق، ناھىيەلەردىكى بەگ ـ سىپاھلار سۇڭ جياڭنى يوقلاپ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. سۇڭ جياڭ ساخاۋەتلىك بىر كۈنى تاللاپ، غوجىنىڭ جەسەت ساندۇقىنى ئۆزى ئېگىز بىر جايغا سۆرەپ بېرىپ دەپنە قىلدى. شۇ كۈنكى مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمىغا ئايماقتىكى بەگ ـ سىپاھلار، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، ئەل ـ ئاغىنە، دوست ـ يارەنلەرنىڭ ھەممىسى كېلىشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. بۇ چاغدا سۇڭ جياڭ ئۆزىنىڭ ھۆر قىزغا بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ئورۇنلانمىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇستا ھۈنەرۋەن ياللاپ، بەش تۈمەن تىزىق يارماق چىقىم قىلىپ، ھۆر قىز بۇتخانىسىنى قايتا ياساتتى. بۇتخانىنىڭ ئىككى دالىنىنىڭ قوۋۇقلىرىغا سەنەملەر ئورنىتىپ، ئايۋانلىرىنى ئالىيجىناپ رەڭلەر بىلەن گۈل چىقىرىپ

سىرلىدى. ئۇ يۇرتىدا تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزىراپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەپ، خان ئەيىبكە بۇيرارمىكىن دەپ، بىر كۈننى تالىلاپ ئۇستىدىكى قارىلىق كىيىمنى يېشىپ تاشلاپ، بىرنەچچە كۈن تىلاۋەت ئۆتكۈزدى، ئاندىن كېيىن كاتتا مەرىكە سورۇنى تۈزۈپ، كەنتتىكى مويىسىپىتلارنى، ئاقساقاللارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىشقاندىن كېيىنكى ئىشلار ئۇستىدە پاراڭلاشتى. ئەتىسى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن مەرىكە ئۆتكۈزدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. سۈك جىياڭ ئۆزىنىڭ جاڭزىسىنى ئۇكىسى سۈڭ چىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇمۇ تۆرىلىك مەنسىپىگە ئېرىشكەندى، لېكىن يېزىدا تېرىقچىلىق قىلىپ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇشقا قالدى. سۈڭ جىياڭ قالدى - قاتتى ئېشىنغان پۇللىرىنى ئۆز يېزىسىدىكىلەرگە سەدىقە قىلىۋەتتى.

سۈڭ جىياڭ يېزىدا بىرنەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن يۇرتلۇقلىرى ۋە دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن خوشلىشىپ، يەنە ئاستانىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز يارەنلىرى بىلەن دىدار مۇلاقات بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بالىچاقىلىرىنى ئاستانىگە كۆچۈرۈپ كەپتۇ، بەزىلىرى خىزمەت ئورۇنلىرىغا كېتىپتۇ، بەزىلىرىنىڭ ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكىلىرى خانلىق يولىدا قازا قىپتۇ، ئۇلارغا ئوردىدىن پۇل - پۇچەكلەر ئىنئام قىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيۋاقىنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتىلىپتۇ، سۈڭ جىياڭ ئاستانىگە كېلىش، يۇرتىغا بېرىش ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن پەرمانغا مۇۋاپىق ئوردىدىكى ھەرقايسى مەھكىمىلەرنىڭ بەگ - سىپاھلىرى بىلەن خوشلىشىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى - دە، خىزمەت ئورنىغا قاراپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا يەل تاپان شەيخ دەي زوڭ سۈڭ جىياڭنى يوقلاپ كېلىپ، پاراڭ

ئارىلىقىدا ئۇنىڭغا بىرمۇنچە گەپلەرنى ئېيتىپ بەردى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! سۆڭ دانىش ھايات ۋاقتىدا يۇنچېڭنىڭ باتۇرى ئىدى، ئەمدىلىكتە ئالەمدىن ئۆتۈپ، قومۇشلۇق سايازىدىن ماكان تۇتتى.

سوقىدۇ سالقىن ـ سوغۇق شامالمۇ بۇتخانا ئارا،
كاتتىلار ھەيكەللىرى قالدى كۆجە ـ ئىسرىق ئارا.

دەي زۇڭنىڭ سۇڭ جياڭغا زادى نىمە گەپلەرنى دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.


www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز يىگىرمىنچى باب

## سۇڭ دانىشىنىڭ ئەرۋاھىنىڭ قومۇشلۇق سايازنى ماكان تۇتقانلىقى
## خۇي زۇڭ خانىنىڭ چۈشىدە لياڭشەن كۆلىنى سەيلە قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، سۇڭ جياڭ يۇرتىدىن ئاستانىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەممە يارەنلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۆز ئادەملىرىگە يۈك - تاقلارنى تەخلەپ، بەلگىلەنگەن خىزمەت ئورۇنلىرىغا مېڭىشنى بۇيرۇدى. بۇ چاغدا يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭ سۇڭ جياڭنى يوقلاپ كېلىپ قالدى ۋە بۇ ئىككىيلەن مۇڭدىشىشقا چۈشتى. شۇ ئەسنادا دەي زۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كەمىنىلىرى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يەنجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغلۇقىغا تەيىنلەنگەنىدىم، لېكىن ھازىر مەن مەنسىپىمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، تەيشەن ئايمىقىدىكى يۆمياۋ بۇتخانىسىغا بېرىپ، راھىبلىق بىلەن ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزۈشنى ئەڭ بەختلىك ئىش ئىكەن دەپ ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى.

— ئەزىز ئىنىم، قانداق قىلىپ بۇنداق نىيەتكە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— مېنى چۈشۈمدە سەي فۇجيۇ دېگەن ئەۋلىيا چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن مانا مۇشۇ نىيەتكە كەلدىم، — دېدى دەي زۇڭ.

— ئەزىز ئىنىم، سىز تېگىڭىزدىن يەل تاپان شەيخ، كەلگۈسىدىمۇ روھىڭىز جەزمەن يۆمياۋ بۇتخانىسىدا كاتتا ئورۇن ئالىدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

مانا شۇ يەردە خەيرلەشكەندىن كېيىن دەي زۇڭ مەنسىپىنى

ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، تەيئەن ئايمىقىدىكى يۇمىياۋ بۇتخانىسىغا بېرىپ خۇداگۇيى بولۇۋالدى، ئۇ تۇيۇقسىزلا ھەر كۈنى تائەت ـ ئىبادىتىنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلدى. بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا شەيخلەر بىلەن ۋىدالىشىپ، سەللىمازا تۇرۇپلا قاقاھلاپ كۈلگەن پېتى جان تەسلىم قىلدى. كېيىن ئۇنىڭ روھى يۇمىياۋ بۇتخانىسىدا قايتا ـ قايتىلاپ ئايان بولۇپ تۇردى، شۇڭا ئايماقتىكى شەيخلەر بۇتخانا ئىچىگە لايدىن دەي زۇڭنىڭ بۇتىنى قاتۇرۇپ ئورناتتى، بۇتنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ ئۆز سۆڭىكى قويۇلغانىدى.

ئەمدى رۇەن شياۋچى مەنسەپكە چىققاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ بىلەن خوشلىشىپ گەيتيەن قەلئەسىگە بېرىپ باش قولباش بولدى. ئاردىن بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا، ئالىي سەركەردە ۋاڭ بىڭ، جاۋ تەنلەر ئۆزلىرىنىڭ باكيۇەن غارىدا تىل ـ ھاقارەت ئىشىتكەنلىك ئۆچمەنلىكىنى كۆڭۈللىرىدىن چىقارماي، تۇڭ ۋازىر ئالدىدا ھەدەپ رۇەن شياۋچىنىڭ سەۋەنلىكلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ تۇردى، ئۇلار: «رۇەن شياۋچىنىڭ باكيۇەن غارىدا فاڭ لانىڭ سارغۇچ شاھانە لىباسىنى كىيگەنلىكى، شاھانە كەمىرىنى باغلىغانلىقى قىزىقچىلىق ئۈچۈن قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نىيىتى ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەيتيەن قەلئەسى چەت ـ ياقا جاي، ئادەملىرى قارام، ئۇ چوقۇم غەلىيان قىلىدۇ» دەپ چېقىمچىلىق قىلىپ كەلگەنلىكتىن، تۇڭ گۇەن بۇ ئىشنى سەي جىڭ ئارقىلىق پادىشاھقا مەلۇم قىلدى، نەتىجىدە تەكرىقۇت يارلىق ئەۋەتىپ، رۇەن شياۋچىنىڭ ئەمەل ـ مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاددىي پۇقرا قىلىپ قويدى. رۇەن شياۋچى بۇنىڭغىمۇ مەمنۇن بولدى ۋە ياشانغان ئانىسىنى ئېلىپ لياڭشەن كۆلىدىكى شىنتاش كەنتىگە قايتىپ بېرىپ، بۇرۇنقىدەكلا بېلىقچىلىق بىلەن قېرى ئانىسىنى بېقىپ كۈنىنى ئالدى، ئۇ ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەمدى كىچىك قۇيۇن چەي جىنگە كېلەيلى. چەي جىن ئاستانىدە دەي زۇڭنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپتىن ۋاز كېچىپ خۇداگۇي بولۇۋالغانلىقىدىن، ئوردىدىن رۇەن شياۋچىغا فالڭ لانىڭ شاھانە تاجىنى ۋە شاھانە لىباسىنى كىيىپ، قاشتېشى كەمىرىنى باغلاپ، فالڭ لانى دوراپ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان دېگەن گۇناھنى ئارتىش بىلەن ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئاددىي پۇقرا قىلىپ قويغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ـ دە، كۆڭلىدە: «مەنمۇ بىر چاغلاردا فالڭ لاغا كۈيۈ ئوغۇل بولۇپ يۈرگەنىدىم، ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇنى مەككار ۋەزىرلەر بىلىپ قېلىپ، تەڭرىقۇت ئالدىدا شىكايەت قىلسا، پادىشاھ مېنى ئەيىبلەپ ئەمەل ـ مەرتىۋەمنى تارتىۋالسا، بۇ ماڭا خورلۇق بولمامدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە پەيتنى چۇشىنىپ، ئۆزۈمنى خورلىنىشتىن ساقلاپ قالاي» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇچۇق تېگىپ كېسەل بولۇپ قالدىم، پات ـ پاتلا كېسىلىم تۇتىدىغان بولۇپ قالدى، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىمەن، شۇڭا مەنسەپتىن ۋاز كېچىشنى خالايمەن، دېگەننى باھانە قىلىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ دېھقان بولۇۋالماق بولدى. ئۇ باشقا مەنسەپدارلار بىلەن خوشلىشىپ، ساڭجۇ ئايمىقىنىڭ خېڭخەي دىيارىغا قايتىپ كېلىپ بىر پۇقرا بولۇپ ياشىدى ۋە بىر كۈنى كېسەل بولماي تۇرۇپلا، تۇيۇقسىز باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى.

لى يىڭ جۇڭشەن دىيارىنىڭ باش قولباشلىقىغا تەيىنلىنىپ يېرىم يىل ئىشلىگەندىن كېيىن چەي جىننىڭ ئۆزىنى چەتكە تارتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ۋە ئۇمۇ پالەچ بولۇپ قالدىم، مەنسەپ تۇتالمايمەن دېگەننى باھانە قىلىپ، مەمۇرىي مەھكىمىگە مەكتۇپ سۇنۇپ مەنسىپىدىن ۋاز كېچىپ، دۇلۇڭ داۋان كەنتىگە قايتىپ كەلدى، ئۇ دۇ شىڭ بىلەن بىرلىكتە باياشات ياشاپ، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

گۇەن شېڭ يۇقىرى ئاستانە دامىڭ دىيارىنىڭ لەشكەرلەر باشبۇغى بولۇپ، لەشكەرلەرنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەنىدى ۋە

ھەممىلەن ئۇنىڭغا قايىل ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مەشىقتىن كېلىۋېتىپ، قاتتىق مەست بولۇپ قالغانلىقتىن، ئاتتىن يىقىلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

خۇ يەنجو ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ پەنسادبېگى بولغاچقا، ھەر كۈنى تەڭرىقۇتنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈرۈپ، خىزمىتىدە بولدى. كېيىن چوڭ قوشۇنغا باشچى بولۇپ، بۈيۈك جىن بېگى ۋۇ شۇنىڭ تۆتىنچى شاھزادىسى بىلەن جەڭ قىلىپ، خۇيخې دەرياسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە بارغاندا قازا تاپتى. يالغۇز جۇ تۇڭلا باۋدىڭ دىيارىدىكى قوشۇنلارنى باشقۇرۇشتا ئەجىر ـ خىزمەتلەر كۆرسەتكەنلىكى، كېيىن لىۋ گۇاڭشىغا ئەگىشىپ بۈيۈك جىن بەگلىكىنى تىرىپىرەن قىلغانلىقى ئۈچۈن تەيپىڭ قەلئەسىگە مىراقىپ بولدى.

خۇا رۇڭ خوتۇنى بىلەن سىڭلىسىنى ئېلىپ، يىڭتيەن دىيارىغا كېلىپ مەنسەپكە ئولتۇردى. ۋۇ يۇڭ ئەزەلدىن بويتاق بولغانلىقتىن، ئۆزى بىللە خىزمەتكار بالىنىلا ئېلىپ ۋۇشېڭ قەلئەسىگە بېرىپ مەنسەپكە ئولتۇردى. لى كۈيمۇ ئىككى مۇلازىمنى ئېلىپ رۇنجۇ ئايمىقىغا كېلىپ مەنسەپكە ئولتۇردى. خوش، بىز نېمىشقا بۇ ئۈچەيلەننىلا مەنسەپكە ئولتۇردى دەپ، قالغانلارنى ئۆلدى دەپ ئۇچۇر بەردۇق؟ چۈنكى، بۇ يەتتە ئوڭ قول سەركەردە كېيىنكى ۋەقەلەردە ئۇچرىمايدىغان بولغاچقا، ئالدىن ئۇچۇر بېرىۋەتتۇق. كېيىنكى بۇ بەش ئوڭ قول سەركەردە — سۇڭ جياڭ، لۇ جۈنيى، خۇا رۇڭ، ۋۇ يۇڭ، لى كۈيلار تېخى يەنە ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا گەپ ئاچمىدۇق، بۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە تۆۋەندە توختىلىمىز.

سۇڭ جياڭ، لۇ جۈنيى ئاستانىدە ھەممە سەركەردىلىرىگە ئىنئام بېرىپ، ھەممىسىنى ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئەۋەتتى. خانلىق يولىدا ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا پۇل ـ گەزمال، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ئىنئام قىلىپ يۇرتىغا قايتۇردى. ئاستانىگە بەيئەتكە كەلگەن ئون بەش سول قول سەركەردىدىن

سۇڭ جياڭنىڭ ئىنىسى سۇڭ چىڭ يۇرتىغا قايتىپ دېھقان بولغاندىن باشقا، دۇ شىڭ لى يىڭغا ئەگىشىپ يۇرتىغا قايتتى. خۇاڭ شىن ئاۋۋالقىدەكلا چىڭجۇ ئايمىقىدا مەنسەپ تۇتتى. سۇن لى ئۆز ئىنىسى سۇن شىن، گۇ يەڭگە ۋە خوتۇن ـ باللىرىنى ئېلىپ ئاۋۋالقىدەكلا دېڭجۇ ئايمىقىدا مەنسەپ تۇتتى. زۇ رۇن مەنسەپ تۇتۇشنى خالىماي دېڭيۇەنشەن تېغىغا قايتىپ كەتتى. سەي چىڭ گۇەن شېڭغا ئەگىشىپ يۇقىرى ئاستانىگە قايتىپ پۇقرا بولۇپ قالدى. پېي شۇەن ياڭ لىن بىلەن كېلىشىپ يىنماچۇەنگە قايتىپ بېرىپ ئەمەل تۇتۇپ، ئارامخۇدا ئۆتتى. جاڭ جىڭ يۇرتىنى سېغىنىپ تەنجۇ ئايمىقىغا قايتىپ بېرىپ پۇقرا بولدى. جۇ ۋۇ فەن رۇينى ئۇستاز تۇتۇپ، ئىلىم ـ ھېكمەت ئۆگەنگەنلىكتىن، ئىككىيلەن ھەقىقىي جاھان كېزەر دەرۋىشلىك يولىنى تۇتۇپ، گۇڭسۇن شېڭنىڭ يېنىغا بېرىپ خۇداگۇي بولۇۋالدى ۋە ئۆمرىنى شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزدى. مۇ چۇن جېيياڭ بازىرىدىكى يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ مۆمىن پۇقرا بولدى. توپچى لىڭ جېن توپچىلىقتا تەڭدىشى يوق كارامەت ئىگىسى بولغانلىقتىن، ئوق ـ دورا مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئوردا ياساۋۇللىرى قوشىدا ئەمەل تۇتتى. ئاستانىدە قالغان بەش سول قول سەركەردە ئەن داۋچۇەن ئاستانىگە چاقىرىلىپ خانلىق شىپاخانىدا تېۋىپ بولدى. خۇاڭ فۇدۇەن ئەسلىدىلا خانلىق ئاتخانىسىنىڭ مىراخورلۇقىغا قويۇلغانىدى. جىن داجيەن ئىچكىرىكى ئوردىنىڭ خەزىنە بېگى بولدى، شياۋ راڭ سەي جىڭ ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسىدە مۇنشى بولۇپ ئىشلىدى. لې خې خانىنىڭ كۇيۇ ئوغلى ۋاڭ ئەمىر مەھكىمىسىدە قېرىغىچە ئارامخۇدا ياشاپ، ئۆمۈرۋايەت خۇشال ـ خۇرام ئۆتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

سۇڭ جياڭ بىلەن لۇ جۇنيى ئايرىلىشقاندىن كېيىن ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئاتلاندى. لۇ جۇنيىنىڭمۇ بالىچاقىلىرى بولمىغانلىقتىن، بىرقانچە ھەمراھلىرىنى باشلاپ لۇجۇ ئايمىقىغا

قاراپ مېڭىپ كەتتى. سۇڭ جياڭ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، مەمۇرىي مەھكىمىدىكى بەگ ـ سىپاھلار بىلەن خوشلىشىپ، بىرنەچچە مۇلازىمنى ئېلىپ چۇجۇ ئايمىقىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار شۇ ئايرىلغانچە كۆرۈشمىدى. بۇ گەپمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى سۇڭ خاندانلىقىغا كەلسەك، تەي زۇڭ ئەسلىي ئۆزى مىراسخورلۇق قىلغان تەي زۇڭنىڭ خانلىق ئورنىنى باشقىلارغا قالدۇرۇشقا ۋەدە قىلغانلىقى ئۈچۈن، پاسىقلىق ـ مەككارلىق ئەۋج ئېلىپ خاندانلىق پاك بولمىدى. پادىشاھ خۇيزۇڭ (پادىشاھ داۋ جۈن) زامانىغا كەلگەندە، ئۇ تولىمۇ ئاقىل ـ دانىشمەن بولۇپ چىقتى، بىراق يەنىلا پاسىق ـ مەككار ۋەزىرلەر دەۋران سۈرۈپ، سۇخەنچىلەر ھوقۇق تۇتۇۋېلىپ، ساداقەتمەن، پاك دىل ئادەملەرگە ئازار بېرىپ زىيانكەشلىك قىلدى، بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى. ئەنە شۇنداق پەيتتە سەي جىڭ، تۇڭ گۇەن، گاۋ چيۇ، ياڭ جيەن دېگەن تۆت مۇناپىق ۋەزىر جاھاننى پاراكەندە قىلىپ، خانلىقنى، ئەلنى، پۇقرانى ۋەيرانچىلىققا سالدى. بۇ چاغدا ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىنىڭ ئەمىرى گاۋ چيۇ بىلەن ياڭ جيەن پادىشاھنىڭ سۇڭ جياڭ قاتارلىق سەركەردە ـ سەرۋازلارنى ئەتىۋارلاپ ئۇلارغا كۆپ ئىنئام بەرگەنلىكىگە كۆڭلىدە نارازى بولدى. بۇ ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ: «سۇڭ جياڭ، لۇ جۈنيىلەر بىزنىڭ كۈشەندىلىرىمىز ئىدى، ئەمدىلىكتە ئەجىر ـ خىزمەتلەر كۆرسەتكەن مۇلازىملاردىن بولۇۋېلىپ، ئوردىنىڭ شۇنچە ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى، بۇلار ئات ئۈستىگە چىقسا لەشكەرلەرنى، ئات ئۈستىدىن چۈشسە پۇقرالارنى باشقۇرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق كېتىۋەرسە مەمۇرىي مەھكىمىدىكى بىز بەگ ـ سىپاھلار مەسخىرىگە قالمامدۇق؟ قەدىمكىلەردە ‹قەھرى يوق يىگىت يىگىت ئاتا بولماس، كۆڭلى يۇمشاق ئەر ئەركەك ئاتا بولماس !› دېگەن سۆز بار» دېدى.

— مېنىڭ بىر پەنتىم بار، — دېدى ياڭ جيەن، — بىز ئالدى

بىلەن لۇ جۇنىينى جايلىۋېتەيلى، شۇنداق قىلساق، سۇڭ جياڭ
بىر بىلىكىدىن ئايرىلىدۇ. لۇ جۇنيى ناھايىتى باتۇر ئادەم، ئەگەر
ئالدىدا سۇڭ جياڭنى جايلىۋەتسەك، ئۇ ئۇقۇپ قالسا، جەزمەن
ئىش تېرىيدۇ، ئۇ چاغدا ياخشى بولمايدۇ.

— قېنى دانا پەنتىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي، — دېدى گاۋ چيۇ.

— لۇجۇ ئايمىقىلىق بىرنەچچە چىرىكنى مەمۇرىي مەھكىمىگە
ئەۋەتىپ، لۇ جۇنيى ئۇستىدىن:«ئۇ لەشكەر، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ
خەشەكلەر توپلاپ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئەرز
قىلدۇرايلى، بۇ ئەرزنى ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسى ئارقىلىق
تەكرىقۇتقا سۇنايلى، شۇنداق قىلساق، ۋەزىرئەزەممۇ خاپىلىقتا
قالمايدۇ، ۋەزىرئەزەم بۇنى تەكرىقۇتقا مەلۇم قىلىپ، مۇقەددەس
پەرمان ئالغاندىن كېيىن ئۇنى ئاستانىگە چاقىرتسۇن، پادىشاھ
ئۇنى شاھانە تائام بىلەن مېھمان قىلغاندا، بۇ تائامغا ئازراق
سىماب ئارىلاشتۇرۇپ بېرىۋېتىمىز، سىماب ئۇنىڭ يۈرىكىگە
بېرىپ توختىغاندا، ئۇ مىدىر ـ سىدىر قىلالماي تۇگىشىدۇ.
دېمەك، چوڭ ئىشىمىزنىڭ پۈتكىنى شۇ. ئاندىن كېيىن يەنە
پادىشاھنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق سۇڭ جياڭغا شاھانە مەي
ئەۋەتىپ، مەيگە ئاستا تەسىر قىلىدىغان ئوغا ئارىلاشتۇرۇپ
بېرىمىز، شۇنداق قىلساق، يېرىم ئاي ۋاقىت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا
سۇڭ جياڭمۇ قۇتۇلدۇرۇۋالالماس ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، — دېدى
ياڭ جيەن.

— بارىكاللا ! بۇ پەنت قالتىس پەنت ئىكەن، — دېدى گاۋ
چيۇ.

## نەزم

مۇناپىقلار ياخشىلارغا تا ئەزەلدىن قىلىپ قەست،
سادىق ـ مەردكە ئەل قۇرۇشقا يول قويمىغان ھېچ نەپەس.

www.uyghurkitap.com

پەرۋەردىگار تارتسا ئەگەر بۇ شۇملارنى جازاغا،
ئەرلىرىنى ھاپىز ئەيلەپ، ئايالىنى قىلسۇن پەس.

بۇ ئىككى مۇناپىق مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سىرداشلىرىنى ئەۋەتىپ ئىككى نەپەر لۇجۇ ئايمىقلىق ئادەمنى تاپتۇرۇپ كەلدى، ئۇلارنىڭ قولىغا ئەرز تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى لەشكىرىي ۋازارەتكە ئەۋەتىپ، لۇ باسقاقبەگ ئۇستىدىن: «لۇجۇ ئايمىقىغا ھازىر لەشكەر، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلەر توپلاپ، ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ»، ھەممىشە چۇجۇ ئايمىقىغا ئادەم ئەۋەتىپ، باساقبەگ سۇڭ جياڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئەرز قىلدۇردى. لەشكىرىي ۋازارەتتە بولسا سۇڭ جياڭلارنىڭ كۇشەندىسى تۇڭ گۇەن ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ دەرھال ئەرزنامىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇدۇل ۋەزىر ئەزەم مەھكىمىسىگە كېلىپ، ئەھۋالنى ۋەزىر ئەزەمگە بايان قىلدى، سەي جىڭ ئەرزنى كۆرۈپ سىپاھبەگلەرنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا گاۋ چيۇ، ياڭ جيەنلەرمۇ بۇ سورۇندا بار ئىدى، شۇڭا بۇ تۆت مەككار بىر تىللىق بولۇۋېلىپ، ئەرز قىلغۇچىلارنى باشلاپ ئوردىغا كىرىپ، ئەرزنى پادىشاھقا سۇندى. خان بۇلارغا:

— مېنىڭ ئويلىشىمچە، سۇڭ جياڭ، لۇ جۇنيىلەر تەرەپ ـ تەرەپلەردىكى قاراقچىلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىپ يۈرگەن چاغلاردا قوللىرىدا ئون تۈمەنلەپ لەشكەر تۇتۇش ھوقۇقى بار ئىدى، شۇنداقتىمۇ ھېچقانداق يامان غەرەزدە بولمىغان. ھالا بۈگۈنگە كېلىپ، ئۇلار ئەمدىلا يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ ئۈز يولىنى تاپقاندا ئىسيان قىلامدۇ؟ مەن ئۇلارغا يامانلىق قىلمىغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار قانداقسىغا ئوردىدىن يۈز ئۆرۈشكە پېتىنالار؟ بۇنىڭدا بىر گەپ بار. يالغان ـ راستلىقىنى تەكشۈرمىگۈچە بۇنىڭغا ئىشىنىش قىيىن، — دېدى.

— جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا، بىراق ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى بىلمەك تەس. ئەتىمالىم، لۇ جۇنيى ئۆزىگە كىچىك مەنسەپ تېگىپ قالدى دەپ ئىسيان كۆتۈرۈش نىيىتىدە بولغاندۇ، بۇنى باشقىلار سېزىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېيىشتى بۇ چاغدا ياندا تۇرغان گاۋ چيۇ، ياڭ جيەنلەر.

— چاقىرىپ كېلىڭلار، مەن ئۆزۈم سوراپ ئېنىقلاپ باقاي، — دېدى خان.

— لۇ جۇنيى ۋەھشىي بىرنېمە، — دېدى سەي جىڭ بىلەن تۇڭ گۇەن يەنە ئىلتىجا قىلىپ، — ئۇنى بىرنەرسە قىلمايدۇ، دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ تۇيۇپ قالسىلا، جەزمەن قېچىپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇنى قولغا چۈشۈرمەك تەس بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئاستانىگە ئالداپ ئەكېلىش كېرەك، جانابلىرى ئۇنىڭغا شاھانە تائام ۋە مەي ـ شارابلار ئىلتىپات قىلىپ، مۇقەددەس كەلىمىلىرى بىلەن پەندى ـ نەسىھەت قىلىپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقسىلا، ئەگەر يامان نىيىتى بولمىسا، سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇمۇ جانابلىرىنىڭ ئەجىر ـ خىزمەتلەر كۆرسەتكەن مۇلازىملارغا قىلغان ئىلتىپاتلىرىنىڭ بىر نامايەندىسى بولۇپ قالىدۇ.

پادىشاھ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالدى، ئۇ شۇ زامانلا پەرمان چىقىرىپ، بىر نەپەر ئەلچىنى ئۇدۇل لۇجۇ ئايمىقىغا بېرىپ لۇ جۇنيىنى خاننىڭ تاپشۇرىدىغان بىر تاپشۇرۇقى بار ئىكەن، دەپ ئوردىغا چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئەلچى يارلىققا بىنائەن لۇجۇ ئايمىقىغا يېتىپ كەلدى. چوڭ ـ كىچىك مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى شەھەردىن ئەلچىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ئۇدۇل ئاياق يامۇلىغا باشلاپ كەلدى، ئۇ پەرماننى ئوقۇدى. لۇ جۇنيى مۇقەددەس پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەلچى بىلەن بىرلىكتە لۇجۇ ئايمىقىدىن ئاتلىنىپ ئاستانىگە ماڭدى. سەپەر ئامان ـ ئېسەن تۈگەپ، ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئاستانىدىكى مەھرەمبەگ

مەھكىمىسىگە يېتىپ كېلىپ ئارام ئېلىشتى. ئەتىسى سەھەردە كۈنچىقىش سەلتەنەت قوۋۇقى سىرتىدا تۇرۇپ ئەتىگەنلىك تاۋاپ - تەزىمگە كىرىشنى كۈتتى، بۇ چاغدا ۋەزىرئەزەم سەي جىڭ، ۋازىر تۇڭ گۇەن، ئەمىر گاۋ چيۇ بىلەن ياڭ جيەنلەر لۇ جۈنيىنى يان قەسىرگە باشلاپ كىرىپ خان بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۇ پادىشاھقا سالام بەرگەندىن كېيىن، پادىشاھ:

— سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، لۇجۇدىكىلەر سىزنى ئۆز قوينىغا ئالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— جانابلىرىنىڭ مېھىر - شەپقەتلىرى سايىسىدا ئۇ يەردىكى لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسى غەمسىز ئۆتمەكتە، — دەپ جاۋاب بەردى لۇ جۈنيى تەزىم بىلەن.

خان ئۈنىڭدىن يەنە بەزى گەپلەرنى سورىغۇچە چۈش - پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالدى، بۇ چاغدا باقاۋۇل كىرىپ:

— شاھانە تائام تەييار بولۇپ قالدى، ئۆز مەيلىمچە ئېلىپ كىرىشكە پېتىنالمىدىم، مۇقەددەس پەرمانلىرىنى كۈتىمەن، — دېدى.

بۇ چاغدا گاۋ چيۇ، ياڭ جيەنلەر تائامغا يوشۇرۇنچە سىماب ئارىلاشتۇرۇپ تائامنى شاھانە شىرەگە تىزدى. پادىشاھ لۇ جۈنيىگە تائام ئىلتىپات قىلدى، لۇ جۈنيى ئۇنى توققۇز تەزىم بىلەن قوبۇل قىلىپ يېدى، خان ئۇنىڭغا پەندى - نەسىھەت قىلىپ:

— لۇجۇ ئايمىقىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن پۈتۈن ئىجتىھاتىڭىز بىلەن ئوبدان خىزمەت قىلىپ، پۇقرا ۋە لەشكەرلەرنى خاتىرجەم قىلىڭ، ھەرگىز بولمىغۇر خىياللاردا بولماڭ، — دېدى.

لۇ جۈنيى خاننىڭ ئىلتىپاتىغا باش قويۇپ تەشەككۈر بىلدۈرگەندىن كېيىن ئوردىدىن چىقىپ لۇجۇ ئايمىقىغا قايتتى، بۇ تۆت مۇناپىقنىڭ تۇزاق قۇرۇپ ئۆزىگە زىيانكەشلىك



www.uyghurkitap.com

قىلغانلىقىنى زادىلا بىلمىدى. گاۋ چيۇ، ياڭ جيەنلەر بولسا: «ئەمدى ئىش پۈتتى !» دېيىشتى.

لۇ جۈنيى كېچىلەپ لۇجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا، بەل ـ بۆرىكى ئاغرىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ھەربىر كەت قىلىش ئېغىر كەلگەچكە، ئات مىنەلمەي كېمىگە چۈشۈپ ماڭدى، ئۇ سىجۇ ئايمىقى تەۋەسىدىكى خۇەيخې دەرياسىغا كەلدى، ئۇنىڭ رىزقى تۈگىگەچكە بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇشى چوقۇم ئىدى. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ مەستلىكتە كېمىنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋاتاتتى، بىراق سىماب ئۇنىڭ بەل تۈۋىنىگە ھەم ئىلىكىگە چۈشكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە كەيپ بولغانلىقتىن مەزمۇت تۇرالماي، خۇەيخې دەرياسىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە چۈشۈپ كېتىپ ئۆلدى. ئىسسىت، خېيبىيلىق بوز تۇلپار ئەلەم بىلەن سۇ ئىچىدە ئەرۋاھقا ئايلاندى. ئۇنىڭ مۇلازىملىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ، ساندۇققا سېلىپ سىجۇ ئايمىقىنىڭ تاغ ئېتىكىدىكى تازا ئېگىز بىر يەرگە دەپنە قىلدى. شۇ ئايماقنىڭ بېگى بۇ ھەقتە مەمۇرىي مەھكىمىگە مەكتۇپ يېزىپ مەلۇم قىلدى.

ئەمدى سەي جىڭ، تۇڭ گۇەن، گاۋ چيۇ، ياڭ جيەن دېگەن بۇ تۆت مۇناپىق بىر تىللىق بولۇۋالدى. ئۇلار سىجۇ ئايمىقىدىن ئەۋەتىلگەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئەتىگەنلىك تاۋاپ ـ تەزىم ۋاقتىدا پادىشاھقا:

— سىجۇ ئايمىقىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، لۇ باسقاقبەگ خۇەيخې دەرياسىغا يېتىپ بارغاندا مەست بولۇپ قېلىپ، سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. مەمۇرىي مەھكىمىدىكى بىز مۇلازىملار بۇنى جانابلىرىغا ئۇقتۇرمىساق بولمىدى. ئەمدى لۇ جۈنيى ئۆلدى، سۇڭ جياڭ بۇ ئىشتا گۇماندار بولۇپ، باشقىچە بىر ئىش تۇغدۇرۇپ قويامدىكىن، جانابلىرىنىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن چۇجۇ ئايمىقىغا بىر ئەلچى

ئەۋەتىپ، ئەلچى ئارقىلىق ئۇنىڭغا شاھانە مەي ئىنئام قىلىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىسىز، — دېيىشتى.

پادىشاھ ئاھ ئۇرۇپ بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىنى قىلماي دېسە، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى بىلمەيتتى، شۇنداق قىلىڭلار دەي دېسە، بىرەر چاتاق چىقىشتىن ئەنسىرەيتتى. خان نائىلاج ئاخىر مانا مۇشۇ مەككارلارنىڭ سۇخەنچىلىكى بىلەن قايمۇقتى، ئۇلار ياغلىما تىل، شېرىن - شېكەر سۆزلەر بىلەن ئاستا - ئاستا خاننى ماقۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خان ئىككى خۇمرا شاھانە مەينى دەرھال بىر ئەلچى ئارقىلىق چۈجۈ ئايمىقىغا ئەۋەتتى. ناھايىتى روشەنكى، بۇ ئەلچىمۇ گاۋ چيۇ، ياڭ جيەنلەرنىڭ قول ئاستىدىكى جان كۆيەرلىرىدىن ئىدى، ئەجەل سائىتى دەل سۇڭ دانىشنىڭ پېشانىسىگە توغرىلانغان بولغاچقا، تەقدىر - ئىرادە بىلەن بۇ مەككارلار شاھانە مەي ئىچىگە ئاستا تەسىر قىلىدىغان ئوغىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى ۋە ئۇنى ئەلچىگە تاپشۇردى، ئەلچى ئۇنى ئېلىپ ئۇدۇل چۈجۈ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى.

سۇڭ دانىشقا كەلسەك، ئۇ چۈجۈ ئايمىقىغا باشقابەگ بولغاندىن تارتىپ لەشكەرلەرنىڭ ئالىي باشبۇغلۇقىنىمۇ قوشۇمچە ئۆتىدى. ئۇ مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن لەشكەرلەر ۋە پۇقرالارغا كۆيۈندى، پۇقرالار ئۇنى ئاتا - ئانىسىدەك ھۆرمەتلىدى. سەركەردە - سەرۋازلار ئۇنى خىزىرىدەك كۆردى. ئۇ دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىنى ئادىل ئېلىپ بېرىپ، ھەممە ئىشنى جاي - جايىدا جوڭقۇرغانلىقتىن، لەشكەر ۋە پۇقرالار ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ ئاپىرىن ئوقۇشتى. سۇڭ جياڭ خانلىق ئىشىدىن بوشاپ قالغان چاغلىرىدا، دائىم شەھەردىن چىقىپ سەيلە - تاماشا قىلاتتى، ئەسلىدە چۈجۈ ئايمىقىنىڭ تۆۋەن قوۋۇقى سىرتىدا قومۇشلۇق سايازى دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي سۇ بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا

www.uyghurkitap.com

بىر ئېگىز تاغ بار ئىدى. بۇ تاغ ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، بۆك ـ باراقسان قارىغايلىق بىلەن قاپلانغان، ناھايىتى مەنزىرىلىك ۋە ھاۋالىق جاي ئىدى. بۇ كىچىك جاي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تاغ چوققىلىرى كىشىگە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يولۋاس بىلەن ئەجدىھانى ئەسلىتەتتى. ئەگرى ـ بۈگرى، قاتمۇقات چوققىلىرىغا بولسا تاشتىن باسقۇچ، پەلەمپەيلەر ياسالغان، ئەتراپى سۇ، ئالدى ـ كەينى قومۇشلۇق بولۇپ، بەئەينى لياڭشەن كۆلى بويىدىكى كۆل تۇرانىڭ ئۆزىلا ئىدى. سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۆزىچە: «ناۋادا مەن مۇشۇ يەردە ۋاپات بولسام، بۇ يەر باقىي ئالەملىك ماكانىم بولسۇن. بوش چاغلىرىمدا مۇشۇ يەرگە كېلىپ، سەيلە قىلىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىپ تۇراي» دەپ ئويلىدى.

كەينى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلى، سۇڭ جياڭ مەنسەپكە چىققىنىغا يېرىم يىل بولۇپ قالغانىدى. بۇ چاغ دەل شۈەنخېنىڭ ئالتىنچى يىلى باش تومۇز كۈنلىرى ئىدى، ئۇ تۇيۇقسىزلا ئوردىنىڭ شاھانە مەي ئىنئام قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بەگ ـ سىپاھلار بىلەن شەھەردىن ئەلچى ئالدىغا چىقتى ۋە ئەلچىنى ئۆز خانىسىغا باشلاپ كىردى، ئەلچى يارلىقنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن شاھانە مەينى سۇڭ باسقاقبەگكە تۇتتى، سۇڭ جياڭ ئۇنى قايتۇرۇپ ئەلچىگە تۇتۇۋىدى، ئەلچى مەن مەي ئىچىپ باقمىغان دەپ ئىچكىلى ئۇنىمىدى، شاھانە مەي ئىچىش تاماملانغاندىن كېيىن ئەلچى ئاسنانىگە قايتماقچى بولدى. سۇڭ جياڭ سوۋغا ـ سالام ھازىرلاپ ئەلچىگە تۇتماق بولدى. ئەلچى ئۇنى ئالماي كېتىپ قالدى.

سۇڭ جياڭ شاھانە مەينى ئىچكەندىن كېيىن قورسىقىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، مەيگە ئوغا ئارىلاشتۇرۇلغانمىكىن، دېگەن گۇمانغا چۈشتى ۋە دەرھال ئادەم بۇيرۇپ، مەي ئەكەلگەن ئەلچىنىڭ دېرىكىنى قىلدى، ئۇنىڭ يول بويىدىكى ھەممە

ئۆتەڭلەردە مەي ئىچىپ كەلگەنلىكى ئېنىقلاندى. سۇڭ جياڭ ئۆزىنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقىنى، مۇناپىق ۋەزىرلەرنىڭ جەزمەن مەيگە ئوغا قوشۇۋەتكەنلىكىنى بىلىپ، ھەسرەت بىلەن:

— مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا كۇڭزى تەلىماتىنى ئۆگەنگەن، ئەمەلدارلىقنىڭ يولىنى ئوبدان بىلىدىغان بولۇپ يېتىشكەن، بەختكە قارشى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ گۇناھكار بولۇپ قالدىم، بىراق ھېچقانداق بەتنىيەتتە بولمىدىم. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پادىشاھ مەككار سۇخەنچىلەرنىڭ چېقىمچىلىق قىلىپ ئېيتقان گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ماڭا ئوغا ئارىلاشتۇرۇلغان مەي ئىنئام قىپتۇ، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈشىگە ئۆكۈنمەيمەن، بىراق لى كۇي ھازىر رۇنجۇ ئايمىقىنىڭ باشبۇغىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ، ناۋادا ئۇ ئوردىنىڭ بۇنداق مەككارلىق قىلمىشلىرىدىن خەۋەر تاپىدىغان بولسا، جەزمەن باشقىدىن ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تاغقا ئادەم توپلاپ، بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك سادىق ـ مەرد دېگەن پاك نامىمىزنى بۇلغايدۇ، شۇڭا ئاۋۋال ماڭا قىلغاندەك قىلماي بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، لى كۇي كېچىلەپ چۇجۇ ئايمىقىغا كەلسۇن، كېڭىشىدىغان بىر ئىش بار، دەپ رۇنجۇ ئايمىقىغا ئادەم ئەۋەتتى.

لى كۇي رۇنجۇ ئايمىقىغا باشبۇغ بولۇپ بارغاندىن تارتىپ ئىچى پۇشۇپ، كۆپچىلىك بىلەن كۈنبويى مەي ـ شارابلارنى ئىچىشكە بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ سۇڭ جياڭنىڭ ئۆزىنى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ: «ئاغام بىرەر ئىش بولمىسا مېنى چاقىرتمايدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرىنى باشلاپ كېمە بىلەن ئۇدۇل چۇجۇ ئايمىقىغا كەلدى، ئۇ ئايماق يامۇلىغا كىرىپ سۇڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشتى.

سۇڭ جياڭ:

— ئىنىم، مەن سىلەردىن ئايرىلغاندىن بۇيان سىلەرنى كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىپ كەلدىم. مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭنى ئىزدەي دېسەم

ۋۇشېڭ قەلئەسى دېگەن يىراق جايدا ئىكەن. تۇرابېگى خۇا رۇڭمۇ يىڭتيەن دىيارىدا بولغاچقا، ئۇنىڭمۇ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدىم، ئىنى، سىز يېقىنراق رۇنجۇ ئايمىقىدا بولغاچقا، سىزنى چوڭ بىر ئىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشكە ئالايىتەن چاقىرتتىم، — دېدى.

— ئاغا، ئۇ نېمە چوڭ ئىش ئىدى؟ — دەپ سورىدى لى كۇي.

— ئاۋۋال مەي ئىچىلىڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ ئۇنى ئارقىدىكى ھۇجرىغا باشلاپ ۋە ئۇ يەردە تەييارلانغان داستىخاندا لى كۇينى مېھمان قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر ھازاغىچە مەي ئىچۈردى. ئۇ مەي ئىچىپ چالا كەيپ بولغاندا، سۇڭ جياڭ:

— ئەزىز ئىنى، سىزنىڭ تېخى خەۋىرىڭىز يوق، ئاڭلىشىمچە، ئوردا ماڭا ئىچۈرۈش ئۈچۈن بىر ئەلچىدىن ئوغا سېلىنغان مەي ئەۋەتىپتۇ، ئەگەر مەن ئۆلۈپ قالسام قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى.

— ئاغا، ئىسيان كۆتۈرەيلى، — دېدى لى كۇي قاتتىق ۋارقىراپ.

— ئىنى، قولىمىزدا لەشكەر قالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يارەنلەرنىڭ ھەممىسى جاي - جايلارغا تارقىلىپ كەتتى، بۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ ئىسيان كۆتۈرگىلى بولىدۇ؟ — دېدى سۇڭ جياڭ.

— مېنىڭ جېنجياڭدا ئۈچ مىڭ لەشكىرىم بار، — دېدى لى كۇي، — سىلى چۇجۇ ئايمىقىدىكى لەشكەرلەرنى تەخلەپ قويسىلا، بۇ يەردىكى پۇقرانىمۇ قوزغىساق ھەم بارلىق ئامال - چارىلەر بىلەن لەشكەر توپلاپ مۇناپىقلارنى قىرساق، قايتىدىن لياڭشەن كۆلىگە كەتكەن ھالەتتىمۇ، بۇ يەردە تۇرۇپ مەككار ۋەزىرلەرنىڭ دەرد - ئەلىمىنى تارتقاندىن كۆپ ئەلا ئىدى.

— ئىنى، ئالدىرىماڭ، بۇنى كېيىنچە سۆزلىشەيلى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە ھېلىقى كۈتۈۋېلىش شارابىغا ئاستا تەسىر قىلىدىغان ئوغا قوشۇلغانىدى. شۇ كېچىسى لى كۈي مەي ئىچىپ چىقتى، ئەتىسى سۇڭ جياڭ كېمە تەييارلاپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

— ئاغا، — دېدى لى كۈي، — سىلى قاچان ئىشىيان كۆتۈرسىلە، مەنمۇ شۇ كۈنى ئۇ ياقتا ئىسيان كۆتۈرۈپ سىلىگە ھەمدەم بولىمەن.

— ئىنى، — دېدى سۇڭ جياڭ، — مەندىن ئاغرىنىپ يۈرمەڭ، ئالدىنقى كۈنى ئوردا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىنئام قىلىنغان ئوغا ھاراقنى ماڭا ئىچۈردى، بۈگۈن بولمىسا ئەتە ئۆلىمەن. مەن ئادەمگەرچىلىك جەھەتتە «ساداقەت ـ مەردلىك»نىلا تەشەببۇس قىلدىم، قىلچىمۇ ئالا كۆڭۈللۈك قىلمىدىم. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئوردا ماڭا ناھەق ئۆلۈم ئاتا قىپتۇ، ئوردا ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلسا بوپتۇ، مەن ئوردىغا سادىق بولۇپ كېلىۋاتىمەن. مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سىزنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ لياڭشەن كۆلىدە بىزنىڭ تەڭرى يولىنى تۇتۇش جەھەتتىكى سادىق ـ مەردلىك نامىمىزغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزدىن ئەنسىرەپ، سىز بىلەن كۆرۈشەي دەپ چاقىرتقانىدىم. تۈنۈگۈن سىزگە ئىچۈرگەن مەيگىمۇ ئاستا تەسىر قىلىدىغان ئوغا سېلىپ قويغانىمەن، رۇنجۇ ئايمىقىغا يېتىپ بېرىپ سىزمۇ جەزمەن ئۆلىسىز. بۇ چۇجۇ ئايمىقىدىكى تۆۋەن قوۋۇقنىڭ سىرتىدا قومۇشلۇق سايازى دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار، مەنزىرىسى لياڭشەن كۆلىدىن پەرق قىلمايدۇ، سىز ئۆلگەندىن كېيىن ئاشۇ يەردە ئەرۋاھىمىز بولسىمۇ بىللە بولسۇن، مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنىڭ جەسىتىممۇ جەزمەن شۇ يەرگە قويۇلىدۇ، مەن ئۇ يەرنى كۆرۈپ يەرلىككە مولجاللاپ قويدۇم.

سۇڭ جياڭ گېپىنى تۈگىتىپ يۇم ـ يۇم يىغلاپ كەتتى. لى كۈيمۇ بۇنى كۆرۈپ:

— بوپتۇ، بوپتۇ! ھاياتلىقىمدا ئاغامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتكەنىدىم. ئۆلگەندىمۇ ئاغامنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئەرۋاھ بولۇپ قالاي، — دېدى - دە، گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ تارام - تارام ياش تۆكتى ۋە بەدەنلىرىنىڭ دەرمانسىزلىنىپ، ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ سۇڭ جياڭ بىلەن خوشلاشتى - دە، كېمىگە چۈشۈپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ رۇنجۇ ئايمىقىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن دەرۋەقە ئوغا تەسىر قىلىپ ئۆلدى. لى كۈي جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆز مۇلازىملىرىغا:

— مەن ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتىمنى چۇجۇ ئايمىقىنىڭ تۆۋەن قوۋۇقى سىرتىدىكى قومۇشلۇق سايازىغا ئېلىپ بېرىپ ئاغام بىلەن بىر يەرگە دەپنە قىلىڭلار، — دەپ ۋەسىيەت قىلدى - دە، جان ئۈزدى.

مۇلازىملار مېيىتنى ساندۇققا سېلىپ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى يەردە قالدۇرماي، چۇجۇ ئايمىقىغا ئېلىپ كەتتى.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ لى كۈي بىلەن خوشلاشقاندىن تارتىپ، ۋۇ يۇڭ، خۇا رۇڭنى سېغىنىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمىگىنىدىن ھەسرەتلەندى. شۇ كېچىسى ئوغا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىپ سەكراتقا چۈشكەن چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرىغا ۋە خاس يىگىتلىرىگە:

— ئېسىڭلاردا بولسۇن! مەن ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتىمنى مۇشۇ تۆۋەن قوۋۇق سىرتىدىكى قومۇشلۇق سايازىنىڭ ئىچكىرى بىر يېرىدىكى دۆڭ ئۈستىگە قويۇڭلار، ھەممىڭلار ساۋاب ئالىسىلەر، ۋەسىيىتىمنى يەردە قويماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى - دە، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

چۇجۇ ئايمىقىنىڭ بەگ - سىپاھىلىرى ۋە سۇڭ جياڭنىڭ خاس يىگىتلىرى، مۇلازىملىرى مېيىتنى ساندۇققا سېلىپ تەييار قىلدى. چۇجۇ ئايمىقىنىڭ بەگ - سىپاھلىرى، خاس يىگىت مۇلازىملىرى، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى يەردە قويماي، ئېيىتقىنى

بويىچە مېيىتنى قومۇشلۇق سايازىغا ئەكىلىپ دەپنە قىلدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن لى كۈينىڭ ئۆلۈكىمۇ رۇنجۇ ئايمىقىدىن ئېلىپ كېلىنىپ، سۇڭ جياڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. خوش، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن. سۇڭ جياڭ ئۆيىدە ئاغرىق ياتاتتى، ئۇ ئۆيىدىكىلەردىن ئاكىسى سۇڭ جياڭنىڭ چۇجۇ ئايمىقىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى، بىراق ئۇ يۈنچېڭ شەھىرىدە بولغانلىقتىن، ئاكىسىنىڭ دەپنىسىگە كېلەلمىدى، كېيىن ئۇ يەنە ئاكىسىنىڭ شۇ ئايماقنىڭ تۆۋەن قوۋۇقى سىرتىدىكى قومۇشلۇق سايازىغا دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆيىدىكىلەرنى ئۇ يەردە نەزىر ئۆتكۈزۈپ تاۋاپ قىلىش، قەبرىنى كۆرۈپ ئوبدان ياستىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ ئىشنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن سۇڭ چىڭغا ئۇچۇر بەردى.

مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ ۋۇشېڭ قەلئەسىگە بېرىپ نامزات مىراقىپ بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن ھەمىشە ئىچى پۇشۇپ، پەرىشان ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ سۇڭ دانىشىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى دائىم ئەسلەيتتى. بىر كۈنى كۆڭلى نېمىگىدۇر بىئارام بولۇپ، تىنچ ئۇخلىيالماي قالدى ۋە تۈن كېچە بولغاندا چۈشىدە سۇڭ جياڭ بىلەن لى كۈينى كۆردى، ئۇلار ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ تۇرۇپ: «مۇشاۋىر، سادىق - مەردلىككە ئەقىدە باغلاپ، تەڭرى يولىنى تۇتقان، پادىشاھنىڭ ئۈممىدىنى يەردە قويمىغاندۇق. بۇگۈن ئوردا ئوغا مەي ئىنئام قىلىپ، مېنى بىگۇناھ ئۆلتۈردى. ئۆلگەندىن كېيىن چۇجۇ ئايمىقىنىڭ تۆۋەن قوۋۇقى سىرتىدىكى قومۇشلۇق سايازى ئىچكىرىسىگە دەپنە قىلىندىم. مۇشاۋىر، ئەگەر بۇرۇنقى قەدىناسلىقىمىزنى نەزەرگە ئالىدىغان بولسىلا، قەبرەمگە كېلىپ ئۆز كۆزلىرى بىلەن بىر كۆرۈپ كەتسىلە» دەۋاتقۇدەك. ۋۇ يۇڭ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىقراق سورىماقچى بولغاندا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ قارىسا بۇ چۈشى ئىكەن. ۋۇ يۇڭ كۆزىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ، تاڭ

ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى. بۇ چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەي، ئۇيقۇسىمۇ كەلمەي بىئارام بولۇپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ يۈك ـ تاقلىرىنى تەخلەپ، بىرەر مۇلازىمىمۇ ئالماي، تەنها ئۆزى ئۇدۇل چۈجۈ ئايمىقىغا قاراپ ماڭدى. چۈجۈ ئايمىقىغا كېلىپ قارىسا، سۈڭ جياڭ راستتىنلا ئۆلۈپتۇ. بۇ يەردىكى خەلقمۇ ئۇنىڭغا بەك قايغۇرۇپتۇ، ۋۇ يۇڭ ئۇدۇل تۆۋەن قوۋۇق سىرتىدىكى قومۇشلۇق سايازىغا كىرىپ يەرلىكنى تاپتى، تاۋاپ بۇيۇملىرى تەييارلاپ، سۈڭ دانىش ۋە لى كۇينىڭ قەبرىسى ئالدىغا قويۇپ، قەبرىنى قۇچاقلىغان پېتى يىغلاپ:

— مېھرىبان ئاغا، روھلىرى چۈشۈمدە ئايان بولۇپ، ھەممىدىن مېنى خەۋەردار قىلدى، پېقىر ۋۇ يۇڭ بىر يېزىدىكى خەلپەت ئىدىم. دەسلەپتە چاۋ گەيگە ئەگەشتىم، كېيىن ئۆزلىرىگە يولۇقتۇم، ئۆزلىرى مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ تۈگىمەس راھەت ـ ھالاۋەتتىن بەھرىمەن قىلدىلا، مانا شۇ ئارىدا نەچچە ئون يىل ئۆتتى، بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرى. بۈگۈنگە كېلىپ خان يولىدا ۋاپات بولغاندىمۇ، پېقىرنىڭ چۈشىدە ئايان بولدىلا، بۇنىڭغا ھېچ نەرسە بىلەن جاۋاب قايتۇرالمايمەن. شۇڭا، مانا شۇ خەيرلىك چۈش ئاتا قىلغانلىرى ئۈچۈن سىلى بىلەن تەھتىسارادا ئۇچرىشىشنى خالايمەن، — دەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇپ تۇرغاندا، خۇا رۇڭ كېمىدىن چۈشۈپ قەبرە ئالدىغا كېلىپ قالدى. ھەر ئىككىيلەنلا بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى.

— ئەزىز ئىنى، سىز يېڭتيەن دىيارىدا تۇرۇپ، ئاكىمىز سۈڭ دانىشنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن قانداق خەۋەر تاپتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

— كەمىنىلىرى، — دېدى خۇا رۇڭ، — ھەرقايسىلىرىدىن ئايرىلىپ مەنسەپ تۇتقاندىن كېيىن كۆپچىلىك يارەنلەر بىلەن بولغان قەدىناسلىقنى ياد ئېتىپ بىر كۈنمۇ ئارام تاپالمىدىم.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇنۇگۈن كېچە بىر غەلىتە چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ئاغىمىز سۇنىڭ دانىش ۋە لى كۈي كېلىپ پېشىمنى تارتىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئوردا ئوغا مەي ئىنىئام قىلىپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ھازىر چۈجۇ ئايمىقىنىڭ تۆۋەن قوۋۇقى سىرتىدىكى قومۇشلۇق سايازنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر دۆڭگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى، قەدىناسلىقنى نەزەرگە ئېلىپ ئۆز قەبرىلىرىگە كېلىپ بىر يوقلاپ كېتىشىمنى ئېيتتى، شۇڭا كېچىلەپ يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدىم.

— مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاشلا بىر غەلىتە چۈش كۆرۈپ قېلىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدىم، — دېدى ۋۇ يۇڭ، — سىزنىڭ كېلىپ قالغانلىقىڭىزمۇ ناھايىتى بەلەن بولدى. پېقىر ۋۇ يۇڭ سۇڭ دانىشنىڭ مېھىر - شەپقىتى ۋە مەردلىكىدىن پەقەتلا رىشتىمنى ئۈزەلمەيۋاتىمەن، ئۇنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشۇم ناھايىتى تەس، شۇ سەۋەبتىن مانا شۇ يەردە ئۆزۈمنى تەڭرىمنىڭ دەرگاھىغا تاپشۇرۇپ، ئەرۋاھىمنى بولسىمۇ شەپقەتچىمىزگە ھەمراھ قىلدۇرماقچى بولۇپ تۇرغانىدىم. مەن ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە تاپشۇرىمەن.

— مۇشاۋىر، — دېدى خۇا رۇڭ، — ناۋادا سىلى شۇنداق نىيەتكە كەلگەن بولسىلا، پېقىرمۇ جەزمەن ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ بېرىپ، مېھرىبان ئاغىمىز بىلەن بىللە بولاي.

بۇ خۇددى ھايات - ماماتتا بىللە بولۇش دېگەندەك ئىش بولدى.

## نەزم

قېيىقىزىل قومۇشلۇق ئىچرە چۈش كۆرۈپ ئۆتكەن ئۇزۇن،
ئاھ ئۇرۇپ چەكتى پىغان خۇا رۇڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ بۇگۈن.

ئانت ئىچىشكەن تۇرسا باشتا بىر نىيەت بىز دەپ بولار،
يەككە ـ يېگانە ئۆلۈشكە كۆڭلى بارغاي نە ئۈچۈن.

ــ مەن، ــ دېدى ۋۇ يۇڭ، ــ سىزگە مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىپ قويسىڭىز دەپ ئۈمىد باغلىغانىدىم، ــ سىزمۇ نېمىشقا شۇ نىيەتكە كېلىپ قالدىڭىز؟

ــ كەمىنىلىرىمۇ ئاغىمىز سۇڭ جياڭنىڭ مېھىر ـ شەپقەت ۋە مەردلىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭدىن رىشتىمنى ئۈزەلمەيۋاتىمەن. بىز لياڭشەن كۆلىدىكى چاغدا چوڭ گۇناھكارلاردىن ئىدۇق، بىراق بەختىمىزگە يارىشا ئۆلمەي قالدۇق ۋە پادىشاھنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ گۇناھلىرىمىز كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئەل قىلىنغاندىن كېيىن كۆپلىگەن جازا يۇرۇشى جەڭلىرىنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەجىر ـ خىزمەتلەر كۆرسەتتۇق. بۈگۈنكى كۈندە داڭقىمىز چىقىپ، ئەلنىڭ ھەممىسىگە تونۇلدۇق، بىراق ئوردىدا ھازىر بىزگە شۇبھە پەيدا بوپتۇ، شۇنداق ئىكەن، جەزمەن كېلىپ بىزگە گۇناھ ئارتىدۇ. ناۋادا راستتىنلا ئەنە شۇ سۇيىقەستچى مەككارلارنىڭ قەستىگە ئۇچراپ خاتا جازالىنىپ قالساق، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىمىز. بۈگۈن ئاغا سىلى بىلەن بىللە ئۆلسەم، دۇنيادا ياخشى نامىم بولسىمۇ قېلىپ، ئۆلۈكۈم تالادا قالماس! ــ دېدى خۇا رۇڭ.

ــ ئەزىز ئىنى، ــ دېدى ۋۇ يۇڭ، ــ سىز مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭ، مەن بولسام تەنھا ئادەم، بالىچاقام يوق، ئۆلسەممۇ كارايىتى چاغلىق. بىراق، ھازىر سىزنىڭ نارەسىدە ئوغلىڭىز، زىبا خوتۇنىڭىز تۇرسا، شۇنداق قىلسىڭىز ئۇلارنى كىم باقىدۇ؟

ــ بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ــ دېدى خۇا رۇڭ، ــ بۇرۇندىن تارتىپلا جان باققۇدەك ۋەج ـ دۇنيا غەملەپ قويغانمەن. خوتۇنۇمنىڭ ئۆيىدىمۇ خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بار.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن بىرپەس تازا قاتتىق يىغلاشقاندىن كېيىن ھەر ئىككىيلەن دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. كېيىنكى مۇلازىملار ئۇزاققىچە ساقلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆز بېگىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ قەبرە ئالدىغا كېلىپ قارىدى، قارىسا ۋۇ يۇڭ بىلەن خۋا رۇڭ ئۆلۈۋاپتۇ. شۇڭا، ئۇلار ئالمان ـ تالمان شۇ ئايماقنىڭ ئامبىلى ئالدىغا بېرىپ مەلۇم قىلدى، ئۇلار ئۇ ئىككىسىنىڭ جەسىتىنى ساندۇققا سېلىپ قومۇشلۇق سايازىدىكى سۇڭ جياڭنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە كۈنچىقىشتىن ـ كۈنپېتىشقا سوزۇلغان تۆت قەبرە پەيدا بولدى. چوجۇ ئايمىقىدىكى پۇقرالار سۇڭ جياڭنى ئەخلاق ۋە ساداقەتمەنلىكتە كامالەتكە يەتكەن كىشى دەپ ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سالدى، تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە تاۋاپ نازۇنېمەتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان بولدى، دۇئا ـ تەلەپ قىلغۇچىلاردىن دۇئاسى ئىجابەت بولمىغانلار كۆرۈلمىدى.

سۇڭ جياڭنىڭ روھى قومۇشلۇق سايازىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئايان بولۇپ، تەلەپكارلارنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلدى. ئەمدى داۋجۈن خانغا كېلەيلى، ئۇ سۇڭ جياڭغا شاھانە مەي ئىنئام قىلغاندىن كېيىن ئاستانىنىڭ ئىچكىرىكى ئوردىسىدا ئولتۇرۇپ، كۆڭلىگە قەۋەت ـ قەۋەت گۇمان چۈشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇڭجياڭدىن خەۋەر ئالالمىغاچقا، ئۇنى يادىدىن چىقارمىدى. ئەمما، گاۋ چيۇ، ياڭ جيەنلەر خاننى غەپلەتتە قويۇپ، ساداقەتمەنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپالارغا باشلاپ ئازدۇردى. بىر كۈنى خان ئىچكىرىكى ئوردىدا سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، بىردىنلا لى شىشى ئېسىگە چۈشۈپ قالدى، ئۇ لەخمە ئارقىلىق ئىككى كىچىك ئاغۋاتنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇل لى شىشىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقا ئىشىكىگە كېلىپ قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى، لى شىشى ئالدىراپ ـ

تېنەپ خاننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ئۆز كۆشۈگىسىگە باشلاپ ئەكىردى. خان ئالدى - ئارقىدىكى ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تاقىۋېتىشنى بۇيرۇدى. لى شىشى چىرايلىق ياسىنىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئېسەنلىك سورىغاندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— پېقىر يېقىندىن بۇيان بىر ئاز بىتاپ بولۇپ قېلىپ، دانا ئەمچى ئەن داۋچۈەنگە كۆرۈنۈۋاتقانلىقىمدىن خېلىدىن بۇيان سىز بىلەن ئۇچرىشالماي، سىزنى بەكمۇ سېغىندىم. بۈگۈن بىر كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى، — دېدى.

— ھەزرەتلىرىنىڭ چوڭقۇر دىللىرىدا قۇللىرىنى ياد ئېتىپ سېغىنغانلىقلىرىغا مىڭ رەھمەت! — دېدى لى شىشى ۋە شۇ ھۇجرىسىنىڭ ئۆزىدىلا داستىخان ھازىرلاپ خان بىلەن مەي - شارابلارنى ئىچىپ كۆڭۈل ئاچتى. ئەمدىلا بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىچىلگەندە، پادىشاھنىڭ كۆزلىرىنى ئۇگدەك بېسىپ كەتتى. يېقىلغان شام - چىراغلار پارقىراپ تۇراتتى، تۇيۇقسىزلا ئۆينىڭ ئىچىدىن بىر سوغۇق شامال كۆتۈرۈلدى - دە، خان ئۆز ئالدىدا بىر سېرىق يەكتەك كىيگەن ئادەمنىڭ تىك تۇرغانلىقىنى كۆردى. خان ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن:

— سەن كىم؟ بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— كەمىنىلىرى لياڭشەن كۆلىدىكى سۇڭ جياڭنىڭ قول ئاستىدىكى يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭ بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى سېرىق يەكتەكلىك ئادەم.

— بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ.

— مېنى ئاغام سۇڭ جياڭ، ھەزرەتلىرىنى ئۆزى بىلەن سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتتى، — دېدى دەي زۇڭ.

— ئۇ پېقىرنى نەگە ئېلىپ بارغۇدەك؟ — دېدى پادىشاھ.

ـــ ئاجايىپ گۈزەل بىر جاي بار ئىكەن، ئالىيلىرىنى شۇ يەرنى سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلىۋاتىمەن، ـــ دېدى دەي زۇڭ.

خان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ دەي زۇڭ بىلەن ئارقا ئىشىكتىن چىقسا، ئات ـ هارۋىلار تەخمۇتەخ قىلىپ قويۇلۇپتۇ، دەي زۇڭ خاننى ئاتقا مىندۇرۇپ ئۆزى بىلەن ئېلىپ ماڭدى، ئۇلار خۇددى بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلغاندەك، قۇلاقلىرىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ تۇرغان شامال ئاۋازىنى ئاڭلىغان هالدا يول يۈرۈپ بىر جايغا كېلىپ توختىدى. قاراڭ:

سۇرلۇك تۇمان كۆل سۈيىنى ئىلكىگە ئالغان،
بۇلۇت ئارا كۆرۈنىدۇ تاغلار گىرىمسەن.
كۆرۈنمەيدۇ ياكى قۇياش، يا ئاينىڭ نۇرى،
سۇ ۋە ئاسمان گويا تۇتاش بىر خىل رەڭ ئالغان.
هەممە جايدا سىرىق ـ سىرىق قومۇش پۆپۈكى،
ئاڭا هەمراھ بولغان يېشىل قومۇش ياپرىقى.
قومۇشلۇق ئارا قاقىلدايدۇ جۈپ ـ جۈپ قاقىرلار،
چىقىپ تۇرار ناۋاسىدىن هەسرەت پۇرىقى.
غازاڭ بولغان نىلۇپەرلىك كۆلنىڭ بويىدا،
جۈپ ـ جۈپ قۇشلار چىرايىدا ئەلەمنىڭ دېغى.
قىرووۋ سوققان يوپۇرماقلار ئۇچار پىرقىراپ،
گويا كۆزدىن تامچە ـ تامچە تۆكۈلگەن ياشتەك.
ئىرغاڭلىشار سەلكىن يەلدە مەجنۇنتال بەرگى،
جۇدالىقتا كۆزلىرى ياش قىزنىڭ قېشىدەك.
ئاي، يۇلتۇزسىز ئەجەب سۈرۈن، ئۇزۇن كېچە بۇ،
ئىزغىرىن يەل ئىلكىدە بۇ كۈزلەرنىڭ كۈنى.

خان ئاتتا كېتىۋېتىپ بۇ مەنزىرىلەرنى قاناماستىن تاماشا قىلدى ۋە دەي زۇڭدىن:

— بۇ قەيەر؟ مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئەكەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— ھەزرەتلىرى تاغقا چىقسىلا، — دېدى دەي زوڭ تاغ ئۇستىدىكى قوۋۇقنى كۆرسىتىپ، — شۇ يەرگە بارغاندىلا، ئاندىن بىلىدىلا.

خان ئېيتىنى دېۋېتىپ تاغقا چىقىپ ئىككى قوۋۇقتىن ئۆتۈپ، ئۈچىنچى قوۋۇققا يېتىپ بارغاندا، تون لىباسلار، زەر قۇياغ، دۇبۇلغىلار كىيگەن، شاھانە كەمەرلەر باغلىغان بىرەر يۈزچە سەركەردىنىڭ سەجدە قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ:

— سىلەر كىم؟ — دەپ قايتا - قايتا سورىدى.

شۇ ئاندا ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك زەر دۇبۇلغا، كىمخاب تون، زەر قۇياغ كىيگەن بىر كاتتىسى ئالدىغا چىقىپ:

— پېقىر لياڭشەن كۆلىدىكى سۇڭ جياڭ بولىمەن، — دېدى.

— مەن سىزنى چۈجۈ ئايمىقىغا باسقاقبەگلىككە ئەۋەتكەنىدىمغۇ؟ نېمە ۋەجىدىن بۇ يەردە يۈرىسىز؟ — دېدى پادىشاھ.

— بىز، — دېدى سۇڭ جياڭ تەزىم بىلەن، — ھەزرەتلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ ئازار يەپ بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىمىز ھەققىدىكى ئەرز - شىكايىتىمىزنى ئاڭلاشقا سادىق - مەردلەر سارىيىغا تەكلىپ قىلىمىز، مەرھەمەت قىلسىلا.

خان سادىق - مەردلەر سارىيى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، ئاندىن سارايغا كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى، ئۇ پەگاھقا قارىسا، ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدە بىرمۇنچە كىشىلەر سەجدە قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ھاڭ - تاڭ بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ كاتتىبېشى سۇڭ جياڭ سۇپىغا چىقىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆزىدىن ياش تۆكۈپ ئىجازەت سورىدى. پادىشاھ:

— نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— بىز، — دېدى سۈڭ جياڭ، — ئەينى ۋاقىتتا تەگرى لەشكەرلىرىگە بويۇنتاۋلۇق قىلغان بولساقمۇ، بىراق ئۆزىمىزنىڭ سادىق ـ مەردلىكىمىزنى ئەلا بىلىپ، قىلچە ئالا كۆڭۈللۈك قىلمىدۇق. ھەزرەتلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئەل بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال قىتان بەگلىكى قوشۇنىنى تىرىپىرەن قىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۈچ قاراقچىنى ئۇجۇقتۇردۇق، بۇ جەرياندا يارەنلىرىمنىڭ ئوندىن سەككىزى چىقىم بولدى. ھەزرەتلىرى مېنى چۇجۇ ئايمىقىغا خىزمەتكە تەيىنلىدىلە، شۇ كۈندىن تارتىپلا مەن ئۇ يەردىكى لەشكەر ۋە پۇقرالار بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك بولۇپ چىقىشىپ كەتتىم، بۇ ھەممىگە ئايان. ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، ھەزرەتلىرى ماڭا ئوغا مەي ئىنئام قىلدىلا، پېقىر ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئەپسۇسلانمايمەن، بىراق لى كۈينىڭ بۇ ئىنتىقامنى كۆڭلىدە ساقلاپ، باشقىچە نىيەتتە بولۇپ قبلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، چۇجۇ ئايمىقىغا ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز قولۇم بىلەن ئوغا مەي ئىچۈرۈپ، ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردۈم. ۋۇ يۇڭ بىلەن خۇا رۇڭ سادىق ـ مەردلىك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، پېقىرنىڭ قەبرەم ئالدىدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. بۇ تۆتەيلەن ھازىر چۇجۇ ئايمىقىنىڭ تۆۋەن قوۋۇقى سىرتىدىكى قومۇشلۇق سايازىغا دەپنە قىلىنىغاندۇق، يۇرت ـ جامائەتلەر بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ، قەبرىمىز ئالدىغا ئىبادەتخانا سالدى. ئەمدىلىكتە بولسا ھەزرەتلىرىگە ھال ـ مۇڭ ئوقۇپ، كۆرگەن خورلۇق ۋە ئازارلىرىمىزنى بايان قىلىش ئۈچۈن، ھەممىمىزنىڭ ئەرۋاھى بۇ يەرگە توپلاندى، بىزنىڭ ساداقىتىمىزگە زادىلا شەك كەلتۈرمىسىلە. ھەزرەتلىرىنىڭ مۇقەددەس ھۆكۈملىرىنى كۈتىمىز.

پادىشاھ بۇلارنى ئاڭلاپ چۆچۈپ:

— مەن ئەلچىنى ئۆزۈم ئەۋەتىپ، سىرىق پېچەتلىك شاھانە

مەي تارتۇق قىلغانىدىم، بۇنى كىم ئوغا مەيگە ئالماشتۇرۇۋالدىكىن؟ — دېدى.

— كەلگەن ئەلچىدىن سورىسىلا، بۇ رەزىل ساختىپەزلىكنىڭ كىم تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، — دېدى سۈك جياڭ.

پادىشاھ بۇ يەردىكى ئۈچ قوۋۇق ۋە تۇرالارنىڭ ئالامەت ھەيۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇ قەيەر؟ سىزلەر نېمىشقا بۇ يەرگە توپلىشىۋالدىڭىزلار؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ، — دېدى سۈك جياڭ، — بىز بۇرۇن مەردلىك يولىدا جەم بولغان لياڭشەن كۆلى.

— سىزلەر ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ قايتىدىن پانىي ئالەمگە كېلىشنى كۈتۈپ تۇرماي، نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە توپلىشىۋالدىڭىزلار؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ يەنە.

— تەڭرىتائالا بىزنىڭ سادىق - مەردلىكىمىزنى نەزەردە تۇتۇپ، يۇدى پادىشاھ پەرمان چىقىرىپ، مېنى لياڭشەن كۆلىنىڭ باش يەر ئىلاھى قىلىپ تەيىنلىگەندى، شۇڭا بۇ يەرگە توپلىشىپ قالدۇق، بىراق تارتقان ئازار - خورلۇقلىرىمىزنى ئېيتىدىغان يەر تاپالماي، ھەزرەتلىرىگە مالاللىق كەلتۈرۈپ، ھەزرەتلىرىنى لياڭشەن كۆلگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن دەي زۇڭنى ئالايتەن ئەۋەتكەنىدۇق، — دېدى سۈك جياڭ.

— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا مېنىڭ چارباغلىق ئوردامغا بېرىپ ئالدىمدا ئايان بولمايسىزلەر؟ — دېدى خان.

— باقىي دۇنيادا ئەگىپ يۈرگەن ئەرۋاھلار قانداقمۇ پادىشاھ قەسىر - راۋىقىغا يېقىن بارالىسۇن؟ بۈگۈن ھەزرەتلىرى ئوردىدىن چىقىپ قالغانلىرى ئۈچۈن بۇ يەرگە تەكلىپ قىلدۇق، — دېدى سۈك جياڭ.

— پېقىر بۇ جاينى سەيلە قىلسام بولامدۇ؟ — دېدى پادىشاھ.

سۇڭ جىياڭلار شاھقا قۇللۇق بىلدۈردى. پادىشاھ سارايدىن چىقىپ، سارايىنىڭ ماڭلىيىدىكى «سادىق ـ مەردلەر سارىيى» دەپ يېزىلغان چوڭ خەتلىك تاختىنى كۆرۈپ ۋە بۇنىڭغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ پەلەمپەيدىن چۈشتى ۋە تۇيۇقسىزلا قارا قويۇن لى كۇي سۇڭ جىياڭنىڭ ئارقىسىدىن قولىغا قوش ئايپالتا تۇتقان ھالدا:

— ھەي پادىشاھ، ھەي پادىشاھ! سەن قانداقسىغا تۆت مۇناپىق مەككارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپلا بىزنىڭ جېنىمىزغا ئۇۋال قىلغان! ئۆز پۇتۇڭ بىلەن ئالدىمغا كەلگەنىكەنسەن، بۇ ئىنتىقامنى ئالماي قويمايمەن! — دېگەن پېتى پالتىسىنى ئوينىتىپ ئۇدۇل پادىشاھقا ئېتىلدى.

پادىشاھقا قاتتىق چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا، بۇ چۈشى ئىكەن، ئۆزى بولسا قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ، شام ـ چىراغلار يېقىقلىق تۇرۇپتۇ، لى شىشى تېخى ئۇخلىماپتۇ. خان:

— مەن بايا نەگە بېرىپ قالدىم؟ — دەپ سورىدى.

— جانابلىرى مۇشۇ ھۇجرىدىن چىقماي ئۇخلىدىلا، — دېدى لى شىشى.

پادىشاھ ئۆزىنىڭ چۈشىدىكى ئاجايىپ غەلىتە ئىشلارنى لى شىشىغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. لى شىشى پادىشاھقا:

— ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن جەزمەن خىزىرغا ئايلىنىدۇ، سۇڭ جىياڭلار راستىنلا ئۆلۈپ كېتىپ، كارامەت كۆرسىتىپ، ھەزرەتلىرىنىڭ چۈشىدە ئايان بولدىمىكىنىيا؟ — دېدى.

— مەن، — دېدى پادىشاھ، — ئەتە بۇ ئىشنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرىمەن. ناۋادا راستىنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سالدۇرۇش، غازى بەگ دەپ نام بېرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىمەن.

www.uyghurkitap.com

— ھەزرىتى ئالىيلىرى، ئۇنىڭغا راستتىنلا غازى بەگلىك نام بېرىدىغان بولسىلا، بۇ ئالىيلىرىنىڭمۇ ئۆز مۇلازىملىرىغا قىلغان رەھىم - شەپقەت ئىلتىپاتلىرىنىڭ بىر نامايەندىسى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى لى شىشى.

پادىشاھ شۇ كېچىنى ئاھ ئۇرۇپ قايغۇ بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى پادىشاھ ئوردىغا كىرىپ، ۋەزىرلەرنى يان قەسرىگە كېلىپ كۈتۈپ تۇرسۇن دەپ پەرمان بەردى. سەي جىڭ، تۇڭ گۇەن، گاۋ چيۇ، ياڭ جيەنلەر خاننىڭ سۇڭ جياڭ ئىشىنى سۈرۈشتە قىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۇ يەردە سۇ ئەمىر قاتارلىق بىرنەچچە ۋەزىرلەرلا كۈتۈپ تۇرۇشتى. پادىشاھ سۇ يۈەنجياڭدىن:

— سىز چۇجۇ ئايمىقىنىڭ باسقاقبېگى سۇڭ جياڭ توغرىسىدا بىرەر خەۋەر ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كەمىنىلىرى، — دېدى سۇ ئەمىر، — سۇڭ باسقاقبەگ توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىمىدىم، بىراق تۈنۈگۈن بىر غەلىتە چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن.

— قېنى كۆرگەن چۈشىڭىزنى پېقىرغا ئېيتىپ بېقىڭا، — دېدى پادىشاھ.

— چۈشۈمدە، — دېدى سۇ ئەمىر، — سۇڭ جياڭ پېقىرنىڭ ھۇجرامغا ھەشەمەتلىك تون - لىباسلار، قۇياغ - دۇبۇلغىلارنى كىيگەن ھالدا كىردى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ھەزرەتلىرى ئىنئام قىلغان ئوغا مەيىنى ئىچىپ ئۆلگەنلىكى ئۇستىدىن ئەرز - ھال ئوقۇدى. چۇجۇ ئايمىقىدىكىلەر ئۇنىڭ سادىق - مەردلىكىگە ئاتاپ ئۇنى چۇجۇ ئايمىقىنىڭ تۆۋەن قوۋۇقى سىرتىدىكى قومۇشلۇق سايازىغا دەپنە قىلىپ ئىبادەتخانا ساپتۇ، كىشىلەر ئەتە - ئاخشىمى كېلىپ تاۋاپ قىلىشۋاتقۇدەك.

— بۇ خۇددى مېنىڭ چۈشۈمدە كۆرگىنىمگە ئوخشاش

ئاجايىپ بىر غەلىتە چۈش ئىكەن، ـــ دېدى پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ ۋە سۇ يۇەنجياڭغا، ـــ سىز ئۆزىڭىزنىڭ سىرداش ئادەملىرىڭىزدىن بىرنى چۇجۇ ئايمىقىغا بۇ ئىشنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتىڭ، ئۇنداق ئىش بولسۇن ـ بولمىسۇن، تېز كېلىپ ئۇچۇرىنى بەرسۇن، ـــ دەپ تاپىلىدى.

سۇ ئەمىر شاھنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلىپ «خوپ!» دېدى ـ دە، ھەرەمدىن چىقتى ۋە ئۆز ئۆيىگە كېلىپ يېقىنلىرىدىن بىرنى سۇڭ جياڭنىڭ خەۋىرىنى ئىگىلىگىلى كېلىشكە چۇجۇ ئايمىقىغا ئەۋەتتى. بۇ گەپ بۇ يەردە قالسۇن.

ئەتىسى پادىشاھ ئەدەپ ـ ئەردەم قەسرىگە كېلىپ شاھانە ئورۇندا ئولتۇرغاندىن كېيىن ياندا تۇرغان گاۋ چيۇ، ياڭ جيەنلەرنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن:

ـــ سىلەر، يېقىندىن بۇيان چۇجۇ ئايمىقىدىكى سۇڭ جياڭنىڭ بىرەر خەۋىرىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

بۇ ئىككىيلەن گەپ قىلىشقا پېتىنالماي، خەۋەر ئالالمىدۇق، دەپ جاۋاب بەردى، پادىشاھ شۈبھىلىنىپ پەرىشان بولدى.

سۇ ئەمىر ئەۋەتكەن ئادەم چۇجۇ ئايمىقىغا بېرىپ كېلىپ، سۇڭ جياڭنىڭ پادىشاھ ئىنئام قىلغان ئوغا مەينى ئىچىپ ئۆلگەنلىكى، ئۆلگەندىن كېيىن بولسا چۇجۇلۇقلار ئۇنىڭ سادىق ـ مەردلىكىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى چۇجۇ ئايمىقىدىكى قومۇشلۇق سايارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئېگىز دۆڭگە دەپنە قىلغانلىقى، ۋۇ يوڭ، خۇا روڭ، لى كۇي قاتارلىق ئۈچ ئادەمنىڭمۇ شۇ يەرگە كۆمۈلگەنلىكى، پۇقرالارنىڭ ئۆز قايغۇلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ، قەبرە ئالدىغا ئىبادەتخانا سالغانلىقى، ھېيت ـ ئايەملەردە ئۇلارنىڭ بېشىنى يوقلاپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇغانلىقى ۋە دۇئا ـ تەلەپلىرىنىڭ ئىجابەت بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بەردى. سۇ ئەمىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ،



www.uyghurkitap.com

دەرھال بۇ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا كىردى ـ دە، يۇقىرىقى ئىشلارنى پادىشاھقا قايتىدىن بايان قىلدى. پادىشاھ بۇلارنى ئاڭلاپ تولىمۇ قايغۇردى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك قوبۇل ۋاقتىدا، پادىشاھ ھەممە بەگ ـ سىپاھلار ئالدىدا گاۋ چيۇ، ياڭ جيەنلەرگە قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى:

— ئەلنىڭ بېشىغا كۈلپەت سالغۇچى مەككار مۇناپىقلار! پېقىرنىڭ تاجى ـ تەختىمنىڭ ئۇلىنى كولىشىپسەن، — دەپ تىللىدى.

ئۇ ئىككىيلەن يەرگە ئېگىلىپ سەجدە قىلىپ پادىشاھتىن گۇناھىنى تىلەشتى. سەي جىڭ، تۇڭ گۇەنلەر ئالدىغا چىقىپ پادىشاھقا:

— شاھىم، تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈش تەقدىر ـ پېشانىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ. مەھكىمىمىز بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئالاقە تاپشۇرۇۋالمىدى، شۇڭا ئالدىلىرىغا بىرنەرسە دەپ كېلەلمىدۇق، تۈنۈگۈن كەچتىلا چۇجۇ ئايمىقىدىن بىزگە خەۋەر كەلدى، بىز دەل مانا شۇ ئىشنى ھەزرىتى ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىشقا تەمشىلىۋاتاتتۇق، — دېيىشتى.

پادىشاھ يەنىلا بۇ تۆت ھارامىتاماقنىڭ كۆز يېشى بىلەن ئۇلارنى جازاغا تارتماي، گاۋ چيۇ، ياڭ جيەنلەرنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. شاھانە مەيىنى ئېلىپ بارغۇچى ئەلچىنى سورۇشتۇردى، بىراق تەگرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ ئەلچى چۇجۇ ئايمىقىدىن قايتقۇچە يولدا قازا قىلغانىكەن.

سۇ ئەمىر ئەتىسى يەنە پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، سۇڭ جياڭنىڭ ساداقەت ـ مەردلىكتە ئايان بولۇۋاتقانلىقىنى پادىشاھقا سۆزلەپ بەردى. پادىشاھ: «سۇڭ جياڭنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى سۇڭ چىڭ سۇڭ جياڭنىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلسۇن» دەپ يارلىق چىقاردى. بىراق، تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن

سۈڭ چىڭ كېسەل بولغانلىقتىن، مەنسەپ تۇتالمايدىغانلىقىنى، يۇنچېڭ شەھىرىدە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنىلا خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرىخاھلىق بىلەن تەشەككۈر بىلدۈردى. پادىشاھ ئۇنىڭ ۋاپادارلىق ئەقىدىسىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە خەج ـ خىراجەت قىلىشى ئۈچۈن ئون تۈمەن تىزىق يارماق، ئۈچ مىڭ مو يەر ئىنئام قىلدى، ئۇنىڭ پەرزەنتى ۋە نەۋرىلىرى بولغاندا ئوردىغا خىزمەتكە ئالماق بولدى، كېيىن سۈڭ چىڭ بىر ئوغۇل تاپتى، ئۇنىڭ ئىسمى سۈڭ ئەنپىڭ بولۇپ، ئوردا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ساراي مىرزىسى مەنسىپىگە چىقتى.

پادىشاھ سۇ ئەمىرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز قولى بىلەن سۈڭ جياڭغا سادىق غازى ئىجابەتچى بەگ دەپ نام بېرىش ھەم ئوردىدىن پۇل چىقىرىپ لياڭشەن كۆلىگە بۇتخانا، ئىبادەتخانىلار سېلىپ، پادىشاھلىق يولىدا قازا تاپقان سۈڭ جياڭ باشلىق سەركەردىلەرگە ئوخشىتىپ بۇت ياساش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. بۇ ئىبادەتخانا، بۇتخانىلارغا شاھانە قەلىمى بىلەن «ساداقەتمەنلەر بۇتخانىسى» دەپ يېزىلغان ئىشىك بېشى تاختىسىنى ئىنئام قىلدى. جىجۇ ئايمىقى پادىشاھنىڭ پەرمانىغا مۇۋاپىق لياڭشەن كۆلىگە بۇتخانا سالدى. بۇ بۇتخانا شۇنداق بۇتخانا ئىدىكى، ھايھات:

قىزىل قوۋۇق نەقىشلەنگەن، مىخلىرى زەر ـ ئالتۇندىن،
تۇۋرۇكلىرى قاشتېشى، قاپقىلىرى كۈمۈشتىن.
لىم ياغىچى نەقىشلىك نەپىس ئويما گۈلى بار،
پېشايۋىنى قىپقىزىل، كاھىشلىرى زۇمرەتتىن.
سالاسۇنى ياپېپشىل ئاستى يۇمىلاق روجەك،
نەپىس كەشتە پەردىسى ئېشىپ تۇرار بوسۇغىتىن.
بەش ئېغىزلىق خانىسى ئوخشار گويا قەسىرگە،

ئىشىكىنىڭ بېشىغا خەت يېزىلغان زەر ھەلدىن.
ئىككى ياندا كەڭتاشا ئۇزۇن كەتكەن ئايۋىنى،
سىزىلغان ـ قىرىپ چىقىلغان ۋەزىرلەر تۇرلۇك رەڭدىن.
يېشىل چىنار سايىسىدا تۇرار قىزىل خاتىرە راۋاق،
بوي تالىشىپ ئېگىزلىكتە ئاسماندىكى بۇلۇتتىن.
مەجنۇنتاللار ئىچىدە تۇرار ھەيۋەت چوقچىيىپ،
ساداقەتمەنلەر بۇتخانىسى ئېشىپ ئاسمان ـ پەلەكتىن.
ئالتۇن قەسىر ئىچىدە تۇرار سۇڭ جياڭ قاتارلىق —
ئوتتۇز ئالتە ساماۋى ئەختەر سەردار بىر ـ بىردىن.
ئىككى ياندا ئايۋاندا تۇرار جۇ ۋۇ قاتارلىق —
يەتمىش ئىككى زېمىنىي ئەپتەر سەردار بىر ـ بىردىن.
ئىشىكتىكى نۆكەرنىڭ يۈزى سۆرۈن بەتبەشىرە،
تەڭرى لەشكىرى باتۇر ئاشار نى ـ نى پەرھاتتىن.
ئىسرىقدانىنى ياساپتۇ ماھىر قوللار پەم بىلەن،
ئۇزۇلمەيدۇ خۇشبۇي ھىد يىللار بويى ئۇنىڭدىن.
تۇپتۇز ئېگىز خادىغا ئېسىقلىقكەن تۇغ ـ ئەلەم،
تاۋاپ قىلۇر يۇقرالار قالماي بىرى ـ بىرىدىن.
يۇقرا ئۇنى پىر ساناپ ئېھتىرامدا ـ ھۆرمەتتە،
يادلايدۇ ساداقەتمەن مەرھۇملارنى دىلىدىن.
مەڭگۈ يانار بۇ يەردە غالىبلارچۇن شام ـ چىراغ،
ئورۇن ئالار خىزمىتى ئەبەد تارىخ بېتىدىن.

يەنە بىر نەزمىدە مۇنداق دېيىلگەن:

ساماۋى ئەختەرلەر چىقتى پەلەككە،
زېمىنىي ئەپتەرلەر كىردى لەھەتكە.
ئەزەلدىن ئىلاھلار نامى بۇ يەردە،
سازاۋەر ئېھتىرام، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە.

www.uyghurkitap.com

نامى ئۆچمىسۇن بۇتخانىلاردا،
تارىختا باتۇرلار نامى ئەبەدكە.

كېيىنچە سۆڭ دانىش قايتا ـ قايتا ئايان بولدى، پۇقرالار ئايىغى ئۈزۈلمەستىن كېلىپ تاۋاپ قىلىپ تۇردى. لياڭشەن كۆلىدىكىلەر شامال تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلسا شامال چىقتى، يامغۇر تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلسا يامغۇر ياغدى. چۇجۇ ئايمىقىدىكى قومۇشلۇق سايازىدىمۇ مانا شۇنداق ئايان بولدى. شۇڭا، بۇ جايدىكى خەلق قايتىدىن ھەيۋەتلىك بۇتخانا ـ قەسىرلەر سالدۇرۇپ، ئىككى يانلىرىغا ئايۋان ياساتتى، پادىشاھقا ئىشلىك بېشى تاختىسى ئىلتىپات قىلىشقا ئىلتىجا قىلدى. ئوتتۇرىدىكى چوڭ قەسىرگە ئوتتۇز ئالتە بۇت قاتۇردى. ئىككى ئايۋانغا يەتمىش ئىككى سەركەردىنىڭ بۇتلىرىنى قاتۇردى. ئۇ يەردە ھەر يىلى تاۋاپ ـ تەزىيەلەر بولۇپ، پۇقرالار ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. بۇ بۇتخانىلارنىڭ ئىزلىرى ھېلىمۇ بار، بەگلەر ھەققىدە مۇنداق نەزم پۈتۈلگەن:

قىلمىشىڭنىڭ ھەممىسىگە تەڭرىدىن ئاغرىنمىغىن،
ئۆلتۈرۈلدى خەن بىلەن پىڭ بارچىسى دەھشەت بۇگۈن.
خانغا ئەجىر كۆرسىتىشكە جەڭدە جان تىككەن كۈنى،
قىرىلىپ فاڭ لا توگەشتى، تىنچلىنىپ قىتان ئېلى.
ساماۋى ئەختەر، زېمىنىي ئەپتەرلىغۇ بولدى ھالاك،
ئۆز پېتى قالدى يەنە پاسىق ئەمەلدارلار بىراق.
ئوغا مەي بىلەن ئۆلۈپ يەرگە كىرەرنى بىلسىدى،
فەن لىدىن ئۆگىنىپ بۇندىن ئۆزىنى تارتماسمىدى.

يەنە بىر نەزمدە مۇنداق پۈتۈلگەن:

تۆرىلىپ مەنسەپ دېدى، بەگلىكنى دەپ ئۆلدى بۇگۈن،
ئەر ـ يىگىتلەر ئاخىرى مۇرادىغا يەتتى بۇگۈن.

«تۆمۈر ئات» بۇت لەتمىسىدە كىشنىدى تاڭ ئاتقۇچە،
چەكتى ئاھ ـ ھەسرەت قارا مايمۇن زاۋال كۈن پاتقۇچە.
قىسسە نەدىن چىقتى دەپ ئىزدەپ يۇرۇشمە ئانچە كۆپ،
ئاشۇ سادىقلار ئىشىن كۆرسەڭ كۈپايە قىزىقىپ.
مەرد يىگىتلەر نە زاماندىن شۇ قومۇشلۇقتا ياتار،
شۇ يىگىتلەر دەردىدە گۈللەر خازان، قۇش سايرىشار.

بۇ كىتاب شاڭخەي خەلق نەشرىياتىنىڭ 1975 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1975 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据上海人民出版社1975年11月第1版，1975年11月第1次印刷本翻译出版。

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## سۇ بويىدا (4)

ئاپتورى: شى نەيئەن، لو گۇەنجۇڭ
تەرجىمە قىلغۇچى: «سۇ بويىدا» تەرجىمە گۇرۇپپىسى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن شېرىپ
مۇھەررىرلىرى: باباخان، ئابلىمىت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئىلياس رەھمى
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 − 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: ئۈرۈمچى داجىنما مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 22.25
قىستۇرما بېتى: 16
نەشرى: 2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 − 13600
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 − 7 − 228 − 15827 − 0
باھاسى: 38.60 يۈەن (4 ـ كىتاب)